# قىسقىچە

# دۇنيا تارىخى

## يېقىنقى زامان قىسمى

## 1

بېيجىڭ داشۆې تارىخ پاكۇلتېتى قىسقىچە
دۇنيا تارىخىنى تۈزۈش گۇرۇپپىسى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تۈزىتىش

| بەت | قۇر | خاتاسى | توغرىسى |
|---|---|---|---|
| 263 | 5 | ئېكۋادور | ئېكۋاتور |
| 270 | 11 ـ 12 | بولمىسىمۇ، ......ئۆتەتتى | بولمىغان بولسا،...... ئۆتكەن بولاتتى |
| 276 | 17 | ياۋروپادىكى | ئاسىيادىكى |
| 285 | 13 | ئىچكى دېڭىزنىڭ | كاسپىي دېڭىزنىڭ |
| 285 | 13 | شور دېڭىزنىڭ | ئارال دېڭىزنىڭ |
| 303 | 7 | نەنزى | زىنەن |
| 313 | 18 | جاكارتا | كالكۇتتا |
| 314 | 2 | جاكارتىدا | كالكۇتتىدا |
| 327 | 6 | ئىستامبول | كونستانتىنا |
| 330 | 10 | مۇستەملىكىلەر | مۇستەملىكىچىلەر |
| 376 | 20 | نامايىش ئۆتكۈزۈش | ئۆلگە كۆرسىتىش |
| 377 | 21 | ئەكسىلئىنقىلاۋىي | ئەكسىيەتچى |
| 382 | 10 | 18 ـ كۈنى | 28 ـ كۈنى |
| 439 | 13 | پارلامېنتنى | ئىچكى كابىنېتنى |
| 443 | 16 | فرانسىيە ياتۋار ئىنقىلاۋى | پارىژ فېۋرال ئىنقىلاۋى |
| 445 | 16 | دولەت | ھوكۇمەت |
| 464 | 10 | پارىژ | بېرلىن |

| بەت | قۇر | خاتاسى | توغرىسى |
| --- | --- | --- | --- |
| 528 | 6 | كۆرەش | زىددىيەت |
| 533 | 16 | تۆزۈمى | مۇناسىۋىتى |
| 539 | 22 | ئاقسوڭەكلەر ئىنقىلاۋى | ئاقسوڭەك ئىنقىلاپچىلار |
| 587 | 12 | 1808 — | 1804 — |
| 589 | 9 | نەنجىڭ شەرتنامىسى | ئەنجىڭ شەرتنامىسى |
| 633 | 10 | جىنايى ئىشلار قانۇنلىرىنى | تەن جازالىرىنى |
| 642 | 18 | رۇبلى | رۇپىيە |
| 769 | 16 | زىيالىلىرى | ئۇنسۇرلىرى |
| 879 | 11 | 20 مىڭ | 20 مىليون |
| 1009 | 18 | ئەنگلىيە | فرانسىيە |
| 1036 | 3 | 1970 ـ يىلى | 1870 ـ يىلى |
| 1125 | 13 ـ 14 | قۇرۇلغان، ۋېيتنامنىڭ | قۇرۇلغان ھىندىچىنى بانكىسى ئارقىلىق جازانە كاپىتالى تارقىتىپ، ۋېيتنامنىڭ |
| 1135 | 21 | 1782 ـ يىلدىن | 1872 ـ يىلدىن |
| 1148 | 9 | ئۇ ئەسلىدە | ئۇ ئەنگلىيە |
| 1222 | 17 | جەنۇبىي ئامېرىكا | جەنۇبىي ئامېرىكىدا |
| 1247 | 1 | بولالىدى | بولالمىدى |

维吾尔文：《简明世界史》（近代部分）（上下册）勘误表

# قىسقىچە دۇنيا تارىخى

## يېقىنقى زامان قىسمى

(1)

بېيجىڭ داشۆي تارىخ پاكۇلتېتى قىسقىچە
دۇنيا تارىخىنى تۈزۈش گۇرۇپپىسى

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئەركىن، ھورنىسا مامۇت،
م. ئابلاخۇن، قۇتلۇق ئىمىن

تەرجىمىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: م. ئابلاخۇن، رىھىمجان

---

مىللەتلەر نەشرىياتى

قىسقىچە دۇنيا تارىخىنى تۈزۈش گۇرۇپپىسىغا قاتناشقانلار: دىڭ جيەنخۇا، ما كېباۋ، چى ۋېنيىڭ، لىۇ زۇشى، جۇ تۇڭخۇا، شېن رېنئەن، لۇ تىڭئېن، جياڭ جياشىن، لىن بېيدىيەن، ئۇياڭ كېجاڭ، جاڭ جۈليەن، لو رۇڭچۈي، جۇ يىتيەن، جۇ نەنجاڭ، لياڭ جۈمىن، گو خۇارۇڭ، شۈي تيەنشىن، شيې يۈشى، تەن شىڭئەن، يەن رۇنفەن قاتارلىقلار.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن-بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# تۈزگۈچىدىن

ماۋجۇشى مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: "دەرسلىكنى تۈزۈل-كېسىل ئىسلاھ قىلىش لازىم، بەزىلىرىنى، ئالدى بىلەن، مۇرەككەپلىرىنى چىقىرىۋېتىپ، ئاددىيلاشتۇرۇش كېرەك." بىز مائارىپ ئىنقىلاۋى ئەمەلىيىتى داۋامىدا، ماۋجۇشىنىڭ بۇ تەلىمىگە بىنائەن، بۇ دەرسلىكنى دۇنيا تارىخى كەسپىدىكىلەرنىڭ قوللىنىشى ئۈچۈن كوللېكتىپ تۈزۈپ چىقتۇق. 1972-يىل 9-ئايدا مۇزاكىرىگە قويۇش ئۈچۈن بېسىپ چىقىلغان، سىناق تەرىقىسىدە قوللانما قىلىپ دەرس ئۆتۈلگەن ھەم مەكتەپ ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەردىن پىكىر ئېلىنغان ئىدى. ھەر ساھەدىن قويۇلغان پىكىرلەرگە ئاساسەن، 1974-يىلى بەزىبىر تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزدۇق.

بۇ كىتابتا باشلانغۇچ جەمئىيەتتىن تارتىپ 1945-يىلغىچە بولغان دۇنيا تارىخى بايان قىلىنىدۇ. كىتابنى تۈزۈش داۋامىدا، ماركسىزم-لېنىنىزمنى ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلدۇق، ئاز ھەم ساز بولۇش پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇردۇق، سىنىپىي مۇرەسسەچىلىكنى تارمار قىلىش مەقسىتىدە، نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىنىڭ سىنىپىي كۆرەش تارىخى ئىكەنلىكىنى نۇقتىلىق شەرھ-

لىدۇق: خان-پادىشا، لەشكەر بېشى ۋە ۋەزىرلەر ھەل قىلغۇچىلىغىنى تارمار قىلىش مەقسىدىدە، خەلق ئاممىسىنىڭ تارىخنى يارىتىدىغان ھەقىقى خوجايىن ئىكەنلىگىنى دەلىللىدۇق: "ياۋروپا مەركەزچىلىگى"نى تارمار قىلىش مەقسىدىدە، دۇنيا ئەللىرى خەلقىنىڭ، بولۇپمۇ 3-دۇنيا ئەللىرى خەلقى تارىخىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تىرىشتۇق. شۇنداقلا دۇنيا تارىخىدىن ئىبارەت بۇ ئىلىم پۈرولېتارىيات سىياسىتىغا خىزمەت قىلسۇن ئۈچۈن، "قەدىمقىلارنى ھازىرقى زامان ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش"، "چەتئەللەرنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش"قا تىرىشتۇق.

ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخى دۇنيا تارىخىنىڭ مۇھىم تەركىۋىي قىسمى ئىدى. لېكىن جۇڭگو تارىخى ھەققىدە ئايرىم دەرسلىك بولغاچقا، بۇ كىتابتا مەخسۇس بايان قىلىنمىدى.

بىزنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى سەۋىيىمىز يۇقۇرى ئەمەس، دۇنيا تارىخىنى تەتقىق قىلىشىمىز بەكمۇ يېتەرسىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كىتابتا نۇرغۇن كەمچىلىكلەرنىڭ بولۇشى چوقۇم، بۇنىڭدىن كېيىن تۈزىتىشىمىزگە پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، كىتابخانلارنىڭ قىممەتلىك پىكىر بېرىشىنى سەمىمى ئۈمىت قىلىمىز.

**بېيجىڭ داشۆې تارىخ پاكۇلتېتى قىسقىچە**

**دۇنيا تارىخنى تۈزۈش گۇرۇپپىسى**

1977-يىل 8-ئاي.

ئۇيغۇر كىتاب ئۆيى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

## (1)

يېقىنقى زامان قىسمىغا كىرىش سۆز.............................................. I — 10

بىرىنچى باب   ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى، ئامېرىكا مۇستەقىللىق ئۇرۇشى.................................................. 11 — 116

1 ـ بۆلۈم   ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى.................................... 13

ئىنقىلابتىن ئىلگىرىكى ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ئەھۋال ( 13 ) ئىچكى ئۇرۇشنىڭ پارتلىشى ( 23 ) بىرىنچى قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇش (1642 — 1646) ( 33 ) باراۋەرچىلەرنىڭ كۆرىشى ( 38 ) ئىككىنچى قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇش (1648 ـ يىل) ۋە پادىشاھنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ( 44 ) كروموۋېلنىڭ مۇستەبىتلىك ھوكۈمرانلىقى، ستيۇئارت سۇلالىسىنىڭ تىرىلىشى ( 47 ) 1688 ـ يىلدىكى سىياسىي ئۆزگىرىش ( 54 ) ئەنگلىيە ئىنقىلابىنىڭ تارىختىكى ئورنى ( 60 )

2 ـ بۆلۈم   سانائەت ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىشى.............................. 62

ئاقسۆڭەكلەر بىلەن بۇرژۇئازىيىنىڭ سىياسىي ئۈستۈنلۈكىنىڭ تىكلىنىشى ( 62 ) كاپىتالنىڭ ئىپتىدائىي جۇغلىنىشىنىڭ كېڭىيىشى ( 67 ) سانائەت ئىنقىلابى ۋە پرولېتارىياتنىڭ شەكىللىنىشى ( 75 )

3 ـ بۆلۈم   ئامېرىكا مۇستەقىللىق ئۇرۇشى (1775 — 1783)....... 86

شىمالىي ئامېرىكىنىڭ ھەقىقىي خوجايىنى ( 87 ) كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىي قىلىشى ( 91 ) ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىلەرگە سالغان

زۇلمى ۋە خەلقنىڭ قارشىلىقى (95) مۇستەقىللىق ئۇرۇشى-
نىڭ غەلىبىسى ۋە ئۇنىڭدىكى تارىخىي تەجرىبىلەر (101)
شېيس قوزغىلىڭى ۋە 1787 - يىلىدىكى ئاساسىي قانۇن (111)
ئىككىنچى باپ فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى، ناپولېئون
ئىمپېرىيەسىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ھالاك بولۇشى ......... 117 — 220
1 - بۆلۈم ئىنقىلاپتىن ئىلگىرىكى ياۋروپا ۋە فرانسىيە .............. 119
ياۋروپانىڭ ئىنقىلاپتىن ئىلگىرىكى ئومۇمىي ئەھۋالى (119)
فېئوداللىق تۈزۈم شارائىتىدا فرانسىيەدىكى سىنىپلارنىڭ
ئەھۋالى (127) ئىنقىلاپنىڭ جامائەت پىكرى جەھەتتىكى
تەييارلىقى (135) ئىنقىلاپ ۋەزىيىتىنىڭ پىشىپ يېتىلىشى (142)
2 - بۆلۈم 1789 — 1794 - يىللىرىدىكى فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى
.................................................................. 150
ئىنقىلاپنىڭ باشلىنىشى (150) بىرىنچى دەۋر پادىشالىق -
ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم تەرەپدارلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى
(1789 - يىل 7 - ئاي — 1792 - يىل 8 - ئاي) (153) ئىككىنچى
دەۋر ژىروندىچىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى (1792 - يىل 8 - ئاي —
1793 - يىل 5 - ئاي) (164) ئۈچىنچى دەۋر ياكوبىنچىلارنىڭ
ئىنقىلابىي دىكتاتۇرىسى (1793 - يىل 6 - ئاي — 1794 - يىل
7 - ئاي) (170) فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ ئەھمىيىتى (184)
3 - بۆلۈم ناپولېئون ئىمپېرىيەسىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ھالاك بولۇشى
ھەم مۇقەددەس ئىتتىپاقنىڭ يىمىرىلىشى .............................. 188
بابىق باراۋەرچىلەر قوزغىلىڭى (188) ناپولېئون ئىمپېرىيەسىنىڭ
قۇرۇلۇشى (192) ناپولېئون ئىمپېرىيەسىنىڭ ھالاك بولۇشى (198)
ۋېنا يىغىنى ۋە مۇقەددەس ئىتتىپاق (207) 19 - ئەسىرنىڭ
20 — 30 - يىللىرىدىكى ئىنقىلاب بورانلىرى (213)
ئۈچىنچى باپ لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مۇستەقىللىق

ئىنقىلاۋى ........................ 221 ـــ 267
1 ـ بۆلۈم لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مۇستەملىكىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئەھۋالى ........................ 222
ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ مۇستەملىكىلەرگە قاراتقان مۇستەبىت ھوكۇمرانلىقى (222) مۇستەملىكە ھوكۇمرانلىقى كىرىزىسىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى (226)
2 ـ بۆلۈم ھايتى نېگىر قۇللىرىنىڭ مۇستەقىللىق ـ ئازاتلىق ئۇرۇشى (1790 ـــ 1803 ـ يىللار) ........................ 229
فرانسىيىنىڭ سېن ـ دومىنگو ئارىلىدىكى مۇستەملىكىچىلىك ھوكۇمرانلىقى (229) ھايتىدىكى نېگىر قۇللار قوزغىلىڭىنىڭ پارتلىشى (231) ھايتى دۆلىتىنىڭ مۇستەقىل بولۇشى (234)
3 ـ بۆلۈم ئىسپانىيىنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىدىكى مۇستەملىكىلىرىدىكى مۇستەقىللىق ـ ئازاتلىق ئۇرۇشى (1810 ـــ 1826 ـ يىللار) ........................ 237
ئىسپانىيە مۇستەملىكە ھوكۇمرانلىقى كىرىزىسىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى (237) ئىسپانىيە ئامېرىكىسىدا مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشى (241) جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ شىمالىي رايونلىرىدىكى مۇستەقىللىق ئۇرۇشى (242) جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىي رايونلىرىدىكى مۇستەقىللىق ئۇرۇشى (247) يېڭى ئىسپانىيە رايونىدىكى مۇستەقىللىق ـ ئازاتلىق ئۇرۇشى (253)
4 ـ بۆلۈم پورتۇگالىيىگە قاراشلىق برازىلىيىنىڭ مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشى ........................ 258
5 ـ بۆلۈم لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مۇستەقىللىق ئىنقىلاۋىنىڭ ئاساسىي نەتىجىلىرى ........................ 264
توققۇزىنچى باپ 17 ـــ 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاسىيا، ئافرىقا خەلقىنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە، فېئوداللىزىمغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشى ........................ 268 ـــ 358

1 ـ بۆلۈم 17 ـ ، 18 ـ ئەسىرلەردىكى ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتى-
سادىي تەرەققىياتى ۋە غەرب مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تاجاۋۇز
قىلىپ كىرىشى ............................................ 270
17 ـ ، 18 ـ ئەسىرلەردىكى ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ئىجتىمائىي
تىگىشلىك تەرەققىياتى (270) ياۋروپا مۇستەملىكىچى دۆلەت-
لىرىنىڭ ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى (279) 17 ـ ، 18 ـ
ئەسىرلەردىكى ئاسىيا خەلقىنىڭ غەرب مۇستەملىكىچىلىرىگە
قارشى كۆرىشى (286)
2 ـ بۆلۈم 18 ـ ئەسىردە ئاسىيادا بولغان كەڭ كۆلەملىك دېھقانلار
قوزغىلىڭى ـ ۋيېتنامدىكى شىسەن قوزغىلىڭى ................... 289
ۋيېتنامدا فېئوداللىق تۈزۈم كرىزىسىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى (290)
شىسەن دېھقانلار قوزغىلىڭى (293) شىسەن ھاكىمىيىتىنىڭ
ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت تەدبىرلىرى (300) شىسەن
ھاكىمىيىتىنىڭ زاۋالغا يۈز تۇتۇشى ۋە مەغلۇپ بولۇشى (303)
3 ـ بۆلۈم ھىندىستاننىڭ ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىشى،
ھىندىستان خەلقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئەنگلىيىگە
قارشى كۆرەشلىرى ............................................ 308
موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ يىمىرىلىشى (308) ئەنگلىيە مۇستەملىكى-
چىلىرىنىڭ ھىندىستانغا قىلغان ھەربىي تاجاۋۇزى (312)
ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستانغا قاراتقان مۇستەملىكىچىلىك تالان ـ
تاراجى (319)
4 ـ بۆلۈم 17 ـ 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئافرىقا دۆلەتلىرى
............................................................ 326
ئافرىقا جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي ـ سىياسىي تەرەققىيات
ئەھۋالى (326) غەرب مۇستەملىكىچى دۆلەتلىرىنىڭ ئافرىقىغا
قىلغان تاجاۋۇزى (329) ۋەھشىيانە قۇل سودىسى (332)
ئافرىقا خەلقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى مۇستەملىكىچىلىك

تاجاۋۇزىغا قارشى كۈرەشلىرى (339)
5 ــ بولۇم  مىسىر خەلقىنىڭ فرانسىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى كۈرىشى ۋە مۇھەممەد ئەلىنىڭ ئىسلاھاتى...................... 345
مىسىر خەلقىنىڭ فرانسىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى كۈرىشى (345) مۇھەممەد ئەلىنىڭ ئىسلاھاتى (351) مۇھەممەد ئەلى ئىسلاھاتىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى (356)
بەشىنچى باپ  ماركسىزىمنىڭ مەيدانغا كېلىشى، «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى» ........................ 423 ــ 359
1 ــ بولۇم  سانائەت پورولېتارىياتىنىڭ تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ تۆۋەن ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلىنىشى.................. 360
19 ــ ئەسىرنىڭ 30 ــ 40 ــ يىللىرىدا ياۋروپادا كاپىتالىزىمنىڭ راۋاجلىنىشى، ئىقتىسادىي كىرىزىس (360) مۇستەقىل ئىشچىلار ھەركىتىنىڭ كۆتىرىلىشى (364) 19 ــ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى خىيالىي سوتسىيالىزىم پىكىر ئېقىمى (374) بلانكىزىم ۋە پرۇدونىزىم (378)
2 ــ بولۇم  ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ ئىلمىي سوتسىيالىزىم نەزەرىيىسىنى يارىتىش يولىدا ئېلىپ بارغان كۈرىشى............ 381
گېرمانىيىنىڭ ئەھۋالى (381) ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ ئىنقىلاۋىي پائالىيەتلىرىنىڭ باشلىنىشى (388) ئىلمىي سوتسىيالىزىم نەزەرىيىسى پىرىنسىپلىرىنىڭ بەرپا قىلىنىشى (395)
3 ــ بولۇم  ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ پورولېتارىيات پارتىيىسىنى قۇرۇش يولىدا ئېلىپ بارغان كۈرىشى، «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى»...................................... 401
بىرىيۇسسېل كوممۇنىزىمچىلار ئالاقىلىشىش كومىتېتى (401) كوممۇنىزىمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلۇشى (409) «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى» ــ خەلقارا كوممۇنىزىم ھەركىتىنىڭ تۇنجى

جەڭگىۋار پۇروگىرامىسى (411)
ئالتىنچى باپ 1848 ـ يىلدىكى ياۋروپا ئىنقىلاۋى ۋە 50 ـــ 60 ـ يىللاردىكى بۇرژۇئا مىللى دېموكىراتىك ھەركىتى...519 ــ 424
1 ـ بولۇم 1848 ـ يىلدىكى ياۋروپا ئىنقىلاۋى.................... 426
فرانسىيە فېۋرال ئىنقىلاۋى (426) گېرمانىيە مارت ئىنقىلاۋى (436) شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپادىكى ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ قوزغىلىڭى (443)
2 ـ بولۇم پارىژدىكى ئىيۇن قوزغىلىڭى ۋە ياۋروپادىكى ئەكسىيەتچىلىك ............................................ 451
پارىژ پۇرولېتارىياتىنىڭ ئىيۇن قوزغىلىڭى (451) لۇئى بوناپارتنىڭ سىياسى ئۆزگىرىشى (457) گېرمانىيىدىكى ئىمپېرىيە ئاساسىي قانۇنىنى قوغداش ھەركىتى (462) ۋېنگىرىيىدىكى مىللى ئازاتلىق ئۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى (467) 1848 ـ يىلدىكى ئىنقىلاپنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى سەۋەبلەر (469)
3 ـ بولۇم ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ ئىنقىلاۋىي پائالىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ 1848 ـ يىل ئىنقىلاۋى ھەققىدىكى يەكۇنى.............. 471
ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ گېرمانىيە ئىنقىلاۋىدىكى تاكتىكىسى (471) ماركس، ئېنگېلس ۋە ياۋروپادىكى ئىنقىلاۋىي ھەركەت (479) ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ 1848 ـ يىل ئىنقىلاۋى ھەققىدىكى يەكۇنى (484)
4 ـ بولۇم 50 ـ، 60 ـ يىللاردا ياۋروپا رايونىدا (روسىيە بۇنىڭ تاشقىرىدا) بولغان مىللى دېموكىراتىك ھەركەتلەر............ 491
ئىتالىيە مىللى دولىتىنىڭ قۇرۇلۇشى (492) گېرمانىيىنىڭ بىرلىككە كېلىشى (498) ئاۋستىرىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ كرىزىسى، ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى (508) 1863 ـ يىلدىكى پولشا قوزغىلىڭى (515)

www.uyghurkitap.com

يەتتىنچى باب 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا روسىيە، ئامېرىكا ۋە ياپونىيىدە بولغان بۇرژۇئا ئىسلاھاتى ۋە ئىنقىلابىي ھەركەتلەر ........ 520 — 606

1 - بۆلۈم روسىيىدە يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ بىكار قىلىنىشى ........ 522

چار روسىيە — خەلقارا ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ ئاساسىي قورغىنى (522) يانچىلىق تۈزۈم كرىزىسى ۋە يانچىلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش مەسىلىسىدىكى ئىككى يول كۈرىشى (528) 1861 - يىلى يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى (543) 1861 - يىلدىكى ئىسلاھاتنىڭ ئەھمىيىتى (548)

2 - بۆلۈم ئامېرىكىدا بولغان جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ........ 550

ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىللىقتىن كېيىنكى زېمىن كېڭەيمىچىلىكى (550) ئامېرىكىدا كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۇنىڭ قۇللۇق تۈزۈم بىلەن بولغان زىددىيىتى (554) خەلقنىڭ قۇللۇق تۈزۈمگە قارشى كۈرىشىنىڭ كۈچىيىشى (561) جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش (566)

3 - بۆلۈم ياپونىيىدىكى مېيجى يېڭىلىقى ........ 577

بۇرژۇئا ئىسلاھاتى ھارپىسىدىكى ياپونىيىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئەھۋالى (577) چەتئەل كاپىتالىنىڭ بېسىپ كىرىشى ۋە بارگاھنى ئاغدۇرۇش يولىدىكى ھەركەت (587) مېيجى ھوكۇمىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇ يۈرگۈزگەن بۇرژۇئا ئىسلاھاتى (598)

سەككىزىنچى باب 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاسىيا ئەللىرى خەلقىنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە، فېئودالىزمغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشى ........ 607 — 657

1 - بۆلۈم 1825 — 1830 - يىللاردىكى ياۋا خەلقىنىڭ قوزغىلىشى ........ 612

19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ھىندونېزىيە جەمئىيىتى (612)

1825 — 1830 ـ يىللاردىكى ياۋا خەلق قوزغىلىڭىنىڭ پارتلىشى ۋە جەريانى (615) ياۋا خەلق قوزغىلىڭىنىڭ خاراكتېرى ۋە مەغلۇپ بولۇشىدىكى سەۋەبلەر (621)

2 ـ بۆلۈم ئىراندىكى باب مۇرىتلىرى قوزغىلىڭى ........ 625

كاجار سۇلالىسىنىڭ فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقى (625) ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇزى ۋە ئىراننىڭ يېرىم مۇستەملىكىلىشىشى (628) 1848 — 1852 ـ يىللاردىكى باب مۇرىتلىرى قوزغىلىڭى (631)

3 ـ بۆلۈم 1857 — 1859 ـ يىللىرى ھىندىستاندا بولغان مىللىي چوڭ قوزغىلاڭ ........ 639

مىللىي چوڭ قوزغىلاڭنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى (639) قوزغىلاڭنىڭ ئۇلغىيىشى ۋە جەريانى (644) چوڭ قوزغىلاڭنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى سەۋەبلەر ۋە قوزغىلاڭنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى (652)

**توققۇزىنچى باب** بىرىنچى ئىنتېرناتسىونال، پارىژ كوممۇنىسى — ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تۇنجى پرولېتارىيات ھاكىمىيىتى ........ 658 — 734

1 ـ بۆلۈم بىرىنچى ئىنتېرناتسىونال ........ 660

بىرىنچى ئىنتېرناتسىونالنىڭ قۇرۇلۇشى (660) ماركسىزمنىڭ پرۇدونىزمغا ۋە ئىشچىلار بىرلەشمىچىلىكىگە قارشى كۈرىشى (669) بىرىنچى ئىنتېرناتسىونال ۋە پرۇسسىيە ـ فرانسىيە ئۇرۇشى (675)

2 ـ بۆلۈم پارىژ كوممۇنىسى — ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تۇنجى پرولېتارىيات ھاكىمىيىتى ........ 682

3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىكى قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ غەلىبىسى (682) پارىژ كوممۇنىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغ تەدبىرلىرى (690) كوممۇنىنىڭ سىياسىتى (701) كوممۇنىنى قوغداش

يولىدىكى قەھرىمانلارچە جەڭ (710) پارىژ كوممۇنىسىنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرى، «فرانسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش» (719)
3 ـ بۆلۈم پارىژ كوممۇنىسىدىن كېيىنكى بىرىنچى ئىنتېرناتسىونال ........................................ 725
ماركسىزىمنىڭ باكۇنىن بۆلگۈنچىلەر گۇرۇھىغا قارشى كۈرىشى (725) بىرىنچى ئىنتېرناتسىونالنىڭ تارىخىي ئورنى (732)

**(2)**

ئونىنچى باپ "ئەركىن" كاپىتالىزىمدىن جاھانگىرلىككە ئۆتۈش دەۋرىدىكى خەلقئارا ئىشچىلار ھەركىتى، ماركس، ئېنگېلسنىڭ ئىنقىلاۋىي لۇشيەنىنىڭ ئاغمىچىلىق لۇشيەنگە قارشى كۈرىشى ........................................ 735 ـ 818
1 ـ بۆلۈم كاپىتالىزىم دۇنياسىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسى تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى ........................................ 735
ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئومۇمى يۈزلىنىشى (735) غەرب بۇرژۇئازىيىسىنىڭ سىياسى جەھەتتىكى ئومۇمى يۈزلۈك ئەكسىيەتچىلىگى (744) ئىشچىلار ھەركىتىنىڭ كەڭ كولەمدە راۋاجلىنىشى، پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ ۋەزىپىلىرى (749)
2 ـ بۆلۈم ماركس، ئېنگېلسنىڭ گېرمانىيە پارتىيىسى ئىچىدە پرولېتارىياتلىق ئىنقىلاۋىي لۇشيەننى ئىزچىللاشتۇرۇش يولىدىكى كۈرىشى ........................................ 755
گېرمانىيە پرولېتارىيات پارتىيىسى ۋە ئۇنىڭ يولباشچىلىرى (755) ماركس، ئېنگېلسنىڭ لاساللچىلىقنى تۈگىتىش يولىدىكى كۈرىشى. «گوتا پروگراممىسىغا تەنقىت» (758) ماركس،

ئېنگېلسنىڭ دىيۇرىڭ ئاغمىچىلىقىغا قارشى تۇرۇشى، «دىيۇرىڭغا
قارشى» (769) «پەۋقۇلئاددە قانۇن»غا قارشى تۇرۇش دەۋرىدە
ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ «سول» چىل، ئوڭچىل ئاغمىچىلىققا
قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشى (780) ئېنگېلسنىڭ پرولېتارىيات
دىكتاتۇرىسى ئىدىيىسىنى قوغداش يولىدىكى كۈرىشى (787)
3 - بۆلۈم ئىككىنچى ئىنتېرناتسىونالنىڭ قۇرۇلۇشى، ئېنگېلسنىڭ
ماركسىزملىق ئىنقىلاۋىي لۇشيەننى قوغداش يولىدىكى كۈرىشى
792 ........................................................
ماركس، ئېنگېلسنىڭ 70 -، 80 - يىللاردىكى ئىنقىلاۋىي
پائالىيىتى (792) ئېنگېلسنىڭ ماركسىزملىق يېڭى ئىنتېرناتسىو-
نالنى قۇرۇش يولىدىكى كۈرىشى (799) ئىككىنچى ئىنتېرناتسىو-
نالنىڭ ھوكۇمەتسىزلىككە قارشى كۈرىشى، ئېنگېلسنىڭ پرىنسىپال
پوزىتسىيىسى (807) ئېنگېلسنىڭ ئوڭچىل ئىسلاھاتچىلىققا
قارشى ھارماي - تالماي ئېلىپ بارغان كۈرىشى (811)
ئون بىرىنچى باب كاپىتالىزمنىڭ جاھانگىرلىك باسقۇچىغا
كىرىشى. جاھانگىرلىكنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى خەلقارا
819—894 ........................................ مۇناسىۋەت
1 - بۆلۈم كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىي قىلىپ جاھانگىرلىك باسقۇچىغا
820 ........................................ يېتىشى
جاھانگىرلىكنىڭ 5 بەلگىسى (820) جاھانگىرلىك — تەييارتاپ
ياكى چىرىگەن كاپىتالىزم (825) جاھانگىرلىك — ئۆلۈۋاتقان
كاپىتالىزم (829)
2 - بۆلۈم ئاساسىي جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى
832 ........................................................
ئەنگلىيە — مۇستەملىكىچى جاھانگىرلىك (832) گېرمانىيە —
يۇنكېر بۇرژۇئا جاھانگىرلىك (840) روسىيە — ھەربىي

www.uyghurkitap.com

فېودال جاھانگىرلىك (844) فرانسىيە — جازانسىخور جاھانگىرلىك (856) ئامېرىكا — ترېست جاھانگىرلىك (860) ياپونىيە — ھەربى فېودال جاھانگىرلىك (864)

3 - بولۇم 1871 — 1914 - يىللاردىكى خەلقئارا مۇناسىۋەت.......... 870

جاھانگىرلىك زومىگەرلىك ھوقۇقىنى تالىشىش دەسمەكتۇر (870) ئىككى چوڭ ھەربىي تاجاۋۇزچى گۇرۇھنىڭ مەيدانغا كېلىشى (873) دەسلەپكى ۋاقىتلاردىكى جاھانگىرلىك ئۇرۇشى (877) 1905 — 1912 - يىللاردىكى ئۇرۇش كىرىزىسى (887) ئىككى قېتىملىق بالقان ئۇرۇشى (890)

ئون ئىككىنچى باپ لېنىنىزىمنىڭ دۇنياغا كېلىشى، 1905 - يىلدىكى روسىيە ئىنقىلاۋى، لېنىننىڭ خەلقئارا مەيداندا شىۋىجىكچىغا قارشى قىلغان كۈرەشلىرى.............. 987—895

1 - بولۇم لېنىنىزىمنىڭ دۇنياغا كېلىشى........................ 897

19 - ئەسىرنىڭ 60 — 90 - يىللىرىدا روسىيەدە ئىنقىلاۋىي ھەركەتنىڭ راۋاجلىنىشى (897) لېنىننىڭ ئىنقىلاۋىي پائالىيىتىنىڭ باشلىنىشى، پېتېربۇرگ ئىشچىلار سىنىپى ئازاتلىق كۈرىشى جەمئىيىتى (903) لېنىننىڭ ئىقتىسادچىلارغا قارشى كۈرىشى (910) بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى (915)

2 - بولۇم روسىيەدىكى 1905 - يىل ئىنقىلاۋى........................ 922

ئىنقىلاب ھارپىسى (922) ئىنقىلابنىڭ باشلىنىشى، بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابتىكى لۇشيەنى (926) روسىيە بويىچە ئومۇمىي سىياسىي ئىش تاشلاشتىن دېكابىر قوراللىق قوزغىلىڭىغىچە (936) 1906 — 1907 - يىللاردىكى ئىنقىلاۋىي ھەركەتلەر، ئىنقىلابنىڭ يەكۈنى (946)

3 - بولۇم لېنىن ۋە ھەرقايسى ئەللەردىكى سولچىلارنىڭ شىۋىجىكچىغا قارشى كۈرەشلىرى.................................. 951

شىۋجېڭجۇيىنىڭ پەيدا بولۇشى (951) سولچىللارنىڭ بېرنشتېين شىۋجېڭجۇيىسىغا قارشى كۈرەشلىرى (958) ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش مەسىلىسىدىكى ئىككى لۇشيەن كۈرىشى (960) روسىيىدىكى 1905-يىل ئىنقىلاۋىنى چورىدىگەن ھالدا بولغان ئىككى لۇشيەن كۈرىشى (965) لېنىننىڭ پەلسەپە سېپىدە شىۋجېڭجۇيىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشى، «ماتېرىيالىزم ۋە ئەمپىرىيە تەنقىدچىلىكى» (971) جاھانگىرلىك ئۇرۇشىغا بولغان مۇئامىلە مەسىلىسىدىكى ئىككى لۇشيەن كۈرىشى (979)

ئون ئۈچىنچى باپ 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرى — 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئافرىقا ۋە ئافرىقا خەلقىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك تاجاۋۇزىغا قارشى كۈرەشلىرى ........ 988—1087

1-بۆلۈم جاھانگىرلارنىڭ ئافرىقىغا تاجاۋۇز قىلىشى ۋە ئۇنى بۆلۈشۈۋېلىشى .................... 990

ياۋروپادىكى مۇستەملىكىچى دۆلەتلەرنىڭ 1876-يىلدىن ئىلگىرى ئافرىقىغا قىلغان تاجاۋۇزى (990) جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ئافرىقىنى بۆلۈشۈۋېلىشى (997) 1876—1884-يىللاردىكى (بېرلىن يىغىنىدىن ئىلگىرىكى) ئافرىقىنى تالىشىش كۈرىشى (999) 1884—1899-يىللاردىكى (بېرلىن يىغىنىدىن كېيىنكى) ئافرىقىنى بۆلۈشۈۋېلىش كۈرىشى (1004) 1899—1917-يىللىرى ئافرىقىنى يېڭىۋاشتىن بۆلۈشۈۋېلىش يولىدا بولغان كۈرەشلەر (1015) ۋەھشىيانە مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقى، دەھشەتلىك ئىقتىسادىي تالان-تاراج (1022) ئافرىقا خەلقىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشى (1027)

2-بۆلۈم ئالجىرىيە خەلقىنىڭ فرانسىيىگە قارشى كۈرىشى ....... 1029

فرانسىيىنىڭ ئالجىرىيىگە قىلغان قوراللىق تاجاۋۇزى (1029) فرانسىيىگە قارشى قادىر رەھبەرلىكىدىكى قوزغىلاڭ (1030)

فرانسىيەنىڭ ئالجىرىيەدىكى مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقى
ۋە تالان ـ تارىجى (1035)
3 ـ بۆلۈم  مىسىر ۋە سۇدان خەلقىنىڭ ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى-
نىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى قىلغان قوراللىق كۈرەشلىرى…… 1038
مىسىردا يېرىم مۇستەملىكىچىلىكنىڭ كۈچىيىشى (1038) ئەنگلىيە-
نىڭ مىسىرغا قوراللىق تاجاۋۇز قىلىشى ۋە ئەنگلىيىگە قارشى
ئارابى رەھبەرلىكىدىكى كۈرەش (1042) ئەنگلىيە بىلەن
مىسىرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى سۇدان (1049) ئەنگلىيىگە قارشى
مەھدى چوڭ قوزغىلىڭى (1051) مەھدى دۆلىتىنىڭ بەرپا
بولۇشى ۋە ئۇنىڭ مەغلۇپ بولۇشى (1055)
4 ـ بۆلۈم  ئېفيوپىيىنىڭ ئىتالىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى ۋەتەن
ئۇرۇشى…… 1061
دۆلەتنىڭ بىرلىككە كېلىشى ۋە مۇستەملىكىچىلەرنىڭ بېسىپ
كىرىشى (1061) ئېفيوپىيە خەلقىنىڭ ئىتالىيىگە قارشى ۋەتەن
ئۇرۇشى (1065)
5 ـ بۆلۈم  غەربىي ئافرىقا خەلقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى
قوراللىق كۈرىشى…… 1070
فرانسىيىگە قارشى ئومەر. ساموريلار رەھبەرلىكىدىكى قوراللىق
كۈرەش (1070) ئاشانتى خەلقىنىڭ ئەنگلىيىگە قارشى
كۈرىشى (1074)
6 ـ بۆلۈم  جەنۇبىي ئافرىقا خەلقىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك تاجاۋۇزىغا
قارشى كۈرەشلىرى…… 1078
زۇلۇلارنىڭ ئىنگلىزلار ۋە بۇرلارغا قارشى ئۇرۇشلىرى (1078)
مادابېلېلارنىڭ ئەنگلىيىگە قارشى كۈرىشى (1083)
ئون تۆتىنچى باب  19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ
باشلىرىدا ئاسىيادىكى ھەرقايسى مەملىكەت خەلقلىرىنىڭ

جاھانگىرلىككە ۋە فېودالىزمغا قارشى كۈرەشلەرنىڭ ئۆرلىشى ............ 1088 — 1200

1 ـ بۆلۈم ئاسىيانىڭ ئويغىنىشى ............ 1089

ئاسىيادا كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىي قىلىشى (1089) بۇرژۇئا ئىسلاھاتچىلىق ھەركىتى (1091) بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى ھەركىتى (1093) ئىشچىلار ھەركىتىنىڭ كۆتىرىلىشى (1096) ئاسىيانىڭ ئويغىنىشىنىڭ تارىختىكى ئورنى (1097)

2 ـ بۆلۈم چاۋشيەننىڭ يېرىم مۇستەملىكە، مۇستەملىكە بولۇپ قېلىشى ۋە چاۋشيەن خەلقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۈرەشلىرى...... 1099

لى سۇلالىسىنىڭ فېودالىق ھوكۇمرانلىقىنىڭ كىرىزىسى ۋە چاۋشيەننىڭ يېرىم مۇستەملىكە بولۇپ قېلىشى (1099) ئاقارتقۇچىلارنىڭ ئىسلاھاتچىلىق ھەركىتى ۋە جياشېن سىياسىي ئۆزگىرىشى (1103) جياۋۇ دېھقانلار ئۇرۇشى (1107) ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ چاۋشيەننى يۇتۇۋېلىشى ۋە چاۋشيەن خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرىشىنىڭ ئۆرلىشى (1115)

3 ـ بۆلۈم فرانسىيەنىڭ ۋيېتنامدىكى مۇستەملىكىچىلىك ھوكۇمرانلىقىنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە ۋيېتنام خەلقىنىڭ فرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرەشلىرى ............ 1118

رۇەن سۇلالىسىنىڭ فېودالىق ھوكۇمرانلىقى (1118) فرانسىيەنىڭ ۋيېتنامدىكى مۇستەملىكىچىلىك ھوكۇمرانلىقىنىڭ ئورنىتىلىشى (1120) ۋيېتنام خەلقىنىڭ فرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرىشى (1125)

4 ـ بۆلۈم ھىندىستاندا كاپىتالىزمنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ھىندىستان خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى كۈرىشىنىڭ ئۆرلىشى.......... 1130

ھىندىستاندا كاپىتالىزمنىڭ شەكىللىنىشى (1130) بۇرژۇئا ئىسلاھاتچىلىق ھەركىتى ۋە مىللىي قۇرۇلتاي پارتىيىسىنىڭ قۇرۇلۇ-

شى (1133) 1905 ــ 1908 ـ يىللاردىكى ھىندىستان خەلقىنىڭ
جاھانگىرلىككە قارشى كۈرىشىنىڭ ئۆرلىشى (1138)
5 ـ بولۇم 1896 ــ 1902 ـ يىللاردىكى فىلىپپىن مۇستەقىللىق
ئۇرۇشى.................................... 1145
فىلىپپىن مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي
ئالدىنقى شەرتى (1145) فىلىپپىن مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنىڭ
ئىككى باسقۇچى (1153) فىلىپپىن مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنىڭ
خاراكتېرى ۋە تارىخىي ئەھمىيىتى (1161)
6 ـ بولۇم 1905 ــ 1911 ـ يىللاردىكى ئىران بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى
.................................................. 1166
ئىراننىڭ يېرىم مۇستەملىكىلىشىشىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى (1166)
ئىران بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنىڭ ئۈچ باسقۇچى (1170) ئىران بۇرژۇئا
ئىنقىلاۋىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى سەۋەبلەر (1180)
7 ـ بولۇم 1908 ــ 1909 ـ يىللاردىكى تۈركىيە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى
.................................................. 1183
تۈركىيە جەمئىيىتىدىكى سىنىپىي زىددىيەت ۋە مىللىي
زىددىيەت (1183) 1908 ــ 1909 ـ يىللاردىكى تۈركىيە بۇرژۇئا
ئىنقىلاۋى (1188) تۈركىيە ئىنقىلاۋىغا باھا (1195)
ئون بەشىنچى باب مۇستەقىللىقتىن كېيىن 20 ـ ئەسىرنىڭ
باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى لاتىن ئامېرىكىسى، كۇبانىڭ
مۇستەقىللىق ئۇرۇشى ۋە مېكسىكا ئىنقىلاۋى......... 1201 ــ 1250
1 ـ بولۇم مۇستەقىللىقتىن كېيىنكى لاتىن ئامېرىكىسى ئەللىرىنىڭ
سىياسىي ـ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى.......... 1201
كائۇدىلوئىزىم (1201) چوڭ يەر مۈلۈكچىلىكىنىڭ تەرەققىي
قىلىشى ۋە ئۇنىڭ زىيىنى (1203) ھەرقايسى مەملىكەتلەردە
كاپىتالىزىمنىڭ ئاستا تەرەققىي قىلىشى (1207) پۇرولېتارىيات

ۋە ئىشچىلار ھەركىتىنىڭ دۇنياغا كېلىشى (1210)
2 ـ بۆلۈم ياۋروپادىكى كۈچلۈك كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىغا تاجاۋۇز قىلىشى، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ كارىب دېڭىزى رايونىدىكى زومىگەرلىكىنىڭ ئورنىتىلىشى...... 1211
مۇستەقىللىقتىن كېيىنكى خەلقئارا ۋەزىيەت، مونروئىزىم (1211) ياۋروپا ـ ئامېرىكا مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ قوراللىق تاجاۋۇزى ۋە لاتىن ئامېرىكىسى ئەللىرى خەلقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۈرەشلىرى (1215) ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ كارىب دېڭىزىدىكى زومىگەرلىك ھوقۇقىنىڭ ئورنىتىلىشى (1218)
3 ـ بۆلۈم كۇبا خەلقىنىڭ مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى 30 يىللىق ئازادلىق ئۇرۇشى (1868 — 1898)....... 1223
قۇللۇق تۈزۈمىدىكى ئىگىلىك ۋە نېگىرلار قوزغىلىڭى (1223) ئون يىللىق ئۇرۇش — 30 يىللىق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى (1225) جوسې مارتى ۋە 1895 ـ يىلىدىكى ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشى (1230) ئامېرىكا ـ ئىسپانىيە ئۇرۇشىدىن پىلاتت تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن لايىھىسىگىچە (1233)
4 ـ بۆلۈم مېكسىكا بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابى (1910 — 1917) ...... 1236
19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى يېڭىلاش ھەركىتى (1236) دىئاسنىڭ ئەكسىيەتچىل ئىستىبداتلىقى ۋە مېكسىكا ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشى (1238) ساپاتانىڭ "يەر ۋە ئەركىنلىك" پروگراممىسى ۋە دېخانلارنىڭ يەر تارتىۋېلىش كۈرىشى (1243) ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ مېكسىكا ئىنقىلابىغا ئارىلىشىشىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى (1245) 1917 ـ يىلىدىكى مېكسىكا ئاساسىي قانۇنى (1248)
ئون ئالتىنچى باپ بىرىنچى قېتىملىق جاھانگىرلىك دۇنيا ئۇرۇشى، لېنىننىڭ سوتسىيال شوۋىنىزىمغا قارشى كۈرىشى ...... 1251 — 1304

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

1 ـ بولۇم دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشى، ئۇرۇشنىڭ 1914 ــ 1917 ـ يىللاردىكى بېرىشى ............................ 1253
جاھانگىر دولەتلەرنىڭ ئالجىرلىق بىلەن ھەربىي ھازىرلىقلارنى كېڭەيتىپ ئۇرۇشقا تەييارلىنىشى (1253) دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشى ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرى (1255) ئۇرۇشنىڭ 1914 ــ 1917 ـ يىللاردىكى بېرىشى (1260) ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىشى (1264)
2 ـ بولۇم ئىككىنچى ئىنتېرناتسىونالنىڭ بەربات بولۇشى، لېنىننىڭ ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىونالنى قۇرۇش يولىدىكى كۈرىشى ..........1267
ئىككىنچى ئىنتېرناتسىونالنىڭ بەربات بولۇشى (1267) لېنىننىڭ سوتسىيال شوۋىنىزم ۋە سوتسىيال تىنچلىقپەرۋەرلىككە قارشى كۈرىشى (1271) لېنىننىڭ ھەرقايسى ئەل سولچىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىونالنى قۇرۇش يولىدا ئېلىپ بارغان كۈرىشى (1277) لېنىننىڭ جاھانگىرلىك توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى ۋە سوتسىيالىزمنىڭ بىر مەملىكەتتە غەلىبە قىلىشى توغرىسىدىكى تەلىماتى (1282)
3 ـ بولۇم ئۇرۇشنىڭ ئىنقىلابنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى، ئىنقىلابنىڭ ئۇرۇشنى چەكلىشى.............................. 1288
ئىنقىلاپ كرىزىسىنىڭ پىشىپ يېتىلىشى (1288) روسىيە فېۋرال ئىنقىلاۋى (1290) ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبە قىلىشى ۋە بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاياقلىشىشى (1298)
چوڭ ۋەقەلەر يىلنامىسى.............................. 1359 ــ 1305

## سۈرەتلەر مۇندەرىجىسى

كروۋېل .................................... 36

لىلبېرن سوتتا ............ 40

ۋات كەشپ قىلغان تۇنجى پار ماشىنىسى ............ 78

19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئەنگلىيە گاز زاۋۇدى ............ 79

كان قۇدۇقىغا چۈشۈۋاتقان ئايال ئىشچىلار ............ 82

خاڭدا ئەمگەك قىلىۋاتقان بالا ئىشچىلار ............ 83

خەلق ئەسكىرى — "بىر مىنۇتلۇق كىشى"نىڭ خاتىرە سۈرىتى ............ 102

لېكسىنگتوندىكى جەڭ ............ 103

روبېسپېر ............ 160

مارات ............ 160

بابېق ............ 190

ئىسپانىيە خەلقى فرانسىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشىلىق كۆرسەتمەكتە ............ 202

توسسېن لۇۋېرتيۇر ............ 233

سىمون بولىۋار ............ 245

1817 ـ يىلى سان مارتىن قوشۇنىنى باشلاپ ئاندېس تېغىدىن ئۆتۈپ
چىلىغا كىردى ............ 251

18 ـ ئەسىردىكى ياپونىيىنىڭ ھاراق چېقىرىدىغان ئىشخانىسى ............ 274

شىسەن قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئىشلەتكەن تامغا ۋە جەڭ دۇمبىقى ............ 294

تىپۇ سۇلتان ............ 317

ئەنگلىيە شەرقىي ھىندىستان شىركىتى — ئاسىيا خەلقىنى تالان ـ تاراج
قىلىدىغان پارازىت ............ 321

ۋەھشىيانە قۇل سودىسى ............ 333

قۇل توشۇيدىغان كېمىنىڭ تۈز كۆرۈنۈشى ............ 335

بانتۇ خەلقى غەرب مۇستەملىكىچىلىرىگە زەربە بەرمەكتە ............ 341

مۇھەممەد ئەلى ............ 351

www.uyghurkitap.com


بالىنسكى ........................................ 378

ياشلىق دەۋرىدىكى ماركس ........................................ 390

ياشلىق دەۋرىدىكى ئېنگېلس ........................................ 393

«كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»نىڭ 1 ـ نەشرى ........................................ 412

ئىنقىلاۋىي ئامما پادىشانىڭ "تەختى"نى كويدۇرۇۋەتتى ........................................ 430

ۋېنگرىيە قوزغىلىڭى (ئوتتۇرىدىكىسى كوشۇت) ........................................ 444

بەلچېسكۇ ........................................ 449

«يېڭى رېين» گېزىتىنىڭ ئاخىرقى سانى ........................................ 481

گارىبالدى ........................................ 493

دومبروۋسكى ........................................ 517

پۇگاچېۋ ........................................ 537

چېرنىشېۋسكى ........................................ 540

جون براۋن ........................................ 564

لىنكولن ........................................ 567

ياپونىيىدىكى جياڭخۇ خەلقى باي سودىگەرلەرنىڭ گۈرۈچ دۇكانلىرىغا
هۇجۇم قىلماقتا ........................................ 583

دېپونېگورو ........................................ 616

باب ........................................ 632

جەنسى ئايال پادىشاسى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنى باشلاپ ئەنگلىيە
تاجاۋۇزچىلىرىغا باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتمەكتە ........................................ 650

ئېنگېلسنىڭ بىرىنچى ئىنتېرناتسىونال ئەزالىق كىنىشكىسى ........................................ 666

ۋارلىن ........................................ 686

كوممۇنىنى قوغدىغۇچىلار ........................................ 691

لۇئىز مىشېل ........................................ 714

پوتيېر ۋە «ئىنتېرناتسونال شېئىرى»........................ 718
بېبېل ......................................... 756
دارۋىن ......................................... 777
«گوتا پۇروگىراممىسىغا تەنقىت» 1891 ـ يىلى تۇنجى قېتىم ئېلان قىلىندى
........................................................ 788
1890 ـ يىل "1 ـ ماي" بايرىمىدا لوندون ئىشچىلىرى نامايىش ئۆتكۈزدى،
ئېنگېلس كورەككە قاتناشتى.................................. 806
ئېنگېلسنىڭ «چارروسىيە موكۇمىتىنىڭ تاشقى سىياسىتى» دېگەن ماقالىسى
بېسىلغان «سوتسىيال دېموكراتلار» ژورنىلىنىڭ مۇقاۋىسى.............. 850
يەنىچىيەن........................................... 868
لېنىن (1897 ـ يىل).................................. 904
ستالىن (1900 ـ يىل)................................ 919
"پوتېيومكىن" ناملىق پولات قاپلىمىلىق كارابېتكى قوزغىلاڭ.............. 937
روزا ليۇكسېمبۇرگ.................................... 958
كارل لىبكنېخت .................................... 958
«ماتېرىيالىزم ۋە تەجرىبە تەنقىتچىلىكى»نىڭ بىرىنچى نەشرىنىڭ مۇقاۋىسى
(1909 ـ يىل) ........................................ 975
قادىر................................................ 1031
سۈۋېيش قانىلىنى ئېچىش.................................. 1039
ئارابى جەڭ مەيدانىدا................................... 1045
مۇھەممەد ئەھمەد....................................... 1051
مەھدى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ ئاتلىق ئەسكىرى..................... 1057
مېنېلىك.............................................. 1065
ساموري دۇر........................................... 1072

چاكا ...... 1079

لوبېنگولا ...... 1085

چۇەن بېڭجۇن ...... 1110

خۇاڭ خۇاتەن ...... 1127

ھوسې رىسال ...... 1150

بونىفاسىو قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا يېتەكچىلىك قىلىپ دۈشمەننى باتۇرلارچە
قىرماقتا ...... 1152

ساتتارخان ...... 1177

جوسې مارتى ...... 1232

پەنچاۋ ۋىلىيا ...... 1241

ئې. ساپاتا ...... 1242

شەرقىي سەپتىكى ئەسكەرلەر بىرلەشمە كوكۆل ئېچىش ئوتكۆزمەكتە ...... 1296

ئەنگلىيە پادىشاسى چارلىس I سوراق ئۈستىدە ...... I

1776 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى فىلادېلفىيىدە ئامېرىكا مۇستەقىللىق
خىتابنامىسى ئىمزالاندى ...... I

باستىل تۈرمىسىنىڭ ئىشغال قىلىنىشى ...... II

لۇئى XVI نىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ...... II

بوناپارتنىڭ تۇمانلىق ئېيىنىڭ ئون سەككىزىدىكى سىياسى ئۆزگىرىشى ...... III

ۋېنېسۇئېلانىڭ مۇستەقىللىق ئېلان قىلىشى ...... III

غەربىي ھىندىستان تاقىم ئاراللىرىدىكى نېگىرلار شېكەر قومۇشى مەيدانى-
دا ئەمگەك قىلىماقتا ...... IV

ئەنگلىيىنىڭ لوندون شەھىرىدىكى نامراتلار ماكانى ...... IV

1834 ـ يىلدىكى لىيون ئىشچىلىرىنىڭ قوزغىلىشى ...... IV

ماركس كوممۇنىزىمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ مەجلىسىدە ...... V

1848 ـ يىلى بېرلىندا بولغان مارت قوزغىلىڭى ...... VI

1848 ـ يىلى چېختىكى پراگادا بولغان خەلق قوزغىلىڭى ...... VI

1848 ـ يىلى پارىژدا بولغان ئىيۇن قوزغىلىڭى ...... VI

1849 ـ يىلى ئېنگېلس كوچا ئىستىھكامى ئۇرۇشىغا قاتناشتى ...... VII

1863 ـ يىلدىكى پولشا خەلقىنىڭ چارروسسىيىگە قارشى قوزغىلىڭى ...... VIII

19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى ياپونىيە توقۇمىچىلىق ئىشخانىسى ...... VIII

دېپونېگورو رەھبەرلىكىدىكى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ...... IX

ھىندىستان قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئەنگلىيە تاجاۋۇزچى قوشۇنىغا باتۇرلۇق بىلەن ھۇجۇم قىلماقتا ...... IX

بىرىنچى ئىنتېرناتسىونالنىڭ 1866 ـ يىلى جەنۋەدە چاقىرىلغان بىرىنچى قۇرۇلتىيى ...... X

1871 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى سەھەردە پارىژدا بولغان قوراللىق قوزغىلاڭ ...... X

1871 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى پارىژ كوممۇنىسى قۇرۇلدى ...... XI

پارىژ كوممۇنىسى شەھەر مەمۇرىيىتى مەھكىمىسىدە كوممۇنا كومىتېتىنىڭ يىغىنىنى چاقىردى ...... XI

پارىژ كوممۇنىسى جەڭچىلىرى لاشىز قەۋرىستانلىقىدا قاتتىق جەڭ قىلىپ، قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى ...... XII

ئىككىنچى ئىنتېرناتسىونالنىڭ بىريۇسسېل قۇرۇلتىيى ...... XII

لوندون خايگېت قەۋرىستانلىقىدىكى ماركس قەۋرىسى ...... XIII

ئىككىنچى ئىنتېرناتسىونالنىڭ سيۇرىخ قۇرۇلتىيى مەزگىلىدە ئېنگېلس بېبېل ھەم خانىمى ۋە سىڭگېر قاتارلىقلار بىلەن بىللە ...... XIV

1905 ـ يىلدىكى گېرمانىيە رۇر كان ئىشچىلىرىنىڭ چوڭ ئىش تاشلىشى ...... XV

ياپونىيە پۇقرالار ھەركىتىنىڭ يولباشچىسى شىگدې چېۋشۈي ۋە پۇقرالار جەمىيىتىنىڭ ئەزالىرى ........ XV
قادىر ئالجىرىيە خەلقىنىڭ فرانسىيەگە قارشى كۈرەشكە رەھبەرلىك قىلماقتا ........ XVI
ئابدۇللا رخەلىغە جەڭگە قوماندانلىق قىلماقتا ........ XVI
ئېفيوپىيە خەلقى ئىتالىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرەش قىلماقتا ........ XVII
زۇلۇ خەلقى ئىساندلۋانې تېغىدىكى جەڭدە ئەنگلىيە قوشۇنلىرىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى ........ XVII
1905 ـ يىل 12 ـ ئايدا موسكۋادا بولغان قوراللىق قوزغىلاڭ ........ XVIII
1907 ـ يىلى شتۇتىگارتتا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقارا سوتسىيالىزمچىلار قۇرۇلتىيى ........ XIX
خۇاڭ خۇاتەن قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ قورغىنى ........ XX
ئىلاك سوتتا مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنى سوكمەكتە ........ XX
فىلىپپىن خەلقى ئامېرىكا تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرىغا باتۇرلۇق بىلەن زەربە بەرمەكتە ........ XXI
ئىران خەلقى تېبرىزدا چارروسىيە تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرىغا ۋە ئۆلارنىڭ غالچىلىرىغا زەربە بەرمەكتە ........ XXI
پەنچاۋ ۋىليا قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنى باشلاپ ئىلگىرىلىمەكتە ........ XXII
مېكسىكا دىخانلار قوزغىلاڭچى قوشۇنى مېكسىكا شەھىرىگە كىرمەكتە ........ XXII
كارل لىبكنېخت بېرلىندا ئۇرۇشقا قارشى نۇتۇق سوزلىمەكتە ........ XXIII
بولشېۋىكلەر ئۇرۇشقا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بارماقتا ........ XXIII
1917 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى پېتروگرادتا ئۆتكۈزۈلگەن 500 مىڭ كىشىلىك چوڭ نامايىش ........ XXIV

# يېقىنقى زامان قىسمىغا كىرىش سۆز

بۇ كىتابنىڭ يېقىنقى زامان قىسمى 17-ئەسىردىكى ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىدىن بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ۋە روسىيە ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنىڭ (1917-يىل) ھارپىسىغىچە (ئوكتەبىر ئىنقىلابى ھازىرقى زامان تارىخى قىسمىدا بايان قىلىنىدۇ) بولغان تەخمىنەن 280 يىللىق تارىخنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ھالەت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دۇنيانىڭ يېقىنقى زامان تارىخى — ئىنسانىيەت تارىخىدىكى كاپىتالىزم جەمئىيىتى باسقۇچى يەنى كاپىتالىزم تۈزۈمىنىڭ بەرپا بولۇش، راۋاجلىنىش ۋە زاۋاللىققا يۈز تۇتۇش تارىخى. ئۇنىڭ ئاساسىي سىنىپىي مەزمۇنى بۇرژۇئازىيە ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ فېئودال پومېشچىكلار سىنىپىغا قارشى كۈرىشى، پرولېتارىيات ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغۇچى ئەمگەكچى ئاممىنىڭ بۇرژۇئازىيىگە قارشى كۈرىشى، مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكىلەردىكى ئېزىلگۈچى مىللەتلەر ۋە خەلقلەرنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە، جاھانگىرلىككە قارشى كۈرىشىدىن ئىبارەت.

بۇ 280 يىللىق تارىخنى ئومۇمەن ئىككى دەۋرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. بىرىنچى دەۋر — ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىدىن پارىژ كوممۇنىسى ئىنقىلابىنىڭ ھارپىسىغىچە (1640 — 1870) بولغان

دەۋر. "بۇ — بۇرژۇئازىيىنىڭ يۈكسىلىش باسقۇچى، ئومۇمەن ئېيتقاندا، بۇ دەۋر — بۇرژۇئا دېموكراتىك ھەركىتى دەۋرى، بولۇپمۇ بۇرژۇئا مىللىي ھەركىتى دەۋرى، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن فېئودال مۇستەبىتلىك تۈزۈمىنى تېزلىكتە گۇمران قىلىش دەۋرى."①
ئىككىنچى دەۋر — پارىژ كوممۇنىسى ئىنقىلاۋىدىن بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياقلاشقىچە (1871 — 1918) بولغان دەۋر. بۇ — "بۇرژۇئازىيىنىڭ مۇتلەق ھوكۇمرانلىق يۈرگۈزۈش ۋە زاۋاللىققا يۈز تۇتۇش دەۋرى، تەرەققىيپەرۋەر بۇرژۇئازىيىدىن ئەكسىيەتچىل ۋە ئەڭ ئەكسىيەتچىل مالىيە كاپىتالىغا ئايلىنىپ كېتىش دەۋرى، بۇ — يېڭى سىنىپ يەنى ھازىرقى زامان دېموكراتىيىچىلىرىنىڭ كۈچ تەييارلاش ۋە ئاستا-ئاستا كۈچ توپلاش دەۋرى."②

يېقىنقى زامان تارىخىنىڭ بىرىنچى دەۋرىدە، بەزى ياۋروپا ۋە ئامېرىكا ئەللىرىدىكى بۇرژۇئازىيە ۋە بۇرژۇئازىيىلەشكەن پومىشچىكلار، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى ياكى مىللىي مۇستەقىللىق (بىرلىككە كېلىش) ئۇرۇشى ئارقىلىق بۇرژۇئا دىكتاتۇرىسى ياكى بۇرژۇئازىيە بىلەن پومىشچىكلارنىڭ بىرلەشمە دىكتاتۇرىسىنى بەرپا قىلدى، شۇنىڭ بىلەن فېئوداللىق جەمئىيەتتىن كاپىتالىزىم جەمئىيىتىگە ئۆتۈشنى ئورۇنلىدى. "ئالغا كەتكەن دۆلەتلەردىكى بۇرژۇئازىيىمۇ بىر قاتار قوزغىلاڭلار، ئىچكى ئۇرۇشلار ئارقىلىق، زورلۇق كۈچ بىلەن پادىشالار، فېئوداللار ۋە

① لېنىن. «باشقىلارنىڭ بايرىقى ئاستىدا». «لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 21 — توم، 125 — بەت.
② يۇقىرىدىكى كىتاب.

قۇلدارلارنى ھەم ئۇلارنىڭ تىرىلىش غەرىزىنى باستۇرۇش ئارقىسىدىلا ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغان."① فېئودال ئەكسىيەتچىلىك قورغىنى بولغان چارروسىيە بۇ دەۋردە ياۋروپا ژاندارمىسى بولۇپ ئەكسىلئىنقىلاۋىي رول ئوينىدى.

كاپىتالىستىك يىرىك سانائەتنىڭ گۈللىنىشى بىلەن بىللە، سانائەت پۇرولېتارىياتى دۇنياغا كەلدى، پۇرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتمۇ كۈندىن-كۈنگە كەسكىنلىشىپ باردى. 19-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدىن باشلاپ، غەربىي ياۋروپادىكى بەزى ئالغا كەتكەن دۆلەتلەردە، يەر ئاقسۆڭەكلىرى ۋە بۇرژۇئازىيىدىن تاشقىرى، پۇرولېتارىيات "ھۆكۈمرانلىقنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن كۈرەشكۈچى ئۈچىنچى جەڭچى، دەپ ئېتىراپ قىلىنىدىغان بولۇپ قالدى"②. پۇرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاۋىي ئۇستازلىرى ماركس بىلەن ئېنگېلس سىنىپىي كۈرەش ۋە ئىلمىي تەجرىبىدىن ئىبارەت ئىنقىلاۋىي ئەمەلىيەت داۋامىدا پۇرولېتارىياتنىڭ دۇنيانى بىلىش ۋە دۇنيانى ئۆزگەرتىشتىكى ئىنقىلاۋىي نەزىرىيىسى — ماركسىزمنى ياراتتى ھەمدە 1848-يىلى پۇرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ تۇنجى پۇروگىرامما خاراكتېرلىق ھۆججىتى — «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى»نى ئېلان قىلدى. ماركس بىلەن ئېنگېلس كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىكى سىنىپ، سىنىپىي زىددىيەت ۋە

---

① لېنىن، «كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىونالنىڭ 1-قۇرۇلتىيى»، «لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى»، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1972-يىل خەنزۇچە نەشرى، 3-توم، 718-بەت.

② ئېنگېلس. «لىيۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە نېمىس كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى»، 1975-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 75-بەت.

سىنىپىي كۈرەشنى ئىلمىي يوسۇندا شەرھىلەپ، پۇرولېتارىيات ئىنقىلابى ۋە پۇرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى توغرىسىدىكى ئىنقىلابىي تەلىماتقا ئاساس سېلىپ بەردى، توغرا لۇشيەن ۋە تاكتىكىنى بەلگىلەپ بەردى، رەڭگا-رەڭ ئاغمىچىلىق مەزھەپلىرىنى تارمار قىلدى، بۇنىڭ بىلەن پۇرولېتارىياتنى غەلىبىلىك راۋاجلىنىش يولىغا يېتەكلىدى.

بۇ دەۋردە، كاپىتالىستىك شۇنىڭدەك فېئوداللىق مۇستەملىكىچىلىك تاجاۋۇزچىلىقى ۋە كېڭەيمىچىلىكى تۈپەيلىدىن، ئاسىيا، ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى بىرمۇنچە دۆلەتلەر ۋە رايونلار مۇستەملىكە ياكى يېرىم مۇستەملىكىگە ئايلىنىپ قالدى. ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە، گوللاندىيە، ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋە روسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ مۇستەملىكىچىلىك زۇلمى ۋە غالچىرانە تالان-تاراجى ئاسىيا، ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى، بۇ دۆلەتلەرنىڭ مۇستەقىل ھالدا راۋاجلىنىش جەريانىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. ئاسىيا، ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ھەرقايسى ئەللەر خەلقلىرى مۇستەملىكىچىلىك زۇلمىغا قارشى قاينام-تاشقىنلىق ئىنقىلابىي كۈرەشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، غەرب مۇستەملىكىچى كۈچلىرىگە ۋە ئۆز مەملىكەتلىرىدىكى فېئودال ھۆكۈمرانلارغا قاتتىق زەربە بەردى. بۇ مەزگىلدە، ئاسىيادا پەقەت ياپونىيىلا "مېيجى يېڭىلىقى" ھەرىكىتى ئارقىلىق، كاپىتالىزمنى راۋاجلاندۇرۇش يولىغا ماڭدى؛ ئەمما ياپونىيە ئۇزاق ئۆتمەيلا شەرقتىكى تاجاۋۇزچى مۇستەملىكىچى دۆلەت بولۇپ قالدى.

1871-يىلدىكى فرانسىيە پۇرولېتارىيات ئىنقىلابى دۇنيا يېقىنقى زامان تارىخىنىڭ ئىككىنچى دەۋرىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئېچىپ

بەردى. پارىژ كوممۇنىسى ئىنسانىيەت تارىخىدا بۇرژۇئا دۆلەت ماشىنىسىنى پاچاقلاپ تاشلاش، پۇرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى ئورنىتىش يولىدا باتۇرلۇق بىلەن قىلىنغان تۇنجى سىناق بولدى. ئۇ، كاپىتالىزمغا ئىنتايىن قاتتىق زەربە بەردى، كاپىتالىزم شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن زاۋالغا يۈز تۇتۇشقا باشلىدى. 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، كاپىتالىزم ئۆزىنىڭ يۇقىرى باسقۇچى — جاھانگىرلىك باسقۇچىغا قەدەم قويدى. جاھانگىرلىك — مونوپول، تەييارتاپ ياكى چىرىك، ئۆلۈۋاتقان كاپىتالىزم. جاھانگىرلىك دەۋرىدە، كاپىتالىزمنىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرى — پۇرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە خەلقلىرى بىلەن جاھانگىرلىك ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، جاھانگىر دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كەسكىنلەشتى. "جاھانگىرلىك — پۇرولېتارىيات ئىجتىمائى ئىنقىلاۋىنىڭ ھارپىسى."①

19-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدىن 90-يىللىرىغىچە بولغان مەزگىلدە، ماركس بىلەن ئېنگېلس پارىژ كوممۇنىسىنىڭ ئىنقىلاۋىي پرىنسىپلىرىنى قوغداش ئۈچۈن، پۇرولېتارىياتلىق ئىنقىلاۋىي لۇشيەندە چىڭ تۇرۇپ، "سول"چىل ۋە ئوڭچىل ئاغمىچىلىق لۇشيەنىگە قارشى مۇرەسسەسىز كۆرەشلەرنى ئېلىپ باردى. ماركس «فرانسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش»، «گوتا پۇروگراممىسىغا تەنقىت»نى، ئېنگېلس «ديۇرىڭغا قارشى»، «ليۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە نېمىس

① لېنىن، «جاھانگىرلىك كاپىتالىزمنىڭ يۇقىرى باسقۇچى»، 1976-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 16-بەت.

كىلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى»نى ۋە باشقا شانلىق ئەسەرلىرىنى يېزىپ، پرولېتارىياتقا قارىتا سىياسى ۋە ئىدىيىۋى لۇشيەن تەربىيىسى ئېلىپ باردى. خىلمۇ-خىل ئاغمىچىلىققا قارشى بوشاشماي ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشلەر داۋامىدا، "ماركس تەلىماتى پۈتۈنلەي غەلىبىگە ئېرىشتى ھەمدە **كەڭ تارقالدى**"①؛ پرولېتارىياتنىڭ سوتسىيالىستىك پارتىيىسى ھەرقايسى مەملىكەتلەردە ۋۇجۇتقا كېلىشكە باشلىدى.

19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، پرولېتارىيات كۆچ توپلاپ، كەلگۈسىدىكى كۈرەشكە تەييارلىنىۋاتقان پەيتتە، ئىشچىلار ھەركىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ماركسىزىمغا، پرولېتارىيات ئىنقىلاۋى ۋە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىغا غالىجىرلىق بىلەن قارشى تۇرىدىغان شىيۇجېڭجۇيىلىق تەتۈر ئېقىم كېلىپ چىقتى، بۇ تەتۈر ئېقىم ھەرقايسى ئەل ئىشچىلار پارتىيىلىرىگە بېسىپ كىردى ۋە ئۇنى چىرىتتى. پرولېتارىيات ئىنقىلاۋى ئۇستازى لېنىن كوكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ماركسىزىملىق ئىنقىلاۋىي بايراقنى ئېگىز كوتىرىپ، ھەرقايسى ئەللەردىكى سولچى كۈچلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، بۇ شىيۇجېڭجۇيىلىق تەتۈر ئېقىمغا قەتئى تۈردە قايتۇرما زەربە بېرىپ، ماركسنىڭ ئىنقىلاۋىي لۇشيەنىنى قوغدىدى ھەمدە ماركسىزىمنى راۋاجلاندۇرۇپ لېنىنىزىم باسقۇچىغا يەتكۈزدى. "لېنىنىزىم — جاھانگىرلىك ۋە پرولېتارىيات ئىنقىلاۋى دەۋرىدىكى ماركسىزىم."②

① لېنىن. «ماركس تەلىماتىنىڭ تارىخىي تەقدىرى». «ماركس، ئېنگېلس ۋە ماركسىزىم توغرىسىدا»، 1977-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 115-بەت.

② ستالىن. «لېنىنىزىم ئاساسلىرى توغرىسىدا»، 1976-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 4-بەت.

لېنىن روسىيىدە بولشېۋىكلەر پارتىيىسىنى قۇرۇپ، جاھانگىرلىك دەۋرىدىكى بىرىنچى قېتىملىق بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاۋىغا رەھبەرلىك قىلدى. روسىيىدىكى 1905-يىل ئىنقىلاۋى كاپىتالىزم دۇنياسىنىڭ پارىژ كوممۇنىسىدىن كېيىن 34 يىل داۋام قىلغان "تىنچ" راۋاجلىنىش دەۋرىگە خاتىمە بېرىپ، پرولېتارىيات بۇرژۇ-ئازىيىگە توغرىدىن-توغرا ھۇجۇم قىلىدىغان يېڭى كۈرەش دولقۇن-نى ئېلىپ كەلدى. لېنىن شىۋىجېڭجۇيىنى نەزەرىيە جەھەتتىن ئۈزۈل-كېسىل تارمار قىلىش ئۈچۈن، «ماتېرىيالىزم ۋە تەجرىبە تەنقىدچىلىكى»، «جاھانگىرلىك كاپىتالىزمنىڭ يۇقىرى باسقۇچى»، «دۆلەت ۋە ئىنقىلاپ» قاتارلىق شانلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ، پرولې-تارىيات ئىنقىلاۋى ۋە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى توغرىسىدىكى تەلىماتنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇردى.

"جاھانگىرلىك پۈتۈن دۇنيادىكى خەلق ئاممىسىنى جاھانگىرلىكنى يوقىتىش يولىدىكى ئۇلۇغ كۈرەشنىڭ تارىخىي دەۋرىگە كىرگۈز-دى."① 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، "ئاسىيانىڭ ئويغىنىشى"نى گەۋدىلىك بەلگە قىلغان ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسى خەلقلىرىنىڭ جاھانگىرلىككە، فېودالىزمغا قارشى كۈرەشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، دولقۇندىن-دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. ۋيېتنامدىن چاۋشيەنگىچە، فىلىپپىندىن جۇڭگوغىچە، ئىراندىن تۈركىيىگىچە، مىسىردىن سۇدانغىچە، ئېفىوپىيىدىن جەنۇبىي ئافرىقىغىچە، كۇبادىن مېكسىكىغىچە ھەممىلا يەردە تاجاۋۇز-

---

① ماۋ زېدۇڭ. «خام خىياللارنى تاشلاپ، كۈرەشكە تەييارلىنىڭلار». «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 4-توم، 2563-بەت.

www.uyghurkitap.com

چىلىقتا، قۇللۇقتا، ئېكىسپىلاتاتسىيىگە قارشى تۇرىدىغان مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشى ۋە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىي ھەركىتى كۆتىرىلدى. بۇ ئىنقىلاپ بوران-چاپقۇنى ئۈز نۆۋىتىدە ياۋروپاغا تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى.

"جاھانگىرلىكنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، بىرقانچە چوڭ دۆلەت زومىگەرلىك ھوقۇقى تالىشىش كويىدا بولىدۇ، يەنى زېمىن تالىشىش كويىدا بولىدۇ"①. 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا يەتكەندە، ئۇلار دۇنيا زېمىنىنى ئاساسىي جەھەتتىن بولۇشۇپ بولدى، بۇنداق ئەھۋالدا، قارشى تەرەپنىڭ زومىگەرلىكىنى گۇمران قىلىش ئۈچۈن، ئۇرۇش ئارقىلىق قايتىدىن بولۇشۇشقىلا توغرا كېلەتتى. ئامېرىكا-ئىسپانىيە ئۇرۇشى (1898-يىل)، ئەنگلىيلار بىلەن بۇرلار ئۇرۇشى (1899—1902)، ياپونىيە-روسىيە ئۇرۇشى (1904—1905) دۇنيانى قايتىدىن بولۇشۇۋېلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان دەسلەپكى جاھانگىرلىك ئۇرۇشى بولدى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى بىرنەچچە جاھانگىر مۇستەملىكىچى قاراقچىنىڭ زومىگەرلىك ھوقۇقىنى تالىشىشتىن ئىبارەت تاجاۋۇزچىلىق سىياستىنىڭ داۋامىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئۇرۇش ئىنقىلاپنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئىنقىلاپ ئۇرۇشنى توسىدۇ. 1917-يىلدىكى روسىيە فېۋرال ئىنقىلاۋىنىڭ بورىنى چارپادىشادىن ئىبارەت قەغەز يولۋاسنى ئۇچۇرۇۋەتتى. لېنىن رەھبەرلىك قىلغان روسىيە ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبىسى تارىخنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتى. ئۇ پۈتكۈل ياۋروپا-

① لېنىن، «جاھانگىرلىك كاپىتالىزىمنىڭ يۇقۇرى باسقۇچى»، 1976-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 161-بەت.

دىكى ۋە مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكىلەردىكى ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتنى ئىلگىرى سۈردى ۋە جاھانگىرلىك تۈزۈمىنى توستى.

ماۋجۇشى مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "بىرىنچى جاھانگىرلىك دۇنيا ئۇرۇشى ۋە بىرىنچى بولۇپ غەلىبە قىلغان سوتسىيالىستىك ئوكتەبىر ئىنقىلاۋى پۈتۈن دۇنيا تارىخىنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتتى."① دۇنياۋى بۇرژۇئا دېموكراتىزمىلىق ئىنقىلاۋىنى بەلگە قىلغان دۇنيا يېقىنقى زامان تارىخى شۇنىڭ بىلەن ئاياقلاشتى؛ دۇنياۋى پرولېتارىيات سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىنى بەلگە قىلغان دۇنيا ھازىرقى زامان تارىخى شۇنىڭ بىلەن باشلاندى.

دۇنيا يېقىنقى زامان تارىخى—ئىدىيىۋى ۋە سىياسى لۇشيەن تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتىكى ياخشى دەرسلىك. پرولېتارىيات ئىنقىلاۋىي ئۇستازلىرى ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلار يېقىنقى زاماندىكى سىنىپىي كۈرەش ۋە ئىلمىي تەجرىبىگە بىۋاستە قاتنىشىپ، ئۇلۇغ سوتسىيالىزىم ۋە كوممۇنىزىم ئىشلىرىغا پۇختا ئاساس سېلىش بىلەن، بىزگە پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ئومۇمئۈچۈن پارتىيە قۇرۇش، پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، قەتئىي توغرا لۇشيەن كۈرىشى ئېلىپ بېرىش، ئىنقىلاۋىي ئاممىۋى ھەرىكەتكە توغرا مۇئامىلە قىلىشنىڭ شانلىق ئۈلگىسىنى يارىتىپ بەردى. ماركسىزىم، لېنىنىزىم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى—دۇنيا يېقىنقى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى نەزەرىيىۋى قىبلىنامىمىز. جاھانگىرلىككە ۋە زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇشتىكى قۇدرەتلىك ئىدىيىۋى

① ماۋزېدۇڭ. «يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە». «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 2 ـ توم، 1204 ـــ 1205 ـ بەتلەر.

قورالىمىز.

دۇنيا يېقىنقى زامان تارىخىنى ئۆگىنىشتە ماۋجۇشى ئوتتۇرىغا قويغان ”قەدىمقىلارنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، چەت ئەللىكلەرنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش“ دېگەن قائىدىگە ئەمەل قىلىپ، تارىختىكى تەجرىبە ۋە ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ئۇنى پرولېتارىيات سىياسىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم. كونكرېت تارىخىي پاكىتلار ئارقىلىق، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرىنى شەرھلەپ، سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى، ئەگرى-توقايلىقى، مۇرەككەپلىكىنى چۈشەندۈرۈشىمىز، جاھانگىرلىك، سوتسىيال جاھانگىرلىك ۋە بۇرژۇئا دۇنيا قارىشىنى تەنقىد قىلىپ، تارىخ ئىلمىنى جاھانگىرلىككە، زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى مۇستەھكەملەشتىكى كۈچلۈك قورال قىلىشىمىز لازىم. تارىخ ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنتېرناتسىوناللىزم توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىش، ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ ئىنقىلاۋىي كۈرەشلىرىنى بولۇپمۇ ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسى خەلقلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش يولىدىكى قەھرىمانانە كۈرەشلىرىنى قىزغىن مەدھىيىلىشىمىز، ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرى خەلقلىرىنىڭ ئورتاق تارىخىي تەقدىرىنى ۋە جەڭگىۋار ۋەزىپىسىنى شەرھلىشىمىز كېرەك.

كاپىتالىزم مۇقەررەر ھالاك بولىدۇ، سوتسىيالىزم مۇقەررەر غەلىبە قىلىدۇ!

## بىرىنچى باب

# ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى، ئامېرىكا مۇستەقىللىق ئۇرۇشى

17-ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىنىڭ باشلىرىدا، مەملىكىتىمىزدە لى زىچېڭ رەھبەرلىك قىلغان دېھقانلار قوزغىلىڭى قوشۇنى مىڭ سۇلالىسىغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىۋاتقان چاغلاردا، ئەنگلىيەدە ستيۇئارت فېئودال سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش يولىدىكى بۇرژۇئا ئىنقىلابى پارتلىدى. 17-ئەسىردىكى ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ فېئوداللىق جەمئىيەتتىن كاپىتالىستىك جەمئىيەتكە ئۆتكەنلىكىنى نامايەندە قىلىپ، ياۋروپاغا ۋە دۇنياغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

16-ئەسىردىن تارتىپلا، كاپىتالىزىم ئامىللىرى ئەنگلىيە فېئوداللىق جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بارلىققا كېلىشكە ۋە ئۆسۈشكە باشلىدى. بۇرژۇئازىيە ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ ئۈزلۈكسىز زورىيىشى ئارقىسىدا، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ھاكىمىيەتنى تەڭ تۇتۇشنى تەلەپ قىلدى. كەڭ دېھقانلار فېئوداللىق يەر مۈلۈكچىلىكىدىن ئازات بولۇشنى جىددىي تەلەپ قىلدى. ئەمما يېڭى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ قاتتىق بوغۇشىغا ئۇچرىدى، بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى

ئىنقىلاپ ئارقىلىق ھەل قىلىشقا توغرا كەلدى.

1640 ـ يىلدىن 1688 ـ يىلغىچە داۋام قىلغان ئىنقىلاپ بىلەن ئەكسىلئىنقىلاپ، تىرىلىش بىلەن تىرىلىشكە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاق مۇددەتلىك، تەكرار كۆرەشلەر ئارقىلىق، كاپىتالىزم تۈزۈمى ئاخىرقى ھېساپتا ئەنگلىيىدە تىكلەندى، فېئوداللار سىنىپى دىكتاتۇرىسىنىڭ ئورنىنى بۇرژۇئا دىكتاتۇرىسى ئالدى. بۇرژۇئازىيە يېڭى تىكلەنگەن سىياسىي ئۈستەقۇرۇلمىدىن پايدىلىنىپ، كاپىتالىزمنى مۇستەھكەملىدى ۋە راۋاجلاندۇردى، ئۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كاپىتالنىڭ ئىپتىدائىي جۇغلىنىشىنى زورلۇق كۈچ ئارقىلىق كېڭەيتىپ، ئۆز مەملىكىتىدىكى ئەمگەكچى خەلقنى ۋە مۇستەملىكە خەلقىنى تېخىمۇ قاتتىق ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلدى. مۇشۇ ئاساستا، ئەنگلىيىدە 18 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن تارتىپ كاپىتالىستىك سانائەت ئىنقىلاۋى باشلاندى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك زۇلمىنى چېكىۋاتقان شىمالىي ئامېرىكا مۇستەملىكىلىرىدىكى خەلقلەر زوراۋانلىقتىن قورقماي، جاسارەت بىلەن قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنى ئىنقىلاۋىي زورلۇق كۈچ بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈردى (1776 ـ يىل)، ئامېرىكا قىتئەسى بويىچە تۇنجى كاپىتالىستىك دۆلەت ــ ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرىنى قۇردى.

# 1- بۆلۈم ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى

## ئىنقىلاپتىن ئىلگىرىكى ئىجتىمائى-ئىقتىسادىي ئەھۋال

17-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئەنگلىيە يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان بىر ئارال دۆلىتى بولۇپ، ئاران 4-5 مىليون ئاھالىگە ئىگە ئىدى، يېزا ئاھالىسى مۇتلەق زور كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلاتتى، فېئوداللىق ئىگىلىك يېتەكچى ئورۇندا تۇراتتى. لېكىن ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتلەرگە قارىغاندا، ئۇ كاپىتالىزمنى راۋاجلاندۇرۇشتا تېخىمۇ قولايلىق شەرت-شارائىتلارغا ئىگە ئىدى. ئەنگلىيىدە يانچىلىق تۈزۈم دىخانلار ئۇرۇشىنىڭ زەربىسى بىلەن، 14-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىلا يوقالغان، دىخانلارنىڭ مۇتلەق زور كۆپچىلىكى جىسمانى ئەركىنلىككە ئېرىشكەن ئىدى. 15-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ، خەلقارا سودا مەركىزى ئوتتۇرا دېڭىزدىن ئاتلانتىك ئوكيانغا يۆتكەلدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئەنگلىيە رىقابەتتە تېخىمۇ پايدىلىق ئورۇنغا ئىگە بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەنگلىيە يېزىلىرىدا يۈز بەرگەن "يەر دائىرىلەش ھەرىكىتى" كۆپلىگەن دىخانلارنى بىردىنلا ئۆزلىرىنىڭ تىرىكچىلىك ۋاستىلىرىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر قىلىپ، ئۇلارنى قانۇننىڭ قوغدىشىدىن مەھرۇم بولغان پۇرولېتارلار سۈپىتىدە ئەمگەك بازىرىغا تاشلىدى. يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بۇرژۇئازىيە بۇ شەرت-شارائىتلاردىن پايدىلىنىپ، ئۆز سىنىپىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن، كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى.

www.uyghurkitap.com

ئىنقىلاپتىن ئىلگىرىكى 100 يىل ئىچىدە، كاپىتالىزىم سانائەتتە تېز ئۇسۇپ يېتىلدى. ئەنگلىيىدە كۆمۈر، قەلەي، مىس ۋە تۆمۈر كانلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى. 1540 ـ يىلدىن 1640 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، كۆمۈر مەھسۇلاتى 200 مىڭ توننىدىن كۆپىيىپ 1 مىليون 500 مىڭ توننىغا يەتتى، بۇ، ياۋروپادا ئىشلەپچىقىرىلغان كۆمۈرنىڭ ئومۇمىي سانىدىنمۇ 3 ھەسسە كۆپ بولدى؛ تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشمۇ 5 ھەسسە كۆپەيدى، گەرچە ئۇنىڭ مۇتلەق سانى يەنىلا ناھايىتى ئاز بولسىمۇ. ئادەتتىكى قول سانائەت ئىشخانىلىرىدا نەچچە ئوندىن نەچچە يۈزگىچە ئىشچى بار ئىدى، ئايرىملىرىدا، مەسىلەن، كاسساك ئېرىتىش ـ تاۋلاش ئىشخانىسىدا ياللانما ئىشچىلار 4 مىڭغا يەتكەن ئىدى. ئىلگىرى ئىمپورت قىلىنىدىغان ياكى ناھايىتى ئاز ئىشلەپچىقىرىلىدىغان سانائەت بۇيۇملىرى، مەسىلەن، سوپۇن، ئەينەك، قەغەز، شېكەر، مىلتىق دورىسى قاتارلىقلار بۇ چاغدا كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىلىدىغان بولدى، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىمۇ ياخشىلاندى.

16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئەنگلىيىنىڭ تاشقى سودىسى كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە كۆپەيدى. 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، پادىشاھنىڭ ئالاھىدە ئىلتىپاتى بىلەن بىرمۇنچە مەنپەئەتدارلىق شىركەتلىرى، مەسىلەن، مەخسۇس بالتىق دېڭىزى ئەللىرى بىلەن سودا قىلىدىغان شەرقىي قۇرۇقلۇق شىركىتى (1579 ـ يىلى)، تۈركىيە تىزگىنلەپ تۇرغان يېقىن شەرق بىلەن سودا قىلىدىغان تۈركىيە شىركىتى (1581 ـ يىلى قۇرۇلغان، 1592 ـ يىلى لېۋانت شىركىتى دەپ ئاتالغان)؛ مەخسۇس نېگىر قۇللارنى ساتىدىغان جىنايى سودىنى قىلىدىغان ئافرىقا

شىركىتى (1588 ـ يىلى)؛ بولۇپمۇ مەبلىغى ئەڭ كوپ، داۋام قىلغان ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بولغان، ھىندىستان ۋە جۇڭگو بىلەن بولغان سودىنى مونوپولىيە قىلىۋالغان شەرقىي ھىندىستان شىركىتى (1600 ـ يىلى) قۇرۇلدى. پايدىغىلا ئىنتىلىدىغان بۇرژۇئازىيە پۈتۈن يەر شارىنىڭ ھەممە يېرىگە قاتراپ، "ھەممە يەردە ماكان تۇتۇش، ھەممە يەردە ئىگىلىك تىكلەش، ھەممە يەردە ئالاقە ئورنىتىش"① كويىدا بولدى. 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، بىر پارلامېنت ئەزاسى تووۋەن پالاتادا: ئەنگلىيە "ھەممە خىرىستىيان ئەللىرى ئىچىدە ئەڭ باي، ئەڭ قۇدرەتلىك ئىمپېرىيە بولۇپ قالماقتا" دەپ لاپ ئۇردى. پايتەخت لوندوندا 300 مىڭ ئاھالە بولۇپ، ئۇ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە سودا ۋە پۇل ـ مۇئامىلىنىڭ مەركىزى ئىدى، ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودىسىنىڭ 8 دىن 7 قىسمى مۇشۇ پورتقا مەركەزلەشكەن ئىدى. 1600 ـ يىلدىن 1640 ـ يىلغىچە بولغان مەزگىلدە، لوندون ئارقىلىق ئېكسپورت قىلىنغان تاۋار 5 ھەسسە كوپەيدى. لوندوندىكى چوڭ سودىگەرلەر، چوڭ بايلار كوپلىگەن مەبلەغنى ئىگەللىگەن بولۇپ، ئۇلار كارخانا ئىگىلىرى، جازانىخورلار، پادىشا ۋە ئاقسوـ ئەكلەرگە قەرز بەرگۈچىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ سىياسى مايىللىقى كوپ چاغلاردا ۋەزىيەتنىڭ ئوزگىرىشىگە تەسىر كورسەتتى.

16 ـ، 17 ـ ئەسىرلەردە ئەنگلىيە ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى كاپىتالىزمنىڭ يېزىلارغا ئىچكىرىلەپ كىرگەنـ

---

① ماركس، ئېنگېلس. «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»، 1971 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 48 ـ بەت.

لىگىدىن ئىبارەت بولدى. بۇ ھال فېوداللىق ئىگىلىك تۈزۈمىنى بۇزۇپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دېخانلار بىلەن يومشاق شىكلار ئوتتۇرىسىدىكى، بۇرژۇئازىيە بىلەن فېودال ئاقسۆڭەكلەر ئوتتۇرىسىدىكى، پۈتۈن خەلق بىلەن مۇستەبىت پادىشا ھاكىمىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى.

كاپىتالىزىمنىڭ بېزىلارغا ئېچكىرىلەپ كىرگەنلىكىنىڭ ئاساسىي ئىپادىسى يەر دائىرىلەش ھەركىتى ۋە قول سانائەت ئىشخانىلىرىنىڭ كېڭىيىشى بولدى. بۇ ئىككىسى بىر بىرى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ، كەڭ دېخانلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىغا قاتتىق تەسىر كۆرسەتتى. ئىچكى-تاشقى بازارلارنىڭ قوي يۇڭى ۋە يۇڭ توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرىغا بولغان ئېھتىياجى تۇيۇقسىزدىن كېلىپ چىققان يەر دائىرىلەش كەڭ دېخانلارنىڭ يەردىن مەھرۇم بولىدىغان ئازاپلىق جەريانىنى تېزلەتتى. بۇنىڭ ئارقىسىدا يەر مەسىلىسى 16-، 17-ئەسىرلەردىكى ئەنگلىيە جەمئىيىتىدە ئەڭ ئوتكۇر بىر مەسىلە بولۇپ قالدى.

تاۋار پۇل ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئوز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېخانلار ئىچىدە بولۇنۇش كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلىشىپ باردى. بىر قىسىم ھاللىق دېخانلارنىڭ ئوزىنىڭ يېرى بار ئىدى. ئۇلار پەقەت ھاشار ئۈچۈن يومشىشكىلارغا ئاز ساندا سىلىق تولەيتتى، ئۇلارنىڭ يۇقۇرى قاتلامدىكىلىرى ئىقتىسادىي ئورنى جەھەتتە كىچىك يومشىشكىلارغا يېقىن ئىدى. لېكىن زور كوپچىلىك دېخانلارنىڭ تېرىيدىغان يېرى ئوزىنىڭ ئەمەس ئىدى. بەلكى تۇرلۇك شەكىلدە يومشىشكىلاردىن ئىجارىگە ئېلىناتتى. ئەڭ ئومۇمى يۇزلۇك بولغان ئىجارىگە بېرىش تۈزۈمى گۈۋانامە تۇتۇش

تۈزۈمى① ئىدى، بۇنداق يەر مۇناسىۋىتى بەكمۇ تۇراقسىز ئىدى، پومىشىكلار ھەر خىل بانىلار بىلەن، فېئوداللىق ئىمتىيازلىرىدىن پايدىلىنىپ، دېھقانلارنى ئىجارىگە ئېلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلالايتتى، ياكى ئىجارە مۇددىتى توشقان ۋاقىتتا يەر ئىجارىسىنى زورلۇق بىلەن ئاشۇراتتى، ياكى بولمىسا ۋارىسلىق قىلىپ قولدىن-قولغا ئۆتكۈزگەندە قاقتى-سوقتى قىلاتتى، ھەتتا دېھقانلارنى يەردىن ھەيدىۋېتەتتى. ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانلارنىڭ كۆپچىلىكى گۆۋانامە ئالغان دېھقانلار تەبىقىسىگە مەنسۇپ ئىدى. يېزىلاردا يەنە بىر قىسىم زادىلا يېرى يوق ياكى يېرى ناھايىتى ئاز بولغان كەمبەغەل دېھقانلار بار ئىدى، ئۇلار يىل بويى پومىششىكلارغا ياللىنىپ ئىشلەشكە مەجبۇر بولاتتى، ئۇلار يېزىلاردىكى پرولېتارلار، يېرىم پرولېتارلار ئىدى. كەڭ دېھقانلار فېئوداللىق يەر مۈلۈكچىلىكىنى يوقىتىش، ئۇشرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، يەر دائىرىلەشنى مەنئى قىلىش، يەر تېرىغۇچىلارنىڭ يېرى بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يەرنىڭ ھەقىقى ئىگىسى بولۇشنى جىددى تەلەپ قىلاتتى.

يەر دائىرىلەش كاپىتالىستلارنى كۆپلىگەن قوي يۇڭى بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن، بەلكى يەردىن مەھرۇم قىلىنغان دېھقانلارنى "ئەركىن" ئەمگەك كۈچى بولۇپ قېلىشقا مەجبۇر قىلدى. نۇرغۇنلىغان سوكنا سودىگەرلىرى چوڭ شەھەرلەردە فېئوداللىق كەسىپداشلار

---

① "گۆۋانامە" دىگەن سۆزنىڭ ئەسلىسى copy بولۇپ، غوجىلار سودى دېھقانلارغا تارقاتقان يەر ئىشلىتىش گۆۋانامىسىنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۆيۈشمىسىنىڭ چەتكە قېقىشى بىلەن، يېزىلارغا بېرىپ يۇڭ توقۇمىچىلىق ئىشخانىلىرىنى ئاچتى، بۇ ئىشخانىلارنىڭ بەزىلىرى مەركەزلەشكەن ئىدى، كۆپ قىسمى تارقاق ئىدى. 1615-يىلى نەشر قىلىنغان بىر كىتابچىدە قوي يۇڭىنى پىششىقلاپ ئىشلەشنىڭ 4 خىل شەكلى كۆرسىتىلگەن، ئۇنىڭ بىرىنچى خىلى توغرىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: "دەسمايىسى كۆپ بولغان سوكنا سودىگەرلىرى قوي يۇڭى چىقىدىغان ۋىلايەتلەردە قوي يۇڭى سېتىۋالىدۇ، ئالدىدىن بىر يىلغا يەتكۈدەك قوي يۇڭىنى سېتىۋېلىپ ئىسكىلاتتا ساقلاپ قويىدۇ، قىش پەسلىگە كەلگەندە، ئۇزلىرى ياللىۋالغان ئايال يىپ ئېگىرىش ئىشچىلىرىنى يىپ ئېگىرىشكە، توقۇش ئىشچىلىرىنى توقۇشقا، كىگىز ئېتىش ئىشچىلىرىنى كىگىز ئېتىشكە سالىدۇ. بۇ ئىشچىلارنىڭ ئالىدىغان ئىش ھەققى بولسا ھەددىدىن زىيادە ئاز......". يۇڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى ۋە باشقا سانائەتلەرنىڭ تەرەققىياتى يېزىلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ قوي يۇڭى، تېخىمۇ كۆپ ئەرزان ئەمگەك كۈچى، تېخىمۇ كەڭ سېتىش بازىرى ۋە تېخىمۇ كۆپ تاۋار ئاشلىق بىلەن تەمىنلىشىنى تەلەپ قىلاتتى. فېئوداللىق يەر مۈلۈكچىلىكىنى ئۆزۈل-كېسىل ئۆزگەرتكەندىلا، ئاندىن بۇ تەلەپلەرنى قاندۇرغىلى بولاتتى.

كاپىتالىزىمنىڭ يېزىلارغا ئىچكىرىلەپ كىرگەنلىكىنىڭ يەنە بىر نەتىجىسى يومىششىكلار سىنىپىنىڭ بولۇنۇشىدىن ئىبارەت بولدى. ئەنگلىيىنىڭ كاپىتالىزىم بىرقەدەر تەرەققى تاپقان شەرقىي جەنۇبىي رايونىدا، فېئودال ئاقسوڭەكلەردىن بىر قىسىم بۇرژۇئازىيىلەشكەن يومىششىكلار-يېڭى ئاقسوڭەكلەر بولۇنۇپ چىقتى، ئۇلار يېزا ئىگىلىكىنى كاپىتالىستىك ئۇسۇلدا باشقۇرۇشقا باشلىدى، ئۇلار

ئىجارىكەش دېھقانلارنى ھەيدىۋېتىپ، تېرىلغۇ يەرلەرنى چارۋىچىلىق مەيدانى ياكى چوڭ دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئايلاندۇرۇپ، قوي يۇڭى ياكى تاۋار ئاشلىق ساتىدىغان بولدى؛ بەزىلىرى سودا ـ سانائەتنى يولغا قويۇپ، ھاراق چىقىرىش ۋە قەغەز ياساش ئىشخانىلىرىنى ئاچتى، يەر ھايانكەشلىكى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇلارنىڭ ماھىيەتتە بۇرژۇئازىيىدىن ھېچقانداق پەرقى يوق ئىدى. بۇ يېڭى ئاقسوڭەكلەر "بىر تەرەپتىن، سانائەت بۇرژۇئازىيىسىگە قول سانائەت ئىشخانىسى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ئەمگەك كۈچلىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇردى، يەنە بىر تەرەپتىن، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى سودا ـ سانائەتنىڭ ئەھۋالىغا ماسلاشتۇردى. بۇ ھال يەر ئىگىلىرى بىلەن بۇرژۇئازىيىنى ئورتاق مەنپەئەتكە ئىگە قىلدى، يەر ئىگىلىرى بىلەن بۇرژۇئازىيىنى ئىتتىپاق تۈزۈشكە ئېلىپ باردى".①

لېكىن، بۇرژۇئازىيە بىلەن يېڭى ئاقسوڭەكلەرنىڭ كاپىتالىستىك ئىگىلىك باشقۇرۇشىغا فېئوداللىق پادىشا ھاكىمىيىتى ئارىلاشتى ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلدى. پادىشا فېئوداللىق دۆلەتنىڭ باج كىرىمى ۋە ئەسكەر مەنبەسىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، يەر دائىرىلەشنى، بولۇپمۇ خان جەمەتىنىڭ ئورمانلىقىنى دائىرىلەپ ئىگىلەشنى مەنئى قىلدى، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغانلارغا جەرىمانە قويىدىغان بولدى. 1636 ـ 1638 ـ يىللىرى، يەر دائىرىلەش سەۋەبى بىلەن 600 كىشىگە جەرىمانە قويۇلدى. ئۇزاقتىن بۇيان، پادىشا نۇرغۇن تاۋارلار (سوپۇن،

---

① ماركس. «گىزونىڭ «ئەنگلىيە ئىنقىلاۋى نېمە ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىدى؟ ئەنگلىيە ئىنقىلاۋى تارىخى ھەققىدە مۇھاكىمە» دېگەن ئەسىرىگە باھا». «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 7 ـ توم، 251 ـ بەت.

قەغەز، ئەينەك، يۇڭ توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى ۋاماكازالارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىشتىكى مەنپەئەتدارلىق هوقۇقىنى ئۆزىنىڭ يېقىن كىشىلىرىگە ۋە چوڭ سودىگەرلەرگە سېتىپ بېرىپ كەلگەن ئىدى. مولچەرلىنىشىچە، 1621-يىلى 700 خىل تاۋار (جۈملىدىن چاشقان تۇتۇش ئەسۋاپلىرى) مەنپەئەتدارلىق دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن ئىدى. 17-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا، پادىشا مەنپەئەتدارلىق هوقۇقىنى سېتىش يولى بىلەن هەر يىلى 100 مىڭ فۇنت ئىستېرلىڭ كىرىم قىلاتتى، بۇ مەلىكىلىك بولمىغان 10 مىڭ ئىشچىنىڭ پۈتۈن يىللىق ئىش هەققى كىرىمىگە باراۋەر ئىدى. بۇنداق مەنپەئەتدارلىق تۈزۈمى بۇرژۇئازىيىنىڭ "ئەركىن رىقابەت" دېگەن ئىقتىسادىي پىرىنسىپىغا پۈتۈنلەي زىت ئىدى. پادىشانىڭ بۇرژۇئازىيىگە ۋە يېڭى ئاقسۆڭەكلەرگە تۆرلۈك باج-سېلىق چاچقانلىقمۇ ئۇلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. 1630-يىلى، پادىشا فېئوداللىق غوجىلىق يەر تۈزۈمى بويىچە، هەر يىلى يەردىن كىرگەن كىرىمى 40 فۇنت ئىستېرلىڭدىن ئاشقان پومېشچىكلاردىن "ئاتلىقلار بېجى" ئېلىشنى، تاپشۇرمىسا جازاغا تارتىلىشنى بەلگىلىدى، يېڭى ئاقسۆڭەكلەر بولسا ئاتلىقلار غوجىلىق يەر تۈزۈمىدىن قۇتۇلۇپ، يەرنى يۇزدە-يۇز خۇسۇسىي مۈلۈككە ئايلاندۇرۇشقا كۆچەپ تۇرۇۋاتاتتى. بۇرژۇئازىيە بىلەن يېڭى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىتتىپاق تۈزۈپ، كەڭ دېھقانلار ۋە قول سانائەت ئىشچىلىرىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ پادىشا باشچىلىقىدىكى فېئوداللىق كۈچلەرگە قارشى تۇرۇشى مانا بۇ، ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى ئىدى.

ئەمما، كەڭ ئىشچى-دېھقانلار ئاممىسى فېئوداللىزمغا قارشى

تۇرۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي نىشان جەھەتتە بۇرژۇئازىيە ۋە يېڭى ئاقسۆڭەكلەر بىلەن بىردەك بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بىلەن بۇرژۇئازىيە ۋە يېڭى ئاقسۆڭەكلەر ئوتتۇرىسىدا ئېغىر زىددىيەت بار ئىدى. دېھقانلار فېئوداللىق يەر مۈلۈكچىلىكىگە قارشى تۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزلىرىنى يەردىن مەھرۇم قىلىدىغان يېڭى ئاقسۆڭەكلەرگىمۇ قارشى تۇراتتى، بارلىق فېئوداللىق ئىمتىيازلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلاتتى. قول سانائەتچىلەر فېئوداللىق كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئۆزلىرىنى چۈشەپ قويۇشىغا قارشى تۇراتتى، چۈنكى كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، شاگىرت بولغۇچىلار ئالدى بىلەن 7 يىل شاگىرت ئىشچى بولۇپ، ئاندىن كېيىن يەنە بىرنەچچە يىل ھۈنەرۋەن بولۇپ ئىشلىگەن ھەمدە ھۈنەر جەھەتتە ئىمتىھاندىن ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن ئۇستا بولالايتتى؛ لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قول سانائەتچىلەر يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان سودا-سانائەت خوجايىنلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى چەتكە قېقىشى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىغىمۇ قارشى تۇراتتى. كەڭ دېھقانلار ۋە شەھەردىكى ئاددىي خەلقلەرنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردىكى تەلەپلىرى بۇرژۇئازىيە ۋە يېڭى ئاقسۆڭەكلەر قوبۇل قىلالايدىغان دائىرىدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى. بۇ زىددىيەتلەر ۋە كۈرەشلەر ئىنقىلاپ جەريانىدا ئۈزلۈكسىز كەسكىنلىشىپ، ئىنقىلابنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

پادىشا، فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ۋە دۆلەت دىنى جەمئىيىتى①

---

① ئەنگلىيىنىڭ دۆلەت دىنى ئانگلىكان دىنىي جەمئىيىتى دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ پروتېستانتىنىڭ ئىنتايىن مۇتەئەسسىپ بىر تارمىقى. ئۇنىڭ دىنىي مۇراسىملىرى كاتولىك دىنى (كونا دىن)نىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچىلار ئىدى، ئۇلار يەر ئىجارىسى، ھاشار ئورنىدا تۆلىنىدىغان باج ۋە ئۆسۈم ئېلىش ھەم دېھقانلارنى تۈرلۈك يوللار بىلەن قاقتى-سوقتى قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ تۇراتتى. ئەنگلىيىنىڭ غەربىي شىمالىي، غەربىي جەنۇبىي قىسىملىرى بۇ ئەكسىيەتچىل كۈچنىڭ چوڭ لاگېرى ئىدى. بۇ جايلاردا، كاپىتالىزىم ئامىللىرى تەرەققىي تاپمىغان ئىدى، ئاقسۆڭەك پومېشچىكلار فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيە ئۇسۇللىرىنى جاھىللىق بىلەن ساقلاپ تۇراتتى، بۇ ھال ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلاتتى. دۆلەت ماشىنىسىنى ۋە يەرلىك ھاكىمىيەتنى تىزگىنلەپ تۇرغان بۇ تەييارتاپلار زورلۇق-زومبۇلۇق قىلاتتى؛ ئۇلار زاۋاللىغا يۈز تۇتقانلىقىنى، تۇرمۇش جەھەتتە چىرىكلەشكەنلىكىنى، دېھقانلارغا قاراتقان زۇلۇمىنى كۈچەيتكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مۇستەبىت پادىشا ھاكىمىيىتىگە تاياناتتى. فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى بولغان دۆلەت دىنى جەمئىيىتى ۋە يۇقىرى قاتلام دىندارلارنىڭ ئۆزى كەڭ زېمىننى ئىگىلىۋالغان فېئودال پومېشچىكلار ئىدى. ئۇلار چېركاۋلاردا ۋەز-نەسىھەت قىلىش ئارقىلىق، خەلققە "ئىلاھىي ھاكىمىيەت ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ"، "پادىشاغا ھاكىمىيەتنى ئاللاھ ئاتا قىلغان" دېگەنگە ئوخشاش دىنىي خۇراپاتلىقلارنى سىڭدۈرەتتى، "ئىسيان كۆتۈرۈش ئاسىيلىق قىلىش دېمەكتۇر"، "پادىشاغا باج-سېلىق تاپشۇرمىغانلار گۇناكاردۇر" دېگەنگە ئوخشاش ئەكسىلئىنقىلابىي جامائەت پىكىرلىرىنى پەيدا قىلاتتى ھەمدە دىنىي سوتتىن پايدىلىنىپ، دۆلەت دىنىغا كىرمىگەن دىندارلارغا زىيانكەشلىك

قىلاتتى. پادىشا، فېودال ئاقسۆڭەكلەر ۋە ئېپىسكوپلار بىر گەۋدە بولۇپ ئۇيۇشقان ئەكسىيەتچى كۈچلەر ۋە بۇ قېتىمقى بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنىڭ ئوبيېكتى ئىدى.

**ئىچكى ئۇرۇشنىڭ پارتلىشى** 17-ئەسىرگە كىرگەندىن كېيىن، ئەنگلىيە جەمئىيىتى داۋالغۇش ئىچىدىلا بولدى، دېھقانلار ھەركىتى ۋە شەھەردىكى ئاددى خەلقلەرنىڭ توپىلاڭلىرى ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇردى. 1607-يىلى 5-ئايدا، ئەنگلىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى دېھقانلار يەر دائىرىلەشكە قارشى كەڭ كۆلەملىك كۈرەش قوزغىدى، ئۆزلىرىنى "باراۋەرچىلەر"، "يەر قازغۇچىلار" دەپ ئاتىۋالغان بىرنەچچە مىڭ دېھقان ئوغاق ۋە كالتەكلەرنى كۆتىرىپ، چىتنى بۇزۇپ تاشلاپ، زەيكەشلەرنى تىندۇرۇۋېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ دائىرىلىۋېلىنغان يەرلىرىنى قايتۇرۇۋالماقچى بولدى. ئۇلار: "باتۇرلارچە ئۆلۈشكە رازىمىزكى، نامراتلىقتا ئاستا-ئاستا ئۆلۈپ كېتىشكە رازى ئەمەسمىز" دەپ جەسورانە قەسەم بەردى. ئەتراپتىكى ئاھالىلەر ئۇلارنىڭ كۈرىشىگە يېمەك-ئىچمەك ۋە قورال-سايمانلار بىلەن مەدەت بەردى. قوزغىلاڭ دەھشەتلىك ھالدا باستۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار قوللانغان "باراۋەرچىلەر"، "يەر قازغۇچىلار" دېگەن نام 40-يىللاردىكى ئىنقىلاپ دولقۇنىدا يەنە مەيدانغا چىقتى. 17-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدا، دېھقانلار ھەركىتى غەرپ ۋە جەنۇپتىكى ۋىلايەتلەرنى قاپلىدى؛ 30-يىللارغا كەلگەندە، يەر دائىرىلەشكە قارشى كۈرەش شەرقتىكى ۋىلايەتلەردىمۇ كۆتىرىلدى، ئۆزىنى "سازلىقلىقلار" دەپ ئاتىۋالغان دېھقانلار پومېشچىكلارنىڭ سازلىقلاردىكى سۇنى چىقىرىۋېتىپ، جامائەت يەرلىرىنى دائىرىلەپ ئىگەللىۋېلىشىغا قارشى تۇردى.

17-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى 30 يىلىدا، ئاشلىقنىڭ باھاسى 3 ھەسسە ئۆرلىدى، باشقا كۈندىلىك لازىمەتلىكلەرنىڭ باھاسىمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆرلەپ باردى، ئىش ھەققى بولسا تامامەن دېگۈدەك ئۆستۈرۈلمىدى، شەھەر-يېزىلاردىكى ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇش كۈنسايىن يامانلىشىپ باردى. پادىشا يولغا قويغان مەخسۇس سېتىش سىياستى سودا-سانائەت كرىزىسىنى سۈنئىي يوسۇندا كەلتۈرۈپ چىقاردى. 1614-يىلى، پادىشا يۇڭ توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرىنى ئېكسپورت قىلىش مەنپەئەتدارلىق ھوقۇقىنى "پادىشا سودىگەرلىرى تەۋەككۈلچىلىك شىركىتى"گە 300 مىڭ فوند ئىستېرلىڭغا سېتىپ بەردى، بۇ شىركەت گوللاندىيە سودىگەرلىرى بىلەن رىقابەتلىشىش ئۈچۈن، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن يۇڭ توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرىنى ئېكسپورت قىلىش كويىدا بولدى. گوللاندىيە ئۆچ ئېلىش تەدبىرىنى قوللىنىپ، ئەنگلىيىنىڭ ھەرقانداق يۇڭ توقۇمىچىلىق بۇيۇمىنىڭ (مەيلى پىششىقلاپ ئىشلەنگىنى بولسۇن ياكى پىششىقلاپ ئىشلەنمىگىنى بولسۇن) ئىمپورت قىلىنىشىنى مەنئى قىلدى. شىركەت پىلانىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ئارقىسىدا، يۇڭ توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقارغۇچى سودىگەرلەردىن 500 ى ۋەيران بولدى، سوكنا سودىگەرلىرى يۇڭ توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىشنى توختاتتى، ئىشچىلار كۆپلەپ ئىشسىز قالدى. 1617-يىلى، لوندوندا قول سانائەت شاگىرتلىرى ھەركىتى قوزغالدى؛ 1622-يىلى، گلوستېر ۋىلايىتىدىمۇ ئىشسىزلىققا قارشى توپىلاڭ كۆتۈرۈلدى، ئىشسىزلار توپ-توپ بولۇپ بايلارنىڭ ئۆيىگە بېسىپ كىرىپ، يېمەك-ئىچمەكلەرنى تارتىپ كېتىشتى. پادىشا ئالاقزادە بولۇپ، يۇڭ توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرىنى داۋاملىق سېتىۋېلىش توغرى-

سىدا بۇيرۇق چىقىرىشقا، شۇنىڭ بىلەن بىللە شەخسلەرگە سېتىپ بەرگەن مەنپەئەتدارلىق ھوقۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

خەلق ھەرىكىتىنىڭ ئۆرلىشى بۇرژۇئازىيە ۋە يېڭى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ پادىشاغا قارشى كۈرىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئايال پادىشا ئېلىزابېت ئۆلگەندىن كېيىن (1603-يىلى)، ئۇنىڭ بالىسى بولمىغاچقا، بىر نەۋرە ئىنىسى — شوتلاندىيە پادىشاسى جامېس ستۇئارت تەختكە چىقتى، شۇنىڭ بىلەن ستۇئارت سۇلالىسىنىڭ ئەنگلىيەدىكى ھوكۇمرانلىقى باشلاندى. جامېس I (1603—1625-يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىپ، ماڭا ھوقۇقنى خۇدا ئاتا قىلغان، ماڭا قارشى تۇرغانلىق خۇداغا قارشى تۇرغانلىق بولىدۇ، دەپ دەۋا قىلدى. ئۇ ئىچكى جەھەتتە مۇستەبىت ھوكۇمرانلىقنى يولغا قويۇپ، پارلامېنتنىڭ ھوقۇقىنى مەنسىتمىدى، پۇرىتانلارغا زىيانكەشلىك قىلدى؛ تاشقى جەھەتتە ئىسپانىيە بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، كاتولىك دىنىي جەمئىيىتىگە ياخشىچاق بولۇپ، بۇرژۇئازىيەنىڭ سودا مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزدى. بۇرژۇئازىيە ۋە يېڭى ئاقسۆڭەكلەر پارلامېنتنى ئىستىھكام قىلىپ، پۇرىتان ئەقىدىسىنى ئىدىيىۋى قورال قىلىپ، جامېس I ۋە ئۇنىڭ ۋارىسى چارلېس I (1625—1649-يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) ۋەكىللىك قىلغان فېئوداللىق كۈچلەرگە قارشى كۈرەش ئېلىپ باردى. كۈرەشنىڭ ماھىيىتى ھوقۇقنى ئىقتىسادىي كۈچلەرگە قاراپ قايتىدىن تەقسىم قىلىش، فېئودال مۇستەبىتلىك تۈزۈمىنى بۇرژۇئا دىكتاتۇرىسىغا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى.

ئەنگلىيەدە پارلامېنت 13-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ۋۇجۇتقا

www.uyghurkitap.com

كېلىشكە باشلىغان ئىدى، ئۇ يۇقۇرى پالاتا بىلەن تۆۋەن پالاتىغا ئايرىلغان ئىدى: يۇقۇرى پالاتا نەۋلاتمۇ-ئەۋلات ئاقسۆڭەك بولۇپ كەلگەنلەر ۋە ئېپىسكوپلارنىڭ چاڭگىلىدا ئىدى؛ تۆۋەن پالاتا يىللىق كىرىمى 40 شىللىڭدىن ئوشۇق بولغان يەر ئىگىلىرىدىن سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلەتتى، ئۇنىڭ 400 دىن ئارتۇق ئەزاسىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى يېڭى ئاقسۆڭەكلەر، بۇرژۇئازلار ۋە ئادۋوكاتلار ئىدى. 17-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، تۆۋەن پالاتادىكى يېڭى ئاقسۆڭەكلەر ۋە بۇرژۇئازلارنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى يۇقۇرى پالاتادىكى فېودال ئاقسۆڭەكلەر ۋە يۇقۇرى دەرىجىلىك دىندارلارنىڭكىدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى. ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە، پادىشا ئالىدىغان باج پارلامېنتنىڭ ماقۇللۇغىدىن ئۆتكۈزۈلۈشى كېرەك ئىدى. 1621-يىلى، پارلامېنت بىر "ئېتىرازنامە" ماقۇللىدى، ئۇنىڭدا پارلامېنتنىڭ "قەدىمقى زاماندىن بۇيان بەھرىمەن بولۇپ كەلگەن ئەركىنلىكى ۋە ھوقۇقى" بايان قىلىندى. پادىشا جامېس I ئەيىمەنمەستىن تۆۋەن پالاتانىڭ يىغىن خاتىرىسىدىن بۇ ئېتىرازنامىنى زورلۇق بىلەن يىرتىپ تاشلىدى. 1625-يىلى، پادىشا چارلېس I تەختكە چىقتى، ئۇ كۆپ قېتىم زورلۇق بىلەن باج ئالماقچى بولدى، پارلامېنت ئۇنى تەستىقلىمىسە، ئۇ پارلامېنتنى تارقىتىۋەتتى. 1628-يىلى، پارلامېنتتا بۇرژۇئازلار ۋە يېڭى ئاقسۆڭەكلەر پادىشاغا «ھوقۇق تەلەپنامىسى» سۇنۇپ، پارلامېنتنىڭ ماقۇللۇغىنى ئالماي تۇرۇپ مەجبۇرى باج ئالماسلىق ۋە قەرز ئالماسلىقنى؛ دۆلەت قانۇنى ئاساسسىز ياكى سوتنىڭ كېسىمىسىز ھەرقانداق ئادەمنى قولغا ئالماسلىق ياكى مال-مۈلكىدىن مەھرۇم قىلماسلىقنى تەلەپ قىلدى. چارلېس «ھوقۇق تەلەپنامىسى»نى يالغاندىن تەستىقلاپ،

پارلامېنت ماقۇللىغان 350 مىڭ فۇنت ئىستېرلىڭ يىللىق مائاشقا ئىگە بولۇۋالغاندىن كېيىن پارلامېنتنى تارقىتىۋەتتى. 1629-يىلدىن 1640-يىلغىچە پارلامېنتسىز مۇستەبىت ھوكۇمرانلىقنى يۈرگۈزدى. بۇ 11 يىل ئىچىدە، ئۇ داۋاملىق تۈردە زورلۇق بىلەن باج ئالدى، مەنپەئەتدارلىق ھوقۇقىنى ساتتى. ئۇ قەدىمدىن داۋام قىلىپ كەلگەن كېمە بېجىنى (ئىلگىرى پورتتىن ئېلىنىدىغان، مەخسۇس دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ۋاقىتلىق باجنى) ئىچكى رايونلاردىكى شەھەرلەرگە چاچتى، ئۇنى تاپشۇرۇشنى رەت قىلغانلارنى جازالىدى. بۇرژۇئازىيە پارلامېنت كۈرىشى ۋە تىنچ يول بىلەن تەلەپ قويۇش بىلەن ھېچقانداق نەتىجە چىقىرالمىدى.

ئۇ چاغلاردا بۇرژۇئازىيىنىڭ مۇستەبىت پادىشاھ ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرىدىغان مۇكەممەل ئىدىيە سىستېمىسى تېخى شەكىللەنمىگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ دىندىن مەدەت تىلەپ، پۇرىتان دىنى ئەقىدىسىنى ئەنگلىيە دۆلەت دىنىنىڭ ئەقىدىسىگە قارشى قويدى. دىننىڭ پەردىسى ئاستىدا ئىنقىلاپ قىلىش — بۇ، ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتى ئىدى. پۇرىتانلار ئەنگلىيە دۆلەت دىنىدىن كاتولىك دىنىغا خاس ئىبادەت قىلىش مۇراسىملىرىنى چىقىرىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى، ئېپىسكوپلارنىڭ شەخسلەرنىڭ خۇدا بىلەن بىۋاستە "ئالاقىلىشىش"گە ئارىلىشىشىغا، دۆلەت دىنى جەمئىيىتىنىڭ دىنىي مەزھەپلەرنىڭ تەشكىلاتلىرىغا قول سېلىشىغا قارشى تۇردى. ئۇلار دۇئا-تالاۋەت قىلىش مۇراسىملىرىنى ئاددىيلاشتۇرۇشنى، شەخسلەرنى «ئىنجىل»نى بىۋاستە ئوقۇپ، خۇدانىڭ "كۆرسەتمە"لىرىنى بىۋاستە چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى

www.uyghurkitap.com

تەلەپ قىلدى؛ ئۇلار "ئىرىشچان ـ ئىقتىساتچىل بولۇش"نى تەشەببۇس قىلاتتى، شەخسلەرنىڭ جان تىكىپ ئىشلىسىلا قۇتقۇزۇلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. پۇرىتان دىنىنىڭ ئەقىدىسى، ئەمەلىيەتتە، بۇرژۇئازىيىنىڭ تەلەپ ۋە مەنپەئەتلىرىنىڭ ئەگرى يول بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى ئىدى؛ ئېپىسكوپلارنى ئارىلاشتۇرماي ئەركىن دۇئا ـ تالاۋەت قىلىش پادىشانىڭ ئارىلىشىشىدىن قۇتۇلۇپ ئەركىن رىقابەتلىشىشتىن دېرەك بېرەتتى؛ ھەممە كىشىنى خۇدا بىلەن "ئالاقىلىشىش" ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى؛ "شەخسلەر جان تىكىپ ئىشلىسىلا قۇتقۇزۇلىدۇ" دېگىنى ھەممە ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ بېيىشتىن دېرەك بېرەتتى؛ ئېپىسكوپسىز مۇستەقىل دىنىي مەزھەپ تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش بۇرژۇئا جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇشتىن دېرەك بېرەتتى. ئېنگېلس چوڭقۇر ھالدا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: "كالۋىن دىنى شۇ چاغلاردا بۇرژۇئازىيە مەنپەئەتىنىڭ ھەقىقىي دىنىي تونى ئىدى"①؛ "كالۋىننىڭ دىنىي جەمىيىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇلۇشى پۈتۈنلەي دېموكراتىك ۋە جۇمھۇرىيەتچىل ئىدى؛ خۇدا دۇنياسى جۇمھۇرىيەتلەشكەن جايدا ئىنسانىيەت دۇنياسى يەنىلا پادىشا ئېپىسكوپ ۋە غوجىلارغا بېقىندا بولۇپ قېلىۋېرەلەيتتىمۇ؟"② پۇرىتان دىنىنىڭ كاپىتالىزم ئەڭ تەرەققىي تاپقان ئەنگلىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا تارقىلىشى تاسادىپىي ئەمەس ئىدى.

---

① ئېنگېلس. «لىيۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە نېمىس كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى»، 1975 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 88 ـ بەت.

② ئېنگېلس. «سوتسىيالىزمنىڭ خىيالدىن پەنگە راۋاجلىنىشى»، 1976 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 44 ـ بەت.

17-ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، پۇرىتان دىنى كەڭ ئاممىنىڭ ئېتىقادى بولۇپ قالدى. جامېس I ئوزىنىڭ ئەكسىيەتچىل مەيدانىنى ئاساس قىلىپ، پۇرىتانىلارنىڭ غەرىزىنى بايقاپ قېلىپ: "ئېپىسكوپ بولمىسا، پادىشا بولماي قالىدۇ، ئاقسوڭەكلەرمۇ بولماي قالىدۇ": ئەگەر پۇرىتانىلارنىڭ تەلىۋى بويىچە بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، "چۈپرەندىلەرنىڭ ھەرقاندىقى يىغىن چاقىرىپ، مېنى ۋە مېنىڭ مەخپى ئىشلار مەھكىمەمنى شۇنىڭدەك بىزنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرىمىزنى ئەيىپلەۋېرىدۇ...... مېنىڭ ئالىي نوپۇزۇم قانداق بولۇپ كېتىدىغانلىقى ماڭا مەلۇم!" دەپ جار سالدى. ئۇ پۇرىتانىلارنى "زېمىنىمدىن قوغلىۋېتىمەن" دەپ پوپوزا قىلدى. چارلېس I مۇ پۇرىتانىلارغا دەھشەتلىك ھالدا زىيانكەشلىك قىلدى، 1637-يىلى، پۇرىتان دىنىنىڭ 3 نەپەر مەشھۇر مۇرىدى دۆلەت دىنىنى تەنقىت قىلىپ، پۇرىتان دىنى ئەقىدىسىنى تەشۋىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، قۇلىقى كېسىۋېتىلىپ، يۈزىگە تامغا بېسىلىپ، ئۆمۈرۋايەت قاماشقا ھۆكۈم قىلىندى. لوندونلۇق سودىگەرنىڭ شاگىرتى جون لىلبېرن (1618—1657) پۇرىتان دىنىغا ھېسداشلىق قىلغانلىقى ۋە دۆلەت دىنىغا قارشى كىتاپلارنى بېسىپ تارقاتقانلىقى ئۈچۈن، 1638-يىلى ھارۋا كەينىگە سورىتىلىپ، قامچىلىنىپ سازايى قىلىندى ھەمدە مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. ھۆكۈمەتنىڭ زىيانكەشلىكىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، 60 نەچچە مىڭ پۇرىتان ئەنگلىيىدىن كۆچۈپ كەتتى.

پادىشا ئەنگلىيە خەلقىنىلا زىيانكەشلىك قىلىپ قالماستىن، شوتلاندىيىگىمۇ چاڭگال سالدى. جامېس I ئەنگلىيىنىڭ پادىشالىق تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، شوتلاندىيە نامدا ئەنگلىيىگە قوشۇل-

www.uyghurkitap.com

غان بولسىمۇ، لېكىن خېلى زور ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى ساقلاپ قالغان ئىدى. دىن جەھەتتە، شوتلاندىيىدە كالۋىن دىنىي مەزھىپىنىڭ ئاقساقاللىق تۈزۈمى يولغا قويۇلاتتى. 1637-يىلى، چارلېس I شوتلاندىيە خەلقىنى ئەنگلىيە دۆلەت دىنىنىڭ مۇراسىملىرىنى ۋە ئېپىسكوپلۇق تۈزۈمىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر قىلىشقا ئۇرۇندى، شۇنىڭ بىلەن شوتلاندىيىلىكلەر قوزغىلىپ باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. 1638-يىلى شوتلاندىيىدە ئەنگلىيىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى، ئىككىنچى يىلى ئەنگلىيە پادىشاسىنىڭ قوشۇنى مەغلۇپ قىلىندى، چارلېس سۈلھە قىلىشنى تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. لوندوندا شەھەر ئاھالىسى نامايىش ئۆتكۈزۈپ، پارلامېنتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. پادىشا شوتلاندىيىگە قارشى ئۇرۇشقا كېرەكلىك ھەربىي خىراجەتنى تەييارلاش ئۈچۈن، 1640-يىل 4-ئايدا نائىلاج يېڭى پارلامېنت يىغىنىنى چاقىردى، ئەمما 3 ھەپتىدىن كېيىن يەنە پارلامېنتنى تارقىتىۋەتتى. بۇ پارلامېنت "قىسقا مۇددەتلىك پارلامېنت" دەپ ئاتالدى.

1640-يىلى ئەتىيازدا، دېخانلار ئارقا-ئارقىدىن توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، دائىرىلەنگەن يەرلەرگە بېسىپ كىرىپ، جامائەت يېرىنى ئىگىلىۋالغان پومېشچىكلارنى قوراللىق كۈچ بىلەن جازالىدى. خەلقنىڭ باج تاپشۇرماسلىق ھەرىكىتىنىڭ كۆلىمىمۇ كۈندىن-كۈنگە زورايدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شوتلاندىيە قوشۇنى ئەنگلىيىگە كىردى. چارلېس ھەربىي خىراجەتنى تەييارلاش ئۈچۈن، پارلامېنتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. 11-ئايدا "ئۇزاق مۇددەتلىك پارلامېنت" (1640—1653) جىددىيلىك ئىچىدە ئېچىلدى. بۇرژۇئازىيە ۋە يېڭى ئاقسۆڭەكلەر يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قوزغاپ، ئالدى بىلەن،

پادىشاھنىڭ ئىلتىپاتىغا ئىگە بولغان ۋەزىر ستراففورد گىراف ئۈستىدە ئەرز قىلىپ، ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى تەلەپ قىلدى. چارلىس ئارقىغا سوزۇپ تەستىقلىماي تۇرۇۋالدى، لېكىن خەلق قوزغىلىپ كەتتى. لوندوندىكى ئون مىڭلىغان قول سانائەتچىلەر، ماتروسلار ۋە پورت ئىشچىلىرى پارلامېنتنىڭ تەلىپىنى قوللاپ، پارلامېنت ۋە ئوردا ئالدىدا ئۇدا بىرنەچچە كۈن نامايىش ئۆتكۈزدى. 1641-يىلى 5-ئايدا، مىڭلىغان-ئون مىڭلىغان لوندون ئاھالىسى ئالدىدا ستراففوردنىڭ كاللىسى كېسىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي، پۇرىتانلارغا زىيانكەشلىك قىلغان چوڭ ئېپىسكوپ لودمۇ ئولتۇرۇلدى. بۇ، ئەنگلىيە خەلقىنىڭ چوڭ غەلىبىسى بولدى. ئارقىدىنلا پارلامېنتنىڭ قىستىشى ئارقىسىدا، پادىشا مۇستەبىت سوتىنى ۋە پارلامېنتنىڭ رازىلىقىنى ئالمىغان بارلىق باجنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

1641-يىل 10-ئايدا، ئىرلاندىيىدە ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكچىلىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى زور قوزغىلاڭ پارتلىدى. پارلامېنت، بىر تەرەپتىن، ئىرلاندىيە خەلقىنى باستۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئارمىيە تۇتۇش ھوقۇقى پادىشانىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا، ئۇنىڭ پارلامېنتنى باستۇرىدىغان قورالغا ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىدىن ئەنسىرىدى. بۇرژۇئازىيە ۋە يېڭى ئاقسۆڭەكلەر ئالدى بىلەن پادىشاغا تاقابىل تۇرۇش قارارىغا كەلدى. 12-ئايدا، پارلامېنت 148 ئاۋازغا قارشى 159 ئاۋاز بىلەن «قاتتىق ئەيىپنامە»نى ماقۇللىدى، ئۇنىڭدا چارلىسنىڭ تۈرلۈك زالىملىقلىرى كۆرسىتىلىپ، سودا-سانائەتنىڭ ئەركىن تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ۋەزىرلەر پارلامېنت ئالدىدا جاۋابكار بولۇش، ئېپىسكوپلارنىڭ ھوقۇقىنى چەكلەش قاتارلىق بۇرژۇئازىيە بىلەن يېڭى ئاقسۆڭەكلەر-

نىڭلا مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر قاتار ئىقتىسادىي، سىياسىي تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلادى.

چارلىس «قاتتىق ئەيىپنامە»نى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلدى ھەمدە 1642-يىلى 1-ئايدا، قارشى گۇرۇھنىڭ 5 يولباشچىسىنى تۇتۇش ئۈچۈن، شەخسەن ئۆزى مۇھاپىزەتچى قوشۇنىنى باشلاپ پارلامېنتقا بېسىپ كىردى. ئۇ 5 كىشى چارلىس كەلگىچە لوندوننىڭ شەھەر رايونىغا قېچىپ بېرىۋالغان، ئۇلارنى شەھەر ئاھالىسى پاناھىغا ئالغانلىقى ئۈچۈن، چارلىس قۇرۇق قول قالدى. ئەتراپتىكى دېھقانلارمۇ پارلامېنتنى قوللىغىلى كەلدى، بىرنەچچە مىڭ قوراللىق شەھەر ئاھالىسى شەھەر رايونىغا كىرگەن پادىشانىڭ ئەدىۋىنى بېرىپ قايتۇرۇۋەتتى. چارلىس ئۆزىنىڭ سۈيىقەستى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق كۈچ توپلاپ، پەيتى كەلگەندە قايتىدىن باش كۆتۈرۈش ئۈچۈن، دىمى ئىچىگە چۈشكەن ھالدا پايتەختتىن چىقىپ، فېودااللىق كۈچلەر بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان شىمالىي رايونغا بېرىۋالدى. ئۇ پارلامېنت ئوتتۇرىغا قويغان مۇرەسسەلىشىش چارىلىرىنى كۆپ قېتىم رەت قىلدى. شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، پارلامېنت پادىشانىڭ تەستىقىنى ئالماي، ئەمر-پەرمانلارنى بىۋاستە ئېلان قىلىشقا باشلىدى. 7-ئايدا، پارلامېنت جامائەت خەۋپسىزلىكى كومىتېتىنى تەسىس قىلدى ھەمدە 20 مىڭ پىيادە ئەسكەرلىك ۋە 4 مىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىك بىر قوشۇننى تەشكىل قىلدى. 1642-يىلى 8-ئايدا، پادىشا نوتتىنھامدا ھەربىي بايراق چىقىرىپ، «پارلامېنتقا جازا يۈرۈشى» قىلىدىغانلىقىنى جاكالىدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي تەبىئىتى ئۆز-ئۆزىنى ئاشكارىلىدى. خۇددى لېنىن كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «پارلىق

ئەكسىيەتچىل سىنىپلار ئادەتتە ئالدى بىلەن ئۆزى زورلۇق كۈچ ئىشلىتىدۇ، ئىچكى ئۇرۇش قوزغايدۇ، 'نەيزىنى كۈنتەرتىپكە قويىدۇ'."①

**بىرىنچى قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇش (1642 — 1646)** ئەنگلىيە ئىنقىلاۋى ئىككى قېتىم ئىچكى ئۇرۇشنى ئۆز بېشىدىن كەچۈردى. بىرىنچى قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇش 1642-يىلىدىن 1646-يىلىغىچە بولدى. ئەنگلىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ئەڭ باي-ئاۋات جايلار جۈملىدىن لوندون قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردىكى كەڭ خەلق پارلامېنتنى ھىمايە قىلدى؛ غەربىي شىمال ۋە غەربىي جەنۇپتىكى قالاق جايلاردىكى فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ۋە خان جەمەتىگە زىچ باغلىنىشلىق بولغان بىر قىسىم چوڭ سودىگەرلەر پادىشانى قوللىدى. ئەمما پارلامېنتنىڭ ئىچكى قىسمىدا پىكىر بىردەك بولمىدى، ئىچكى ئۇرۇش داۋامىدا، پادىشا بىلەن مۇرەسسەلىشىپ، ئىنقىلاپنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويۇش بىلەن پادىشاغا قارشى كۈرەشنى پادىشا ئۈزۈل-كېسىل مەغلۇپ قىلىنىپ، پادىشالىق تۈزۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانغىچە قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى لۇشيەن ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئىزچىل مەۋجۇت بولۇپ تۇردى.

بىرىنچى قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇش باشلانغان چاغدا، ئىنقىلاپنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى مۇتەئەسسىپ كۈچ بولغان ئاقساقاللىق تۈزۈم تەرەپدارلىرىنىڭ قولىدا ئىدى. ئاقساقاللىق تۈزۈم تەرەپدارلىرى

---

① لېنىن. «سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاپتىكى ئىككى خىل تاكتىكىسى»، 1974-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 219-بەت.

يۈرىستان دىنىنىڭ بىر مەزھىپى بولۇپ، ئۇلار ئېپىسكوپىنىڭ تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇپ، خەلق ئارىسىدىن سايلىنىپ چىققان ئاقساقاللارنى دەسستىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئاقساقاللىق تۈزۈم تەرەپدارلىرى چوڭ بۇرژۇئازىيە ۋە يېڭى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يۇقىرى قاتلاملىرىدىكىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى، ئۇلار ئەسلىدە پادىشادىن ئالاقە ئۈزۈشنى خالىمايتتى؛ ئۇلارنىڭ تاكتىكىسى ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشنى كەينىگە سورەپ، پۇرسەت كەلگەندە پادىشا بىلەن مۇرەسسەلىشىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئاقساقاللىق تۈزۈم تەرەپدارلىرىدىن بولغان قوماندان مانچېستېر گىراف نومۇسسىزلىق بىلەن مۇنداق دىگەن ئىدى: "بىز پادىشانى 99 قېتىم مەغلۇپ قىلساقمۇ، ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى پادىشا بولۇپ قېلىۋېرىدۇ؛ مۇبادا پادىشا بىزنى بىر قېتىم بولسىمۇ مەغلۇپ قىلسا، ھەممىمىز دارغا ئېسىلىمىز، ئەۋلاتلىرىمىز جەزمەن قۇل بولۇپ قالىدۇ."

بۇ مۇرەسسەچىلىك لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پارلامېنت قوشۇنى جەڭدە ئارقا-ئارقىدىن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. 1642-يىلى كۈزدە، ئېدگىلل تېغى ئەتراپىدا پادىشا قوشۇنلىرى پارلامېنت قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى؛ 1643-يىلى يازدا، پادىشا قوشۇنلىرى 3 تەرەپتىن لوندونغا قىستاپ كەلدى، پايتەخت خەۋپلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. 8-ئاينىڭ باشلىرىدا، قول سانائەتچىلەر، نىمكارلار ۋە شاگىرتلاردىن تەركىپ تاپقان لوندون خەلق قوشۇنى باتۇرلۇق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، غەرب تەرەپتىكى گلوستېر شەھىرىنى مۇھاسىرىدىن قۇتقۇزدى، ئەتراپتىكى دېخانلار قوشۇنىمۇ كېلىپ ياردەملەشتى، بۇنىڭ بىلەن لوندونغا قارىتىلغان بېسىم يېنىكلىتىلىپ، ۋەزىيەت ئوڭشاۋېلىندى.

ئەنگلىيە ئىنقىلاۋىنىڭ ۋەزىيىتى پارلامېنت قوشۇنىغا قوماندانلىق

قىلىدىغان زور بىر تۈركۈم باتۇر ــ چەبدەس ۋە تەشكىللەش قابىلىيىتىگە ئىگە كىشىلەرگە مۇھتاج ئىدى. مۇشۇنداق كىشىلەر كۆپلەپ مەيدانىغا كەلدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاددى خەلقتىن كېلىپ چىققان، مەسىلەن، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەپتەر بولغانلاردىن پرايد ئەسلىدە هارۋىكەش، هۇسون ئەسلىدە موزدوز، فوكس ئەسلىدە قازانچى ئىدى. كرومۋېلمۇ ئەنگلىيە ئىنقىلاۋىي ۋەزىيىتىنىڭ ئېهتىياجى تۈپەيلىدىن مەيدانىغا كەلگەن بىر مەشهۇر شەخس ئىدى. خۇددى ئېنگېلس كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: "مۇشۇنداق ئادەمنىڭ بولۇشىغا ئېهتىياج چۈشكەن چاغدا، بۇنداق ئادەم مەيدانغا چىقتى: مەسىلەن كائېسار، ئاۋگۇستۇ، كرومۋېل ۋە باشقىلار."① كرومۋېل بۇرژۇئا ئىنقىلابچىسى بولۇپ، ئەنگلىيە فېوداللىق تۈزۈمىدىن كاپىتالىستىك تۈزۈمگە ئۆتۈۋاتقان چوڭ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش دەۋرىدە زور رول ئوينىدى؛ لېكىن ئۇ يەنىلا دەۋر ۋە سىنىپ چەكلىمىسىگە ئۇچرىدى.

ئولىۋېر كرومۋېل (1599ــ1658) يېڭى ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان، ئاتا ــ بوۋىسى دىنىي ئىسلاهات دەۋرىدە كاتولىك دىنىنىڭ يەر مۈلۈكلىرىنى بولۇشۇۋېلىپ بېيىپ كەتكەن ئىدى، ئۇنىڭ ئۆزى تىپىك بۇرژۇئازىيىلەشكەن ئوتتۇرا هال پومېشچىك (يېزا موتىۋەرى) ئىدى. ئۇ پۇرىتان دىنىدىكى مۇستەقىلچىلارغا تەۋە بولۇپ، بارلىق دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ هەرقانداق يۇقۇرى

① ئېنگېلس. «ۋ. بورگىۇسقا يېزىلغان خەت (1894 ــ يىل 1 ــ ئاينىڭ 25 ــ كۈنى)». «ماركس ــ ئېنگېلس خەت ــ چەكلىرى»، 1978 ــ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 147 ــ بەت.

www.uyghurkitap.com


كروموېل

دەرىجىلىك دىنىي جەمىيەتنىڭ پاكى ئاقساقاللارنىڭ تىزگىنلىشىگە ئۇچرىماي، مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشىنى تەشەببۇس قىلاتتى. دەسلەپتە ئۇ ئىنقىلاپ قىلىشنى ئويلىمىغان، پەقەتلا پادىشانىڭ دىنىي ئىشلار جەھەتتە بىرئاز ئىسلاھات قىلىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. 1640-يىل 11-ئايدا، ئۇ ئۇزاق مۇددەتلىك پارلامېنت يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئېپىسكوپلۇق تۈزۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. 1642-يىلى ئىچكى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزى ئۇيۇشتۇرغان ۋە قوراللاندۇرغان، ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلغۇچى دېھقانلاردىن تەركىب تاپقان 60 كىشىلىك ئاتلىق ئەسكەرلەر قوشۇنىنى باشلاپ پارلامېنت قوشۇنىغا قوشۇلدى.

كروموېل باشچىلىقىدىكى مۇستەقىلچىلار ئوتتۇرا ھال بۇرژۇئازىيىنىڭ ۋە ئوتتۇرا ھال يېڭى ئاقسوڭەكلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. ئۇلارمۇ، ئاقساقاللىق تۈزۈم تەرەپدارلىرىغا ئوخشاش، دەسلەپتە پادىشانى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى ئويلىمىغان ئىدى، لېكىن ئۇلار، ئالدى بىلەن جەڭ مەيدانىدا پادىشانى مەغلۇپ قىلىپ، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى. 1644-يىل 7-ئايدا، مارستون يايلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان جەڭدە، كروموېل قوماندانلىقىدىكى كېڭەيتىلگەن ئاتلىق ئەسكەرلەر قوشۇنى — "تۆمۈر ئاتلىق ئەسكەرلەر قوشۇنى"، پادىشا قوشۇنلىرىنى يەڭدى.

مارستون يايلىقىدىكى جەڭ پارلامېنت قوشۇنىنىڭ مەغلۇبىيەتتىن غەلىبىگە بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى، شۇنداقلا پارلامېنت قوشۇنىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنىڭ ئاقساقاللىق تۈزۈم تەرەپدارلىرىنىڭ قولىدىن مۇستەقىلچىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈشىدىكى بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى. كرومۋېل ئارمىيىنىڭ بولۇپمۇ ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ رولىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى: ئۇ، پادىشانى ئۈزۈل-كېسىل مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئارمىيىنى ئىسلاھ قىلىش، ئاقساقاللىق تۈزۈم تەرەپدارلىرىدىن بولغان قوماندانلارنى يەڭگۈشلەش كېرەك، دەپ ھېساپلىدى. شۇنداق قىلىپ، پارلامېنتنى تىزگىنلىۋالغان ئاقساقاللىق تۈزۈم تەرەپدارلىرى بىلەن ئارمىيىنى تىزگىنلىۋالغان مۇستەقىلچىلار ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىق مەيدانغا كەلدى.

1645-يىل 1-ئايدا، پارلامېنت كرومۋېلنىڭ ئارمىيىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى تەكلىۋىنى ماقۇللىدى. ئۇ ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېخانلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، قول سانائەتچىلەر، ھۈنەرۋەنلەر ۋە شاگىرتلارنى ئۇز ئىچىگە ئالغان "يېڭى نەمۇنىچى ئارمىيە" قۇرۇلدى، بۇ ئۇزىنىڭ جەڭ قىلىشتىكى مەقسىدىنى بىلىدىغان، باتۇرلۇق ۋە ماھىرلىق بىلەن جەڭ قىلىدىغان، ئىنتىزامى چىڭ بولغان ئىنقىلاۋىي قوشۇن ئىدى، ئۇنىڭدىكى نۇرغۇن تۆۋەن دەرىجىلىك قوماندانلار خەلق ئىچىدىن كەلگەن ئىدى. پارلامېنت قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى نامدا فېرفاكس بولسىمۇ، ئەمىلىيەتتە مۇئاۋىن قوماندان كرومۋېل ئۇنىڭ باش قوماندانى ئىدى.

1645-يىل 6-ئايدا، يېڭى نەمۇنىچى ئارمىيە ناسېبى دىگەن يەردە پادىشا قوشۇنلىرىنى تەل-توكۇس تارمار قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشتى. پادىشا قوشۇنلىرى ئارقا-ئارقىدىن تەسلىم

بولدى. 1646 ـ يىل 5 ـ ئايدا چارلېس I شوتلاندىيىگە قېچىپ كەتتى. بىرىنچى قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇش شۇنىڭ بىلەن ئاياقلاشتى. 1647 ـ يىل 1 ـ ئايدا، پارلامېنت 400 مىڭ فۇنت ئىستېرلىڭ تۆلەپ چارلېسنى قايتۇرۇۋېلىپ، نەزەربەنت قىلدى.

**باراۋەرچىلەرنىڭ كۈرىشى** پادىشا مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، ئىنقىلاب لاگېرىنىڭ ئىچىدىكى زىددىيەتلەر كەۋدىلىنىپ چىقتى. ئاقساقاللىق تۈزۈم تەرەپدارلىرى تىزگىنلىۋالغان پارلامېنت بىرىنچى قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە، بۇرژۇئازىيىگە ۋە يېڭى ئاقسۆڭەكلەرگە پايدىلىق بولغان بىر قاتار سىياسى، ئىقتىسادىي تەدبىرلەرنى يەنى مۇستەبىت سوتنى بىكار قىلىش، دولەت دىنى جەمئىيىتىنىڭ پائالىيەتلىرىنى مەنئى قىلىش، پادىشانىڭ ۋە پادىشاغا ئەگەشكۈچىلەرنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىش ۋە كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش، پومېشىكلارنىڭ پادىشا ئالدىدا ئۆتەيدىغان فېوداللىق مەسئۇلىيىتى — ئاتلىقلار بېجى ۋە ۋاسىلىق قىلىش تۈزۈمىنى① ئەمەلدىن قالدۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللاندى. مۇسادىرە قىلىنغان يەرلەرنىڭ كوپ قىسمى يېڭى ئاقسۆڭەكلەر ۋە بۇرژۇئازىيىنىڭ قولىغا چۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار كەڭ دېھقانلارنىڭ يەرگە بولغان تەلىپىنى قاندۇرۇشنى رەت قىلدى. كۆۋانامە تۇتقۇچى دېھقانلارنىڭ پومېشىكلار ۋە دىنىي جەمىيەت ئالدىدا ئۆتەيدىغان فېوداللىق مەسئۇلىيەتلىرى ساقلىنىپ قېلىۋەردى، يەر دائىرىلەش ھەتتا پارلامېنت تەرىپىدىن "قانۇنىي"

---

① فېوداللىق تۈزۈم ئاستىدا، غوجىلار ئۆلگەندىن كېيىن، پادىشانىڭ ئۇنىڭ قورامىغا يەتمىگەن ۋارىسلىرىغا "ۋاسىلىق" قىلىش، ئەملىيەتتە ئۇنىڭ يەر مۈلكىدىن كىرىدىغان دارامەتنى تارتىۋېلىش ھوقۇقى بار ئىدى.

لاشتۇرۇلدى. ئاقساقاللىق تۈزۈم تەرەپدارلىرى، ئىنقىلاپ شۇنىڭ بىلەن ئاياقلاشتى، ئەمدى پادىشانى قايتىدىن تەختكە ئولتۇرغۇزۇش پەيتى كەلدى، دەپ ھېساپلىدى.

ئىشچى-دېھقانلار ئاممىسى ئاقساقاللىق تۈزۈم تەرەپدارلىرى تىزگىنلىۋالغان پارلامېنتتىن ئىنتايىن نارازى بولدى، فېئودالىزمغا قارشى تەلەپلىرىنى پاتال تۈردە ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇلار ئەسكەرلەر ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك ئەپتسەرلەرنىڭ قوللىشىغا ۋە ھېسداشلىقىغا ئىگە بولدى، چۈنكى بۇ ھەربىلەر بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى تېخى دېھقان ۋە قول سانائەتچى ئىدى، ئۇلار ئاممىنىڭ ھال-ئەھۋالىنى چۈشىنەتتى ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بولەتتى. خەلق ئاممىسىنىڭ قولىدا قورال تۇتۇپ تۇرۇشىدىن بەك قورققان ئاقساقاللىق تۈزۈم تەرەپدارلىرى بۇنى ئىنتايىن زور تەھدىت دەپ بىلدى. 1647-يىل 2-ئايدا، پارلامېنت ئارمىيىنى تارقىتىۋېتىش توغرىسىدا قارار ماقۇللىدى. كەڭ ئەسكەرلەر قاتتىق غەزەپلەندى، تارقىتىۋېتىشكە بىردەك قارشى تۇرۇپ، قورال تاپشۇرۇشنى رەت قىلدى. 5-ئايدا، ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈمەنلىرىنىڭ ھەممىسى ۋە پىيادە ئەسكەرلەر تۈمەنلىرىنىڭ زور كۆپچىلىكى تەرغىباتچىلارنى سايلاپ چىقىپ، ئاقساقاللىق تۈزۈم تەرەپدارلىرى تىزگىنلىۋالغان پارلامېنتقىلا ئەمەس، بەلكى پادىشا بىلەن مۇرەسسەلەشمەكچى بولغان مۇستەقىللارنىڭ يۇقىرى قاتلام ئەپتسەرلىرىگىمۇ قارشى تۇردى. ئەسكەرلەر ئىچىدە مۇستەقىللار بىلەن قارشىلىشىدىغان باراۋەرچىلەر بارلىققا كەلدى.

باراۋەرچىلەرنىڭ يولباشچىسى جون لىلبىرن كىچىك پومېشچىك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان. ئۇ پادىشانىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىگە قارشى كۈرەشتە ئىزچىل تىز پۈكمەيدىغان قەھرىمانلىق جاسارىتىنى

كۆرسەتتى، كۆپ قېتىم قولغا ئېلىنىپ تەن جازاسىغا ئۇچرىدى. ئىچكى ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن ئۇ پادىشاغا قارشى جەڭگە قاتناشتى. كېيىن ئاقساقاللىق تۈزۈم تەرەپدارلىرى تىزگىنلىۋالغان پارلامېنتنىڭ خەلققە قارشى سىياسىتىگە نارازى بولۇپ، ئارمىيىدىن چېكىنىپ كەتتى. پارلامېنت ئۇنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە قامىدى، ئۇ تۈرمىدە باراۋەرچىلەرنىڭ سىياسىي پروگراممىسىنى تەشۋىق قىلىدىغان نۇرغۇن كىتابچىلەرنى يازدى. لىلبېرن: ھەممە ئادەم تەڭ ھوقۇقلۇق بولۇپ يارالغان، ھەممەيلەن ئەركىنلىك ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشى، بارلىق ئىمتىيازلار بىكار قىلىنىشى، جۇملىدىن دىنىي جەمئىيەتكە تۆلىنىدىغان ئۆشرىمۇ بىكار قىلىنىشى كېرەك: دۆلەت ھاكىمىيىتى خەلقتىن كەلگەن. ئۇ خەلققىلا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك؛ خەلق ئەركىن ھالدا سايلاپ چىققان ۋەكىللەر ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى، خەلقنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىش ئادالەتسىزلىك ھېسابلىنىشى كېرەك، دەپ ھېسابلىدى. لىلبېرن تەشۋىق قىلغان دېموكراتىيە ئىدىيىسى ئارمىيىدە ۋە شەھەرلەردىكى ئاددىي خەلق ئىچىدە كەڭ تەسىر كۆرسەتتى.



لىلبېرن سوتتا

باراۋەرچىلەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى، ئۇلار خۇسۇسىي مۈلۈكلەرنى يوق قىلىشنى تەلەپ قىلمايتتى؛ ئۇلار ئېيتقان "خەلق" خۇسۇسىي مۈلكى بار "ئەركىن كىشىلەر"نى كۆرسىتەتتى، ئۇنىڭغا ئىش ھەققى ۋە قۇتقۇزۇش پۇلى ئالىدىغان كەمبەغەللەر ۋە مالايلار كىرمەيتتى. ئۇلار دېھقانلارنىڭ يەر مەسىلىسىگە ئانچە ئەھمىيەت بەرمىدى، ئەنگلىيىدىكى ئەڭ نامرات خەلقنىڭ تەلەپلىرىگە سەل قارىدى. لېكىن باراۋەرچىلەرنىڭ كۈرىشى ئىنقىلابنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا تۈرتكە بولدى، كرومۋېل ۋەكىللىكىدىكى مۇستەقىلچىلارنىڭ مۇرەسسەچىلىك لۇشيەنىنى ئېچىپ بەردى.

"چوڭ دۈشمەنگە دۇچكەلگەندە، ئۇلار ئىشچى، دېھقانلار بىلەن بىرلىشىپ، دۈشمەنگە قارشى تۇرىدۇ؛ ئىشچى، دېھقانلار ئويغانغاندا، ئۇلار يەنە دۈشمەن بىلەن بىرلىشىپ، ئىشچى، دېھقانلارغا قارشى تۇرىدۇ."① ماۋجۇشىنىڭ بۇ تەلىمى ياۋروپا ۋە ئامېرىكا بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆرلەش دەۋرىدە ئوخشاشلا كۆرۈلگەن ئىككى ياقلىمىلىقىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەردى. كرومۋېل بىرىنچى قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇشتا پارلامېنت قوشۇنىغا رەھبەرلىك قىلىپ پادىشا قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئىنقىلاب ئۈچۈن زور خىزمەت كۆرسەتتى. پارلامېنت ئارمىيىنى تارقىتىۋېتىش توغرىسىدا قارار ماقۇللىغاندا، كرومۋېل دەسلەپ باشقىچە پىكىردە بولمىدى ۋە خىزمەتتىن چېكىنىشكە ماقۇل بولدى، ئەمەلىيەتتە، ئۇ ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۈتۈپ تۇردى. ئارمىيىدىكى دېموكراتىك كۈچلەر قورال تاپشۇرۇشنى رەت قىلغان

① ماۋ زېدۇڭ. «يېڭى دېموكراتىزىم ھەققىدە». «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 2 ـ توم، 1215 — 1216 ـ بەتلەر.

www.uyghurkitap.com

ھەمدە توپچى قىسمىنى توپلىغان، پادىشانى ئارمىيە تۇرۇشلۇق جايغا يالاپ ئەكەلگەن چاغدا، كرومۋېل ئارمىيىدىكى دېموكراتىك كۈچلەرنىڭ "خەۋپلىك" ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئارمىيىسىنى ھەممە ۋاستىلەر بىلەن قاتتىق تىزگىنلەش قارارىغا كەلدى. 1647-يىل 6-ئاينىڭ باشلىرىدا ئۇ ئارمىيە تۇرۇشلۇق جايغا بېرىپ، پۈتۈن ئارمىيە بويىچە ۋەكىللەر يىغىنىنى تەسىس قىلىشنى تەستىقلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەسكەرلەردىن بولغان تەرغىباتچىلارنىڭ ھەركەتلىرىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن، ئەپىتسەرلەرنى ئۇنىڭغا كىرگۈزدى. ئارقىدىنلا كرومۋېل خەلقنىڭ ۋە ئارمىيىنىڭ ئاقساقاللىق تۈزۈم تەرەپدارلىرىغا بولغان نارازىلىقىدىن پايدىلىنىپ، 8-ئاينىڭ 6-كۈنى ئارمىيىنى لوندونغا كىرگۈزۈپ، ئاقساقاللىق تۈزۈم تەرەپدارلىرىدىن بولغان بىر قىسىم پارلامېنت ئەزالىرىنى تازىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كرومۋېل كۈيوغلى ئىرتون جياڭجۈن بىلەن بىرلىكتە «تەكلىپلەر» دېگەن بىر نەرسىنى تۈزۈپ چىقىپ، پادىشا ھاكىمىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى پىلانلاپ، چارلىس I بىلەن سوھبەت ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى، سوھبەتتە پادىشا ئۆز ھوقۇقىنىڭ پارلامېنت تەرىپىدىن چەكلىنىشىگە، ئارمىيىنى ۋاقىتنچە پارلامېنتنىڭ ئىدارە قىلىشىغا تاپشۇرۇشقا، ئېپىسكوپلارنىڭ ھوقۇقىنى ئازايتىشقا ماقۇل بولسىلا، پادىشالىق ئورۇننى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بولىدىغانلىقىنى ئېيتىلدى. پەقەت پادىشانىڭ كاچلىق قىلىشى ۋە ئارمىيىدىكى باراۋەرچىلەرنىڭ قاتتىق قارشى تۇرۇشى ئارقىسىدىلا، كرومۋېلنىڭ پىلانى ئەمەلگە ئاشمىدى. باراۋەرچىلەر كرومۋېلنىڭ «تەكلىپلەر» دېگەن نىمىسىگە قارشى «خەلق ئەھدىنامىسى»نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەۋجۇت پارلامېنتنى تارقىتىۋېتىشنى، ئالى ھاكىمىيەت ئورگىنى سۈپىتىدە بىر پالاتا

تۈزۈمىدىكى پارلامېنتنى بەرپا قىلىشنى؛ سايلام رايونلىرىنى قايتىدىن تەقسىم قىلىش، ھەر بىر "ئەركىن كىشى"نىڭ سايلام ھوقۇقى بارلىقى، قانۇن ئالدىدا ھەممە كىشى باراۋەر ئىكەنلىكىنى بەلگىلەشنى تەلەپ قىلدى.

1647-يىلى 10 — 11-ئايلاردا، پۈتۈن ئارمىيە يىغىنىنىڭ ۋەكىللىرى لوندون ئەتراپىدىكى پۈتنىي دىگەن جايدا بۇ ئىككى پىروگرامما ئۈستىدە چوڭ بەس-مۇنازىرە قىلدى. باراۋەرچىلەر تەرەپتىكى ئەرغىباتچىلار مۇستەقىلچىلار تەرەپتىكى يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەپىتسەرلەرگە دەلمۇ-دەل قاقابىل تۇرۇپ تالاش-تارتىش قىلدى. تالاش-تارتىشتا ئىككى مەركىزىي مەسىلە بار ئىدى: بىرى، پادىشانى بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى، يەنە بىرى، ئومۇمى سايلام ھوقۇقى مەسىلىسى. تالاش-تارتىشنىڭ ماھىيىتى ئىنقىلاپتىن كېيىن ئەنگلىيىنى قانداق دولەت قىلىپ قۇرۇش مەسىلىسى ئىدى. باراۋەرچىلەر تەرەپتىكى ئەرغىباتچىلار كروموېل ۋە ئىرتوننىڭ پادىشا بىلەن سوھبەت ئوتكۈزگەنلىكىنى قاتتىق ئەيىپلىدى، پادىشالىق تۈزۈمنى ۋە ئاقسوڭەكلەر پالاتاسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، جۇمھۇرىيەت قۇرۇشنى كەسكىن تەلەپ قىلدى. ئىرتون بولسا كوچىنىڭ بىرىچە پادىشالىق تۈزۈمنى قوغداپ، "پادىشانى يوقاتماقچى بولغانلار بىلەن مەڭگۇ بىللە تۇرمايمەن" دەپ جار سالدى. باراۋەرچىلەر ھەممە كىشىدە باراۋەر ھوقۇق بولۇشى كېرەكلىكىنى، پادىشا بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىكى مەقسەت ھەرگىز ھاكىمىيەتنى بايلار ۋە پومېشچىكلارغا تاپشۇرۇپ، خەلقنى مەڭگۇ قۇل قىلىش ئەمەس، بەلكى ئەركىنلىك ۋە سىياسى ھوقۇقنى، بولۇپمۇ پارلامېنت ئەزاسىنى سايلاش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىكەنلىكىنى تۇرغۇن پاكىتلار ۋە ئاساسلار بىلەن

دەلىللىدى. كرومۋېل بىلەن ئىرتون بولسا سايلام ھوقۇقىنى مال-مۈلۈك سالاھىيىتى بىلەن چەكلەش كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا "تۈگىمەس قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىدۇ" دەپ تۇرۇۋالدى. باراۋەرچىلەرنىڭ بۇرژۇئا دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش پروگراممىسى كرومۋېلنىڭ پادىشالىق-ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈمنى يولغا قويۇش پروگراممىسى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولدى. تالاش-تارتىشتىن نەتىجە چىقماي، يىغىننى توختىتىپ قويۇشقا توغرا كەلدى. كرومۋېل باراۋەرچىلەر تەرەپتىكى تەرغىباتچىلارغا "ئارمىيىنى پارچىلىدى" دېگەن بەتنامنى چاپلىدى، بۇ ھال ئەسكەرلەرنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى. كورەك قىلىش ۋاقتىدا بىرنەچچە تۈمەندىكى ئەسكەرلەر «خەلق ئەھدىنامىسى»نىڭ ماددىلىرى يېزىلغان قەغەزنى ھەربىي قالپىقىغا چاپلاپ، نارازىلىقىنى بىلدۈردى. كرومۋېل بۇنى "پىلانلىغۇچى"نى دەرھال سوراققا تارتىپ، بىرىنى شۇ يەردىلا ئېتىپ ئۆلتۈردى، 11 كىشىنى قاماققا ئالدى ھەمدە ئارمىيىدىكى دېموكراتىك كۈچلەرنى تازىلىدى. باراۋەرچىلەر ھەركىتى گەرچە ۋاقتىنچە پەسىيىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت قۇرۇش ئىدىيىسى ئارمىيىدە كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى.

**ئىككىنچى قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇش (1648-يىل) ۋە پادىشانىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى** ئەسىر ئېلىنغان پادىشا مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەي، ئاقساقاللىق تۈزۈم تەرەپدارلىرى ۋە مۇستەقىلچىلارنىڭ ئۆزىگە تۇتقان مۇرەسسەچىلىكى ۋە ئارمىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەردىن كۈچىنىڭ بېرىچە پايدىلىنىپ، يەنە ئۇرۇش قوزغاپ، قايتا تەختكە چىقىۋېلىش غەرىزىدە بولدى. 1647-يىل 11-

ئايدا، چارلېس I تۇتۇپ تۇرۇلغان جايىدىن ۋەت ئارىلىغا قېچىپ بېرىپ، ئۇ يەردىكى ۋىلايەت باشلىقىنى ئاسىلىق قىلىشقا مەجبۇرلىماقچى بولۇپ، مەقسەتكە يېتەلمەي قولغا ئېلىندى. ئۇ شوتلاندىيەدىكى ئاقساقاللىق تۈزۈم تەرەپدارلىرىنىڭ ئوڭ قانىتى بىلەن مەخپى تىل بىرىكتۈردى ھەمدە جايلاردىكى پادىشا تەرەپدارلىرىنى توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قۇتراتتى. 1648-يىل 3-5-ئايلاردا، پادىشا تەرەپدارلىرى لوندون، ۋالېس ۋە كېنت ۋىلايىتى قاتارلىق جايلاردا توپىلاڭ كۆتەردى، شوتلاندىيە قوشۇنلىرىمۇ شىمال تەرەپتىن بېسىپ كىردى.

چوڭ دۈشمەننىڭ قىستاپ كېلىشى ئىنقىلاۋىي كۈچلەرنىڭ يېڭىۋاشتىن بىرلىشىپ، بىرلىكتە دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشنى تەلەپ قىلاتتى. بۇ چاغدا مۇستەقىلچىلار يەنە باراۋەرچىلەر بىلەن ھەمكارلىشىش نىيىتىگە كەلدى، 1648-يىل 4-ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن، ئەسكەر تەرغىباتچىلارمۇ قاتناشقان ئەپىتسەرلەر يىغىنىدا، مۇستەقىلچىلار ئوتتۇرىغا قويغان «خەلق ئەھدىنامىسى»نى ئەمەلگە قويۇشقا ماقۇل بولدى، پادىشا تەرەپدارلىرىنى يوقىتىش، پادىشانى جىنايەتچى قاتارىدا سوتقا تاپشۇرۇش بىردەك قارار قىلىندى. بۇ قارارنىڭ ئىلھامى بىلەن ئىنقىلاۋىي ئارمىيە كۈتۈرەڭگۈ روھلۇق بولۇپ، بىرنەچچە ئاي جەڭ قىلىش ئارقىلىقلا، پادىشا قوشۇنلىرىنى ۋە شوتلاندىيە تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرىنى ئۈزۈل-كېسىل تارمار قىلدى. 9-ئاينىڭ باشلىرىدا ئىككىنچى قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇش غەلىبە بىلەن ئاياقلاشتى.

بۇ چاغدا، پارلامېنت ئىچىدىكى ئاقساقاللىق تۈزۈم تەرەپدارلىرى پادىشا بىلەن داۋاملىق مەخپى سۆزلىشىپ، پادىشا سەل-پەل يول

www.uyghurkitap.com

قويسلا، ئۇنىڭ قايتىدىن تەختكە چىقىشىغا ماقۇل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 11-ئايدا، پارلامېنت يەنە ئارمىيىنى تارقىتىۋېتىش توغرىسىدا قارار ماقۇللىدى. ئارمىيە بۇنىڭغا قارشى دەرھال تەدبىر قوللاندى. 12-ئاينىڭ باشلىرىدا، بىرتەرەپتىن، پادىشانى ۋەت ئارىلىدىن ئەكېلىپ قاماپ قويدى، يەنە بىر تەرەپتىن، لوندونغا قوشۇن ئەۋەتىپ، پارلامېنتنى تازىلاپ، ئاقساقاللىق تۈزۈم تەرەپدارلىرىدىن بولغان 100 چە پارلامېنت ئەزاسىنى قولغا ئالدى ۋە قوغلاپ چىقاردى. ئارمىيە ۋە پارلامېنت ۋەكىللىرىدىن تەشكىل قىلىنغان پەۋقۇلئاددە ئالىي سوت پادىشانى سوراق قىلىشقا باشلىدى. خەلق ئاممىسى ۋە ئارمىيىنىڭ قەتئىي تەلەپ قىلىشى ئارقىسىدا، سوت: چارلېس ستيۇئارت — زالىم پادىشا، خائىن، قاتىل ۋە خەلق دۈشمىنى، ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلسۇن، دەپ ھۆكۈم چىقاردى. 1649-يىل 1-ئاينىڭ 30-كۈنى، چارلېس I ئاق ساراي ئالدىدىكى كاللا كېسىدىغان مەيدانغا ئېلىپ چىقىلىپ، جامائەت ئالدىدا كاللىسى ئېلىندى.

1649-يىل 3-ئايدا، پارلامېنت پادىشالىق تۈزۈم ۋە يۇقۇرى پالاتانى بىكار قىلىشنى قارار قىلدى، 5-ئايدا، ئەنگلىيىدە جۇمھۇرىيەت جاكالاندى. ئەنگلىيە ئىنقىلاۋى بۇنىڭ بىلەن يۇقۇرى پەللىگە يەتتى.

ئېنگېلس ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىغا باھا بېرىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "قوزغىغۇچىلار شەھەرلەردىكى ئوتتۇرا سىنىپ ئىدى، ئورۇنلىغۇچىلار بولسا يېزا رايونلىرىدىكى ئۇز ئالدىغا تىرىكچىلىك قىلىدىغان دىخانلار بولدى...... ئەگەر بۇنداق ئۇز ئالدىغا تىرىكچىلىق قىلىدىغان دىخانلار ۋە شەھەر ئاددى خەلقى بولمىغان

بولسا، بۇرژۇئازىيىسىنىڭ بىر ئوزىلا كۈرەشنى ھەرگىز ئاخىرغىچە يەتكۈزەلمىگەن بولاتتى. چارلېس I نى كاللا كېسىدىغان مەيدانغا ھەرگىز ئېلىپ چىقمىغانمۇ بولاتتى.“①

ئەنگلىيە ئىنقىلاۋىنىڭ پۈتۈن جەريانى خەلق ئاممىسىنىڭ زورلۇق كۈچ بىلەن قىلىدىغان كۈرىشى ئىنقىلاپنى غەلىبە بىلەن راۋاجلاندۇرۇشتىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئېنگېلس مۇنداق دەپ كۆرسەتتىدۇ: ”17-ئەسىردىكى ئەنگلىيىدە ۋە 18-ئەسىردىكى فرانسىيىدە، بۇرژۇئازىيە ھەتتا ئۆزىنىڭ ئەڭ شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىمۇ ئۆزى قولغا كەلتۈرگەن ئەمەس، بەلكى ئاددى خەلق ئاممىسى يەنى ئىشچىلار ۋە دېھقانلار قولغا كەلتۈرۈپ بەرگەن.“②

**كرومۋېلنىڭ مۇستەبىتلىك ھۆكۈمرانلىقى، ستيۇئارت سۇلالىسىنىڭ تىرىلىشى** پادىشالىق تۈزۈمىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقى ۋە جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلغانلىقى ئەنگلىيە خەلقى ئىسسىق قېنى ۋە كاللىسى بەدىلىگە قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ غەلىبە ئىدى. لېكىن ئىنقىلاپ غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئىشچى-دېھقانلار ئاممىسى ئېغىر باج-سېلىق، ئۆچقاندەك ئۆرلەپ تۇرغان مال باھاسى ۋە ئىشسىزلىقتىن باشقا ھېچنىمىگە ئېرىشەلمىدى. ئۇلار سىياسىي جەھەتتە يەنىلا ھوقۇقسىز ئورۇندا تۇرىۋەردى. فېوداللىق ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاساسى بولغان پومېششىكلار يەر مۈلۈكچىلىكى ئۆزۈل-كېسىل بىكار قىلىن-

---

① ئېنگېلس: «سوتسىيالىزمنىڭ خىيالدىن پەنگە راۋاجلىنىشى»، 1976-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 44 — 45-بەتلەر.

② ئېنگېلس، «پرۇسسىيە ”كرىزىسى“»، «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 18-توم، 325-بەت.

مىدى، گوۋانامە تۈتۈش تۈزۈمى ۋە ئوشرە داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋەردى. بۇرژۇئازىيە ۋە يېڭى ئاقسۆڭەكلەر بولسا تۈرۈش داۋامىدا تازا بېيىپ كەتتى. ئۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، فېئودالىلىق يەر مۈلۈكچىلىكى كاپىتالىستىك يەر مۈلۈكچىلىكىگە ئايلاندى؛ سودا ئەركىنلىكى پرىنسىپىمۇ ئېتىراپ قىلىندى؛ ھاكىمىيەت ئۇلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. «خەلق ئەھدىنامىسى» ئاللىقاچان ئېسىدىن چىقىپ كەتتى. "بۇرژۇئازىيە ئۆزىنىڭ شەخسىي تار مەنپەئەتىنى قاندۇرۇۋالغان ھامان،......سوزسىز ھالدا ئەكسىلئىنقىلاب تەرەپكە، مۇستەبىتلىك تۈزۈمى تەرەپكە تۈركۈم-تۈركۈملەپ ئۆتۈپ، ئىنقىلاپقا، خەلققە قارشى تۇرىدۇ."①

شەپقەتسىز رىياللىق نامرات ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنى تەربىيىلەپ، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقى ئۈچۈن داۋاملىق كۈرەش قىلىش كېرەكلىكىنى تونۇتتى. 1649-يىلى"يەر قازغۇچىلار" ياكى "ھەقىقى باراۋەرچىلەر" مەيدانغا كەلدى. يەر قازغۇچىلار كەڭ كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى، جېررارد ۋىنستانلى (1609—1657) ئۇلارنىڭ مەشھۇر مۇتەپەككۇرى ئىدى. ۋىنستانلى: خۇسۇسىي يەر مۈلۈكچىلىكى — جەمئىيەتتىكى نامراتلىقنىڭ مەنبەسى؛ پادىشالىق تۈزۈم ھازىر پارچىلاندى، يەر ئىگىللەش جەھەتتىكى باراۋەرسىزلىكمۇ تۈگىتىلىشى كېرەك، ئۇشرە ۋە بارلىق فېئودالىلىق مەجبۇرىيەتلەر بىكار قىلىنىشى كېرەك، دەپ ھېساپلىدى. ئۇ تۈۋەن پالاتاغا يوقىرالارنىڭ جامائەت يېرىسىدىن ۋە بوز يەرلەردىن ئەركىن

---

① لېنىن. «سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاپتىكى ئىككى خىل تاكتىكىسى»، 1974-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 156-بەت.

پايدىلىنىشقا يول قويۇش، خۇددى غوجىلار پادىشانىڭ قۇللۇغىدىن قۇتۇلغىنىغا ئوخشاش، يوقىرالارنى غوجىلار تاڭغان بارلىق مەجبۇر-يەتلەردىن ئازات قىلىشنى مۇراجەت قىلدى. ئۇ؛ ھەقىقى ئەركىنلىك يەردىن پايدىلىنىش ھوقۇقىدىن كېلىدۇ. ئەڭ نامرات كىشىلەر بىلەن ئەڭ باي كىشىلەر پەرقسىز ھالدا يەرگە ئىگىدارلىق قىلىشى ۋە تېگىشلىك ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولۇشى لازىم؛ خەلق ئومۇمى سايلام ھوقۇقىغىلا ئىگە بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەرگىمۇ ئومۇمى يۈزلۈك ئىگە بولۇشى لازىم، دەپ ھېساپلىدى. يەر قازغۇچىلار دېھقانلارنىڭ ساددا تەڭ تەقسىماتچىلىق ئىدىيىسى ۋە "ئىپتىدائى دېھقانلار 'كوممۇنىزىمى' روھىي ھالىتى"① نى ئەكس ئەتتۈردى. بىراق ۋىنستانلى مۇلۇكدارلارنى "ئىنسانى مېھرىۋانلىق" ئارقىلىق تەسىرلەندۈرمەكچى بولدى ۋە بىر مەزگىل ئۇمىدسىنى كىرومۋېلغا باغلىدى، بۇنىڭ بىلەن مەقسەتكە يېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يەر قازغۇچىلار ھەركىتىنىڭ ئەھمىيىتى ئۇنىڭ فېوداللىق يەر مۈلۈك-چىلىگىنى تەل-توكۇس يوقاتماقچى بولغانلىغىدا بولدى.

1649-يىل 4-ئايدا، ئۆزلىرىنى يەر قازغۇچىلار دەپ ئاتىۋالغان بىر توپ يەرسىز نامرات دېھقانلار لوندون ئەتراپىدىكى سېن جورج دىگەن ئىدىرلىقتا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە كىرىشتى ھەمدە كىشى-لەرنى ئۆزلىرى قول سېلىپ، يەر ئىگىلەشكە چاقىردى. ئۇزاق ئۆتمەيلا، يەر قازغۇچىلار ھەركىتى ئەتراپتىكى ۋىلايەتلەرگە كېڭەيدى، كوللىكتىپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچىلەر بەزى جايلاردا

---

① ستالىن. «گېرمانىيە يازغۇچىسى ئەمىل لىۋدۋىگ بىلەن سۆھبەت». «ستالىن ئەسەرلىرى»، خەلزۇچە نەشرى، 13-توم، 105-بەت.

بىرنەچچە مىليون كىشىگە يەتتى. كرومۋېل مال-مۈلۈكنى قوغداش نامى بىلەن، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ ئورتاقلىشىپ تېرىقچىلىق قىلىشنى مەنئى قىلدى ھەمدە ئەسكەر ئەۋەتىپ باستۇردى.

ئېنگېلس يەر قازغۇچىلار ھەركىتىگە يۇقىرى باھا بەردى، ئۇنى گېرمانىيە دېخانلار ئۇرۇشى دەۋرىدىكى مۈنتزېر ھەركىتى ۋە فرانسىيە ئىنقىلابى دەۋرىدىكى بابېف ھەركىتى بىلەن بىللە "ھازىرقى زامان پرولېتارىياتىنىڭ ئازدۇر-كۆپتۇر تەرەققىي قىلغان پېشۋاسى بولغان سىنىپىنىڭ مۇستەقىل ھەركەتلىرى"① دەپ ئاتىدى. ئېنگېلس بۇنىڭدىن: كولىمى چوڭ بولغان بىر قېتىملىق بۇرژۇئازىيە ھەركىتىدە، مۇقەررەر ھالدا، بۇرژۇئازىيە بىلەن قارشىلىشىدىغان پرولېتارىيات ھەركىتى بارلىققا كېلىدۇ، دېگەن تارىخىي قانۇنىيەتنى يەكۈنلەپ چىقتى.

بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، باراۋەرچىلەرمۇ قوزغىلىپ كرومۋېلنىڭ ھوكۇمرانلىقىغا قارشى چىقتى. لىلبېرن ئىنقىلابتىن كېيىنكى يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ سىياسەتلىرىدىن ئىنتايىن نارازى بولۇپ، كرومۋېلنى خەلقنى ئالدىدى دەپ ئاشكارا ئەيىبلىدى، جۇمھۇرىيەت ئەنگلىيىگە سېلىنغان يېڭى كىشەندىن باشقا نەرسە ئەمەس دەپ كۆرسەتتى. ھاكىمىيەتنى ئىگىلىۋالغان كرومۋېل بۇ چاغدا باراۋەرچىلەرنى ئاساسىي دۈشمەن دەپ قارىدى. ئۇ ئارمىيىدىكى باراۋەرچىلەرنى ئىرلاندىيىدىكى مىللىي قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا ئەۋەتىش قارارىغا كەلدى. 1649-يىل 4-، 5-ئايلاردا، بىر قىسىم باراۋەرچى ئەس-

① ئېنگېلس. «سوتسىيالىزمنىڭ خىيالدىن پەنگە راۋاجلىنىشى»، 1976-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 78-بەت.

كەرلەر بىرىم يولدا ئىسيان كوتىرىپ، ئىرلاندىيىگە بىرىشنى رەت قىلدى. قوزغىلاڭ باشقا تۆەندۈيلەرگىمۇ كېڭەيدى، بۇ قوزغىلاڭلارنى كرومۋېل قانلىق تۈردە باستۇردى. باراۋەرچىلەرنى جازالاش مۇزا- كىرە قىلىنغان يىغىندا، كرومۋېل جوزىنى مۇشتلاپ تۇرۇپ: "سەن ئۇلارنى يوقاتمىساڭ، ئۇلار سېنى يوقىتىدۇ!" دەپ ۋاقىردى.

باراۋەرچىلەرنىڭ قوزغىلىڭى باستۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىرلاندىيىنى بوي سۇندۇرۇش ئۈچۈن، كرومۋېل 1649-يىل 8-ئايدا شەخسەن ئوزى 12 مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇننى باشلاپ ئۇرۇش قىلدى. بىر شەھەر قورغىنىنى ئالغاندىن كېيىن، كرومۋېلنىڭ بۇيرۇغىغا بىنائەن، شۇ قورغاندىكى 3 مىڭ ئەسكەر نەيزە بىلەن ئولتۈرۈلدى، 30 كىشىلا ئولتۈرۈلمەي غەربىي ھىندى ئاراللىرىغا ئەۋەتىلىپ قۇل قىلىندى. 3 يىللىق (1649—1652) دەھشەتلىك ئۇرۇش داۋامىدا، ئىرلاندىيە ئاھالىسىنىڭ يېرىمىدىن، يەرلىرىنىڭ 3 تىن 2 قىسمىدىن مەھرۇم بولۇپ، تامامەن ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالدى. كرومۋېل ۋە ئۇنىڭ ئەپىتسەرلىرى، ئەنگلىيە ئاقسۆڭەكلىرى، سودىگەرلەر ئىرلاندىيىدىكى چوڭ پومىشچىكلارغا ئايلاندى، كروم- ۋېلنىڭ ئوزىلا بىر مىڭ ئاكىر ياخشى يەرنى ئىگەللىۋالدى، ئارمى- يىگىمۇ 2 مىليون ئاكىر يەر تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئىنقىلاپ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بۇ قوشۇن چىرىكلىشىپ، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەركىنلىكىنى ئۇجۇقتۇرىدىغان تاجاۋۇزچى قوشۇنغا ئايلىنىپ كەتتى. ماركس چوڭقۇر ھالدا مۇنداق دەپ كورسەتتى: "ئەمەلىيەتتە، كرومۋېل دەۋرىدىكى ئەنگلىيە جۇمھۇرىيىتى ئىرلاندىيە سەۋەبىدىن گۇمران بولدى." ①

① ماركس، «ل. كۇگېلمانغا يېزىلغان خەت (1869-يىل 11-ئاينىڭ

ئاغدۇرۇپ تاشلىغان ستيۇئارت سۇلالىسى ھالاكىتىگە تەن بەرمىدى. 1650-يىل 6-ئايدا، چارلىس I نىڭ ئوغلى، ئۆزىنى پادىشا دەپ ئاتىۋالغان چارلىس II شوتلاندىيىدە قۇرۇقلۇققا چىقىپ، شوتلاندىيىنى بازا قىلىپ تۇرۇپ، ئەنگلىيىگە ھۇجۇم قىلىپ، قايتىدىن تەختكە چىقىشقا ئۇرۇندى. كرومۋېل ئىرلاندىيىدىن ئارمىيە باشلاپ شوتلاندىيىگە باردى، 1651-يىل 9-ئايدا چارلىس II نى ئۇزۇل-كېسىل تارمار قىلىپ، بۇ قېتىمقى تىرىلىش سۈيىقەستىنى بىتچىت قىلدى. كرومۋېل ئىرلاندىيىدىكىگە ئوخشاش، مۇسادىرە قىلىنغان شوتلاندىيە يەرلىرىنى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەپسەرلەرگە ئىنئام قىلىپ بەردى، يەنە بىر قىسىم يەرلەرنى يۇقىرى باھادا كىم ئارتۇق قىلىپ ساتتى.

كرومۋېل تاشقى سىياسەت جەھەتتە، سودا-سانائەتچىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى كۈچىنىڭ بېرىچە قوغدىدى، ئەنگلىيىنىڭ ئەڭ چوڭ رىقابەتچىسى بولغان گوللاندىيىنى كۆزدە تۇتۇپ، «دېڭىز قاتنىشى نىزامنامىسى» نى ئېلان قىلىپ (1651-يىلى)، چەتئەل كېمىلىرىنىڭ ئەنگلىيە مۇستەملىكىلىرىنىڭ ماللىرىنى ئەنگلىيىگە توشۇشىنى، ياكى ئەنگلىيە ماللىرىنى ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىلىرىگە توشۇشىنى مەنئى قىلدى ھەمدە شۇ سەۋەپتىن گوللاندىيە بىلەن ئۇرۇش قىلدى (1652—1654).

كرومۋېلنىڭ يەر قازغۇچىلار، باراۋەرچىلەرنى ۋە ئىرلاندىيە قوزغىلىڭىنى باستۇرغانلىقى ئۇنىڭ چوڭ بۇرژۇئازىيە، چوڭ يەرمىش-

---

29-كۈنى)». «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1972-يىل خەنزۇچە نەشرى، 4-توم، 376—377-بەتلەر.

شكللارنىڭ ۋەكىلى بولۇپ قالغانلىغىنى كورسەتتى. جۇمھۇرىيەت ۋە پارلامېنتنىڭ قۇرۇق نامىلا قالدى، ئەمەلىي ھوقۇق كرومۋېل باشچىلىغىدىكى يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەپىتسەرلەرنىڭ قولىدا بولدى. 1653-يىل 4-ئايدا، كرومۋېل خىيانەتچىلىك قىلىپ چېرىكلەشكەن، كىشىلەر نەزىرىدىن چۈشۈپ قالغان ئۇزاق مۇددەتلىك پارلامېنت ئەزالىرىنى قوغلاۋەتتى. يىغىندىن سايلاپ چىقىلغان پارلامېنت كرومۋېلدىن دېموكىراتىك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاچقا، دەرھال تارقىتىۋېتىلدى. كرومۋېل ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى قانۇنىيلاشتۇرۇش ئۈچۈن، 12-ئايدا يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەپىتسەرلەر، سوت باشلىقلىرى ۋە لوندون شەھىرىنىڭ شەھەر باشلىغى قاتارلىق كىشىلەرگە ئۆز ئارزۇسىنى بىلدۈردى، بۇلار ئۇنىڭ ئارزۇسىغا بىنائەن، ئۇنى "دولەت قوغدىغۇچى غوجا" دىگەن نامىنى قوبۇل قىلىشقا ئۈندىدى، شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ئۇ ئەنگلىيىنىڭ تاجسىز پادىشاسى بولۇپ قالدى.

دولەت قوغدىغۇچى غوجا ھوكۇمرانلىق قىلغان دەۋردە (1653 — 1658) ئىككى نۇۋەتلىك پارلامېنت يىغىنىلا چاقىرىلدى، ھەر ئىككىسى ئىلگىر-كېيىن بولۇپ كرومۋېل تەرىپىدىن تارقىتىۋېتىلدى. كرومۋېل فېودال يومششكللار سىنىپىنىڭ يېڭىسلاردىكى تىرىلىش كۈچلىرىنى تارمار قىلىش غەرىزىدە، 1655-يىلدىن باشلاپ، پۈتۈن مەملىكەتنى 11 ھەربى رايونغا بولۈپ، ئۇنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ھەر بىر رايونغا بىردىن شاۋجياڭ ئەۋەتىپ، ھەربى ھوكۇمرانلىقنى يولغا قويدى. مۇشۇ 5 يىل ئىچىدە، پادىشا تەرەپدارلىرىنىڭ ھەركەتلىرى توختاپ قالدى: خەلق ھەركەتلىرىمۇ ئارقا-ئارقىدىن يۈز بېرىپ تۇردى، پۇرىتان دىنى مەزھىبىدىنمۇ رادىكال بولغان دىنىي مەزھەپلەر

كەينى-كەينىدىن مەيدانغا كېلىپ، فېوداللىق قالدۇقلارنى يوقىتىشنى تەلەپ قىلدى. كروموۋېل ھەم خەلق ھەركەتلىرىنى باستۇردى، ھەم پادىشا تەرەپدارلىرىنىڭ توپىلاڭلىرىنى باستۇردى. چوڭ بۇرژۇئازىيە بۇ ئىككى تەرەپتىن كەلگەن تەھدىتكە ئالدىدا، ھەم جەمئىيەت "تەرتىۋى" نى تۇراقلاشتۇرىدىغان، ھەم ئۆزلىرىنىڭ قولىغا كەلگەن مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان سىياسى ھوكۇمرانلىق شەكلىنى بەرپا قىلىشنى بەكمۇ ئۈمىت قىلدى. ئۇلار بىر مەزگىل كروموۋېلنى پادىشا تاجىسىنى كىيىشكە ئۈندىدى. كروموۋېلنىڭ پادىشا بولغىسى بولسىمۇ، ئارمىيىنىڭ قەتئى قارشى تۇرغانلىقى سەۋەۋىدىن ئۇنىڭدىن ۋاز كەچتى. لېكىن يۇقۇرى پالاتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، دولەت قوغدىغۇچى غوجا دىگەن نام ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقا قالدۇرۇلىدىغان قىلىپ بەلگىلەندى.

1658-يىل 9-ئايدا، كروموۋېل ئۆلدى، ئۇنىڭ ئوغلى رىچارد دولەت قوغدىغۇچى غوجا دىگەن نامىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئىككىنچى يىلى 5-ئايدىلا ئىستىپا بېرىشكە مەجبۇر بولدى. ئارمىيىنىڭ يۇقۇرى قاتلىمىدا ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى يۈز بېرىپ، ھوكۇمەت تامامەن پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. بۇ چاغدا، ئارمىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان پادىشا تەرەپدارى مونك جياڭجۈن 1660-يىل 2-ئايدا قوشۇننى باشلاپ شوتلاندىيىدىن جەنۇپقا يۈرۈش قىلدى، ئۇ لوندوندىكى چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، چارلىس I نىڭ فرانسىيىگە قېچىپ كەتكەن ئوغلى بىلەن ئاستىرتتىن تىل بىرىكتۈرۈپ، 1660-يىل 5-ئايدا چارلىس II نى پادىشا قىلىپ تەختكە چىقاردى (1660—1685-يىللىرى تەختتە ئولتۇردى). شۇنداق قىلىپ ستيۇئارت سۇلالىسى ئەنگلىيىدە تىرىلدى.

**1688-يىلدىكى سىياسى ئۆزگىرىش** ستيۇئارت سۇلالىسىنىڭ



uyghurkitap.com

تىرىلىشى چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ فېئودال ئاقسۆڭەكلەر بىلەن مۇرەسسەلەشكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. بۇرژۇئازىيە بىلەن يېڭى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ سىياسى پروگراممىسى ئەسلىدىلا چەكلىك پادىشالىق تۈزۈمنى يەنى پادىشالىق-ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈمنى ئورنىتىشتىن ئىبارەت ئىدى، ئۇلار پارلامېنت ئىدارە قىلىدىغان، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنىدىغان بىر پادىشانىڭ بولۇشىنى ئۈمىت قىلاتتى. چارلىس II تەختكە چىقىشتىن ئىلگىرى خىتاپنامە ئېلان قىلىپ، "پادىشانى ئولتۇرگەنلەر" دىن باشقا، ئىنقىلاپقا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسىنى كەچۈرۈم قىلىشقا، دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكىنى يولغا قويۇشقا، ئىنقىلاپ مەزگىلىدە يەر ۋە مال-مۈلۈك جەھەتتە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى ئېتىراپ قىلىشقا ماقۇل بولدى. لېكىن چارلىس II تەختكە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ۋەدىسىدىن يېنىپ، مۇستەبىتلىك ھۆكۈمرانلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇندى ھەمدە ئىلگىرىكى ئىنقىلاپچىلارغا دەھشەتلىك تۈردە زىيانكەشلىك قىلدى، ھەتتا كروموېل قاتارلىق كىشىلەرنىڭ جەسەدىنى قېزىپ چىقىرىپ، دارغا ئاستى. چارلىس II يەنە دۆلەت دىنىغا تەئەللۇق بولمىغان دىنىي مەزھەپلەرگە زىيانكەشلىك قىلدى ھەمدە ئېپىسكوپلار ۋە پادىشا تەرەپدارلىرىنىڭ مۇسادىرە قىلىنغان يەرلىرىنى قايتۇرۇۋېلىشقا كۆچەپ ئۇرۇندى. ئۇ داۋاملىق ھالدا فرانسىيەدىن ياردەم پۇل ئېلىپ تۇردى، دۇنكىرك پورتىنى فرانسىيەگە سېتىپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە سودا-سانائەتچىلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزدى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇرژۇئازىيىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى.

ئەمما ۋەزىيەت ئۆزگىرىپ كەتكەن، تىرىلگەن سۇلالىنىڭ ئىنقىلاپتىن ئىلگىرىكىدەك ھۆكۈمرانلىقنى تامامەن ئەسلىگە كەلتۈرۈشى

uyghurkitap.com

مۇمكىن بولماي قالغان ئىدى. تىرىلىشتىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە، ئاتالمىش ئاقسۆڭەكلەرگە دەخلى قىلىنمايدۇ دېگەندەك ھەربىر تۈزۈمى ۋە ۋاسىتىلىق قىلىش تۈزۈمى قاتارلىق پادىشاھقا خاس فېئودالىق ئىمتىيازلارنىڭ مەڭگۈ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى يېڭىۋاشتىن جاكالاندى. ئىقتىسادىي سىياسەت جەھەتتە، چارلېس II سودا-ساناﺋەتنى قوغدايدىغان «دېڭىز قاتنىشى نىزامنامىسى» نى ئىجراپ قىلدى ۋە كېڭەيتتى، بۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە سودا-ساناﺋىتىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئەتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، چارلېس II گوللاندىيە بىلەن 2 قېتىم ئۇرۇش ئېلىپ باردى.

تىرىلگەن سۇلالىنىڭ كۈندىن-كۈنگە مۇستەھكەملىنىشىگە ئەگىشىپ، چارلېس II نىڭ ئىچكى-تاشقى سىياسەتلىرىمۇ تېخىمۇ ئەكسىيەتچىلىشىپ باردى، بۇ بولۇپمۇ ئۇنىڭ كاتولىك دىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكى ۋە فرانسىيىگە يولىنىۋالغانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتە ئىپادىلەندى. بۇرژۇئازىيە ۋە پومېششىكلار ئىچىدە ئىككى پارتىيە بارلىققا كەلدى: بىرى، ئاساسلىقى بۇرژۇئازىيە ۋە يېڭى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان خۇيگ پارتىيىسى؛ يەنە بىرى، ئاساسلىقى فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان تورى پارتىيىسى.① خۇيگلار چارلېس II نىڭ كاتولىك دىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش سۇيىقەستىگە كۈچىنىڭ بېرىچە قارشى تۇردى، چۈنكى، ئەگەر بۇ سۇيىقەست ئەمەلگە ئېشىپ قالسا، ئۇ ھالدا، بۇرژۇئازىيە ۋە يېڭى ئاقسۆڭەكلەر دىنىي

---

① خۇيگ (Whig) بىلەن تورى (Tory) — ئىككى گۇرۇھتىكىلەر بىر بىرىنى ھاقارەتلەپ قويغان لەقەم.

ئىسلاھاتتىن بۇيان كاتولىك دىنى جەمئىيىتىدىن تارتىۋالغان يەر مۈلكى تارتىۋېلىناتتى، ئۇلارنىڭ ئەنگلىيىدىكى ئوندىن يەتتە قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان يەرلىرى باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتەتتى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە كاتولىك دىنىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى سودا-سانائەت بۇرژۇئازىيىسىنىڭ پائالىيەتلىرىگىمۇ بەك پايدىسىز ئىدى. ئۇلار بولۇپمۇ چارلېس II نىڭ ئىنىسى، ئاشكارا كاتولىك مۇرىدى جامېسنىڭ پادىشاھلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىشىغا قارشى تۇردى، پارلامېنتتا «چەتكە قېقىش قانۇنى»نى ماقۇللاشتا چىڭ تۇرۇپ (1679-يىل) جامېسنى ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىشقا كۆچەپ ئۇرۇندى. 17-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدىن كېيىن، بۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ كۈرىشى بارغانسېرى كەسكىنلەشتى. 1685-يىلى جامېس II تەختكە چىقىپ، فرانسىيىنىڭ ياردەم پۇلىغا تايىنىپ، فرانسىيىنىڭ ئارزۇسى بويىچە، فرانسىيە ماللىرىنىڭ ئىمپورت قىلىنىش بېجىنى تۆۋەنلەتتى، كاتولىك دىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش سىياسىتىنى ئاشكارا يولغا قويدى. خۇيگلار ۋە بىر قىسىم تورىچىلار جامېسنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش كويىدا بولسىمۇ، ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلابنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، خەلقنى قوزغاشقا پېتىنالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر سىياسى ئۆزگىرىشنى پىلانلاپ، 1688-يىل 6-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا جامېسنىڭ قىزى، پروتېستانتقا ئېتىقات قىلىدىغان مارىيانى ۋەتەنگە قايتىپ خانىش بولۇشقا، ئۇنىڭ ئېرى، گوللاندىيىنىڭ ھاكىمى ۋىلىيامنى پادىشاھ بولۇشقا تەكلىپ قىلدى. 1688-يىل 11-ئايدا، ۋىلىيام قوشۇن باشلاپ ئەنگلىيە قۇرۇقلۇقىغا چىقتى. جامېسنىڭ قول ئاستىدىكى ئاساسلىق قوماندانى چېرچىل قارشى تەرەپكە ئۆتۈپ

www.uyghurkitap.com

كەتتى. 12 ـ ئايدا، ۋىلىيام قوشۇنلىرى لوندونغا قىستاپ كەلدى، جامېس ئائىلاج ئەنگلىيەدىن قېچىپ كەتتى. 1689 ـ يىل 2 ـ ئايدا، ۋاقىتلىق پارلامېنت ۋىلىيام III (1689 — 1702 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇردى) بىلەن مارىيانى بىرلىكتە تەختكە چىقىشقا تەكلىپ قىلىشنى قارار قىلدى. بۇ، خەلق ئاممىسى قاتناشمىغان تۇردا سىياسى ئۆزگىرىش بولدى، بۇرژۇئا تارىخشۇناسلىرى ئۇنى "شەرەپلىك ئىنقىلاپ" دەپ ئاتىۋالدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ شەرەپلىكمۇ ئەمەس، ئىنقىلاپمۇ ئەمەس ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، "بىرقانچە قېتىملىق داۋالغۇشتىن كېيىن، يېڭى ئېغىرلىق مەركىزى ئاخىر تىكلەندى ھەمدە يېڭى چىقىش نۇقتىسى بولدى". "يېڭى چىقىش نۇقتىسى يېڭى گۈللىنىۋاتقان ئوتتۇرا سىنىپ بىلەن بۇرۇنقى فېودال پومېشىكلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەسسە بولدى". ① ئەنگلىيە قويۇق فېوداللىق قالدۇقلار بىلەن كاپىتالىزىم جەمئىيىتىگە كىردى.

ستۇئارت سۇلالىسىنىڭ تىرىلىشى ۋە 1688 ـ يىلىدىكى سىياسى ئۆزگىرىشتىن ئىبارەت بۇ تارىخ شۇنى كورسىتىپ بەردىكى، ئىنقىلاپ يولى ئەگرى ـ توقاي بولىدۇ، بىر خىل ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى باشقا بىر خىل ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنىڭ ئورنىنى ئالىدىغان ئىنقىلاپنىڭمۇ كوپ تەكرارلىنىشلەرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈشىگە توغرا كېلىدۇ. ئاغدۇرۇپ تاشلانغان ئەكسىيەتچى سىنىپلار تارىخ سەھنىسىدىن ھەرگىز ئۆز ئىختىيارى بىلەن چېقىپ كەتمەيدۇ، ئۇلار قولىدىن كەتكەن "جەننەت" نى ھامان تۈرلۈك ھىلە ـ مىكىرلەر

① ئېنگېلس. «سوتسىيالىزىمنىڭ خىيالدىن پەنگە راۋاجلىنىشى»، 1976 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 46 — 47 ـ بەتلەر.

بىلەن ئىسلىمگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ. بۇ — ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت. لېكىن ئەكسىيەتچى سىنىپلارنىڭ ئۆزىنىڭ تىرىلىش قارا نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش — ئاشۇرالماسلىقى بولسا ئىنقىلاۋىي سىنىپلارنىڭ قانداق لۇشيەن، قانداق سىياسەتنى قوللىنىشىغا باغلىق.

ئەنگلىيە ئىنقىلاۋىغا رەھبەرلىك قىلغان بۇرژۇئازىيە ئۈزۈل-كېسىلرەك بولغان ئىنقىلاۋىي لۇشيەننى ئىجرا قىلمىدى: ئۇ سىياسى ئۈستقۇرۇلما جەھەتتە فېئوداللىق خاراكتېردىكى يۇقۇرى پالاتالى ۋە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ۋارىسلىق قىلىنىدىغان دولەت قوغدىغۇچى غوجىلىق تۈزۈمىنى ساقلاپ قالدى؛ ئىقتىسادىي جەھەتتە، يومشىشك-لارنىڭ دىخانلارغا قارىتىلغان فېئوداللىق ئىمتىيازلىرىنى (گۇۋاھنامە تۇتۇش تۈزۈمى ۋە ئۇشرىنى) يەنى يېزىلاردىكى فېئوداللىق قالدۇق كۈچلەرنى ساقلاپ قالدى؛ ئىدېئولوگىيە جەھەتتە، مۇتەئەسسىپ دىنىي مەزھەپلەرنى قوغدىدى، رادىكال دىنىي مەزھەپلەرگە زەربە بەردى.

ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنىڭ ئۈزۈل-كېسىلسىزلىكى ۋە مۇتە-ئەسسىپلىكى سۇلالىنىڭ تىرىلىشى ئۈچۈن شەرت-شارائىت يارىتىپ بەردى. ماركس مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "ئەنگلىيە ئىنقىلاۋىنىڭ مۇتەئەسسىپلىككە ئىگە بولۇشىنىڭ سىرىنى......، چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ كۆپ ساندىكى چوڭ يەر ئىگىلىرى بىلەن ئۇزاق مۇددەتلىك ئىتتىپاق تۈزگەنلىكى بىلەن چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ." ①

① ماركس. «گىزونىڭ ‹ئەنگلىيە ئىنقىلاۋى نېمە ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالدى؟ ئەنگلىيە ئىنقىلاۋى تارىخى ھەققىدە مۇھاكىمە› دېگەن ئەسىرىگە باھا». «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 7-توم، 251-بەت.

بۇرژۇئازىيە ۋە يېڭى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ سىنىپىي مەنپەئەتى ئۇلارنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بەلگىلىگەن. ئەمەلىيەتتە، كروموۋېل يەر قازغۇچىلار ۋە باراۋەرچىلەرگە زەربە بەرگەن ۋاقىتتىن باشلاپلا، بۇرژۇئازىيە ئاممىدىن ئايرىلدى، دېمەك، سۇلالىنىڭ تىرىلىشىگە قارشى تۇرۇشتىكى ئىنقىلابىي كۈچتىن ئايرىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئىچكى قىسىمدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان پادىشاھ تەرەپدارلىرىنىڭ كۈچلىرىگە پۇرسەت تۇغۇلۇپ، تىرىلىش سۈيىقەستى ئەمەلگە ئېشىپ قالدى.

شۇنداقتىمۇ تىرىلگەن سۇلالىنىڭ ئۆمرى قىسقىلا بولدى، ئۇ 28 يىلدىن كېيىن ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، فېئوداللىزىمنىڭ ئورنىنى كاپىتالىزمنىڭ ئېلىشى شۇ چاغدىكى تارىخ تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى ئىدى، تارىخنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توسماقچى بولغان ھەرقانداق ئەكسىيەتچى كۈچلەر مۇقەررەر ھالدا شەرمەندىلەرچە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايتتى.

**ئەنگلىيە ئىنقىلابىنىڭ تارىختىكى ئورنى** 16-، 17-ئەسىرلەر غەربىي ياۋروپا جەمئىيىتىدە قاتتىق داۋالغۇش بولغان دەۋر ئىدى. ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى يەككە ۋەقە ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى، نىدېرلاند خەلقىنىڭ ئىسپانىيە مۇستەبىتلىك ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش يولىدىكى بۇرژۇئا ئىنقىلابى بولدى. 17-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، فرانسىيىدە بۇرژۇئازىيە پادىشاھ ھاكىمىيىتىنى چەكلەش يۈزىسىدىن ئېلىپ بارغان "فروندې" ھەركىتى بولدى؛ پورتۇگالىيىنىڭ پايتەختى لىسبوندا ۋە ئىتالىيىنىڭ ناپلىس ۋە مېسسىنا دېگەن جايلىرىدىمۇ جۇمھۇرىيەت قۇرۇش يولىدىكى ئىنقىلابلار پارتلىدى. ئەنگلىيە ئىنقىلابى بىلەن بىر ۋاقىتتا بولغان بۇ ئىنقى-

لاۋىي ھەركەتلەر گەرچە شەرت-شارائىت پىشمىغانلىقى سەۋەبى بىلەن مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ چاغدىكى تارىخ تەرەققىياتىنىڭ فېودالىزىم جەمئىيىتىدىن كاپىتالىزىم جەمئىيىتىگە ئۆتۈشتىن ئىبارەت ئومۇمىي يۈزلىنىشىنى ئەكس ئەتتۈردى.

نېدېرلاند بۇرژۇئا ئىنقىلابىغا قارىغاندا، ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى كۆلىمى تېخىمۇ چوڭ، مەزمۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر، تەسىرى تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ تىپىكلىككە ئىگە ئىنقىلاپ بولدى. ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى 50 يىلغا يېقىن داۋام قىلغان ئىنقىلابىي داۋالغۇش ۋە تەكرارلىنىشلارنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ئاخىرى فېوداللىق مۇستەبىتلىك تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، سىياسىي ئۈستقۇرۇلمىنى ئۆزگەرتىپ، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يېڭى ئاساستا بىر-بىرىگە ئۇيغۇنلاشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يول ئاچتى. لېكىن، بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىك قىلغان بارلىق ئىنقىلابلارغا ئوخشاشلا، ئەنگلىيە ئىنقىلابى پەقەت بىر ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى باشقا بىر ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى، خالاس. كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتى ئامان كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ، چۈنكى بۇرژۇئازىيە بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى بىر ئەمەس. ئەنگلىيە ئىنقىلابىدىن كېيىنكى 100 يىل ئىچىدە، ئۆز ئالدىغا تىرىكچىلىك قىلىدىغان دېھقانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يوقىتىلدى.

ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى ناھايىتى زور چەكلىمىلىككە ئىگە

www.uyghurkitap.com

بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەر ھالدا بۇرژۇئا **دۇنياۋى** ئىنقىلاۋىنىڭ يېڭى دەۋرىنى ئېچىپ بەردى. تارىخ ساھەسىدىكىلەر ئادەتتە 1640-يىلنى دۇنيا يېقىنقى زامان تارىخىنىڭ باشلىنىشى دەپ قارايدۇ، چۈنكى، 17-ئەسىردىكى ئەنگلىيە ئىنقىلاۋى بىلەن 18-ئەسىردىكى فرانسىيە ئىنقىلاۋى "**ياۋروپا يېڭى جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي تۈزۈمىنى جاكالىدى**...... شۇ چاغدا **بۇرژۇئازىيىنىڭ غەلىبىسى يېڭى ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ غەلىبە قىلغانلىقىدىن**، بۇرژۇئا مۈلۈكچىلىكىنىڭ فېئوداللىق مۈلۈكچىلىك ئۈستىدىن...... غەلىبە قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ...... بۇ ئىككى ئىنقىلاپ ئۆزلىرى پەيدا بولغان جايلارنىڭ يەنى ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ تەلەپلىرىنىلا ئەكس ئەتتۈرۈپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك پۈتۈن دۇنيانىڭ شۇ چاغدىكى تەلەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئىدى".①

## 2-بۆلۈم سانائەت ئىنقىلاۋىنىڭ باشلىنىشى

**ئاقسۆڭەكلەر بىلەن بۇرژۇئازىيىنىڭ سىياسىي ئۈستقۇرۇلمىسىنىڭ تىكلىنىشى** 1688-يىلدىكى سىياسىي ئۆزگىرىش بۇرژۇئازىيىنىڭ بىر قىسىم ئاقسۆڭەكلەر بىلەن مۇرەسسەلىشىشىدىن ئىبارەت بولدى، بۇ بىر قىسىم ئاقسۆڭەكلەر بۇ چاغدا بۇرژۇئازىيىگە ئايلىنىشقا باشلىغان ئىلگىرىكى فېئودال پومېشچىكلار ئىدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، ئەنگلىيىدە پادىشاھلىق-ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم ئورنى-

①ماركس. «بۇرژۇئازىيە ۋە ئەكسىلئىنقىلاپ». «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1979-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 533 — 534-بەتلەر،

تىلدى، بۇ ماھىيەتتە بۇرژۇئازىيە بىلەن يومىشچىكلارنىڭ بىرلەشمە دىكتاتۇرىسى بولۇپ، ئۇلار بىرلىشىپ ئەمگەكچى خەلقنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى ۋە ئەزدى. 1689-يىلى، پارلامېنت «ھوقۇق قانۇنى»نى ماقۇللاپ، خان جەمەتىنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ شەرتلىرىنى بەلگىلىدى، يەنى پادىشادا ئارمىيىنى ۋە سوت باشلىقلىرىنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ، پادىشا قانۇنلارغا سەل قارىمايدۇ ۋە قانۇنلارنى بىكار قىلمايدۇ، مالىيە ھوقۇقى مەڭگۈ پارلامېنتقا مەنسۇپ بولىدۇ، پارلامېنت دائىم ئېچىلىپ تۇرىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. شۇنىڭدىن كېيىن پادىشا "ھوكۇمرانلىق ئورۇندا تۇرغىنى بىلەن ئىشنى ئىدارە قىلالمايدىغان" زىننەت بۇيۇمى بولۇپ قالدى. شۇ يىلى، پارلامېنت «تاقەت قىلىش قانۇنى»نى ماقۇللاپ، كاتولىك دىنىدىن باشقا دىنىي مەزھەپلەرنىڭ ئېتىقات ئەركىنلىكىگە يول قويدى.

لېكىن، ئاغدۇرۇپ تاشلانغان جامېس ستيۇئارت ئۆزىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، 1689—1691-يىللىرى، ئىرلاندىيىنى بازا قىلىپ تۇرۇپ، كۆپ قېتىم قوراللىق توپىلاڭ قوزغىدى، بۇ توپىلاڭلارنى ۋىلىيام III تارمار قىلدى. جامېسنىڭ ئەۋلاتلىرى تىرىلىش ھەركىتىنى يىرىم ئەسىر داۋاملاشتۇردى. پارلامېنت ستيۇئارتنىڭ كاتولىك دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان ئەۋلاتلىرىنىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، 1701-يىلى «پادىشالىق ئورۇنغا ۋارىسلىق قىلىش قانۇنى»نى ماقۇللاپ، ۋىلىيام ئۆلگەندىن كېيىن، پادىشالىق ئورۇنغا مارىيانىڭ سىڭلىسى ئاننا ۋارىسلىق قىلىدىغانلىقىنى؛ ئاننا (تېخى ياتلىق بولمىغان) ئۆلگەندىن كېيىن، پادىشالىق ئورنىنى جامېس I نىڭ قىز نەۋرىسى، ھانوۋېر بېگىنىڭ

ئۆل خوتۇنى سوفىياغا تېگىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى.①

18 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئەنگلىيىدە بۇرژۇئازىيىنىڭ سىياسىي تۈزۈمى پەيدىن - پەي مۇقىملاشتى. پادىشا بىلەن يۇقىرى پالاتا شەكىلدە داۋاملىق ساقلانغىنى بىلەن، ئەمەلىي ھوقۇق ئاساسىي جەھەتتىن تۆۋەن پالاتانىڭ قولىغا ئۆتتى. تۆۋەن پالاتانىڭ ئەزالىرى نامىدا سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلەتتى، ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنى مۈلۈكدارلار بەلگىلەيتتى ياكى سايلىغۇچىلارنى سېتىۋېلىش يولى بىلەن سايلايتتى. 18 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 7 مىليوندىن ئارتۇق ئاھالە ئىچىدە، سايلام ھوقۇقى بارلار 250 مىڭغا يەتمەيتتى؛ سايلىنىش سالاھىيىتى بارلار بولسا تېخىمۇ ئاز ئىدى، چۈنكى قانۇندا، پارلامېنت ئەزاسى بولۇش ئۈچۈن، خېلى مىقداردا مال - مۈلكى بولۇشى كېرەكلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پارلامېنت ئەزالىرىغا مۇئاش بېرىلمەيدىغانلىقى بەلگىلەنگەن ئىدى.

بۇ مەزگىلدە، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىككى پارتىيە تۈزۈمى ۋە ئىچكى كابىنېت تۈزۈمى ئاخىرقى ھېسابتا شەكىللەندى. ئىككى پارتىيە دېگەندە تورى پارتىيىسى (كونىلىقنى ساقلاش پارتىيىسىنىڭ تەكتى) بىلەن خۇيگ پارتىيىسى (لىبراللار پارتىيىسىنىڭ تەكتى) كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت داۋامىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئارقىسىدا، بۇ ئىككى پارتىيىنىڭ سىنىپىي ماھىيەت جەھەتتىكى پەرقى بارغانسېرى ئازايدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى بۇرژۇئازىيە بىلەن پومېشچىكلار

① مارىيا 1694 - يىلى ئۆلگەن، ۋىلىيام 1702 - يىلى ئۆلگەن. ئاننا بىلەن سوفىيا 1714 - يىلى ئۆلگەن. ئاننا ئۆلگەندىن كېيىن، ئەنگلىيىنىڭ پادىشالىق ئورنىغا سوفىيانىڭ ئوغلى ھانوۋېرلىق گېورگىي ۋارىسلىق قىلغان، گېورگىي I (1714 — 1727 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) ھانوۋېر سۇلالىسى دەپ ئاتالغان.



www.uyghurkitap.com

مەنپەئەتىنىڭ ۋەكىلى ئىدى، پەقەت تورى پارتىيىسىنىڭ پادىشا ۋە دۆلەت دىنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يېقىنراق بولۇپ، ئۇ كۆپرەك چوڭ يەر ئىگىلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى؛ ۋىگ پارتىيىسى بولسا كۆپرەك سودا-سانائەت بۇرژۇئازىيىسىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. پادىشا ئومۇمەن تۆۋەن پالاتادىكى كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان پارتىيىنىڭ يولباشچىسىنى ئىچكى كابىنېت تەشكىللەشكە تەيىنلەيتتى. ئىچكى كابىنېت پادىشا ئالدىدا جاۋابكار بولماي، پارلامېنت ئالدىدا جاۋابكار بولاتتى؛ ئىچكى كابىنېتنىڭ مۇھىم تەدبىرى پارلامېنت تەرىپىدىن رەت قىلىنسا، ئۇ ئىستىپا بېرىشى شەرت ئىدى. ئىچكى كابىنېتنىڭ باشلىقى باش ۋەزىر دەپ ئاتىلاتتى. ۋىگ پارتىيىسى، 1688-يىلدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشتە ئاساسلىق رول ئوينىغاچقا، 17-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 18-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان مەزگىلنىڭ كۆپ قىسمىدا ھاكىمىيەت بېشىدا تۇردى. بۇرژۇئازىيە بىلەن پومېشچىكلار مۇرەسسەلەشكەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدە: "مۇئاش ۋە مەنسەپ'كە ئوخشاش سىياسىي جەھەتتىكى ئۇرۇش غەنىيمەتلىرى چوڭ پومېشچىك ئائىلىلىرىگە بېرىلدى، ئۇنىڭ شەرتى پۇل مۇئامىلىسى، سانائەت ۋە سودىدىكى ئوتتۇرا سىنىپنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىگە تولۇق ئېتىۋار بېرىش بولدى." "شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، بۇرژۇئازىيە ئەنگلىيە ھۆكۈمران سىنىپىنىڭ كىچىككىنە لېكىن ئېتىراپ قىلىنغان بىر قىسمىغا ئايلاندى. مەملىكەت ئىچىدىكى كەڭ ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنى ئېزىش جەھەتتە، ئۇ ھۆكۈمران سىنىپنىڭ باشقا قىسمى بىلەن ئورتاق مەنپەئەتكە ئىگە ئىدى."①

① ئېنگېلس. «سوتسىيالىزمنىڭ خىيالدىن پەنگە راۋاجلىنىشى»، 1976-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 48 — 49-بەتلەر.

پومېشچىك ـ بۇرژۇئازىيە دىكتاتورىسىنىڭ تىكلىنىشى بىلەن، بۇ دىكتاتورىنى ئاقلايدىغان سىياسىي تەلىمات تېخىمۇ مۇكەممەللەشتى. جون لوك (1632 ـ 1704) 1688 ـ يىلدىكى سىياسىي ئۆزگىرىش ۋە پادىشالىق ـ ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم ئۈچۈن نەزەرىيىۋى ئاساس يارىتىپ بەرگەن پەيلاسوپ ئىدى. چارلېس II ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، لوك خۇيگ پارتىيىسىنىڭ ئەگەشكۈچىسى بولۇپ، بىر مەھەل گوللاندىيىدە قېچىپ يۈردى، 1688 ـ يىلدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى. ئۇ «ھۆكۈمەت توغرىسىدىكى ئىككى پارچە ماقالە» (1690 ـ يىلى) دا، پادىشا ھوقۇقىنى خۇدا ئاتا قىلغان دەيدىغان تەلىماتقا قارشى تۇرۇپ، كىشىلەر يارىتىلىش بىلەنلا ياشاش ھوقۇقىغا، ئەركىنلىك ھوقۇقىغا ۋە خۇسۇسىي مال ـ مۈلۈككە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە؛ ھۆكۈمەت بىلەن پۇقرالار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۇلار بىردەك ماقۇل كۆرگەن پۈتۈم ئاساسىغا قۇرۇلغان. ھۆكۈمەت پۇقرالارنىڭ بۇ "تەبىئىي ھوقۇقلىرى"نى قوغدىيالماي قالغان ھەتتا ئۇنىڭغا زىيان سالغان چاغدا! پۇقرالار بۇنداق ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا ھەمدە يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇشقا، شۇ ئارقىلىق يېڭى پۈتۈم مۇناسىۋىتى ئورنىتىشقا ھەقلىق، دەپ ھېساپلىدى. لوك قىلچە يوشۇرمايلا: ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسىي رولى مال ـ مۈلۈكنى قوغداشتىن ئىبارەت، دەپ چۈشەندۈردى. لوك بۇ يەردە ئېيتقان "پۇقرالار" مۈلۈكدارلار يەنى پومېشچىكلار بىلەن بۇرژۇئازىيىنى كۆرسىتىدۇ. ئېنگېلس لوكنى "1688 ـ يىلدىكى سىنىپىي مۇرەسسەچىلىكنىڭ مەھسۇلى" دەپ ئاتىدى.① لوكنىڭ سىياسىي

---

① ئېنگېلس. «ك. شمىتكە يېزىلغان خەت (1890 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ

تەلىماتى 1688 ـ يىلدىن كېيىن قوزغالغان ئەنگلىيە پومېشچىك ـ بۇر ـ ژۇئازىيە دىكتاتۇرىسىنىلا قوغداپ قالماستىن، بەلكى كېيىنكى ياۋروپا ـ ئامېرىكا بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى ئۈچۈن جامائەت پىكرى ھازىرلاپ بەردى.

**كاپىتالىنىڭ ئىپتىدائى جۇغلىنىشىنىڭ كېڭىيىشى** بۇرژۇئازىيە سىياسى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، سىياسى ئۈستقۇرۇلمىسىنىڭ ئەنگلىيىدە ئورنىتىلىشى كاپىتالىزمنىڭ ئىقتىسادىي بازىسىنى مۇستەھكەملىدى، كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. پومېشچىكلار بىلەن بۇرژۇئازىيە تىزگىنلىۋالغان ئىچكى كابىنېت ۋە پارلامېنت ئۆزىنىڭ يەر سىياسىتى، مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتى ۋە تاشقى سىياسىتى ئارقىلىق، جېنىنىڭ بىرىچە كاپىتالىنىڭ ئىپتىدائى جۇغلىنىشىنى كېڭەيتىپ، ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتلەر بىلەن دېڭىز، سودا ۋە مۇستەملىكىچىلىك زومىگەرلىكىنى تالاشتى.

ماركس ئۆزىنىڭ ئۇچـەس ئەسىرى «كاپىتال»دا، ئەنگلىيە پومېشچىكلىرى ۋە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ كاپىتالىنىڭ ئىپتىدائى جۇغلىنىشى جەريانىدىكى جىنايەتلىرىنى ئۇرغۇتۇلغان پولات ـ تەك پاكىتلار ئارقىلىق، غەزەپ بىلەن پاش قىلدى. ماركس مۇنداق دەپ كورسىتىدۇ: "بۇلارنىڭ ھەممىسى فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىغا ئايلىنىش جەريانىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۆتۈش ۋاقتىنى قىسقارتىشتا دۆلەت ھاكىمىيىتىدىن، يەنى مەركەزلەشكەن ۋە ئۇيۇشقان ئىجتىمائى زورلۇقتىن پايدىلاندى."①

---

كۈنى)»، «ماركس ـ ئېنگېلس خەت ـ چەكلىرى»، 1978 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 123 ـ بەت.

① ماركس. «كاپىتال»نىڭ 24 ـ بابى، «ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1981 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 2 ـ توم، 439 ـ بەت.

ئەنگلىيىدە كاپىتالىنىڭ ئىپتىدائىي جۇغلىنىشىنىڭ يەر دائىرىلەش ۋە مۇستەملىكىچىلىك بۇلاڭچىلىقىدىن ئىبارەت ئىككى ئاساسىي مەنبەسى بار ئىدى.

ئىنقىلاپتىن ئىلگىرى يەر دائىرىلەش ئاندا-ساندا، قانۇنسىز ھالدا ئېلىپ بېرىلغان ئىدى؛ ئىنقىلاپتىن كېيىن بولسا، يەر دائىرىلەش پارلامېنتنىڭ قانۇن تۈزۈپ چىقىشى بىلەن، ئاشكارا، كەڭ كۆلەملىك بۇلاڭچىلىق قىلىش يولى بىلەن ئېلىپ بېرىلدى. 1701 — 1760-يىللىرى، پارلامېنت يەر دائىرىلەش توغرىسىدا جەمئىي 208 پەرمان چىقىرىپ، 318 مىڭ ئاكىر يەرنى دائىرىلىۋالدى؛ 1761 — 1801-يىللىرى پەرمانلار كۆپىيىپ 2 مىڭغا يەتتى، دائىرىلىۋېلىنغان يەر 3 مىليون 180 مىڭ ئاكىرغا يەتتى؛ 1801 — 1831-يىللىرى، دېھقانلارنىڭ قولىدىن يەنە 3 مىليون 511 مىڭ 770 ئاكىر جامائەت يېرى تارتىپ كېتىلدى. دېھقانلارغا قارىتىلغان ئاشكارا بۇلاڭچىلىق مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن بىۋاستە ئىشلەپچىقارغۇچىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر قىلدى، شۇنىڭ بىلەن، بىر تەرەپتىن، ئەمگەك كۈچىنى سېتىش يولى بىلەنلا تۇرمۇشىنى قامدايدىغان زور بىر تۈركۈم پرولېتارلار كېلىپ چىقتى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئىگىلىۋالغان بىر ئوچۇم كاپىتالىستلار كېلىپ چىقتى. ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى ئىنتايىن خاراپلىشىپ كەتتى، ھەتتا ئۇششاق يەر ئىگىلىرى ۋە ئۇششاق ئىجارىكەش دېھقانلارنىڭمۇ ئورنى تۆۋەنلەپ مەدىكار ۋە ياللانما ئىشچى بولۇپ قالدى.

كەڭ كۆلەمدىكى يەر دائىرىلەش بىلەن بىللە ئېلىپ بېرىلغىنى دۇنيا مىقياسىدىكى مۇستەملىكىچىلىك بۇلاڭچىلىقى ۋە مۇستەملىكىچى-

لىك كېڭەيمچىلىكى بولدى. 1688 ـ يىلـدىن ئىلگىرى، ئەنـگلىـيە ئىرلاندىيە، ھىندىستان، غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرىدا ۋە شىمالىي ئامېرىكا قۇرۇقـلۇغىـنىڭ ئاتلانـتىك ئوكيان قىرغىقىدا مۇستەملىكە- لەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى: 1688 ـ يىلدىن كېـيىن يەنە غالـجىرلىق بىلەن مۇستەملىكە زىمىنىنى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتتى. ھەممە ئافرىقىدىكى گامبىيە قاتارلىق جايـلاردا "قۇل تۇ- تۇش" پونكىتلىرىـنى قۇردى. ئۇنىڭ تۈرلۈك جايلاردا قولـلانـغان بۇلاڭچىلىق ۋاستىلىرىمۇ تۈرلۈكچە بولدى.

خوشنا دولەت بولغان ئىرلاندىيىگە قارىتا، ئەنگلىيە مۇستەملىكە- چىلىرى ھەربى يول بىلەن بوي سۇنـدۇرۇش يولـدا ئىنتايىن ۋەھ- شىيانە ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، ئىرلاندىيە خەلقىنى تۈركۈم-تۈركۈمـ لەپ قىردى، ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى تارتىۋالـدى، ئىرلاندلارنىڭ بىر قىسمىنى مەجبۇرى چەت ـ ياقا رايونلارغا كوچۇرۇۋەتتى، بىر قىسمىنى قۇل قىلىپ غەربىي ھىنـدى تاقىم ئاراللىرىـدىكى ئېكىنزارلىقـلارغا ئاپىرىپ ئىشلەتتى، قېپ قالغان يەرسىز دىخانلارنى ئۇششـاق ئىجا- رىكەش دىخانغا ئايـلانـدۇرۇپ، مەھـسۇلاتـلىرىـنى تەڭ بولۇشۇش ئۇسۇلى بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى. مىليونلىغان ئىرلاندلار ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ، ياۋروپا ۋە شىمالىي ئامېرىكىغا كوچۇپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. 1801 ـ يىلى، ئەنگلىيە ئىرلاندىيىنى رەسمىي ئۆزىگە قوشىۋېلىپ، بۈيۈك برىتانىيە ـ ئىرلاندىيە بىرلەشـمە پادىـشالىقىـنى قۇردى (شوتلانـدىـيە 1707 ـ يىـلى ئەنگلىيىگە رەسمىي قوشۇلۇپ كەتكەن ئىـدى). بىرنەچچە يۈز يىل مابەينىدە، ئىرلاندىيە خەلقى- نىڭ ئەنگلـىيـگە قارشى كۈرەـشى زادى توختىـماي داۋام قىلىپ كەلدى.

غەربىي ھىندىستاندىكى باربادوس (1627-يىلى بېسىۋېلىنغان) ۋە يامايكا (1655-يىلى بېسىۋېلىنغان) قاتارلىق ئاراللاردا ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى چوڭ شېكەر قومۇچ ئېكىنزارلىقلىرىنى ئېچىپ، ئافرىقىدىن توشۇپ كېلىنگەن زور تۈركۈمدىكى نېگىرلارنى قۇللارچە ئەمگەك قىلىشقا مەجبۇرلاپ، ئۇلارنىڭ ئاخىرقى بىر تامچە قان-تېرىنى قويماي شورىدى، نېگىرلار بىرنەچچە يىلغا قالماي ئازاپلىنىپ ئۆلەتتى. يالغۇز يامايكا ئارىلىدا 1700 — 1786-يىللىرى تولۇقلانغان نېگىر قۇللار 600 مىڭدىن ئارتۇق بولدى. نېگىرلار شېكەر قومۇچ ئېكىنزارلىقلىرىدا ئىشلەپ غايەت زور مىقداردا بايلىق ياراتتى، 1713 — 1792-يىللىرى، ئەنگلىيە بۇ ئاراللاردىن بۇلاپ ئىمپورت قىلغان تاۋارلار (ئاساسلىقى شېكەر)نىڭ قىممىتى 160 مىليون فوڭت ستېرلىڭغا يەتتى (مۇشۇ 80 يىل ئىچىدە ھىندىستان ۋە جۇڭگودىن ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلارنىڭ قىممىتى 104 مىليون فوڭت ستېرلىڭ بولدى). 1790-يىلى، غەربىي ھىندىستاندىكى ئەنگلىيە ئىشغال قىلىۋالغان ئاراللاردىن ئەنگلىيىگە كىرگۈزۈلگەن تاۋارلار ئەنگلىيىگە چەتتىن كىرگۈزۈلگەن تاۋارلار ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 4 تىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلدى. ئەنگلىيىنىڭ مۇھىم پورتلىرى، مەنچېستېر، لىۋېرپۇل، پلىموت ۋە برىستولىلارنىڭ گۈللىنىشى دەل قۇللارنى ۋە قۇللار ئىشلىگەن تاۋارلارنى ئېلىپ سېتىش ئاساسىغا قۇرۇلغان.

ھىندىستانغا قارىتىلغان بۇلاڭچىلىق تېخىمۇ كىشىنى چۆچۈتەرلىك دەرىجىگە يەتتى. 1757-يىلى، ئەنگلىيە تاجاۋۇزچى قوشۇنى پارچىلاشتەك رەزىل ۋاستىلەر ئارقىلىق، پلاسسېيدا ھىندىستان قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلدى، شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، ئەنگلىيە بېنگال،

بخار ۋە ئورىسسالارغا ھوكۇمرانلىق قىلغۇچى بولۇپ قالىدى ھەمدە ھىندىستانىنىڭ باشقا جايلىرىنى ئاستا ـ ئاستا يۇتۇۋېلىشقا باشلىدى. 1757 ـــ 1815 ـ يىللىرى، ئەنگلىيە ھىندىستاندىن جەمئى بىر مىليارت فۇنت ئىستېرلىڭچە بايلىقنى شۇلىۋالدى، ئۇنىڭدىكى ھەر بىر پىنسقا ھىندىستان ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئىسسىق قېنى سىڭگەن!

ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى شىمالىي ئامېرىكىغا كېڭەيمىچىلىك قىلىشتا، ئەڭ دەسلەۋىدە ئاتلانتىك تېپىش ۋە غەربىي شىمال تەرەپـ تىن شەرققە بارىدىغان دېڭىز يولىنى ئىزلەشنى مەقسەت قىلغان ئىدى. 1607 ـــ 1733 ـ يىللىرى، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئاتلانتىك ئوكياننىڭ قىرغىقىدا 13 مۇستەملىكە قۇردى. ئەنگلىيە ھوكۇمىتى «سودا ۋە دېڭىز قاتىنىشى قانۇنى» ئارقىلىق مۇستەملىكىلىرىدىكى سودا ـ سانائەتنىڭ راۋاجلىنىشىنى چەكلەپ، كۈچىنىڭ بېرىچە شىما ـ لىي ئامېرىكىنى ئۆزىنىڭ خام ئەشيا بازىرىغا ۋە ئۆز تاۋارلىرىنى ساتىدىغان بازارغا ئايلاندۇردى.

18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئەنگلىيە ھىندىستاننىڭ بېنگال دېگەن جايىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، شەرقىي ئاسىيادا ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىچى كۈچلىرىنى كېڭەيتىشكە تىرىشتى. 1793 ـ يىلى ئەنگلىيە ئەۋەتكەن ئالاھىدە ئەلچى ماكورنېي لوردنى چيەنلوڭنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەش نامىدا، كوپلىگەن سوغاتلار بىلەن بېيجىڭغا ئەۋەتىپ، جۇڭگو بازارىنى ئىگىلىۋېلىش غەرىزىدە، چىڭ خاندانلىقى ھوكۇمىتىگە بېيجىڭدا سودا سارىيى ئېچىش، نىڭبو، دىڭخەي ۋە تيەنجىننى سودا پورتى قىلىپ ئېچىپ بېرىش، جۇڭگرا بېيجىنى تۇۋەنلىتىش، "ھوكۇمەت باشقۇرىدىغان كەسپداشلار جەمئى يىتى"نى ئەمەلدىن قالدۇرۇش دېگەنگە ئوخشاش "سودا شارائىتىنى

ياخشىلاش» تەلەپلىرىنى قويدى، بۇلارنى چيەنلۇك رەت قىلدى. ئەنگلىيە تېخىمۇ كۆپ پايدىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ھىندىستاندىن جۇڭگوغا ئەپيۇن كىرگۈزۈپ توكىمە قىلىپ سېتىشقا باشلىدى. بۇ جىنايى ھەركەت جۇڭگو خەلقىغە ئېغىر بالايى-ئاپەت كەلتۈردى.

ئەنگلىيىنىڭ دۇنيا مىقياسىدا ئېلىپ بارغان مۇستەملىكىچىلىك بۇلاڭچىلىقى ۋە كېڭەيمىچىلىكى ئۇنىڭ بىلەن باشقا مۇستەملىكىچى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا كەسكىن زىددىيەت پەيدا قىلدى. 16-ئەسىردىن تارتىپ 18-ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا، ئۇ دېڭىزدا ۋە مۇستەملىكىلەردە زومىگەرلىك قىلىش ھوقۇقىنى تالىشىش يۈزىسىدىن ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئىسپانىيە، گوللاندىيە ۋە فرانسىيە بىلەن كۆپ قېتىم ئۇرۇش قىلدى. 16-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 17-ئەسىرنىڭ بېشىدا، بىر مەھەل زومىگەر بولغان ئىسپانىيە ئىمپېرىيىسى، ئەنگلىيە بىلەن گوللاندىيىنىڭ زەربىسى ئاستىدا، زاۋالغا يۈز تۇتۇشقا باشلىدى. 17-ئەسىرگە كەلگەندە، بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنى بېشىدىن كەچۈرگەن گوللاندىيىنىڭ ئەنگلىيە بىلەن بولغان زىددىيىتى كەسكىنلەشتى، ئەنگلىيە بىلەن گوللاندىيە ئوتتۇرىسىدا 3 قېتىم ئۇرۇش بولدى (1652—1654، 1664—1667، 1672—1674)، گوللاندىيە ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، ئەنگلىيىنىڭ «دېڭىز قاتنىشى نىزامنامىسى»نى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. گوللاندىيە ئۆز كۆچمەنلىرىنى شىمالىي ئامېرىكىدىكى يېڭى نىدېرلاند (يەنى كېيىنكى نيۇ-يورك) دىنمۇ ئېلىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى.

1688-يىلدىن كېيىن، ياۋروپانىڭ ۋەزىيىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولدى؛ گوللاندىيىنىڭ ھاكىمى ۋىلىيام ئەنگلىيىنىڭ پادىشاسى بولۇپ، ئەنگلىيە بىلەن گوللاندىيىدىن ئىبارەت ئىككى كاپىتالىستىك

www.uyghurkitap.com

دولەت بىرلىشىپ فرانسىيىنىڭ كېڭەيمىچىلىك كۈچلىرىگە تاقابىل تۇردى؛ فرانسىيە ياۋروپا بويىچە زومىگەرلىك ئورنىغا ئېرىشىش كويىدىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ھىندىستان ۋە ئامېرىكا قىتئەسىدە مۇستەملىكە زېمىننى كېڭەيتمەكچى بولدى. شۇنداقلا فرانسىيە پادىشاسى لۇئى XIV يەنە ئاغدۇرۇلغان ئەنگلىيە پادىشاسى جامېس II نىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ تىرىلىش سۈيىقەستىنى پاتال قوللىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئەنگلىيە بىلەن گوللاندىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، ئىككى دولەت ئوتتۇرىسىدا سىياسى، ئىقتىسادىي جەھەتتە، دېڭىزدا ۋە قۇرۇقلۇقتا ئومۇمى يۈزلۈك توقۇنۇش يۈز بەردى. 1689 — 1763 - يىللىرى، ئەنگلىيە باشچىلىقىدىكى تەرەپ بىلەن فرانسىيە باشچىلىقىدىكى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئۇزاق ۋاقىت داۋام قىلغان ئۇرۇش بولدى، نەتىجىدە كاپىتالىستىك دولەت بولغان ئەنگلىيە فېودالىق دولەت بولغان فرانسىيىنى مەغلۇپ قىلدى. ئىسپانىيىدە پادىشالىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىش يۈزىسىدىن 1701 — 1713 - يىللىرى ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇش ئارقىلىق، ئەنگلىيە گىبرال- تار بىلەن منوركانى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ غەربىي قىسمىنى تىزگىنلىۋالدى؛ ئۇ شىمالىي ئامېرىكىدا يېڭى سكوتىيا، نيۇفېندلاند ۋە خۇدسون قولتۇقى قىرغى- قىدىكى جايلارنى ئىگىلىۋالدى. ئۇ يەنە ئىسپانىيىنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىدىكى مۇستەملىكىلىرىگە نېگىر قۇللارنى توشۇپ كېلىش مەنپەئەتدارلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، ھەر يىلى 4 مىڭ 800 ئادەم توشۇپ كەلدى. ئەنگلىيە قۇللارنى ئېلىپ ساتىدىغان ئەڭ چوڭ سودىگەر بولۇپ، ئافرىقا خەلقى ئالدىدا چېكىدىن ئاشقان

uyghurkitap.com

جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزدى. ئەنگلىيىنىڭ قۇللارنى ئېلىپ ساتىدىغان سودىگەرلىرى ئەنگلىيىدىن چىقىپ ئافرىقا ئارقىلىق ئامېرىكا قىتئەسىگە بېرىپ، ئاندىن ئەنگلىيىگە يېنىپ كېلىدىغان ئاتالمىش 3 بۇرجەكلىك سودا ئارقىلىق تازا بېيىپ كەتتى. ئەنگلىيە 1756-يىلدىن 1763-يىلغىچە 7 يىل داۋام قىلغان ئۇرۇش ئارقىلىق، فرانسىيىنىڭ قولىدىن كانادانى ۋە مىسسىسىپى دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى يەرلەرنى (غەربىي قىرغىقى ئىسپانىيىگە تەئەللۇق ئىدى) تارتىۋالدى؛ ھىندىستاندا فرانسىيىنىڭ مۇستەملىكىچى كۈچلىرىنى چەتكە قېقىپ، ئۇنى دېڭىز بويىدىكى، مۇداپىيە كورۇش مەنئىي قىلىنغان 5 پورت بىلەن چەكلەپ قويدى. 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئەنگلىيە يەنە ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىچى كۈچلىرىنى ئوكيانىيىگە كېڭەيتىپ، ئاۋستىرالىيە ۋە يېڭى زېلاندىيىنى پارچىلاپ-پارچىلاپ يۇتۇۋېلىشقا باشلىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىدىن كېيىن يۈز يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، ياۋروپادىكى بىرزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان ئىككىنچى قاتاردىكى ئارال دۆلىتىدىن ئەڭ چوڭ كاپىتالىستىك مۇستەملىكىچى دۆلەتكە ئايلاندى. ئەنگلىيە پومېشچىكلىرى، كاپىتالىستلىرى ئۆز مەملىكىتىدىكى ئەمگەكچى خەلقتىن ۋە مۇستەملىكە خەلقلىرىدىن شۇلۇۋالغان بايلىقنى غايەت زور مىقداردىكى كاپىتالغا ئايلاندۇردى؛ ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانلارنىڭ يوقىلىشى كاپىتالىستىك يېرىك سانائەتنى "ئەركىن" ئەمگەك كۈچلىرى بىلەن تەمىنلىدى؛ سانائەت بۇيۇملىرىغا بولغان ئېھتىياجنىڭ كۆپىيىشى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنىڭ ياخشىلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. ئەنگلىيىدە مۇشۇ شەرتلەر ھازىرلانغانلىقى ئۈچۈن، 18-ئەسىرنىڭ

60-يىللاردىن تارتىپ، كاپىتالىستىك سانائەت ئىنقىلابى باشلاندى.

## سانائەت ئىنقىلابى ۋە پرولېتارىياتنىڭ شەكىللىنىشى

سانائەت ئىنقىلابى كاپىتالىزم تەرەققىيات تارىخىدىكى بىر مۇھىم باسقۇچ بولۇپ، ئۇ قول سانائەت ئىشخانىلىرىدىن چوڭ ماشىنا ئىشلىتىلىدىغان زاۋۇتلارغا ئۆتۈشتىكى بىر سەكرەش، شۇنداقلا ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىدە بولغان زور ئۆزگىرىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئېنگېلس ئۆزىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلاردا يازغان «ئەنگلىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەھۋالى» (1845-يىل) دېگەن ئەسىرىدە، سانائەت ئىنقىلابىنىڭ غايەت زور تارىخىي ئەھمىيىتىنى تۇنجى قېتىم ئىلمىي يوسۇندا چۈشەندۈرۈپ بەردى. ماركس «كاپىتال»دا، ئەنگلىيىنى تىپىك مىسال قىلىپ تۇرۇپ، كاپىتالىستىك يىرىك سانائەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتى ۋە ئاقىۋىتىنى شەرھلەپ بەردى. لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "قول سانائەت ئىشخانىلىرىدىن زاۋۇتلارغا ئۆتۈش تېخنىكىدا تۈپ ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ...... تېخنىكىدىكى بۇ ئۆزگىرىش بىلەن بىللە كېلىدىغىنى مۇقەررەر شۇنىڭدىن ئىبارەتكى: ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئەڭ قاتتىق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ، ئىشلەپچىقىرىشقا قاتناشقۇچىلارنىڭ تۈرلۈك گۇرۇھلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۈزۈل-كېسىل بۆلۈنۈش بولىدۇ، ئەنئەنىلەر بىلەن بولغان ئالاقە تامامەن ئۈزۈلىدۇ، كاپىتالىزمنىڭ بارلىق قاراڭغۇلۇق تەرەپلىرى كۆپىيىدۇ ۋە كېڭىيىدۇ، شۇنىڭدەكلا كاپىتالىزم كاساپىتىدىن ئەمگەك زور مىقداردا ئىجتىمائىيلىشىدۇ"①.

① لېنىن. «روسىيىدە كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتى». «لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 3-توم، 411-بەت.

18 ـ ئەسىردىن كېيىن، ئەنگلىيىنىڭ قول سانائەت ئىشخانىلىرىدا تېخنىكا جەھەتتە ئىنچىكە ئىش تەقسىماتى بارلىققا كەلدى، ئىشلەپچىقىرىش جەريانلىرى ئاددىيلاشتۇرۇلۇپ، قول ئەمگىكىنىڭ ئورنىغا ماشىنىلارنى ئىشلىتەلەيدىغان دەرىجىگە يەتكۈزۈلدى. ئەمەلىي تەجرىبىگە باي بولغان مەلىكىلىك ئىشچىلار ۋە تېخنىكلار كۆپلەپ مەيدانغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، "بۇرژۇئازىيە ئۆزىنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، تەبىئەت جىسىملىرىنىڭ فىزىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى ۋە تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ پائالىيەت ئۇسۇللىرىنى تەكشۈرىدىغان پەنگە مۇھتاج ئىدى."①
شۇنىڭ ئۈچۈن ئەنگلىيىدە ئاتاقلىق ماتېماتىك ۋە فىزىك نيۇتون (1642—1727) بارلىققا كەلدى، ئۇ گالىلېينىڭ تەتقىقاتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، بارلىق ماددى ھەركەتلەرنى ماتېماتىكا تەڭلىمىلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەشكە تىرىشتى.

ئەنگلىيىدە سانائەت تېخنىكىسىدىكى ئىسلاھات يېنىك سانائەتنىڭ پاختا توقۇمىچىلىق تارماقلىرىدىن باشلاندى. كەشپ قىلغۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئىشچىلار ۋە تېخنىكلار بولدى. 1733 ـ يىلى، مىخانىكنىڭ كايى ئۇچقۇر موكا بىلەن رەخت توقۇش ئۇسۇلىنى كەشپ قىلىپ، رەخت توقۇش سۈرئىتىنى زور دەرىجىدە تېزلەتتى، بۇ ھال پاختا يىپ قىسچىلىقىنى پەيدا قىلىپ، يىپ ئىگىرىش تېخنىكىسىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. 1764 ـ يىلى، رەخت توقۇش ئىشچىسى ھاگرىۋوس قول بىلەن ھەركەتلەندۈرۈلە-

---

① ئېنگېلس. «سوتسىيالىزمنىڭ خىيالدىن پەنگە راۋاجلىنىشى». 1976 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 419 ـ بەت.

دىغان يىپ ئىگىرىش ماشىنىسىنى ياساپ چىقىپ، ئۇنى ئۆز قىزىنىڭ ئىسمى بىلەن "ژېننى ماشىنىسى"① دەپ ئاتىدى. بۇ ماشىنا بىلەن بىرلا ۋاقىتتا 16 دىن 18 غىچە ئۆرچۈك يىپنى ئىگىرگىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ يېتەرسىزلىكى شۇكى، ئۇنىڭ بىلەن ئىگىرىپ چىقىلغان يىپ ئىنچىكە بولۇپ، ئاسان ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ. 1769-يىلى، ئاركرايت باشقىلارنىڭ كەشپىياتىنى ئوغرىلاپ، سۇ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان يىپ ئىگىرىش ماشىنىسىنى ياساپ چىقتى. 1771-يىلى، ئۇ مانچېستېردا تۇنجى پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنى قۇردى، بۇ ئەنگلىيە بويىچە تۇنجى فابرىكا ئىدى. سۇ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان يىپ ئىگىرىش ماشىنىسىنىڭ ھەر بىرىدە 10 دانە ئۆرچۈك بار ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن ئىگىرىپ چىقىلغان يىپ تومراق، پىششىق بولاتتى. 1779-يىلى، كرومپتون دېگەن ئىشچى ژېننى ماشىنىسى ۋە سۇ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان يىپ ئىگىرىش ماشىنىسىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، "مارىي" (خېچىر) يىپ ئىگىرىش ماشىنىسىنى كەشىپ قىلدى، بۇ ماشىنا بىلەن ئىگىرىپ چىقىلغان يىپ ھەم ئىنچىكە ھەم چىدامىلىق ئىدى، ئۇ بىر قېتىم ئاپلىنىشتا 3—4 يۈز ئۆرچۈكنى ھەرىكەتلەندۈرەلەيتتى. رەخت توقۇش ماشىنىسىنىڭ نىسبەتەن قالاقلىق ھالىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، 1785-يىلى كارترايت دېگەن بىر ئىنژېنېر سۇ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان رەخت توقۇش ماشىنىسىنى كەشىپ قىلىپ، رەخت توقۇش ئۈنۈمىنى 40 ھەسسە ئۆستۈردى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ كەڭ كۆلەملىك رەخت توقۇش فابرىكىلىرى بارلىققا كەلدى.

① ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ ئىسمى دېگەن گەپمۇ بار.



ۋات كەشپ قىلغان تۇنجى پار ماشىنىسى

بىر تېخنىكىنىڭ كەشپ قىلىنىشى يەنە بىر تېخنىكىنىڭ كەشپ قىلىنىشىغا تۈرتكە بولدى، بىر ئىشلەپچىقىرىش تارمىقىدىكى يېڭىلىق يەنە بىر ئىشلەپچىقىرىش تارمىقىدىكى يېڭىلىققا تۈرتكە بولدى، سۇ كۈچىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىدىغان ماشىنىلار ئىشلىتىلىدىغان زاۋۇتلارنى پەقەت دەريا بويلىرىغا قۇرۇشقا توغرا كەلگەچكە، جۇغراپىيە ۋە پەسىل جەھەتلەردە چەكلىمىگە ئۇچرايتتى. 1769-يىلى، شاگىرتلىقتىن كېلىپ چىققان شوتلاندىيە مېخانىكى جامېس ۋات (1736—1819) بۇرۇنقىلارنىڭ كەشپىياتلىرى ئاساسىدا، تۇنجى پار ماشىنىسىنى ياساپ چىقتى؛ 1782-يىلى، ئۇ يەنە بىرلەشمە پار ماشىنىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ چىقتى، ئۇنىڭدا سۈمبىلاش ھەرىكىتى ئايلانما ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇلدى. ۋاتنىڭ پار ماشىنىسى ئىشلىتىلىدىغان تۇنجى يىپ ئىگىرىش فابرىكىسى 1784-يىلى قۇرۇلدى. پار ماشىنىسى باشقا سانائەت تارماقلىرىدىمۇ كەڭ قوللىنىلدى ھەمدە ياۋروپا قۇرۇقلۇقىغا تارالدى، بۇنىڭ بىلەن سانائەتنىكى ئىش-



19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئەنگلىيە گاز زاۋۇدى

لەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلدى.

ماشىنا سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى تۆمۈر ئېرىتىش ۋە كۆمۈر قېزىش سانائەتلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى، شۇنداقلا قاتناش - ترانسپورتتىكى يېڭىلىقلارغىمۇ تۈرتكە بولدى. 1819 - يىلى، تۇنجى پار پاراخودى ئاتلانتىك ئوكيانىنى كېسىپ ئۆتتى؛ 1825 - يىلى، تۇنجى تۆمۈريول ئەنگلىيىدە سىناق قىلىندى. قاتناش - ترانسپورت ئىش - لىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۆز نۆۋىتىدە كۆمۈر، تۆمۈر سانائەتلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. لېكىن، 19 - ئەسىرنىڭ 30 - يىل - لىرىغىچە، چوڭ ماشىنىلار ئىشلىتىلىدىغان زاۋۇتلار پەقەت توقۇمىچى - لىق تارماقلىرى بىلەنلا چەكلەندى، 40 - يىللاردىن كېيىن ئاندىن ئېغىر سانائەت تارماقلىرىغا كېڭەيتىلدى.

سانائەت ئىنقىلاۋى ئارقىسىدا ئەنگلىيەدە ئىشلەپچىقىرىش غايەت زور دەرىجىدە ئاشتى، پاختا توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى 1785-يىلى 40 مىليون يارد (بىر يارد 0.9144 مېترغا تەڭ) بولغان بولسا، 1850-يىلى 2 مىليارت ياردقا يەتتى؛ كۆمۈر مەھسۇلاتىنىڭ مىقدارى 1800-يىلى تەخمىنەن 10 مىليون توننا، 1830-يىلى 15 مىليون توننا بولغان بولسا، 1850-يىلى 49 مىليون تونىنغا يەتتى؛ تۆمۈر مەھسۇلاتىنىڭ مىقدارى 1800-يىلى 250 مىڭ توننا، 1830-يىلى 680 مىڭ توننا بولغان بولسا، 1850-يىلى 2 مىليون 250 مىڭ تونىنغا يەتتى.

ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيەسى ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ دېڭىزدىكى، سودا جەھەتتىكى ۋە مۇستەملىكىلەردىكى زومىگەرلىك ئورنىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى دۇنيا بازارلىرىغا بولۇپمۇ مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكىلەرگە ئېلىپ بېرىپ سېتىش ئارقىلىق، مۇستەملىكىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ تاۋارلىرىنى چەتكە قاقتى. ھىندىستان ئەسلىدە ئەنگلىيەگە سېپتا پاختا توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرىنى چىقىراتتى، ئەمما سانائەت ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، ئەنگلىيەنىڭ پاختا توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى ھىندىستاندا كۆپلەپ سېتىلدى، 1820-يىلى ھىندىستانغا چىقىرىلغان پاختا توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى 11 مىليون يارد بولغان بولسا، 1840-يىلغا بارغاندا تازا كۆپىيىپ 145 مىليون ياردقا يەتتى، دېمەك ئەنگلىيەنىڭ لانكاشىر كاپىتالىستلىرى ھىندىستاننىڭ پاختا توقۇمىچىلىق سانائىتىنى ئۈزۈل-كېسىل ۋەيران قىلىۋەتتى. ئاسىيا، ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسى ئەللىرىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش تەقدىرگە قالدى. 1820-يىلى، ئەنگلىيەنىڭ ياۋروپاغا چىقارغان پاختا توقۇمىچىلىق

بۇيۇملىرى 128 مىليون يارد بولغان بولسا، 1840 ـ يىلى 200 مىليون ياردقا يەتتى؛ ھالبۇكى، ئۇنىڭ يەنە شۇ مەزگىلدە ئاسىيا، ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىغا چىقارغىنى 80 مىليون ياردىدىن كۆپىيىپ 529 مىليون ياردقا يەتتى. مۇستەملىكىلەر ئەنگلىيە پاختا توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرىنى ساتىدىغان بازارلارغا ۋە پاختا بىلەن تەمىنلەيدىغان بازىلارغا ئايلىنىپ قالدى. ئەنگلىيە پۈتۈن دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى بولۇپ قالدى. ئەنگلىيىنىڭ باشقا كاپىتالىستىك دۆلەتلەر بىلەن بولغان رىقابىتىمۇ بارغانسېرى كەسكىنلەشتى.

سانائەت ئىنقىلابى ئەنگلىيىنىڭ ئىگىلىك ۋە ئاھالە جايلىشىش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتتى. ئەسلىدە ئىگىلىكى قالاق، ئاھالىسى ئاز بولغان غەربىي شىمال بۇ چاغدا پاختا توقۇمىچىلىق سانائىتى ۋە كۆمۈر ـ تۆمۈر سانائىتىنىڭ مەركىزى بولۇپ قالدى، مانچېستېر، بىرمىنگام، لىۋېرپۇل، گلاسگو، نيۇكاسىلغا ئوخشاش يېڭى سانائەت شەھەرلىرى تېزلىكتە يېتىشىپ چىقتى. 1801 ــ 1851 ـ يىللىرى، ئەنگلىيىنىڭ ئاھالىسى 10 مىليون 900 مىڭدىن كۆپىيىپ 21 مىليون (ئىرلاندىيىدىكىسى بۇنىڭ سىرتىدا)غا يەتتى، 1851 ـ يىلغا يەتكەندە، شەھەر ئاھالىسى يېزا ئاھالىسىدىن ئېشىپ كەتتى، ئىشچىلارنىڭ سانى 4 مىليون 800 مىڭغا يەتتى.

كاپىتالىستىك سانائەت ئىنقىلابى بىلەن سوتسىيالىستىك سانائەتلەشتۈرۈش ئوتتۇرىسىدا ئورتاق تۈپ پەرقلەر بار، ئەمما ئەڭ ماھىيەتلىك پەرق شۇكى، سوتسىيالىستىك سانائەتلەشتۈرۈشتە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى مۇستەھكەملەش، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش مەقسەت قىلىنىدۇ؛

كاپىتالىستىك سانائەت ئىنقىلاۋىدا بولسا، بۇرژۇئا دىكتاتۇرىسىنى كۈچەيتىش، كاپىتالىستلار ئالىدىغان پايدىنى كۆپەيتىش، ئۆز دۆلىتىدىكى ۋە چەتئەللەردىكى خەلق ئۈستىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيىنى كۈچەيتىش مەقسەت قىلىنىدۇ. ئېنگېلس «ئەنگلىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەھۋالى» دېگەن ئەسەردە، ماركس «كاپىتال»دا ئەنگلىيە زاۋۇت، كانلىرىدىكى كاپىتالىستلارنىڭ ئىشچىلار بولۇپمۇ ئايال ئىشچىلار ۋە بالا ئىشچىلار ئۈستىدىكى دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە زۇلمى ئۈستىدىن غەزەپ بىلەن شىكايەت قىلدى. ئۇ يەردە ئون ياشقا توشمىغان بالىلار رەھىمسىز تۈردە زاۋۇت ۋە كانلارغا كىرگۈزۈلۈپ، كۈنىگە 10 نەچچە سائەت ئەمگەك قىلدۇرۇلاتتى. ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ئىنتايىن ناچار ئىدى، ئەر-خوتۇن،



كان قۇدۇقىغا چۈشۈۋاتقان ئايال ئىشچىلار



خاڭدا ئەمگەك قىلىۋاتقان بالا ئىشچىلار

ئوغۇل-قىزلار ۋە نەۋرىلەر بولۇپ بىرنەچچە ئەۋلات كىشى كىچىك
بىر ئويدە قىسىلىپ ئولتۇراتتى؛ زاۋۇتلاردا ھاۋا ئالماشتۇرۇش ئۈسكۈ-
نىسى زادىلا يوق ئىدى. دۇنيا بويىچە سانائەتتە ئەڭ تەرەققىي
قىلغان ئەنگلىيە كەمبەغەللەر مەھەللىسى ئەڭ مەركەزلەشكەن،
خولىرا، چېچەك، كېزىك ۋە سىل قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللەر
تارقىلىپ يۈرگەن جايغا ئايلىنىپ قالدى. كاپىتالىستلار ئەر ئىشچى-
لارنى ئايال ئىشچىلار بىلەن، ئەنگلىيىلىك ئىشچىلارنى شوتلاندىيە-
لىك ئىشچىلار بىلەن چەتكە قېقىپ، شۇ ئارقىلىق ئىش ھەققىنى
تۆۋەنلىتىپ، ئىشچىلار سىنىپىدا پارچىلىنىش پەيدا قىلاتتى.
يېزىلاردىكى ئائىلە قول سانائىتىنىڭ ماشىنا ئىشلىتىلىدىغان زاۋۇتلار
تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنىشى نەتىجىسىدە، يەنە زور بىر تۈركۈم
ئىشسىزلار زاپاس قوشۇنى پەيدا بولدى. جەمئىيەتنىڭ ئىككى قۇتۇپقا
بۆلۈنۈشى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى: بىر تەرەپتە ئىشلەپچىقىرىش
ۋاستىلىرىنى ئىگىلىۋالغان بۇرژۇئازىيە، يەنە بىر تەرەپتە ئىككى
قولىدىن باشقا ھېچنېمىسى بولمىغان پرولېتارىيات تۇراتتى.

سانائەت ئىنقىلابى غايەت زور ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى
ياراتتى، لېكىن ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم نەتىجىسى ئىشلەپچىقىرىش

مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىدىن ئىبارەت بولدى: يېقىنقى زامان سانائەت بۇرژۇئازىيىسى بىلەن سانائەت پرولېتارىياتى تۇنجى قېتىم تارىخ سەھنىسىگە چىقتى. يىرىك ماشىنىلار ئىشلىتىلىدىغان سانائەتنىڭ قۇرۇلۇشى سىنىپىي كۈرەش ۋەزىيىتىدە تۈپ ئۆزگىرىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت كەسكىنلەشتى: سانائەت كاپىتالىستلىرى بىلەن پۇل مۇئامىلە، يەر ۋە سودا كاپىتالىستلىرىنىڭ قارىمۇ-قارشىلىقى كۈندىن-كۈنگە كۈچەيدى، سانائەت كاپىتالىستلىرى سودا ساھەسىدىكى بارلىق مەنپەئەتدارلىق شىركەتلىرى (مەسىلەن شەرقىي ھىندىستان شىركىتى)نىڭ ئىمتىيازلىرىنى بىكار قىلىش، چېگرا بېجىنى تۆۋەنلىتىش، ئەركىن سودىنى ئۈزۈل-كېسىل يولغا قويۇشنى بولۇپمۇ دۆلەت ھاكىمىيىتىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشنى تەلەپ قىلدى. ئېنگېلس مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: "يىرىك سانائەت يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ...... ئەنگلىيىدە يەر ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن بۇرژۇئازىيىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى سىنىپنىڭ ھۆكۈمرانلىق تالىشىش تەلەپلىرىنىڭ ئەنگلىيىدىكى پۈتۈن سىياسىي كۈرەشنىڭ مەركىزى بولغانلىقى ھەممىگە مەلۇم."① 1815—1832-يىللار بۇ كۈرەش ئەڭ كەسكىن بولغان يىللار بولدى.

لېكىن، "بۇرژۇئازىيە ئۆزىنى ھالاك قىلىدىغان قورال ياساش بىلەنلا قالمىدى؛ ئۇ يەنە بۇنداق قورالنى ئىشلىتىدىغان كىشىلەرنى — ھازىرقى زامان ئىشچىلىرىنى يەنى پرولېتارلارنى ۋۇجۇتقا

---

① ئېنگېلس. «لىيۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە نېمىس كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى»، 1975-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 75-بەت.

كەلتۈردى."① پرولېتارىيات ئازاپ-ئوقۇبەت تارتىدىغان سىنىپلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئازاتلىققا چىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان سىنىپ؛ ئۇ-بۇرژۇئازىيىنىڭ گوركارى. پرولېتارىيات دۇنياغا كەلگەن كۈندىن تارتىپلا بۇرژۇئازىيىگە قارشى كۆرەشنى باشلىدى. ئەنگلىيە ئىشچىلار سىنىپى 18-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدىلا كاپىتالىستلارنىڭ زۇلمىغا ماشىنىلارنى چېقىۋېتىش ۋە زاۋۇت بىنالىرىنى بۇزۇۋېتىش قاتارلىق كۆرەش ئۇسۇللىرى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن ئىدى. 1811—1812-يىللىرى، لۇدنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان ماشىنا چېقىش ھەرىكىتى (لۇد ھەرىكىتى) نوتتىنھام، لانكاشىر، يورك قاتارلىق ۋىلايەتلەردە يۇقىرى پەللىگە يەتتى. ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرى 1824-يىلى ھۆكۈمەتنى ئىشچىلارنىڭ تەشكىلاتقا ئۇيۇشۇشىنى مەنئى قىلىش قانۇنىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. 1829-يىلى، توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ تۇنجى مەملىكەتلىك تەشكىلاتى قۇرۇلدى. "1830-يىلدىن باشلاپ، بۇ ئىككى دۆلەتتە (ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە كۆزدە تۇتۇلىدۇ) ئىشچىلار سىنىپى، يەنى پرولېتارىيات، ھۆكۈمرانلىقنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن كۆرەشكۈچى ئۈچىنچى جەڭچى، دەپ ئېتىراپ قىلىندى...... بۇ 3 چوڭ سىنىپنىڭ (يەرئاقسۆڭەكلىرى، بۇرژۇئازىيە ۋە پرولېتارىيات كۆزدە تۇتۇلىدۇ) كۈرىشى ۋە ئۇلارنىڭ مەنپەئەت توقۇنۇشلىرى ھازىرقى زامان تارىخىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، ئاز دېگەندىمۇ ئەڭ ئالغا كەتكەن بۇ

① ماركس-ئېنگېلس. «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»، 1971-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 54-بەت.

ئىككى دولەتنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىنىڭ ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچى".①

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، پرولېتارىيات مۇستەقىل سىياسىي كۈچ بولۇش سۈپىتى بىلەن تارىخ سەھنىسىگە چىقتى.

## 3-بۆلۈم ئامېرىكا مۇستەقىللىق ئۇرۇشى (1775—1783)

ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك بۇلاڭچىلىقى ۋە سىرتقا قىلغان كېڭەيمىچىلىكى ئۇنىڭ مۇستەملىكە خەلقلىرى بىلەن بولغان زىددىيەتلىرىنى كەسكىنلەشتۈردى. ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ توقۇنۇشى ۋە ئالىشىشى شىمالىي ئامېرىكىدىكى مۇستەملىكە خەلقلىرىنىڭ ئەنگلىيىگە قارشى كۈرىشى ئۈچۈن پايدىلىق شەرت-شارائىت يارىتىپ بەردى. ئەنگلىيە فرانسىيە بىلەن قىلغان ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇش داۋامىدا ئۆزىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى خوراتتى. 7 يىل داۋام قىلغان ئەنگلىيە-فرانسىيە ئۇرۇشى ئاياقلاشقاندىن كېيىن، ئەنگلىيە ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھوكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ۋە بىر قىسىم قەرزلىرىنى مۇستەملىكە خەلقلىرىگە ئارتىپ قويۇش ئۈچۈن، شىمالىي ئامېرىكىدىكى مۇستەملىكىلەرگە قارىتا ۋەھشىيلەرچە ئېزىشنى چىڭىتىپ، تىزگىنلەش ۋە بۇلاڭ-تالاڭنى كۈچەيتتى. ئەنگلىيىنىڭ تەتۈرلۈكلىرى شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئىنقىلاۋىي خەلقنىڭ غەزەپلىك قارشىلىقىنى قوزغاپ،

① ئېنگېلس. «لىۋدۋىگ فېيېرباخ ۋە نېمىس كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى»، 1975-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 75—76-بەتلەر.

ئامېرىكا مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشىغا سەۋەبچى بولدى.

**شىمالىي ئامېرىكىنىڭ ھەقىقىي خوجايىنى** ئەنگلىيىنىڭ شىمالىي ئامېرىكىدا قۇرغان تۇنجى مۇستەملىكىسى ۋىرگىنىيە بولدى (1607-يىل). بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، ئەنگلىيە ئاتلانتىك ئوكيان قىرغاقلىرىدىكى ئەڭ باي جايلارنى بېسىۋېلىپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 13 مۇستەملىكە قۇردى.① ئەڭ دەسلەپكى بىرنەچچە مۇستەملىكىنى ئەنگلىيە پادىشاسىنىڭ ئالاھىدە تەستىقى بىلەن مۇستەملىكىچىلىك شىركەتلىرى قۇرغان ئىدى، بۇ شىركەتلەرنىڭ پايچىكلىرى ئاقسۆڭەكلەر ۋە سودىگەرلەر ئىدى. لېكىن، شىمالىي ئامېرىكىنى ھەقىقىي ئاچقانلار ھىندىئانلار، ياۋروپادىن كەلگەن جاپاكەش ئامما ۋە ئافرىقىلىق نېگىرلار ئىدى.

شىمالىي ئامېرىكا قۇرۇقلۇقى ئەسلىدە ھىندىئانلار ئولتۇراقلاشقان جاي ئىدى. 15-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، كولومبو ئامېرىكا قىتئەسىگە كەلگەندە، شىمالىي ئامېرىكىدا تەخمىنەن بىر مىليون 500 مىڭ ھىندىئان بار بولۇپ، ئۇلار ئۇرۇقداشلىق جامائەسى باسقۇچىدا تۇراتتى. 16-ئەسىردىن كېيىن، ئىسپانىيە، گوللاندىيە، فرانسىيە ۋە ئەنگلىيە بەس-بەس بىلەن شىمالىي ئامېرىكىغا كىرىپ مۇستەملىكە قۇردى. ياۋروپالىقلار دەسلەپتە شىمالىي ئامېرىكىغا كەلگەندە، ھىندىئانلاردىن كۆممە قوناق، پەمىدۇر ۋە كاۋا قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىش ئۇسۇلىنى، ئورماندا ياشاش ۋە جەڭ قىلىش تېخنى-

① مۇستەملىكىلەر شىمالدا 4: ماسساچۇسېتس، رود-ئايلېند، يېڭى خامپشىر، كوننېكتىكۇت، بۇلار قوشۇلۇپ يېڭى ئەنگلىيە دەپ ئاتىلىدۇ؛ ئوتتۇرا قىسىمدا 4: پېنسىلۋانىيە، نيۇ-يورك، يېڭى جېرزى، دېلاۋار؛ جەنۇبتا 5: ۋىرگىنىيە، مارىلاند، شىمالىي كارولىنا، جەنۇبىي كارولىنا، جورجىيا.

كىلىرسىنى شۇنىڭدەك بېلىق تۇتۇش، ئوۋ ئوۋلاش، كېمە ياساش ئۇسۇلىنى ئۆگەندى. لېكىن ئۇلار مۇھىت بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، ئاستا ـ ئاستا ھىندىئانلارنىڭ يەرلىرىنى تارتىۋېلىش، ئۇلارنىڭ كەنتلىرىنى كويدۇرۇۋېتىشكە باشلىدى. مۇستەملىكىچىلەر بارغانلا يېرىدە، ھىندىئانلارنى ئۆلتۈرەتتى، ئۇلارنىڭ، قانلىرى دەريا بولۇپ ئاقاتتى، ئاياللار ۋە بالىلارمۇ ئۆلۈمدىن قۇتۇلالمايتتى. ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى ۋىرگىنىيىگە بېسىپ كىرگەندىن كېيىنكى 12 يىل ئىچىدە، ئۇ يەردىكى ھىندىئانلار تۈگەل ئۆلتۈرۈۋېتىلدى، جامېس دەرياسىنىڭ يۇقۇرىدىكى 100 كىلومېتىر دائىرىدىكى يەرلەرنىڭ ھەممىسى ئەنگلىيىلىك پومىشچىكلارنىڭ كەڭ ئېتىزىغا ئايلاندۇرۇلدى. مۇستەملىكىچىلەر ھەتتا ھىندىئانلارنىڭ چېچى بار باش تېرىسىنى يۇقۇرى باھادا سېتىۋالاتتى، تاكى 1720 ـ يىلغا كەلگەندىمۇ ھەر بىر باش تېرىسىگە 100 فوْنت ئىستېرلىڭ مۇكاپات بېرىلەتتى! ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىقىپ كەتكەن بۇنداق زوراۋانلىق تۈپەيلىدىن ھىندىئانلارنىڭ سانى كۆلسايىن ئازىيىپ كەتتى. ئەركىنلىكنى بەكمۇ سۆيىدىغان ھىندىئانلار ئۆلۈپ كەتسىمۇ مۇستەملىكىچىلەرنىڭ قۇلى بولۇشنى خالىماي، تاجاۋۇزچىلىققا، قىرغىنچىلىققا، قۇل قىلىشقا قارشى كوپ قېتىم باتۇرانە كۈرەشلەرنى ئېلىپ باردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى ھىندىئانلارنىڭ ئوز يولباشچىسى مېتاكوم رەھبەرلىكىدە 1675 ـــ 1676 ـ يىللىرى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشى ("فىلىپ شاھ" ئۇرۇشى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بولىدى. مېتاكوم يېڭى ئەنگلىيىنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىدىن 10 مىڭ جەڭچىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، نۇرغۇن مۇستەملىكە كەنتلىرىنى يوقاتتى. ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى بۇ قوزغىلاڭنى 2 يىلدا ئاران باستۇردى.

بۇ مۇستەملىكىچىلەر بىلەن بىللە شىمالىي ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىغا كەلگەن كوچمەنلەرنىڭ كۆپ قىسمى فېوداللىق زالىم ھوكۇمرانلىقنىڭ زىيانكەشلىكىگە ۋە دىنىي زۇلۇمغا ئۇچرىغان ئەنگلىيە ئەمگەكچىلەر ئاممىسى شۇنىڭدەك ئەنگلىيە چوڭ پومېشچىكلىرى تەرىپىدىن يۇرتىدىن قوغلىۋېتىلگەن ئىرلاندىيە، شوتلاندىيە كەمبەغەل دېھقانلىرى ئىدى. كەينى-كەينىدىن شىمالىي ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىغا كۆچۈپ كەلگەنلەر ئىچىدە يەنە 30 يىللىق ئۇرۇش① داۋامىدا خانىۋەيران بولغان گېرمانىيە نامراتلىرى ۋە دىنىي زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان فرانسىيە پروتېستانتلىرى بار ئىدى. كوچمەنلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى تۇرمۇش ۋاستىلىرىدىن ئايرىلىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى قاتمۇ-قات قەرزگە بوغۇلغان، ئۇلار ئۆزىنى سېتىپ، بىرقانچە يىل ئىشلەپ بېرىش توغرىسىدا يالىغۇچىلار بىلەن پۈتۈم تۈزۈپ، شىمالىي ئامېرىكىدا "ئاق تەنلىك قۇل" بولۇشقا مەجبۇر بولغان ئىدى. ئامېرىكا مۇستەقىل بولۇشنىڭ ھارپىسىغىچە، مۇلچەرلىنىشىچە، ئامېرىكىدىكى كوچمەنلەرنىڭ 3 تىن 2 قىسمى پۈتۈم تۈزگەن قۇللار ئىدى. چوڭ پومېشچىكلار ئەسلىدە ئۇلارنى مەڭگۈگە يەرگە بەنت قىلىپ قويماقچى بولغان ئىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىپ كۆرەش قىلىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شىمالىي ئامېرىكىنىڭ زېمىنى كەڭ بولۇشى تۈپەيلىدىن، ئۇلار ئۆزلىرىنى "ئاق تەنلىك

① 30 يىللىق ئۇرۇش (1618 — 1648) چېخ خەلقىنىڭ مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ زۇلمىغا قارشىلىق كۆرسىتىشى بىلەن باشلانغان، كېيىنكى ۋاقىتلاردا فرانسىيە، ئىسپانىيە، دانىيە، شۋېتسىيە ۋە گوللاندىيەلەرمۇ قاتناشقان، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۇرۇش ياۋروپادىكى چوڭ دۆلەتلەر ئارىسىدىكى فېوداللىق يېغىغا ئايلانغان.

قۇل» قىلىپ قويغان پۈتۈمنىڭ مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، كۆپىنچە باشقا جايغا بېرىپ، بوز يەر ئېچىپ، ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان ئۇششاق دېھقان بولۇپ قېلىشتى، شۇ سەۋەپتىن، شىمالىي ئامېرىكىدا فېودالىلىق يانچىلىق تۈزۈمنى يولغا قويۇش غەرىزى ئەمەلگە ئاشمىدى. «ئاق تەنلىك قۇللار»نىڭ بەزىلىرى كېيىنچە قول سانائەت ئىشخانىلىرىنىڭ ياكى كانلارنىڭ ياللانما ئىشچىسى بولۇپ قالدى.

ئافرىقىدىن مەجبۇرى ئېلىپ كېلىنگەن نۇرغۇنلىغان نېگىر قۇللار ھەممىدىن بەك ئازاپ-ئوقۇبەت چەكتى. بىرىنچى تۈركۈم نېگىرلارنى گوللاندىيە قۇل بىدىكلىرى 1619-يىلى ۋىرگىنىيە مۇستەملىكىگە ساتتى. مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنىڭ ھارپىسىغا كەلگەندە، ئەنگلىيىگە قاراشلىق 13 مۇستەملىكىدە جەمى 500 مىڭغا نېگىر قۇل بولۇپ، پۈتۈن ئاھالىنىڭ 20 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. 1770-يىلى يالغۇز رود-ئايلېند دىگەن جايدىكى قۇل ساتىدىغان كېمىلەر 150 كە يەتتى. نيۇ-يورك، ۋاشىنگتون قاتارلىق شەھەرلەر شۇ زاماندا قۇل سودىسى بولىدىغان بازار ئىدى. ۋىرگىنىيىنىڭ جەنۇبىدىكى 5 مۇستەملىكىدىكى تاماكا، شال ۋە نىل بوياق چوڭ ئېكىنزارلىق ئىگىلىرى نېگىر قۇللارنى قاتتىق ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلىش يولى بىلەن بېيىدى. نېگىر قۇللار پۈتۈنلەي «تېرىلغۇ ئۇلاقلىرى» قاتارىدا ئىشلىتىلەتتى، كۈنىگە 18-19 سائەت ئەمگەك قىلىشقا مەجبۇر قىلىناتتى، ئۇلار ئېكىنزارلىق ئىگىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ قان-تېرى بىلەن سەمىرىتىسمۇ، ئۆزلىرى ئاچ-يالىڭاچلىقتا تۇرمۇش كەچۈرەتتى، ئۇلارنىڭ بەدىنىنى جاراھەت قاپلىغان ئىدى، ئۇلار تۈرلۈك كېسەللەرگە گىرىپتار بولاتتى. ئاق تەنلىكلەر نېگىر قۇللارنى خالىغانچە ئۆلتۈ-

رەتتى، كىرىستقا مىخلايتتى، كويدۇرۇپ ئۆلتۈرەتتى، ئۇلارنىڭ قول-پۇتلىرىنى كېسىۋېتەتتى، ئۇلارنى سېتىۋېتەتتى ياكى ئارىيەت بېرەتتى، لېكىن قانۇنىي جازاغا تارتىلمايتتى. ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان مۇئامىلە نېگىر قۇللارنى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن نابۇت قىلاتتى. ئەڭ قاۋۇل ئەمگەك كۈچلىرىمۇ 7-8 يىل ئازاپلىنىپ ھاياتىدىن ئايرىلاتتى ياكى مېيىپ بولۇپ قالاتتى.

نېگىر قۇللار ھەر خىل شەكىلدە قارشىلىق كۆرسىتىپ كۈرەش ئېلىپ باردى. نېگىرلارنى قۇل قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان پۈتكۈل مەزگىلدە بولغان قوزغىلاڭلارنىڭ خاتىرىلەنگەنلىرىلا 250 قېتىمغا يەتتى. 1739-يىلى جەنۇبىي كارولىنادا بولغان بىر قېتىملىق قانلىق توپىلاڭدا، قوراللانغان نېگىر قۇللار بىلەن مۇستەملىكە ھەربىي-ساقچىلىرى ئوتتۇرىسىدا شىددەتلىك ئېلىشىش بولۇپ، ئاق تەنلىك غالچىلاردىن 21 كىشى ئۆلتۈرۈلدى، نېگىر قۇللاردىن 44 كىشى قۇربان بولدى. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭدىن كېيىن، جەنۇبىي كارولىنادا يېڭى قۇللار قانۇنى تۈزۈلۈپ، نېگىرلارنىڭ يازما گۇۋانامسىز ئۆز ئىختىيارى مېڭىپ يۈرۈشكە يول قويۇلمايدىغانلىقى، قورال ئېلىپ يۈرگەن، يوشۇرۇن كۆرۈشۈپ سۇيىقەست پىلانلىغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغانلىقى بەلگىلەندى. لېكىن بۇ ئەكسىيەتچىل پەرمانلار نېگىرلارنىڭ قارشىلىق ۋە كۈرىشىنى توسىيالمىدى.

**كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىي قىلىشى** شىمالىي ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىدا ئەزەلدىنلا فېودالىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى يوق ئىدى. ھىندىئانلارنىڭ ئىپتىدائىي جامائە تۈزۈمىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مۇستەملىكە جەمئىيىتى "باشتىلا بۇرژۇئازىيە ئاساسىغا قۇرۇلدى".①

① ئېنگېلس. «سوتسىيالىزمنىڭ خىيالدىن پەنگە راۋاجلىنىشى»، 1976-

www.uyghurkitap.com

ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئۆز مەملىكىتىدىن ئېلىپ كەلگەن فېئوداللىق قالدۇقلار، مەسىلەن، نەرسە بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسى① ۋە مال-مۈلۈككە چوڭ ئوغۇل ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمى، ھۆكۈمران ئورۇنغا ئىگە بولالمىدى، ئۇلار بىللە كىرگۈزۈلگەن كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بولسا تېز ئۆسۈپ باردى.

يېڭى ئەنگلىيە مۇستەملىكىلىرىدە يەنىلا ئاساسىي ئىگىلىك تارمىغى ئىدى، ئۇنىڭدا ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلى خىلمۇ-خىل بولۇپ، ئاساسلىقى شىمالىدا ئۇششاق دېھقان ئىگىلىكى. ئوتتۇرا قىسمىدا چوڭ دېھقانچىلىق مەيدانى ئىگىلىكى، جەنۇبتا ئېكىنزارلىق ئىگىلىكى ئەۋج ئالغان ئىدى. ياللانما ئەمگەك تۈزۈمى شىمالدىكى ۋە ئوتتۇرا قىسمىدىكى مۇستەملىكىلەردە بىرقەدەر ئومۇملاشقان ئىدى. ئايرىم جايلار فېئوداللىق خاراكتېردىكى چوڭ پومېشچىك قورۇق ئىگىلىكىنى يولغا قويۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمگەك كۈچى كەمچىل بولغانلىقى ۋە دېھقانلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا ئۇنى ئۇزاق داۋاملاشتۇرالمىدى. دېھقانلار نەرسە بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز كۆرەش ئېلىپ باردى، ئۇلار دائىم "ھېچنېمىگە قارىماي كۆچۈپ بېرىش" ئۇسۇلىنى قوللىنىپ غەرپتىكى يەرلەرنى ئىگىلەشتى، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچى دائىرى-

---

يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 61-بەت.

① بولۇپ بېرىلىدىغان يەر ئىجارىسى دەپمۇ تەرجىمە قىلىنىدۇ. دەسلەپكى چاغلاردا، ئوتتۇرا قىسمىدىكى ۋە جەنۇبتىكى مۇستەملىكىلەردە، يەردىن پايدىلىنىدىغان دېھقانلارنىڭ ھەممىسى نەرسە بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسى تۆلەيتتى.

لىرى بولسا غەرپكە كوچۇپ بېرىشنى كۆچمەنلىك بىرىنچە توسىتى.
شۇنداق قىلىپ، يەر مەسىلىسى سىنىپىي زىددىيەت بىلەن مىللىي
زىددىيەتنى بىرلەشتۇرۇپ، ئامېرىكىنىڭ بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىدىكى بىر
ئاساسىي مەسىلە بولۇپ قالدى.

جەنۇپتىكى ئېكىنزارلىق ئىگىلىكى شىمالىي ئامېرىكا مۇستەملىكە-
لىرىدىكى ئالاھىدە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى شەكىللەندۇردى. بۇ
خىل ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى نېگىر قۇللارنىڭ ئەمگىكىنى ئاساس
قىلاتتى، لېكىن ئۇ قەدىمقى زاماندىكى قۇللۇق تۈزۈمدىن پەرقلە-
نەتتى. ئېكىنزارلىق ئىگىلىرى كاپىتالىست ھەم پومىشچىك ئىدى،
"ئۇلار قوللانغان ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى قۇللۇق تۈزۈمدىن كېلىپ
چىققان ئەمەس، بەلكى پەقەت قۇللۇق تۈزۈم ئاساسىغا تىكلەن-
گەن".① ئېكىنزارلىق ئىگىلىكى باشتىلا ئىچكى-تاشقى بازارلار
بىلەن باغلانغان بولۇپ، ئۇ تاماكا، نىل بوياق قاتارلىق زىرائەتلەرگە
بولغان ئېھتىياج ئارقىسىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن. لېكىن بۇ قالاق
ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، كاپىتالىزىمنىڭ
تەرەققىياتى بىلەن سىغىشالمايتتى.

شىمالىي ئامېرىكىدا كاپىتالىزىمنىڭ ئىپتىدائىي جۇغلىنىشى ھىندىيان-
لارنىڭ يەرلىرىنى تارتىۋېلىش، نېگىر قۇللار ۋە ئاق تەنلىك
قۇللارنى رەھىمسىز ئېزىش ۋە كەڭ ئىشچى، دېھقانلارنى ئېكسپىلا-
تاتسىيە قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. دېھقان-
لار، ئىشچىلار ۋە نېگىرلارنىڭ يۇز يىلدىن كۆپرەك ئەجىر قىلىشى

① ماركس. «قوشۇمچە قىممەت تەلىماتى تارىخى»، خەلق نەشرىياتىنىڭ
1957-يىل خەنزۇچە نەشرى، 2-توم، 402-بەت.

ۋە ئىجات قىلىشى ئارقىسىدا، شىمالىي ئامېرىكىنىڭ ئىگىلىكى كۈندىن-كۈنگە تەرەققىي قىلدى. يېڭى ئەنگلىيىدە كاپىتالىستىك قول سانائەت ئىشخانىلىرى ئىنتايىن تېزلىكتە راۋاجلاندى، كېمىسازلىق سانائىتى، بېلىقچىلىق ۋە ياغاچچىلىق سانائىتى ھەممىدىن بەك گۈللەندى ھەمدە ئەنگلىيە بىلەن رىقابەتلىشەلەيدىغان دەرىجىگە يەتتى. ھىندىئانلاردىن ئەرزان باھادا تېرىگە تېگىشىۋېلىش، نېگىر قۇللارنى كەنىيەك بىلەن ئالداپ قولغا چۈشۈرۈشمۇ يېڭى ئەنگلىيىنىڭ مۇھىم سودا پائالىيىتى ئىدى. بوستون شىمالدىكى ئەڭ ئاۋات پورت ئىدى. ئوتتۇرا قىسىمدىكى مۇستەملىكىلەر شىمالىي ئامېرىكىنىڭ ئاشلىق سېگى بولۇپ، ئۇ يەردىن نۇرغۇن دېخانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئېكسپورت قىلىناتتى؛ نيۇ-يورك، فىلادېلفىيىلەرمۇ ئاۋات شەھەرگە ئايلاندى.

كاپىتالىستىك مەدەنىيەتمۇ تېز تارقالدى، مۇستەملىكىلەر ئۆزىنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىنى قۇردى، ئۆزىنىڭ گېزىتلىرىنى چىقاردى ۋە كۇتۇپخانىلىرىنى بەرپا قىلدى. بۇرژۇئازىيە ۋە ئۇنىڭ ئىدىيە سېتىنىسى كۈندىن-كۈنگە يېتىلىپ، فرانكلىن (1706 — 1790)، جېففېرسون (1743 — 1826) قاتارلىق بۇرژۇئا مۇتەپەككۇرلىرى ۋە سىياسەتچىلىرى بارلىققا كەلدى. فرانكلىن ئۆز ئالدىغا ئۆگىنىش ئارقىلىق ئالىم بولۇپ يېتىشتى، ئۇ مەتبەە ئىشچىسى بولغان، گېزىت ساتقان ئىدى، كېيىن ئۆز ئالدىغا ئىلمىي تەجرىبە ئېلىپ بېرىپ، ئېلېكتىرنىڭ كەشپىياتچىسى بولۇپ قالدى. 18-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، ئۇ ئەنگلىيىگە قارشى كۆرەشكە پائال قاتناشتى. جېففېرسون بولسا بۇرژۇئا دېموكراتىيىچىلىرىنىڭ يول باشچىسى بولدى.

ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى 13 مۇستەملىكىنى سىياسىي جەھەتتىن بىرلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. ئەسلى ھەرقايسى مۇستەملىكىلەر ئارىسىدا ئالاقە يوق ئىدى، ئۇلاردا ئەڭ باي بولغان پومېشچىكلار، سودىگەرلەر، قول سانائەت ئىشخانىسى ئىگىلىرى ۋە ئېكىنزارلىق ئىگىلىرىنىڭ ۋەكىللىرىدىن تەركىپ تاپقان يەرلىك قانۇن چىقىرىش ئاپاراتلىرى بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىي ھوقۇق ئەنگلىيە پادىشاسى تەيىنلىگەن (ياكى ئۇنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن ئەۋەتىلگەن) باش ۋالىنىڭ قولىدا ئىدى. 1754-يىلى، مۇستەملىكىلەر قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، فرانكلىن تەييارلىغان مۇستەملىكىلەر ئىتتىپاقىنى قۇرۇش لايىھەسى ماقۇللاندى، لېكىن ئۇ چاغدا فرانكلىن مۇستەملىكىلەرنىڭ ئەنگلىيەدىن ئايرىلىشىنى تەشەببۇس قىلمىدى، پەقەت ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى كېڭەيتىش تەلىۋىنىلا قويدى. مۇشۇنداق مۆتىدىل بىر لايىھەنىمۇ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى رەت قىلدى. 10 يىلدىن كېيىن، مۇستەملىكىلەر بىلەن ئەنگلىيە مۇستەملىكىچى ھۆكۈمرانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئاساسىي زىددىيەت ئورنىغا كۆتۈرۈلدى؛ مۇستەملىكىلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تۈرلۈك زىددىيەتلەر — ئېكىنزارلىق ئىگىلىرى بىلەن قۇللار ئوتتۇرىسىدىكى، پومېشچىكلار بىلەن دېھقانلار ئوتتۇرىسىدىكى، ئىشخانا ئىگىلىرى بىلەن ئىشچىلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر ۋاقىتنىچە ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى.

**ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىلەرگە سالغان زۇلمى ۋە خەلقنىڭ قارشىلىقى** ھەرقانداق مۇستەملىكىچى ئىمپېرىيە ئۆز مۇستەملىكىلىرىنىڭ مۇستەقىل ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ھەرگىز يول قويمايدۇ. مۇستەملىكىچى دۆلەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، مۇستەملىكىلەر پەقەت ئۇنى خام ئەشيالار بىلەن تەمىنلەيدىغان جاي ۋە ئۇنىڭ

تاۋار ساتىدىغان بازىرى بولىدۇ. شىمالىي ئامېرىكا مۇستەملىكىلىرى ئىگىلىگىنىڭ تەرەققىياتى ئەنگلىيىنىڭ يولسىز چەكلىشى ۋە بوغۇشىغا ئۇچرىدى. 17 ــ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىلا، ئەنگلىيە «سودا ۋە دېڭىز قاتنىشى قانۇنى» ئارقىلىق، مۇستەملىكىلەرنىڭ باشقا ئەللەر بىلەن بىۋاسىتە سودا ئالاقە قىلىشىنى چەكلىدى، باشقا ئەللەرنىڭ تاۋارلىرىنى مۇستەملىكىلەرگە بىۋاسىتە كىرگۈزۈشكىمۇ رۇخسەت قىلمىدى، شىمالىي ئامېرىكىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى چەتكە چىقىرىشتا ئۇنى ئەنگلىيىنىڭ كېمىلىرىلا توشاتتى. مۇستەملىكىلەرنى ئەنگلىيە يۇقىرى باھادا ساتقان سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر قىلىش، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەرزان باھالىق دېخانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى تېگىشىۋېلىش ئۈچۈن، ئەنگلىيە پارلامېنتى شىمالىي ئامېرىكىغا يېڭى ماشىنىلارنى كىرگۈزۈشنى، مۇستەملىكىلەرنىڭ تۆمۈر ئېرىتىش مەشلىرىنى چوڭايتىشنى مەنئى قىلىدى، ھەتتا تۇگمە، يىڭنە مىق، كىگىز قالپاق قاتارلىق نەرسىلەرمۇ ئەنگلىيىدىن ئىمپورت قىلىناتتى. جەنۇپتىكى ئېكىنزارلىق ئىگىلىرىمۇ باھا جەھەتتىكى بۇنداق "قايچىسىمان پەرق" سىياسىتىنىڭ تەسىرى بىلەن، ئەنگلىيە سودىگەرلىرىگە نۇرغۇن قەرزدار بولۇپ قالدى. ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلماي تۇرۇپ، شىمالىي ئامېرىكىدا كاپىتالىستىك ئىگىلىكنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا راۋاجلىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

شىمالىي ئامېرىكا خەلقى ئەنگلىيە پادىشاسى ۋە پارلامېنتىنىڭ 3 مىڭ ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتا تۇرۇپ بۇيرۇق چۈشۈرۈشىدىن ئاللىقاچان نارازى ئىدى. 18 ــ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئەنگلىيە ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدا ۋە مەملىكەت سىرتىدا فرانسىيە بىلەن زومىگەر-

لىك ھوقۇقى تالىشىش بىلەن بەنت بولۇپ كېتىپ، مۇستەملىكىلەرنى ئىدارە قىلىشنى بىرئاز بوشاشتۇرۇپ قويدى. شىمالىي ئامېرىكىدىكى سودا-ساناتچىلەر ۋە بەزى ئېكىنزارلىق ئىگىلىرى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئەنگلىيىنىڭ مەنئى قىلىش بۇيرۇقلىرىغا قارىماي، كاپىتالىستىك سودا-ساناتنى راۋاجلاندۇردى. 1763-يىلى ئەنگلىيە-فرانسىيە ئۇرۇشى ئاياقلىشىشى بىلەن، ئەنگلىيە دەرھال ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتتى، ئۇ دېڭىزدا چارلاشنى كۈچەيتىش ۋە مەخسۇس سوتلارنى بەرپا قىلىش ئارقىلىق، "ئەتكەسچىلىك" قىلغان سودىگەرنى تۇتتى ۋە ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلدى.

13 مۇستەملىكىنىڭ غەربىدە، ئاپپالاچى تاغ تىزمىسى بىلەن مىسسىسىپى دەرياسى ئارىلىقىدا كەڭ زېمىن بار ئىدى. مۇستەملىكلەردىكى يوقسۇللار تۇرمۇشنىڭ قىستىشى بىلەن، ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ ئۇ يەرگە بېرىپ بوز يەر ئېچىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى. يەر ھايانكەشلىرى، دېھقانچىلىق مەيدانى ئىگىلىرى ۋە جەنۇبتىكى ئېكىنزارلىق ئىگىلىرىمۇ غەربتىكى يەرلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش ۋە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى كېڭەيتىشنى تەلەپ قىلاتتى. 7 يىللىق ئۇرۇشتىن كېيىن، ئەنگلىيە فرانسىيىدىن بۇ مۇنبەت زېمىننى تارتىۋالدى. ئەنگلىيە مۇستەملىكىچى دائىرىلىرىنىڭ بۇ زېمىنغا بولغان مونوپولىيە ھوقۇقى ۋە ئەنگلىيە سودىگەرلىرىنىڭ ھىندىئانلاردىن تېرە سېتىۋېلىش جەھەتتىكى مەنپەئەتدارلىق ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، 1763-يىلى ئەنگلىيە پارلامېنتى مۇستەملىكىلەردىكى خەلقلەرنىڭ ئاپپالاچى تاغ تىزمىسىنىڭ غەربىدىكى يەرلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشى مەنئى قىلىنىدىغانلىقىنى جاكالىدى. 1765-يىلى پارلامېنت يەنە «ماركا بېجى قانۇنى»نى ئېلان قىلىپ، بارلىق گېزىت-ژورنال-

لار، هوججەتلەر، قانۇنىي گۇۋاھنامىلەر ۋە تۈرلۈك باشقا ماتېرىيال-لارنىڭ ھەممىسىگە ماركا چاپلاش ھەققىدە بۇيرۇق چىقاردى. بۇ، ئەنگلىيە پارلامېنتى مۇستەملىكىلەرگە تۇنجى قېتىم تاڭغان بىۋاسىتە باج بولىدى.

بۇ ئىككى ئەكسىيەتچىل پەرمان ۋە باشقا مەنئى قىلىش بۇيرۇق-لىرى مۇستەملىكىلەردىكى ھەرقايسى تەبىقە خەلقلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، مۇستەملىكىلەرنىڭ ئەنگلىيىگە قارشى كەيپىياتىنىڭ شىددەت بىلەن ئۆرلىشىگە سەۋەبچى بولدى. ماركا بېجى قانۇنىغا قارشى تۇرۇشنى مەركەز قىلغان ئاممىۋى ھەركەت داغدۇغىلىق ھالدا قانات يېيىپ كەتتى. مۇستەملىكىلەردە، ئەنگلىيىنىڭ ئېزىش سىياسىتىگە قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن "ئەرك ئوغلى جەمئىيىتى" قۇرۇلدى. يېڭى ئەنگلىيىدىكى "ئەرك ئوغلى جەمئىيىتى" ئالاھىدە جانلىنىپ كەتتى. قول سانائەت ئىشچىلىرى ۋە تېخنىكلارنى ئاساس قىلغان بۇ ئىنقىلاۋىي تەشكىلات نامايىش ئۆتكۈزۈپ، ماركا بېجى ئىدارىسىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، باجگىرلارنى ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىشكە مەجبۇر قىلدى، ماركىلارنى كويدۇرۇۋەتتى، جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كورسەتكەن باجگىرلارنىڭ بەدىنىگە قارىماي سۈركەپ، پەي چاپلاپ، ئاندىن قازانغا ئاقلىدىتىپ چىلىپ، ئۇلارنى سازايى قىلدى. بۇرژۇئا ئىنقىلاپچىلىرىدىن فرانكلىن، جېففېرسون، پاترىك ھېنرى، ساموئېل ئادامس قاتارلىقلار ئەنگلىيە ئىنقىلاۋىدىن ۋە فرانسىيىنىڭ مەرىپەتچى مۇتەپەككۇرلىرىدىن ساۋاق ئېلىپ، ئەنگلى-يىگە قارشى كۈرەشكە پائال قاتناشتى. ۋىرگىنىيىنىڭ يەرلىك پارلا-مېنتىمۇ قارار ماقۇللاپ، مۇستەملىكىلەرنىڭ ئەنگلىيە پارلامېنتىدا ۋەكىلى بولمىغانلىغى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ باج تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتى

بولمايدۇ، دەپ جاكالىدى. 1765 ـ يىل 10 ـ ئايدا، نيۇ ـ يوركتا 9 مۇستەملىكە قاتناشقان قۇرۇلتاي چاقىرىلدى، قۇرۇلتاي ئامېرىكا مىللىي ئاڭ ـ سېزىمىنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈردى. جەنۇبىي كارولىنادىن كەلگەن بىر ۋەكىل: "بىز تەبىئىي هوقۇقتىن ئىبارەت ئورتاق مەيداندا تۇرۇشىمىز كېرەك...... قۇرۇلتۇغىمىزدىكىلەر يېڭى ئىنگلىزلار، نيۇ ـ يوركلىقلار دەپ ئايرىلماسلىقى كېرەك، ھەممىمىز ئامېرىكىلىق" دەپ جاكالىدى. مۇستەملىكە خەلقى يەنە ئەنگلىيە مېلىنى بايقۇت قىلىش ھەركىتىنى كەڭ تۈردە قانات يايدۇردى. 1765 ـ يىلى، ئەنگلىيە بىلەن بولغان سودا سوممىسى شۇ بىر يىل ئىچىدىلا 300 مىڭ فۇنت ئىستېرلىڭ ئازايدى.

مۇستەملىكە خەلقىنىڭ كۈرىشىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، ئەنگلىيە 1766 ـ يىلى ماركا بېجى قانۇنىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا مەجبۇر بولدى، ئەمما ئۇ، ئەنگلىيە پارلامېنتىنىڭ پىرىنسىپ جەھەتتە مۇستەملىكىلەردىن باج ئېلىش هوقۇقى بار، دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بوستونغا قوشۇن ئەۋەتىپ، بوستون خەلقىغە قارىتا قانلىق قىرغىنچىلىق يۈرگۈزدى. 1770 ـ يىل 3 ـ ئايدا، بوستون ئاھالىسىدىن بىر نېگىر قوشۇلۇپ 5 كىشى ئۆلتۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن ئاممىنىڭ ئىچى تېخىمۇ قايناپ كەتتى. 1772 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىن 1773 ـ يىلىنىڭ باشلىرىغىچە بولغان مەزگىل ئىچىدە، مەملىكەت بويىچە 80 شەھەر ـ بازاردا "خەۋەرلىشىش ھەيئىتى" قۇرۇلۇپ، ئىنقىلاۋىي ئالاقە كۈچەيتىلدى. 1773 ـ يىلى، ئەنگلىيە يەنە يېڭى نەيرەڭ ئىشلىتىپ، شەرقىي ھىندىستان شىركىتىنىڭ ئازغىنا باج تاپشۇرغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ جۇڭگودىن سېتىۋالغان ئوشۇق چېيىنى شىمالىي ئامېرىكىغا ئېلىپ بېرىپ، ئەتكەسچە-

لەرنىڭ چېيىنىڭ باھاسىدىن بىر ھەسسە ئەرزەن باھادا توكىنە قىلىپ سېتىشىغا رۇخسەت قىلدى. مۇستەملىكە خەلقى ئۇنى بىردەك رەت قىلىپ، چاينى ئۆز يېتىچە قايتۇرۇپ كېتىشىنى تەلەپ قىلىشىپ تۇرۇۋالدى. شۇ يىلى 12-ئايدا، لىق چاي بېسىلغان كېمىلەر بوستون پورتىغا كىردى، غەزەپلەنگەن بوستون خەلقى چاي بېسىلغان كېمىلەرگە چىقىپ، 300 نەچچە ساندۇق چاينى پۈتۈنلەي دېڭىزغا تاشلىۋەتتى، كىشىلەر بۇنىڭدىن راسا خوشال بولدى.

ئەنگلىيە پارلامېنتى ئالدىراپ-تېنەپ باستۇرۇش تەدبىرىنى قوللىنىپ، 1774-يىلى بوستون پورتىنى قامال قىلدى. ھەرقايسى چوڭ شەھەرلەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال ھەركەتكە كېلىپ، بوستونغا مەدەت بەردى. ئەنگلىيە ئارقىدىنلا يەنە قاتتىق بېسىم ئىشلىتىپ بىرنەچچە پەرمان چىقىرىپ، بوستون جايلاشقان ماسساچۇسېتس ئىشتاتىنىڭ يەرلىك پارلامېنتىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، ماسساچۇسېتس خەلقىنى سوز ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلدى، ھەممە غەربىي شىمالدىكى چوڭ كول رايونىنى پۈتۈنلەي كانادانىڭ كۆيبېك ئۆلكىسىگە ئايرىۋەتتى، شۇنداق قىلىپ ۋىرگىنىيە قاتارلىق بىرقانچە مۇستەملىكىنىڭ غەربىي شىمال تەرەپكە كېڭىيىش ئىمكانىيىتىنى توستى.

شىمالىي ئامېرىكا خەلقى بۇ پەرمانلارنى پىسەنت مەنسىتمىدى. ھەرقايسى جايلاردىكى خەۋەرلىشىش ھەيئەتلىرى تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، مۇستەملىكىچىلىك دائىرىلىرىنىڭ ئامېرىكىنى قول قىلىشتىن ئىبارەت جىنايى مەقسىدىنى ئەيىپلىدى: شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلار قورال-ياراقلارنى تەييارلاپ، خەلق ئەسكەرلىرى قوشۇنىنى تەربىيىلەشكە كىرىشتى. 1774-يىل 9-ئايدا، فىلادېلفىيەدە

12 مۇستەملىكىنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشقان (جورجىيا ۋەكىللىرى ئۈلگۈرەلمەي قالغان) "قۇرۇقلۇق يىغىنى" ئېچىلدى. يىغىندا مۇتەئەسسىپلەر، موتىدىللەر ۋە رادىكاللاردىن ئىبارەت ئۈچ گۇرۇھ بارلىققا كەلدى. مۇتەئەسسىپلەر شىمالىي ئامېرىكىنى ئەنگلىيىگە قوشۇۋېتىش، ئايرىم پارلامېنت تەسىس قىلىش، ئۇنى مۇستەملىكىلەرنىڭ يەرلىك پارلامېنتى سايلاشنى تەكلىپ قىلدى. كەسكىن مۇنازىرە ئارقىلىق، بۇ تەكلىپ بىر ئاۋازنىڭ كەم بولۇشى بىلەن رەت قىلىندى. ئاخىردا رادىكاللار ئوتتۇرىغا قويغان قارار: «مۇستەملىكىلەر ھوقۇقى ۋە نارازىلىقى توغرىسىدىكى خىتاپنامە» ماقۇللاندى. خىتاپنامىدە ئەنگلىيە پادىشاسىنىڭ مۇستەملىكىلەردىكى سودا-سانائەتكە قويۇلغان چەكلىمىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى، قاتتىق بېسىم ئىشلىتىلىدىغان چىدىغۇسىز پەرمانلارنى بىكار قىلىۋېتىشى تەلەپ قىلىندى، مۇستەملىكە خەلقىنىڭ رازىلىقىنى ئالماي تۇرۇپ باج ئالماسلىق تەلىۋى قايتا تەكىتلەندى ھەمدە ۋاقتىنچە يەنىلا ئەنگلىيە بىلەن بولغان ئىمپورت-ئېكسپورت سودىسىنى توختىتىش، ئەنگلىيەماللىرىنى بايقوت قىلىشتىن ئىبارەت ئېچ ۋاستە قوللىنىلىدىغانلىقى جاكالاندى. لېكىن ئەكسىيەتچىلەر زادىلا ئىنساپقا كەلمىدى، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بۇ موتىدىل خىتاپنامىنى رەت قىلىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى باستۇرۇش تەدبىرلىرىنى كۈچەيتتى.

**مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى ۋە ئۇنىڭدىكى تارىخىي تەجرىبىلەر** 1775-يىل 4-ئايدا، ئەنگلىيە تاجاۋۇزچى قوشۇنى بوستون ئەتراپىدىكى لېكسىنگتون ۋە كونكورد دېگەن ئىككى جايدىكى قورال-ياراق ئامبىرىنى يوشۇرۇن ھالدا ئىزدىمەكچى ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



خەلق ئەسكىرى — "بىر مىنۇتلۇق كىشى"نىڭ خاتىرە سۈرىتى

لېكسىنگتونغا يوشۇرۇنۇۋالغان ئىككى ئىنقىلابچىنى تۇتماقچى بولدى. ئۇيما بەت ئىشچىسى پول رىۋېرى بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، كېچىلەپ ئاتلىق لېكسىنگتونغا بېرىپ بۇ خەۋەرنى مەلۇم قىلدى. 4-ئاينىڭ 19-كۈنى سەھەردە ئەنگلىيە قوشۇنى لېكسىنگتون ۋە كونكوردقا يېتىپ كەلگەندە، چىتلاق ئارقىسىغا، ئۆينىڭ دوخمۇشلىرىغا ۋە تام ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان خەلق ئەسكەرلىرى — "بىر مىنۇتلۇق كىشى"لەر①نىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشى بىلەن، "چوڭ قىسقۇچ پاقىلار" (ئەنگلىيە ئەسكەرلىرى قىزىل كىيىم كىيەتتى) رەسۋا بولۇپ قاچتى؛ ئەنگلىيە قوشۇنى چېكىنىپ بوستونغا بارغىچە يول بويى يەنە خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ قورشاپ قاتتىق زەربە بېرىشى بىلەن، 240 نەچچە ئادىمى ئۆلدى ۋە يارىدار بولدى.

① بۇ سۆز بىلەن خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ يىغىلىش ھەرىكىتىنىڭ تېزلىكى تەسۋىرلىنىدۇ.



لېكسىنگتوندىكى جەڭ

لېكسىنگتوندىكى مىلتىق ئاۋازى مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. بۇ غەلىبىنىڭ ئىلھامى ئاستىدا، 1775-يىل 5-ئايدا 2-قېتىملىق قۇرۇقلۇق يىغىنى ئېچىلىپ، "قوراللىق كۈچ ئىشلىتىش شەرتى" دېگەن خىتابنامە ماقۇللاندى ھەمدە ۋىرگىنىيىلىك چوڭ ئېكىنزارلىق ئىگىسى جورج ۋاشىنگتون (1732—1799) قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى. ماساچۇسېتستىكى خەلق ئەسكەرلىرى— "كوك تاغ پەرزەنتلىرى" تاقىقا چىقىپ پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى. شۇنداقتىمۇ، قۇرۇقلۇق يىغىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدا، ئەنگلىيە بىلەن مۇرەسسەلىشىپ سۈلھى قىلىشنى تەلەپ قىلغۇچىلار ئۈزۈلمەي چىقىپ تۇردى، مۇتەئەسسىپلەر بىلەن رادىكاللار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئىنتايىن

كەسكىن بولدى. ئەنگلىيىدىن ئامېرىكىغا كەلگەن ئىنقىلاۋىي جەڭچى توماس پاين (1733 ــ 1809) 1776-يىل 1-ئايدا «ئاددىي ساۋات» دېگەن كىتاۋىنى ئېلان قىلىپ، ئەنگلىيىدىن ئايرىلىپ چىقىشنى قەتئىي تەشەببۇس قىلدى، ئۇ: "مۇرەسسەچىلىك...... خاتا خام خىيال...... ئۆلگەنلەرنىڭ ئىسسىق قانلىرىمۇ، تەبىئەت ساداسىمۇ: ئايرىلىپ چىقىش پەيتى كەلدى، دەپ توۋلاۋاتىدۇ" دەپ مۇراجەت قىلدى. بىر يىل قانلىق جەڭ قىلىش ئارقىسىدا، شىمالىي ئامېرىكىدىكى 13 مۇستەملىكە قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، 1776-يىل 7-ئاينىڭ 4-كۈنى (كېيىن بۇ كۈن ئامېرىكىنىڭ دۆلەت بايرىمى قىلىپ بەلگىلەندى) بۇرژۇئا دېموكراتچىلىرىدىن بولغان جېففېرسون تەييارلىغان «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»نى ئېلان قىلىپ، ئەنگلىيىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولغانلىقىنى، ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرى قۇرۇلغانلىقىنى جاكالىدى.

«مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» تەنتەنىلىك ھالدا: ھەممە كىشى تۇغۇلۇش بىلەنلا باراۋەرلىككە ئىگە، ھەممەيلەن ياشاش ھوقۇقى، ئەركىنلىك ھوقۇقى ۋە بەختكە ئىنتىلىش ھوقۇقىغا ئىگە؛ ئەگەر ھۆكۈمەت بۇ مەقسەتلەرگە زىيان سالسا، خەلق بۇ ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىش ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ھەقلىق، دەپ جاكالىدى. خىتابنامە ئارقىلىق ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ خىلمۇ-خىل جىنايەتلىرىنى كۆرسىتىپ، ئىزچىل تۈردە خەلقنى باستۇرۇپ كەلگەن بۇ مۇستەبىت ھۆكۈمەتنى ئەيىبلىدى، ئامېرىكا خەلقىنىڭ چىدىغۇسىز دەرىجىدىكى خورلىنىش ئارقىسىدىلا بۇ ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغانلىقىنى ۋە يېڭى ھۆكۈمەت قۇرغانلىقىنى، بۇ خەلقنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. بۇ خىتابنامە سىنىپىي

قارىمۇ-قارشىلىقنى يېپىپ، باراۋەرلىك، ھوقۇق ۋاھاكازالار ئۇستىدە ئابستراكت ھالدا سۆزلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، مۇستەملىكىچىلىك زۇلمىغا قارشى ئىنقىلاۋىي ھوججەت سۈپىتىدە، ئۇلۇغ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. ماركس «مۇستەقىللىق خىتاپنامىسى»گە يۇقۇرى باھا بەردى، ئامېرىكىنى "كىشىلىك ھوقۇقى خىتاپنامىسىنى بىرىنچى بولۇپ جاكالىغان ۋە 18-ئەسىردىكى ياۋروپا ئىنقىلاۋىنى ھەممىدىن ئاۋال ئىلگىرى سۈرگەن جاي"① دەپ ئاتىدى. يەر شارىنىڭ غەربىي يېرىمى بويىچە بىرىنچى بولۇپ مۇستەملىكىچىلىك ھوكۇمرانلىغىدىن قۇتۇلغان دولەت لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە دۇنياغا كەلدى. لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: "ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى زامان مەدەنىيەت تارىخى بىر قېتىملىق ئۇلۇغ، ھەقىقىي ئازاتلىق ئۇرۇشى، ھەقىقىي ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش بىلەن باشلاندى."②

لېكىن، غەلىبىگە بارىدىغان يول جاپالىق، ئۇزۇن يول ئىدى. ئاھالىسى 3 مىليونغا يەتمەيدىغان ياش، كىچىك بىر دولەتنىڭ پۈتۈن دۇنيانى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىۋاتقان زومىگەر ئىمپېرىيىگە تاقابىل تۇرۇشى ئۈچۈن ئىنتايىن زور ئىنقىلاۋىي جاسارەت زۆرۈر ئىدى. ئەنگلىيىنىڭ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئامېرىكىغا ئەۋەتكەن تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرى 90 مىڭ كىشىگە يەتتى، بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە دېڭىز ئارمىيىسىنى ئىشقا سېلىپ ئامېرىكىنىڭ پورتلىرىنى قامال قىلدى. ئۇ ئادەم كۈچى ۋە ماددى كۈچ جەھەتتە ئامېرىكىدىن 10

① ماركس. «ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ئابراھام لىنكولنغا يېزىلغان خەت». «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 16-توم، 20-بەت.

② لېنىن. «ئامېرىكا ئىشچىلىرىغا خەت». «لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 28-توم، 43-بەت.

www.uyghurkitap.com

ھەسسە، 100 ھەسسە ئېشىپ چۈشەتتى، ئامېرىكا قوشۇنلىرىنىڭ
قورال-ياراقلىرى بەك ناچار ئىدى، ئۇنىڭ بار-يوقى 20 مىڭ
كىشىلىك خەلق ئەسكىرى قوشۇنى بولۇپ، ئۇرۇش قىلىش تەجرى-
بىسى كەم ئىدى، بىر ئەسكى مىلتىقنى بىرنەچچە كىشى بىللە
ئىشلىتەتتى، ئۇلارنىڭ ھەتتا ئاياق كىيىممۇ يوق ئىدى. ئۇلارغا
تاشقى دۈشمەنلەردىن باشقا، يەنە بىرنەچچە تۈمەن ئىچكى دۈش-
مەنلەر بىلەن — ئەنگلىيىگە "سادىق" بولغان ساتقىنلار ۋە ئەكسىلئىن-
قىلابچىلار بىلەن كۈرەش قىلىشقا توغرا كېلەتتى. لېكىن، مىللىي
مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ھەققانىي ئىش خەلق
ئاممىسىنى ۋە ۋىجدانلىق ۋەتەنپەرۋەرلەرنى رىغبەتلەندۈردى.
ۋىرگىنىيە پارلامېنتى خەلق ئەسكەرلىرى قوشۇنىنى تەشكىللەش
قارارىنى ماقۇللىغان چاغدا، پاترىك ھېنرى "ئەركىنلىكتىن، ئۆلۈم
ئەلا!" دېگەن جاراڭلىق شوئارنى تۇۋلىدى. ئىشچىلار، دېھقانلار ۋە
قول سانائەتچىلەر ئىنقىلاۋىي قوشۇننىڭ ئاساسىي كۈچى بولدى.
ئۇلار قۇربان بولۇشتىن قورقماي، ئاق قار، كۆك مۇزدا يالىڭاياق
يۈرۈش قىلدى، ئۇرۇشنى ئۇرۇش داۋامىدا ئۆگىنىپ، پارتىزانلىق
ئۇرۇشى ۋە كونىدىلەڭ سەپ تارتىپ جەڭ قىلىش تاكتىكىسىنى
راۋاجلاندۇرۇپ، دۈشمەننى يوقىتىش يولىدا قەھرىمانلارچە جەڭ
قىلدى. بوستون ئەتراپىدىكى بېنكېر تېغىدىكى جەڭدە (1775-يىل
6-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى)، ئىنقىلاۋىي قوشۇن بىر كۈن ئىچىدە
ئەنگلىيە قوشۇنلىرىنىڭ 3 قېتىملىق ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپ، بىر
مىڭدىن ئارتۇق دۈشمەننى يوقاتتى، ئۇلار تا ئوق-دورا تۈگىگىچە
ئېلىشىپ، ئاندىن بۇ ئېگىزلىكتىن چېكىنىپ كەتتى. ئوق ياماش
ئۈچۈن ئاياللار ئۆيلىرىدىكى قازانلارنى ۋە ئىشىك-دەرىزىلەردىكى

مىس-تۆمۈردىن ياسالغان نەرسىلەرنى نىشانە قىلدى. نېگىرلارمۇ ئىنتايىن زور تۆھپىلەرنى قوشتى، ئۇلارنىڭ ئارمىيىگە قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلىنغان جايلاردا، ئۇلار پائال تىرىشىشغا ئالدۇردى ۋە جەڭدە زېرەكلىك، باتۇرلۇق كۆرسەتتى. 1779-يىل 7-ئايدا بولغان بىر قېتىملىق جەڭدە، پومپېي ئىسىملىك بىر نېگىر قۇل دۈشمەن لاگېرىغا يوشۇرۇن كىرىپ، دۈشمەن قوشۇنىنىڭ پارولىنى ئۇقۇۋالغان، ئۇنىڭ يول باشلىشى بىلەن قىسىم تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، زور غەلىبىگە ئېرىشكەن. دۈشمەن قوشۇنىدىن 600 كىشىنى ئەسىرگە ئالغان. شۇنىڭ بىلەن پومپېي قۇللۇقتىن ئازات بولۇپ، ئەركىن كىشى بولۇپ قالغان. يەنە بىر نېگىر ئايال ئەرچە ياسىنىپ، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىدە 17 ئاي ھەربىي خىزمەت ئۆتەپ، نۇرغۇن قېتىم خىزمەت كۆرسەتكەن. مولچەرلىنىشىچە، 5 مىڭچە نېگىر ئىنقىلاۋىي قوشۇنغا قاتناشقان، ئارقا سەپ تەمىنات خىزمىتىنى ئىشلىگەن نېگىرلار تېخىمۇ كۆپ.

ئامېرىكا مۇستەقىللىق ئۇرۇشى خەلقئارادىكى ئىنقىلاۋىي كۈچلەرنىڭ قوللىشىغىمۇ ئېرىشتى، فرانسىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيە، پولشا، دانىيە. شۋېتسىيە ۋە ۋېنگرىيىدىكى ئىنقىلابچىلار ئارقا-ئارقىدىن ئامېرىكىغا بېرىپ ئەنگلىيىگە قارشى ئۇرۇشقا قاتناشتى، ئىنقىلاۋىي جامائەت پىكرى پەيدا قىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە فرانسىيىلىك لافايېت، سېن-سىمون ۋە پولشالىق كوستيۇشكو، پىلاسكى قاتارلىقلار بار.

ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى ئىككى يىلىدا يەنى 1777-يىل 10-ئايغىچە، ئىنقىلاۋىي قوشۇن ناچار ئەھۋالدا تۇردى. ئەنگلىيە قوشۇنلىرى بىرنەچچە قېتىم غەلىبە قازىنىپ، ناھايىتى كۆرەڭلەپ كەتتى، ئۇلار

بىر مەھەل بوستوننى قورشىۋالدى، نيۇ-يورك ۋە فىلادېلفىيىنى بېسىۋالدى، ۋاشىنگتوننىڭ قوشۇنى ئايلىنىپ يۈرۈپ ئۇرۇش قىلىش تاكتىكىسىنى قوللاندى، ئەنگلىيە قوشۇنلىرى بىلەن تولىمۇ بالدۇر بىۋاستە ھەل قىلغۇچ جەڭ ئېلىپ بېرىشتىن مۇمكىن قەدەر ساقلاندى. ھەرقايسى جايلاردىكى خەلق ئەسكەرلىرى تېز ھەرىكەت قىلىشقا ئىمكان بېرىدىغان كوندىلەڭ سەپ شەكلىنى قوللىنىپ، ئورمان ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ دۈشمەنگە ئۈشتۈمتۇت ھۇجۇم قىلدى. 1777-يىل 10-ئايدا، خەلق ئەسكەرلىرى بىلەن ئىنقىلاۋىي قوشۇن يېقىندىن ماسلىشىپ، جەنۇب بىلەن شىمال تەرەپتىن تەڭ ھۇجۇم قىلىپ، نيۇ-يورك ئىشتاتىدىكى ساراتوگادا ئەنگلىيە قوشۇنىنى قورشىۋېلىپ، ئۇلاردىن 5 مىڭ كىشىنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر قىلدى.

ساراتوگادىكى زور غەلىبە مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنىڭ بۇرۇلۇش ۋاقتى بولدى، ئامېرىكا بۇ غەلىبىدىن پايدىلىنىپ، فرانسىيە بىلەن جىددىي مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش تەلىۋىنى قويدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، 1776-يىلى كۈزدىلا، قۇرۇقلۇق يېغىنى ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، يوچۇق ئېچىپ، فرانسىيىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش مەقسىتىدە، فرانكلىننى فرانسىيىگە سوھبەتكە ئەۋەتكەن ئىدى. ئەنگلىيىمۇ ساراتوگادا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، سۇلھىگە قىزىقتۇرۇش غەرىزىدە مەخپىي ئەلچى ئەۋەتتى. فرانسىيە ئەنگلىيىدىن ئىنتىقام ئېلىش مەقسىتىدە، ئامېرىكا قوشۇنىغا ئاستىرتتىن ياردەم بېرىشتىن ئەنگلىيىگە قارشى ئاشكارا ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشقا ئۆتۈش پەيتى يېتىپ كەلدى دەپ، 1778-يىل 2-ئايدا ئامېرىكا بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى. ئارقىدىنلا ئىسپانىيە

بىلەن گوللاندىيىمۇ ئەنگلىيىنى ئاجىزلاشتۇرۇش غەرىزىدە، ئامېرىكا بىلەن فرانسىيە تەرەپتە تۇرۇپ ئۇرۇشقا قاتناشتى. روسىيە، شۋېتسىيە، پرۇسسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بولسا "قوراللىق بىتەرەپ تۇرۇش" سىياسىتىنى قوللاندى، شۇنىڭ بىلەن، ئەنگلىيە پۈتۈنلەي يېتىم ھالغا چۈشۈپ قالدى.

لېنىن ئامېرىكا قوللانغان ئىنتىپاق تۈزۈش تاكتىكىسىنى ئىنقىلاۋىي مەيداندا تۇرۇپ ماختاپ: "ئامېرىكا خەلقىمۇ ئازاتلىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى جاپالىق ئۇرۇش داۋامىدا، ئەزگۈچىلەرنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئىنقىلاۋىي كۈرەش ئېلىپ بارغۇچىلارنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئېزىلگۈچى ئاممىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن، بەزى ئەزگۈچىلەر بىلەن 'كېلىشىم' تۈزۈپ باشقا بەزى ئەزگۈچىلەرگە قارشى تۇرغان ئىدى" دېدى. لېنىن، بۇ تاكتىكا "ئىنقىلاپقا پايدىلىق بولىدى" دەپ ھېساپلىدى.① تارىخ لېنىننىڭ بۇ ھۆكمىنىڭ پۈتۈنلەي توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

1779 — 1781 - يىللىرى، ئۇرۇشنىڭ مەركىزى جەنۇپقا يۆتكەلدى، ئەنگلىيە چوڭ ئېكىنزارلىق ئىگىلىرى ئىچىدىكى خائىنلارنىڭ ۋەتەن ساتقۇچلۇق ھەركەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، جەنۇپتىكى كەڭ زېمىننى بېسىۋالدى. لېكىن، 1781 - يىل 9 — 10 - ئايلاردا ۋېرگىنىيېدىكى يوركتوۋندا ئېلىپ بېرىلغان ھەل قىلغۇچ جەڭدە، ئامېرىكا - فرانسىيە بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ ئىككى تەرەپتىن قىسىپ ھۇجۇم قىلىشى ئارقىسىدا، ئەنگلىيە قوشۇنلىرىدىن 7 مىڭ كىشى 10 - ئاينىڭ 19 -

① لېنىن. «ئامېرىكا ئىشچىلىرىغا خەت». «لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 28 - توم، 48 — 49 - بەتلەر.

كۆنى نائىلاج ئاق بايراق چىقىرىپ تەسلىم بولدى. ئۇرۇش ئامېرىكىنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاياقلاشتى. 1783-يىلى ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە پارىژ سۈلھى شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى، ئەنگلىيە ئامېرىكىنىڭ ئەنگلىيىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولۇشىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلدى. ئەسلىدىكى 13 مۇستەملىكىدىن تاشقىرى، ئەنگلىيە يەنە ئاپپالاچى تېغى بىلەن مىسسىسىپى دەرياسى ئارىلىقىدىكى، شىمالىدىن كانادانىڭ جەنۇبىي چېگرىسىغىچە، جەنۇبتىن فلورىدا (ئىسپانىيىنىڭ ئىشغالىيىتى ئاستىدا)نىڭ چېگرىسىغىچە بولغان پۈتۈن زېمىننى ئامېرىكا تەۋەلىكىگە ئايرىپ بەردى. ئەنگلىيىگە "سادىق" بولغان 80 مىڭچە پادىشا تەرەپدارلىرى ئامېرىكىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى.

ئامېرىكا مۇستەقىللىق ئۇرۇشى "ئامېرىكا خەلقى ئەينى ۋاقىتتا ئامېرىكىنى ئېزىۋاتقان، ئامېرىكىنى مۇستەملىكىلىك-قۇللۇق ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويغان ئەنگلىيە قاراقچىلىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشتىن ئىبارەت."① ماۋجۇشى: "ۋاشىنگتون ۋە جېففېرسونلارنىڭ ئەنگلىيىگە قارشى ئىنقىلاب قىلىشى قانداقتۇ ئامېرىكا ئاھالىسىنىڭ ئوشۇقچىلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ ئامېرىكىلىقلارنى ئەزگەنلىكى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغانلىقىدىن بولغان"② دەپ كۆرسەتتى. ئامېرىكا مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى شۇنى

---

① لېنىن. «ئامېرىكا ئىشچىلىرىغا خەت». «لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 28-توم، 43-بەت.

② ماۋزېدۇڭ. «ئىدىيالىستىك تارىخ قاراشىنىڭ بەربات بولۇشى». «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 4-توم، 2609—2610-بەتلەر.

چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، قەيەردە زۇلۇم بولىدىكەن، شۇ يەردە قارشىلىق بولىدۇ؛ ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ مىللى ئازاتلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئېقىمىنى توسقىلى بولمايدۇ. پەقەت قوراللىق كۈرەشنى ئېگىلمەي-سۇنماي قەتئىي داۋاملاشتۇرىدىغان ۋە زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، دۈشمەننى يېتىم قالدۇرىدىغانلا بولسا، ئۇ هالدا، "ئاجىز دولەت كۈچلۈك دولەتنى مەغلۇپ قىلالايدۇ، كىچىك دولەت چوڭ دولەتنى مەغلۇپ قىلالايدۇ."①

ئامېرىكا مۇستەقىللىق ئۇرۇشى ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قىتئەلىرىدىكى ئىنقىلاۋىي هەركەتلەرنى ئىلگىرى سۈردى. ئامېرىكا خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋىي روهىنىڭ ئىلهامى ئاستىدا، 1789-يىلى فرانسىيىدە تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ ئۈزۈل-كېسىل بولغان بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى پارتلىدى. ئامېرىكا ۋە فرانسىيە ئىنقىلاپلىرىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، 1790-يىلى غەربىي هىندىستاننىڭ خايتى دېگەن جايىدا نېگىرلار قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتىرىپ، 10 نەچچە يىل كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، فرانسىيىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك هۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈردى؛ ئۇنىڭغا ئۇلاپلا لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مۇستەملىكە خەلقلىرى قاينام-تاشقىنلىق مىللى مۇستەقىللىق ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئىسپانىيە، پورتۇگالىيىلەرنىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىستېمىسىنى پاچاقلاپ تاشلىدى.

**شېيس قوزغىلىڭى ۋە 1787-يىلدىكى ئاساسىي قانۇن**

ئامېرىكا مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، بۇرژۇئازىيە بىلەن قۇلدارلارنىڭ

① ماۋ زېدۇڭ. «پۈتۈن دۇنيا خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ، ئامېرىكا تاجاۋۇزچىلىرى ۋە ئۇنىڭ بارلىق غالچىلىرىنى يوقىتايلى!»، «قىزىل بايراق» ژورنىلى، 1970-يىل 6-سان، 6-بەت.

www.uyghurkitap.com

بىرلەشمە دىكتاتۇرىسى ئورنىتىلىش بىلەن، مەملىكەت ئىچىدىكى سىنىپىي زىددىيەت ئاساسىي زىددىيەت بولۇپ قالدى. مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى خەلق ئاممىسىنىڭ قان ئاققۇزۇپ قۇربان بېرىشى بەدىلىگە قولغا كەلگەن ئىدى، لېكىن، ئۇرۇشتىن كېيىن، ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى، ئىقتىسات كاساتلىشىپ، ئىشچىلار ئىشسىز قالدى، باج-سېلىق كۆپەيدى، مال باھاسى ئۆرلەپ كەتتى. بۇرژۇئازىيە ۋە قۇلدارلار بولسا ئۇرۇش ۋەجىدىن تازا بېيىپ كەتتى. ئاساسەن دېخانلاردىن كېلىپ چىققان ئەسكەرلەر ئۇرۇش مەزگىلىدە مۇئاش ئالالمىدى، يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن تىرىكچىلىك يولىنى تاپالماي، قاتمۇ-قات قەرزلەرگە بوغۇلدى. ئۇرۇش مەزگىلىدە قۇرۇقلۇق يىغىنى تەرىپىدىن بېسىپ تارقىتىلغان قەغەز پۇل بۇ چاغدا پاخاللىشىپ كەتكەچكە، ھەقدارلار قەرزنى يېڭى پۇل ياكى مېتال پۇل بىلەن تۆلەشنى تەلەپ قىلدى؛ دېخانلار قەرز تۆلەشكە كۈچى يەتمىگەچكە، يەرلىرىنى جازانىخورلارغا گۆرۈگە قويۇشقا مەجبۇر بولدى. مۇستەقىل بولۇشتىن ئىلگىرىكى فېودالىزىم قالدۇقلىرى، مەسىلەن، نەرسە بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسى ۋە مال-مۈلۈككە چوڭ ئوغۇل ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن دېخانلارنىڭ غەرىپكە بېرىپ يېڭى يەر ئېچىش تەلىۋى يەنىلا چەكلەندى. ھۆكۈمەت: غەرىپتىكى يەرلەر 640 ئاكىر كېلىدىغان پارچىلار بويىچە بولۇپ سېتىلىدۇ، ھەر بىر ئاكىر يەرنىڭ باھاسى 2 ئامېرىكا دوللىرى بولىدۇ، پۇلىنى بىر قېتىمدىلا تۆلەش كېرەك، دەپ بەلگىلىدى. دېمەك، كەمبەغەللەرنىڭ يەرگە ئىگە بولۇشى زادىلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئۈمىدى ئۈزۈلگەن دېخانلارغا پەقەت قولغا قورال ئېلىپ كۆرەش

قىلىشتىن ئىبارەت بىرلا چىقىش يولى قالىدى. 1786 ـ يىلى، يېڭى ئەنگلىيىنىڭ ھەرقايسى ئىشتاتلىرىدىكى دېھقانلار ئارقا ـ ئارقىدىن قوزغىلاڭ كۆتەردى، بۇنىڭ ئىچىدە ماسساچۇسېتس ئىشتاتىدىكى شېيس قوزغىلىڭىنىڭ كۆلىمى ئەڭ زور بولدى.

دانىيىل شېيس (1748 ــ 1825) كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان، مۇستەقىللىق ئۇرۇشى ۋاقتىدا كۆپ قېتىم خىزمەت كۆرسىتىپ، شاڭيۇيلىققا كۆتۈرۈلگەن، ئۇ ھەربىي سەپتىن بوشانغاندىن كېيىن، ئىنتايىن نامراتلىشىپ كېتىدۇ ھەتتا لاقايىت جىياڭجۈن تەقدىم قىلغان شەمشەرنىمۇ سېتىۋېتىدۇ. ئۇ نامرات دېھقانلارنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئەھۋالىنى كۆرۈپ، يەرلەرنى قايتىدىن تەقسىم قىلىش، قەرزنى بىكار قىلىۋېتىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ كەمبەغەللەرگە زىيانكەشلىك قىلىدىغان سوت مەھكىمىلىرىدىن ۋە بۇرژۇئازىيىنى ئاقلايدىغان ئادۋوكاتلاردىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، دېموكراتىيە، ئەركىنلىك، مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلغان كىشىلەرنى قولغا قايتىدىن قورال ئېلىپ، مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنىڭ غالىبىيەت مېۋىلىرىنى قوغداش ئۈچۈن داۋاملىق كۈرەش قىلىشقا چاقىردى. شېيسنىڭ چاقىرىقى ئاستىدا، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى كىچىكتىن چوڭىيىپ، ئەڭ كۆپ بولغاندا 15مىڭ كىشىگە يەتتى. بۇرژۇئازىيىنىڭ دىكتاتۇرا ئورگىنى بولغان سوت مەھكىمىلىرى ئۇلارنىڭ ئاساسىي ھۇجۇم نىشانى بولدى. ئۇلار كونكورد، بوستون، ۋۇستېر ۋە سپرىنگفىلد دېگەن جايلاردا يېرىم يىل جەڭ قىلىپ (1786 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1787 ـ يىل 2 ـ ئايغىچە)، ئاخىردا بۇرژۇئازىيە ۋە قۇللدارلارنىڭ قوراللىق كۈچلىرى تەرىپىدىن ۋەھشىيلەرچە باستۇرۇلدى.

ئامېرىكا هوكۇمران سىنىپلىرى دۆلەت ماشىنىسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، 1787-يىلى ئاساسىي قانۇن تۈزۈپ چىقىپ، مەركەزلەشكەن قوشما ئىشتاتلىق جۇمھۇرىيەت ھوكۇمىتىنى تەشكىل قىلدى. ئاساسىي قانۇن "3 ھوقۇق ئايرىم-ئايرىم بولۇش تۈزۈمى" ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بۇرژۇئازىيە دىكتاتۇرىسىدىن ئىبارەت ماھىيىتىنى يوشۇردى. مەمۇرى ھوقۇق زۇڭتۇڭ ۋە ئۇ تەيىنلىگەن دۆلەت كاتىۋى ھەم ئىچكى كابىنېت ئەزالىرىنىڭ قولىغا مەركەزلەشتۈرۈلدى. زۇڭتۇڭنىڭ ۋاكالەت مۇددىتى 4 يىل، ئۇ قوشۇمچە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى ۋە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى بولىدۇ. ئۇ پارلامېنت ئالدىدا جاۋاپكار بولمايدۇ بەلكى پارلامېنتنىڭ قارارلىرىنى رەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ، پارلامېنت ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان كۆپ سانلىق ئاۋاز بىلەن ئەسلىدىكى قارارنى ساقلاشنى قارار قىلغاندا، ئاندىن زۇڭتۇڭ رەت قىلالمايدۇ. ئۇ كېڭەش پالاتاسىنىڭ رازىلىقى بىلەن شەرتنامە ئىمزالىيالايدۇ. پارلامېنت قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنى ئۆز قولىدا تۇتىدۇ، ئۇ كېڭەش پالاتاسى بىلەن ئاۋام پالاتاسىدىن تەركىپ تاپىدۇ. كېڭەش پالاتاسى ئەزاسىنىڭ ۋاكالەت مۇددىتى 6 يىل بولىدۇ، ھەرقايسى ئىشتاتلارنىڭ ئىشتاتلىق پارلامېنتلىرىدىن 2 دىن ۋەكىل بەلگىلىنىدۇ، ھەر 2 يىلدا ئۇلارنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى قايتىدىن سايلىنىپ تۇرىدۇ. ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئەزالىرى ھەرقايسى ئىشتات ئاھالىسىنىڭ نىسبىتى بويىچە سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلىدۇ، ھەر 2 يىلدا بىر قېتىم قايتا سايلام ئېلىپ بېرىلىدۇ. كېڭەش پالاتاسى زۇڭتۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئىچكى كابىنېت ئەزالىرى ۋە ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتچىلىرىنىڭ ئىسملىگىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ، زۇڭتۇڭ چەتئەللەر

بىلەن ئىمزالىغان شەرتنامىلەرنى تەستىقلايدۇ. ئاۋام پالاتاسى ئوتتۇرىغا قويغان قانۇن لايىھىلىرىنى تەكشۈرىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئۇنى ئىسكەنجىلەش رولىنى ئوينايدۇ. ئەدلىيە ھوقۇقى ئالىي سوت مەھكىمىسىگە مەركەزلەشتۈرۈلىدۇ، سوتچىلارنى زۇڭتۇڭ تەيىنلەيدۇ، ئۇلارنىڭ ۋاكالەت مۇددىتى ئۆمۈرۋايەت بولىدۇ. ئالىي سوت مەھكىمىسى ئاساسىي قانۇننى شەرھلەش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ، ئۇ ئاساسىي قانۇننىڭ روھىغا ئۇيغۇن ئەمەس دەپ ھېسابلىغان قانۇنلارنى ”ئاساسىي قانۇنغا خىلاپ“ دەپ كۈچتىن قالدۇرالايدۇ.

1787-يىلدىكى ئاساسىي قانۇن بۇرژۇئازىيە ۋە قۇلدارلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش مەقسىتىدە تۈزۈلگەن ئىدى، ئۇ بۇرژۇئازىيە ۋە قۇلدارلارنىڭ ھوقۇقىنى مۇقىملاشتۇردى. ئاساسىي قانۇن قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلمىدى، قۇللارنى ئېلىپ ساتىدىغان سودىنىمۇ توسمىدى. قۇللار يەنىلا ھايۋان ئورنىدا ئىشلىتىلدى، ئەمما ئاۋام پالاتاسىغا سايلىنىدىغان ۋەكىللەرنىڭ سانىنى ھەرقايسى ئىشتات ئاھالىسىنىڭ سانىغا قاراپ بەلگىلەشتە، 5 قۇلنى 3 ئادەمگە سۇندۇرۇپ ھېسابلاش بەلگىلەندى. ئاساسىي قانۇن يەنە قۇلدارلارغا قېچىپ كەتكەن قۇللارنى تۇتۇپ كېلىش ھوقۇقىنى بەردى. ئاساسىي قانۇندا ئەسلىدە كىشىلىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش توغرىسىدا ھېچبىر ماددا يوق ئىدى، خەلق ئاممىسى ۋە دېموكراتىيىچىلەرنىڭ قەتئىي تەلىۋى ئارقىسىدىلا، 10 ماددىلىق تۈزىتىلگەن لايىھە يەنى «كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدىكى قانۇن لايىھىسى» قوشۇلۇپ، ئاساسىي قانۇن دېموكراتىيە پەردىسى بىلەن پەردىلەندى. ئەمما، ئىشتاتلار سايلام شەرتلىرى ۋە سايلام تەرتىۋىنى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە بولغاچقا، نېگىرلار، ھىندىئانلار، ئاياللار ۋە مال-مۈلۈك

www.uyghurkitap.com

ھەم ئولتۇراقلىشىش شەرتىگە توشمىغانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ خەلق پۈتۈنلەي دېموكراتىيە ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىندى. مەملىكەت بويىچە 3 مىليون ئاھالە ئىچىدە ئاران 120 مىڭلا كىشى سايلام ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. زوڭتۇڭ، كېڭەش پالاتاسى ئەزالىرى، ئاۋام پالاتاسى ئەزالىرىدىن تارتىپ ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتچىلىرىغىچە ھەممىسى بۇرژۇئازىيە ۋە قۇلدارلارنىڭ ۋەكىللىرى بولدى. "3 ھوقۇق ئايرىم-ئايرىم بولۇش" دېگەن نىمىسى پۈتۈنلەي ئالدامچىلىق ئىدى. ھوكۇمران سىنىپلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ۋە خەلقنى ئېزىش جەھەتتە، مەمۇرى ھوقۇق، قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى ۋە ئەدلىيە ھوقۇقى بىردەك ئىدى.

1789-يىل 4-ئايدا قوشما ئىشتاتلار ھوكۇمىتى رەسمىي قۇرۇلدى. بۇرژۇئا سىياسىيچىسى بولغان جورج ۋاشىنگتون مۇستەقىللىق ئۇرۇشىدا كورسەتكەن تەشكىللەش ئىقتىدارى ۋە ھەربى جەھەتتىكى توھپىسى بىلەن، بىرىنچى نوۋەتلىك زوڭتۇڭلۇققا سايلاندى؛ جېففېرسون دولەت كاتىپلىقىغا تەيىنلەندى. ئامېرىكا مۇستەقىل بولۇپ ئۇزاق ئوتمەيلا، تېررىتورىيىسىنى كېڭەيتىش ۋە مۇستەملىكىچىلىك تاجاۋۇزچىلىق يولىغا مېڭىپ، 1776-يىلدىكى ئىنقىلاۋىي ئەنئەنىسىدىن چەتلەپ كەتتى. بۇرژۇئازىيە ۋە قۇلدارلار رەھبەرلىك قىلغان بۇ دولەتتە، دىخانلارنىڭ يەر مەسىلىسى ھەل قىلىنمىدى، نېگىر قۇللارمۇ ئازات قىلىنمىدى. بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنىڭ بۇ ئىككى ۋەزىپىسى 1861-1865-يىللاردا بولغان ئامېرىكا ئىچكى ئۇرۇشى (جەنۇپ-شىمال ئۇرۇشى)دىن كېيىنلا ئاندىن ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنلاندى.

## ئىككىنچى باپ

# فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى، ناپولېون ئىمپېرىيىسىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ھالاك بولۇشى

ماركس مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "ئامېرىكىدا بولۇپ ئۆتكەن مۇستەقىللىق ئۇرۇشى ياۋروپا ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيىسى ئۈچۈن سىگنال بولدى".①

18-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدا، ياۋروپا يەنە ئىنقىلابىي داۋالغۇش دەۋرىگە كىردى. ئىرلاندىيىدە (1782—1784)، شۋېيتسارىيىدە (1782-يىلى)، گوللاندىيىدە (1783—1787)، بېلگىيىدە (1787—1790) ۋە فرانسىيىدە (1789—1794) ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ مىللىي مۇستەقىللىق ھەركەتلىرى ۋە بۇرژۇئا ئىنقىلابىي ھەركەتلىرى پارتلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى ھەممىدىن بەك ئۇزۇل-كېسىل بولدى ۋە ئۇنىڭ تەسىرىمۇ ھەممىدىن زور بولدى. فرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قازىنىشى پۈتكۈل ياۋروپادىكى ئىنقىلاپ دولقۇنىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئالغا

---

① ماركس. «كاپىتال»نىڭ 1-توم 1-نەشرىگە سۆز بېشى. «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1981-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 352-بەت.

www.uyghurkitap.com

سۈردى.

17-ئەسىردىكى ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىغا سېلىشتۇرغاندا، فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى كاپىتالىزم ئامىللىرى تېخىمۇ راۋاج تاپقان، سىنىپىي زىددىيەتلەر تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشكەن ۋە مۇرەككەپلىشىپ كەتكەن، خەلق ئاممىسى يەنىمۇ ئويغانغان شارائىتتا ئېلىپ بېرىلدى. فرانسىيە ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلغان بۇرژۇئازىيە فېئودالىزمغا قارشى كۈرەشتە يەر ئاقسۆڭەكلىرى ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى خەلق ئاممىسى بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى؛ بۇرژۇئازىيە دىنىي تونىنى پۈتۈنلەي چۆرۈپ تاشلاپ، "ئەقلىيەچىلىق"نى ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي قورالى قىلدى. خەلق ئاممىسىنىڭ پولاتتەك ئىنقىلابىي مۇشتى مەملىكەت ئىچىدىكى سىنىپىي دۈشمەنلەرنىلا بىتچىت قىلىپ قالماستىن، بەلكى چەتئەللەرنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق مۇداخىلىسىنىمۇ تارمار قىلدى. ئىنقىلابىي خەلقنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلىشىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن بۇرژۇئازىيە دېھقانلارنىڭ يەر مەسىلىسىنى بىرقەدەر ئۈزۈل-كېسىل ھەل قىلدى. خەلق ھەرىكىتىنىڭ تۈرتكە بولۇشى ئارقىسىدا، مۆتىدىل گۇرۇھلارنىڭ ئورنىنى تەرتىپ بويىچە رادىكال گۇرۇھلار ئالدى، بۇنىڭ بىلەن ئىنقىلاب تاكى بۇرژۇئا ئىنقىلابى يېتەلەيدىغان ئاخىرقى چەككە يەتكىچە يەنى ياكوبىنچىلارنىڭ ئىنقىلابىي دېموكراتىك دىكتاتۇرىسى قۇرۇلغىچە يۇقىرىغا قاراپ راۋاجلاندى.

لېكىن، فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىدا، ئوخشاشلا، ئىنتايىن زور تەكرارلىنىش ۋە ئەگرى-توقايلىقلار كۆرۈلدى. ياكوبىنچىلارنىڭ دېموكراتىك دىكتاتۇرىسىنىڭ ئورنىنى چوڭ بۇرژۇئازىيە دىكتاتۇرىسى ئالدى، چوڭ بۇرژۇئازىيە بولسا يەنە ھاكىمىيەتنى ناپولېون

بوناپارت جياڭجۈنگە سۇنۇپ بەردى. ناپولېون چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇپ، مەملىكەت ئىچىدە بۇرژۇئا ئىمپېرىيىسى بىناسىنى قۇرۇپ، فرانسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ بەزى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مۇستەھكەملىدى؛ مەملىكەت سىرتىدا فرانسىيىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، تۈرلۈك فېودالىق شەكىللەرنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئىرەلىش بىلەن ئىرىلىشكە قارشى تۇرۇش، تاجاۋۇز بىلەن تاجاۋۇزغا قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدا 10 يىل داۋام قىلغان ئۇرۇش ئارقىسىدا، ناپولېون ئىمپېرىيىسى ھالاك بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئاغدۇرۇلغان بوربون سۇلالىسى چەتئەل تاجاۋۇزچى ئارمىيىسىنىڭ نەيزە بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا يەنە فرانسىيىدە تىرىلدى.

ياۋروپادىكى فېودال پادىشالار ناپولېوننى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، لىڭشىپ قالغان فېودالىق تۈزۈمنى ساقلاپ قېلىش، ھەرقايسى ئەللەردىكى مىللى-دېموكراتىك ئىنقىلاۋىي ھەركەتلەرنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش غەرىزىدە، ئەكسىيەتچىل مۇقەددەس ئىتتىپاق تۈزدى. ئەمما، 19-ئەسىرنىڭ 20-، 30-يىللىرىدىكى ياۋروپا-ئامېرىكا ئىنقىلاپ بورانلىرىنىڭ ياۋروپادىكى فېودالىق ھوكۇمرانلىققا قاتتىق زەربە بېرىشى بىلەن، مۇقەددەس ئىتتىپاقنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسىتى ئاخىر چاك-چېكىدىن بوسۇلۇپ كەتتى.

## 1. بۆلۈم ئىنقىلاپتىن ئىلگىرىكى ياۋروپا ۋە فرانسىيە

**ياۋروپانىڭ ئىنقىلاپتىن ئىلگىرىكى ئومۇمىي ئەھۋالى** ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىدىن تارتىپ فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىغىچە

بولغان 150 يىل ئىچىدە، ياۋروپا ئەللىرىنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردىكى تەرەققىياتى بەكمۇ تەكشىسىز بولدى. 17-ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئەنگلىيە پادىشاسى چارلىس I كاللا كېسىش مەيدانىغا ئەپچىقىلغان چاغدا، روسىيە چارپادىشاسى فېئوداللىق يانچىلىق تۈزۈمنى مۇستەھكەملەش يۈزىسىدىن قانۇنلارنى ئېلان قىلماقتا ئىدى، فرانسىيە پادىشاسى لۇئى XIV نىڭ مۇستەبىت پادىشالىق ھاكىمىيىتى تېخى تازا گۈللەنگەن دەۋرگە كىرمىگەن ئىدى.

18-ئەسىردىكى ياۋروپادا، ئەنگلىيە بىلەن گوللاندىيىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى جايلار فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇراتتى، ھەممىلا يەردە پومېشچىك-ئاقسۆڭەكلەر دىكتاتۇرىسى يۈرگۈزۈلەتتى، دېھقانلارنىڭ فېئوداللىزمغا قارشى كۆرەشلىرى كەينى-كەينىدىن بولۇپ تۇراتتى. فرانسىيە بىلەن روسىيە شۇ چاغدا ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدىكى ئەڭ كۈچلۈك فېئوداللىق دۆلەتلەر ئىدى، لېكىن ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى تەرەققىيات سەۋىيىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، روسىيە فرانسىيىدىن خېلى ئارقىدا ئىدى.

روسىيە چارپادىشاسى پېتر I (1689—1725-يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) پومېشچىكلار سىنىپى ۋە يېڭى گۈللەنگەن سودىگەرلەرنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇپ، پومېشچىك-ئاقسۆڭەكلەرنىڭ دۆلەت ماشىنىسىنى كۈچەيتىپ، زور كۆلەمدىكى قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى، دېڭىز ئارمىيىسىنى قۇرۇپ چىقتى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دەۋردە، توقۇمىچىلىق، كۆنچىلىك، قەغەزچىلىك ۋە مېتاللىچىلىق ساھەلىرى بويىچە 200 دىن ئارتۇق قول

ساناﯔەت ئىشخانىسى قۇرۇلدى؛ تاشقى سودا جەھەتتە، چەتكە چىقىرىشنى رىغبەتلەندۇرۇش، چەتتىن كىرگۈزۈشنى چەكلەش يۈزىسىدىن، قوغدىنىش چېگرا بېجى سىياستى يولغا قويۇلدى. 1712-يىلى، پايتەخت موسكۋادىن پېتربۇرگ (ھازىرقى لېنىنگراد)قا يوتكەلدى. ستالىن مۇنداق دەپ كورسەتكەن ئىدى: پېتر پومېششىكلار ۋە سودىگەرلەرنىڭ مىللى دولىتىنى قۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەش يولىدا نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە شۇنداق دېيىشىمىز كېرەككى، پومېششىكلار سىنىپىنىڭ ئورنىنى كوتىرىش، يېڭى گۈللەنگەن سودىگەرلەر سىنىپىغا ياردەم بېرىش ۋە بۇ ئىككى سىنىپنىڭ مىللى دولىتىنى مۇستەھكەملەش ئىشلىرى يانچىلارنى دەھشەتلىك تۇردە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش يولى بىلەن ئېلىپ بېرىلدى."①

ئېكاتېرىنا II (1762—1796-يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) يانچىلىق تۈزۈمنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، ئاقسوڭەكلەرنىڭ ئىمتىيازلىرىنى يەنىمۇ كېڭەيتتى. دەھشەتلىك سىنىپى زۇلۇم دېھقانلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىنى قوزغىدى. 1773—1775-يىللىرى پۇگاچېۋ (1726—1775)نىڭ رەھبەرلىكىدە روسىيە تارىخىدا كولىمى ئەڭ زور بولغان قوزغىلاڭ پارتلىدى. قوزغىلاڭ ئورال تاغلىق رايونلىرىدىن ۋولگا دەرياسى ۋادىسىغىچە كېڭەيدى، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئىشغال قىلغان جايلاردا دېھقانلار ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇپ، پومېششىكلار، ئەمەلدارلار باستۇرۇلدى، فېوداللىق مەجبۇرىيەتلەر ئەمەلدىن

① ستالىن. «گېرمانىيە يازغۇچىسى ئەمىل ليۇدۋىگ بىلەن سوھبەت». «ستالىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى. 13-توم، 93—94-بەتلەر.

قالدۇرۇلدى، دېھقانلار يەرگە ۋە ئەركىنلىككە ئىگە قىلىندى. بۇ قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، فېودال يانچىدارلارنىڭ ھوكۇمرانلىقىغا قاتتىق زەربە بېرىپ، يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ يىمىرىلىشىنى تېزلەتتى.

چارپادىشا ھۆكۈمىتى 16-، 17-ئەسىرلەردە شەرققە قاراپ يۈرگۈزگەن كېڭەيمىچىلىكىنى داۋاملاشتۇرۇپ، 18-ئەسىردە يەنە بالتىق دېڭىزى ۋە قارا دېڭىزغا چىقىدىغان ئېغىزنى تالىشىشنى ئۆزىنىڭ سىرتقا كېڭەيمىچىلىك قىلىشىنىڭ ئاساسىي نىشانى قىلىپ، ياۋروپاغا خوجا بولۇش غەرىزىدە بولدى. 1700—1721-يىللىرى روسىيە شۋېتسىيە بىلەن 20 يىل داۋام قىلغان "شىمال ئۇرۇشى"نى ئېلىپ بېرىپ، بالتىق دېڭىزىغا چىقىدىغان ئېغىزنى شۇنىڭدەك فىنلاند قولتۇقى ۋە رىگا قولتۇقى ئەتراپىدىكى جايلارنى قولغا كىرگۈزۈ-ۋالدى. قارا دېڭىز قىرغىقىدىكى جايلارنى ۋە جەنۇبتىن دېڭىزغا چىقىدىغان ئېغىزنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن، چارروسىيە تۈركىيە ۋە ئۇنىڭ بېقىندىسى بولغان قىرىم خانلىقى بىلەن كۆپ قېتىم ئۇرۇش قىلىپ، قىرىمنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى، قارا دېڭىز بوغۇزىدا ئەركىن قاتناش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇۋالدى ھەمدە قارا دېڭىزنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى مۇنبەت يايلاقنى زورلۇق بىلەن بېسىۋېلىپ، ئۇنى يېڭى روسىيە دەپ ئاتىدى. 1772-، 1793-ۋە 1795-يىللىرى روسىيە پرۇسسىيە ۋە ئاۋستىرىيە بىلەن شېرىكلىشىپ، پولشىنى ئۈچ قېتىم بۆلۈشۈۋالدى، چارروسىيىنىڭ بېسىۋالغان قىسمى ھەممىدىن چوڭ بولدى، ئۇ پولشىغا ئەڭ دەھشەتلىك زۇلۇم سالدى. 18-ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىدا، روسىيىنىڭ مۇستەملىكىچى ساياھەت دۆيى شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئالياسكىغا بوسۇپ كىردى، 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا

ئالياسكا روسىيىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، ئىككى ئەسىردىن كۆپرەك داۋام قىلغان تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرى ئارقىسىدا، چار روسىيە ياۋروپا، ئاسىيا ۋە ئامېرىكىدىن ئىبارەت 3 قىتئەگە چات كەلگەن چوڭ روسىيە مۇستەملىكىچى ئىمپېرىيىسى ھەم ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ چوڭ تۈرمىسى بولۇپ قالدى.

روسىيىنىڭ غەربى ۋە فرانسىيىنىڭ شەرقىدە 3 چوڭ فېئوداللىق دۆلەت يەنى مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيىسى (گېرمانىيە)، پولشا جۇمھۇرىيىتى ۋە ياۋروپا، ئاسىيا ھەم ئافرىقىغا چات كەلگەن ئوسمان (تۈركىيە) ئىمپېرىيىسى بار ئىدى.

ئوتتۇرا ئەسىردىن بۇيان مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيىسى شۇ زامانغا كەلگەندە ئىسمى بار، جىسمى يوق بىر دۆلەت بولۇپ قالغان ئىدى، 1618-يىلدىن 1648-يىلغىچە 30 يىل داۋام قىلغان ئۇرۇش ئارقىسىدا، گېرمانىيە ئىگىلىك جەھەتتە قاتتىق ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى، سىياسى جەھەتتە چاك-چېكىدىن پارچىلىنىپ كەتتى. 18-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، گېرمانىيىنىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىدا گۈللەنگەن پرۇسسىيە پادىشالىقى كۈنسايىن كۈچىيىپ، ئۆزلۈكسىز تۈردە غەربى كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولغان ئاۋىستىرىيە بەگلىكى بىلەن گېرمانىيىنىڭ بىرنەچچە يۈز ئۇششاق بەگلىكلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى تالىشىشقا كىرىشتى. ئاۋىستىرىيىمۇ مىللەتلەر تۈرمىسى ئىدى. ھابسبۇرگ سۇلالىسى چېخلار، پولەكلەر، ۋېنگىرلار، يۇگوسلاۋىيانلار، ئىتالىيانلار، بېلگىيىلىكلەر① ۋە باشقىلارغا ۋەھشىلەرچە مىللى زۇلۇم ھەم

① 1713-يىلغىچە بېلگىيە ئىسپانىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئىدى. 1713-يىلدىن كېيىن ئۇ ئاۋىستىرىيىگە بېقىندىغان بولدى.

سىنىپىي زۇلۇم سالاتتى، ئۇنىڭ ھوكۇمرانلىغىنىڭ ئاساسى ئىنتايىن تۇراقسىز ئىدى.

پولشا نامدا جۇمھۇرىيەت (چۈنكى پادىشانى ئاقسوڭەكلەر سايلاپ چىقاتتى) بولسىمۇ، ماھىيەتتە فېودال ئاقسوڭەكلەر دىكتاتۇرىلىغىدىكى دولەت ئىدى. بۇ فېودال ئاقسوڭەكلەر بىر تەرەپتىن دىخانلارنىڭ قېنىنى شورىسا، يەنە بىر تەرەپتىن بىر-بىرىگە ئورا كولايتتى، ھەتتا قارشى كۈچلەرگە زەربە بېرىش، خەلقنىڭ قوزغىلاڭلىرىنى باستۇرۇش ئۈچۈن چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرى بىلەنمۇ تىل بىرىكتۈرەتتى. پولشا بىلەن خوشنا بولغان 3 دولەت — روسىيە، ئاۋستىرىيە ۋە پرۇسسىيە ئۇزئارا تالىشىپ، ئاخىرى 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، 10 مىليوندىن ئارتۇق ئاھالىگە ۋە 800 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە بولغان بۇ دولەتنى پارچىلىۋەتتى. پولشىنىڭ باتۇر پەرزەنتلىرى كەينى-كەينىدىن قوزغىلىپ، مىللىي مۇستەقىللىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىدىكى كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى.

15-ئەسىردە شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپاغا بېسىپ كىرگەن ئوسمان (تۈركىيە) ئىمپېرىيىسى 300 يىلدىن بۇيان ئالبانلار، رۇمىنىيىلىكلەر، يۇگوسلاۋىيانلار، گىرىكلار ۋە شىمالىي ئافرىقىدىكى ئەرەپلەرنى قۇل قىلىپ كەلگەن ئىدى. ئېزىلگۈچى مىللەتلەر قوزغىلاڭلىرىنىڭ زەربىسى ۋە روسىيە، ئاۋستىرىيەلەرنىڭ كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنىڭ زەربىسى ئاستىدا، ئىمپېرىيە كۈندىن-كۈنگە پارچىلىنىشقا قاراپ ماڭدى.

بۇنىڭدىن باشقا، ئىتالىيە يەنىلا پارچىلانغان ھالەتتە تۇراتتى، مۇستەقىللىغىنى ئاران-ئاران ساقلاۋاتقان ساردىنىيە پادىشالىغى، پاپا رايونى ۋە ۋېنىتسىيە بىلەن گېنويادىن ئىبارەت ئىككى سودىگەر-

ئاقسوڭەكلەر جۇمھۇرىيىتىنى ھىساپقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭ شىمالىي قىسمى ئاۋستىرىيىنىڭ ھوكۇمرانلىغى ئاستىدا ئىدى، جەنۇبىي قىسمىنى ئىسپانىيە بېسىۋالغان ئىدى، بەزى بەگلىكلەر بولسا چەت مىللەتلەرگە بېقىنىپ تۇراتتى. مىللەتنىڭ مۇستەقىللىغىنى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىگىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋەزىپىسى ئىتالىيە خەلقىنىڭ ئالدىغا جىددىي ھالدا قويۇلغان ئىدى.

18 ـ ئەسىردە ياۋروپا ئەللىرىنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتى سەۋىيىسى جەھەتتىكى پەرق ناھايىتى زور ئىدى. ئەنگلىيىدە بىرنەچچە ئەسىر داۋام قىلغان كەڭ كۆلەملىك يەر دائىرىلەش ھەركىتى ئارقىسىدا، ئۇششاق دېھقان ئىگىلىكىنىڭ ئورنىنى كاپىتالىستىك چوڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ئىگىلەپ، يېزا ئىگىلىك ئاھالىسى زور دەرىجىدە ئازايدى. ياۋروپا قۇرۇقلۇغىدا بولسا، ئۆز ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان فېئوداللىق ئۇششاق دېھقان ئىگىلىگى يەنىلا بىپايان دېڭىزغا ئوخشاش كەڭ كۆلەمدە مەۋجۇت ئىدى، يېزا ئاھالىسى پۈتۈن ئاھالىنىڭ 90 پىرسەنتتىن كۆپرەگىنى تەشكىل قىلاتتى. ئىسپانىيىدە، پورتۇگالىيىدە، ئىتالىيىنىڭ جەنۇبىدا ۋە ئېلبا دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى كەڭ رايونلاردا، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى ئوتتۇرا ئەسىردىكى يانچىلارنىڭكىدىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى. فرانسىيىدە، ئىتالىيىنىڭ شىمالىدا ۋە ئېلبا دەرياسىنىڭ غەربىدىكى بەزى جايلاردا، دېھقانلار ئاساسىي جەھەتتىن جىسمانىي ئەركىنلىككە ئېرىشكەن ئىدى، لېكىن ئۇلار يەنىلا قاتتىق فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇم ئاستىدا تۇراتتى. 18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئەنگلىيىدە كاپىتالىستىك سانائەت ئىنقىلاۋى باشلىنىپ كەتتى. ياۋروپانىڭ باشقا جايلىرىدا بولسا، قول سانائەت ئىشخانىلىرى يەنىلا ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللەپ تۇراتتى، يىرىك

www.uyghurkitap.com

ماشىنا ئىشلىتىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش يەنىلا ئاز ئۇچرايدىغان ئەھۋال ئىدى. كاپىتالىزم ئامىللىرى ۋە بۇرژۇئازىيە كۈچلىرى كۈچلۈك دۆلەتلەردە تېخى ناھايىتى ئاجىز ئىدى. 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، فرانسىيە، گوللاندىيە، بېلگىيە، گېرمانىيىنىڭ رېين رايونىدا ۋە ئىتالىيىنىڭ شىمالىدىكى ئايرىم شەھەرلەر "ژېنىي" يىپ ئىگىرىش ماشىنىسىنى، ۋاتنىڭ پار ماشىنىسىنى ئىشلىتىشكە ۋە ئىگىز مەش بىلەن تۆمۈر ئېرىتىشكە باشلىدى.

18-ئەسىردە ياۋروپانىڭ سودا ئىشلىرى سانائەتتىنمۇ تېزرەك تەرەققىي قىلدى. غەربىي ياۋروپا (ئەنگلىيە، فرانسىيە، گوللاندىيە) سودىگەرلىرى ئۆز دۆلىتىنىڭ سانائەت بۇيۇملىرىنى شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىگە سېتىپ ئاشلىققا تېگىشىۋالغاندىن باشقا، يەنە ئاسىيا، ئامېرىكا قىتئەلىرىدىن زور مىقداردىكى تاۋارلارنى ياۋروپانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئاپىرىپ سېتىپ، ئۇنىڭدىن زور مىقداردا پايدا ئالدى. ئاسىيا خەلقلىرى كۆڭۈل قويۇپ ياساپ چىققان قول سانائەت بۇيۇملىرى، مەسىلەن، ھىندىستان، ئىراقلاردا ئىشلەنگەن پاختا توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى، ئىراندا ئىشلەنگەن گىلەم، جۇڭگودا ئىشلەنگەن يىپەك، فار-فور قاچا-قۇچىلار، سىرلانغان ئەسۋاپ-جابدۇقلار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار سۈپەت جەھەتتە ياۋروپانىڭكىدىن كۆپ ئېشىپ چۈشەتتى. ھىندونېزىيىدىن چىقىدىغان خۇش پۇراق ماتېرىياللىرى ۋە جۇڭگودىن چىقىدىغان چاينىڭ ياۋروپادا بازىرى تېز ئىدى. ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ زورلىشى بىلەن ئافرىقىلىق نېگىرلار غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرىدا تېرىغان شېكەر قومۇچ، شىمالىي ئامېرىكىدا تېرىغان تاماكا ۋە نىل بوياقمۇ زور مىقداردا سېتىلىدىغان تاۋارلار ئىدى. ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرى ھەتتا قۇل-

لارنى ئېلىپ سېتىشنىمۇ ئوزىنى بېيىتىشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالدى! ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ئامېرىكا قىتئەلىرى خەلقلىرىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئاساسىغا قۇرۇلغان بۇنداق خەلقارا "سودا" غەربىي ياۋروپا بۇرژۇئازىيىسىنى سەمرىتتى؛ شەرقىي ياۋروپا يەر ئاقسۆڭەكلىرى بولسا، شەخسىي كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، چەتتىن كەلگەن تاۋارلارغا تېگىشىۋېلىش ئۈچۈن، يانچىلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشنى جېنىنىڭ بىرىچە كۈچەيتتى، بۇنىڭ بىلەن سىنىپىي زىددىيەت تېخىمۇ كەسكىنلەشتى.

قىسقىسى، فرانسىيە ئىنقىلاۋى پارتلاشتىن ئىلگىرى، بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى ئاساسەن ئورۇنلانغان ئەنگلىيە ۋە گوللاندىيىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ياۋروپا ئەللىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئالدىدا فېئودالىق ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، فېئودالىق تۈزۈمنى بىكار قىلىش، بۇرژۇئا دىكتاتۇرىسىنى ئورنىتىش، كاپىتالىزمنى راۋاجلاندۇرۇشتەك تارىخىي ۋەزىپە تۇراتتى.

بۇ مەملىكەتلەر ئىچىدە، فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنىڭ ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ شەرت-شارائىتى ھەممىدىن بالدۇر پىشىپ يېتىلگەن ئىدى.

**فېئودالىق تۈزۈم شارائىتىدا فرانسىيىدىكى سىنىپلارنىڭ ئەھۋالى** فرانسىيىدىكى فېئودالىق تۈزۈم فېئودالىق يەر مۈلۈكچىلىكى ئاساسىغا قۇرۇلغان ئادەمخور تۈزۈم ئىدى. 500 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان زېمىندا ياشاۋاتقان 20 مىليوندىن ئارتۇق دېھقان (بۇ پۈتۈن ئاھالىنىڭ 85 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ) ئىگىلىگەن تېرىلغۇ يەر 30—40 پىرسەنتىنىلا تەشكىل قىلاتتى، قالغان يەرلەرنىڭ ھەممىسى خان جەمەتى ۋە

ئاقسۆڭەكلەرگە (30 پىرسەنت)، كاتولىك دىنى جەمىيىتى ۋە دىندار-لارغا (10 پىرسەنت) ھەم بۇرژۇئازىيىگە (20 پىرسەنت) تەئەللۇق ئىدى. دېھقانلار ئىچىدە يەنە جىسمانى ئەركىنلىككە ئىگە بولمىغان بىر مىلىيوندىن ئارتۇق يانچى بار ئىدى. دېھقانلارنىڭ ئاز بىر قىسمىلا ھاللىق دېھقان بولۇپ، مۇتلەق كۆپچىلىكى سېلىق تاپشۇر-دىغان دېھقان (ھەر يىلدا پومېششىكلارغا مەلۇم ساندا يەر ئىجارىسى تاپشۇرىدىغان دېھقان) ۋە پىرسەنت بويىچە مەھسۇلات بولۇشۇۋال-دىغان دېھقان (مەھسۇلاتنىڭ تەخمىنەن يېرىمىنى پومېششىكلارغا تاپشۇرىدىغان دېھقان) ئىدى؛ يەنە بىر قىسمى ھېچ نەرسىسى يوق، ئەمگەك كۈچىنى سېتىش بىلەن جان باقىدىغان يالانىما دېھقانلار ئىدى. پەقەت شىمالدىكى ئاز سانلىق جايلاردىلا كاپىتالىستىك چوڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بار ئىدى، مۇتلەق كۆپچىلىك جايلارنىڭ ئىگىلىكى تارقاق ئۇششاق دېھقان ئىگىلىكى ئىدى. تېرىقچىلىق تېخنى-كىسىمۇ ناھايىتى قالاق ئىدى، ھەر يىلدا ئۈچتىن بىر قىسمىدىن ئىككىدىن بىر قىسمىغىچە بولغان تېرىلغۇ يەر نوۋەت بىلەن دەم ئالدۇرۇلۇپ تۇراتتى. نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى (ئاھالە 1715-يىلدىكى 18 مىليوندىن كۆپىيىپ 1789-يىلى 26 مىليونغا يەتكەن ئىدى)، ئائىلىنىڭ بولۇنۇپ كېتىشى ۋە پومېششىكلارنىڭ جامائەت يەرلىرىنى ئىگىلىۋېلىشى نەتىجىسىدە، دېھقانلارنىڭ تېرىلغۇ يېرى بارغانسېرى يېتىشمەي قالدى، يەر ئىجارىسى بولسا 18-ئەسىر ئىچىدە بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئۆستۈرۈلدى.

كەڭ دېھقانلارغا يەنە سانسىز باج-سېلىق ۋە فېئوداللىق مەجبۇرىيەتلەر يۈكلەنگەن ئىدى: دىنىي جەمىيەتكە ئۆشرە تاپشۇراتتى، پادىشاغا يەر بېجى، نوپۇس بېجى ۋە تۇز بېجى تاپشۇراتتى، ھاشارغا

چىقاتتى، ھەربى خىزمەت ئۆتەيتتى ۋە باشقىلار. پومىششىكلار يەنە تۈرلۈك شەكلى ئۆزگەرگەن ئۇسۇللار ئارقىلىق دىخانلارنى قاقتى-سوقتى قىلاتتى، دىخانلار ھەتتا ئۈن تارتىش، بولكا پىشۇرۇش، يولدىن ئۆتۈش، كۆۋرۈكتىن ئۆتۈش ئۈچۈنمۇ پۇل تۆلەيتتى، يەرنىڭ قولدىن-قولغا ئۆتكەن (ۋارىسلىق قىلىش ياكى سېتىۋېلىش سەۋەبى بىلەن) چاغدىمۇ باج تاپشۇرۇلاتتى. دىخانلار جان بېقىشقا ھېچ ئىلاج بولمىغاندا، ئاشلىق ۋە پۇل قەرز ئېلىشقا مەجبۇر بولۇپ، يەنە پومىششىك ۋە كاپىتالىستلارنىڭ قاتتىق ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچرايتتى. دىخانلار بىر يىل جاپالىق ئەمگەك قىلىپ ئالغان مەھسۇلاتىنىڭ 5 تىن 4 قىسمى ئاخىردا قانخورلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالاتتى، بۇنىڭ بىلەن دىخانلارنىڭ 10 دىن 9 ى خانىۋەيران بولاتتى. دىمەك، فېئوداللىق يەر مۈلۈكچىلىكى يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇپ تۇراتتى.

18-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا، دىخانلارنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلغان ئىلغار مۇتەپەككۇر ر. مېلىي (1664—1729) ئىنقىلاپ مۇراجىتىنى چىقارغان ئىدى. مېلىي يېزىدىكى توقۇمىچىلىق ئىشچىسى ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان، ئۇنىڭ ئۆزى يېزىلاردا دىندار بولغان، ئۇ دىخانلارنىڭ دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچراۋاتقانلىقىنى ۋە دىنىي جەمىيەتنىڭ ئالدامچىلىقلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ «ۋەسىيەتنامە» دېگەن ئەسىرىدە دىخانلارنىڭ ئازاپ-ئوقۇبەتلىرىنى تەسۋىرلەپ، پادىشا ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ زوراۋانلىقلىرىنى غەزەپ بىلەن سۆككەن؛ ئۇنىڭ نەزىرىدە، دىن ھۆكۈمرانلار ئويدۇرۇپ چىقارغان، خەلقنى جاھالەتتە قالدۇرىدىغان قورالدىن باشقا نەرسە

ئەمەس ئىدى. ئۇ خەلقنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش يولى بىلەن بارلىق ئەزگۈچىلەرگە قارشىلىق كۆرسىتىشكە، غەلىبە قازانغاندىن كېيىن مال-مۈلۈككە بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى يولغا قويۇشقا چاقىرغان. ئەمەلىيەتتە، دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى 18-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ كەينى-كەينىدىن بولۇپ تۇرغان، بولۇپمۇ 1783—1786-يىللىرى، دېھقانلار پومېشچىكلارنىڭ قەدىمقى فېوداللىق مەجبۇرىيەتلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، تەرەپ-تەرەپتىن قوزغىلىپ، فېوداللىق سوتقا ھۇجۇم قىلىپ، فېوداللىق ئارخىپ ماتېرىياللىرىنى قولغا چۈشۈرۈۋالدى ۋە ئۇنى كۆيدۈرۈۋەتتى.

شەھەرلەردە، ئۇششاق قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى يەنىلا ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى. فېوداللىق كەسپداشلار جەمئىيەتلىرى مەھسۇلات مىقدارى، سۈپىتى شۇنىڭدەك ئىمكارلار ۋە شاگىرتلارنىڭ سانى توغرىسىدا قاتتىق بەلگىلىمىلەرنى چىقىرىپ، سانائەتنىڭ تەرەققىياتىنى يولسىزلىق بىلەن چەكلىدى. شاگىرتلار ۋە ئىمكارلار كەسپداشلار جەمئىيىتى ئىگىلىرىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچرايتتى، كەسپداشلار جەمئىيىتى ئىگىلىرى ھۆكۈمەتنىڭ باج-سېلىق ئارقىلىق سالغان زۇلۇملىرىغا ئۇچرىدى، شەھەرلەردىكى بارلىق ئاددىي خەلق بولسا مال باھاسى ئۆرلەپ كېتىشنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىدى. ئىنقىلابقىچە بولغان يېرىم ئەسىر ئىچىدە، مال باھاسى 65 پىرسەنت ئۆرلىدى، ئىش ھەققى بولسا ئاران 22 پىرسەنت ئۆستى. يېزىلاردىكى پرولېتارلارنىڭ كۆپلەپ شەھەرگە كىرىشى بىلەن، شەھەردە ئىشسىزلار تېز كۆپىيىپ كەتتى، ئەينى ۋاقىتتا ئاددىي خەلقنىڭ ئىنقىلاۋىي قوشۇنىمۇ كۈچەيدى.

مەملىكەت بويىچە سىياسى، ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەتنىڭ مەركىزى

بولغان پارىژ قول سانائەت ئەڭ مەركەزلەشكەن جاي ئىدى، شۇنداقلا سىياسىي كۈرەشنىڭمۇ ئەڭ سەزگۈر مەركىزى ئىدى. پارىژدا 600 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالە بار بولۇپ، ئۇنىڭ يېرىمى ئىشچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى ئىدى. يېڭىدىن گۈللەنگەن بىناكارلىق كەسپىدە ئىمكارلاردىن تەشكىللەنگەن كۈچلۈك تەشكىلات بارلىققا كەلدى، بۇ تەشكىلات ئىش ھەققىنى ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلغان ئىش تاشلاش كۈرىشىگە رەھبەرلىك قىلدى؛ بۇ تەشكىلات نۇرغۇن زەربىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ تارقىلىپ كەتمىدى. سېن-ئانتۇن رايونىدىكى ياغاچچىلار ۋە سېن-ماسو رايونىدىكى كونىچىلىك ئىشچىلىرى ئۇزاققىچە كۈرەش ئېلىپ باردى. ئۇنىڭدىن باشقا، يۇڭ توقۇمىچىلىق، تۇماقچىلىق، گۈل قەغىزى ساھەلىرىدە ئىشلەيدىغان ئىشچىلارمۇ خېلى مەركەزلەشكەن ئىدى. پارىژدىن باشقا، لىون ۋە رۇئان قاتارلىق شەھەرلەردە توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرى نەچچە ئون مىڭغا يەتتى؛ يېزىلاردا تارقاق ئولتۇراقلاشقان توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپ ئىدى. پرولېتارىيات ئۇ چاغدا تېخى ئومۇمىي ئەمگەكچىلەردىن بۆلۈنۈپ چىقمىغان ئىدى، ئۇ تېخى بۇرژۇئازىيىگە قاتتىق تەھدىت سالالمايتتى، لېكىن ئۇنىڭ تەكتى بولغان شەھەر پرولېتارلىرى ئىنقىلاپتىكى زەربىدار كۈچ ئىدى. فرانسىيە ئىنقىلابىدا چوڭ رول ئوينىغان "ئىزلاپچىسىزلار"① ئەنە شۇ تەبىقىگە تەئەللۇق ئىدى.

فرانسىيە ياۋروپا قۇرۇقلۇقى بويىچە كاپىتالىستىك سودا-سانائەت ھەممىدىن بەك تەرەققىي تاپقان، شۇنداقلا بۇرژۇئازىيىنىڭ كۈچلىرىمۇ

---

① ئۇ چاغدا ئاقسۆڭەكلەر تار ئىزلاپچى كىيەتتى، ئادەتتىكى ئىشتاننى كىيىدىغان ئاددىي خەلق "ئىزلاپچىسىزلار" دەپ مەسخىرە قىلىناتتى.

ھەممىدىن بەك كۈچلۈك بولغان دۆلەت ئىدى. 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، يېڭىدىن گۈللەنگەن ئايرىم كارخانىلاردا سانائەت ئىنقىلاۋى باشلىنىپ كەتتى. كرېزو تۆمۈر ئېرىتىش زاۋۇتىدا 1785-يىلى بىرىنچى بولۇپ پار ماشىنىسى ئىشلىتىلىشكە باشلىدى ھەمدە كۆمۈر يېقىلغۇ قىلىنغان تۇنجى تۆمۈر ئېرىتىش مېشى ياسالدى. مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ بولغان ئانزىن كۆمۈر كانىدا ياللانغان ئىشچىلار 4 مىڭغا يەتتى. 1789-يىلى، "ژىننى"چە يىپ ئىگىرىش ماشىنىسى 7 مىڭغا يەتتى (ئۇ چاغدا ئەنگلىيەدە 20 مىڭى بار ئىدى). ئىچكى سودا تۈرلۈك چارىلەرنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىغاچقا، ئۇنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى تاشقى سودىنىڭكىگە يەتمەي قالدى. 1715-يىلىدىن 1789-يىلغىچە بولغان مەزگىل ئىچىدە، فرانسىيىنىڭ تاشقى سودا مىقدارى 4 ھەسسە كۆپىيىپ، ئېكسپورت قىممىتى 430 نەچچە مىليون لىغا، ئىمپورت قىممىتى 630 نەچچە مىليون لىغا يەتتى؛ ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلار ئىچىدە مۇستەملىكىلەردىن① كەلگەنلىرىنىڭ قىممىتى 250 مىليون لىغا يەتتى، ئۇنىڭ ئىچىدە غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرىدىكى نېگىر قۇللار ئىشلەپچىقارغان شېكەر، تاماكا، نىل بوياق، كوفې قاتارلىقلار ئاساسىي تاۋارلار ئىدى. فرانسىيە ئۆز دۆلىتىدە يانچىلىق تۈزۈمنى ئاساسىي جەھەتتىن يوقاتمىغان بولسىمۇ،

① فرانسىيىنىڭ ئىگىلىگەن جايلىرى: ئامېرىكا قىتئەسىدە سېن-پېير ئارىلى، مىكېلون ئارىلى، گۋىيانا، كىچىك ئانتىللېس تاقىم ئاراللىرىدىكى مارتىنىكى ئارىلى، گۋادېلوپ ئارىلى ۋە سېن-دومىنگو ئارىلىنىڭ غەربىي يېرىمى؛ ئافرىقىدا سېنېگال دەرياسى بويلىرىدىكى سودا پونكىتلىرى؛ ھىندى ئوكياندا رېيونون ئارىلى، ماۋرىتىئۇس ئارىلى، ئۇ يەنە ماداگاسكاردىمۇ ئىمتىيازغا ئىگە بولغان؛ ھىندىستاندا 5 يۇرت.

لېكىن ئۇ ئافرىقا نېگىرلىرىنى يانچىلاردىنمۇ بەتتەررەك ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

بۇرژۇئازىيىنىڭ يۇقۇرى قاتلامدىكىلىرى تۈرلۈك تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، زور مىقداردا مەبلەغ توپلىۋالدى. ئۇلار بۇ پۇلغا يەر مۈلكى سېتىۋېلىش بىلەن، پومېششىك-كاپىتالىست بولۇپ قالدى. ئەنگلىيىدە پومېششىكلار بۇرژۇئازىيىلەشكەن بولسا، فرانسىيىدە بۇرژۇئازىيە ئاقسۆڭەكلەشتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى خان جەمەتىگە، ئاقسۆڭەكلەرگە پۇل قەرز بېرىش ئارقىلىق سۈتخور بولۇپ قالدى؛ بەزىلىرى مەنپەئەتدارلىق ھوقۇقىنى سېتىۋېلىپ، باجنى ھۆددىگە ئالغۇچى سودىگەر بولۇپ قالدى؛ بەزىلىرى بولسا مال باھاسىنىڭ داۋالغۇپ تۇرۇشىدىن پايدىلىنىپ، ھە دەپ ھايانكەشلىك قىلدى. ئوتتۇرا ھال بۇرژۇئازىيە كۆپىنچە ئۆز مەبلىغىنى ئوتتۇرا-كىچىك كارخانىلارغا ۋە سودا ئىشلىرىغا سالاتتى، لېكىن ئۇلار كەسىپداشلار جەمئىيەتلىرى ۋە مەنپەئەتدارلىق شىركەتلىرىنىڭ چەكلىشىگە ئۇچرىغاچقا، ئەركىن سودىنى يولغا قويۇش، فېئوداللىق ئىمتىيازلارنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى. بۇرژۇئازىيە ئۆزىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچلىرىگە بارغانسېرى ماس كەلمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى؛ ئۇلارنىڭ باج تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتىلا بار ئىدى، سىياسىي ھوقۇقى يوق ئىدى، يەنە كېلىپ جەمئىيەتتىمۇ ئىمتىيازلىق تەبىقىنىڭ كەمسىتىشىگە ئۇچرايتتى، ئۇلارنىڭ ئۇنۋان سېتىۋېلىپ ئەمەلدار بولۇش يولىمۇ شۇ چاغدا ئاقسۆڭەكلەر تەرىپىدىن پۈتۈنلەي ئېتىۋېتىلگەن ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار ئىمتىيازلىق تەبىقىدىن ئىنتايىن نارازى بولۇپ، پۈتۈن ھېس-خىيالى ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ئۈستىدە بولۇپ قالدى.

دېھقانلار، شەھەر پۇقرالىرى ۋە بۇرژۇئازىيىدىن تەركىب تاپقان ئاتالمىش ئۈچىنچى تەبىقە ئۆچمەنلىكىنى ئىمتىيازلىق بولغان ئىككى تەبىقىگە يەنى بىرىنچى تەبىقە بولغان دىندارلارغا ۋە ئىككىنچى تەبىقە بولغان ئاقسۆڭەكلەرگە مەركەزلەشتۈردى. ئىنقىلاپتىن ئىلگىرى، مەملىكەت بويىچە چوڭ-كىچىك دىندارلار قوشۇلۇپ تەخمىنەن 130 مىڭغا يېتەتتى، چوڭ-كىچىك ئاقسۆڭەكلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى قوشۇلۇپ تەخمىنەن 400 مىڭغا يېتەتتى، بۇ ئىككى تەبىقىدىكىلەر قوشۇلۇپ مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ ئاران 2 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلاتتى، ئەمما ئۇلار مەملىكەت بويىچە يەرنىڭ 40 پىرسەنتىنى ئىگىللىۋالغان ئىدى. ئۇلار، ئەمەلىيەتتە، بىر سىنىپقا يەنى فېئودال پومېشچىكلار سىنىپىغا تەۋە ئىدى، پادىشا ئۇلارنىڭ باش ۋەكىلى ئىدى. گراف ئورلېئاننىڭ يالغۇز ئۆزىنىڭ يىللىق كىرىمى 5 مىليون لىغا يېتەتتى، ئادەتتىكى ئاقسۆڭەكلەرمۇ 100 مىڭ لى كىرىم قىلاتتى. دىندارلار ھەر يىلى ئۆشرە نامىدا دېھقانلاردىن 120 مىليون لى شۈلۈپ ئالاتتى. يۇقىرى دەرىجىلىك دىندارلار بىلەن تۆۋەن دەرىجىلىك دىندارلارنىڭ كىرىمىنىڭ پەرقى ناھايىتى چوڭ ئىدى. بۇ تەييارتاپلار تۇرمۇشتا ئىنتايىن چىرىكلەشكەن بولۇپ، بەزى ئېپىسكوپلار ئاشكارا ھالدا ئۆز ئۆيلىرىدە پاھىشە ئاياللارنى ساقلايتتى. ئىمتىيازلىق تەبىقىدىكىلەر باج تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى زىممىسىگە ئالمايلا قالماستىن، بەلكى دىنىي ئىشلار، ھەربىي ئىشلار، سىياسىي ئىشلار ۋە ئەدلىيە ساھەلىرىدىكى ھەممە مۇھىم ئورۇنلارنى ئىگىلىۋېلىپ، قارشىلىق كۆرسىتىشكە پېتىنغان ئۈچىنچى تەبىقىدىكىلەرنىڭ سۆزلەش ئەركىنلىكىنى بېسىپ، ئۇلارغا دىكتاتۇرا يۈرگۈزدى. پارىژدىكى باستىي تۈرمىسى ئەنە شۇنداق زوراۋانلىقنىڭ بەلگىسى ئىدى. قانۇندىكى

بەلگىلىمە بويىچە، 12 سۇ① پۇلنى ئوغرىلىغانلارغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىناتتى، خەلقتىن بىرنەچچە يۈز مىليون لى بايلىقنى ئوغرىلىغان تۆرىلەر بولسا ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولاتتى.

يۇقىرىقىلار سىنىپنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ، فېئوداللىق مۈلۈكچىلىكنىڭ ئاساسىنى پاچاقلاپ تاشلاش فرانسىيە خەلقىنىڭ بىردىن-بىر چىقىش يولى، شۇنداقلا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازات قىلىش، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ تۈپ يولى ئىدى. بىراق ئۈچىنچى تەبىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا زىددىيەت ۋە كۈرەش بار ئىدى، ئوخشاش بولمىغان ئىدىيىلەر ۋە سىياسىي گۇرۇھلار ئۇنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

**ئىنقىلابنىڭ جامائەت پىكرى جەھەتتىكى تەييارلىقى** فېئوداлىزىمغا قارشى سىياسىي كۈرەش، ھەممىدىن ئاۋۋال، ئىدىيىۋى سەپتە ئەكس ئەتتى. 18-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدىن تارتىپ، بۇرژۇئا مۇتەپەككۇرلىرى ئۆزلۈكسىز تۈردە جەمئىيەتنىڭ ئىللەتلىرى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزدى ۋە ئۇنى ئىسلاھ قىلىش لايىھەلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەممىدىن بۇرۇن پادىشالىق-ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلغان بىر تۈركۈم مۇتىدىللەر مەيدانغا كەلدى، بۇلاردىن ئەڭ مەشھۇرلىرى مونتېسكيۇ ۋە ۋولتېر ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەنگلىيىنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىگە ۋە ئەنگلىيە پەيلاسوپى جون لوككا چوقۇنغۇچىلار ئىدى. بۇلار چوڭ بۇرژۇئازىيەنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ئىنقىلاب قىلىشنى خالىماي، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنىلا ئويلايتتى ھەمدە خەلق ئاممىسىنى يامان

---

① بىر سۇ بىر لىرنىڭ 20 دىن بىرىگە توغرا كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

كورەتتى ۋە ئۇنىڭدىن قورقاتتى، ئۇلار مەرىپەتچى مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئوڭ قانىتى ئىدى.

مونتېسكيۇ (1689—1755) ئۇنىۋان سېتىۋېلىپ ئەمەلدار بولغان، "تونلۇق ئاقسۆڭەك" ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، بوردو (فرانسىيىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى چوڭ شەھەر)دىكى ئالى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولغان. ئۇ ياش ۋاقتىدا مۇستەبىتلىك تۈزۈمنى مەسخىرە قىلىدىغان «پارسلار خەت-چەكلىرى» دېگەن بىر كىتابچىنى يازغان. ئۇ كىتابچىسىدا پادىشاغا: "ئەگەر پادىشا ئۆزىنىڭ پۇقرالىرىغا بەختلىك تۇرمۇش يارىتىپ بېرەلمىسە، ئەكسىچە ئۇلارنى ئەزمەكچى ۋە خانىۋەيران قىلماقچى بولسا، ئۇ هالدا، پادىشاغا بويسۇنۇشنىڭ ئاساسى قالمايدۇ" دەپ نەسىھەت قىلغان. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا يەنە «قانۇن روھى» دېگەن كىتابنى يېزىپ، قانۇن تۈزۈش، مەمۇرىيەت ۋە ئەدلىيىدىن ئىبارەت ئۈچ هوقۇقنى "ئايرىم-ئايرىم تۇتۇش"نى ئاكتىپ تەرغىب قىلغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، پادىشا، ئاقسۆڭەكلەر ۋە دېموكراتىك هاكىمىيەت تۈزۈمىنىڭ قوشۇلمىسى، مەسىلەن، ئەنگلىيىدىكى پادىشالىق-ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم ئەڭ ياخشى هاكىمىيەت تۈزۈمى ئىدى؛ هاكىمىيەت فرانسىيىنىڭ "مىللىي روھى"نى ھەممىدىن بەك گەۋدىلەندۈرەلەيدىغان ئاز ساندىكى مۇنەۋۋەر كىشىلەرنىڭ قولىدا، ئەمەلىيەتتە تونلۇق ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قولىدا بولۇشى كېرەك ئىدى.

ۋولتېر (1694—1778) كۆۋاچى① ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان،

① قانۇنىي كۈچكە ئىگە هۆججەتلەرنى ئىمزالاشقا كۆۋاچى بولىدىغان ئەمەلدار.

ياش ۋاقتىدا ئاقسۆڭەكلەر تەرىپىدىن ھاقارەتلەنگەن، مۇستەبىتلىك تۈزۈمنى قاتتىق مەسخىرە قىلىدىغان ئەسەرلەرنى يازغانلىقى ئۈچۈن باستىل تۈرمىسىگە قامالغان. ئۇ ئەنگلىيىدە 3 يىل (1726 — 1729) تۇرۇش ئارقىسىدا ئەنگلىيىنىڭ سىياسى تۈزۈمى ۋە "ئەركىنلىك ئىدىيىسى"گە سەجدە قىلىدىغان بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ سىياسى غايىسى "تەرەققىيپەرۋەر" پادىشالىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇش يەنى "پەيلاسوپلار"نىڭ يېتەكچىلىكىدىكى، بۇرژۇئازىيە كۆپچىلىكىگە تايىنىدىغان پادىشالىق تۈزۈمىنى ئورنىتىشتىن ئىبارەت ئىدى. ۋولتېر ئىلاھىي ھاكىمىيەت ئىدىيىسىنى بۇزۇپ، دىنىي خۇراپاتلىقلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاش غەرىزىدە، ھۇجۇمىنىڭ تىغىنى كاتولىك دىنى جەمئىيىتىگە قاراتقان. ئۇ دىندارلارنىڭ ئاچكۆزلۈكىنى ۋە خەلقنى جاھالەتتە قالدۇرۇش غەرىزىدە قىلغان نەسىھەتلىرىنى قاتتىق سوكۇپ، "بۇ مۇدھىش كۆچلەرنى پاچاقلاپ تاشلاش"نى چاقىرىق قىلغان. ئۇ ئۇۋال قىلىنغان ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئاددى پۇقرالارنى كوپ قېتىم ئاقلىغان. بىراق، ئۇ دىنىنىڭ ئوزىگە قارشى تۇرمىغان ۋە ئۇنى پۇقرالارغا پايدىلىق دەپ قارىغان؛ ئۇ: "خۇدا بولمىسىمۇ، خۇدانى يارىتىش كېرەك" دىگەن. ۋولتېر "تەرەققىيپەرۋەر" پادىشالىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلغانلىقى ئۈچۈن، چاررۇسىيە، پرۇسسىيە ۋە ئاۋستىرىيىلەرنىڭ پادىشالىرى ئۇنىڭ بىلەن خەت يېزىشىپ تۇرغان، پرۇسسىيە پادىشاسى ھەتتا ئۇنى تەكلىپ بىلەن ئەكېلىپ ئەزىز مېھمان قىلىپ كۈتكەن.

كېنى (1749 — 1774) باشچىلىقىدىكى ئىقتىساتشۇناسلار ئوتتۇرا ھال بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلغان. كېنى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىگە ئارىلىشىشىغا قارشى تۇرۇپ، ھەممىنى ئوز

www.uyghurkitap.com

مەيلىگە قويۇۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ئەركىن راۋاجلىنىشى، ئەركىن رىقا-
بەتلىشىشىگە يول قويۇشنى تەشەببۇس قىلغان؛ ئۇنىڭ نەزىرىدە،
بايلىق جەمئىيەتتىكى تەكشىسىزلىك تەبىئىي ئەھۋال ئىدى. ئۇ، يېزا
ئىگىلىكى بايلىقنىڭ بىردىن-بىر ئاساسىدۇر (شۇنداق كۆز قاراشتا
بولغاچقا، يېزا ئىگىلىكى ھېرىسلىقى تەرەپدارلىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)،
ئەمما فرانسىيەدە يېزا ئىگىلىكى بەك قالاق بولغاچقا، ئۇنى ئىسلاھ
قىلىش يەنى جامائەت يەرلىرىنى تەقسىم قىلىش، بىكار يەرلەرنى
دائىرىلەپ ئىگىلىۋېلىش، ئاشلىقنى ئەركىن ئېلىپ سېتىشقا يول
قويۇش، دېھقانلارنىڭ پۇل تۆلەپ فېئوداللىق مەجبۇرىيەتلەردىن
ساقىت بولۇشىغا يول قويۇش كېرەك، دەپ ھېساپلىغان. ئۇ، دۆلەت
باجنى، ئاساسەن، يەر ئىگىلىرىگە چېچىشى كېرەك، دەپ تەشەببۇس
قىلغان. كېيىنكى ئىقتىسادشۇناسلىق تەلىماتى بۇرژۇئازىيىنىڭ كاپىتا-
لىزىمنى راۋاجلاندۇرۇشتەك كۈچلۈك ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

ئۇشۇشاق بۇرژۇئازىيە دېموكراتىيە ئىدىيىسىنىڭ جارچىسى بولغان
ج. جاك رۇسسو (1712 — 1778) جەنۋەدە سائەتچى ئائىلىسىدە
تۇغۇلغان، ياش ۋاقتىدا ئۇزاققىچە سەرگەردان بولۇپ نامرات
تۇرمۇش كەچۈرگەن. ئىنسانلاردىكى باراۋەرسىزلىك ۋە جەمئىيەتتىكى
ئادالەتسىزلىكنىڭ سەۋەبلىرى ئۈستىدە دائىم ئىزدەنگەن. ئۇ «ئىنسان-
لاردىكى باراۋەرسىزلىكنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە سەۋەبلىرى ھەققىدە»
(1755-يىلى)، «جەمئىيەت شەرتنامىسى توغرىسىدا» (1762-يىلى)
دېگەنگە ئوخشاش ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇ: ئىنسانىيەت ئىپتىدائىي
ھالەتتە تۇرغان زامانلاردا، كىشىلەر باراۋەر ئىدى، باراۋەرسىزلىك-
نىڭ مەنبەسى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ئىبارەت،
دەپ ھېساپلىغان. ئەمما ئۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەتكە قايتىشنى تەشەببۇس

قىلمىغان، بەلكى نامراتلىق بىلەن بايلىقنى تەڭشەش، ئۇششاق
ئىشلەپچىقىرىشنى قوغداشنى تەلەپ قىلغان. بۇ تەلەپ كاپىتالىزىم
شارائىتىدا تامامەن خام خىيال ئىدى. سىنىپ ۋە سىنىپىي ئېكسپى-
لاتاتسىيە مەۋجۇتلا بولىدىكەن، ھەقىقىي تەكشىلىكنىڭ بولۇشى
مۇمكىن ئەمەس. سىياسىي تۈزۈم جەھەتتە، رۇسسو پادىشالىق-ئاساسىي
قانۇنلۇق تۈزۈمگە ۋە ئۈچ ھوقۇقنى ئايرىم-ئايرىم تۇتۇش تەلىما-
تىغا قارشى تۇرۇپ، دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت قۇرۇش تەشەببۇسىدا
چىڭ تۇرغان. رۇسسونىڭ سىياسىي تەلىماتى "ئىگىدارلىق ھوقۇقى
خەلققە مەنسۇپ" دېگەن تەلىماتىدا مەركەزلىك ھالدا ئىپادىلەنگەن،
ئۇ، ئومۇمىي خەلققە ۋەكىللىك قىلىدىغان قانۇن تۈزۈش ئورگىنى
ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنى بولۇپ، ئۇ مەمۇرىيەت ئۈستىدىن نازارەت
قىلىشقا ھوقۇقلۇق: ئەگەر ھۆكۈمەت خەلقنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق
قىلسا، "خەلقنىڭ بولۇنمەس ئىگىدارلىق ھوقۇقى"غا دەخلى-تەرۇز
قىلسا، خەلققە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ھوقۇقى بولىدۇ، دەپ قارىغان.
رۇسسونىڭ بۇ تەلىماتىدا ئىنقىلابىي ئامىللار بولسىمۇ، لېكىن ئۇ
بۇرژۇئازىيىنىڭ قانۇن تۈزۈش ئورگانلىرىنىڭ "ئومۇمىي خەلق"قە
ۋەكىللىك قىلىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ خەلقنى ئېزىش
جەھەتتە مەمۇرىي ھاكىمىيەت بىلەن بىردەك ئىكەنلىكىنى كۆرەل-
مىگەن ئىدى. رۇسسونىڭ سىياسىي ئىدىيىسى ئامېرىكىدىكى ۋە
ياۋروپادىكى بۇرژۇئا ئىنقىلابلىرىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

1751-يىلى فرانسىيىدە «قامۇس، ياكى ئىلىم-پەن، سەنئەت ۋە
ھۈنەر-سەنئەتكە ئائىت تەپسىلىي ئىزاھلىق لۇغەت» دېگەن غايەت
زور ھەجىمدىكى ئەسەر نەشر قىلىنىشقا باشلىدى، ئۇنىڭ باش
تەھرىرلىرى دىدېرو (1713—1784) باشچىلىقىدىكى فرانسىيە ماتې-

رىياللىستلىرى ئىدى، مەرىپەتچى مۇتەپەككۇرلار، ئالىملار، ئادۋو-كاتلار، دوختۇرلار، ئىنژېنېرلار ۋە باشقىلاردىن 130 كىشى يېزىق-چىلىق ئىشىغا قاتناشقان ئىدى. «قامۇس» شۇ زاماندىكى "پەيلاسوپ" لارنىڭ يېڭى ئىدىيىلىرىنى ۋە تەبىي پەن بىلىملىرىنى قوبۇل قىلغان ۋە تارقاتقان، ئۇنىڭدىكى نۇرغۇن سوز-ئىبارە ئىزاھاتلىرىدا مۇستە-بىتلىك تۈزۈم ۋە دىنىي جەمىيەتنىڭ زۇلمەتلىكى قاتتىق سوكۇلگەن، ئەقلىيچىلىق، ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە ماتېرىيالىزم تەرغىپ قىلىنغان ئىدى. كاتولىك دىنىي جەمىيىتى خەلقنىڭ خۇداسىزلىق، بۇرژۇئا ئىسلاھاتچىلىقى ۋە ئىنقىلاۋىي ئىدىيىلەرنىڭ تەسرىگە ئۇچرىشىدىن قورقۇپ، «قامۇس»نى كوپ قېتىم مەنئى قىلدى ۋە كويدۇردى، ھەتتا دىدېرونى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىدى. لېكىن دىدېرو ۋە قامۇسچىلار كۇرەشنى قەتئى داۋاملاشتۇرۇپ، ئاخىر 35 توملۇق، پۈتۈن كىتاپنى نەشر قىلىش خىزمىتىنى ئورۇنلىدى. ئېنگېلس مۇنداق دەپ كورسەتكەن ئىدى: "ئەگەر، 'ھەقىقەتكە ۋە ئادالەتكە بولغان قىزغىنلىق' (مۇشۇ سوزنىڭ تۈز مەنىسىدىن ئېيتقاندا) ئۈچۈن پۈتۈن ھاياتىنى بېغىشلىغان بىرەر ئادەم بار، دېيىلسە، ئۇ ھالدا، ئېيتايلۇق، دىدېرو مانا شۇنداق ئادەم ئىدى."① ئەمما، دىدېرونىڭ ماتېرىيالىزمى يەنىلا مېخانىك ماتېرىيالىزم ئىدى، «قامۇس»تا تەرغىپ قىلىنغان ئەقلىيچىلىق بۇرژۇئا ئىنسان تەبىئىتى نەزەرىيىسىنىڭ كوچۇرمىسىدىنلا ئىبارەت ئىدى.

شۇ ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىتتا، بۇ مەرىپەتچى مۇتەپەك-

① ئېنگېلس. «ليۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە نېمىس كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى»، 1975-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 42-بەت.

كۇرلەرنىڭ ھەممىسى ئىنقىلاۋىي ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىش، ئىنقىلاۋىي ئاڭ-سېزىمىنى قوزغاش ۋە ئىنقىلاۋىي ھەركەتنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتلىرىدە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە رول ئوينىدى. ئۇلارنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇلار ھەممىنى "ئەقىل" (خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇش) دېگەن ئۆلچەم بىلەن ئۆلچىدى: "دىن، تەبىئەت قارىشى، جەمئىيەت، دۆلەت تۈزۈمى — ھەممىسى ئەڭ رەھىمسىز تەنقىدكە ئۇچرىدى؛ ھەممىسى ئەقىل سوتى ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ ياشىشىنى ئاقلىشى ياكى ياشاش ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىشى كېرەك بولدى". بۇ مەرىپەتچى مۇتەپەككۇرلەرنىڭ قارىشىچە، "ئەقىل" دىن ئىبارەت قۇياشنىڭ نۇرى ئاستىدا، "خۇراپاتلىق، بىر ياقلىمىلىق، ئىمتىياز ۋە زۇلۇم چوقۇم مەڭگۈلۈك ھەقىقەت، مەڭگۈلۈك ئادالەت، تەبىئەتكە ئاساسلانغان باراۋەرلىك ۋە مەھرۇم قىلىنغىلى بولمايدىغان كىشىلىك ھوقۇقى تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىلىدۇ". بىراق، بۇ مەرىپەتچى مۇتەپەككۇرلەرنىڭ سوزلەيدىغىنى پەقەت بۇرژۇئا ئەقىلدىنلا ئىبارەت. فرانسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ تارىخمۇ شۇنى ئىسپاتلىدى: "بۇ ئەقىل دۇنياسى بۇرژۇئازىيىنىڭ غايىۋىلەشتۈرۈلگەن دۇنياسىدىنلا ئىبارەت...... 18-ئەسىردىكى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلەرمۇ، ئۆزلىرىنىڭ بارلىق پېشىۋالىرىغا ئوخشاش، ئۆز دەۋرى ئۆزلىرىگە قويغان چەكتىن چىقىپ كېتەلمىدى."①

3-تەبىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۆتكۈر سىنىپىي زىددىيەت، بولۇپمۇ بۇرژۇئازىيە بىلەن پرولېتارىياتنىڭ تەكتى بولغان شەھەر پرولې-

① يۇقىرى نەقىللەر ئېنگېلسنىڭ «دىيۇرىڭغا قارشى» دېگەن ئەسىرىدىن ئېلىندى. 1972-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 26 — 27-بەتلەر.

تارلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت مەۋجۇت ئىدى، ئۇ چاغدا پرولېتارىيات تېخى يېتىلمىگەن ئىدى، بۇنداق ئەھۋالغا مۇناسىپ ھالدا ئۇندۇرما ھالەتتىكى كوممۇنىزىم ئىدىيىسى نۇر چاقناپ تۇرغان ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. موررېللى (تۇغۇلغان ۋە ئۆلگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس) ۋە مابلى (1709 — 1785) ئەڭ ناسرات ئەمگەكچى ئاممىنىڭ ۋەكىللىرى ئىدى. موررېللى ئۆزىنىڭ «تەبىئەت قانۇنلىرى» (1755-يىل) دېگەن ئەسىرىدە، خۇسۇسى مۈلۈكچىلىك بىكار قىلىنغاندىن كېيىن، ھەممە كىشى ئەمگەك ھوقۇقى، دەم ئېلىش ھوقۇقى ۋە تەربىيە ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدىغان جەمئىيەت تۈزۈمىنى ئالدىنالا مولچەرلىدى. مابلى ئۆزىنىڭ «قانۇن تۈزۈش» (1773-يىل) دېگەن ئەسىرىدە: "ئىنسانلارنى ئازاپلاپ كېلىۋاتقان بارلىق ئازاب-ئوقۇبەتلەرنىڭ يىلتىزى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ ئۇنىڭ يىلتىزى مال-مۈلۈك" دەپ يازدى. ئۇ، ئومۇمى مۈلۈكچىلىكنى ئاساس قىلغان غايىۋى جەمئىيەتنى تەسۋىرلەپ بەردى. ئېنگېلس تەرىپىدىن "توغرىدىن-توغرا كوممۇنىستىك نەزەرىيە"① دەپ باھالانغان بۇ نەزەرىيىلەرگە كېيىنچە بابېف ۋە خىيالىي سوتسىيالىزىمچىلار ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇردى.

**ئىنقىلاپ ۋەزىيىتىنىڭ پىشىپ يېتىلىشى** لۇئى XVI تەختكە چىققان (1774-يىل)دىن كېيىنكى 15 يىل ئىچىدە، فرانسىيىدە ئىقتىسادىي كرىزىس، مالىيە كرىزىسى ۋە سىياسىي كرىزىس ئارقا-ئارقىدىن پەيدا بولدى، بۇلار بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئاخىردا

---

① ئېنگېلس، «دىيۇرىڭغا قارشى»، 1972-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 28-بەت.

قوشۇلۇپ فېئودال مۇستەبىتلىك تۈزۈمىنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك كرىزىسىغا ئايلاندى. 1774-يىلى يېزا ئىگىلىكىدە مەھسۇلات كېمىيىپ كېتىپ، ئۇن ۋە بولكىنىڭ باھاسى ئۇچقاندەك ئۆرلەپ كەتتى. ئىككىنچى يىلى 4-ئايغا كەلگەندە، پارىژدا 4 قاداق كېلىدىغان بىر بولكىنىڭ باھاسى 8 سۇدىن ئۆرلەپ 13.5 سۇغا يەتتى، بۇ ھال پارىژدا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا توپىلاڭغا سەۋەب بولدى؛ ئاچارچىلىقتا قالغان خەلقلەر ئۈزلۈكسىز ئۇنلارنى تارتىۋالدى ۋە ئۇنىڭ باھاسىنى چەكلىدى. 1783—1784-يىللىرى يېزا ئىگىلىكىدە بولغان كرىزىس فرانسىيىگە يەنە بىر قېتىم زەربە بەردى. 1788—1789-يىللىرى يەنە پەۋقۇلئاددە چوڭ تەبىئىي ئاپەت يۈز بېرىپ، پۈتكۈل شەھەر ۋە يېزىلار تەۋرەپ كەتتى.

بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە كرىزىسىمۇ كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلاشتى. فرانسىيە ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشىغا قاتنىشىش ئارقىلىق ئەنگلىيىدىن ئۆچ ئېلىش مەقسىدىگە يەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قەرزى 2 مىليارت لى كۆپەيدى. باش مالىيە ۋەزىرى بىرنەچچە قېتىم يەڭگۈشلەنگەن بولسىمۇ، مالىيە قىيىنچىلىقى ھەل بولۇپ كېتەلمىدى. 1787-يىلى، قىزىل رەقەم 101 مىليوندىن ئېشىپ كەتتى، قەرز ئۆسۈمى ئۈچۈنلا 300 مىليون لى تۆلەشكە توغرا كەلدى، بۇ پۈتۈن چىقىمنىڭ 2 دىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلدى. كۆپ يىللاردىن بۇيان، 4 مىليون 500 مىڭ دېھقان ئائىلىسى باج-سېلىق مەجبۇرىيىتىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ كەلدى، دېھقانلار تالان-تالاج قىلىنىپ ھېچ ھالى قالمىدى، ئىمتىيازلىق تەبىقىگە تەۋە بولغان 500 مىڭ كىشى بولسا باج تۆلىمەسلىك ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولاتتى. پادىشا

www.uyghurkitap.com

دارامەتنى كوپەيتىپ، كەم سانىنى تولدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، 1787-يىل 2-ئايدا دىندارلار، ئاقسوڭەكلەر، سوتچىلار، ھوكۇمەت ئەمەلدارلىرى ۋە يەرلىك ئەمەلدارلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 140 نەچچە كىشى قاتناشقان تورىلەر يىغىنىنى چاقىردى. پادىشا يىغىندا بۇ تورىلەردىن يەر بېجى ۋە ماركا بېجىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلدى. فېوداللار سىنىپى زاۋالغا يۈز تۇتقاندىكى ئىمتىيازلارغا ئېسىلىۋالدى، ئۇلار بېخىللىق قىلىپ، باج تولىگىلى زادى ئۇنىمىدى. 5-ئايدا، پادىشا تورىلەر يىغىنىنى تارقىتىۋەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر يىل ئىچىدە، پادىشا تۇرلۇك ئاماللارنى قىلىپ، پارىژ ئالى سوت مەھكىمىسىنى يەر بېجى ۋە ماركا بېجىنى تىزىمغا ئېلىشقا زورلاشقا ئۇرۇندى. تونۇلۇق ئاقسوڭەكلەر ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان ئالىي سوت مەھكىمىسى ئۇنى تىزىمغا ئېلىشنى رەت قىلىپلا قالماستىن، يەنە جايلاردىكى سوت مەھكىمىلىرىنىمۇ قارشىلىق كورسىتىشكە قۇتىراتتى. بۇرژۇئازىيىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، پارىژ ئالى سوت مەھكىمىسى، يېڭىدىن ئېلىنىدىغان باجنى 3 تەبىقە يىغىنىلا تەستىقلاش ھوقۇقىغا ئىگە، دېدى. 1788-يىل 7-ئايدا پادىشا ئىلاجسىزلىقتىن، ئىككىنچى يىلى 5-ئايدا 3 تەبىقە يىغىنى چاقىرىلىدىغانلىقىنى جاكالىدى، بۇنداق يىغىن چاقىرىلمىغىنىغا 175 يىل بولغان ئىدى.

بۇرژۇئا تارىخشۇناسلىرى تورىلەرنىڭ ۋە ئالى سوت مەھكىمىسىنىڭ باج ئېلىشقا قارشى تۇرغانلىقىنى "ئاقسوڭەكلەرنىڭ توپىلاڭ كوتەرگەنلىكى" دەپ قارايدۇ ۋە بۇ ۋەقەنى ئىنقىلاپنىڭ باشلىنىشى دەپ ھىساپلايدۇ. ئىش يۈزىدە، بۇ پەقەت يۇقۇرى قاتلامدىكىلەرنىڭ بۇرۇنقىدەك ھوكۇمرانلىق قىلىۋېرەلمەيدىغان بولۇپ قالغانلى-

غىنى، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا پارچىلىنىش يۈز بەرگەنلىكىنى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئىنقىلاپ ئۈچۈن يول ئاچقانلىقىنىلا كۆرسەتتى.

3 تەبىقە يىغىنىنى چاقىرىش توغرىسىدىكى خەۋەر تارقىلىش بىلەن، 3-تەبىقىنىڭ يۇقۇرى قاتلىمى بولغان بۇرژۇئازىيە ئالاھىدە جانلىنىپ كەتتى. ئۇلار تۈرلۈك تەشكىلاتلار، كۇلۇپلار ۋە سالونلاردا پائالىيەت ئېلىپ باردى.

1788-يىل 9-ئايدا، پارىژ ئالىي سوت مەھكىمىسى 3 تەبىقە يىغىنىنى 1614-يىلدىكىدەك تەشكىللەش شەكلىدە ئېچىشنى، يەنى ھەرقايسى تەبىقىنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ سانى تەڭ بولۇشىنى، تەبىقە بويىچە ئاۋاز بېرىشنى قارار قىلدى. بۇ بەلگىلىمە بۇرژۇئازىيىگە پايدىسىز بولغاچقا، بۇرژۇئازىيە 3-تەبىقە ۋەكىللىرىنىڭ سانى قالغان ئىككى تەبىقىنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ ئومۇمىي سانى بىلەن تەڭ بولۇشىنى ھەمدە ئاۋازلارنى ئادەم بېشى بويىچە ھېسابلاشنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن بۇرژۇئازىيە بىلەن ئىمتىيازلىق تەبىقە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئۆتكۈرلىشىپ كەتتى. پادىشا بۇ زىددىيەتتىن پايدىلىنىش غەرىزىدە، 1788-يىلىنىڭ ئاخىرىدا 3-تەبىقىنىڭ "قوش ئاۋاز بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشى"نى ماقۇل كۆردى. لېكىن ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلى يەنىلا ھەل بولمىدى.

دەل مۇشۇ پەيتتە، بىر قېتىم ئېغىر ئىقتىسادىي كرىزىس يېتىپ كەلدى. 1788-يىل قىشتا قاتتىق يامغۇر ۋە مولدۇر زىرائەتلەرنى نابۇت قىلدى، ئۇدا بىرنەچچە يىل مەھسۇلات كېمىيىپ كەتكەنلىكى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئاشلىقنى ئەركىن ئېكسپورت قىلىشقا يول قويۇش سىياسىتىنى يولغا قويغانلىقى نەتىجىسىدە، ئاشلىق

ساڭلىرى قۇپ-قۇرۇق بولۇپ، ئاشلىق باھاسى شىددەت بىلەن ئۆرلەپ كەتتى، شىمالدىكى ئاساسىي ئاشلىق رايونلىرىدا ئاشلىق باھاسى بىر ھەسسىدىن ئىككى ھەسسىگىچە ئۆرلىدى. 1789-يىل 2-ئايغا بارغاندا، پارىژدا 4 قاداق كېلىدىغان بولكىنىڭ باھاسى ئۆرلەپ 14.5 سۇغا يەتتى، بۇ باھا 7-ئايغىچە داۋام قىلدى. شۇ چاغدا، ئادەتتىكى ئىشچىلارنىڭ كۈنلۈك ئىش ھەققى تەخمىنەن 20—30 سۇ ئىدى، بىر بولكىنىڭ باھاسى بولسا 8 سۇغا توغرا كېلەتتى، ئىشچىلارغا ئۆز كىرىمىنىڭ تەخمىنەن يېرىمىنى ئاشلىققا سەرپ قىلىشقا توغرا كەلگەچكە، ئۇلارنىڭ ئالغان ئىش ھەققى بىلەن قوساق تويغۇزۇشمۇ تەس بولۇپ قالدى. سېتىۋېلىش كۈچىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى ۋە ئەنگلىيە سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ فرانسىيە بازارلىرىدا توكمە قىلىپ سېتىلىشى يەنە سانائەت كىرىزىسىنى ۋە ئىشسىزلارنىڭ شىددەت بىلەن كۆپىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، مولچەرلىنىشچە، 1788-يىل 12-ئايدا، پارىژنىڭ ئۆزىدىلا 80 مىڭ ئىشچى ئىشسىز قالدى. خەلقنىڭ نامراتلىقى ۋە نارازىلىقى چېكىگە يەتتى.

1788-يىلنىڭ ئاخىرىدىن 1789-يىل 7-ئايغىچە بولغان مەزگىلدە، شەھەر، يېزىلاردا توپىلاڭلار ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇردى. دېھقانلار باج-سېلىقلارنى تاپشۇرۇشنى رەت قىلدى، دىندارلار ۋە پومېششىكلارنىڭ ئاشلىقنى بېسىپ قويغانلىقى ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى؛ بەزى دېھقانلار غوجىلارنىڭ توساقلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، پومېششىكلارنىڭ قورالىق كۈچى بىلەن تۇتۇشۇپ قالدى؛ بەزى دېھقانلار پومېششىكلارنىڭ توخۇ-تۇمانلىرىنىڭ زىرائەتلەرنى يەۋەتكەنلىكىگە نەپرەتلىنىپ، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ جاڭگىللىرىغا

غەزەپ بىلەن بېسىپ كىرىپ، ھەممە توشقانلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. شەھەر-بازارلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك زەربىگە ئۇچرىدى، ئاچار-چىلىقتا قالغان خەلقلەر ھەممىلا يەردە بېسىپ قويۇلغان ئاشلىقلارنى ئىزلىدى، ئۇنىڭ باھاسىنى مەجبۇرى ھالدا بەلگىلىدى، ھايانكەش سودىگەرلەرنى دارغا ئاستى. 1789-يىل 4-ئايدا، پارىژدا كۆلىمى ئەڭ زور بولغان ئىشچىلار توپىلىڭى بولدى. بىر گۈل قەغەزى زاۋۇدىنىڭ ئىگىسى ۋە بىر ئۇپا-ئەڭلىك زاۋۇدىنىڭ ئىگىسى ئىش ھەققىنى كېمەيتمەكچى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىشچىلار قاتتىق غەزەپ-لىنىپ، بۇ زاۋۇت ئىگىلىرىنىڭ ئۆيلىرىنى تېرى-پېرەڭ قىلىۋەتتى. بۇ قېتىمقى توپىلاڭغا قاتناشقان، ئىش ھەققى بىلەن جان باقىدىغان ئەمگەكچىلەر 3 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى.

3 تەبىقە يەنى ۋەكىللىرىنىڭ سايلىمى خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنقى-لاۋىي كەيپىياتى ئۆرلەۋاتقان ئەھۋالدا ئۆتكۈزۈلدى. بۇرژۇئازىيە بۇ ۋەزىيەتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن ھە دەپ جامائەت پىكرى پەيدا قىلدى. 1789-يىل 2-ئايدا، سىيېس يازغان «3-تەبىقە دېگەن نېمە؟» دېگەن كىتاب نەشر قىلىندى. ئۇ ئىمتىيازلىق تەبىقىنى مىللەتنىڭ تاشلاندۇقى دەپ قاتتىق سۆكتى، ئۇ: "ئىمتىيازلىق تەبىقە ئەمەلدىن قالدۇرۇلسا، بۇ مىللەت كىچىكلەپ كەتمەيدۇ، بەلكى زورىيىدۇ...... ئىمتىيازلىق تەبىقە بولمىسا، 3-تەبىقە قانداق بولۇپ كېتەر؟ ئۇ ئۆز ئالدىغا بىر پۈتۈن گەۋدە، بەلكى تېخىمۇ گۈللەنگەن بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ شەكىللىنىدۇ. 3-تەبىقىدىن ئايرىلغاندا، ھېچقانداق ئىش ۋۇجۇتقا چىقمايدۇ، باشقا تەبىقىلەردىن ئايرىلغاندا بولسا، ھەممە ئىش كۆپ ياخشى ئىشلىنىدۇ" دېدى. ۋەكىللەر سايلام داۋامىدا ھەرقايسى تەبىقىدىكىلەرنىڭ تەلەپلىرىنى

www.uyghurkitap.com

توپلاپ، ئۇنى «تەلەپنامە» قىلىپ تۈزۈپ چىقتى.

ئىمتىيازلىق تەبىقىدىكىلەر تۈزگەن «تەلەپنامە»سىدە باج تاپشۇرۇشتا پىرىنسىپ جەھەتتىن ماقۇل بولدى، ئەمما ھەر خىل فېئوداللىق ھوقۇقلىرىنى ساقلاپ قېلىشتا چىڭ تۇرۇۋالدى، ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى پادىشاھنىڭ ھوقۇقلىرىنى ساقلاپ قېلىشنى تەشەببۇس قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاساسىي قانۇننى تۈزۈپ چىقىشنى، 3 تەبىقە يىغىنىغا قانۇن تۈزۈش ۋە باج ئېلىش ئىشىنى بەلگىلەش ھوقۇقىنى بېرىشنى تەلەپ قىلدى. 3 ـ تەبىقىنىڭ «تەلەپنامە»سى خەلقنىڭ ئازاپ ـ ئوقۇبەتلىرىنى ۋە ئارزۇلىرىنى ھەقىقىي تۈردە ئىپادىلەپ بېرەلمىدى، چۈنكى ئادەتتىكى ئىشچىلار ۋە "تېگى پەس" شۇنىڭدەك يېزىلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمى كۆپ چاغلاردا يىغىنلارنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلاتتى. ئەكسىچە، بۇرژۇئازىيىنىڭ پىكىرلىرى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلدى، ئۇلار مەتبۇئات ئەركىنلىكى، سۆز ئەركىنلىكى، جىسمانىي ئەركىنلىك ۋە سودا ئەركىنلىكىنى تەلەپ قىلدى، 3 تەبىقىنىڭ باپ ـ باراۋەر بولۇشى، ئىمتىيازلىق تەبىقە بارلىق فېئوداللىق ئىمتىيازلىرىدىن ۋازكېچىشى كېرەك، پادىشاھنىڭ ھوقۇقى چەكلىنىشى لازىم دېگەن تەلەپتە چىڭ تۇردى.

دېھقانلارنىڭ «تەلەپنامە»سىدە فېئوداللىق مەجبۇرىيەتلەرنى ھەر خىل باج ـ سېلىقلارنى ۋە ئۇشرەنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئىمتىيازلارنى بىكار قىلىش، باج تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش دېگەن تەلەپلەر قويۇلدى؛ لېكىن، دېھقانلارنىڭ «تەلەپنامە»سى يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا تۈزۈلگەن بولغاچقا، دېھقانلارنىڭ بىرمۇنچە تەلەپلىرى كىرگۈزۈلمىگەن، ھەتتا ئەڭ جىددىي بولغان يەر تەلىۋىمۇ ناھايىتى ئاز تىلغا ئېلىنغان ئىدى.

خەلق ئاممىسى ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسىنى تەلەپنامە سۇنۇش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئىنقىلاۋىي ھەركىتى ئارقىلىق ئىپادىلىدى. 1789-يىل 5-ئاينىڭ 5-كۈنى 3 تەبىقە يىغىنى پارىژدىن 23 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ۋېرسالدا چاقىرىلدى، يىغىنغا بىرىنچى تەبىقىدىن 308 ۋەكىل، ئىككىنچى تەبىقىدىن 285 ۋەكىل، ئۈچىنچى تەبىقىدىن 621 ۋەكىل قاتناشتى، ئىشچى، دېھقانلاردىن بىرمۇ ۋەكىل قاتناشمىدى. يىغىن ئېچىش ۋە ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 3-تەبىقە ئىمتىيازلىق تەبىقە بىلەن 5 ھەپتە تالاشتى. 3-تەبىقە خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشى ئاستىدا، باشقا تەبىقىلەرنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ئىشىغا بىرلىكتە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە ئۇلار قاتناشمىسا ئۆزلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا تەكشۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بەزى تۆۋەن دەرىجىلىك دىندارلار 3-تەبىقە تەرەپكە ئۆتتى. 6-ئاينىڭ 17-كۈنى 3-تەبىقە ئۆزىنى ئومۇمى خەلققە ۋەكىللىك قىلىدىغان پۇقرالار قۇرۇلتىيى دەپ جاكالىدى. بۇ چاغدا پارىژدىن ۋېرسالغا كەلگەن پۇقرالار بارغانسېرى كۆپەيدى، ئۇلار 3-تەبىقىنىڭ ھەركىتىنى پائال قوللىدى. پۇقرالار قۇرۇلتىيىنىڭ يىغىن ئورنى پادىشا تەرىپىدىن زورلۇق بىلەن پېچەتلىۋېتىلدى، پۇقرالار 3-تەبىقە ۋەكىللىرىگە يىغىن ئورنى ئۈچۈن بىر چويلاتوپ زالىنى تېپىپ بەردى، ئۇ يەردە بارلىق ۋەكىللەر: ئاساسىي قانۇننى تۈزۈپ چىقمىغىچە پۇقرالار قۇرۇلتىيىنى ھەرگىز تارقاتمايمىز، دەپ قەسەم بەردى. پادىشا، پۇقرالار قۇرۇلتىيى چىقارغان قارارلارنىڭ ھەممىسى قانۇنسىز، كۈچكە ئىگە ئەمەس، دەپ جاكالىدى. ھەرقايسى تەبىقىلەرنى ئايرىم-ئايرىم يىغىن ئېچىشقا بۇيرۇدى. بىراق بىرنەچچە مىڭ پارىژلىق ئامما

پادىشا ئوردىسىغا بېسىپ كىرىپ، 3 ـ تەبىقىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ئەسكەرلەر خەلققە ئوق چىقىرىش بۇيرۇقىنى رەت قىلدى. پادىشا ئىلاجسىزلىقتىن ماقۇل بولۇپ، باشقا ئىككى تەبىقىنىڭ ۋەكىللىرىنى پۈتۈن قۇرۇلتايغا قاتنىشىشقا بۇيرۇدى. 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، پۈتۈن قۇرۇلتاي ئۆزىنى ئاساسىي قانۇن تۈزگۈچى يىغىن دەپ جاكالىدى.

پادىشا ئاساسىي قانۇن تۈزگۈچى يىغىننى قوراللىق كۈچ بىلەن تارقىتىۋېتىش نىيىتىگە كەلدى. 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، ئۇ پارىژ ۋە ۋېرسال ئەتراپىغا ئەسكىرىي كۈچ توپلاش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى، 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە كەينى ـ كەينىدىن 180 مىڭ كىشىلىك قوشۇن توپلاندى. ئاساسىي قانۇن تۈزگۈچى يىغىن ئىنتايىن خەۋپلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

## 2 ـ بۆلۈم 1789 ــــ 1794 ـ يىللىرىدىكى فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى

**ئىنقىلابنىڭ باشلىنىشى** ئىنقىلاب مىليونلىغان ئاممىنىڭ ئىشى. فرانسىيىنىڭ شەھەر ـ يېزىلىرىدىكى ئەمگەكچى خەلق 1788 ــ 1789 ـ يىللىرى يۈز بەرگەن ئىقتىسادىي كىرىزىستىن كېيىن كۈرەشنى توختىتىماي داۋاملاشتۇردى. ئۇلارنىڭ قوللىشى بولمىغان بولسا، بۇرژۇئازىيىنىڭ پۈتۈن قۇرۇلتىيى ياكى ئاساسىي قانۇن تۈزگۈچى يىغىنى بىر كۈنمۇ داۋام قىلالمىغان بولاتتى. خەلقنىڭ كۈرەشلىرى ئەسكەرلەرگىمۇ تەسىر يەتكۈزدى، 1789 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ ئاخىر ـ

لىرى ۋە 7 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، پارىژدىكى بىر قىسىم قوشۇن خەلق تەرەپكە ئۆتتى؛ خەلق تەرەپكە ئۆتۈشكە ئىنتىلىدىغان بۇنداق كەيپىيات پەيدىن ـ پەي چەت ئۆلكىلەردىكى تۈەندۈيلەرگىمۇ يېتىپ باردى.

1789 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، پارىژ خەلقى پادىشاھنىڭ ئاساسىي قانۇن تۈزگۈچى يىغىننى قوراللىق كۈچ بىلەن تارقىتىۋېتىشنى ۋە پارىژغا تەھدىت سېلىشنى پىلانلاۋاتقانلىقىنى سېزىپ، دەرھال ھەرىكەتكە كەلدى. 12 ــ 13 ـ كۈنلىرى، ئۇلار ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن قورال ـ ياراق ئىزلەپ يۈردى. پارىژدىكى چوڭ بۇرژۇئازىيىمۇ بۇ چاغدا خەلقنىڭ ئىستىخىيىلىك ھەرىكەتلىرىنى تىزگىنلىۋېلىش مەقسىتىدە پائال ھەرىكەت قىلدى. 13 ـ كۈنى ئەتىگەندە، ئەسلىدىكى 3 ـ تەبىقە ۋەكىللىرىنى سايلىغۇچىلار ۋاقىتلىق شەھەرلىك ھۆكۈمەت سۈپىتىدە دائىمىي كومىتېت تەسىس قىلدى ھەمدە پادىشاھنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئەسكەرلىرى قوشۇنىنى تەشكىللىدى. ئۇلار ئاتالمىش "ئىشسىز كوچىمەنلەر"نى يولسىزلىق بىلەن چەتكە قېقىپ خەلق ئەسكەرلىرى قوشۇنىغا قاتناش-تۇرمىدى ھەمدە "غەيرى مۇنتىزىم خادىملار"نى قورالسىزلاندۇردى.

ئىنقىلابىي خەلق چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ چەكلىشىگە قارىماي، داۋاملىق قورال ـ ياراق ئىزلىدى. 14 ـ كۈنى ئەتىگەندە، شەھەر ئاھالىسىدىن 7 ـ 8 مىڭ كىشى يارىدار ئەسكەرلەر قورۇسىدىكى قورال ـ ياراق ئامبىرىغا بېسىپ كىرىپ، 30 مىڭ مىلتىقنى تارتىۋال-دى، ئۇلار: "باستىغا بارايلى!" دەپ توۋلىدى. باستى تۈرمىسى خەلق ھەممىدىن بەك ئۆچ كۆرىدىغان مۇستەبىتلىك تۈزۈمىنىڭ سىم-ۋولى ئىدى، ئۇ يەردە كۆپلىگەن قورال ـ ياراق، ئوق ـ دورا ساقلان-

غان ئىدى، سېپىلغا ئورنىتىلغان زەمبىرەكلەر سېن-ئانتۇان ئىشچىلار رايونىنى چەنلەپ تۇراتتى. شاگىرتلار، ئىشكارلار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تۈرلۈك ئىشچىلار باستىل تۈرمىسىنى قورشىۋېلىپ، ئۇنى ساقلاپ تۇرغان قوشۇننىڭ قوماندانى درونېدىن قورال-ياراقنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. درونې تەسلىم بولۇش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئوت ئېچىشقا بۇيرۇق بېرىپ، يۈز نەچچە ئادەمنى يارىدار قىلدى ۋە ئۆلتۈردى. ئىنقىلاۋىي خەلق دەرغەزەپكە كېلىپ، 5 دانە چوڭ زەمبىرەك بىلەن سېپىلنىڭ ئالدى ئىشىگىنى قارىغا ئالدى ھەمدە ئىچكى ھويلىغا بېسىپ كىرىپ، بۇ ئەكسىيەتچى ئەبلەخنى ئۆلتۈرۈۋەتتى ۋە باستىل تۈرمىسىنى پاچاقلاپ تاشلىدى.

7-ئاينىڭ 14-كۈنى پارىژدا بولغان قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ غەلىبىسى پادىشانىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي سۈيىقەستىنى تارمار قىلىپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئاساسىي قانۇن تۈزگۈچى يىغىننى قۇتقۇزۇپ قالدى. 17-كۈنى، پادىشا ئاساسىي قانۇن تۈزگۈچى يىغىننىڭ 50 نەپەر ۋەكىلىنىڭ ھامىيلىقىدا پارىژغا كېلىپ، 3 خىل رەڭلىك يەنى قىزىل، ئاق ۋە كۆك رەڭلىك كاكارنى ئائىلاج قوبۇل قىلىپ، ئىنقىلاپنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

كەڭ دېھقانلار 7-ئاينىڭ 14-كۈنىدىكى غەلىبىنىڭ ئىلھامى بىلەن غايەت زور كۆلەمدىكى ئىنقىلاپ دولقۇنىنى كۆتەردى. دېھقانلار 1789-يىلى ئەتىيازدىكى ئاچارچىلىق قوزغىلىڭىدىن كېيىن، 7-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 8-ئاينىڭ باشلىرىغىچە، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قورغانلارنى قولغا ئېلىپ، يەر خەتلىرىنى كۆيدۈردى، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قورۇلىرىنى پاچاقلاپ تاشلىدى، دائىرىلەنگەن يەرلەردىكى چىتلاقلارنى بۇزۇپ تاشلىدى. فېودال

غوجىلار شەيئى ئائلاش بىلەنلا يۇرىگى قېيىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولۇپ، ئارقا-ئارقىدىن يېزىلاردىن قېچىپ كەتتى. چوڭ شەھەر-لەردىكى بۇرژۇئازىيىمۇ پارىژدىن ئۈلگە ئېلىپ، شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى تەسىس قىلىدى ۋە خەلق قوغدىنىش قوشۇنلىرىنى قۇردى.

دېھقانلار ئىنقىلاۋى پارىژ ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبىسىنى مۇستەھكەم-لەپلا قالماستىن، بەلكى فېودالىلىق تۈزۈمىگە ھەل قىلغۇچ زەربە بەردى.

7-ئاينىڭ 14-كۈنى (بۇ كۈن كېيىن فرانسىيىنىڭ دۆلەت بايرىمى كۈنى قىلىپ بەلگىلەندى) فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلاۋىنىڭ باشلىنىشى بولدى، لېكىن ئىنقىلاب لاگېرىنىڭ بولۇنۇشىمۇ مۇشۇ كۈندىن باشلاپ بارا-بارا روشەنلىشىپ باردى.

فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى يۇقۇرى ئۆرلەپ بارغان ھالدا راۋاجلاندى، ئۇ 3 دەۋرنى باشتىن كەچۈردى.

**بىرىنچى دەۋر پادىشالىق-ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم تەرەپ-دارلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىغى (1789-يىلى 7-ئاي—1792-يىل 8-ئاي)** 7-ئاينىڭ 14-كۈنىدىن كېيىن، ھاكىمىيەت ئاساسىي قانۇن تۈزگۈچى يىغىندىكى چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، لافايېت ماركىز خەلق قوغدىنىش قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى بولۇپ قالدى، ئاساسىي قانۇن تۈزگۈچى يىغىننىڭ سابىق رەئىسى بېيى پارىژ شەھىرىنىڭ باشلىغى بولۇپ قالدى. چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ ۋەكىللىرىدىن مىرابو، سېيېس، لافايېت قاتارلىقلارنىڭ خان جەمەتى بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي پىروگراممىسى پادىشالىق-ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈمنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت

www.uyghurkitap.com

ئىدى، ئۇلار كونا تۈزۈمنى ئاز-تولا ئىسلاھ قىلىشنىلا تەلەپ قىلاتتى، ئىنقىلاپنىڭ تولىمۇ ئالغا كېتىشىنى خالىمايتتى.

1789-يىل 8-ئاينىڭ 4-كۈنىدىن 12-كۈنىگىچە، ئاساسىي قانۇن تۈزگۈچى يىغىن 7-، 8-ئايلاردىكى دېھقانلار ئىنقىلاۋى بورىنىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، بىر قاتار قارارلارنى ماقۇللاپ، يانچىلىق تۈزۈم، مەجبۇرى ئەمگەك ۋە بارلىق جىسمانى مەجبۇرىيەتلەرنىڭ ھەقسىز بىكار قىلىنىدىغانلىقىنى، ئۆشرە ۋە ئىمتىيازلىق تەبىقىنىڭ باج تۆلىمەسلىك ھوقۇقى، ئەدلىيە ھوقۇقى، ئوۋ ئوۋلاش ھوقۇقى قاتارلىق ھوقۇقلىرىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى؛ بىراق، يەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان فېودالىق باج-سېلىقلار—يەر ئىجارىسى، نەرسە بىلەن تۆلىنىدىغان ئىجارە، مال-مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش بېجى قاتارلىقلارنى دېھقانلار پۇل چىقىرىپ سېتىۋېلىشى كېرەك ئىدى. ئىمتىيازلىق تەبىقە ئانچە-مۇنچە "يول قويۇش" ئارقىلىق دېھقانلارنى ئۆزىگە تارتىپ، ئەڭ ئاساسلىق فېودالىق ھوقۇقلارنى ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇندى، چۈنكى، ئۇلار دېھقانلارنىڭ پۇل تۆلەپ فېودالىق مەجبۇرىيەتتىن قۇتۇلۇشقا كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى.

8-ئاينىڭ 26-كۈنى، ئاساسىي قانۇن تۈزگۈچى يىغىن يەنە «كىشىلىك ھوقۇقى ۋە پۇقرالىق ھوقۇقى خىتاپنامىسى» (قىسقارتىلىپ «كىشىلىك ھوقۇقى خىتاپنامىسى» دەپ ئاتىلىدۇ)نى ماقۇللىدى، ئۇنىڭدا: ئادەم تۇغۇلۇش بىلەنلا ئەركىنلىككە ئىگە، ھوقۇق جەھەتتە باراۋەر؛ سۆز، يىغىن ئۆتكۈزۈش، مەتبۇئات، جىسمانى ئەركىنلىك ۋە باشقا ئەركىنلىكلەر ۋە زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش ھوقۇقى "تۇغما، مەھرۇم قىلغىلى بولمايدىغان ھوقۇق"، دۆلەتنىڭ خوجايىنى-

لىق ھوقۇقى خەلققە مەنسۇپ، دەپ جاكالانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭدا: "مال-مۈلۈك دەخلى-تەرۇز قىلىشقا بولمايدىغان مۇقەددەس ھوقۇقتۇر" دەپ ئېنىق بەلگىلەندى. كىشىلىك ھوقۇقى خىتاپنامىسى مەرىپەتچى مۇتەپەككۇرلارنىڭ سىياسى تەشەببۇسىنى مەركەزلىك ھالدا ئىپادىلەپ، فېودال مۇستەبىتلىك تۈزۈمگە قارشى تۇرۇش، بۇرژۇئا دېموكراتىيىسىنى تەرغىپ قىلىش جەھەتتە ئاكتىپ رول ئوينىدى. لېكىن ئۇنىڭ قوغدىغىنى پەقەت بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئەتى بولدى. ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئاساسىي ھوقۇقلىرى كاپالەتكە ئېرىشەلمىدى. كىشىلىك ھوقۇقى خىتاپنامىسى بۇرژۇئازىيىنى پۈتۈن ئىنسانىيەت مەنپەئەتىنىڭ ۋەكىلى قىلىپ كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ بۇر-ژۇئازىيىلىك ماھىيىتىنى "ئەركىنلىك"، "باراۋەرلىك" دېگەنگە ئوخ-شاش ئابستراكت سوز-ئىبارىلەر بىلەن ياپتى. يۈز نەچچە يىلدىن بېرى، بۇرژۇئازىيە "ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، مېھرىۋانلىق" دېگەن بۇرژۇئا دۇنياقارىشى ئارقىلىق خەلقنى بىخۇتلاشتۇرۇپ ۋە زەھەر-لەپ كەلدى ھەمدە ئۇنى پرولېتارسىيات دۇنياقارىشىغا قارشى تۇرۇشتىكى ئىدىيىۋى قورال قىلىپ كەلدى.

جاھىللىق قىلىپ ئۆز نىيىتىدىن يانمىغان لۇئىي XVI قىسمەن فېوداللىق مەجبۇرىيەتلەرنى بىكار قىلىۋېتىش توغرىسىدىكى قارارلارنى ۋە كىشىلىك ھوقۇقى خىتاپنامىسىنى كەينىگە سورەپ تەستىقلىمايلا قالماستىن، بەلكى يەنە ۋېرسالغا قوشۇن يوتكەپ، ئاساسىي قانۇن تۈزگۈچى يىغىننى تارقىتىۋېتىشكە يەنە بىر قېتىم ئۇرۇندى. چەت ئۆلكىلەردىن يوتكەلگەن قوشۇنلار ئوردىنىڭ "قىزغىن قارشى ئېلىشى"غا ئېرىشتى، زىياپەت ئۇتكۈزۈلگەن چاغدا ئەكسىيەتچى ئەپىتسەرلەر ئىنقىلاپنىڭ بەلگىسى بولغان 3 رەڭلىك دولەت بەلگىسىنى

uyghurkitap.com

يەرگە تاشلاپ دەسسىدى. بۇ خەۋەرلەر پارىژ خەلقىنى قاتتىق غەزەپلەندۈردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، 8-ئايدىن ئېتىۋارەن پارىژدا بولكا قىسچىلىغى بولۇپ كېلىۋاتقان ئىدى. ئىنقىلاۋىي ئامما پادىشانى پارىژغا ئەكېلىشنى بىردەك تەلەپ قىلدى. 10-ئاينىڭ 5-كۈنى، پارىژدىكى ئاددى پۇقرالار ئاياللارنىڭ باشلامچىلىق قىلىشى بىلەن پارىژ شەھەر مەمۇرىيىتى مەھكىمىسىگە بېسىپ كېلىپ، بولكا ۋە قورال-ياراق تەلەپ قىلدى، ئارقىدىنلا سەپ تارتىپ ۋېرسالغا يۈرۈش قىلدى. بۇ ھەيۋەتلىك قوشۇن بوران-چاپقۇنغا قارىماي، يول بويى "پوپلار يوقالسۇن! ئاقسۆڭەكلەر يوقالسۇن" دەپ توۋلاپ ماڭدى. ئاخشىمى ۋېرسالغا يېتىپ كېلىپ، ئەتىسى ئوردىغا بېسىپ كىردى. پادىشا بولكا بىلەن تەمىنلەش ئەھۋالىنى ياخشىلاش چارىسى ئارقىلىق خەلقنى "بەزلىمەكچى" بولغان بولسىمۇ، ئامما دامىغا چۈشمەي، پادىشا پارىژغا بارسۇن دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. 10-ئاينىڭ 6-كۈنى، پادىشا ۋە خانىش پارىژغا يالاپ كېلىنىپ، خەلقنىڭ نازارىتى ئاستىغا ئېلىندى.

پارىژ خەلقىنىڭ 10-ئاينىڭ 5—6 كۈنلىرىدىكى ئىنقىلاۋىي ھەرىكىتى ئاساسىي قانۇن تۈزگۈچى يىغىنىنى يەنە بىر قېتىم قۇتقۇزۇۋېلىپ، ئىنقىلاپنى ئىلگىرى سۈردى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئاساسىي قانۇن تۈزگۈچى يىغىنمۇ پارىژغا كۆچۈپ كېلىپ، ئاساسىي قانۇننى تۈزۈشكە كىرىشتى. چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئاساسىي قانۇندا پادىشا يەنىلا مەمۇرىيەت باشلىقى، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى ۋە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى سۈپىتىدە ساقلاپ قېلىندى، قانۇن تۈزۈش ھوقۇقى قانۇن تۈزگۈچى يىغىنغا مەركەزلەشتۈرۈلدى، بىراق پادىشا قانۇن تۈزگۈچى يىغىن ماقۇللىغان قانۇن-

لارنى يولغا قويۇشنى ۋاقتىنچە توختىتىپ قويۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. قانۇن تۈزگۈچى يىغىننىڭ ۋەكىللىرى "ئاكتىپ" پۇقرالارنىڭ ۋاستىلىك سايلىمى ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلەتتى، مەلۇم مىقداردىكى مال-مۈلۈككە ئىگە بولمىغان پۇقرالار "پاسسىپ پۇقرالار" قاتارىغا كىرگۈزۈلەتتى، ئۇلاردا سايلامغا قاتنىشىش ھوقۇقى بولمايتتى. شۇ ۋاقىتتىكى 26 مىليون ئاھالىسىدىن ئاران 4 مىليون 250 مىڭى "ئاكتىپ پۇقرا" دەپ ھىساپلاندى، بۇ ھال «كىشىلىك ھوقۇقى خىتاپنامىسى»دىكى "ئەركىنلىك"، "باراۋەرلىك" دېگەن بىرنىمەلەرنىڭ يالغان سۆز ئىكەنلىكىنى ئېچىپ بەردى.

ئاساسىي قانۇن تۈزگۈچى يىغىننىڭ يەر سىياسىتىمۇ دېھقانلارنىڭ تەلىۋىنى قاندۇرمىدى، ئۇنىڭدا فېئوداللىق مەجبۇرىيەتنى سېتىۋېلىش بەدىلىگە دېھقانلارنىڭ يىللىق مەجبۇرىيىتىنىڭ 20 ھەسسىگە توغرا كېلىدىغان پۇل تۆلىنىدىغانلىقى، بەلكى بۇ بىر قېتىمدىلا تۆلىنىشى كېرەكلىكى بەلگىلەندى. ئاساسىي قانۇن تۈزگۈچى يىغىن دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ يەر مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ دۆلەت مۈلكى قىلدى، دىندارلارغا دۆلەت مائاش بېرىدىغان بولدى، دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ يەرلىرى چوڭ-چوڭ پارچىلار بويىچە سېتىلغانلىقى ۋە باھاسى ناھايىتى يۇقۇرى بولغانلىقى ئۈچۈن، كۆپ بايلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى.

ئاساسىي قانۇن تۈزگۈچى يىغىن كەسىپداشلار جەمئىيىتىنى بىكار قىلىش ۋە باج چازىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى، بۇ پەرمانلارنىڭ ھەممىسى بۇرژۇئازىيىگە پايدىلىق بولدى. 1791-يىل 6-ئاينىڭ 14-كۈنى، ئاساسىي قانۇن تۈزگۈچى يىغىن لې ساپېلىيېر قانۇنىنى ئېلان قىلدى. بۇ ئەكسىيەتچىل قانۇندا

ئىشچىلارنىڭ يىغىن ئۆتكۈزۈشى، تەشكىلاتتا ئۇيۇشۇشى ۋە ئىش تاشلىشى مەنئى قىلىندى، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغانلارغا "ئەركىنلىككە ۋە كىشىلىك هوقۇقى خىتاپنامىسىگە دەخلى-تەرۇز قىلدى" دەپ هىساپلىنىپ، 500 لى جەرىمانە قويۇش، بىر يىل پۇقرالىق هوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش جازاسى بېرىلىدىغانلىقى بەلگىلەندى. بۇ قانۇن 1864-يىلغا بارغاندىلا ئاندىن بىكار قىلىندى. ماركس بۇ قانۇننى قاتتىق سوكۇپ كىلىپ مۇنداق دەپ كورسەتكەن ئىدى: "فرانسىيە بۇرژۇئازىيىسى ئىنقىلاپ بورىنى باشلىنىش بىلەنلا ئىشچىلارنى ئۇزلىرىنىڭ ئەمدىلا قولىغا كىرگۈزگەن جەمىيەتلەرگە ئۇيۇشۇش هوقۇقىدىن يەنە مەھرۇم قىلدى...... كاپىتال بىلەن ئەمگەك ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنى دولەتنىڭ ساقچىلىق ۋاستىسى بىلەن كاپىتال ئۇچۇن پايدىلىق دائىرىدە چەكلىگەن بۇ قانۇن بىرنەچچە قېتىملىق ئىنقىلاپنى ۋە بىرنەچچە قېتىملىق سۇلالە ئۆزگىرىشىنى باشتىن كەچۇردى."① لې ساپېلىېر قانۇنىنىڭ ماقۇللانغانلىقى كىشىلىك هوقۇقى خىتاپنامىسىنىڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان قورالدىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ ئېنىق كورسىتىپ بەردى. 1791-يىلدىكى ئاساسي قانۇندا يەنە: مۇشۇ ئاساسي قانۇن فرانسىيەنىڭ ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ئامېرىكا قىتئەلىرىدىكى مۇستەملىكىلىرىگە ۋە بېقىندا ئەللىرىگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ، دەپ ئېنىق بەلگىلەندى. مۇستەملىكىلەردىكى قۇللۇق تۇزۇمىمۇ بىكار قىلىنمىدى.

پادىشا ئاساسي قانۇندا ئۆزىگە بېرىلگەن هوقۇقلارغا قانائەتلەن-

---

① ماركس. «كاپىتال»، 1-توم، 24-باپ. «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1981-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 422—423-بەتلەر.

مدى، ئۇ ئاساسىي قانۇننى تەستىقلاشنى رەت قىلدى ھەمدە ياۋرو-
پادىكى فېوداللارنىڭ قوراللىق كۈچلىرىگە تايىنىپ قايتا باش كوتى-
رىپ چىقىپ، قولىدىن كەتكەن "جەننەتنى"نى تارتىۋېلىش غەرىزىدە،
چەتئەلگە قېچىپ كېتىشنى پىلانلاش قەستىدە بولدى. بەگ-خوجىلار
ۋە ئاقسوڭەكلەر 14-ئىيۇل ئىنقىلاۋىدىن كېيىنلا كەينى-كەينىدىن
ۋەتەنگە خائىنلىق قىلىپ دۈشمەننىڭ قوينىغا ئوزىنى ئېتىشقا باش-
لىغان ئىدى ھەمدە 1791-يىلى فرانسىيە-پرۇسسىيە چېگرىسىدىكى
كوبلېنز دېگەن جايدا ئەكسىلئىنقىلاۋىي بازا قۇرغان ئىدى. مىرابو
1791-يىلدىن باشلاپلا پادىشا بىلەن ئاستىرتىن تىل بىرىكتۇرۇپ،
ئۇنى ئىنقىلاۋىي خەلققە قارشى قوراللىق كۈچ ئىشلىتىشكە ئۈندىدى.
1791-يىل 6-ئاينىڭ 20-كۈنى، لافايېتنىڭ سۈكۈت قىلىشى بىلەن،
پادىشا، خانىش ۋە شاھزادىلەر پارىژدىن قېچىپ كەتتى، لېكىن
ئۇلار 2 كۈندىن كېيىن چېگرىغا يېقىن بولغان فالىڭ دېگەن جايدا
خەلق تەرىپىدىن سېزىلىپ قېلىپ، پايتەختكە يالاپ كېلىندى.

لۇئى XVI نىڭ قېچىشى خەلقنى تېخىمۇ غەزەپلەندۈردى، پارىژدا
30 مىڭ پۇقرا نامايىش ئوتكۈزۈپ، پادىشالىقنى بىكار قىلىشنى
قەتئىي تەلەپ قىلدى. پادىشالىق-ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم تەرەپدار-
لىرى پادىشانى ئاقلاپ، ئۇ ئوزلۈگىدىن قېچىپ كەتكەن ئەمەس،
بەلكى باشقىلار ئۇنى "مەجبۇرەن ئېلىپ كەتكەن" دەپ تۇرۇۋالدى.
7-ئاينىڭ 17-كۈنى، بىرنەچچە مىڭ ئىشچى مارس مەشق مەيدانىدا
يىغىن ئوتكۈزۈپ، پادىشانىڭ تەختتىن بوشىتىپ بېرىشىنى تەلەپ
قىلدى. پارىژ شەھىرىنىڭ باشلىقى بېييىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، بۇر-
ژۇئازىيىنىڭ خەلق قوغدىنىش قوشۇنى بۇ تىنچ يىغىلىشنى
باستۇرۇپ، 50 نەچچە كىشىنى ئولتۇردى. بۇنىڭ بىلەن پادىشالىق-

www.uyghurkitap.com



روبىسپىير

ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم تەرەپدار-لىرىنىڭ خەلققە قارشى قىياپىتى ئېچىپ ئاشكارىلاندى.

1791-يىلى 9-ئايدا، پادىشا مەجبۇرى ھالدا ئاساسىي قانۇنغا ئىمزا[1] قويدى. 10-ئاينىڭ 1-كۈنى، ئاساسىي قانۇنغا ئاساسەن سايلاپ چىقىلغان قانۇن تۈزگۈچى يىغىن چاقىرىلدى. قانۇن تۈزگۈچى يىغىن-نىڭ ۋەكىللىرى ئىچىدە ئوڭچىلار (پادىشالىق-ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم تەرەپدارلىرى) تەخمىنەن 260 كىشى، ئارىلىقچىلار تەخمى-نەن 350 كىشى بولۇپ، بۇ ئىككى گۇرۇھ قانۇن تۈزگۈچى يىغىننى تىزگىنلىۋالدى. سولچى-لار (ياكوبىنچىلار①) تەخمىنەن 130 كىشى ئىدى. ئۇلار سان جەھەتتە ئاز بولسىمۇ، لېكىن خەلق ئاممىسى بىلەن زىچ مۇنا-سىۋەت باغلىغان ئىدى. ياكو-بىنچىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا



مارات

① ئۇلار پارىژدىكى سېن-ياكوپ موناستىرىدا يىغىن ئوتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن ياكوبىنچىلار دەپ ئاتالغان.

بىرلىك يوق ئىدى، ئۇ سولقاناتلار ۋە ئوڭقاناتلارغا ئايرىلغان ئىدى. ئۇنىڭ سولقانىتى روبېسپېر باشچىلىقىدىكى تاغچىلار (ئۇلار پارلامېنتتا ئېگىزرەك ئورۇنلارغا ئولتۇرغانلىقى بىلەن شۇ نامنى ئالغان) ئىدى، ئۇلار رادىكال دېموكراتىيىچىلەر بولۇپ، 3 - تەبىقىدىكى ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن قاتلام خەلقلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. روبېسپېرنىڭ ئۆزى قانۇن تۈزگۈچى يىغىننىڭ ۋەكىلى بولمىسىمۇ، لېكىن تاغچىلارنىڭ تۆۋرۈكى ياكوبىن كۇلۇبى ئىدى، روبېسپېر (1758 ـ 1794)، دانتون (1759 ــ 1794) ۋە مارات (1743 ــ 1793)لار بولسا مۇشۇ كۇلۇبنىڭ مەشھۇر يولباشچىلىرى ئىدى. روبېسپېر بىلەن دانتون ئادۋوكات، مارات بولسا دوختۇر، فىزىك ئىدى. ئۇلار پادىشالىق - ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم تەرەپدارلىرىنىڭ ھوكۇمرانلىقىغا نارازى بولۇپ، ئىنقىلاپنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. مارات تەسىس قىلغان «خەلق دوستلىرى» گېزىتى بۇرژۇئا دېموكراتىيىچىلىرىنىڭ تىلى ئىدى، مارات پادىشانىڭ ۋە ئاساسىي قانۇنچىلارنىڭ سۇيىقەستىنى ئۆتكۈرلۈك بىلەن كوزىتىپ پاش قىلىپ، كوپ قېتىم زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى، ئۇ يوشۇرۇن ھالەتكە چۈشۈپ قالغاندىمۇ كۇرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى. ياكوبىنچىلارنىڭ ئوڭقانىتى برىسسو باشچىلىقىدىكى ژىروندېچىلار (چۈنكى ئۇلارنىڭ يولباشچىلىرىنىڭ كوپىنچىسى ژىروندې ئولكىسىدىن سايلاپ چىقىلغان) بولۇپ، ئۇلار 3 - تەبىقىدىكى ئوتتۇرا ۋە يۇقۇرى قاتلامنىڭ يەنى سودا - سانائەت بۇرژۇئازىيىسىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى.

فرانسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ ياۋروپادىكى تەسىرىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، چاررۇسىيە، پرۇسسىيە ۋە ئاۋستىرىيىلەردىكى فېودال پادىشا-

www.uyghurkitap.com

لارنىڭ ئىنقىلاۋىي فرانسىيىگە بولغان ۋەھىمىسى ۋە ئۆچمەنلىكى بارغانسېرى چوڭقۇرلاشتى. فرانسىيە پادىشاسى ۋە خانىشىنىڭ ئۇلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشمۇ تېخىمۇ كۈچەيدى. چارپادىشا ئېكاتېرىنانىڭ قوللىشى ۋە كۈشكۈرتىشى بىلەن، پرۇسسىيە بىلەن ئاۋستىرىيە 1791-يىل 8-ئايدا بىرلەشمە بايانات ئېلان قىلىپ، لۇئى XVIنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، "ھەققانىيەت" تەرەپتە تۇرۇپ، قوشۇن ئەۋەتىپ "جىنايەتچىلەر"نى جازالايدىغانلىقى توغرىسىدا جار سالدى. دېمەك، چەتئەللەرنىڭ مۇداخىلە ئۇرۇشى قوزغاش تەھدىتى بارغانسېرى ئېغىرلاشتى.

ئۇرۇش مەسىلىسىدە، قانۇن تۈزگۈچى يىغىننىڭ پىكرى بىردەك بولماي قالدى. پادىشالىق-ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم تەرەپدارلىرى فرانسىيە ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قالسا، ئۆزلىرىنىڭ ھوكۇمرانلىقىنى تەۋرىتىدىغانلىقىدىن قورقتى. ژىروندىچىلار فرانسىيىنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن فرانسىيە ئىنقىلاۋىنى ياۋروپاغا كېڭەيتىش كېرەك دېگەن باھانە بىلەن، ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، ئەمەلىيەتتە، ئۇلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بازارلارنى ۋە يەرلەرنى تارتىۋالماقچى بولدى. پەقەت ياكوبىنچىلارنىڭ سولقانىتى بولغان تاغچىلارلا ئۇرۇشقا قارشى تۇردى. روبېسپىير "ھەقىقىي كوبلېنز دولەت ئىچىدە" دەپ ھېساپلاپ، ئالدى بىلەن ئىچكى دۈشمەننى تازىلاشنى تەلەپ قىلدى. پادىشا ئەكسىلئىنقىلاۋىي مەقسىتىنى ئاساس قىلىپ، ژىروندىچىلاردىن پايدىلىنىپ ئۇرۇش قوزغاپ، دۈشمەننى ئىچكىرىلەپ باشلاپ كىرمەكچى بولدى. 1792-يىل 3-ئايدا، پادىشا ژىروندىچىلارنى ئىچكى كابىنېت تەشكىللەشكە تەيىنلىدى. 4-ئاينىڭ 20-كۈنى، ژىروندىچىلار پرۇسسىيە ۋە ئاۋستىرىيىلەرگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى.

بۇ ئۇرۇش، فرانسىيە خەلقى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىنقىلابنى قوغداش يولىدىكى ئادالەتلىك ئۇرۇش ئىدى. لېكىن ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، پادىشانىڭ دۈشمەن بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلىكى، ئاقسۆڭەكلەردىن بولغان ئەپىسەرلەرنىڭ ئاسىيلىق قىلغانلىقى سەۋەبىدىن، فرانسىيە كەينى-كەينىدىن يېڭىلىپ قالدى. لافايېت دۈشمەن قوشۇنلىرىنىڭ فرانسىيە زېمىنىغا بېسىپ كىرىشىنى توسماي، قوشۇننى تاشلاپ پارىژغا قېچىپ كەتتى، لېكىن فرانسىيە خەلقى باتۇرلۇق بىلەن قوزغىلىپ دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش قىلدى، تاغچىلارمۇ ئىنقىلابنى قوغداش يولىدا جەڭگە پائال ئاتلاندى. ئۇلارنىڭ تەكلىۋى بىلەن، قانۇن تۈزگۈچى يىغىن 7-ئاينىڭ 11-كۈنى "ۋەتىنىمىز خەۋپ ئاستىدا" دېگەن قارارنى ماقۇللاپ، ھەرقايسى ئۆلكىلەردىن پىدائىلار قوشۇنى توپلاشقا باشلىدى. مارسېلدىن كەلگەن بىر قوشۇن «مارسېل مارشى»نى ئېيتقان پېتى پارىژغا كەلدى. بۇ ھەربى مارش كېيىن فرانسىيىنىڭ دۆلەت شېئىرى بولۇپ قالدى.

فرانسىيە خەلقى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن، چەتئەللەر بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن پادىشانى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، مەملىكەت ئىچىدىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش كېرەكلىكىنى بىلەتتى. 6-ئاينىڭ 20-كۈنى، پارىژنىڭ شەھەر ئەتراپى رايونىدىكى ئىشچىلار پادىشانىڭ پىدائىلار قوشۇنى تەشكىللەش، پادىشانىڭ مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنى تارقىتىۋېتىش توغرىسىدىكى قارارلار ۋە باشقا قارارلارنى رەت قىلغانلىقىغا ئېتىراز بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن پادىشا ئوردىسىغا بېسىپ كىردى. ياكوبىنچىلارنىڭ رەھبەرلىكىدە، پارىژنىڭ 48 رايونى بىرلىشىپ

www.uyghurkitap.com

ئىنقىلاۋىي كوممۇنا① تەشكىللىدى، كوممۇنىنىڭ ئاساسى "ئىزلاپچى-لار" بولدى. 7-ئاينىڭ 25-كۈنى، پرۇسسىيە-ئاۋستىرىيە ئىتتىپاقچىلىقى قوشۇنىنىڭ قوماندانى خىتابنامە ئېلان قىلىپ، ئوكتەملىك بىلەن پارىژ خەلقىگە: پادىشاغا جىسمانى جەھەتتىن تېگىلسە، "پارىژ-نى تۈپتىلا ئىس قىلىۋېتىمىز" دەپ تەھدىت سالدى. بۇنىڭ بىلەن غەزەپلەنگەن پارىژ خەلقى پادىشالىقنى دەرھال بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئىنقىلاۋىي كوممۇنا قوراللىق قوزغىلاڭغا پائال تەييارلىق كۆرۈشكە كىرىشتى.

**ئىككىنچى دەۋر ژىروندىچىلارنىڭ ھوكۇمرانلىقى (1792-يىل 8-ئاي — 1793-يىل 5-ئاي)** 1792-يىل 8-ئاينىڭ 9-كۈنى كېچىسى سىگنال ئاۋازى ئاڭلىنىش بىلەن، 20 مىڭ قوزغىلاڭچى ئاممىۋى خەلق قوغدىنىش قوشۇنى، يېڭى تەشكىللەنگەن ئىنقىلاۋىي كوممۇنىنىڭ رەھبەرلىكىدە، دۆلەتلىك ئوردىسىنى قورشىۋالدى. پادىشا ئوردىسىنى قوغدىغۇچى ئەسكەرلەر تېزلا قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى تەرەپكە ئۆتتى، ئەمما پادىشانىڭ بىر ئۈچۈم مۇھاپىزەتچىلىرى ئوق چىقاردى. 10-كۈنى، قوزغىلاڭچىلار باتۇرلۇق بىلەن پادىشا ئوردىسىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، بۇ ئەكسىلئىنقىلاۋىي قۇراللىق كۈچنى يوقاتتى. پادىشا قانۇن تۈزگۈچى يىغىن تۇرغان جايغا قېچىپ بېرىپ، ئۇنىڭ قوغدىشىنى تەلەپ قىلدى. قانۇن تۈزگۈچى يىغىن پادىشانىڭ ليۇكسېمبۇرگ ئوردىسىغا كۆچۈپ كىرىشكە

---

① بۇ پارىژ كوممۇنىسى 1871-يىلدىكى پارىژ كوممۇنىسى بىلەن خاراكتېر جەھەتتە پەرقلىنىدۇ. بۇ پارىژ كوممۇنىسى بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان پارىژ شەھەرلىك ھوكۇمەت ئىدى. 1871-يىلدىكى پارىژ كوممۇنىسى بولسا پرولېتارىياتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنىدۇر.

رۇخسەت قىلدى، لېكىن ئىنقىلاۋىي كوممۇنا پادىشانى قولغا ئالدى ۋە قاماپ قويدى.

8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىكى خەلق قوزغىلىڭى فرانسىيىدىكى پادىشا ـ لىق ھاكىمىيەتنى پاچاقلاپ تاشلاپ، پادىشالىق ـ ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم تەرەپدارلىرىنىڭ 3 يىل داۋام قىلغان ھوكۇمرانلىقىغا خاتىمە بەردى. قانۇن تۈزگۈچى يىغىن 1791 ـ يىلىدىكى ئاساسىي قانۇننى بىكار قىلىۋېتىشنى، "پاسسىپ پۇقرالار" بىلەن "ئاكتىپ پۇقرالار" ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى، قانۇن تۈزگۈچى يىغىننىڭ ئورنىغا خەلق سايلىغان ئۇيۇشمىسىنى دەسسىتىشنى جاكالاشقا مەجبۇر بولدى.

ئىنقىلاۋىي كوممۇنا ياكوبىنچىلارنىڭ قوللىشى ئاستىدا، ئالدى بىلەن، قورالىلىق كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ چەتئەللەرنىڭ مۇداخىلىچى قوشۇنىغا قارشىلىق كورسەتتى. دۈشمەن ئوردىسىنى ھۇجۇم قىلىپ ئالغان قوزغىلاڭچىلار ھاردىم ـ تالدىم دېمەي، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قىلىپ، دەرھاللا پىدائىلار قوشۇنىغا قاتنىشىپ، ئالدىنقى سەپكە ئاتلاندى. شۇ چاغدا ھەربى جەھەتتىكى ئەھۋال ناھايىتى خەۋپلىك ئىدى، لافايېت ئەسكەرلەرنى پارىژدىكى يېڭى ھاكىمىيەت ـ كە بوزغۇنچىلىق قىلىشقا قۇتراتمىش سۈيىقەستى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى دۈشمەنگە تەسلىم بولدى؛ پارىژنىڭ دەرۋازىسى بولۇپ ھىساپلىنىدىغان ۋېردۇن 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى قولدىن كەتتى. ياكوبىنچى دانتون خەلققە "باتۇرلۇق، باتۇرلۇق، يەنە باتۇرلۇق بولسۇن، شۇنداق بولغاندىلا فرانسىيىنى قۇتقۇزۇۋا ـ لالايمىز!" دەپ چاقىرىق چىقاردى. ئىنقىلاۋىي قوشۇن ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىشتىن ئىلگىرى، ئارقا سەپنى مۇستەھكەملەش مەقسىدىدە،

9-ئاينىڭ 2—5 كۈنلىرى تۈرمىدىكى مىڭدىن ئارتۇق ئەكسىلئىنقىلابچىنى ئۆلتۈردى. 9-ئاينىڭ 20-كۈنى، ئىنقىلابىي قوشۇن ۋالمىدا پرۇسسىيە قوشۇنىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى، ئارقىدىنلا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، دۈشمەن قوشۇنلىرىنى پۈتۈنلەي فرانسىيە زېمىنىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، بېلگىيە تەۋەسىگىچە سۈرۈپ باردى. ۋالمىدا قولغا كەلگەن غەلىبە ئىنقىلابنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مۇستەھكەملەشتە زور رول ئوينىدى.

فرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، گوللاندىيە، بېلگىيە ۋە شۋېيتسارىيىلەردىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر يېڭىۋاشتىن ئەۋج ئالدى؛ گېرمانىيە، ئىتالىيە، پولشا ۋە ۋېنگرىيىلەردىكى ئىنقىلابىي كۈچلەرمۇ جانلىنىشقا باشلىدى. فرانسىيىنىڭ غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرىدىكى مۇستەملىكىسى بولغان ھايتىنىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشىمۇ ئىلھام بېرىلدى.

ۋالمىدا چوڭ غەلىبە قازانغان كۈننىڭ ئەتىسى (9-ئاينىڭ 21-كۈنى)، خەلق ئۆيۈشمىسى يىغىنى پارىژدا ئېچىلىپ، دەرھاللا پادىشالىق ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، جۇمھۇرىيەت يەنى فرانسىيە بىرىنچى جۇمھۇرىيىتى (1792—1804) قۇرۇلغانلىقىنى جاكالىدى.

خەلق ئۆيۈشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھاكىمىيەت ژىروندىچىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. خەلق ئۆيۈشمىسى ئەزالىرىنىڭ سىياسىي جەھەتتە بولۇنۇشى قانۇن تۈزگۈچى يىغىن دەۋرىدىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ روشەن كۆرۈنۈپ قالدى. مارات، دانتون ۋە روبېسپىيېرلار خەلق ئۆيۈشمىسى ئەزالىقىغا سايلاندى. ھاكىمىيەتنى تۇتۇپ تۇرغان ژىروندىچىلار بۇ چاغدا ئوڭچىلارغا ئايلىنىپ قالدى، ئۇلار، ئىنقىلابنى توختىتىش كېرەك، بولمىسا "خەۋپ" تۇغۇلىدۇ دەپ ھېسابلىدى،

ئۇلار ئىنقىلاپنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈشىدىن ئەندىشە قىلدى. ياكوبىنچىلار خەلق ئۇيۇشمىسىدىكى سولچىلار ئىدى، ئۇلارنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىسى زىچ ئىدى، ئۇلار ئىنقىلاپنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. بۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئاز سانلىق ئىدى. ئارىلىقتە-كىلەر (يەنى تۈزلەڭلىكچىلەر، چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئورۇنلىرى يىغىن زالىنىڭ پەس جايلىرىدا ئىدى)نىڭ سانى ھەممىدىن كۆپ ئىدى، ئۇلار ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدا تەۋرىنىپ تۇراتتى، لېكىن ئۇلار-نىڭ كۆپچىلىكى ژىروندىچىلارغا مايىل ئىدى.

بىر قاتار مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدە، ياكوبىنچىلار بىلەن ژىروند-دىچىلار ئوتتۇرىسىدا كەسكىن كۈرەش قانات يېيىپ كەتتى. ياكو-بىنچىلار خەلق ئاممىسىنىڭ پادىشانى سوراققا تارتىش تەلىۋىنى قوللىدى، ئۇلار، پادىشا تەرەپدارلىرىنىڭ تىرىلىش سۇيىقەستىنى بىتچىت قىلىش ئۈچۈن، پادىشانى جازاغا تارتىش كېرەك، دەپ چىڭ تۇردى. ژىروندىچىلار بولسا پادىشاغا يان بېسىپ، ئۇنى ئۆرۈش ئاياقلاشقاندىن كېيىن بىر ياقلىق قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. 1792-يىل 11-ئايدا، دۇئىلىېل ئوردىسىدىكى تۆمۈر ساند-دۇقتىن پادىشانىڭ ۋەتەنگە ساتقىنلىق قىلىپ، دۈشمەن بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلىكىگە ئائىت ئېنىق جىنايەت پاكىتلىرى تېپىلغان-دىن كېيىن، ژىروندىچىلار ئۇنى ئاقلاشقا ئامالسىز قالدى. سوت قىلىش ئارقىلىق، لۇئى XVI ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى، 1793-يىل 1-ئاينىڭ 21-كۈنى، ئۇ پارىژ خەلقىنىڭ تىل-ھاقارەت سادالىرى ئىچىدە كاللا كېسىش مەيدانىغا ئەپچىقىلدى. بۇ، ئىنقىلا-ۋىي خەلقنىڭ زور غەلىبىسى بولدى.

1792-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىن ۋە 1793-يىلى ئەتىيازغىچە فرانسىيەدە ئىقتىسادىي ئەھۋال ئۈزلۈكسىز يامانلىشىپ كەتتى، مال باھاسى ئۆرلەپ تۇردى، ھايانكەش سودىگەرلەر بېسىمدارلىق قىلىپ، ئۇرۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ تازا بېيىپ كەتتى، ئىشچىلار بولسا ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى تۇرمۇشىنىمۇ قامدىيالماي قالدى. ژاك رۇ رەھبەرلىكىدىكى يېڭى ئىنقىلاۋىي گۇرۇھ — غەزەپلەنگۈچىلەر مەيدانغا چىقتى. غەزەپلەنگۈچىلەر نامرات ئەمگەكچىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ئىشچىلارنىڭ ئىش تاشلىشىنى قوللىدى ھەمدە ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈش، تاۋارلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى باھاسىنى بەلگىلەش، ئىنقىلاۋىي تېررورلۇق ۋاستىلەر ئارقىلىق ھايانكەش سودىگەرلەر ۋە ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا زەربە بېرىش ۋە مال-مۈلۈكنى تەڭ بۆلۈشۈش دېگەندەك ئوخشاش تەلەپلەرنى قويدى. سودا-سانائەت بۇرژۇئازىيىسىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ژىروندىچىلار بۇ مۇۋاپىق تەلەپلەرنى رەت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى غەزەپلەنگۈچىلەرگە زىيانكەشلىك قىلدى. ياكوبىنچىلار بىر مەھەل تەۋرىنىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئاخىر غەزەپلەنگۈچىلەر بىلەن بىرلىشىپ بىرلىكتە ژىروندىچىلارغا قارشى تۇردى. خەلق ئۇيۇشمىسى، روبېسپيېرنىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن، 1793-يىل 5-ئاينىڭ باشلىرىدا ئاشلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى باھاسىنى بەلگىلەش توغرىسىدىكى قارارنى ماقۇللىدى.

ژىروندىچىلار ئۇرۇش ئىشىغا ئوبدان رەھبەرلىك قىلالمىدى، بۇ ھال خەلقنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى. پادىشا ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئىچكى-تاشقى دۈشمەنلەر فرانسىيەدىكى ئىنقىلاۋىي ھاكىمىيەتكە تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ كەتتى. 1793-يىل 2-ئاينىڭ

1-كۈنى، ئەنگلىيە فرانسىيەگە قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، پرۇسسىيە، ئاۋستىرىيە، ئىسپانىيە قاتارلىق فېئوداللىق دۆلەتلەر بىلەن بىرلىشىپ، فرانسىيەگە قارشى بىرىنچى قېتىملىق ئىتتىپاقنى تۈزدى. ئەنگلىيە يەنە فرانسىيە ئىچىدىكى ساتقىنلارنى سېتىۋېلىپ، ئۇلارنى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قۇتراتتى. 1793-يىل 3-ئايدا، ژىروندىچى قوماندان دىيۇمۇرىي ئۆز قوشۇنى ئالدىنقى سەپتە تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، پارىژغا يۈرۈش قىلىشقا ئۇرۇندى. ئەسكەرلەرنىڭ قەتئىي قارشىلىقى بىلەن ئۇنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي قارا نىيىتى ئەمەلگە ئاشماي، نومۇسسىزلىق بىلەن دۈشمەنگە تەسلىم بولدى. دىيۇمۇرىي ئاسىيلىق قىلغان بىر ۋاقىتتا، فرانسىيەنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ۋاندىيا ئۆلكىسىدە پادىشا تەرەپدارلىرى قوراللىق توپىلاڭ قوزغاپ، پادىشالىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئوچۇقتىن-ئوچۇق تەلەپ قىلدى.

1793-يىل 5-ئايغا بارغاندا، ژىروندىچىلار خەلقنىڭ قوللىشىدىن تامامەن مەھرۇم بولۇپ قالدى. ئۇلار ھايانكەش سودىگەرلەرنىڭ ھامىيسى بولۇپ، مال باھاسىنى چەكلەش توغرىسىدىكى پەرماننى زادىلا يولغا قويمىدى؛ ئۇلار دىيۇمۇرىينىڭ ئارقا تىرىكى بولۇپ، دىيۇمۇرىينىڭ ئاسىيلىق قىلىش سۇيىقەستىنىڭ ئۈچى چىقىپ قالغاندىمۇ يەنە ئۇنى ئارمىيەگە قوماندانلىق قىلدۇرۇۋەردى؛ ئۇلارنىڭ پادىشا تەرەپدارلىرى بىلەن ئالاقىسى بار ئىدى، لىئوندا بولغان ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ ئۇلارغا چېتىشلىق ئىدى. ئىنقىلابىي كوممۇنا، ژىروندىچىلارنىڭ رەھبەرلىرى خەلق ئۇيۇشمىسىنى ۋە ھۆكۈمەتنى پالەچ قىلىپ قويدى، دەپ ئۇلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى ۋە ئۇلارنى خەلق ئۇيۇشمىسىدىن قوغلاپ چىقىرىشنى تەلەپ قىلدى.

www.uyghurkitap.com

ژىروندىچىلار 5-ئاينىڭ 18-كۈنى پارىژ كوممۇنىسىنىڭ پائالىيەتلىرىنى تەكشۈرىدىغان "12 كىشىلىك كومىتېت"نى قۇردى، بۇ كومىتېت ياكوبىنچىلار ئىسيان كۆتۈرۈشنى مەخپىي ھالدا پىلانلاۋاتىدۇ، دېگەن ئىغۋانى ئويدۇرۇپ چىقىپ، بۇ بەتنامىنى ماراتقا چاپلاشقا، پارىژدىكى ئىنقىلاۋىي تەشكىلاتلارغا زەربە بېرىشكە ئۇرۇندى.

ئىچكى-تاشقى دۈشمەنلەر ئىنقىلاۋىي كۈچكە غالجىرلىق بىلەن ھۇجۇم قىلىۋاتقان جىددىي پەيتتە، ژىروندىچىلار ئەمەلىيەتتە ئەكسىلئىنقىلابنىڭ قورالى بولۇپ قالدى. ژىروندىچىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇپ تاشلانمىسا، ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسى مېۋىلىرىنى ساقلاپ قالغىلى بولمايتتى. ئىنقىلابنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن تېخىمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى.

**ئۈچىنچى دەۋر ياكوبىنچىلارنىڭ ئىنقىلاۋىي دىكتاتۇرىسى (1793-يىل 6-ئاي — 1794-يىل 7-ئاي)** 1793-يىل 5-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، پارىژنىڭ ھەرقايسى رايونلىرى بىرلىشىپ قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلىدىغان مەركىزىي كومىتېت قۇردى، ياكوبىنچى ئانرىيو خەلق قوغدىنىش قوشۇنىنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى. 5-ئاينىڭ 31-كۈنى، ئىنقىلاۋىي خەلق خەلق ئۈيۈشمىسى تۇرۇشلۇق دۇئىلىپل ئوردىسىنى قورشىۋېلىپ، "12 كىشىلىك كومىتېت" تارقىتىۋېتىلسۇن، ئەڭ ئەكسىيەتچىل بولغان ژىروندىچى ۋەكىللەر قولغا ئېلىنسۇن دېگەنگە ئوخشاش تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. خەلق ئۈيۈشمىسى "12 كىشىلىك كومىتېت"نى تارقىتىۋېتىشقىلا ماقۇل بولدى، بۇ ھال ئاممىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى. 6-ئاينىڭ 2-كۈنى، خەلق قوغدىنىش قوشۇنى "ئىزلاپچىسىزلار"نىڭ قوللىشى ئاستىدا، دۇئىلىپل ئوردىسىنى يەنە قورشىۋېلىپ، زەمبىرەكنى خەلق

ئۆيۈشمىسىنىڭ يىغىن زالىغا توغرىلاپ قويدى. بەزى ۋەكىللەر تىكىۋەتمەكچى بولسىمۇ، لېكىن چىقىش ئىشىگىنىڭ ھەممىسى توسۇۋېلىنغان ئىدى. خەلق ئۆيۈشمىسى 29 ژىروندىچى ۋەكىل ۋە ئىككى مىنىستىرنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. ئىنقىلاپنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توسماقچى بولغان گۇرۇھنى خەلق يەنە بىر قېتىم ئاغدۇرۇپ تاشلىدى، ھاكىمىيەت ياكوبىنچىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. بۇنىڭ بىلەن فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى تەرەققىي قىلىپ ئەڭ يۇقۇرى باسقۇچقا يەتتى.

ئۇ چاغدا جۇمھۇرىيەتنىڭ ۋەزىيىتى ئىنتايىن جىددى ئىدى: مەملىكەت ئىچىدە، پادىشا تەرەپدارلىرى توپىلاڭ كۆتۈرۈۋاتقان رايونلار بارغانسېرى كېڭىيىۋاتاتتى، قېچىپ كەتكەن ژىروندىچىلار ئۇلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، قوشما ئىشتاتلىق ھوكۇمەت تەشكىللەشنى پىلانلاۋاتاتتى. 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىغا بارغاندا، 83 ئۆلكىنىڭ 60 سىدە توپىلاڭ يۈز بەردى. مەملىكەت سىرتىدا، ئەنگلىيە بىلەن گوللاندىيىنىڭ مۇداخىلىچى قوشۇنلىرى شىمالي تەرەپتىن بېسىپ كىرىپ دۇنكېركنى قورشىۋالدى؛ پرۇسسىيە بىلەن ئاۋسترىيىنىڭ مۇداخىلىچى قوشۇنلىرى شەرقىي تەرەپتىن مائىنزغا بېسىپ كىرىپ، ۋالېنسېننى قورشىۋالدى؛ ئىسپانىيە مۇداخىلىچى قوشۇنى جەنۇبىي تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى؛ ساردىنىيە مۇداخىلىچى قوشۇنى شەرقىي جەنۇبىي تەرەپتىن تاجاۋۇز قىلىپ كىردى؛ تۇلون پورتىنى ۋە كورسىكا ئارىلى ئۆلكىسىنى ئەنگلىيە قوشۇنى ئىشغال قىلىۋالدى.

ئىنقىلاپ ۋەزىيىتى يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ يېڭى قۇرۇلغان جۇمھۇرىيەتنى قوغداش يولىدا قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش ئېلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. خەلق ئاممىسىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئىنقىلاپ ئۈزلۈك-

سىز چوڭقۇرلاشتى. روبېسپىير باشچىلىقىدىكى ياكوبىنچىلار كۈچلۈك دۈشمەنگە دۇچكەلگەن ئەھۋالدا خەلق بىلەن بىرلىشىش كېرەكلىكىنى بىلەتتى. رۇسسونىڭ مۇرىدى بولغان روبېسپىير شۇ چاغدا «ئىجتىمائىي پۈتۈم توغرىسىدا» تەسەۋۋۇر قىلىنغان "ئەقلىي" دۆلەت ۋە "ئەقلىي" جەمئىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كىرىشتى.

ياكوبىنچىلار، ئالدى بىلەن، ژىروندىچىلار ھەل قىلىشنى خالىمىغان دېھقانلارنىڭ يەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا تۇتۇش قىلدى. 1793-يىل 6-ئاينىڭ 3-كۈنى، 6-ئاينىڭ 10-كۈنى ۋە 7-ئاينىڭ 17-كۈنى، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ يەر توغرىسىدا 3 پەرمان ماقۇللىنىپ، ئۇلاردا: قېچىپ كەتكەن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يەرلىرى كىچىك-كىچىك پارچە قىلىپ بۆلۈنۈپ، مۇددەتكە بولۇپ پۇل تولەش ئۇسۇلى بىلەن دېھقانلارغا سېتىپ بېرىلىدۇ؛ نەچچە يۈز يىلدىن بېرى پومېشچىكلار تارتىۋالغان جامائەت يەرلىرى دېھقانلارغا قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ؛ فېئوداللىق مەجبۇرىيەتلەرنىڭ ھەممىسى شەرتسىز بىكار قىلىنىدۇ؛ فېئوداللىق خاراكتېردىكى يەر خېتى ۋە ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسى كۆيدۈرۈۋېتىلىدۇ، ئۇنى يوشۇرۇپ قويغانلارغا قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. ياكوبىنچىلارنىڭ يەر سىياسىتى زور كۆپچىلىك دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولدى، فرانسىيىنى شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن فېئوداللىزىمنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇششاق دېھقان مۈلۈكچىلىكى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن مەملىكەتكە ئايلاندۇردى. ئامما بۇ يەر قانۇنلىرى نامرات دېھقانلارنىڭ يەرنى ھەقسىز تەقسىم قىلىۋېلىش تەلىۋىنى قاندۇرالمىدى، مەھسۇلاتنى پىرسەنت بويىچە بۆلۈشىدىغان يەر ئىجارىسىمۇ تولۇق بىكار قىلىنمىدى.

1793-يىل 6-ئاينىڭ 24-كۈنى، خەلق ئۇيۇشمىسى جۇمھۇر-

يەتنىڭ يېڭى ئاساسىي قانۇنىنى ماقۇللىدى. بۇ ئاساسىي قانۇندا بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ۋە مال-مۈلۈك ھوقۇقلىرىغا كاپالەتلىك قىلىنغاندىن باشقا، يەنە پۇقرالاردا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ھوقۇقى، تەربىيە ئېلىش ھوقۇقى بولىدىغانلىقى، "جەمئىيەتنىڭ بەختسىزلىككە ئۇچرىغان پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ" غانلىقى ۋە باشقىلار بەلگىلەندى. "ئاكتىپ پۇقرالار" بىلەن "پاسسىپ پۇقرالار"نىڭ پەرقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، 21 ياشقا توشقان ئەر پۇقرالارنىڭ ھەممىسى سايلام ھوقۇقىغا ئىگە بولىدىغان بولدى. ئاساسىي قانۇندا فرانسىيىنىڭ تاشقى سىياسىتىنىڭ پرىنسىپلىرى بەلگىلەندى: فرانسىيە باشقا دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدۇ، شۇنداقلا باشقا دۆلەتلەرنىڭ فرانسىيىنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغىمۇ يول قويۇلمايدۇ؛ فرانسىيە خەلقى ئۆز تېررىتورىيىسىنى بېسىۋالغان دۈشمەن بىلەن ھەرگىز سۈلھى قىلىشمايدۇ. شۇ چاغدا فرانسىيە پەۋقۇلئاددە پەيتتە تۇرغانلىقى تۈپەيلىدىن، 1793-يىلدىكى ئاساسىي قانۇن ۋاقتىنچە يولغا قويۇلماي تۇردى، لېكىن بۇ دېموكراتىك ئاساسىي قانۇن مەملىكەت ئىچىدىمۇ، مەملىكەت سىرتىدىمۇ چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. 1794-يىل 2-ئايدا، خەلق ئۇيۇشمىسى مۇستەملىكىلەردىكى قۇللۇق تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى جاكالىدى.

ئىنقىلابىي دىكتاتۇرىنى كۈچەيتىش، دىكتاتۇرا ئاپپاراتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ياكوبىنچىلارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان جىددىي ۋەزىپە بولۇپ قالدى. پادىشا تەرەپدارلىرى چەت ئەللەردە توپىلاڭ كۆتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پايتەخت پارىژدىمۇ ئەكسىلئىنقىلابچىلار 7-ئاينىڭ 13-كۈنى ياكوبىنچى ئىنقىلابچى ماراتنى ئۆلتۈر-

دى. ھايانكەش سودىگەرلەر ناھايىتى غالجىرلىشىپ، 6-ئايدا ماقۇللانغان ئاشلىق باھاسىغا چەك قويۇش توغرىسىدىكى پەرماننى بىمەنىدارلىق قىلىش، مونوپول قىلىش بىلەن بۇزغۇنچىلىق قىلدى. ژىروندىچىلار ھوكۇمرانلىق قىلغان دەۋردە قۇرۇلغان ۋەتەننى قۇتقۇزۇش كومىتېتى بۇ چاغدا دانتوننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى، دانتون بولسا ئەمەلىيەتتە ياكۇبىنچىلارنىڭ ئوڭقانىتىغا ئايلىنىپ قېلىپ، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى ۋە ھايانكەش سودىگەرلەرنى قەتئىي باستۇرۇشنى خالىمىدى. 7-ئايدىن باشلاپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش كومىتېتى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىپ، دانتون ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى، سېن-جۇست، كۇتون ۋە روبېسپىيرلار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ۋەتەن قۇتقۇزۇش كومىتېتىغا قاتناشتى. 7-ئاينىڭ 26-كۈنى، خەلق ئۇيۇشمىسى ۋەتەننى قۇتقۇزۇش كومىتېتىغا گۇمانلىق كىشىلەرنى قولغا ئېلىش ھوقۇقىنى بەردى، ئۆلۈم جازاسى بېرىش يولى بىلەن ھايانكەش سودىگەرلەرنىڭ ئەدىۋىنى بېرىشنى بەلگىلىدى، لېكىن بۇمۇ ئانچە چوڭ ئۈنۈم بەرمىدى.

بۇ چاغدا خەلق ئاممىسى يەنە پائال ھەركەتكە كەلدى. غەزەپلەنگۈچىلەرنىڭ يولباشچىسى ژاك رۇ 6-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا خەلق ئۇيۇشمىسىدا يېڭى ئاساسىي قانۇن توغرىسىدا مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلغان ۋاقىتتىلا: "ئاساسىي قانۇننىڭ قايسى بابىدىن بىمەنىدارلىق-ھايانكەشلىكنى ئەيىبلەيدىغان سوزنى تاپالايمىز؟ ئەگەر ئىنسانلار ئارىسىدا بىر سىنىپ باشقا بىر سىنىپنى ئاچ قالدۇرىدىغان بولسا، بۇ قانداق ئەركىنلىك بولىدۇ؟ ئەگەر بايلار مونوپولىيىگە تايىنىپ باشقىلارنىڭ ھايات-ماماتىنى بەلگىلەيدىغان بولسا، بۇ قانداق باراۋەرلىك بولىدۇ؟ ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، جۇمھۇرىيەت-بۇلارنىڭ ھەممىسى

خام خىيالدىنلا ئىبارەت، خالاس» دەپ كورسەتتى. غەزەپلەنگۈ-
چىلەر 7-، 8-ئايلاردا پائالىيەتلىرىنى كۈچەيتىپ، ھايانكەش سودى-
گەرلەرنى چەكلەشنى، تۇرمۇشقا كېرەكلىك بولغان بارلىق بۇيۇملار-
نىڭ ئەڭ يۇقۇرى باھاسىنى بەلگىلەشنى، ئىنقىلاپنىڭ بارلىق دۈش-
مەنلىرىنى قەتئىي باستۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

شۇ چاغدا ياكوبىنچىلارنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك غەزەپلەنگۈچى-
لەرگە قارشى ئىدى، خەلق ئۆيۈشمىسى ھەتتا 9-ئاينىڭ باشلىرىدا
زاڭ رۇنى قولغا ئالدى. بۇ ئىش خەلقنى غەزەپكە كەلتۈردى، 9-
ئاينىڭ 4—5-كۈنلىرى، ئىشچىلار، ئامراتلار ۋە قول سانائەتچىلەر
كوچىغا چىقىپ، كەينى-كەينىدىن نامايىش ئۆتكۈزۈپ، باھاغا ئومۇمى
يۈزلۈك چەك قويۇشنى، ئەكسىلئىنقىلاپچىلارنى قاتتىق جازالاشنى
تەلەپ قىلدى. ئىنقىلاۋىي كومموننىڭ شومېت، ئەبېر قاتارلىق
رەھبەرلىرى بۇ ھەركەتنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئىگەللەپ، خەلق
ئۆيۈشمىسىگە خەلقنىڭ تەلەپلىرىنى قويدى. خەلق ئۆيۈشمىسى بۇ
تەلەپلەرنىڭ ئاساسىي قىسمىنى: ئىنقىلاۋىي ئارمىيىنى قۇرۇپ، ئەك-
سىلئىنقىلاپچىلارنى باستۇرۇش ۋە ئاشلىق يىغىش ئارقىلىق پارىژنىڭ
تەمىناتىنى كاپالەتلەندۈرۈش؛ ئىنقىلاۋىي تېررورلۇقنى يولغا قويۇپ،
ژىروندىچىلاردىن بولغان مىنىستىرلارنى ئىنقىلاۋىي سوتقا تاپشۇرۇش؛
گۇمان قىلىنغۇچىلار توغرىسىدىكى پەرماننى جاكالاش تەلەپلىرىنى
قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. 9-ئاينىڭ 29-كۈنى، خەلق ئۆيۈش-
مىسى باھاغا ئومۇمى يۈزلۈك چەك قويۇش قانۇنىنى ئاخىر ماقۇللىدى،
ئۇنىڭدا 39 خىل تاۋارنىڭ ئەڭ يۇقۇرى باھاسىنى بەلگىلەپ، ئۇنى
1790-يىل 6-ئايدىكى بازار باھاسى ئاساسىدا 3 تىن بىر ھەسسىنى
ئۇستۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەڭ يۇقۇرى ئىش ھەققىنى

بەلگىلەپ، ئۇنى 1790 ـ يىل 6 ـ ئايدىكى ئىش ھەققى نورمىسى ئاساسىدا 50 پىرسەنت ئۇستۇرۇش بەلگىلەندى. قارىماققا ئىش ھەققىنىڭ ئۆسۈش ھەجمى مال باھاسىنىڭ ئۆسۈش ھەجمىدىن يۇقىرى بولغاندەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن خەلق ئۆيۈشمىسى ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققىنى بەلگىلىگەچكە، مال باھاسىنىڭ ئۆسۈش سۈرئىتى ئىش ھەققىنىڭ ئۆسۈش سۈرئىتىدىن ئېشىپ كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئەڭ يۇقىرى باھانى بەلگىلەش قانۇنى پۇلنىڭ پاخاللى-شىشىنى ۋاقتىنچە توختىتىپ، ھايانكەش سودىگەرلەرنىڭ ھەيۋىسىنى بەرگە ئۇردى.

ياكوبىنچىلار 6 ـ ئايدىن بۇيان بىر قاتار ئىنقىلاۋىي تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ھۆكۈمەتنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېگە بولدى. ياكو-بىنچىلار مۇشۇ ئاساستا دېموكراتىك ئاساستىكى دىكتاتۇرا ئاپپارات-لىرىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى. 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، خەلق ئۆيۈشمىسى ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ ھۆكۈمەت خەلق ئۆيۈشمىسىنى ئالىي ھاكىمىيەت ئورنى قىلدى، ئىجرائىيە ھوقۇقىنى ئىككى كومىتېتقا يەنى ۋەتەننى قۇتقۇزۇش كومىتېتى بىلەن جەمئىيەت ئامانلىقى كومىتېتىغا تاپشۇردى. ۋەتەننى قۇتقۇزۇش كومىتېتى 12 كىشىدىن تەركىب تاپقان، ھەربىي ئىشلار، دىپلوماتىيە ئىشلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئىقتىسادىي ئىشلار ۋە ماتارىپ قاتارلىق خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولىدىغان ئالىي رەھبىرىي ئورگان ئىدى، ئۇنىڭ رەھبەرلىك يادروسى روبېسپىير، سېن-جۇست ۋە كۇتونلار بولدى. جەمئىيەت ئامانلىقى كومىتېتىمۇ 12 كىشىدىن تەركىب تاپقان ئىدى، ئۇ سىياسىي ساقچىلارغا رەھبەرلىك قىلىپ،

مەخسۇسلا ئىچكى قىسمىدىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا تاقابىل تۇراتتى. ۋەتەننى قۇتقۇزۇش كومىتېتى خىزمەتنى تەكشۈرۈش ۋە خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىش يۈزىسىدىن ئۆلكىلەرگە ۋە قوشۇنلارغا مەخسۇس خادىم ئەۋەتىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى.

ياكوبىنچىلار دىكتاتۇرىسى دەۋرىدە، ئىنقىلاۋىي ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ئاكتىپلىقى جارى قىلدۇرۇلدى، ھەرقايسى جايلاردىكى ۋە رايونلاردىكى نازارەت كومىتېتى قانۇنىي ئورگانغا ئايلىنىپ، گۇمانلىق كىشىلەرگە نازارەت قىلىش ئىشىغا مەسئۇل بولىدىغان بولدى. خەلق تەشكىلاتلىرى ۋە كۇلۇبلار بولۇپمۇ ياكوبىنچىلار كۇلۇبلىرىنىڭ رولى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئىپادىلەندى. ياكوبىنچىلار كۇلۇبىنىڭ مەملىكەت بويىچە بىرنەچچە يۈز شۆبىسى بار ئىدى، ئۇلار ئىنقىلاۋىي ھاكىمىيەتنى قوغداش، ئىنقىلاۋىي سىياسەتلەرنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىنقىلاۋىي ئامما بىلەن ئالاقە باغلاش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ياكوبىنچىلار كۇلۇبىدىنمۇ رادىكال بولغان تەشكىلاتلارمۇ بار ئىدى، مەسىلەن، "جەمئىيەت كۇلۇبى" دەپ ئاتالغان تەشكىلات مال-مۈلۈكنى باراۋەر قىلىش دىگەنگە ئوخشاش تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشى ۋە تۈرتكە بولۇشى ئارقىسىدا، ياكوبىنچىلارنىڭ ئىرىشچانلىقى زور ئۈنۈم بەردى. مەملىكەت ئىچىدە، ئۆلكىلەردىكى ئەكسىلئىنقىلاۋىي توپىلاڭلار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ تارمار قىلىندى. 1793-يىل 8-ئايدا، مارسېلدىكى توپىلاڭ ھەممىدىن بۇرۇن باستۇرۇلدى؛ 10-ئايدا، لىون قايتىدىن ياكوبىنچىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى؛ 12-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، ۋاندېيا ئۆلكىسىدىكى توپىلاڭ ئاساسىي جەھەتتىن تىنچلاندۇرۇلدى. 8-ئاينىڭ 23-كۈنى

جاكالانغان مەملىكەت بويىچە ئەسكەر ئېلىش پەرمانى خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا 420 مىڭ كىشىلىك ئىنقىلاۋىي قوشۇن ئۇيۇشتۇرۇلدى، ئۇلار يۈكسەك قەھرىمانلىق-ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى كۆرسەتتى. 9-ئايدا، ئىنقىلاۋىي ئارمىيە ھوندىسشوتتا ئەنگلىيە ۋە گوللاندىيە قوشۇنىنى يېڭىپ، دۇنكېركقا قارىتىلغان قورشاۋنى يوقاتتى؛ 10-ئايدا يەنە ۋاتتىنىدا ئاۋستىرىيە قوشۇنىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، موبېژ قورغىنىنى قولغا ئالدى. 12-ئايدا، تۇلون ئەنگلىيە قوشۇنىنىڭ قولىدىن قايتۇرۇۋېلىندى، ئىنقىلاۋىي ئارمىيە ئالساستا پرۇسسىيە-ئاۋستىرىيە بىرلەشمە قوشۇنىغا قىستاپ باردى. جەنۇپتا ئىسپانىيىنىڭ مۇداخىلىچى قوشۇنىمۇ ئارقىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. فرانسىيە تەۋەسىدىكى دۈشمەنلەر پۈتۈنلەي تازىلاندى. بۇ، فرانسىيە خەلقى ياراتقان موجىزە بولدى، بۇ موجىزە ئىنقىلاپ ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلدى. خۇددى لېنىن كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: "فېئوداللىق تۈزۈم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىنغانلىقى، بۇرژۇئازىيە ئەركىنلىكىنىڭ مۇستەھكەملەنگەنلىكى، كېيىمى پۈتۈن، قوسىغى توق دېھقانلارنىڭ فېئوداللىق دۆلەتكە قارشى تۇرغانلىقى، — مانا بۇ، 1792 — 1793-يىللاردىكى ھەربىي 'موجىزە'نىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى."①

بىراق، سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتلەردە بۇ غەلىبىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈۋاتقان پەيتتە، ياكوبىنچىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئېغىر بۆلۈنۈش پەيدا بولدى. بۇ بۆلۈنۈش ئەينى ۋاقىتتىكى سىنىپىي كۈرەش

① لېنىن، «ئىنقىلاپ ئۈستىدە قۇرۇق گەپ سېتىش توغرىسىدا»، «لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 27-توم، 4-بەت.

ۋە لۇشيەن كۈردىشىنىڭ ئىنكاسى ئىدى. خانىش ۋە ژىروندىچىلارنىڭ باشلىقلىرى گەرچە 10-ئايلاردا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ كاللا كېسىش مەيدانىغا ئېلىپ چىقىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قالدۇقلىرىنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي ھەركەتلىرى پەقەت توختىمىدى؛ نۇرغۇنلىغان ئەكسىلئىنقىلابچىلار تۈرمىگە قامالغان بولسىمۇ، ئۇلار ئۆز نىيىتىدىن يانمىدى. بۇرژۇئازىيە (جۈملىدىن يېزىلاردىكى باي دېھقانلار) خۇسۇسەن ھايانكەش سودىگەرلەر ياكوبىنچىلار ھۆكۈمىتىنىڭ ئەڭ يۇقۇرى باھانى بەلگىلىگەن پەرمانىغا زادى ماقۇل بولمىغان ئىدى، ئۇلار پەقەت ئىنقىلاپ ۋەزىيىتىنىڭ بېسىمى ئاستىدىلا بۇ پەرمانغا چىداپ تۇرغان ئىدى؛ بۇ چاغدا مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئاشكارا دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىنغان شارائىتتا، ئۇلار ئۆزلىرىگە قارىتىلغان چەكلىمىلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، يەنە قۇتراپ، مال باھاسىنى يۇقۇرى كۆتىرىش يولى بىلەن بازارلارغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا كىرىشتى. بۇ ئەكسىيەتچى كۈچلەر ياكوبىنچىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىن ئۆزلىرىنىڭ گۇماشتىلىرىنى تاپتى، دانتون ۋە دېمۇلېنلار ئەنە شۇنداق ئادەملەر ئىدى. دانتونچىلار 1793-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىلا ھۆكۈمەتنىڭ باستۇرۇش سىياسىتىنى يۇمشىتىشنى، "كەچۈرۈم قىلىش" كومىتېتى قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار سودا جەھەتتە ئوچۇقتۇرۇۋېتىش سىياسىتىنى ئەمەس، تەڭشەش سىياسىتىنى يولغا قويۇش لازىم، دەپ جار سالدى، بۇ، ئەمەلىيەتتە، چەكلەشكە ۋە باشقۇرۇشقا قارشى تۇرغانلىق ئىدى. دانتوننىڭ ئۆزىنىڭ بايلىقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان نەچچە ھەسسە كۆپەيدى، ئۇ ياكوبىنچىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا يېڭى، باياشات بۇرژۇئازىيىسىنىڭ گۇماشتىسى بولۇپ قېلىپ، ئىنقىلاپ چاقىنى ئارقىغا چېكىندۈرۈشكە كۈچەپ ئۇرۇندى.

كەڭ خەلق ئاۋالقىدەكلا مال باھاسىنىڭ ئۆرلەش تەھدىتىدىن قۇتۇلالمىدى: قەغەز پۇل ئۈزلۈكسىز پاخاللىنىپ باردى، قاراڭغۇ بازار ھەممىلا يەردە ئەۋج ئېلىپ كەتتى؛ ئىش ھەققى ئالغۇچى ئەمگەكچىلەر ياكوبىنچىلار ھوكۇمىتىنىڭ ئەكسىيەتچىل بولغان لې ساپېلىيېر قانۇنىنى قاتتىق ئىجرا قىلغانلىقى ۋە ئىش ھەققىنىڭ ئەڭ يۇقۇرى چېكىنى بەلگىلىگەنلىكىگە ئىنتايىن نارازى بولدى. يەرگە ئىگە بولالمىغان نامرات دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدىغان يېڭى يەر قانۇنىنى جاكالاشنى تەلەپ قىلدى. بازاردا بىر ئايال ئەمگەكچى: "ئۆزەمنى تۇتۇۋالمىغان بولسام، يېڭى ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇۋەتمەي قويمايتتىم" دەپ ۋاقىرىدى. شۇنداق قىلىپ، ياكوبىنچىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا جاپاكەش ئەمگەكچىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئېبېرچىلەر شەكىللەندى، شومېتمۇ بۇ گۇرۇھقا مايىل ئىدى، غەزەپلەنگۈچىلەردىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن بۇ گۇرۇھ ئىنقىلابنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىنقىلابنىڭ دۈشمەنلىرىنى تېخىمۇ قاتتىق باستۇرۇشنى، ئەڭ يۇقۇرى باھانى بەلگىلەش پەرمانىنى تېخىمۇ قەتئىي ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار يەنە قېچىپ كەتكەن كارخانا ئىگىلىرىنىڭ كارخانىلىرىنى مۇسادىرە قىلىشنى، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ يەرلىرىنى نامراتلارغا بېرىشنى، بارلىق دىندارلارنى قولغا ئېلىشنى ۋە خىرىستىيان دىنىنى بىكار قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇلار روبېسپىير قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئىنقىلابنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى خالىمايۋاتقانلىقىنى ئەيىبلىدى.

روبېسپىير سول تەرەپتىن ۋە ئوڭ تەرەپتىن كەلگەن بېسىملارغا ئۇچرىدى، ئۇ دانتونچىلارنىڭ ئارقىغا چېكىنىش لۇشيەنىگىمۇ قوشۇلمىدى. تەدبىر كۆرۈپ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تەلەپلىرىنى قاندۇرۇش-



www.uyghurkitap.com

نىمۇ خالىمىدى. خەلق ئۈيۈشمىسى خەلق دۈشمەنلىرىنىڭ مال-مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ، پرولېتار ۋەتەنپەرۋەرلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىشنى ۋەدە قىلىپ، 1794-يىل 2-ئاينىڭ ئاخىرلىرى ۋە 3-ئاينىڭ باشلىرىدا بىرنەچچە پەرمان ئېلان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ پەرمانلار زادى ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىدى. ياكوبىنچىلار دىكتاتۇرىسى بەرىبىر بۇرژۇئا دىكتاتۇرىسى ئىدى، روبېسپېر بەرىبىر بۇرژۇئازىيە-نىڭ ۋەكىلى ئىدى، ئۇنىڭ ئىنقىلاپنى يەنىمۇ ئالغا سىلجىتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ ئەبېرچىلەرنى خۇسۇسى مۈلۈكچىلىككە ۋە بۇرژۇئا-زىيە تەرتىۋىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلار دەپ قارىدى.

1794-يىل 3-ئايدىن كېيىن، ياكوبىنچىلارنىڭ ئىچكى كۆرىشى كۈنسايىن ئۆتكۈرلەشتى. 3-ئاينىڭ 4-كۈنى، ئەبېر روبېسپېرنى ئىسمىنى ئاتاپ ئەيىپلىدى. ساقچىلار، بەزىلەر مەخپىي ھالدا قوزغىلاڭ پىلانلاۋاتىدۇ، دەپ مەلۇمات بەردى. 3-ئاينىڭ 12-كۈنى، روبې-سپېر بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئەبېر قاتارلىقلارنى قولغا ئېلىپ، ئىنقىلاۋىي سوتقا تاپشۇردى، 3-ئاينىڭ 24-كۈنى، ئەبېر قاتارلىقلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. شومېتمۇ "خەلق ئۈيۈشمىسىغا قارشىلىق كورسەتتى" دىگەن يوقىلاڭ بەتنام بىلەن 3-ئاينىڭ 18-كۈنى قولغا ئېلىندى ۋە 4-ئاينىڭ 13-كۈنى كاللا كېسىش مەيدانىغا ئېلىپ چىقىلدى. ياكو-بىنچىلار ئىچىدىكى سولچىلار قاتتىق زەربە يىدى. روبېسپېر ئاندىن ئوڭچىلارغا قول سالدى. 3-ئاينىڭ 30-كۈنى، دانتون، دېمۇلېنلار ئىنقىلاپقا ئاسىيلىق قىلدى دىگەن بەتنام بىلەن قولغا ئېلىندى، سوراق قىلىنىپ، 4-ئاينىڭ 5-كۈنى ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى.

شۇنداق قىلىپ، روبېسپېرچىلار كورۇنۇشتە ياكوبىنچىلار دىكتا-تۇرىسى دۇچكەلگەن خەۋپنى تۈگەتكەندەك بولدى. ئەمما "شۇ

www.uyghurkitap.com

**چاغدىن باشلاپ، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئېيتقاندا، تېرورلۇق ئۇنىڭ ئۆزىنى قوغدايدىغان بىر خىل ۋاستە بولۇپ قالدى** ۋە شۇ سەۋەبتىن بىر خىل بىمەنە نەرسە بولۇپ قالدى“.① شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاساسى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتى. ئۇنىڭ سولچىلارغا زەربە بېرىشى ياكوبىنچىلارنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈۋەتتى. پۇقرالار: ”بىز ھەممىدىن بەك ئىشىنىدىغان كىشىلەرمۇ بىزگە ئاسىيلىق قىلغان بولسا، بىز قانداق قىلاتتۇق؟“ دەپ ئاغرىنىپ يۈردى. ئوڭچىلارنىڭ قالدۇقلىرى 4-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ئەكسىلئىنقىلابىي سۇيىقەست پىلانلاشقا كىرىشتى، ئۇلار خەلق ئۇيۇشمىسىدىكى روبېسپيېرغا قارشى كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈردى. روبېسپيېرمۇ دۈشمەن ئۇنسۇرلارنى تېخىمۇ تېز يوقىتىش قارارىغا كەلدى. 6-ئاينىڭ 10-كۈنى، ئۇ خەلق ئۇيۇشمىسىغا جىنايەتچىلەرنى بىر ياقلىق قىلىش رەسمىيىتىنى ئاددىيلاشتۇرىدىغان بىر پەرمانىنى مەجبۇرى ماقۇللاتتى.

1794-يىل 6-ئاينىڭ 26-كۈنى، فرانسىيە ئىنقىلابىي ئارمىيىسى فلېرۇستىكى ئۇرۇشتا يەنە بىر چوڭ غەلىبە قازىنىپ، دۈشمەن قوشۇنىنى بېلگىيىگىچە قوغلاپ بېرىپ، گوللاندىيىگە قىستاپ باردى. فرانسىيىگە قارشى ئىتتىپاق پارچىلىنىشقا يۈز تۇتۇپ قالدى. بۇنداق ئەھۋالدا، مەملىكەت ئىچىدىكى سىنىپىي دۈشمەنلەر دېموكراتىك دىكتاتۇرىنىڭ ئاسارىتىگە تېخىمۇ تەن بەرمەيدىغان بولدى. 7-

---

① ئېنگېلس. «كارل كائۇتسكىغا يېزىلغان خەت (1889-يىل 2-ئاينىڭ 20-كۈنى)». «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 37-توم، 146-بەت.

ئاينىڭ 26 - كۈنى، روبېسپىر خەلق ئۇيۇشمىسىدا نۇتۇق سۆزلەپ، بەزىلەر ئاغدۇرمىچىلىق ھەركەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ، دەپ ئەيىپلىدى. بۇنىڭ بىلەن سۇيىقەستچىلەر ئىنتايىن ھودۇقۇپ، سىياسىي ئۆزگىرىشنى جىددىي پىلانلاشقا كىرىشتى. 7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى (ئىسسىق ئاينىڭ 9 - كۈنى)①چۈشتە، سېن - جۇست خەلق ئۇيۇشمىسىدا دوكلات بېرىشكە باشلىغاندا، سۇيىقەستچىلەر چوقان كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ دوكلادىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، تۇساتتىنلا روبېسپىرنى قولغا ئېلىش تەكلىۋىنى قويدى ھەمدە بۇ ھەقتىكى قارارنى قالايمىقانچىلىق ئىچىدە ماقۇللاتتى. روبېسپىر، سېن - جۇست، كۇتون ۋە روبېسپىر-نىڭ ئۇكىسى ئاۋگۇستان روبېسپىر قاتارلىقلار شۇ مەيداندىلا قولغا ئېلىندى.

پارىژ كوممۇنىسى ۋە ياكوبىنچىلار كۇلۇبلىرى خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھال كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ ئۇلارنى قۇتقۇزۇشقا كىرىشتى، شۇ كۈنى ئاخشىمى خەلق قوغدىنىش قوشۇنىنىڭ قوماندانى ئانرىئو قوشۇننى باشلاپ بېرىپ، قولغا ئېلىنغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى قۇتقۇزۇۋالدى ۋە ئۇلارنى مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن شەھەر مەمۇرىيىتى مەھكىمىسىگە ئاپىرىپ قويدى. لېكىن روبېسپىر ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمىدى، ئۆزىنىڭ سىياسىي ئىقتىدارىغا بولغان ئىشەنچىنى

---

① ئىنقىلاپ كالىندارى بويىچە، بۇ كۈنى ئىسسىق ئاينىڭ 9 - كۈنى بولىدۇ، شۇ سەۋەبتىن، بۇ سىياسىي ئۆزگىرىش ئىسسىق ئاي سىياسىي ئۆزگىرىشى دەپ ئاتالغان، سىياسىي ئۆزگىرىشنى قوزغىغانلار ئىسسىق ئايچىلار دەپ ئاتالغان. ئىنقىلاپ كالىندارى (ياكى جۇمھۇرىيەت كالىندارى)دا، جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغان بىرىنچى كۈنى يەنى 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى يىلىنىڭ باشلىنىشى قىلىپ بەلگىلەنگەن، بىر يىل 12 ئايغا بۆلۈنگەن، ھەر ئايدا 30 كۈن بولغان، ھەر

پۈتۈنلەي يوقىتىپ، قەتئىي كۈرەش ئېلىپ بېرىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. سۈيىقەستچىلەر بولسا بۇرژۇئازىيە ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىن بىر تۈركۈم ئەكسىلئىنقىلاۋىي كۈچلەرنى توپلاپ، يىپىلىپ كېلىپ، روبېسپېيرلارنى قايتا قولغا ئالدى. 7-ئاينىڭ 28-كۈنى، روبېسپېير، سېن-جۇست، كۇتون ۋە باشقا 18 كىشى سوراق قىلىنمايلا كاللا كېسىش مەيدانىغا ئېلىپ چىقىلدى. ياكوبىنچىلارنىڭ ئىنقىلاۋىي دىكتاتۇرىسى ئاغدۇرۇلدى، فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنىڭ يۇقۇرى كۆتىرىلىش پەللىسى شۇنىڭ بىلەن ئاياقلاشتى.

**فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنىڭ ئەھمىيىتى** 1789—1794-يىللاردىكى فرانسىيە ئىنقىلاۋى بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى دەۋرىدىكى ئەڭ زور، ئەڭ ئۈزۈل-كېسىل بولغان بىر قېتىملىق ئىنقىلاپ بولدى، "بۇ شۇنداقلا بىرىنچى قېتىم كۈرەش ھەقىقىي تۈردە ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىلىپ، جەڭ قىلغۇچى تەرەپلەرنىڭ بىرى، يەنى ئاقسۆڭەكلەر يوقىتىلغان، يەنە بىرى، يەنى بۇرژۇئازىيە بولسا تولۇق غەلىبە قازانغان قوزغىلاڭ بولدى."① ئۇ فرانسىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى چىرىك فېئوداللىق تەرتىپنى سۈپۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى يەنە

---

يىلدا 5 قوشۇمچە كۈن بولۇپ، بايرام كۈنى قىلىپ بەلگىلەنگەن ۋە "تىزلايچە-سىزلار بايرىمى" دەپ ئاتالغان. 12 ئاينىڭ پەسىللەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ، تەرتىۋى بويىچە مۇنداق ناملار قويۇلغان: ئۈزۈملۈك ئاي، تۇمانلىق ئاي، قىروۋلۇق ئاي، قارلىق ئاي، يامغۇرلۇق ئاي، شاماللىق ئاي، تېرىقچىلىق ئېيى، گۈللۈك ئاي، چارۋىچىلىق ئېيى، يىغىم ئېيى، ئىسسىق ئاي، مېۋىلىك ئاي.

① ئېنگېلس، «سوتسىيالىزمنىڭ خىيالدىن پەنگە راۋاجلىنىشى»، 1976-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 52-بەت.

پۈتكۈل ياۋروپا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ئىنقىلاۋىي كۈرەشلىرىنىمۇ كۈچلۈك تۈردە ئىلگىرى سۈردى. لېنىن مۇنداق دىگەن ئىدى: "بۇ قېتىمقى ئىنقىلاپ ئۆز سىنىپىغا، ئۆزى خىزمەت ئىشلەپ بېرىدىغان سىنىپقا، بۇرژۇئازىيىگە شۇنچە ئۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ بەردىكى، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە مەدىنىلىك ۋە مەدىنىيەت بەرپا قىلىپ بەرگەن پۈتكۈل 19-ئەسىر فرانسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ بەلگىسى ئاستىدا ئۆتتى."①

فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنىڭ بۇنداق غەلىبىگە ئېرىشەلىشىدىكى بىر مۇھىم سەۋەپ شۇ بولدىكى، فرانسىيىنىڭ كەڭ خەلقى — شەھەرلەردىكى ئاددى خەلق ۋە ئىنقىلاۋىي دىخانلار بۇ ئىنقىلاپقا ئاكتىپ قاتناشتى ۋە كەڭ كولەمدە ھەركەتكە كەلدى. بۇ قېتىمقى ئىنقىلاپنى ئەمەلىيەتتە خەلق قوزغىدى، يەنە كېلىپ خەلق ئىنقىلاپنىڭ ئاساسىي قوشۇنى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇنى غەلىبە قازانغانغىچە ئېلىپ باردى. ئېنگېلس مۇنداق دەپ يازغان ئىدى: "ئەگەر ئاددى خەلقلەرنىڭ 7-ئاينىڭ 14-كۈنى، 10-ئاينىڭ 5—6-كۈنلىرى شۇنداقلا 8-ئاينىڭ 10-كۈنى، 9-ئاينىڭ 2-كۈنىدىكى ۋە باشقا كۈنلەردىكى ئارىلىشىشلىرى بولمىغان بولسا، كونا تۈزۈم ھەر قېتىمدا بۇرژۇئازىيە ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان بولاتتى، ئوردا بىلەن تۈزۈلگەن ئىتتىپاق ئىنقىلاپنى باستۇرۇۋەتكەن بولاتتى؛ دىمەك، ئىنقىلاپنى مۇشۇ ئاددى خەلقلەرلا ئورۇنلاپ بەردى."②

---

① لېنىن. «پۈتۈن روسىيە ئىجتىمائى ماتارىپچىلارنىڭ 1-قۇرۇلتىيى». «لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 29-توم، 334-بەت.

② ئېنگېلس. «كارل كائۇتسكىغا يېزىلغان خەت (1889-يىل 2-ئاينىڭ

فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ بۇنداق غەلىبىگە ئېرىشەلىشى ئۇنىڭ دېموكراتىك دىكتاتۇرىنى ئورنىتىپ، سىنىپىي دۈشمەنلەرگە قارشى ئىنقىلابىي تېررورلۇقنى يولغا قويغانلىقىدىنمۇ بولدى. لېنىن ياكوبىنچىلارغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىپ، ئۇلارنى "فرانسىيە ئۇچۇن دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈلگىسىنى ۋە جۇمھۇرىيەتچىل ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىگە قارشى پادىشالارنىڭ بىرلىشىشىگە زەربە بېرىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈلگىسىنى يارىتىپ بەردى" دەپ ھېسابلىدى.① شۇ چاغدا فرانسىيە بۇرژۇئازىيىسى "كوتىرەڭگۈ روھلۇق ئىدى، ئىنقىلابچى ئىدى، ئىلغار ئىدى، جىڭ يولۋاس ئىدى".② ئۇلار بىرقەدەر ئۈزۈل-كېسىل بولغان ئىنقىلابىي لۇشيەننى ئىجرا قىلغانلىقى، خەلق ئاممىسى بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەنلىكى، دېھقانلارنىڭ يەر مەسىلىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلغانلىقى ئۈچۈن، كەڭ خەلقنىڭ ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىنقىلابنىڭ غالىبىيەت مېۋىسىنى قوغدىدى.

لېكىن، فرانسىيە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئۆزىنىڭ يۇقىرى كوتىرىلىش دەۋرىدىمۇ ئوخشاشلا ئىنقىلابىيلىق بىلەن ئەكسىيەتچىلىكتىن ئىبارەت ئىككى يۈزلىمىلىككە ئىگە ئىكەنلىكى ئېنىق ئىپادىلەندى. بۇرژۇئازىيىنىڭ بۇنداق سىنىپىي تەبىتى بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ چەكلىمىلىكىنى

20-كۈنى)». «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى». خەنزۇچە نەشرى، 37-توم، 145—146-بەتلەر.

① لېنىن. «ئىشچىلار سىنىپىنى "ياكوبىنچىلىق" بىلەن قورقۇتۇش مۇمكىنمۇ؟». «لېنىن ئەسەرلىرى». خەنزۇچە نەشرى، 25-توم، 107-بەت.

② ماۋزېدۇڭ. «ئامېرىكا مۇخبىرى ئاننا لۇئىزا ستروڭ بىلەن سۆھبەت». «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 1971-يىل نەشرى، 4-توم، 2054-بەت.

بەلگىلىدى.

ماۋ جۇشى بۇرژۇئازىيىنىڭ بۇ تەبىئىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەردى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "ياۋروپا، ئامېرىكا ئەللىرىدە بولۇپمۇ فرانسىيىدە بۇرژۇئازىيە تېخى ئىنقىلاب دەۋرىدە تۇرۇۋاتقىنىدا، ئۇ يەرلەردىكى بۇرژۇئازىيە ئىنقىلاۋى ئۇزۇل-كېسىلرەك بولدى؛ جۇڭگودا بۇرژۇئازىيە شۇنچىلىك ئۇزۇل-كېسىللىككىمۇ ئىگە ئەمەس.

بىر تەرەپتىن، ئىنقىلابقا قاتنىشىشنىڭ مۇمكىنلىكى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىنقىلاب دۈشمەنلىرى ئالدىدا مۇرەسسەچىلىكى — بۇلار جۇڭگو بۇرژۇئازىيىسىنىڭ، 'بىر جىسىمغا ئىككى يۈز ئارتىۋاپتۇ' دېگەندەك، ئىككى يۈزلىمىلىكلىكى. بۇنداق ئىككى يۈزلىمىلىك تارىختىكى ياۋروپا، ئامېرىكا بۇرژۇئازىيىسىدىمۇ بولغان."① بۇرژۇئازىيە مەلۇم مەزگىلدە خەلق بىلەن بىرلىشىپ فېئوداللىق كۈچلەرگە قارشى تۇرۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇ بۇ مەقسەتكە يەتكەندىن كېيىن يەنە خەلقنى باستۇرىدۇ، چۈنكى، تۈپ-ئاساسىدىن ئېيتقاندا، بۇرژۇئازىيە بىلەن خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىسىدا ئورتاق مەنپەئەت بولمايدۇ. خۇددى ستالىن كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: "بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنىڭ مىليونلىغان ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى ئەمگەكچى ئاممىنى بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەتراپىغا ئۇزۇنراق ۋاقىتقىچە ئۇيۇشتۇرالىشىدىكى سەۋەب دەل بۇ ئاممىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى ئەمگەكچىلەر ئىكەنلىكىدە."② فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى، باشقا بۇرژۇئا ئىنقىلاپ-

---

① ماۋ زېدۇڭ. «يېڭى دېموكراتىزىم ھەققىدە». «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 1971 ـ يىل نەشرى، 4 ـ توم، 1215 ـ بەت.

② ستالىن. «لېنىنىزىمغا دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا». «ستالىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 8 ـ توم، 22 ـ بەت.

لىرىغا ئوخشاش، پەقەت فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيىنىڭ ئورنىغا كاپىتالىستىك ئېكسپلاتاتسىيىنى دەسسەتتى. بۇرژۇئازىيىنىڭ "ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، مېھرىۋانلىق" دېگەن شوئارى ئەمگەكچى خەلق ئۈچۈن پەقەت ئادەم ئالدايدىغان قۇرۇق گەپتىنلا ئىبارەت، خالاس. بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىككى يۈزلىمىلىكلىكى ۋە ئاغدۇرۇلغان ئەكسىيەتچى سىنىپلارنىڭ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەيدىغان جاھىللىقى فرانسىيىنىڭ ئىنقىلابتىن كېيىنمۇ ئىنقىلاب بىلەن ئەكسىلئىنقىلاب ئوتتۇرىسىدا، تىرىلىش بىلەن تىرىلىشكە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدا يەنىلا ئۇزاق مۇددەتلىك، ئەگرى-توقاي كۈرەشلەرنى باشتىن كەچۈرىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى.

## 3-بۆلۈم ناپولېئون ئىمپېرىيىسىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ھالاك بولۇشى ھەم مۇقەددەس ئىتتىپاقنىڭ يىمىرىلىشى

**باببېف باراۋەرچىلەر قوزغىلىڭى** 1794-يىل ئىسسىق ئاي سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، ئىسسىق ئايچىلار ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىپ، ئىنقىلابىي تېررورلۇقنى دەرھال توختىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەكسىلئىنقىلابىي تېررورلۇقنى يۈرگۈزدى: ياكوبىنچىلار كۇلۇبلىرىنى تارقىتىۋەتتى؛ ياكوبىنچىلارنى قولغا ئالدى؛ ئىنقىلابىي كوممۇنىنى تارقىتىۋەتتى؛ ئۇرغۇنلىغان ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى قويۇپ بەردى؛ پادىشاپەرەسلەر ۋە ژىروندىچىلارنىڭ ۋەتەنگە قايتىشىغا رۇخسەت قىلدى. 12-ئايدا، باھانىڭ ئەڭ يۇقۇرى چېكىنى بەلگىلەش ۋە

هايانكەشلەرگە قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى ئەمىر-پەرمانلار بىكار قىلىندى. نەپسى تويمايدىغان مەككار سودىگەرلەر تېخىمۇ تەپ تارتماستىن مال باھاسىنى ئۆستۈرۈشكە باشلىدى. 1795-يىل 4-ئاينىڭ 1-كۈنى ۋە 5-ئاينىڭ 20-كۈنى، پارىژدىكى ئاددى خەلق كەينى-كەينىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، خەلق ئۇيۇشمىسىغا بېسىپ كىرىپ، "بولكا كېرەك! 1793-يىلدىكى ئاساسىي قانۇن كېرەك!"، "ۋەتەنپەرۋەرلەر قويۇپ بېرىلسۇن!" دەپ شوئار توۋلاشتى. بۇ ئىككى قېتىملىق قوزغىلاڭ قانلىق تۈردە باستۇرۇلدى، ئىنقىلابچىلار پاجىئەلىك تۈردە قىرغىن قىلىندى.

تىرىلدۇرگۈچى كۈچلەر پۇرسەت كەلدى دەپ بىلىشتى، 1795-يىل 6-ئايدا، بىر توپ پادىشاپەرەسلەر ئەنگلىيىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ئاتلانتىك ئوكيان ياقىسىدىكى كىبېرون يېرىم ئارىلىدا قۇرۇقلۇققا چىقىپ توپىلاڭ كۆتەردى؛ 10-ئاينىڭ 4-كۈنى ئۇلار يەنە پارىژدا قوزغىلاڭ كۆتەردى. بۇ ئىككى قېتىملىق تىرىلىش ئۇرۇنۇشى تارمار قىلىندى.

بۇرژۇئا دىكتاتۇرىسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، 1795-يىل 10-ئاينىڭ 25-كۈنى جۇمھۇرىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى (1792-يىل 9-ئاي)دە قۇرۇلغان خەلق ئۇيۇشمىسىنىڭ تارقىتىلغانلىقى جاكارلاندى، يېڭى ئاساسىي قانۇنغا بىنائەن ئىككى پالاتا (موتىۋەرلەر پالاتىسى ۋە 500 كىشىلىك پالاتا) تۈزۈمىدىكى قانۇن تۈزۈش ئورگىنى قۇرۇلدى، ئەڭ ئالى ھوقۇق 5 كىشىدىن تەركىب تاپقان تەپتىش ھوكۇمەتنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈلدى. تەپتىش ھوكۇمەت ئىنقىلاب ۋە ئۇرۇش داۋامىدا روناق تاپقان چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. تەپتىش ھوكۇمىتىنىڭ ۋەزىپىسى

ھەم خەلقنىڭ ئىنقىلاۋى ھەركىتىنى باستۇرۇش، ھەم پادىشا پەرەسلەرنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋى تىرىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، فېئودال سۇلالىنىڭ تىرىلىشىنى قوللايدىغان ياۋروپا پادىشالىق دۆلەتلىرىنىڭ مۇداخىلىسىگە قارشى تۇرۇش ئىدى.

فرانسىيە تارىخىدىكى مۇشۇنداق مۇھىم پەيتتە جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى پرولېتارلارنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەڭ تەرەققىيپەرۋەر ئىنقىلابچى ۋە مۇتەپەككۇر بابېف ۋە ئۇنىڭ تەلىماتى مەيدانغا كەلدى. گراكو بابېف (1760—1797-يىللار) ئىسسىق ئاي پارتىيىسىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىلا مەخپىي ئىنقىلاۋى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان ئىدى، ئۇ غەزەپلەنگۈچىلەرنىڭ ئىنقىلاۋى ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، فرانسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ ئاقسۆڭەكلەر بىلەن ئاددىي خەلق ئوتتۇرىسىدىكى، بايلار بىلەن كەمبەغەللەر ئوتتۇرىسىدىكى ئاشكارا جەڭ ئىكەنلىكىنى، ئىنقىلابنىڭ نەتىجىسى بىر تۈركۈم ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلارنىڭ ئورنىنى



بابېف

يەنە بىر تۈركۈم ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار ئېلىشتىنلا ئىبارەت بولۇپ كەلگەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئۇ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك يوقىتىلغان "باراۋەرلىك جۇمھۇرىيىتى"نى قۇرۇشنى، جۇمھۇرىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا نۇرغۇنلىغان چوڭ خەلق جامائەلىرىنى قۇرۇشنى، بارلىق ساغلام كىشىلەر-

نىڭ ئەمگەك قىلىش مەجبۇرىيىتى بولۇشىنى، جامائە ئۆز ئەزالىرىنىڭ كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك، تۇرار جاي ۋە داۋالىنىش شارائىتىغا كاپالەتلىك قىلىشىنى؛ ھەممە كىشىنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك قوراللىنىشى ۋە تەلىم-تەربىيە ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلغان ئىدى. لېكىن، ئۇ ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن خىيالىي سوتسىيالىزىمچىلارغا قارىغاندا بىر قەدەم ئالغا ئىلگىرىلىگەن ئىدى، ئۇ، كوممۇنىزىمدىن ئىبارەت غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن بىر قېتىم يېڭى ئىنقىلاپ ئېلىپ بېرىپ، ھاكىمىيەتنى قوراللىق كۈچ بىلەن تارتىۋېلىش كېرەك؛ ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇش ئۈچۈن، خەلق ئاممىسىغا "ئالاھىدە ھوقۇق" بېرىش، يەنى ئاددىي خەلق دىكتاتۇرىسىنى يۈرگۈزۈش كېرەك، دەپ ھېسابلىغان ئىدى. ھەممە جايىنى ئاق تېررورلۇق قاپلاپ كەتكەن كۈنلەردە بابېق قوزغىلاڭنىڭ تەييارلىق خىزمىتىگە باتۇرلۇق بىلەن كىرىشىپ كەتتى.

1796-يىلى 3-ئايدا، ئۇ "باراۋەرچىلەر مەخپىي ئۇيۇمى"نى قۇرۇپ، 7 كىشىلىك يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى قۇردى، ھەرقايسى رايونلاردىكى ئىش ھەققى ئالىدىغان ئەمگەكچىلەرنىڭ تەلەپلىرىنى ئىگەللەپ، ئۇلارنى تەپتىش ھۆكۈمەتكە قارشى كۆرەشكە ئۇيۇشتۇرۇش ئۈچۈن، پارىژنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىغا بىردىن تەشكىلاتچى بەلگىلىدى. ئارمىيە ئىچىدىمۇ خىزمەت ئېلىپ باردى. لېكىن، بابېق ئاز سانلىق كىشىلەرگىلا تايىنىپ مەخپىي پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن، بۇنداق ئىنقىلاپ قىلىش ئۇسۇلىنىڭ جەزمەن مەغلۇپ بولۇشى تۇرغان گەپ ئىدى. تەپتىش ھۆكۈمىتىنىڭ جاسۇسى مەخپىي ئۇيۇمىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدى، خائىننىڭ ئاشكارىلاپ

قويۇشى بىلەن 1796-يىلى 5-ئايدا بابېف ۋە ئۇنىڭ ئاساسلىق سەپداشلىرى قولغا ئېلىندى. ئەمما ئەكسىيەتچىل دائىرىلەر ئۇنى پارىژدا سوت قىلىشقا پېتىنالمىدى. 1797-يىل 5-ئايدا بابېف چەت ئۆلكىدە ئۆلتۈرۈلدى. بابېفنىڭ سەپدىشى بۇئوناروتتى «باراۋەرلىكنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى يوشۇرۇن سۇيىقەست» دېگەن كىتاۋىدا بابېفنىڭ ئىنقىلاۋىي تەلىماتى ۋە كوممۇنىستىك غايىسى توغرىسىدا يازغان ئىدى. ماركس بابېفنىڭ تەلىماتىغا يۈكسەك دەرىجىدە باھا بېرىپ كېلىپ، ئۇنى "پۈتكۈل كونا دۇنيا تەرتىۋىنىڭ ئىدىيە دائىرىسىدىن ھالقىغان ئىدىيە"① دېگەن ئىدى. «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى»دە ماركس بىلەن ئېنگېلس بابېفنىڭ ئەسەرلىرىنى "ھازىرقى زاماندىكى ھەممە زور ئىنقىلاپلاردا پرولېتارىياتنىڭ تەلەپلىرىنى ئىپادىلىگەن ئەسەرلەر"② قاتارىغا كىرگۈزگەن ئىدى.

**ناپولېئون ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى** 1796-يىلدىن ئېتىۋارەن، چەتئەللەرنىڭ مۇداخىلە ئۇرۇشىنىڭ تەھدىدى كۈنسايىن ئېغىرلاشتى. ئەنگلىيە، روسىيە ئۇيۇشتۇرغان فرانسىيىگە قارشى ئىتتىپاق جۇمھۇرىيەتچى فرانسىيىگە قارشى ئۇرۇشنى داۋاملىق ئېلىپ باردى. بۇ دۆلەتلەر فېئودال سۇلالىنى فرانسىيىدە تىرىلدۈرۈشكە كۈچەپ ئۇرۇندى. ئۇرۇش بىرلا ۋاقىتتا گېرمانىيە ۋە ئىتالىيە جەڭ مەيدانلىرىدا ئېلىپ بېرىلدى. مۇداخىلە ئۇرۇشى بۇرژۇئازىيىنىڭ

---

① ماركس. «مۇقەددەس ئائىلە». «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 2-توم، 152-بەت.

② ماركس-ئېنگېلس. «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى»، 1971-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 98-بەت.

فرانسىيەدىكى ھوكۇمرانلىقنى قاتتىق تەھدىت سېلىشقا باشلىدى.
چىرىك تەپتىش ھوكۇمەتنىڭ ھوكۇمرانلىقىدا كرىزىس پەيدا بولدى. فرانسىيە چوڭ بۇرژۇئازىيىسى قۇدرەتلىك بىر ھەربىي مۇستەبىت ھاكىمىيەت قۇرۇپ، بۇ "ئىككى بىسلىق خەنجەر" بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش لازىملىقىنى سەزدى. ئۇلار ياش سەركەردە ناپولېون بوناپارت (1769 — 1821 - يىل)نى ياقتۇرۇشتى.
ناپولېون كورسىكا ئارىلىدىكى سۇنغان ئاقسوڭەكنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ فرانسىيە ئىنقىلاۋىي ئارمىيىسىدە ئۇزۇن يىل ئىشلىگەچكە، بۇ ئارمىيىدە بەرپا قىلىنغان يېڭى ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكىنى پىششىق ئىگەللىگەن ئىدى. ئۇ 1793 - يىلى تۇلون پورتىنى قايتۇرۇۋېلىشتا ۋە 1795 - يىلى 10 - ئايدا پارىژدىكى پادىشا پەرەسلەرنىڭ توپىلىڭىنى باستۇرۇشتا بۇرژۇئازىيە ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت كۆرسەتتى. 1796 - يىلى ئەنبىيازدا تەپتىش ھوكۇمەت 3 يول ئەسكەر ئەۋەتىپ ئاۋستىرىيىگە ھۇجۇم قىلغىنىدا، ناپولېون ئىتالىيىگە ھۇجۇم قىلىدىغان ئەسكەرلەرگە قوماندان بولۇپ، بۇرژۇئازىيە مەنپەئەتىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ قالدى.
ئىتالىيە خەلقى ئۇزاقتىن بۇيان ئاۋستىرىيىنىڭ ھوكۇمرانلىقى ۋە فېئوداللىق زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشنى تەشنالىق بىلەن كۈتۈپ كەلگەن ئىدى. 1796 - يىل 4 - ئايدا فرانسىيە ئارمىيىسى ئىتالىيىگە كىرگەن چاغدا، ئىتالىيىنىڭ نۇرغۇن رايونلىرىدا خەلق ئاۋستىرىيىگە قارشى ئىنقىلاۋىي كۈرەشلەرنى قوزغىدى، شۇنىڭ بىلەن ئاۋستىرىيە ھوكۇمرانلىقىنىڭ يىمىرىلىشىنى تېزلەتتى. ناپولېون ئىتالىيىدە فېئوداللىق كۈچلەرگە زەربە بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىتالىيىدىن نۇرغۇن ئالتۇن، ئالماس ۋە سەنئەت بۇيۇملىرىنى بۇلاپ كەتتى.

1797-يىل 10-ئايدا، ئاۋسترىيە جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ، فرانسىيىگە قارشى ئىتتىپاقتىن چېكىنىپ چىقتى، بۇنىڭ بىلەن يالغۇز ئەنگلىيىلا فرانسىيە بىلەن جەڭ قىلدى. ناپولېئون ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىپ، ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىسىنى تارتىۋالماقچى بولدى، بۇنى مىسىرغا ھۇجۇم قىلىشتىن باشلاشنى قارار قىلدى. 1798-يىل 7-ئايدا، ناپولېئون 35 مىڭ كىشىلىك فرانسىيە ئارمىيىسىنى باشلاپ مىسىردا قۇرۇقلۇققا چىقىپ، مىسىرنىڭ كۆپچىلىك رايونلىرىنى بېسىۋالدى ھەمدە سۈرىيىگە بېسىپ كىردى. ئۇزاق ئۆتمەي، مىسىردا تاجاۋۇزچىلىققا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. سۈرىيە خەلقى دۈشمەنگە قەتئىي قارشىلىق كۆرسىتىپ، ناپولېئوننى سۈرىيىدىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر قىلدى. ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسى 7-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ كېمىلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. 1798-يىلنىڭ ئاخىرلىرىدا ئەنگلىيە بىلەن رۇسىيە تۈركىيە، ئاۋستىرىيە ۋە ناپلېسنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاپ فرانسىيىگە قارشى ئىككىنچى قېتىملىق ئىتتىپاقنى تۈزدى، فرانسىيىنىڭ ياۋروپادا بېسىۋالغان رايونلىرى تەھلىكە ئاستىدا قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ناپولېئون دۆلەت ئىچىدە سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ تۇراقلىق بولمايۋاتقانلىقى، تەپتىش ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆرۈلۈپ كېتەي دەپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى تاپشۇرۇپ ئالدى. 1799-يىل 8-ئايدا، ئۇ ئارمىيىسىنى تاشلاپ مىسىردىن فرانسىيىگە قايتىپ، 10-ئايدا پارىژغا يېتىپ كەلدى. بۇرژۇئازىيە ناپولېئوننى ئۆزىنىڭ "نىجات يۇلتۇزى" قاتارىدا قارشى ئالدى. ناپولېئون شۇ زامات تەپتىش ھۆكۈمەت ئىچىدىكى ئايرىم شەخسلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتتى.

1799-يىل 1-ئاينىڭ 9-كۈنى (تۇمانلىق ئاينىڭ 18-كۈنى)
ناپولېئون سىياسىي ئۆزگىرىش قىلدى. 9-كۈنى ئاخشىمى ئۇ موتەد-
ۋەرلەر پالاتاسى ۋە 500 كىشىلىك پالاتاغا يىغىننى پارىژنىڭ يېقىن
ئەتراپىدىكى سېن-كىلۇ دېگەن جايغا يۆتكەتتى، ئاندىن كېيىن
ئۆزى پارىژ شەھەر مۇداپىئەسى قوماندانى نامىدىن يىغىن مەيدانىنى
"مۇھاپىزەت" قىلىشقا ئەسكەر ئەۋەتتى. ئەتىسى، ئارمىيىگە بۇيرۇق
چۈشۈرۈپ 500 كىشىلىك پالاتانى زورلۇق بىلەن تارقىتىۋەتتى ھەمدە
قېچىپ كەتكەن پالاتا ئەزالىرىنى تۇتقۇزۇپ كېلىپ، شەكىل
جەھەتتە: تەپتىش ھوكۇمەتنى تارقىتىۋېتىش، ھاكىمىيەتنى ئۆزىگە
تاپشۇرۇپ بېرىش قارارىنى ماقۇللاتتى. تەپتىش ھوكۇمەت تارقىتى-
ۋېتىلگەندىن كېيىن، ناپولېئون باشچىلىقىدىكى ھاكىملىق ھوكۇمەت
تەشكىل قىلىندى، ناپولېئوننىڭ ئۆزى باش ھاكىم بولدى، قالغان
ئىككى ھاكىمنىڭ پەقەت كېڭىشىش ھوقۇقىلا بار ئىدى.

ھاكىملىق ھوكۇمەت دەۋرىدە، ناپولېئون فرانسىيە چوڭ بۇرژۇ-
ئازىيىسىنىڭ ھوكۇمرانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئىنقىلاپتا قولغا كەلتۈرگەن
مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كاپىتالىزمنىڭ ئەركىن راۋاج-
لىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھەربىي ئىشلار، سىياسىي، دىن،
قانۇن جەھەتتە بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللاندى.

1800-يىلى، ناپولېئون ئىتالىيىدىكى ئاۋستىرىيە قوشۇنلىرىنى
تارمار قىلىپ، جەنۇبىي ئاۋستىرىيىگە قىستاپ بېرىپ، ئاۋستىرىيە
پادىشاسىنى سۈلھ تۈزۈشكە مەجبۇر قىلدى. 1802-يىلى، فرانسى-
يىگە قارشى ئىككىنچى قېتىملىق ئىتتىپاقنى تارمار قىلىپ، ياۋروپا-
دىكى فېئودال ئەكسىيەتچىل كۈچلەرگە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى،
فرانسىيىگە بولغان تەھدىتىنى يوقاتتى. ناپولېئون تىرىلدۈرگۈچى

سۇيىقەستچى ئۇنسۇرلارنى قاتتىق جازالىدى، بوربون سۇلالىسىنىڭ پۇشتى كېنەز داڭگەننى چەتئەلدىن تۇتۇپ كېلىپ، شۇ زامات ئاتتى. بۇرژۇئازىيىنىڭ ھوكۇمرانلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئۆز سۆز قىلىش، يىغىن ئېچىش، مەتبۇئات ئەركىنلىكى قاتارلىقلارنى ئەمەلدىن قالدۇردى. فرانسىيە چوڭ ئىنقىلاۋىدىن بۇيان يولغا قويۇلۇپ كەلگەن يەرلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ باشلىقلىرىدىن تارتىپ شەھەر، يېزىلارنىڭ ئاساسىي قاتلامدىكى ئەمەلدارلىرىغىچە ھەممىنى مەركەزدىن بەلگىلەيدىغان بولدى، شۇنداق قىلىپ ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن بىر يۈرۈش بىيوروكرات ئورگان شەكىللەندى.

ناپولېئون كاتولىكلارنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، 1802-يىلى رىم پاپاسى بىلەن ئىمزالانغان «كېلىشىمنامە» نى ئېلان قىلىپ، كاتولىك دىنىنى زور كۆپچىلىك فرانسۇزلارنىڭ دىنى دەپ ئېتىراپ قىلدى، دىندارلارنى ھۆكۈمەت بەلگىلەيدىغان، پاپا تەستىقلايدىغان بولدى؛ لېكىن پاپانىڭ ئىنقىلاپ دەۋرىدە مۇسادىرە قىلىنغان دىنىي مال-مۈلۈكلەرنى قايتۇرۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقى يوق ئىدى.

ناپولېئوننىڭ ئىچكى سىياسەت جەھەتتىكى ئاساسىي نەتىجىسى شۇ بولدىكى، 1800—1804-يىلى ناپولېئوننىڭ رىياسەتچىلىكىدە «ھەق-تەلەپ» قانۇنى تۈزۈلدى. ئېنگېلس ئۇنى "فرانسىيە زور ئىنقىلاۋىنىڭ ئىجتىمائىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئاساس قىلغان ۋە بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قانۇنغا ئايلاندۇرغان بىردىن-بىر ھازىرقى زامان ھەق تەلەپ قانۇنى"① دەپ ئاتىغان ئىدى. «ھەق-تەلەپ

① ئېنگېلس. «دېۋرىڭغا قارشى»، 1972-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 203-بەت.

قانۇنى» ئىككى مىڭ ماددىدىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇنىڭدا كاپىتالىزمى-
نىڭ مال-مۈلۈك تۈزۈمى تەپسىلى بەلگىلەنگەن، خۇسۇسى مۈلۈكنىڭ
دەخلى-تەرۇزغا ئۇچرىمايدىغانلىقى كاپالەتلەندۈرۈلگەن، قانۇندا
ئۇششاق دېھقانلارنىڭ يەرگە بولغان ئىگىدارچىلىقى مۇقىملاشتۇ-
رۇلۇپ، دېھقانلارنىڭ ئۆزلىرى ئىگە بولغان كىچىك پارچە يەرلىرىنى
ئىشلىتىشىگە كاپالەتلىك قىلىنغان، شۇ سەۋەپتىن بۇ قانۇن دېھقانلارنىڭ
ئالقىشىغا ئېرىشتى. كېيىن يەنە ئارقا-ئارقىدىن «جازا قانۇنى»ۋە
«سودا قانۇنى» ئېلان قىلىندى. قانۇندا بۇرژۇئازىيە دىكتاتۇرىسى
قانۇن شەكلى بىلەن مۇستەھكەملەندى، كاپىتالىستىك مۈلۈكچىلىك
تۈزۈمى فېئوداللىق مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلدى.

ماركس فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى دەۋرىدىكى ۋەكىللىك
خاراكتېرىغا ئىگە شەخسلەر ۋە ناپولېئوننىڭ فرانسىيە بۇرژۇئا جەمئىيە-
تىنى قۇرۇشتىكى تۆھپىسىنى شەرھلەپ كېلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى:
"بەزىلەر فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئاساسىنى گۇمران قىلىپ، شۇ ئاسا-
ستىن تۇرۇلگەن فېئوداللىق كاللىنى كېسىپ تاشلىدى؛ ئىككىنچى
بىركىشى (ناپولېئوننى دېمەكچى. — تۈزگۈچىدىن) فرانسىيىنىڭ ئىچكى
قىسمىدا شۇنداق شەرت-شارائىتلارنى ھۇجۇتقا كەلتۈردىكى، بۇنىڭ
بىلەن ئەركىن رىقابەتنى ئەۋج ئالدۇرۇش، ئۇششاق پارچىلارغا
بۆلۈنگەن يەر مۈلۈكلەرنى باشقۇرۇش ۋە كىشەندىن قۇتۇلغان مىللى
سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئىشقا سېلىش ئىمكانىيىتى
تۇغۇلدى. فرانسىيىنىڭ سىرتىدا بولسا ھەممىلا يەردە فېئوداللىق
شەكىللەرنى بۇزۇپ تاشلىدى، بۇنىڭدىن مەقسەت فرانسىيە بۇرژۇئا
جەمئىيىتىگە ياۋروپا قۇرۇقلۇغىدا دەۋر تەلۇۋىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان

مۇۋاپىق شارائىت يارىتىپ بېرىش ئىدى.»①

ناپولېئون فرانسىيە زور ئىنقىلاۋى فېئوداللىق ئەخلەتلىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلىغان ئاساستا كاپىتالىزم تۈزۈمىنى مۇستەھكەملىدى. چوڭ بۇرژۇئازىيە ئۇنىڭغا جاۋاپ قايتۇرۇش ئۈچۈن، مونسۇۋەرلەر پالاتىسى 1802-يىلى ئۇنى ئۆمۈرلۈك باش ھاكىم دەپ ئېلان قىلدى؛ 1804-يىلى ناپولېئونغا ئىمپېراتور دېگەن نامنى بەردى. فرانسىيە بۇرژۇئا جۇمھۇرىيىتىدىن بۇرژۇئا ئىمپېرىيىسىگە ئايلاندۇرۇلدى.

**ناپولېئون ئىمپېرىيىسىنىڭ ھالاك بولۇشى** ناپولېئون ئىمپېرىيىسى "چىرىك، يىمىرىم فېئوداللىق ياۋروپانىڭ يېقىنقى زامان فرانسىيىسىگە قارشى ئېلىپ بارغان بىرنەچچە قېتىملىق ئىتتىپاقچىلار ئۇرۇشىدىن كېلىپ چىققان". ② ناپولېئون ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى چوڭ بۇرژۇئازىيە دىكتاتۇرىسىنىڭ مۇستەھكەملەنگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. فرانسىيىدە كاپىتالىزمنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ، چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ سىرتقا قارىتا تاجاۋۇز قىلىش ۋە كېڭەيمىچىلىك قىلىش نەپسى بارغانسېرى ئەدەپ كەتتى، ناپولېئوننىڭ سىرتقا قاراتقان ئۇرۇشى ئەنگلىيە ۋە روسىيە بىلەن زېمىنگەرلىك تالىشىش، باشقا دۆلەتلەرنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش ۋە قۇل قىلىش خاراكتېرىدىكى تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىغا ئايلىنىشقا باشلىدى.

---

① ماركس. «لۇئى بوناپارتنىڭ تۇمانلىق ئېيىنىڭ ئون سەككىزى». «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1979-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 1016-1017-بەت.

② ماركس. «فرانسىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇش»، 1972-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 97-بەت.

1805 ـ يىلى، ئەنگلىيە بىلەن روسىيە فىرانسىيىگە قارشى ئۈچىنچى قېتىملىق ئىتتىپاقنى تۈزدى. ناپولېون دېڭىزدىن ئۆتۈپ ئەنگلىيىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولدى، لېكىن 1805 ـ يىل 10 ـ ئايدا ترافالگاردا بولغان دېڭىز ئۇرۇشىدا ئەنگلىيە تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، بۇ پىلانىدىن كېچىشكە مەجبۇر بولدى. ئەمما قۇرۇقلۇقتا بولغان ئۇرۇشتا فىرانسىيە روسىيە ـ ئاۋستىرىيە بىرلەشمە قوشۇنىنى يەڭدى، ئاۋستىرىيە نۇرغۇن پۇل تولەشكە، ئاۋستىرىيىنىڭ ئاھالىسىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمى ئولتۇراقلاشقان زېمىنىنى فىرانسىيىگە بۆلۈپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ، فىرانسىيىگە قارشى 3 ـ قېتىملىق ئىتتىپاق بەربات بولدى. 1806 ـ يىل 7 ـ ئايدا، ناپولېون ئاۋستىرىيىنى 900 يىلچە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن، ئىسمى بار، جىسمى يوق مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، گېرمانىيىنىڭ غەربىي قىسمىدا 21 ئىشتات قاتناشقان "رېين قوشما ئىشتاتى" نى قۇرۇشقا، ھەم ئۇنى فىرانسىيىنىڭ ھامىيلىقىدا قىلىشقا مەجبۇر قىلدى.

1806 ـ يىلى كۈزدە، فىرانسىيىگە قارشى 4 ـ قېتىملىق ئىتتىپاق تەشكىل قىلىندى، پرۇسسىيە، روسىيىمۇ ئۇرۇشقا قاتناشتى. 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى فىرانسىيە ئارمىيىسى يېنادا پرۇسسىيە ئارمىيىسىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى، 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى بېرلىننى ئىشغال قىلدى، شۇنىڭ بىلەن پرۇسسىيە تەسلىم بولدى، زېمىنىنىڭ يېرىمىدىن ئايرىلدى. يۈز مىليون فرانك تولەم تولىدى. "روسىيە چېگرىسىغىچە سۈرۈپ كېلىنگەن پرۇسسىيە ھوكۇمىتى، ئەركىن بولغان، يەرگە ئىگە بولغان فرانسىيە دېھقانلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىنى دائىم ئۆز يۇرتىدىن قوغلاپ چىقىرىلىش خەۋپى ئاستىدا ھاشارغا تۇتۇلىدىغان يانچىلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە تايىنىپ، يېڭىش مۇمكىن

www.uyghurkitap.com

ئەمەسلىگىنى پەقەت مۇشۇ ۋاقىتتا كەلگەندىلا ئاخىر غۇۋا ماللىدا چۈشەندى.“① ئېغىر مەغلۇبىيەت پرۇسسىيە ھۆكۈمىتىنى 1807 — 1811 - يىللىرى يانچىلار تۈزۈمىنى بىكار قىلىش جەھەتتە ئاستا - ئاستا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر قىلدى. بۇ ئىسلاھات پەقەت ئۈزۈل - كېسىل بولمىدى، ئۇنىڭدا دېھقانلارنىڭ ناھايىتى ئۇرغۇن ھەق تۆلەپ سېتىۋېلىشى تەلەپ قىلىنغان ئىدى.

1807 - يىلى، روسىيەمۇ فرانسىيە تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى، چارپادىشا ئالېكساندىر ناپولېئون بىلەن تىلزىتتا سۇلھى شەرتنامىسى ئىمزالاپ ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈشتى: چارروسىيە فرانسىيىنىڭ زېمىن كېڭەيمىچىلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، پرۇسسىيە زېمىنىنىڭ يېرىمى ۋە يېڭىدىن قۇرۇلغان ۋارشاۋا بەگلىكىنىڭ فرانسىيىنىڭ قول ئاستىدا بولۇشىغا ماقۇل بولدى؛ ناپولېئون چارروسىيىنىڭ شىۋېتسىيە ۋە ئوسمان (تۈركىيە) ئىمپېرىيىسىگە بولغان كېڭەيمىچىلىك ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلدى. شۇنداق قىلىپ چارپادىشا ”ناپولېئون بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ دۇنيانى بۆلۈشۈۋالدى: غەرب ناپولېئونغا، شەرق ئالېكساندىرغا تەۋە بولدى!“②

1806 - يىلدىن باشلاپ، فرانسىيە بىلەن ئەنگلىيە ئوتتۇرىسىدا قامال قىلىش ۋە قامال قىلىشقا قارشى تۇرۇش كۈرىشى پەيدا بولدى. ناپولېئون ئەنگلىيە ماللىرىنىڭ ياۋروپا قۇرۇقلۇقىغا كىرىشىنى چەكلەش، ئەنگلىيە بىلەن ياۋروپا ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى سودىنى ئۈزۈپ

---

① ئېنگېلس. «پرۇسسىيە دېھقانلىرىنىڭ تارىخى توغرىسىدا». «ماركس — ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 21 - توم، 283 - بەت.

② ئېنگېلس. «چارروسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى سىياسىتى». «ماركس — ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 22 - توم، 31 - بەت.

تاشلاش غەربىدە، چوڭ قوۋۇقلۇقىنى قامال قىلىش بۇيرۇغىنى ئېلان قىلدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن، فرانسىيە 1807 — 1808 - يىلى ئەنگلىيىنىڭ ماۋار ئېكسپورت - ئىمپورت قىلىدىغان ئىشىگىنى توسۇش غەرىزىدە، پورتۇگالىيە، ئىسپانىيىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. ئىسپانىيىدە ھەممە ئادەم دېگۈدەك قولىغا قورال ئېلىپ پارتىزانلىق قىلىپ، قوغدىنىش ئۇرۇشى ئېلىپ باردى. بۇ چاغدا ئەنگلىيە يەنە فرانسىيىگە قارشى 5 - قېتىملىق ئىتتىپاقنى تۈزدى، ئۇرۇش بارغانسېرى ئەدەپ كەتتى.

1810 - يىلىغا كەلگەندە، فرانسىيە پۈتۈن غەربىي ياۋروپانى دېگۈدەك (ئەنگلىيىدىن باشقا) تىزگىنلەپ بولدى، ناپولېئون ئىمپېرىيىسى روناق تېپىپ چېكىگە يەتتى. ناپولېئون ئۆزى بېسىۋالغان دۆلەتلەر ۋە جايلاردا فېئوداللىزمنىڭ ئاساسىنى بۇزۇپ تاشلىدى، ياكى فېئوداللىق مەجبۇرىيەتلەرنى ئازدۇر - كۆپتۇر ئەمەلدىن قالدۇردى: بېلگىيىدە ۋە رېين دەرياسىنىڭ غەربىي رايونلىرىدا فېئودالىق مەجبۇرىيەتلەر ھەقسىز ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى؛ رېين دەرياسىنىڭ شەرقىي رايونلىرىدا دېھقانلار ھەق تۆلەپ سېتىۋېلىشنى يولغا قويدى. ناپولېئوننىڭ قانۇنلىرى ئۇنىڭ بېقىندا دۆلەتلىرىگىچە ئومۇملاشتۇرۇلدى. "قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر" دېيىدىغان بۇرژۇئا ھوقۇقچىلىق مۇناسىۋىتى فېئودالىق ئىمتىيازنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلدى، ئوبيېكتىپ جەھەتتە بۇ ئەللەردە كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق بولدى.

ناپولېئون ئۆزى بېسىۋالغان رايونلاردىن نۇرغۇن بايلىقلارنى تالان - تاراج قىلىپ ئۆز ئېلىگە توشۇپ كەلدى، ھەربىي خىراجەت ۋە ھەربىي ئەشيالارنىڭ كۆپ قىسمى ئېزىلگۈچى مىللەتلەردىن ئېلىندى،



ئىسپانىيە خەلقى فرانسىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشىلىق كۆرسەتمەكتە

ئاھالىلەر زەمبىرەك يېمى قىلىندى، بۇنىڭ بىلەن بۇ ئەللەر خەلق-لىرى بىلەن بولغان مىللىي زىددىيەت ۋە سىنىپىي زىددىيەت كەسكىنلەشتى. 1810-يىلى ناپولېئون ئاۋستىرىيە پادىشاسىنىڭ مەلىكىسىگە ئۆيلىنىپ، ئەكسىلئىنقىلاۋىي فېئودال سۇلالە بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى. ئۇ ئاكىسى يوسېفنى ئىسپانىيىنىڭ پادىشالىقىغا، ئىنىسى لۇئىنى گوللاندىيىنىڭ پادىشالىقىغا، گىلومنى ۋېستفالىيىنىڭ پادىشالىقىغا، سىڭلىسىنىڭ ئېرى مۇراتنى ناپلېسنىڭ پادىشالىقىغا تەيىنلىدى، ئۆزى قوشۇمچە ئىتالىيىنىڭ پادىشاسى بولدى، بېقىۋالغان ئوغلى مۇئاۋىن پادىشا نامى بىلەن ئىتالىيىنى ئىدارە قىلدى. ئۇنىڭ ۋەزىرلىرى، قوماندانلىرى يا شاھزادە بولدى، يا كىنەز بولدى. ئۇ دۆلەتلەرنى مۇشۇنداق ئۆز ئائىلە ئەزالىرىغا بۆلۈپ بېرىش ئۇسۇلى

بىلەن ئىمپېرىيىسىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتالايمەن دەپ ئويلىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ تارىخىي چېكىنىش ئىدى؛ ئۇ ئۆزىنى فېئودال پادىشالارنىڭ سەۋىيىسىگە چۈشۈرۈپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن فېئودال سۇلالىسىنىڭ قايتا تىرىلىشىگە يول ھازىرلاپ بەردى.

1808-يىلدىن باشلاپ، ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ فرانسىيىنىڭ ئىشغالىيىتىگە قارشى ئازاتلىق ھەركەتلىرى يۇقۇرى دولقۇنغا كۆتىرىلىشكە باشلىدى، ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە، گېرمانىيە ۋە ئىتالىيە خەلقلىرى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ كۈرەشكە ئاتلاندى. لېنىن مىللى ئازاتلىق ئۇرۇشى بىلەن جاھانگىرلىك ئۇرۇشىنىڭ بىر-بىرىگە ئايلىنىشىنىڭ دىيالېكتىك مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرگىنىدە، فرانسىيە تارىخىنى مىسال قىلىپ مۇنداق دەپ كورسەتكەن ئىدى: "فرانسىيە زور ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشى دەسلەپتە مىللى ئۇرۇش ئىدى،......بۇ ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى ئۇلۇغ ئىنقىلاپنى قوغداش، ئەكسىلئىنقىلاۋىي پادىشالىق دۆلەتلەرنىڭ ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشلار ئىدى. لېكىن، ناپولېئون فرانسىيە ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇپ، ياۋروپادىكى ئاللىبۇرۇن شەكىللەنگەن، ھاياتىي كۈچكە ئىگە تۇرغۇنلىغان چوڭ مىللى دۆلەتلەرنى قۇل قىلغان ۋاقتىدا، فرانسىيىنىڭ مىللى ئۇرۇشى جاھانگىرلىك ئۇرۇشىغا ئايلىنىپ كەتتى، بۇنداق جاھانگىرلىك ئۇرۇشى **ئۆز نۆۋىتىدە** ناپولېئون جاھانگىرلىكىگە قارشى مىللى ئازاتلىق ئۇرۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى."① شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئارقا-ئارقىدىن بولۇپ تۇرغان ئۇرۇشنىڭ فرانسىيە

① لېنىن. «يۇنىيۇسنىڭ كىتابچىسى توغرىسىدا»، «لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى»، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1972-يىلى خەنزۇچە نەشرى، 2-توم، 850-بەت.

uyghurkitap.com

خەلقىغە يۈكلىگەن باج-سېلىقى بولۇپمۇ "قان بېجى"—مەجبۇرى ئەسكەرلىك تۈزۈمى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كەتتى. 1800—1813-يىللىرى ئەسكەرلىككە ئېلىنغانلارنىڭ سانى 1 مىليون 500 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. نامرات خەلق ناپولېونغا زەمبىرەك يېمى بولغان بولسا، بۇرژۇئازىيە ۋە باي دېخانلار ئۇرۇشتا تازا بېيىدى. خەلق ئاممىسىنىڭ نارازىلىق كەيپىياتى ئەسكەرلەر ئىچىگە بارغانسېرى سىڭىپ كىردى.

روسىيە قۇرۇقلۇقنى قامال قىلىش سىياسىتىگە ئۈزلۈكسىز بۇزغۇنچىلىق قىلدى، ئۇ تۈركىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ كېڭەيمىچىلىك قارا نىيىتى ۋە ھەركەتلىرىگە يان بېسىپ، فرانسىيە بىلەن روسىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى. ناپولېون روسىيىنى قوراللىق كۈچ بىلەن بوي سۇندۇرماقچى بولدى. 1812-يىل 6-ئايدا ئۇ 420 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ نېمان دەرياسىدىن ئۆتۈپ، روسىيىگە يۈرۈش قىلدى. ناپولېون "بوي سۇندۇرغۇچى" قىياپىتىدە روسىيىگە كىردى، شۇنىڭ بىلەن روسىيە خەلقىنىڭ قەتئىي قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. 9-ئاينىڭ 14-كۈنى ئۇ موسكۋاغا كىرگەن چېغىدا، موسكۋانىڭ بىر قۇرۇق شەھەر بولۇپ قالغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقانلىقىنى كوردى. بىر ئايدىن كېيىن، ناپولېون چېكىنىشكە بۇيرۇق چۈشۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. روسىيە خەلقى پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ، يول بويى فرانسىيە ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، فرانسىيە قوشۇنلىرىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى. فرانسىيە قوشۇنى چېكىنىپ نېمان دەرياسى بويىغا كەلگەندە ئاران 20 مىڭ ئەسكىرى قالغان ئىدى، ناپولېون ئۆزى تەنھا دىگۇدەك پارىژغا قېچىپ باردى. روسىيىگە قارشى ئۇرۇشتا

بولغان مەغلۇبىيەت ناپولېئون ئىمپېرىيىسىنىڭ تازا روناق تېپىشتىن زەئىپلىككە يۈزلىنىشىنىڭ مۇھىم بۇرۇلۇشى بولدى. ماۋجۇشى مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: "ناپولېئوننىڭ سىياسىي ھاياتى ۋاتېرلوئودا ئاياقلاشتى، لېكىن بۇنى بەلگىلىگەن نۇقتا ئۇنىڭ موسكۋادىكى مەغلۇبىيىتى ئىدى."①

شۇ قېتىمقى قاتتىق مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، ناپولېئون ئىمپېرىيىسىنىڭ يىمىرىلىشى مۇقەررەر بولۇپ قالغان ئىدى. 1813-يىلى، گېرمان مىللىتى داغدۇغىلىق ئازاتلىق ئۇرۇشىنى باشلىۋەتتى. 10-ئاينىڭ 16—19-كۈنلىرى لېيپسىگ جېڭىدە فرانسىيە ئارمىيىسى يەنە بىر قېتىم قاتتىق زەربىگە ئۇچراپ، پۈتۈن سەپ بويىچە گۇمران بولدى. رېين قوشما ئىشتاتى فرانسىيەدىن ئايرىلدى. 1814-يىل 3-ئاينىڭ 31-كۈنى فرانسىيىگە قارشى 6-قېتىملىق بىرلەشمە ئارمىيە پارىژغا كىردى، ناپولېئون تەختتىن چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى. ئوتتۇرا دېڭىزدىكى ئېلبا ئارىلىدا نەزەربەنت قىلىنىدى. چار-پادىشا ئالېكساندىر باشچىلىقىدىكى فېئودال ئەكسىيەتچىل كۈچلەر يەنە قۇتراشقا باشلىدى. ئاغدۇرۇپ تاشلانغان بوربون سۇلالىسى لۇئى XVIII (لۇئى XVI نىڭ ئىنىسى)، بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ نەيزىسىنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا، فرانسىيەدە قايتا تىرىلدى. فرانسىيە بېسىۋالغان بارلىق جايلاردىن چېكىنىپ چىقتى، ئۇنىڭ 1792-يىلىدىكى دۆلەت چېگرىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

فرانسىيە خەلقى گەرچە ناپولېئوندىن نارازى بولسىمۇ، لېكىن

---

①ماۋ زېدۇڭ. «ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى». «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 1971-يىل نەشرى، 3-توم، 1603-بەت.

www.uyghurkitap.com

بوربون سۇلالىسىنىڭ تىرىلگەنلىكىگە تېخىمۇ غەزەپلەندى. ئۇلار فېودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ فېوداللىق ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى، دىخانلارغا بولۇپ بېرىلگەن يەرلەرنى تارتىۋېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ناپولېون خەلقنىڭ قايتىدىن تىرىلگەن سۇلالىگە بولغان ئۆچمەنلىك كەيپىياتىدىن پايدىلىنىپ، 1815-يىل 3-ئايدا فرانسىيەگە يوشۇرۇن ھالدا قايتىپ كېلىپ، 3-ئاينىڭ 20-كۈنى پارىژغا كەلدى. لۇئى XVIII ئالدىراپ-تېنەپ قاچتى، ناپولېون قايتىدىن تەختكە چىقتى. ۋېنادا ئولجا بۆلۈشۈش يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ باشلىقلىرى يەنە فرانسىيەگە قارشى 7-قېتىملىق ئىتتىپاقنى قۇراشتۇرۇپ، 6-ئاينىڭ 18-كۈنى بېلگىيىنىڭ ۋاتېرلوئو دېگەن يېرىدە فرانسىيە ئارمىيىسىنى قايتىدىن مەغلۇپ قىلدى. ناپولېون ئىككىنچى قېتىم تەختتىن چۈشۈپ، ئاتلانتىك ئوكياندىكى سېنت-ھېلېن ئارىلىغا سۈرگۈن قىلىندى. فرانسىيە 1-ئىمپېرىيىسى ئۈزۈل-كېسىل يىمىرىلدى، ناپولېوننىڭ سىياسى ھاياتى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى.

يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كاپىتالىزىم بىلەن زاۋالغا يۈز تۇتقان فېودالىزىم ياۋروپادا ھەل قىلغۇچ خاراكتېردا ئېلىشىۋاتقان دەۋردە، ناپولېون شۇ چاغدىكى تەرەققىيپەرۋەر ئېقىمغا مايىلىشىپ، فرانسىيە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تىرىلدۈرگۈچى كۈچلەرگە زەربە بېرىش، فرانسىيە زور ئىنقىلاۋى ئارقىسىدا قۇرۇلغان كاپىتالىزىم تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن توھپە قوشتى. لېكىن ناپولېون چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مەملىكەت ئىچىدە دېموكراتىيىچىلەرنى ۋە ئىشچىلارنى باستۇردى، سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك، تاجاۋۇز-

چىلىق ئۇرۇشى ئېلىپ باردى، ئۇ ئوز ھوكۇمرانلىغىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە "كونا ئەكسىلئىنقىلاۋىي پادىشالىق بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى؛ ئۇ كونا ياۋروپانىڭ بارلىق داغلىرىنى يوقىتىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنىڭ بىلەن مۇرەسسەلەشتى"①، بۇلار ئۇنى ئاخىرى مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ باردى.

**ۋېنا يىغىنى ۋە مۇقەددەس ئىتتىپاق** ناپولېون يېڭىلگەندىن كېيىن، روسىيە، ئەنگلىيە، ئاۋستىرىيە، پرۇسسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ پادىشالىرى ۋە ۋەزىرلىرى، ئۆزلىرىنىڭ كېڭەيمىچىلىك قىلىش قارا نىيىتىگە يېتىش ئۈچۈن، 1814-يىل 9-ئايدىن 1815-يىل 6-ئايغىچە ئاۋستىرىيىنىڭ مەركىزى ۋېنادا ئولجا بۆلۈشۈش يىغىنى ئوتكۈزۈپ، ياۋروپا زېمىنىنى قايتىدىن بۆلۈشۈۋالدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىنقىلاپتىن ئىلگىرىكى "ئەنئەنىچىلەر" تەرتىۋىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، فرانسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىش، مىللى دېموكراتىيە ھەركەتلىرىنى توسۇشقا كۈچەپ ئۇرۇندى. خۇددى ئېنگېلس كورسىتىپ ئوتكەندەك: "ناپولېون ئۈستىدىن قىلىنغان غەلىبە ياۋروپادىكى پادىشالىق دۆلەتلەرنىڭ فرانسىيە ئىنقىلاۋى ئۈستىدىن قىلغان غەلىبىسى ئىدى، چۈنكى ناپولېون ئىمپېرىيىسى فرانسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى ئىدى؛ "ئەنئەنىچىلىك"نىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى مۇشۇ قېتىملىق غەلىبىنىڭ تۈيى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ."②

---

① ئېنگېلس. «گېرمانىيىنىڭ ئەھۋالى». «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 2-توم، 638-بەت.

② ئېنگېلس. «چارروسىيە ھوكۇمىتىنىڭ تاشقى سىياسىتى». «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 22-توم، 35-بەت.

www.uyghurkitap.com

ياۋروپادىكى ھەر مىللەت خەلقىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلار ناپولېئون ئۇزۇلىرىنىڭ مىللىي ئېڭىنى قوپاللىق بىلەن دەپسەندە قىلغانلىقى ئۈچۈنلا قوزغىلىپ ناپولېئونغا قارشى تۇرغان ئىدى. ھالبۇكى ۋېنا يىغىنىغا قاتناشقان پادىشالار ۋە ۋەزىرلەر (روسىيىدىن ئالېكساندىر I، ئەنگلىيىدىن كاستلىرى، ئاۋستىرىيىدىن مېتتېرنىخ، پرۇسسىيىدىن خاردىڭ، فرانسىيىدىن تاللېيران) بولسا مىللىي پرىنسىپقا پۈتۈنلەي خىلاپلىق قىلىپ، بۇنداق مىللىي ئاڭنى تېخىمۇ شەرمەندىلەرچە دەپسەندە قىلدى؛ ئۇلار ئۇز زېمىنىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، ئاجىز مىللەتلەرنىڭ زېمىنى ئۈستىدە سودىلىشىشتىن يانمىدى. بۇ دۆلەتلەر ئىچىدە چاررۇسىيىنىڭ قارانىيىتى ھەممىدىن بەك چوڭ ئىدى، ئۇ "ئۆزئارا رىقابەتلىشىۋاتقان چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان مەقسىدىنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ھېچقاچان ئۆزگەرمەي باقمىغان، ھېچقاچان سەل قاراپ باقمىغان مەقسىدى — روسىيىنىڭ دۇنياۋى زومىگەرلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىدىگە يەتمەكچى بولدى"①.

ۋېنا يىغىنىنىڭ ئاخىرقى قارارىغا ئاساسەن، پولشا 4-قېتىم بۆلۈۋېلىندى، چاررۇسىيە ئاساسەن پولشانىڭ پرۇسسىيىگە تەۋە جايلىرىدىن تەشكىللەنگەن ۋارشاۋا كىنەزلىكىنىڭ زېمىنىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئېلىۋالدى؛ پوزنان بىلەن گدانسك پرۇسسىيىگە قالدۇرۇلدى، گالىسىيە يەنىلا ئاۋستىرىيىگە تەۋە بولۇپ قېلىۋەردى. شۇنداق قىلىپ، پولشا زېمىنىنىڭ ئوندىن توققۇزىنى چاررۇسىيە يۇتۇۋالدى،

---

① ئېنگېلس. «چاررۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى سىياسىتى». «ماركس — ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 22-توم، 24-بەت.

كراكوۋ ۋە ئۇنىڭغا يانداش رايونلاردىن تەركىب تاپقان بىر جۇمھۇرىيەتلا روسىيە، ئاۋسترىيە، پرۇسسىيىنىڭ ئورتاق "ھامىيلىقى" دا قالدى. چارروسىيە فىنلاندىيە بىلەن بېسسارابىيە (رۇمىنىيىنىڭ زېمىنى) نى داۋاملىق ئىگەللەپ تۇرىۋەردى، لېكىن شۋېتسىيە فىنلاندىيىدىن مەھرۇم قالغانلىقى ئۈچۈن، شۋېتسىيىگە "تولەم" ئورنىدا نورۋېگىيە ئايرىپ بېرىلدى.

ۋېنا يىغىنىدا گېرمانىيە قوشما ئىشتاتى قۇرۇلدى، بۇ قوشما ئىشتات گېرمانىيىنىڭ 34 ئىشتاتى ۋە 4 ئەركىن شەھىرى (ھامبۇرگ، برېمېن، لۇبېك ۋە مايىن دەرياسى بويىدىكى فرانكفۇرت)دىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاۋسترىيە بىلەن پرۇسسىيە ئەڭ چوڭ ئىككى ئىشتات ئىدى. ئاۋسترىيىنىڭ ۋەكىلى قوشما ئىشتاتلار يىغىنىنى باشقۇراتتى. چارروسىيە بىلەن فرانسىيە ئۆزلىرىنىڭ يېنىدا قۇدرەتلىك، بىرلىككە كەلگەن گېرمانىيىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى خالىمايتتى. شۇڭلاشقا ئۇلار بۇنداق چېچىلاڭغۇ تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلۇشىغا قوشۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاۋسترىيە بىلەن پرۇسسىيىنى رىقابەتكە سېلىپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ بىر بىرىنى ئاجىزلىتىشىنى كۈتۈشتى. چارروسىيە پرۇسسىيىنى ئۆزىگە تارتىش، فرانسىيىنىڭ قايتىدىن باش كوتىرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئەڭ تەرەققىي قىلغان رېين ئۆلكىسىنى ۋە ۋېستفالىيىنى پرۇسسىيىگە قوشۇۋېتىشكە قوشۇلدى ھەمدە ساكسونىيىنىڭ شىمالىي قىسمى ۋە پومېرانىيىنى (ئەسلى شۋېتسىيىگە تەۋە ئىدى) پرۇسسىيىگە ئايرىپ بەردى. ئاۋسترىيە ئىتالىيىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى لومباردىيە ۋە ۋېنېتسىيىگە بولغان ھوكۇمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ھەمدە سالسبۇرگ، تىرول ۋە دالماتسىيە قىرغاقلىرىنى

بېرىۋالدى.

ۋېنا يىغىنى فرانسىيىنى 1790 - يىلدىكى چېگرىسى بىلەن چەكلىدى، چېگرىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدىكى 17 قورغاننى بىرلەشمە قوشۇن ۋاقىتنچە ئىشغال قىلدى، فرانسىيە 700 مىليون فرانىك تولەم تولەشكە مەجبۇر بولدى. بېلگىيە گوللاندىيىگە قوشۇۋېتىلىپ نېدېرلاندىيە پادىشالىقى قۇرۇلدى؛ ليۇكسېمبۇرگ كېنەزلىكىمۇ نېدېرلاندىيە پادىشالىقىغا قارايدىغان بولدى. شۋېتسارىيە مەڭگۈ بىتەرەپ دولەت دەپ ئېلان قىلىندى. ساردىنىيە پادىشالىقى فرانسىيە تەرىپىدىن تارتىۋېلىنغان ساۋوييە بىلەن نىسېنى قايتۇرۇۋالدى، گېنوييامۇ ساردىنىيىگە ئايرىپ بېرىلدى.

ئەنگلىيىنىڭ ئىزچىل تاشقى سىياستى، تىزگىنلەشكە ۋە پايدىلىنىشقا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدىكى ھەرقانداق بىر چوڭ دولەتنىڭ زىيادە كۈچىيىپ كېتىشىنى توسۇش، ھەرقايسى دولەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈچلەرنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشقا تۇرۇنۇشتىن ئىبارەت ئىدى. ئەنگلىيە ۋېنا يىغىنىدا روسىيە بىلەن پرۇسسىيىنىڭ بىرلەشمە كۈچىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، فرانسىيە ۋە ئاۋسترىيە بىلەن خۇپىيانە تىل بىرىكتۇردى. ئەنگلىيە ئۆزىنىڭ دېڭىزدىكى زومىگەرلىك ئورنىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، يىغىننى ئۆزىنىڭ مالتانى، فرانسىيە مۇستەملىكىسى توباگو، سېنت - لۇسىيا (بۇلارنىڭ ھەممىسى غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرىدا) ۋە ماۋرىتىۇس (ھىندى ئوكياندا) نى داۋاملىق ئىگىلىۋېلىشىغا قوشۇلۇشقا مەجبۇر قىلدى ھەمدە گوللاندىيىنىڭ قولىدىن جەنۇبىي ئافرىقىدىكى مۇستەملىكىسى كاپنى ۋە سەيلون ئارىلى (سرىلانكا) نى تارتىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن شەرققە ئوتىدىغان ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم جاينى قولىغا ئېلىۋالدى.

ھەرقايسى دولەتلەرنىڭ پادىشالىرى ۋە ۋەزىرلىرى زېمىن بۆلۈشۈۋېلىش نىيىتىدە بىر بىرىگە ئورا كولىشىپ، بىر بىرىنى ئالداشقان بولسىمۇ، لېكىن كونا تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەھەتتە ھېچقانداق تالاش-تارتىش قىلىشمىدى. ئۇلار فرانسىيە ۋەزىرى تالېيران ئوتتۇرىغا قويغان "ئەنئەنىچىلىك" پرىنسىپىغا بىردەك قوشۇلدى. بۇ پرىنسىپنىڭ ماھىيىتى فېئودال سۇلالە بىلەن پومېشچىك ئاقسوڭەكلەرنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداپ، مىللىي دېموكراتىك ھەركەتنى توسۇش ئىدى. بۇ پرىنسىپقا ئاساسەن بوربون سۇلالىسى فرانسىيە، ئىسپانىيە① ناپلېستا② ئەكسىيەتچىل ھوكۇمرانلىغىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، ساۋويە سۇلالىسى ساردىنىيىدە قايتا ئەسلىگە كەلدى، رىم قايتىدىن پاپانىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى. نېدېرلاندىيە، پورتۇگالىيەنىڭ كونا سۇلالىسى ۋە گېرمانىيە كېنەزلىكىمۇ تىرىلدى. شۇنداق قىلىپ، 1815-يىلدىن كېيىن، ياۋروپا يەنە ئەكسىيەتچىل ھوكۇمرانلىقنىڭ زۇلمەتلىك دەۋرىگە قەدەم قويدى.

"ئەنئەنىچىلىك" پرىنسىپلىرىنىڭ ئەمەلگە قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، چارپادىشا ئالېكساندىر "مۇقەددەس ئىتتىپاق" قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. 1815-يىل 9-ئايدا، روسىيە،

① 1700 — 1713 يىللىرى ئىسپانىيىدە پادىشالىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىش ئۇرۇشى ئاياقلاشقاندىن كېيىن، فرانسىيە بوربون سۇلالىسىدىن فىلىپ ئىسپانىيە پادىشاسى دەپ ئېتىراپ قىلىندى، لېكىن فرانسىيە بىلەن ئىسپانىيە قوشۇلۇپ كەتمىدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ئىسپانىيە بوربون سۇلالىسىنىڭ ھوكۇمرانلىغى باشلاندى.

② 1735-يىلى، ناپلېس بىلەن سىسىلى ئاۋستىرىيىنىڭ قولىدىن ئىسپانىيە بوربون سۇلالىسىنىڭ قولىغا ئۆتتى.

ئاۋسترىيە، پرۇسسىيىنىڭ پادىشالىرى خىتاپنامە ئېلان قىلىپ، مۇقەددەس ئىتتىپاقنى تۈزۈشنىڭ مەقسىدى پادىشالىق سىياسىي تۈزۈلمىنى ۋە خىرىستىيان دىنىي ئەقىدىلىرىنى قوغداشتىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقايسى دۆلەتلەر ئۆزئارا ياردەم قىلىش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك، دەپ جار سالدى. ئۇزاق ئۆتمەي، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ پادىشالىرى (ئەنگلىيىدىن باشقا) بۇ ئىتتىپاققا قاتناشتى. ئېنگېلس دەل جايىدا قىلىپ: مۇقەددەس ئىتتىپاق "ياۋروپادىكى ھەممە پادىشالار روسىيە چارپادىشاسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۆز مەملىكىتىدىكى خەلققە قارشى تۈزىدىغان سۇيىقەست"① دەپ كۆرسەتتى. شۇ ۋاقىتتا چارپادىشا ياۋروپا ئەكسىيەتچىل كۈچلىرىنىڭ ئاساسىي قورغىنى ۋە ئارقا زاپاس سېپى ئىدى، ئۇ "ياۋروپا ژاندارمىسى" رولىنى ئوينىغان ئىدى.

روسىيە، ئەنگلىيە، ئاۋسترىيە ۋە پرۇسسىيە مۇقەددەس ئىتتىپاقنىڭ قوشۇمچىسى سۈپىتىدە 1815-يىل 11-ئايدا 4 دۆلەت ئىتتىپاقىنى تۈزدى. ئىتتىپاقنىڭ شەرتنامىسىدە: ۋېنا يىغىنىدا بەلگىلەنگەن ياۋروپا "سىياسىي كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقى" سىستېمىسى ۋە دۆلەت تۈزۈمىنى قوغداش ئۈچۈن، 4 دۆلەت بوناپارت سۇلالىسىنىڭ فرانسىيىدە قايتىدىن تەختكە چىقىشىنى قوراللىق كۈچ بىلەن توسىدىغانلىقى، ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتلەرنى باستۇرۇش كۈچەيتىلىدىغانلىقى ھەمدە قەرەللىك يىغىن ئېچىپ تۇرۇلىدىغانلىقى ئېنىق بەلگىلەندى. 1818-يىلى فرانسىيە تۆلەمنى تۆلەپ تۈگەتكەندىن كېيىن، 4 دۆلەت

① ئېنگېلس. «چارروسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى سىياسىتى»، «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 22-توم، 35-بەت.

ئىتتىپاقىغا كىردى.

4-5 چوڭ دۆلەت مۇشۇ ئىتتىپاق شەرتنامىلىرى ئارقىلىق ياۋروپانىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئەبەدىل-ئەبەت ساقلاپ قېلىشنى خام خىيال قىلىشتى. لېكىن، خەلق ئىنقىلاۋىنىڭ يالقۇنىنى ئۆچۈرۈپ تاشلىغىلى بولمايتتى؛ فرانسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ تەسىرىنى يوقاتقىلى بولمايتتى؛ چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى كېلىشتۈرگىلى بولمايتتى. چىراق نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان ۋېنادا غەلىبىنى تەبرىكلەۋاتقان پادىشالار، ئەملىيەتتە، پارتلاش ئالدىدا تۇرغان يانار تاغ ئۈستىدە ئولتۇرۇشاتتى.

## 19-ئەسىرنىڭ 20 ــ 30-يىللىرىدىكى ئىنقىلاپ بورانلىرى

19-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدىن باشلاپ ئىنقىلاپ بورىنى ئىسپانىيە، ئىتالىيە، گرېتسىيە، روسىيە، فرانسىيە، بېلگىيە ۋە پولشىنى قاپلاپ، مۇقەددەس ئىتتىپاق غوجاملىرىنىڭ سېپىنى پۈتۈنلەي بۇزۇپ تاشلىدى.

ئەڭ ئالدى بىلەن ئىسپانىيە خەلقى قوزغالدى. ئىسپانىيە قايتا-قايتا ئەگرى-توقاي جاپا-مۇشەققەتلىك كۈرەشلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. 1808-يىلى ناپولېون تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىلا قەھرىمان ئىسپانىيە ئوغۇل-قىزلىرى قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىپ، تىللاردا داستان بولغۇدەك كۈرەشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، بۇرژۇئازىيە بىلەن ئاقسۆڭەكلەر ئىچىدىكى ئىسلاھاتچىلارنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشىغا تۈرتكە بولدى. 1812-يىلى ئاساسىي قانۇن ماقۇللىنىپ، پادىشالىق-ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم ئورنىتىلىپ، فېئوداللىق مەجبۇرىيەت ۋە ئىمتىيازلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. بۇ چاغدا،

ئىسپانىيىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مۇستەملىكىلىرىدىمۇ مىللىي مۇستەقىللىق ئۇرۇشى پارتىلىدى. ناپولېئون مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، بوربون سۇلالىسى قايتا تىرىلدى. فېردىناند VII تەتۈر ھېساپ ئېلىپ، بارلىق ئىسلاھاتلارنى بىكار قىلدى، مۇستەبىتلىك ھۆكۈمرانلىقنى ئەسلىگە كەلتۈردى، ئىنقىلاۋىي جەڭچىلەرگە زىيانكەشلىك قىلدى. 1820-يىلى، كەڭ خەلق ۋە ئىنقىلاۋىي ئەپسەرلەر يەنە قوزغىلاڭ كۆتىرىپ، ئىنقىلاپنىڭ يالقۇنىنى كادىستىن تارتىپ پايتەخت مادرىدقىچە تۇتاشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن، فېردىناند 1812-يىلدىكى ئاساسىي قانۇننى ۋە ئىسلاھ يۈرگۈزۈش پەرمانلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.

ئىسپانىيە ئىنقىلاۋىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، 1820—1821-يىللىرى ئىتالىيىدىمۇ ئىنقىلاپ پارتىلىدى، ئىنقىلاپ جەنۇپتىكى ناپلېستىن تەرەققىي قىلىپ شىمالىدىكى ساردىنىيە پادىشالىغى ۋە ئاۋستىرىيىگە تەۋە بولغان لومباردىيە ۋە ۋېنېتسىيىگىچە باردى. ساردىنىيە پادىشاسى تەختتىن چۈشتى، مۇۋەققەت پادىشا ئاساسىي قانۇننى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، دۆلەتتىن قېچىپ كەتتى.

1821-يىلى، گرېتسىيىدىمۇ تۈركىيىنىڭ مىللىي زۇلمىغا قارشى كۈرەش پارتىلىدى، گرېتسىيە 1822-يىلى مۇستەقىللىق ئېلان قىلىپ، ئاساسىي قانۇن تۈزدى.

بۇ بىر قاتار ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتلەر ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ پادىشالىرىنى ئالاقىزادە قىلىۋەتتى. 1820-يىلى ئۇلار ئاۋستىرىيىدە يىغىن ئېچىپ، ھەرقايسى جايلاردىكى ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتلەرگە قارشى قوراللىق مۇداخىلە يۈرگۈزۈشنى قارار قىلدى. ئاۋستىرىيە ۋەزىرى مېتتېرنىخ ئالدىراپ-تېنەپ ئىتالىيە ئىنقىلاۋىنى

باستۇرۇشتەك شەرمەندە ۋەزىيەتنى ئۈستىگە ئالدى. 1821-يىل 4-ئايدا ئاۋستىرىيە ئارمىيىسى ناپلېسقا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ساۋويە لەشكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ ساردىنىيە ئىنقىلاۋىنى باستۇرۇپ، كونا سۇلالە ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. 1822-يىلى، ھەرقايسى دۆلەت پادىشالىرى يەنە ئىتالىيىدە يىغىن ئېچىپ، ئىسپانىيىگە قوراللىق مۇداخىلە يۈرگۈزۈش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشتى. يىغىندا ئىختىلاپ پەيدا بولدى، روسىيە، ئاۋستىرىيە، پرۇسسىيە، فرانسىيە ئەسكەر چىقىرىپ باستۇرۇشنى بىردەك تەشەببۇس قىلدى ھەمدە فرانسىيە ئەسكەر چىقىرىشنى مەخپىي قارار قىلىشتى. ئەنگلىيە ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىسپانىيىنىڭ بازىرىنى ئۆز قولىدا تۇتۇش غەرىزىدە، ئىسپانىيىگە ئارىلىشىشقا قارشى چىقتى ۋە مۇقەددەس ئىتتىپاق بىلەن ھەمكارلىشىشنى رەت قىلدى. 1823-يىل 3-ئايدا، فرانسىيە مۇداخىلىچى قوشۇنلىرى ئىسپانىيىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىردى، ساتقىنلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، 5-ئايدا مادرىدقا بېسىپ كىردى، شۇنىڭ بىلەن، فېردىناند يەنە ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىسپانىيە مەسىلىسىدە ئاشكارىلىنىپ چىققان زىددىيەتلىرى گرېتسىيە مەسىلىسىدە تېخىمۇ كەسكىنلەشتى. مېتتېرنىخ گرېتسىيىنىڭ مۇستەقىللىقى ئاۋستىرىيە زېمىنىدىكى مىللىي ھەرىكەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرارمىكىن دەپ ئەنسىرەپ، ئارىلىشىشنى تەشەببۇس قىلمىدى. چاررۇسىيىنىڭ ئىزچىل كېڭىيىش نىشانى تۈركىيىنى ئاجىزلىتىپ، ئىستانبۇلنى بېسىۋېلىش، قارا دېڭىز بوغۇزىنى ئىگىلەش، ئۆزىنىڭ بالقان ئارىلىدىكى

تەسىرىنى دېكەيتىش ئىدى. ئالېكساندىر كۆچىنىڭ بىرىچە ئىككى يۈزلىمىلىك ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، بىر تەرەپتىن، گرېتسىيىدىكى خرىستىيان مۇرىتلىرىنى قوغداش بايرىقىنى كۆتىرىۋېلىپ، تۈركىيە-نىڭ گرېكلارنى ۋەھشىلەرچە قىرغانلىقىنى ئەيىپلىدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، "ئەنئەنىچىلىك" بايرىقىنى كۆتىرىۋېلىپ، گرېكلارنىڭ قوزغىلىڭىنى ئەيىپلىدى. ئەنگلىيە، فرانسىيىنىڭ تۈركىيىگە قارىتا قارانىيىتى بار ئىدى، ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار بالقاندا چاررۇسىيىنىڭ تەسىرىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنى خالىمايتتى، ھەرقايسى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر تۈپەيلىدىن، مۇقەددەس ئىتتىپاقىنىڭ يىغىنىنىمۇ ئاچقىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى.

1825-يىلى 12-ئاينىڭ 1-كۈنى چارپادىشا ئالېكساندىر I تۇ-يۇقسىزلا ئۆلۈپ كەتتى. 12-ئاينىڭ 26-كۈنى، فرانسىيە ئىنقىلاۋى-نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بىر قىسىم ئاقسۆڭەك ئەپتسەرلەر دېكابىر-چىلار قوزغىلىڭىنى كۆتەردى، بۇ روسىيە تارىخىدا چارپادىشانىڭ مۇستەبىتلىك تۈزۈمىگە قارشى كۆتىرىلگەن تۇنجى قوراللىق كۆرەش ئىدى. شۇنداق قىلىپ، مۇقەددەس ئىتتىپاقنىڭ ئارقا ھوي-لىسىغا ئوت كەتتى. چارپادىشا نىكولاي I قوزغىلاڭنى دەھشەتلىك تۈزدە باستۇردى. نىكولاي ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى تەرەققىپەرۋەر جامائەتچىلىكنىڭ گرېتسىيە ئىنقىلاۋىغا قىلغان خەيرى-خاھلىقىدىن پايدىلىنىپ، تۈركىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلماستىنلا ھۇجۇم قىلىش قارارىغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنە يالغۇز ئارىلىشىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. 1827-يىلى، روسىيە، ئەنگلىيە، فرانسىيە بىرلەشمە پىلوتى تۈركىيىگە ھۇجۇم قىلدى، 10-ئايدا تۈركىيە دېڭىز ئارمىيىسىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئەنگلىيە

بىرلەشمە پىلوتىدىن چېكىنىپ چىقتى. 1828 ـ يىلى روسىيە تۈركىيىگە قارشى رەسمىي ئۇرۇش ئېلان قىلدى، ئەنگلىيە بۇنىڭغا قارشى چىقتى. 1829 ـ يىلى تۈركىيە مەغلۇپ بولۇپ، روسىيە بىلەن شەرتنامە تۈزۈشكە مەجبۇر بولدى؛ روسىيىنىڭ چېگرىسى كېڭىيىپ دوناي دەرياسىنىڭ جەنۇبىي ئېغىزىغىچە باردى، دوناي دەرياسى دېلتىسىدىكى ئاراللار، شىمالىي كاۋكازنىڭ دېڭىز ياقىسى ۋە ئار-مېنىيىنىڭ بىر قىسىم جايلىرىنى چارروسىيە بولىۋالدى. تۈركىيە گرېتسىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدى. گەرچە روسىيە تۈركىيىگە قارشى ئۇرۇشتا نەپ ئېلىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن مۇقەد-دەس ئىتتىپاقنىڭ ئەكسىيەتچىل سېستىمىسىغا چاك كەتكەنلىكى ئاشكارا كورۇنۇپ قالدى.

فرانسىيە خەلقى ياۋروپا فېودال پادىشالىرى فرانسىيىگە ئېككى قېتىم تاڭغان بوربون سۇلالىسىدىن ئىنتايىن نارازى بولدى. تىرىل-گەن سۇلالە (1814 — 1830 ـ يىللار) ئاقسوڭەك چوڭ پومېششىكلار-نىڭ ۋە يۇقۇرى دەرىجىلىك دىندارلارنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىپ، خەلقنى چەتئەللىككە 700 مىليون فرانك تولەم تولەشكە، يەرلىرى مۇسادىرە قىلىنغان قاچقۇن ئاقسوڭەكلەرگە 1 مىليارت فرانك پۇل تولەشكە مەجبۇر قىلدى. پادىشاپەرەسلەر ئىنقىلابچىلار-دىن غالىجىرلارچە ئۆچ ئالدى، ھەتتا ئادەتتىكى سودا ـ ساناڭەت-چىلەرمۇ سايلام ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىندى، بۇرژۇئازىيىنىڭ سوز، مەتبۇئات ئەركىنلىكىمۇ قاتتىق چەكلىمىگە ئۇچرىدى. 1830 ـ يىل 7 ـ ئايدا، شەرەپلىك ئىنقىلاۋىي ئەنئەنىگە ئىگە پارىژ خەلقى كوچىلاردا توساقلارنى قۇرۇپ، 3 كۈن ئىچىدە (7 ـ ئاينىڭ 27 — 29 ـ كۈنلىرى) بوربون سۇلالىسىنىڭ مۇستەبىت ھوكۇمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى

ۋە فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ فېئودالىق تۈزۈمنى تىرىلدۈرۈش ئۇرۇنۇشنى تارمار قىلدى. ئەمما بانكا ئىگىلىرى ھوپىلا-شوپىلا ئورلېئان كېنەزى لۇئى-فىلىپنى پادىشا قىلىپ تىكلىدى، شۇنىڭ بىلەن پۇل مۇئامىلە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى باشلاندى. پارلامېنت يېڭى ئاساسىي قانۇننى ماقۇللىدى، سايلىغۇچىلارنىڭ سانى 100 مىڭ كىشىدىن كۆپىيىپ 240 مىڭ كىشىگە يەتتى. فرانسىيىنىڭ ئىيۇل ئىنقىلابى مۇقەددەس ئىتتىپاققا قاقشاتقۇچ زەربە بەردى، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتىگە تۈرتكە بولدى.

فرانسىيە ئىيۇل ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، 1830-يىل 8-ئايدا، بېلگىيىدە ئىنقىلاب پارتلاپ، نېدېرلاندىيە پادىشالىقىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىللىق ئېلان قىلىندى. ۋېنا يىغىنىنىڭ ئەكسىيەتچىل سىستېمىسى پاچاقلاپ تاشلاندى.

چارپادىشا نىكولاي I ئەسلىدە فرانسىيە ۋە بېلگىيە ئىنقىلابىغا قوراللىق مۇداخىلە يۈرگۈزۈشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن 1830-يىل 11-ئايدا پارتلىغان پولشا قوزغىلىڭى چارپادىشانىڭ پۇت-قولىنى بوغۇپ قويدى. ئېنگېلس پولشا خەلقىنىڭ كۈرىشىنىڭ ياۋروپا ئىنقىلابىي ھەرىكىتىگە بولغان ياردىمىگە يۈكسەك باھا بېرىپ كېلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: "بۇ قوزغىلاڭ روسىيىنى توپ-توغرا بىر يىل تۇتۇپ تۇردى؛ پولشا يەنە بىر قېتىم مۇشۇنداق پىداكارلىق كۆرسىتىپ ياۋروپا ئىنقىلابىنى قۇتقۇزۇپ قالدى."① 1830-يىلدىكى پولشا قوزغىلىڭى گەرچە چارپادىشا تەرىپىدىن

① ئېنگېلس. «چاررۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى سىياسىتى». «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 22-توم، 40-بەت.

دەھشەتلىك تۈردە باستۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ياۋروپا ئىنقىلاۋىغا ياردەم قىلىش، چارپادىشاھنىڭ مۇستەبىتلىك تۈزۈمىگە زەربە بېرىش، مۇقەددەس ئىتتىپاقنى تەۋرىتىش جەھەتتە غايەت زور رول ئوينىدى.

1789-يىلدىن 1830-يىلغىچە بولغان 40 نەچچە يىللىق تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىنقىلابنىڭ يولى ئەگرى-توقاي، كۈرەش ئۇزاق مۇددەتلىك، مۇرەككەپ بولىدۇ، قولغا كەلتۈرگەن ئىنقىلاب نەتىجىلىرى بىر قېتىملىق ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئىرىلىش بىلەن قولدىن كېتىشى مۇمكىن. لېكىن، مەيلى نەچچە قېتىم تەكرارلىنىش بولمىسۇن، تارىخ ھامان كۈرەش داۋامىدا ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. لېنىن 1918-يىلى ئەمدىلا ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەن سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىگە 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ياۋروپانىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرى بىلەن تەربىيە بېرىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: "ناپولېئوننىڭ جاھانگىرلىك ئۇرۇشى نۇرغۇن يىللار داۋام قىلدى، توپ-توغرا بىر دەۋرنى ئىگەللىدى، جاھانگىرلىك مۇناسىۋىتى① بىلەن مىللىي ئازاتلىق ھەرىكەتلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن ئىنتايىن مۇرەككەپ ئەھۋالنى ئىپادىلەپ بەردى. نەتىجىدە، تارىخ ئۇرۇش ۋە تىراگېدىيە (ھەرقايسى ئەللەر خەلقىنىڭ تىراگېدىيىسى) بىلەن تولغان پۈتكۈل بىر دەۋرنى بېسىپ ئۆتۈپ، فېئودالىزمدىن

① لېنىننىڭ ئەسلى ئىزاھى: "مەن بۇ يەردە تىلغا ئالغان جاھانگىرلىك ئومۇمەن باشقا دۆلەتلەرنى تالان-تاراج قىلىشنى كۆزدە تۇتىدۇ، جاھانگىرلىك ئۇرۇشى دېگەندە تالان-تاراج قىلغۇچىلار ئولجا بولۇشۇۋېلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

‹ئەركىن› كاپىتالىزىمغا قەدەم قويدى.»①

1830 ـ يىلدىن كېيىن، مۇقەددەس ئىتتىپاق زادى ئەسلىگە كېلەلمىدى، ۋېنا يىغىنىنىڭ ئەكسىيەتچىل سىستېمىسى چاك ـ چېكىدىن بوسۇلۇپ كەتتى. كاپىتالىستىك سانائەت ئىنقىلاۋىنىڭ ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدا راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، سانائەت بۇرژۇئازىيىسى بىلەن سانائەت پرولېتارىياتىنىڭ كۈچىمۇ ئۈزلۈكسىز زورايدى، ئېخىمۇ زور كولەمدىكى ياۋروپا ئىنقىلاۋى پەيدىن ـ پەي يېتىلىشكە باشلىدى.

---

① لېنىن. «بەختسىز سۆلھى شەرتنامە». «لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 27 ـ توم، 37 ـ بەت.

## ئۈچىنچى باپ

# لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مۇستەقىللىق ئىنقىلابى

18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، شىمالىي ئامېرىكىدىكى مۇستەملىكىلەردىكى مۇستەقىللىق ئۇرۇشى ۋە فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىدىن كېيىن، غەربىي يېرىم شاردىكى لاتىن ئامېرىكىسىدا مۇستەملىكىلەرنىڭ ئۇلۇغ مۇستەقىللىق ئىنقىلابى ھەرىكىتى پارتلىدى.

لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ يەر كۆلىمى تەخمىنەن 21 مىليون كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن ياۋروپا بىلەن ئامېرىكىسىنىڭ يەر كۆلىمىنىڭ يىغىندىسىدىنمۇ چوڭ. 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن بۇيان، بۇ بىپايان قۇرۇقلۇق ۋە ئۇنىڭغا تەۋە ئاراللار پەيدىن ـ پەي ئىسپانىيە ۋە پورتۇگالىيىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالدى، پەقەت غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرى بىلەن گۋىئانا قاتارلىق ئاز سانلىق رايونلارلا ئەنگلىيە، فرانسىيە، گوللاندىيىنىڭ مۇستەملىكىسى ئىدى. لاتىن ئامېرىكىسى ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرى دېڭىزنىڭ ئۇ يېقىدا ئەڭ بۇرۇن قۇرغان ناھايىتى زور مۇستەملىكە ئىمپېرىيە سىستېمىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم رايونى ئىدى.

www.uyghurkitap.com

## 1 ـ بۆلۈم لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مۇستەملىكىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئەھۋالى

ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ مۇستەملىكىلەرگە قاراتقان مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئەڭ چوڭ مۇستەملىكىچى بولغان ئىسپانىيە بىلەن پورتۇگالىيە ياۋروپادىكى فېئودال دۆلەتلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مۇستەملىكىگە ھۆكۈمرانلىقى قالاق، دەھشەتلىك، نوقۇل تالان-تاراج قىلىدىغان فېئوداللىق خاراكتېرىدىكى مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىق ئىدى. مۆلچەرگە قارىغاندا، ئىسپانىيە 16-، 17-، 18-ئەسىر بولۇپ 3 ئەسىر ئىچىدە ھىندىئانلارنىڭ بۇتخانىلىرىدىكى زىننەت بۇيۇملىرىنى بۇلاش، ئوغرىلاش ۋە كانلارنى ئىپتىدائىي ئۇسۇل بىلەن ئېچىش ئارقىلىق، لاتىن ئامېرىكىسىدىن 2 مىليون 500 مىڭ كىلو ئالتۇن، 100 مىليون كىلو كۈمۈش بۇلاپ كەتكەن؛ پورتۇگالىيە 18-ئەسىردىلا برازىلىيەدىن ئالاھەزەل 1 مىليارت ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدە ئالتۇن بۇلاپ كەتكەن. بۇ دەۋردە دۇنيادىكى ئالتۇن، كۈمۈشنىڭ ئوندىن توققۇزى لاتىن ئامېرىكىسىدىن چىقاتتى. ئالتۇن، كۈمۈش كانلىرىنى ئېچىش ئۈچۈن، مۇستەملىكىچىلەر لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ئەسلى ئاھالىسى بولغان ھىندىئانلارغا ئەڭ دەھشەتلىك مەجبۇرىي ئەمگەك قىلدۇرۇش تۈزۈمىنى يۈرگۈزدى. كانلار ھاشارچى ھىندىئانلارنىڭ گۆرۇستانلىقىغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. قەبىلىداشلار ھاشارغا بارىدىغان قەۋم-قېرىنداشلىرىنى ئۇزاتقاندا ئالدىن ئۇلارنىڭ

ھازىسىنى ئوتكۈزەتتى. ئىسپانىيىنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىدىكى مۇستەم-
لىكىلىرىدە 10 مىليوندىن ئارتۇق ھىندىيانلار خارلاپ ئۆلتۈرۈلگەن.
غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرىدىكى بۇرۇنقى ھىندىيانلار پۈتۈنلەي
دېگۈدەك تۈگەپ كەتكەن.

"فېودالىزىمنىڭ ئاساسى — يېزا ئىگىلىك، ئۇ سىرتقا قارىتا جازا يۈرۈشى قىلىشتا ئاساسەن **يەرگە ئىگە بولۇشنى** مەقسەت قىلىدۇ."① فېوداللىق چوڭ يەر مۈلۈكچىلىك، چوڭ قورۇ تۈزۈمى ئىسپانىيە، پورتۇگالىيىنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىدىكى مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاساسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىسپانىيە، پورتۇگالىيىنىڭ زاۋالغا يۈز تۇتقان تۈۋەن قاتلام ئاقسۆڭەكلىرى، نامرات ئاتلىقلار، مۇستەملىكىچى تەۋەككۈلچىلەر لاتىن ئامېرىكىسىدا "ھامىلىق قىلغۇچى" دېگەن نام بىلەن ھىندىيانلارنىڭ كەڭ زېمىنىنى ئىگىلىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ قورۇللىرى ۋە ئىگىلىكلىرىنى قۇردى. "ھامىلىق" قىلىنغۇچى ھىندىيانلار بولسا بىر خىل ئالاھىدە تەقلىتتىكى يانچىلار ئىدى. يەردىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولغان ھىندىيانلار قەرزدار يالانما دېھقانلارغا، ئەمەلىيەتتە بولسا شەكلى ئۆزگەرگەن قۇللارغا ئايلاندى. ھىندىيانلار كۆپلەپ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرى ئافرىقا قىتئەسىدىن مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن نېگىرلارنى لاتىن ئامېرىكىسىغا ئەكېلىپ، قۇل قىلدى. غەربىي ھىندى تاقىم ئارىلى بىلەن برازىلىيە بىر مەھەل دۇنيا بويىچە ئەڭ

---

① ئېنگېلس. «فېوداللىق تۈزۈمنىڭ يىمىرىلىشى ۋە مىللى دۆلەتنىڭ پەيدا بولۇشى». «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 21-توم، 450-بەت.

چوڭ قول ساقلايدىغان رايون بولدى، بۇ يەردە شېكەر قومۇشى، كوفې، پاختا قاتارلىقلار چىقىدىغان غايەت زور ئىسسىق بەلۋاغ ئېكىنزارلىقلىرى قۇرۇلدى. ماركس مۇنداق دېگەن ئىدى: "قۇللۇق تۈزۈم مۇستەملىكىلەرنى قىممەتكە ئىگە قىلدى، مۇستەملىكىلەر دۇنيا سودىسىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى، دۇنيا سودىسى بولسا يىرىك سانائەتنىڭ زۆرۈر شەرتى بولدى."① ئامېرىكا ھىندىئانلىرى ۋە ئافرىقا نېگىر قۇللىرىنىڭ جەسەت دۆۋىلىرى ئۈستىگە يېقىنقى زامان ياۋروپا-ئامېرىكا كاپىتالىزىم سانائىتىنىڭ مۇھىم ئۇلى سېلىندى.

مۇستەملىكىچى دۆلەتلەر مۇستەملىكىلەرنىڭ ئىگىلىكىگە قارىتا مۇستەبىتلىك مونوپولىيە سىياسىتىنى قاتتىق يۈرگۈزدى. ئىسپانىيە ئامېرىكا قىتئەسىدىكى مۇستەملىكىلىرىدە ئۈزۈم، زەيتۇن دەرىخى، ئۈجمە قاتارلىقلارنى تىكىشكە رۇخسەت قىلمايتتى، گەزمال، يۇڭ رەخت توقۇشقا رۇخسەت قىلمايتتى، ئۇلار مۇستەملىكىلەرنىڭ خام ئەشيالىرىنى ناھايىتى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇستەملىكىلەرنى ئىسپانىيە سودىگەرلىرىنىڭ قولىدىن ياۋروپا تاۋارلىرىنى ئىنتايىن قىممەت باھادا سېتىۋېلىشقا زورلايتتى. پورتۇگالىيە برازىلىيىدە زاۋۇت قۇرۇشنى مەنئى قىلدى، قۇللار كىيىدىغان كىيىملەرنى كىچىك دائىرىدە ئىشلەشكىلا يول قويدى. مۇستەملىكىچىلەر ئالتۇن، كۈمۈش كانلىرىنى قازغاندىن باشقا، سانائەتكە، ماشىنىسازلىققا ناھايىتى ئاز كۆڭۈل بولدى. مۇستەملىكىلەرنىڭ سانائىتى، يېزا ئىگىلىكى ئىنتايىن قالاق ئىدى، پەقەت مۇستەملىكە-

---

① ماركس. «پەلسەپە نامراتلىقى». «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1979-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 188-بەت.

چى دۆلەتلەر ۋە ياۋروپا ئېھتىياجلىق بولغان ئاز ساندىكى مەھسۇ-
لاتلارنىلا ئىشلەپچىقىراتتى، ئۇلاردا بىرلا خىل نەرسىنى ئىشلەيدىغان
غەلىتى ئىگىلىك شەكىللەنگەن ئىدى. مۇستەملىكىلەرنىڭ مۇستەم-
لىكىچى دۆلەتتىن باشقا ھەرقانداق دۆلەت بىلەن بېرىش-كېلىش
قىلىشى چەكلەنگەن ئىدى، مۇستەملىكىلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئارا
سودا قىلىشقىمۇ يول قويۇلمايتتى. مۇستەملىكىچى دۆلەتلەرنىڭ چوڭ
سودىگەرلىرى مۇستەملىكىلەرنىڭ ئىمپورت، ئېكسپورت سودا
ئىمتىيازىنى مونوپول قىلىۋالغان ئىدى، ئامېرىكا قىتئەسىگە
توشۇپ بېرىلگەن ياۋروپا تاۋارلىرى ئىنتايىن قىممەت باھادا
سېتىلىپ، چوڭ پايدا شىلىۋېلىناتتى، ھەتتا ھىندىئانلار تەسۋى،
تەقۋادارلارنىڭ تەۋەرۈكلىرى، تۈگمە، ئۈستۈرا قاتارلىق نەرسىلەرنى
سېتىۋېلىشقا مەجبۇر قىلىناتتى. بەزى مۇستەملىكىچى ئەمەلدارلار
ئۆز رايونىدىكى ھىندىئانلارغا ئەگەر كۆزەينەك تاقىمىسا، ئۇنىڭ
بىلەن كۆرۈشمەسلىكنى بەلگىلىگەن ئىدى. مۇستەملىكىچىلىك
ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى مۇستەملىكىلەرنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتىغا
ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلدى.

ئەكسىيەتچىل كاتولىك دىنى جەمئىيىتى مۇستەملىكە ھوكۇمرانـ
لىقىنىڭ مۇھىم تۈۋرۈكى بولدى. دىنىي جەمئىيەت مۇستەملىكە-
لەردىكى ئەڭ چوڭ فېئودال ئېكسپىلاتاتسىيىچى ئىدى، ئۇ مۇستەم-
لىكىلەردىكى پۈتۈن يەرنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلىگەن ئىدى
ھەمدە ئۆشرە يىغاتتى. دىنىي جەمئىيەت مۇستەملىكىلەرنى ئىدىيە
ۋە ماتېرىيال جەھەتتىن مونوپوللىيە قىلىۋالغان ئىدى، ئۇ روھىي
ئەپيۇن بولغان دىنىدىن پايدىلىنىپ، "نېگىرلار تۇغۇلۇشتىلا قۇل
بولۇپ تۇرىدىغان" دەيدىغان قۇلدارلار پەلسەپىسىنى ئاشكارا تەرغىب

قىلىپ، ھىندىئانلارنى ۋە نېگىرلارنى بېخۇتلاشتۇراتتى. ھەرقانداق بىر يېڭى ئىدىيە كاتولىك دىنى جەمئىيىتى تەرىپىدىن غەيرى ئەقىدە دەپ قارىلىپ، شەرىئەتنىڭ قاتتىق سورىقىغا تارتىلاتتى.

**مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقى كىرىزىسىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى** "بارلىق مىللىي زۇلۇملار مۇقەررەر ھالدا **كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ** قارشىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ ھەممە قارشىلىقلىرىنىڭ **يۆزلىنىشى** مىللىي قوزغىلاڭ بولىدۇ."① ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ۋەھشىيانە مۇستەبىتلىك ھۆكۈمرانلىقى مۇستەملىكىچى دۆلەت بىلەن مۇستەملىكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى خەندەكنى بارغانسېرى چوڭقۇرلاشتۇرۇۋەتتى، زىددىيەتنى بارغانسېرى ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋەتتى. ھىندىئانلار ۋە نېگىر قۇللار مۇستەملىكىلەردىكى ئاھالىنىڭ زور كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلاتتى، ئۇلار مۇستەملىكىچى دۆلەتلەردىكى ئاقسۆڭەكلەر ۋە سودىگەرلەرنىڭ، كاتولىك دىنى جەمئىيىتىنىڭ، يەرلىك ئاق تەنلىك پومېششىكلار سىنىپىنىڭ قاتمۇ-قات ئېزىشىگە ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچرايتتى، ئۇلارنىڭ سىنىپىي ئۆچمەنلىكى ناھايىتى چوڭقۇر ئىدى. 3 ئەسىر داۋامىدا، ئۇلارنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىغا ۋە سىنىپىي زۇلۇمغا قارشى قوزغىلاڭلىرى ۋە كۈرەشلىرى توختىماستىن بولۇپ تۇردى. 17-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، برازىلىيە نېگىرلىرى ئورمانلىقلارغا قېچىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتى، (پالمارىس دۆلىتى)نى قۇرۇپ، كۈرەشنى يېرىم ئەسىر داۋاملاشتۇرغان ئىدى. 1780-يىلى پېرۇدىكى

---

① لېنىن. «ماركسىزمغا قىلىنغان مەسخىرە ۋە "جاھانگىرلىك ئىقتىساتۋازلىقى"». «لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 23-توم، 55-بەت.

ھىندىئانلار شەرەپلىك ئەجدادى تۇپاك ئامارۇنىڭ① كۆرەش ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ھىندىئانلارنى مۇستەقىل ئىنكا "ئىمپېرىيىسى"نى يېڭىۋاشتىن گۈللەندۈرۈشكە چاقىردى. قوزغىلاڭغا قاتناشقۇچىلار 70—80 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى، قوزغىلاڭ بىرنەچچە ئاي ئىچىدە پېرۇنىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ رايونلارغا كېڭەيدى. بۇ كۆرەشلەر گەرچە مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ھىندىئانلار ۋە نېگىرلارنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھوكۇمرانلىقىغا زادىلا تىز پۈكمىگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ مۇستەملىكىلەرنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئازاتلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ئۇلۇغ ئىنقىلاۋىي ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلىپ بەردى.

ئېزىلگەن ۋە ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلىنغان ھىندىئانلار، نېگىر قۇللار، نامرات شالغۇت تەنلىكلەرلا ۋەھشىيانە مۇستەملىكە تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇپ قالماستىن، ھەتتا مۇستەملىكىلەردە تۇغۇلغان ياۋروپالىقلار يەنى يەرلىك ئاق تەنلىكلەرمۇ② مۇستەملىكە تۈزۈمىدىن

① تۇپاك ئامارۇ 16-ئەسىردە ئۆتكەن پېرۇ ھىندىئانلىرىنىڭ يولباشچىسى، ئۇ دادىسى مانكى بىلەن، ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى كەينى-كەينىدىن 30 نەچچە يىل قوراللىق كۆرەش ئېلىپ بېرىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئەركىنلىكىنى قوغدىغان. كېيىن قولغا ئېلىنىپ قۇربان بولغان.

② يەرلىك ئاق تەنلىكلەر دېگەندە ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرى ۋە كۆچمەنلەرنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىدە تۇغۇلغان ئەۋلادلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلار قانداشلىق جەھەتتە ئاق تەنلىكلەرگە تەۋە بولۇپ، مۇستەملىكىلەردىكى پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ يادروسىنى تەشكىل قىلىدۇ. مۇستەملىكىلەردىكى تۆۋەن قاتلام ئەمەلدارلار، پوپلار، ئەپىتسەرلەر، ئوتتۇرا ۋە كىچىك سودىگەرلەر قاتارلىقلار ئاساسەن مۇشۇ سىنىپنىڭ يۇقۇرى تەبىقىسىدىكىلەر ئىدى.

بارغانسېرى نارازى بولۇشقا باشلىدى. بولۇپمۇ 18-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن تارتىپ، كۈنسايىن زاۋاللىققا يۈز تۇتقان ئىسپانىيە ۋە پورتۇگالىيە تۈرلۈك ئىچكى-تاشقى ئامىللارنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، ناچار مۇستەملىكىلەرنىڭ ئىقتىسادى ۋە سودىسىغا قويغان چەكلىمىلەرنى بىرە بوشاشتۇردى، مۇستەملىكىلەردىكى سودا پورتلىرىنى كۆپەيتتى، مۇستەملىكىلەر بىلەن مۇستەملىكىچى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئەركىن سودا قىلىشقا يول قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مۇستەملىكىلەرنىڭ ئىگىلىكى راۋاجلاندى، بازارلارنى كېڭەيتىش تەلەپلىرىمۇ كۈچەيدى. شۇنىڭ بىلەن مۇستەملىكىچى دۆلەتلەرنىڭ مۇستەملىكە تۈزۈمىنىڭ قاتمۇ-قات ئاسارىتى بىلەن مۇستەملىكىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىك تەرەققىياتى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بارغانسېرى ئۆتكۈرلىشىپ كەتتى. ئامېرىكا قىتئەسىدە تۇغۇلغان ياۋروپالىقلار ئىچىدىكى پومېششىكلار ۋە يېڭىدىن گۈللەنگەن بۇرژۇئازلار مۇستەملىكە جەمئىيىتىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان كۈچ بولۇپ قېلىشنى بارغانسېرى تەلەپ قىلىشتى، ئۇلار بىلەن مۇستەملىكىچى دۆلەتلەردىكى ئاقسۆڭەكلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەت جەھەتتىكى زىددىيەت ۋە كۈرەش مۇستەملىكىلەرنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى مۇھىم ئورۇنغا چىقىپ قالدى.

18-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ياۋروپادىكى ئاقارتىش ھەرىكىتى مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ تەلىماتى ۋە ئەسەرلىرى، ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىللىق ئىنقىلابى ئىدىيىلىرى ۋە فرانسىيىنىڭ "كىشىلىك ھوقۇقى خىتابنامىسى" قاتارلىقلار مەخپىي ھالدا لاتىن ئامېرىكىسىغا تارقالدى. لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ بەزى چوڭ شەھەرلىرىدە، يەرلىك ئاق تەنلىك ئاقسۆڭەك زىيالىيلار تۈرلۈك مەخپىي تەشكىلاتلار-

نى ئۇيۇشتۇرۇپ، مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن جامائەت پىكرى تەييارلاش ۋە مەخپىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى.

18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، فرانسىيە، ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە بۇرژۇئا ئىنقىلابى پارتلىدى، ناپولېئوننىڭ ياۋروپادا تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى قوزغىشى ۋە ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ناپولېئونغا قارشى ئۇرۇش قىلىشىدەك خەلقارا ۋەزىيەت لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ مۇستەقىللىق ھەركىتى ئۈچۈن پايدىلىق تاشقى شارائىت تۇغدۇرۇپ بەردى. فرانسىيە، ئىسپانىيە ۋە پورتۇگالىيىنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىدىكى مۇستەملىكىلىرىدىكى ئىنقىلابىي ھەركەتلەر شۇ مۇستەملىكىچى دۆلەتلەردىكى ئىنقىلابىي ھەركەتلەر بىلەن بىر ۋاقىتتا دېگۈدەك پارتلىدى. بۇ، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مۇستەملىكىلەر ئىنقىلابىنىڭ بىر مۇھىم خۇسۇسىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 2 ـ بۆلۈم ھايتى نېگىر قۇللىرىنىڭ مۇستەقىللىق ـ ئازاتلىق ئۇرۇشى (1790 ـ 1803 ـ يىللار)

**فرانسىيىنىڭ سېن ـ دومىنگو ئارىلىدىكى مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقى** 1790 ـ يىلى، فرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ بىۋاستە تەسىرى ئارقىسىدا، كارايىب دېڭىزىدىكى سېن ـ دومىنگو ئارىلىنىڭ غەربىدىكى فرانسىيىنىڭ مۇستەملىكىسى بولغان ھايتىدا يۈز مىڭلىغان نېگىر قۇللار لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مۇستەقىللىق ـ ئازاتلىق كۈرىشىنىڭ جەڭگىۋار ئوتىنى ھەممىدىن ئاۋۋال تۇتاشتۇرۇۋەتتى. سېن ـ دومىنگو

ئارىلى كۇبانىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، كارىپ دېڭىزىدىكى ئىككىنچى چوڭ ئارال ئىدى. ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرى بۇ ئارالدا تۇنجى مۇستەملىكىنى قۇرۇپ، ئۇنىڭغا كىچىك ئىسپانىيە ئارىلى دەپ نام بەرگەن ئىدى. 17-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، فرانسىيە مۇستەملىكىچى دېڭىز قاراقچىلىرى بۇ ئارالنىڭ غەربىي قىسمىنى بېسىۋېلىپ، فرانسىيە مۇستەملىكىسىنى قۇردى ۋە بۇ ئارالنىڭ ئىسمىنى سېن-دومىنگو دەپ ئۆزگەرتتى، ئارالنىڭ شەرقىي قىسمى يەنىلا ئىسپانىيىنىڭ مۇستەملىكىسى ئىدى. ئارالدىكى بۇرۇنقى ھىندىئانلار ئاللىبۇرۇنلا ياۋروپا مۇستەملىكىچى قاراقچىلىرى تەرىپىدىن خارلاپ قىرىپ تۈگىتىلگەن ئىدى. فرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئافرىقىدىن نۇرغۇنلىغان نېگىر قۇللارنى ئەكېلىپ، ئارالدا شېكەر قومۇشى، كوفې، پاختا قاتارلىق ئىسسىق بەلباغ زىرائەتلىرىنى تېرىيدىغان چوڭ ئىكىنزارلىقلارنى قۇردى. پۈتۈن ئارالنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلغان بۇ فرانسىيە مۇستەملىكىسىدە شۇ ۋاقىتلاردىكى غەرپ بازىرىدىكى شېكەر بىلەن كوفېنىڭ كۆپ قىسمى ئىشلەپچىقىرىلاتتى. ئۇنىڭ ئېكسپورت سودا سوممىسى فرانسىيىنىڭ مۇستەملىكىلەردىكى ئومۇمىي سودا سوممىسىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلاتتى. ئۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ باي ئىسسىق بەلباغ مۇستەملىكىسى بولۇپ قالغان ئىدى. ئارالدىكى فرانسىيە قۇلدارلىرى ئالتۇن ھەل بېرىلگەن ھارۋىلاردا ئولتۇرۇشاتتى، بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ راھەت-پاراغەتتە قايسى دەرىجىگە يېتىپ يەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

مۇستەقىللىق ئىنقىلابى باشلىنىش ھارپىسىدا، پۈتۈن سېن-دومىنگو ئارىلىدا ئاھالە 700 مىڭ نېگىر، 70—80 مىڭ ئاق

تەنلىكلەر ياشايتتى. ئارالنىڭ فرانسىيە مۇستەملىكىسى بولغان قىسمىدا
نېگىر قۇللار (ئالاھەزەل 500 مىڭ كىشى) پۈتۈن ئاھالىنىڭ ئوندىن
توققۇز قىسمىنى ئىگەللەيتتى. ئۇزاقتىن بۇيان، نېگىر قۇللار ئالدى-
دىكىلەرنىڭ ئېزىشىنى كەينىدىكىلەر بېسىپ، توختىماستىن قوزغىلاڭ
كوتىرىپ تۇردى ۋە قېچىپ كېتىش ئارقىلىق كۈرەش قىلدى. ھەر
5 يىلدىن 10 يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا بىرقېتىم دېگۈدەك نېگىرلار
قوزغىلىڭى بولۇپ تۇردى. بۇنىڭدىن باشقا تەخمىنەن 30 مىڭدىن
ئارتۇق رەڭلىك ئىرقتىكىلەر (نېگىرلار بىلەن ئاق تەنلىكلەردىن
تورەلگەن شالغۇتلار ۋە ئەركىن نېگىرلار) ئازغىنا يەرگە ئىگە ئىدى،
ئۇلار ئارالدىكى ئۇششاق سودىگەرلەر، ھۈنەرۋەنلەر بولۇپ،
سىياسى ھەجەتتىمۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ ئاق تەنلىك مۇستەم-
لىكىچىلەرنىڭ قاتتىق چەكلىشىگە ۋە كەمسىتىشىگە ئۇچرايتتى. فرانـ-
سىيە مۇستەملىكىسىدىكى ئاق تەنلىك مۇستەملىكىچىلەر تەخمىنەن
30—40 مىڭ كىشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى فرانسىيە ئەۋەتكەن
مۇستەملىكىچى ئەمەلدارلار ۋە دەسلەپكى مەزگىللەردە ئارالغا بارغان
فرانسىيە چوڭ ئىكىنزارلىق ئىگىلىرى، چوڭ سودىگەرلەر ئارالدى-
كى ھوكۈمران سىنىپلار ئىدى؛ كېيىنرەك كەلگەن ياۋروپالىقلارنىڭ
كوپچىلىگى ئۇششاق تىجارەتچىلەر، ئۇستىلار ۋە كىچىك ئىكىنزارلىق
ئىگىلىرى ئىدى. سىنىپىي زۇلۇم بىلەن ئىرقى كەمسىتىش گىرەلىشىپ
كەتكەن ئىدى. شۇ ۋاقىتتا بىر كىشى: بۇ مۇستەملىكە "خۇددى
ئۇستى كوكۆل مەيدان يانار تاغقا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچكى
قىسمىدىكى ۋۇلقاننىڭ پارتلاش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ھېچكىم
سەزمىگەن" دەپ يازغان ئىدى.

**ھايتىدىكى نېگىر قۇللار قوزغىلىڭىنىڭ پارتلىشى** 1789-

يىلى، فرانسىيە زور ئىنقىلاۋى پارتلىدى. فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، ھايتى ئارىلىدىكى ئەركىن رەڭلىك ئىرقلار ئالدى بىلەن ھەرىكەتكە كېلىپ، "كىشىلىك ھوقۇقى خىتاپنامىسى" دىن پايدىلىنىپ، سىياسىي جەھەتتە ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە باراۋەرلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى. ئارالدىكى چوڭ ئىكىنزارلىق ئىگىلىرى فرانسىيە ئىنقىلاۋىغا دۈشمەنلىك بىلەن قاراپ، ئۆزىنىڭ ئىمتىيازلىق سىنىپ مەنپەئەتىنى ۋە قۇللۇق تۈزۈمىنى قوغداپ قېلىشقا ھەمدە پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ مۇستەملىكىلەرگە تولۇق ھوكۇمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇندى. 1790-يىلى، ئارالدا ئەركىن رەڭلىك ئىرقتىكىلەر رەھبەرلىك قىلغان، ئاق تەنلىكلەر بىلەن تەڭ-باراۋەرلىكنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان تۇنجى قوراللىق قوزغىلاڭ پارتلىدى. قوزغىلاڭ يەككە-يېگانە ئېلىپ بېرىلغانلىقتىن، ناھايىتى تېزلا باستۇرۇۋېتىلدى.

بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ فرانسىيە ئاساسىي قانۇن تۈزگۈچى يىغىنىنى مۇستەملىكىلەر مەسىلىسىگە دىققەت قىلماي تۇرالمايدىغان قىلىپ قويدى، 1791-يىل 5-ئايدا، فرانسىيە ئاساسىي قانۇن تۈزگۈچى يىغىنى پەرمان چىقىرىپ ئەركىن رەڭلىك ئىرقتىكىلەر بىلەن ئاق تەنلىكلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتە باراۋەر ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. لېكىن ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرگىلا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان بۇ يېڭى پەرمانمۇ مۇستەملىكىلەردىكى ئاق تەنلىك ئىمتىيازلىق سىنىپلارنىڭ قەتئىي قارشىلىقىغا ئۇچرىدى.

1791-يىلى، ئارالنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى تۈزلەڭلىكلەردىكى قۇللار داغدۇغىلىق قوزغىلاڭ كوتەردى. زور تۈركۈمدىكى قاچقۇن نېگىر قۇللار كۈرەشكە قاتناشتى. ئۇلار دۇمباقلىرىنى چېلىشىپ،



تۇسسېن لۇۋېرتيۇر

“قۇل بولغاندىن ئۆلگۈم ئەلا!” دەپ ناخشا ئېيتىشتى، كوفې ۋە شېكەر قومۇشى ئېكىنزارلىقلىرىنى كۆيدۈرۈپ، ئاق تەنلىك ئېكىنزارلىق ئىگىلىرىنى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈردى. كۆرەشتە ئاتاقلىق نېگىرلار يولباشچىسى تۇسسېن لۇۋېرتيۇر (1743 — 1803) يېتىشىپ چىقتى. تۇسسېن ئەسلىدە قۇلدىن كېلىپ چىققان هارۋىكەش ئىدى. دەسلەپ قوزغىلاڭ كۆتەرگەندە ئاران 600 ئادەم بار ئىدى، بۇ قوشۇن ناهايىتى تېز تەرەققى قىلىپ 4 مىڭ كىشىگە يېتىپ، كۆرەشتە چېنىقىپ قاتتىق ئىنتىزامغا ئىگە، يېڭىلمەس بىر ئىنقىلابىي قوشۇن بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. بارغانسېرى كۆپ نېگىر قۇللار قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا قاتنىشىپ، ئەركىن رەڭلىك ئىرقتىكىلەر رەھبەرلىك قىلغان، ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش كۆرىشىنى كېڭەيتىپ، پۈتكۈل نېگىرلارنى قۇل قىلىش تۈزۈمىنى پاچاقلاپ تاشلايدىغان كۆرەشكە ئايلاندۇردى.

1793-يىلى، ئىسپانىيە مۇستەملىكىچى قوشۇنى فرانسىيىگە قاراشلىق سېن-دومىنگو ئارىلىنىڭ داۋالغۇپ تۇرغان ۋەزىيىتىدىن پايدىلىنىپ، توپىلاڭدا توقاچ ئوغرىلاپ، ئارالنىڭ شەرقىي قىسمىدىن هۇجۇم قىلىپ كىردى. هايتىدىكى ئاق تەنلىك ئېكىنزارلىق ئىگىلىرى

يامايكادىكى ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچى قوشۇنىنى باشلاپ كېلىپ نېگىر قۇللار قوزغىلىڭىنى باستۇردى. ھايتىنىڭ مۇستەقىللىق-ئازاتلىق كۈرىشى گىرەلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدى. نېگىر قۇللار قوزغىلىڭىنىڭ زەربىسى ئارقىسىدا، فرانسىيە بۇرژۇئازىيىسى ئىچىدىكى ئەڭ رادىكال بولغان ياكوبىنچىلار 1794-يىل 2-ئاينىڭ 4-كۈنى مۇستەملىكىلەردىكى قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش توغرىسىدىكى پەرمانىنى ماقۇللىدى. بۇ پەرماندا سېن-دومىنگو ئارىلىدىكى كەڭ نېگىرلارنىڭ فرانسىيە جۇمھۇرىيىتى تەرەپتە تۇرۇپ، ئىسپانىيە، ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇشى چاقىرىق قىلىندى. تۇسسېن لۇۋېرتيۇر رەھبەرلىك قىلغان قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى قەھرىمانلارچە جەڭ قىلىپ، ئىسپانىيە مۇستەملىكىچى قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى، ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرىنى ھەيدەپ چىقاردى، ئارالنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئەسلىدە ئىسپانىيەگە قاراشلىق مۇستەملىكىدىكى نېگىر قۇللارنى ئازات قىلدى، رەڭلىك ئىرقتىكى يۇقۇرى قاتلام بايلار تەبىقىسىنىڭ توپىلىڭىنى باستۇرۇپ، پۈتۈن ئارالنى بىرلىككە كەلتۈردى.

1801-يىل 7-ئايدا، سېن-دومىنگو ئارىلىدا ئاساسىي قانۇن تۈزگۈچى يىغىن چاقىرىلىپ، قۇللۇق تۈزۈمى بىكار قىلىنغان يېڭى ئاساسىي قانۇن تۈزۈلدى. تۇسسېن لۇۋېرتيۇر ئۆمۈرلۈك باش ۋالىي بولۇپ سايلاندى. سېن-دومىنگو ئارىلى شەكىل جەھەتتە فرانسىيەگە بولغان تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قالدى.

**ھايتى دۆلىتىنىڭ مۇستەقىل بولۇشى** لېكىن، ھاكىمىيەتنى ئەمدىلا قولغا ئالغان فرانسىيە چوڭ بۇرژۇئازىيىسى سېن-دومىنگو

ئارىلدىكى نېگىر قۇللار ئىنقىلاۋىغا ئىنتايىن ئۆچمەنلىك بىلەن قارىدى، ئۇلار سېن-دومىنگونىڭ ئاساسىي قانۇنىنى. تەستىقلاشنى رەت قىلدى. ياۋروپادا زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىۋاتقان ناپولېئون بۇ ئارالدىكى قۇللۇق تۈزۈمىنى قوراللىق كۈچكە تايىنىپ ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولدى ھەمدە ئامېرىكا قىتئەسىدە فرانسىيىنىڭ چوڭ مۇستەملىكە ئىمپېرىيىسىنى قايتىدىن قۇرماقچى بولدى. 1802-يىلى، ئۇ گېنېرال لېكلېركنى 20 مىڭ كىشىلىك خىل قوشۇن، 50 نەچچە ئۇرۇش پاراخودى بىلەن، سېن-دومىنگوغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى. تۇسسېن پۈتۈن ئارالدىكى خەلققە يېتەكچىلىك قىلىپ كۈچلۈك دۈشمەنگە قارشى پىداكارلىق بىلەن جەڭ قىلىپ، دۈشمەنگە قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەندىن كېيىن، دولەتنىڭ ئىچكىرىسىدىكى جايلارغا چېكىنىپ كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى. لېكلېرك ئۇرۇشنىڭ جەڭ مەيدانىدا تېزدىن غەلىبە قىلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن، يالغاندىن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش بانىسى بىلەن، تۇسسېننى يىغىنغا ئالداپ ئەكېلىۋېلىپ، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماي ئۇنى تۇتۇپ قالدى. تۇسسېن فرانسىيىگە يالاپ كېتىلدى، 1803-يىل 4-ئايدا تۈرمىدە ئۆلدى.

دۈشمەننىڭ رەزىل قىلمىشى شۇنىڭدەك ئەركىن نېگىرلارنى قايتىدىن قۇل قىلىشقا ئۇرۇنۇشتەك جىنايى سۇيىقەستى سېن-دومىنگو خەلقىنى ئۆلگىچە قارشىلىق كۆرسىتىشكە قەسەمىيات قىلدۇردى. ئارالنىڭ ھەممە يېرىدە تاجاۋۇزچىلارغا قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشى قانات يېيىپ كەتتى. نېگىرلارنىڭ قان كېچىپ كۈرەش قىلىشى، ئىسسىق بەلۋاغنىڭ سېرىق قىزىتما كېسىلى ناپولېئوننىڭ تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرىنى بىر نەچچە قېتىملىق جەڭدە مىسلىسىز زور زىيانغا ئۇچراتتى.

www.uyghurkitap.com

1803-يىل 11-ئايدا نېگىرلار قوشۇنى فرانسىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئاراldىكى ئەڭ ئاخىرقى قورغىنىنى ئالدى. يېڭىلگەن تاجاۋۇزچى قوشۇنلارنىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرىدىن 8 مىڭ كىشى دېڭىز ئارقىلىق قېچىپ كەتتى، ئۇلار فرانسىيىنىڭ كۈچلۈك دۈشمىنى بولغان ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسى تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلدى. ناپولېون سېن-دومىنگوغا ئالدى-كەينى بولۇپ 60 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتتى، ئاخىرى پۈتۈن ئارمىيىسى بىلەن گۇمران بولۇشتەك شەرمەندە ئاقىۋەتكە قالدى، سېن-دومىنگونى بوي سۇندۇرۇش پىلانى ئۈزۈل-كېسىل بەربات بولدى.

بىرىنچى بولۇپ مۇستەملىكىچىلىك هوكۇمرانلىقىدىن قۇتۇلغان ۋە قۇللۇق تۈزۈم بىكار قىلىنغان يېڭى دۆلەت 1804-يىل 1-ئاينىڭ 1-كۈنى سېن-دومىنگو ئارىلىدا ئۆز مۇستەقىللىقىنى ئېلان قىلدى①. بۇ يېڭى نېگىرلار دۆلىتى سېن-دومىنگو ئارىلىنىڭ ھىندىيان تىلىدىكى "ھايتى" (كۆپ تاغلىق جاي دېگەن مەنىدە) دېگەن نامىنى ئۆزىنىڭ دۆلەت نامى قىلدى.

ھايتىدىكى نېگىر قۇللارنىڭ ئۆز ئازاتلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشى مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرۇش بىلەن چەتئەل مۇداخىلـ

---

① ھايتى مۇستەقىللىق ئېلان قىلغان چاغدا، سېن-دومىنگو ئارىلىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئەسلىدە ئىسپانىيىگە تەۋە بولغان مۇستەملىكە يەنىلا فرانسىيە ئىستىلاچى قوشۇنلىرىنىڭ قولىدا ئىدى. 1808-يىل فرانسىيە قوشۇنلىرى چېكىنگەندىن كېيىن، ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئۇنى قايتىدىن بېسىۋالدى. 1822-يىلى، ھايتى ئارالنىڭ شەرقىي قىسمىنى ئۆز ھوكۇمرانلىقىغا ئالدى. 1844-يىلى ئارالنىڭ شەرقىي قىسمى مۇستەقىللىق ئېلان قىلىپ، دومىنىكا جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى.

چىلىرىگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، قۇللارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئازات قىلىشى ئۈچۈن شانلىق ئۈلگە تىكلەپ بەردى. بۇ ئۇلۇغ تارىخىي توھپە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ھەرقايسى مۇستەملىكىلەرنىڭ مۇستەقىللىق، ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىگە ئىلھام بەردى، پۈتكۈل لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مۇستەملىكە تۈزۈمى ۋە قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ ئۆزۈل-كېسىل بەربات بولۇشىنىڭ تۈنجى ماتەم سىگنالىنى چالدى.

## 3-بۆلۈم ئىسپانىيىنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىدىكى مۇستەملىكىلىرىدىكى مۇستەقىللىق-ئازاتلىق ئۇرۇشى (1810—1826-يىللار)

**ئىسپانىيە مۇستەملىكە ھوكۇمرانلىقى كىرىزىسىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى** ئىسپانىيىنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىدە قۇرغان مۇستەملىكە ئىمپېرىيىسى شىمالىي ئامېرىكىنىڭ كەڭ رايونلىرىنى، ئوتتۇرا ئامېرىكىنى شۇنىڭدەك برازىلىيىدىن باشقا پۈتكۈل جەنۇبىي ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىنى دېگۈدەك ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. كولىمى ئىنتايىن كەڭ بۇ مۇستەملىكە ئىمپېرىيىسى 4 باش ۋالى باشقۇرىدىغان رايونغا بۆلۈنگەن ئىدى: يېڭى ئىسپانىيە (بۈگۈنكى مېكسىكا، ئوتتۇرا ئامېرىكا، كۇبا بىلەن ھازىرقى ئامېرىكىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمى قاتارلىق كەڭ رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)؛ پېرۇ (بۈگۈنكى پېرۇ بىلەن چىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)؛ يېڭى گرېنادا (بۈگۈنكى كولۇم-

www.uyghurkitap.com

بىيە، ۋېنېسۇئېلا، ئېكۋادورنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)؛ لاپلاتا
(بۇگۇنكى ئارگېنتىنا، پاراگۋاي، بولىۋىيە، ئۇرۇگۋاينى ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ)؛ ئۇلاردا «بولۇپ ھوكۇمرانلىق قىلىش»تەك مۇستەبىت
ھوكۇمرانلىق يۈرگۈزۈلگەن ئىدى.
مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنىڭ ھارپىسىدا، مۇستەملىكىلەردىكى 15
مىليون ئاھالە ئىچىدىكى تەخمىنەن 7 مىليون 500 مىڭ ھىندىيان
ۋە 780 مىڭ نېگىر يەنى ئومۇمى ئاھالىنىڭ يېرىمىنى تەشكىل
قىلغان خەلق قۇلچە ھوقۇقسىز، ئېزىلىش ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلى-
نىشتەك ئورۇندا تۇراتتى. ھەر خىل شالغۇت ئىرقتىكى تەخمىنەن
5 مىليوندىن كۆپرەك كىشى يەنى ئومۇمى ئاھالىنىڭ ئۈچتىن بىرى،
نامدا «ئەركىن كىشىلەر» دەپ ئاتالسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، سىياسى
ھوقۇقتىن مەھرۇم ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئورنى تۆۋەن ئىدى،
ئۇلار مۇستەملىكىلەردىكى ئۇششاق تىجارەتچىلەر، قول سانائەتچىلەر،
شەھەر كەمبەغەللىرى ۋە ئەركىن دېھقانلار ئىدى، ئۇلار شەھەر ۋە
يېزا ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئاساسىي قوشۇنى ئىدى. ئامېرىكا
قىتئەسىدە تۇغۇلغان ئىسپانىيىلىكلەر يەنى يەرلىك ئاق تەنلىكلەر
تەخمىنەن 3 مىليوندىن ئارتۇق بولۇپ، ئومۇمى ئاھالىنىڭ بەشتىن
بىر قىسمىنى تەشكىل قىلاتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ھاللىق تەبىقىلەر
مۇستەملىكىلەردىكى يەر مۈلكىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلىگەن ئىدى.
يەرلىك ئاق تەنلىكلەر ئاتاقتا ئىسپانىيىلىكلەر بىلەن تامامەن باراۋەر
بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مۇستەملىكىلەردىكى سىياسى، ئىقتىسادىي،
ھەربىي، دىنىي جەمئىيەت جەھەتلەردىكى بارلىق يۇقىرى مەنسەپلەر-
دىن سىقىپ چىقىرىلغان ئىدى. مۇستەملىكە دەۋرىدىكى 170 مۇستەم-
لىكىنىڭ باش ۋالىسى ئىچىدە ئاران 4 لا يەرلىك ئاق تەنلىك بار

ئىدى. مۇستەملىكىچى دۆلەتتە تۇغۇلغان ئىسپانىيىلىكلەر يەنى يېرىم ئارىلىقلار ئاران 300 مىڭ كىشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تولىسى ئىسپانىيە مۇستەملىكىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ئەۋەتكەن يۇقۇرى دەرىجىلىك بيۇروكرات ھۆكۈمران تەبىقە ئىدى، ئۇلار مۇستەملىكىلەرنىڭ سىياسى، ئىقتىسادىي ۋە دىنىي جەمئىيەت ئىشلىرىنى مونوپولىيە قىلىۋالغان ئىدى. مۇستەملىكىلەردىكى ھەرقايسى سىنىپلار ئوتتۇرى-سىدا، ھەر خىل تەنلىك ئاھالە ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر قارىمۇ-قارشى-لىق ۋە زىددىيەت بار ئىدى. 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، كۈندىن-كۈنگە زاۋالىغا يۈز تۇتقان ۋە چىرىكلىشىپ كېتىۋاتقان ئىسپانىيە ياۋروپادىكى بىر قاتار ئۇرۇشلارغا سۆرەپ كىرىلدى، ئۇنىڭ دۆلەت غەزنىسى قۇرۇپ كەتتى، ئۇلار مۇستەملىكىلەرگە بولغان ئىقتىسادىي زۇلۇمنى ئۈزلۈكسىز جىددىيلەشتۈردى، مۇستەمل-كىلەردىكى خەلقنىڭ مۇستەملىكىچى دۆلەتلەرنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىغا بولغان نارازىلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. يەرلىك ئاق تەنلىكلەرنىڭ ھالىلىق تەبىقىلىرىدە مۇستەملىكە تۈزۈمىنى ئۈزۈل-كېسىل ئىسلاھ قىلىش سادالىرى ياڭرىدى.

18-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن بۇيان، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مۇستەملىكىلەرنىڭ ئىقتىسادىدا خېلى زور تەرەققىياتلار بولدى. مېكسىكىنىڭ كۈمۈش مەھسۇلاتى بىر ئەسىر ئىچىدە 4 ھەسسە ئاشتى. 19-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە مېكسىكىنىڭ ھەر يىلى ئېكس-پورت قىلغان كۈمۈشى شۇ ۋاقىتتا ياۋروپادىكى بارلىق كۈمۈش كانلىرىنىڭ مەھسۇلاتىنىڭ 10 ھەسسىگە تەڭ كېلەتتى. يېمەك سانائەت، مەسلەن، كۆنچىلىك، توقۇمىچىلىق، پار-پۇر ئەسۋابلار، تۆمۈر سايمانلار، ياغاچ سايمانلار، ئاتنىڭ ئېگەر-جابدۇقلىرى ۋە

www.uyghurkitap.com

شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى ئىشلەيدىغان سانائەتلەر ياكى قول سانائەت ئىشخانىلىرىمۇ قۇرۇلۇشقا باشلىدى. يېزا ئىگىلىكى بىلەن چارۋىچىلىق راۋاجلاندى. مېكسىكىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى ئۇ يەردىن چىقىدىغان ئالتۇن، كۈمۈشنىڭ قىممىتىدىن ئېشىپ كەتتى. جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى ئارگېنتىنا رايونىدا گوش، تېرە ۋە يۇڭ سانائىتى ناھايىتى زور دەرىجىدە راۋاجلاندى، 1787-يىلى تۇنجى گوش سۈرلەش ئىشخانىسى قۇرۇلدى. ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ ئىسپانىيىگە تەۋە قىسمىدا ئىچكى بازارلار كېڭەيدى، تاۋار ۋە پۇل مۇناسىۋەتلىرى راۋاجلاندى ھەمدە شۇ جاينىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى سودا بۇرژۇئازىيىسى مەيدانغا كەلدى. ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئىسپانىيىنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىدىكى مۇستەملىكىلىرىدىكى خەلقنىڭ مۇستەملىكىچى دۆلەتنىڭ سودا مونوپولىيە تۈزۈمى قاتارلىق قاتمۇ-قات قامالى ۋە چەكلىمىسىگە بولغان ئۆچمەنلىكى بارغانسېرى كۈچەيدى.

18-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى ۋە 19-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ناپولېئوننىڭ ياۋروپادا قوزغىغان ئۇرۇشلىرى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان سىياسىي جەھەتتىكى غايەت زور داۋالغۇش نەتىجىسىدە، ئىسپانىيىنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىدىكى مۇستەملىكىلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالدى، مۇستەملىكىلەرنىڭ سودىسى بىر مەھەل تامامەن پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالاي دەپ قالدى. مۇستەملىكىلەردىكى خەلق سودا مونوپولىيە تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، باشقا دۆلەتلەر بىلەن ئەركىن سودا قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشىشنى جىددىي تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ

جەنۇبىي ئامېرىكىغا تاجاۋۇز قىلىپ، زەمبىرەكلىك پاراخوت ۋە ئەتكەسچىلىك سودىسى ئارقىلىق ئىسپانىيە ئامېرىكىسىنىڭ سودا پورتلىرىنى زورلۇق بىلەن ئېچىپ، ئەنگلىيە ماللىرىنىڭ چەتئەلدىكى بازىرىنى كېڭەيتتى.

1805 ـ يىلى ئىسپانىيىنىڭ پاراخوتلىرى دېڭىز ئۇرۇشىدا ئەنگلىيە تەرىپىدىن ئۇزۇل ـ كېسىل تارمار قىلىندى. ئەنگلىيە پاراخوتلىرى لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ دېڭىز بويلىرىدا قىلچە توسالغۇسىز ئايلىنىپ يۈرىدىغان بولدى. لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مۇستەملىكىلەردىكى خەلقنىڭ مۇستەقىللىق، ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى كۆرەشلىرى، ياۋروپادىكى كۈچلۈك كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئەركىن سودىسىنىڭ سىڭىپ كىرىپ تەسىر كۆرسىتىشى ئىسپانىيىنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىدىكى مۇستەملىكە سىستېمىسىنى پارچىلاشقا باشلىدى.

**ئىسپانىيە ئامېرىكىسىدا مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشى** 1808 ـ يىلى، ناپولېون ئەسكەر ئەۋەتىپ ئىسپانىيىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ئىسپانىيە پادىشاسى فېردىناند VII نى قاماققا ئېلىپ، بۇ دۆلەتنى فرانسىيىنىڭ ئەيزىسىنىڭ ھوكۇمرانلىقىغا ئالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىسپانىيىدە مەملىكەت بويىچە قوزغىلاڭ كۆتىرىلىپ، فرانسىيە ئىشغالىيەتچىلىرىگە قارشى 6 يىل داۋام قىلغان مۇستەقىللىق ئۇرۇشى (1808 ـــ 1814 ـ يىللار) باشلاندى. ئىسپانىيىدە مۇشۇنىڭدىن باشلانغان "تىللاردا داستان بولىغۇدەك كۈرەشلەر" "ھازىرقى زامان تارىخىدا كىشىنى ئەڭ ھاياجانلاندۇرىدىغان، ئەڭ تەربىيىۋى ئەھمىيەتلىك بىر باپ"① ھېسابلىنىدۇ. فرانسىيىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ

① ماركس. «ئىنقىلاۋىي ئىسپانىيە». «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 10 ـ توم، 464 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

كىرىشى بىلەن پۈتكۈل مۇستەملىكىچىلىك بيۇروكرات ئاپاراتلار پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشقا ۋە قالايمىقانلىشىشقا باشلىدى. مۇستەملىكىلەرنىڭ بەزى مەركىزىي شەھەرلىرىدىكى يەرلىك ئاق تەنلىكلەرنىڭ مۇستەقىلچىلىرى يېڭى كۆرەشنى باشلىۋەتتى. 1809 - يىلى، چۇكىساكا (بولىۋىيە)، كىتو (ئېكۋادور)، بالىيادولىت (مېكسىكا) قاتارلىق شەھەرلەردە، يەرلىك ئاق تەنلىك مۇستەقىلچىلار يەرلىك خاراكتېرلىق قوزغىلاڭلارنى كوتىرىپ، ئىسپانىيە ئەمەلدارلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، مۇستەملىكىلەر ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى. 1810 - يىلى، فرانسىيە تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرى ئىسپانىيەنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك بېسىۋالدى، ئىسپانىيەنىڭ مەركىزىي ھاكىمىيىتى ئەمەلىيەتتە يوقالدى. مۇشۇنداق يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا، ئىسپانىيەنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىدىكى مۇستەملىكىلىرىدىكى يەرلىك ئاق تەنلىك مۇستەقىلچىلار ھەممە يەردە فرانسىيە مۇداخىلىچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ۋە ئىسپانىيەنىڭ قانۇنىي ئەنئەنىسىنى قوغداش بايرىقىنى كوتىرىۋېلىپ، ئىسپانىيەنىڭ باش ۋالىسى ۋە مۇستەملىكىچى ئەمەلدارلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئىنقىلاۋىي شەھەرلىك پارلامېنت ۋە ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھاكىمىيەت قۇردى. يېڭى ئىسپانىيەدىن تارتىپ لاپلاتاغىچە بولغان كەڭ زېمىندا، نۇرغۇن چوڭ شەھەرلەردە قوراللىق قوزغىلاڭ پارتلىدى.

ئىسپانىيە ئامېرىكىسىدىكى مۇستەملىكىلەرنىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشى 3 چوڭ مەركىزىي رايونغا بۆلۈنىدۇ:

**جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ شىمالىي رايونلىرىدىكى مۇستەقىللىق ئۇرۇشى** جەنۇبىي ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىنىڭ شىمالىدىكى يېڭى

گرېنادا رايونى قوراللىق كۆرەش ئەڭ بۇرۇن باشلانغان، كۆرەش ئەڭ كەسكىن بولغان بىر رايون بولدى. بۇ رايوندا بولۇپمۇ ۋېنېسۇ-ئېلادا مۇستەملىكە خەلقلىرى ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىق ۋە ئازاتلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى ئۇزاق مۇددەت قايتا-قايتا ئېلىشتى.

ۋېنېسۇئېلا كارايىب دېڭىزىنىڭ بويىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ باشقا مۇستەملىكىلەرگە قارىغاندا ياۋروپاغا يېقىن ئىدى. 18-ئەسىر-نىڭ ئاخىرلىرىدا، ئامېرىكا مۇستەقىللىق ئىنقىلابى ۋە فرانسىيە زور ئىنقىلابىنىڭ ئىدىيىسى بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى. فرانسىيىنىڭ «كىشىلىك ھوقۇقى خىتابنامىسى» مەخپىي بېسىلدى، شۇڭلاشقا بۇ رايوندىكى يەرلىك ئاق تەنلىك مۇستەقىلچىلار ناھايىتى بۇرۇنلا سىياسىي يوشۇرۇن پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى. ۋېنېسۇئېلالىق مىراندا (1750—1816) فرانسىيە زور ئىنقىلابىغا قاتناشتى، ياۋرو-پادا ئىسپانىيىگە قارشى ئۇزاق مۇددەت مەخپىي پائالىيەت ئېلىپ باردى. 1806-يىلى، ئۇ چەتئەلدە بىر يىراققا يۈرۈش قىلىش قوشۇنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ۋېنېسۇئېلا دېڭىز قىرغىقىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ قۇرۇقلۇققا چىقتى. بۇ ئىش دۆلەت ئىچىدىكى خەلق ئاممىسى-دىن ئايرىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىلغاچقا شۇ زاماتلا دىگۈدەك مەغلۇپ بولدى.

1810-يىل 4-ئايدا، ۋېنېسۇئېلانىڭ پايتەختى كاراكاس شەھى-رىگە فرانسىيىنىڭ ئىسپانىيىنى بېسىۋالغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، شەھەردە توپىلاڭ كۆتۈرۈلدى. يەرلىك ئاق تەنلىك مۇستەقىلچىلار ئىسپانىيىنىڭ مۇستەملىكىچى ئەمەلدار-لىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، يېڭى شەھەرلىك ھۆكۈمەت قۇردى ۋە

ئەدلىيە ئورگانلىرىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلدى. باشقا ئۆلكىلەرمۇ ئۇنىڭغا تەرەپ-تەرەپتىن ئاۋاز قوشتى. رادىكال مۇستەقىلچىلار "ۋەتەنپەرۋەرلەر جەمئىيىتى"نى تەشكىل قىلىپ، دەرھال ۋېنېسۇئېلادا مۇستەقىللىق جاكالاشنى قەتئىي تەلەپ قىلدى. 1811-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ۋېنېسۇئېلا بىرلەشمە ئۆلكىلىرى پارلامېنتىنى چاقىردى. "ۋەتەنپەرۋەرلەر جەمئىيىتى" ۋەكىللىكىدىكى مۇستەقىلچىلار بىلەن ئىسپانىيە بىلەن مۇرەسسە قىلىشنى تەشەببۇس قىلغۇچى مۇتەئەسسىپلەر پارلامېنت ئىچىدە جىددىي كۈرەش ئېلىپ باردى. ئاخىرى كەڭ ئاممىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، پارلامېنت ۋېنېسۇئېلانى مۇستەقىل قوشما ئىشتاتلار جۇمھۇرىيىتى دەپ ئېلان قىلىپ، مىراندا باشچىلىقىدىكى يېڭى ھۆكۈمەتنى تەشكىل قىلدى ھەمدە ئاساسىي قانۇن تۈزدى. ئاساسىي قانۇندا ئاساسىي دېموكراتىك ئەركىنلىككە كاپالەتلىك قىلىنىدىغانلىقى، فېئوداللىق ھاشار، ئاقسۆڭەكلەر ئۇنۋانى ۋە دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئىمتىيازلىرى بىكار قىلىنىدىغانلىقى، قۇل سېتىش مەنئىي قىلىنىدىغانلىقى، ھىندىئانلار ۋە شالغۇتلارنىڭ ھوقۇق جەھەتتە ئاق تەنلىكلەر بىلەن باراۋەر بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى. ۋېنېسۇئېلاغا خوشنا بولغان كولۇمبىيىنىڭ ئىنقىلاۋىي ۋەزىيىتىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن ۋېنېسۇئېلاغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇ يەردىمۇ ئىنقىلاۋىي ھاكىمىيەت قۇرۇلدى.

لېكىن، جۇمھۇرىيەت ھاكىمىيىتى تېخى دىگەندەك مۇستەھكەملىنىپ كېتەلمىگەن ۋە ئىنقىلاۋىي سەپنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تالاش-تارتىش بېسىقمىغان چاغدا، كارايىپ دېڭىزىنىڭ بويلىرىدىكى جايلارنى بېسىپ ياتقان ئىسپانىيە مۇستەملىكىچى قوشۇنلىرى كاتولىك دىنىدىكى تىرىلدۇرگۈچى كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ،

جۇمھۇرىيەتكە شىددەت بىلەن يېيىلدى. 1812 ـ يىلى، ۋېنېسۇئېلانىڭ تۇنجى جۇمھۇرىيىتى مەغلۇپ بولدى، ئىنقىلاۋىي خەلق قانلىق قىرغىنچىلىققا ئۇچرىدى.

تۇنجى جۇمھۇرىيەتنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان سىمون بولىۋار (1783 ـــ 1830 ـ يىل) يەرلىك ئاق تەنلىك كاتتا باي ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ياش ۋاقتىدا ياۋروپادا ئوقۇپ، فرانسىيە زور ئىنقىلاۋىنىڭ ئىدىيىۋى تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇ مەغلۇبىيەتتىن: ئىنقىلاۋىي ئورۇشتا ھۇجۇم قىلىش شەرت، دىگەن



سىمون بولىۋار

ساۋاقنى يەكۈنلەپ چىقتى. 1813-يىلى، ئۇ نەچچە يۈز كىشىلىك ئازاتلىق ئارمىيىنى باشلاپ قايتىدىن كۆرەشنى باشلىۋەتتى ھەمدە "لەنىتى قۇلدارلارغا قارشى ھايات-مامات جېڭى قىلايلى!" دېگەن چاقىرىقنى چىقاردى. ھايات-ماماتلىق كۆرەش ئارقىلىق، ئىنقىلابچىلار كاراكاس قاتارلىق كەڭ كۆلەملىك جايلارنى ئىسپانلارنىڭ قولىدىن ئازات قىلىپ، ۋېنېسۇئېلا جۇمھۇرىيىتى — ئىككىنچى جۇمھۇرىيەتنى قايتىدىن قۇردى. بىراق 1814-يىلى مۇستەملىكىچى قوشۇنلار ئىسپانىيىنىڭ ياردەمچى قوشۇنلىرىغا ئىگە بولدى ھەمدە كىشىنى ئازدۇرىدىغان تەشۋىقات ۋە قۇترىتىش ئارقىلىق يايلاقتىكى ئەركىن چارۋىچىلارنى جۇمھۇرىيەتكە قارشى سالدى. شۇنىڭ بىلەن، جۇمھۇرىيەت يەنە مەغلۇپ بولدى، ئىنقىلابچىلار تېخىمۇ قاتتىق دەھشەتلىك زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى.

بولىۋار يېڭىدىن مۇستەقىللىققا ئىگە بولغان ھايتى جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋە يېقىن خوشنا بولغان كولۇمبىيە خەلقىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى. ياۋروپا ئىنقىلابچىلىرىدىن تەشكىل تاپقان نۇرغۇنلىغان پىدائىيلار بولىۋارنىڭ جەڭگىۋار قوشۇنىغا قوشۇلۇپ تۇردى. بولۇپمۇ يايلاقتىكى چارۋىچىلارمۇ ئىنقىلاب تەرىپىگە جەلپ قىلىندى. 1816-يىلى، بولىۋار ئىنقىلابىي قوشۇننى باشلاپ يەنە بىر قېتىم ۋېنېسۇئېلانىڭ شەرقىي قىسمىدا قۇرۇقلۇققا چىقىپ، ئورىنوكو دەرياسى ۋادىسىنى بازا قىلىپ، ئۈچىنچى جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكالىدى. ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت بىرقاتار ئىجتىمائىي ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى جاكالىدى، ئىسپانىيە خان جەمەتىنىڭ ۋە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلدى، ئىنقىلابىي قوشۇنغا قاتناشقان جەڭچىلەرگە

ئۇرۇشتىن كېيىن بەر تەقسىم قىلىپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى. ئۇرغۇن-
لىغان نېگىرلار ۋە شالغۇت تەنلىكلەر ئىنقىلاۋىي كۈرەشكە قاتناشتى،
بۇلارنىڭ بەزىلىرى كېيىن مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنىڭ داڭلىق كوماند-
دىرلىرى بولۇپ قالدى. قۇل نېگىر پېترو كامىخ "جۇمھۇرىيەتتىكى
تۇنجى نېگىر" دېگەن نامغا ئىگە بولدى. قۇللارنى ئازات قىلىش
تەدبىرلىرى ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرىنى ئىنتايىن ساراسىمگە
سېلىپ قويىدى، ئۇلار توھمەت قىلىپ: "بۇ قاراتەنلىكلەرنىڭ ئاق
تەنلىكلەرگە قارشى ئۇرۇشى" دەپ جار سېلىشتى.

1819-يىل 5-ئايدا بولىۋار كارامەت ئۇستىلىق قىلىش ئىستىرا-
تېگىيىسىنى قوللىنىپ، دۈشمەننىڭ كاراكاستى بېسىپ ياتقان ئاساسىي
كۈچىگە ھۇجۇم قىلماي، ئارمىينى باشلاپ ئۇزاق يۈرۈش قىلىپ،
قەدىمىي ئورمانلاردىن ئۆتۈپ، ئاندىس تاغلىرىدىن ئېشىپ ئۆتۈپ،
كولۇمبىيىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. ئىگىز تاغلاردا ھەتتا ئاتلارمۇ
كوپلەپ ئۆلۈپ كەتتى، لېكىن ئىنقىلاۋىي قوشۇن باتۇرلۇق بىلەن
ئالغا ئىلگىرىلىدى. جاپا-مۇشەققەتلىك جەڭ ئارقىلىق كولۇمبىيە
رايونى ئاخىر ئازات قىلىندى. 1819-يىل 12-ئايدا، بۈيۈك
كولۇمبىيە جومھۇرىيىتى مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى، ئۇنىڭ چېگرىسى
ئەسلىدىكى يېڭى گرېنادا باش ۋالىسى ئىدارە قىلىدىغان دائىرىنى
ئۆز ئىچىگە ئالدى. بولىۋار جۇمھۇرىيەتنىڭ زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلاندى.
يەنە ئۈچ يىللىق ھەربىي ھەركەت ئارقىلىق ۋېنېسۇئېلا ۋە ئېكىۋا-
دور قاتارلىق جايلاردىكى قالدۇق ئىسپانىيە ئەكسىلئىنقىلاۋىي قورال-
لىق كۈچلىرى تازىلاندى، جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ شىمالىي رايونلىرى
پۈتۈنلەي ئازات قىلىندى.

**جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىي رايونلىرىدىكى مۇستەقىللىق**

**ئۇرۇشى** لاپلاتا رايونى ئىسپانىيە ئامېرىكىسىدىكى مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنىڭ ئەڭ جەنۇبتىكى مەركىزىي رايونى ئىدى. بۇ رايون مۇستەملىكىچى دۆلەتتىن ناھايىتى يىراق ئىدى، ئۇنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدىن ئالتۇن، كۈمۈش كانلىرى تېپىلمىغان ئىدى. مۇستەملىكە دەۋرىدە، بۇ يەر ئۇزاق ۋاقىت قالاق ھالەتتە تۇرغان ئىدى، مۇستەملىكىچى دۆلەتنىڭ مۇستەملىكىچى ھۆكۈمرانلىق كۈچلىرى باشقا باش ۋالىلار باشقۇرۇۋاتقان جايلارغا قارىغاندا نىسبىي ھالدا ئاجىز ئىدى. لاپلاتا دەرياسىنىڭ ئېغىزىدىكى بۇئېنوس-ئايرېس جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىدىكى ئەڭ چوڭ پورت، شۇنداقلا مۇشۇ رايوننىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى. 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى لاپلاتا رايونىغا بولغان سودا كېڭەيمىچىلىكىنى كۈچەيتىپ، ئەتكەسچىلىك بىلەن كەڭ شۇغۇللاندى. بۇئېنوس-ئايرېس قاتارلىق شەھەرلەردىكى يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان ئاق تەنلىك سودىگەرلەر، چارۋىدارلار ۋە بۇرژۇئازىيلاردا ئەركىن سودا قىلىش ۋە مۇستەقىل بولۇش تەلىپى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتاتتى. [^1]

1806—1807-يىللىرى، ئەنگلىيە ئىسپانىيىنىڭ ياۋروپا ئۇرۇشىدا ئېغىر دەرىجىدە ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، لاپلاتا مۇستەملىكىسىنى قوراللىق كۈچ بىلەن تارتىۋېلىش سۇيىقەستىدە بولدى. ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسى ئىككى قېتىم قىرغاققا چىقتى ھەمدە بۇئېنوس-ئايرېسنى بېسىۋالدى. ئىسپانىيە باش ۋالىسى شەھەرنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. بۇئېنوس-ئايرېس ئاھالىسى كۈچلۈك دۈشمەندىن قورقماستىن، ئۆزلۈكىدىن خەلق ئەسكىرى قوشۇنىنى تەشكىللەپ، شەھەرنى قوغداپ، ئەنگلىيە مۇنتىزىم ئارمىيىسىنى مەغلۇپ قىلدى ھەمدە

ھەيدەپ چىقاردى. ئەنگلىيىگە قارشى كۈرەشنىڭ غەلىبىسى لاپلاتا خەلقىنىڭ ئۆز زېمىنى ۋە ئەركىنلىكىنى قوغداش ئىشەنچى ۋە كۈچىنى نامايەن قىلدى. بۇ كۈرەش جەريانىدا، يەرلىك ئاق تەنلىك مۇستەقىلچىلار سىياسىي كۈچىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، شەھەر مەمۇرىيىتىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى، پورتلارنى ئېچىشنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئەركىن سودىنى يولغا قويدى.

1810-يىلىنىڭ بېشىدا، لاپلاتا رايونىدا مەخپىي تەشكىلاتلار مەيدانغا كەلدى، مۇستەقىللىق ھەركىتى توختىماستىن ئەۋج ئالدى. شۇ يىلى 5-ئايدا، ئىسپانىيىنى فرانسىيىنىڭ بېسىۋالغانلىق خەۋىرى يېتىپ كېلىش بىلەن، بۇئېنوس-ئايرېستا شۇ زامات ئاممىۋى نامايىش بولۇپ، ئىسپانىيە تەيىنلىگەن باش ۋالىي ئاغدۇرۇپ تاشلاندى، يەرلىك ئاق تەنلىك مۇستەقىلچىلاردىن تەركىب تاپقان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. ئەتراپتىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەر ئۇنىڭغا ئارقا-ئارقىدىن ئاۋاز قوشتى. 1811-يىلى پاراگۋايدىكى يەرلىك ئاق تەنلىك مۇستەقىلچىلار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئىسپانىيە تەيىنلىگەن ئۆلكە باشلىقىنى قولغا ئېلىپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇردى. شۇ مەزگىلدە، شەرقىي قىرغاقتىكى ئۆلكىلەر (ئۇرۇگۋاي)دىمۇ قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. شۇنداق قىلىپ، لاپلاتادىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ ھاكىمىيىتى، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، ئىسپانلارنىڭ قولىدىن يەرلىك ئاق تەنلىك باي سودىگەرلەرنىڭ، چوڭ چارۋىدارلارنىڭ، چوڭ پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ قولىغا ئۆتتى.

بۇئېنوس-ئايرېس تاجاۋۇز قىلىپ كەلگەن ئىسپانىيە مۇستەملىكىچى قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى ھەمدە ھەرقايسى ئۆلكىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، بىرلىككە كەلگەن دۆلەت قۇرماقچى بولدى. 1816-يىل

www.uyghurkitap.com

7 ـ ئايدا، ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ ۋەكىللىرى تۇكۇماندا يىغىن ئېچىپ، "لاپلاتا بىرلەشمە ئۆلكىسى" قۇرۇلغانلىقىنى رەسمىي ئېلان قىلىش بىلەن، ئىسپانىيىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىل بولدى. يىغىن ئەركىن سودىنى رىغبەتلەندۈرۈش، يېڭى پۇل قويۇش، مەجبۇرى زايوم تارقىتىشنى مەنئى قىلىش، ھىندىئانلاردىن ئېلىنىدىغان جان بېجى ۋە ھاشارنى بىكار قىلىش، نېگىر قۇللارنى ئەكېلىشنى چەكلەش قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر قانۇن-پەرمانلارنى ماقۇللىدى. ھەرقايسى ئۆلكە، رايونلار ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسادىي ۋە سىياسى مەنپەئەت جەھەتتە قاتمۇ-قات قىيىنچىلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەرقايسى ئۆلكىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ بىرلىككە كەلگەن دۆلەت قۇرۇش مەقسىدى ئەمەلگە ئاشمىدى①.

لاپلاتا بىرلەشمە ئۆلكىسىنىڭ مۇستەقىللىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئىسپانىيىنىڭ جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى مۇستەملىكىچىلىك تۈۋرۈكى بولغان پېرۇنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي قۇراللىق كۈچلىرىنى تۈزۈل-كېسىل يېڭىپ تاشلاش كېرەك ئىدى. ئارگېنتىنانىڭ داڭلىق ھەربى يولباشچىسى جوسې سان مارتىن (1778 ــ 1850) يىراقنى كورەرلىك بىلەن يىراقنى كوزدە تۇتقان ھەربى پىلان تۈزۈپ، ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ئىنقىلاۋىي ئارمىيىنى تەربىيىلىدى، ئازات بولغان نېگىر قۇللاردىن كۆپلەپ ئەسكەر توپلىدى ھەمدە قەھرىمان ئالاۋكا ھىندىئانلىرىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى.

① 1826 ـ يىلى "لاپلاتا بىرلەشمە ئۆلكىسى" ئارگېنتىنا قوشما ئىشتاتلار جۇمھۇرىيىتى دەپ ئۆزگەرتىلدى، شۇنىڭ ئالدى-كەينىدە بولىۋىيە، پاراگۋاي، ئۇرۇگۋاي مۇستەقىل دۆلەت بولۇپ قۇرۇلدى.

1817-يىلىنىڭ باشلىرىدا سان مارتىن ئارمىيىسىنى باشلاپ، 10 مىڭ گەز ئېگىزلىكتىكى ئاندېس تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ، چىلىنى ساقلاپ ياتقان ئىسپانىيە قوشۇنلىرىغا كۈتۈلمىگەن يەردىن زەربە بېرىپ، دۈشمەننى تامامەن تېرى-پېرەڭ قىلىۋەتتى. بۇ قېتىملىق ھەل قىلغۇچ غەلىبە جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى مۇستەقىللىق-ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ قوغدىنىشتىن ھۇجۇمغا ئۆتكەنلىكىنىڭ زور بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1818-يىل 2-ئايدا، چىلى رەسمىي مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. ئارقىدىنلا، سان مارتىننىڭ ئازاتلىق ئارمىيىسى چىلىنىڭ ئىنقىلاۋىي كۈچلىرى بىلەن بىرلىشىپ كىچىككىنە بىر دېڭىز ئارمىيىسى تەشكىل قىلىپ، ئىسپانىيىنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئەڭ جاھىل مۇستەملىكە قورغىنى بولغان پېرۇغا دېڭىزدىن يۈرۈش قىلدى، 1821-يىل 7-ئايدا، ئۇلار پېرۇنىڭ پايتەختى لىمانى ئازات قىلدى، پېرۇ مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. بۇ بىر قاتار شانلىق



1817-يىلى سان مارتىن قوشۇنىنى باشلاپ ئاندېس تېغىدىن ئۆتۈپ، چىلىغا كىردى.

ھەربىي غەلىبە لاپلاتا، چىلى ۋە پۈتكۈل جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ
جەنۇبىدىكى كەڭ رايونلارنىڭ ئۆز مۇستەقىللىقىنى مۇستەھكەملىشىنى
كاپالەتلەندۈردى.

پېرۇ مۇستەقىللىق ئېلان قىلغاندىن كېيىن، كەڭ ئىچكى قۇرۇق-
لۇق يەنىلا ئىسپانىيە مۇستەملىكىچى قوشۇنلىرىنىڭ قولىدا بولدى،
لىمانىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىمۇ تازا مۇقىم بولالمىدى. مۇستەملىكىچىلىك-
نىڭ ئەڭ ئاخىرقى قورغىنى بولغان پېرۇنى ئۈزۈل-كېسىل تارمار
قىلىش ئۈچۈن، 1822-يىل 7-ئايدا، جەنۇبىي ئامېرىكا قۇرۇقلۇ-
قىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالدىكى ئىككى چوڭ قوشۇنىنىڭ رەھبەرلىرى
سان مارتىن بىلەن بولىۋار گۋاياكىل (ئېكۋادور)دا كۆرۈشۈپ،
زور ھەربىي مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلدى. بۇ ئۇچرىشىشتىن كېيىن،
سان مارتىن ئۆزىنىڭ ھەربىي قوماندانلىقىدىن ئۆزلۈكىدىن ئىستىپا
بېرىپ، ئارگېنتىناغا قايتىپ كەتتى، پېرۇنى ئازات قىلىشنىڭ ئاخىرقى
جېڭىنى كولۇمبىيە قوشۇنىغا قالدۇردى. 1824-يىل 12-ئايدا،
كولۇمبىيە گېنېرالى سۇكرې باشچىلىقىدىكى ئىنقىلاۋىي قوشۇن
ئىسپانىيىنىڭ قالدۇق قوشۇنلىرى بىلەن ئاياكۇچودا بولغان ھەل قىلغۇچ
جەڭدە پۈتۈنلەي غەلىبە قىلدى. بۇ قېتىمقى بىرلەشمە جەڭگە كولۇم-
بىيىلىكلەر، پېرۇلۇقلار، چىلىلىقلار، ئارگېنتىنالىقلار ۋە باشقىلار
قاتناشتى، بۇ لاتىن ئامېرىكىسى خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ جەڭ قىلغان-
لىقىنىڭ غەلىبە سىمۋولى بولدى.

1825-يىل 1-ئايدا، ئۈستۈنكى پېرۇ مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى،
بولىۋارنىڭ تۆھپىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، بۇ يېڭى جۇمھۇرىيەتكە
بولىۋىيە دەپ نام بېرىلدى.

شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، ئىسپانىيىگە قاراشلىق جەنۇبىي ئامېرىكا

قۇرۇقلۇغى تامامەن ئازات بولدى.

**يېڭى ئىسپانىيە رايونىدىكى مۇستەقىللىق-ئازاتلىق ئۇرۇشى**

يېڭى ئىسپانىيە (مېكسىكا رايونى) مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنىڭ ئەڭ شىمالىي قىسمىدىكى مەركىزىي رايونى ئىدى. بۇ رايون مۇستەملىكىچى دۆلەتكە يېقىنراق ئىدى، ئۇ يەر مۇھىم ئالتۇن-كۈمۈش كانى بولغاچقا، ئۇ يەردە مۇستەملىكە ھوكۈمرانلىقى ئەڭ كۈچلۈك ئىدى، يەر ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن دىنىي جەمئىيەتنىڭ كۈچى ھەممىدىن زور ئىدى، ھىندىئانلار بىلەن شالغۇت تەنلىكلەر ئەڭ ئېغىر زۇلۇمغا ئۇچرايتتى. بۇ ئالاھىدىلىكلەر تۈپەيلىدىن مېكسىكىنىڭ مۇستەقىللىق-ئازاتلىق ھەركىتى ئېغىر مۇرەككەپ ۋە ئەگرى-توقاي كۈرەشلەرنى بېشىدىن كەچۈردى.

مېكسىكىدا مۇستەقىللىق ئىنقىلابى پارتلىغان دەسلەپكى چاغلاردا، مۇستەملىكىچى دائىرىلەر بىلەن ئىسپانىيەپەرەس مۇتەئەسسىپ كۈچلەر باشتىلا بارلىق ئىنقىلابىي پائالىيەتلەردىن قاتتىق پەخەس بولغاچقا، پايتەختتىكى يەرلىك ئاق تەنلىك مۇستەقىللىقچىلار شەھەر پارلامېنتىنى تىزگىنلەشكە ۋە كەڭ ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىشقا قۇدرىتى يەتكۈدەك مۇستەقىل سىياسىي كۈچ بولۇپ شەكىللىنەلمىدى، شۇ سەۋەبتىن ئىنقىلابنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى سىرتتىن كەلگەن تۆۋەن قاتلام پوپلارنىڭ، ئۇششاق پومېششىكلار، تۆۋەن دەرىجىلىك ئەپىتسەرلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. 1810-يىل 9-ئايدا كېرېتارو شەھىرىدىكى بىر مەخپىي ئىنقىلابىي تەشكىلات ئاشكارىلىنىپ قالدى. بۇنىڭغا قاتناشقان يېزا پوپى مىگول ئىدالگو دەررۇ مۇددەتتىن ئىلگىرى قوزغىلاڭ كۆتەردى. 9-ئاينىڭ 16-كۈنى تاڭ سەھەردە، ئۇ چېركاۋنىڭ قوڭغۇرىقىنى چېلىپ ھىندىيان مۇرىتلارنى يىغىپ، ئۇلارنى 300 يىل

www.uyghurkitap.com

ئىلگىرى ئىسپانلار ئۆلارنىڭ ئەجداتلىرىنىڭ قولىدىن تارتىۋالغان زېمىنلارنى تارتىۋېلىشقا چاقىردى. "مۇستەقىللىق ياشىسۇن!"، "ئەس ھوكۇمەتنى يوقىتايلى!"، "ئىسپانلارنى دارغا ئاسايلى!" دېگەن شوئار ئاستىدا، تەرەپ-تەرەپتىن يىغىلغان ھىندىيان دېھقانلار، شەھەرلەردىكى ئەمگەكچىلەر، كۈمۈش كانلىرىنىڭ ئىشچىلىرى، تۆۋەن قاتلام پوپلار ۋە ئەپتىسەرلەر ھەيۋەتلىك قوزغىلاڭ قوشۇنىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، پالتا، ئوغاق، تاياق-توقماقلارنى ئېلىپ، ھەممە يەردە چوڭ پومېشچىكلارنىڭ قورۇللىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىسپانلار بىلەن يەرلىك ئاق تەنلىك چوڭ پومېشچىكلارنىڭ ئۆيلىرىنى كويدۇردى، مال-مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلدى، كونا مۇستەملىكىچىلىك ھوكۇمرانلىقى تەرتىۋىنى ئوڭتەي-توڭتەي قىلىۋەتتى. قوزغىلاڭچىلار ئىسپانىيىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھوكۇمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، يەرنى ھىندىيانلارغا قايتۇرۇپ بېرىش، قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش، تۈرلۈك ئالۋان-ياساقلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش قاتارلىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىر ئايدىن كوپرەك ۋاقىت ئىچىدە قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى 80 مىڭ كىشىگە يېتىپ، يېڭى ئىسپانىيىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. مېكسىكا ئىنقىلاۋىنىڭ باشلىنىش بىلەنلا روشەن ئىجتىمائىي ئىنقىلاپ خاراكتىرىنى ئېلىشى مۇستەملىكىچى دائىرىلىرىنىڭ، كاتولىك دىنى يۇقۇرى قاتلام ئۇنسۇرلىرىنىڭ، ئىسپانىيەپەرەس مۇتەئەسسىپلەرنىڭ ئىنتايىن چوڭقۇر ئوچمەنلىكىنى قوزغاپ قالماستىن، يەرلىك ئاق تەنلىكلەرنىڭ يۇقۇرى قاتلام باي تەبىقىسىنىڭمۇ قورقۇنچى ۋە ئوچمەنلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئەسلىدە دۈشمەن مالىماتاڭ بولۇپ كەتكەن پەيتتە مېكسىكا شەھىرىنى بىرلا ھۇجۇم بىلەن ئېلىشى مۇمكىن ئىدى.

لېكىن ئىدالگو خاتا ھالدا چېكىنىشكە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، جەڭ پۇرسىتىنى كەتكۈزۈپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىنقىلاب سېپىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بۆلۈنۈش پەيدا بولۇپ، جەڭگىۋارلىق ئاجىزلاپ كەتتى. 1811-يىل 3-ئايدا، ئىدالگو باشچىلىقىدىكى قوشۇن دۈشمەننىڭ پىستىرمىسىغا ئۇچرىدى، ئىدالگونىڭ ئۆزىمۇ دۈشمەنلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. مېكسىكىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا قوراللىق كۈرەشكە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان جوسې مورېلوس (1765—1815) مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنىڭ يېڭى رەھبىرى بولۇپ قالدى. مورېلوس تۆۋەن قاتلام شالغۇت تەنلىكلەردىن كېلىپ چىققان، ئۇ چوڭ پومىششىكلارنىڭ چاڭزىلىرىدا 25 يېشىغىچە ئىشلىگەن، كېيىن تۆۋەن دەرىجىلىك پوپ بولغان ئىدى. ئۇ يولباشچىلىق قىلغان قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئىككى يىل ئىچىدە مېكسىكىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك قولغا كىرگۈزدى. 1813-يىل 9-ئايدا، قوزغىلاڭچىلار بۇرژۇئا-پومىششىك زىيالىيلىرى قاتناشقان مىللىي قۇرۇلتاي چاقىردى. 11-ئايدا مېكسىكىنىڭ مۇستەقىللىقى رەسمىي ئېلان قىلىندى. مورېلوس ئىرقىي باراۋەرلىك، دىنىي جەمئىيەت بىلەن ئەپىتسەرلەرنىڭ ئىمتىيازىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، دىنىي جەمئىيەتنىڭ يەرلىرىنى يىغىۋېلىش، بايلارنىڭ مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش، چوڭ يەر مۈلكىنى ئۇششاق پارچىلارغا بۆلۈپ دېھقانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىش، ئومۇمىي سايلام تۈزۈمىنى يولغا قويۇش قاتارلىق ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ لاتىن ئامېرىكىسى مۇستەقىللىق ھەرىكىتى داۋامىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان، رادىكال بولغان بۇرژۇئا ئىنقىلابىي پروگراممىسى ئىدى. بىراق 1814-يىلى فېردىناند VII ئىسپانىيىدە تەختكە

چەققاندىن كېيىن، ئىسپانىيىنىڭ مۇستەملىكىچى قوشۇنلىرى كۆيلەپ ياردەمگە ئىگە بولدى ھەمدە يەرلىك ئاق تەنلىكلەرنى مەجبۇرلاپ ئەكسىلئىنقىلاۋىي قوراللىق كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىنقىلابقا غالجىرلارچە يېپىلدى. كۈرەشنىڭ جەددى پەيتىدە، مىللىي قۇرۇلتاي موررېلوسنى ئالىي باش قوماندانلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئارقا-ئارقىدىن يېڭىلدى. 1815-يىلىنىڭ ئاخىرىدا موررېلوس قولغا ئېلىندى، ئۇ قۇربان بولۇش ئالدىدا تۇۋبە قىلىش ۋە گۇناھىنى ئىقرار قىلىشنى رەت قىلىپ، قەتئىي تەۋرەنمەيدىغان ئىنقىلاۋىي جاسارىتىنى ئىپادىلىدى. يېتىراپ كەتكەن قوشۇنلار تاغلىق رايونلارغا بېرىپ، پارتىزانلىق ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى.

1820-يىلى، ئىسپانىيىدە يەنە بىر قېتىم ئىنقىلاب پارتلاپ، بۇرژۇئا لىبراللىرى ھاكىمىيەتنى ئۆز قولىغا ئالدى ھەمدە فېردىناند VII گە 1812-يىلدىكى بۇرژۇئا ئاساسىي قانۇنىنى مەجبۇرى قوبۇل قىلدۇردى. بۇ خەۋەر ئامېرىكا قىتئەسىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، مېكسىكا مۇستەملىكىچى دائىرىلىرى، دىنىي جەمئىيەت، ئارمىيە ۋە يەرلىك ئاق تەنلىكلەرنىڭ يۇقۇرى تەبىقىسى قاتتىق دەككە-دۆككەگە چۈشۈپ قالدى، ئۇلار مۇستەملىكىچى دۆلەتتىكى ئىنقىلاب بورىنىنىڭ مېكسىكىدا يەنە ئىنقىلابنى كەلتۈرۈپ چىقىشىدىن قورقۇپ، مېكسىكىنى ئىنقىلاب بولىۋاتقان ئىسپانىيىدىن ئايرىۋېتىش غەرىزىدە، ھاپىلا-شاپىلا سىياسىي سۇيىقەست پىلانلىدى. 1821-يىلىنىڭ باشلىرىدا، ئىسپانىيە مۇستەملىكىچى قوشۇنىنىڭ كوماندىرى، ئىككى قولى ئىنقىلابچىلارنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن بويالغان جاللات ئىتۇربىدې شاڭشياۋ مۇستەقىللىقنىڭ ۋەزىيىتىنىڭ تەقەززاسى بولۇپ قالغانلىقىنى كۆزى

يېتىپ، دەررۇ ئىنقىلاپنى ھىمايە قىلىدىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، مۇستەقىللىق، ئىرقى باراۋەرلىك، دىنىي جەمىيەتنى قوغداش دېگەن 3 كاپالەتلىك پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇتەئەسسىپلەردىن تارتىپ مۇستەقىللىقچىلارغىچە بولغان ھەرقايسى گۇرۇھلارنىڭ سىياسى كۈچلىرىنى ۋاقتىنچە بىر يەرگە يىغدى. 9-ئايدا ئىتۇربىدې قوشۇننى باشلاپ مېكسىكا شەھرىگە كىرىپ، مېكسىكىنىڭ ئىسپانىيەدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

چوڭ سۇيىقەستچى ئىتۇربىدې دۆلەت ھاكىمىيىتىنى قولغا ئېلىۋالغاندىن كېيىن، 1822-يىل 5-ئايدا ھەربى سىياسى ئۆزگىرىش قوزغاپ، ئىمپېرىيە تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، ئۆزىگە "ئاۋگۇستىن I" دەپ نام بېرىپ، مېكسىكا ئىمپېرىيىسىنى قۇردى. ئەمما دۆلەت ھاكىمىيىتىنى قولغا ئېلىۋالغان بۇ قاراقچىنىڭ ئابرۇيى 10 ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە توكۇلۇپ، خەلق تەرىپىدىن ئىمپېراتورلۇق تەختىدىن ئاغدۇرۇۋېتىلدى ۋە كېيىن قولغا ئېلىنىپ ئېتىپ تاشلاندى. 1824-يىلى مېكسىكىنىڭ يېڭى ئاساسىي قانۇنىدا مېكسىكا قوشما ئىشتاتلىق جۇمھۇرىيەت قىلىپ بەلگىلەندى.

مېكسىكىنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، ئوتتۇرا ئامېرىكا رايونىمۇ 1821-يىلى ئىسپانىيەدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولدى ھەمدە بىرمەھەل مېكسىكا جۇمھۇرىيىتىگە قوشۇلدى. 1823-يىلى يەنە مېكسىكىدىن ئايرىلىپ، مۇستەقىل قوشما ئىشتاتلىق جۇمھۇرىيەت — ئوتتۇرا ئامېرىكا بىرلەشمە ئۆلكىسىنى قۇردى. 1838-يىلى، ئوتتۇرا ئامېرىكا بىرلەشمە ئۆلكىسى گۋاتېمالا، سالۋادور، نىكاراگۇئا، ھوندۇراس، كوستا-رىكا دېگەن 5 دۆلەتكە بۆلۈنۈپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

## 4 - بۆلۈم پورتۇگالىيىگە قاراشلىق برازىلىيىنىڭ مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشى

پورتۇگالىيىگە قاراشلىق برازىلىيىنىڭ يەر مەيدانى 8 مىليون 516 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئەڭ چوڭ دۆلەتلەرنىڭ بىرى ئىدى. مۇستەملىكە دەۋرىدە، برازىلىيە لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ئەڭ قالاق رايونلىرىنىڭ بىرى ئىدى، دېڭىز بويىدىكى قىسمەن رايونلاردىن باشقا، كەڭ ئىچكى جايلار تېخى ئېچىلمىغان ئىدى. 19 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، برازىلىيىدە ئالاھەزەل 3 مىليون 500 مىڭ ئاھالە بار ئىدى، بۇنىڭ يېرىمى دىگۈدەك نېگىر قۇللار ئىدى. ئاق تەنلىكلەر ئالاھەزەل 800 مىڭ ئىدى. قالغانلىرى ئەركىن نېگىرلار، ھىندىئانلار ۋە ھەر خىل شالغۇت تەنلىكلەر ئىدى. برازىلىيىنىڭ شېكەر قومۇشى، كېۋەز، كوفې تېرىيدىغان چوڭ ئېكىنزارلىقلىرىدا، ئالتۇن ۋە ئالماس كانلىرىدا پۈتۈنلەي دىگۈدەك قۇللار ئەمگەك قىلاتتى. ئەنگىلىيە ساياھەتچىلىرىنىڭ خاتىرىلىرىدىن قارىغاندا، نېگىرلار ۋە شالغۇت تەنلىكلەر ئۆزى ئىشلىگەن ھەر بىر كەسىپتە ئۆزلىرىنىڭ خوجايىنلىرىدىنمۇ ئەقىل - پاراسەتلىك ۋە ماھىر ئىدى.

برازىلىيىدىكى ھىندىئانلار ۋە نېگىر قۇللار مۇستەملىكىچىلىك ئېكسپىلاتاتسىيىگە ۋە ئىرقىي زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن ئۇزاق مۇددەت كۆرەش ئېلىپ باردى. 17 - ئەسىردە نەچچە ئون

مىڭلىغان قاچقۇن نېگىر قۇللار پالما دەرىخى ئورمانلىقلىرىدا ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى — پالمارىس دۆلىتىنى قۇرۇپ، ئاللەمدىن خەۋەرسىز بولغان شارائىت ئاستىدا ئۆزلىرىنىڭ غايەت زور تەشكىللەش قابىلىيىتىنى نامايەن قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكى ۋە مۇستەقىللىقىنى 67 يىلغىچە قوغداپ قالدى. بۇ دۇنيا تارىخىدا نېگىرلارنىڭ ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى شانلىق ئىش ئىزلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

18 دئەسىرنىڭ ئاخىرى 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ھايتىدىكى قۇللار ئىنقىلاۋى ۋە ئىسپانىيە ئامېرىكىسىدىكى مۇستەملىكىلەردىكى مۇستەقىللىق ھەركىتىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، برازىلىيىنىڭ باھىيا، سىن ـ پاۋلۇ، مىناس گېرائىس قاتارلىق رايونلىرىدا ئۇرغۇن قېتىم قۇللار قوزغىلىڭى، ھىندىيانلار قوزغىلىڭى، يەرلىك ئاق تەنلىكلەر قوزغىلاڭلىرىنىڭ تەرەددۇتى بولدى.

1807 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدا، ناپولېون قوشۇنلىرى پورتۇگالىيىگە بېسىپ كىردى. پورتۇگالىيىنىڭ فېوداللىق سۇلالىسى ئېغىر كىرىزىسكە دۇچكەلدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ئىسپانىيىنىڭ ئەھۋالىدىن باشقىچە بولدى، پورتۇگالىيە خان جەمەتى ئەنگلىيە پاراخوتلىرىنىڭ مۇھاپىزەت قىلىشى ئارقىسىدا برازىلىيىگە قېچىپ كەتتى. خان جەمەتى مۇستەملىكىگە كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن، برازىلىيىگە بولغان بىۋاستە ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتتى. برازىلىيە ۋاقتىنچە پورتۇگالىيە پادىشالىقىنىڭ سىياسى مەركىزىگە ئايلاندى. پورتۇگالىيە ھۆكۈمىتى برازىلىيىنىڭ دېڭىز پورتلىرىنى ئېچىپ، ئەنگلىيە ماللىرىنىڭ كىرىشى ئۈچۈن دەرۋازىنى چوڭ ئېچىپ بەردى. 1815 ـ يىلى 12 ـ ئايدا "پورتۇگالىيە، برازىلىيە ۋە ئاركاۋى بىرلەشمە پادىشالىقى"

قوزغۇلدى، برازىلىيە شەكىل جەھەتتە پورتۇگالىيە بىلەن تەڭ باراۋەر ئورۇندا تۇراتتى. لېكىن، ئەمەلىيەتتە برازىلىيىنىڭ چوڭ ھوقۇقىنىڭ ھەممىسى يەنىلا پورتۇگالىيە خان جەمەتىنىڭ ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قولىدا ئىدى. بىۋاستە ئېلىپ بېرىلغان مۇستەملىكىچىلىك ھوكۇمرانلىق برازىلىيىنىڭ بايلىقلىرىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش ۋە برازىلىيە خەلقىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشنى زور دەرىجىدە كۈچەيتتى. ھىندىئانلارنىڭ يەرلىرى يېڭىۋاشتىن تالان-تاراج قىلىندى، ئۇلار تېخىمۇ يىراق ئېچكى جايلارغا ھەيدىۋېتىلدى. بولۇپمۇ پورتۇگالىيە خان جەمەتىنىڭ فرانسىيىگە قارشىلىق گۇئىيانا(1808-يىل) بىلەن ئىسپانىيىگە قارشىلىق ئۇرۇگۋاي (1810—1816)غا قارىتا ئارقا-ئارقىدىن تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىشى ئارقىسىدا، برازىلىيە خەلقىنىڭ نامراتلىقى ۋە نارازىلىقى تېخىمۇ كۈچەيدى. مۇستەملىكىچىلىك مۇستەبىت ھوكۇمرانلىققا قارشى كۈرەش ئۈزلۈكسىز بولۇپ تۇردى. نېگىر قۇللار قوزغىلىڭى ۋە ھىندىئانلارنىڭ يەرلەرنى تالان-تاراج قىلىشقا قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرى كۈنسايىن كۈچىيىپ باردى. ئىسپانىيە ئامېرىكىسىنىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، نۇرغۇن شەھەرلەردىكى يەرلىك ئاق تەنلىك مۇستەقىلچىلار ئورتاق قۇتقۇزۇش جەمئىيىتى، "ئۇلۇغ شەرق" قېرىنداشلار جەمئىيىتى قاتارلىق مەخپىي تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، مۇستەقىللىق ھەركەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى.

1817-يىل 3-ئايدا، پېرنامبۇكو ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى رېسفىدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىنىڭ قوزغىلىشى بىلەن شەرقىي شىمال دېڭىز ياقىلىرىدىكى ئۆلكىلەرگە تارقالغان زور كۆلەملىك قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. قوزغىلاڭچىلار "ياشىسۇن مۇستەقىللىق!"، "ياشىسۇن ئەركىنلىك!"

دىگەن شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سودىگەر جوسې مارتىن باشچى-
لىقىدا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەشكىل قىلدى، جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانلى-
قىنى، برازىلىيىلىكلەر بىلەن ياۋروپالىقلار باپ-باراۋەر ئىكەنلىكىنى،
ناموۋاپىق باج-سېلىقلارنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدىغانلىقىنى ئېلان
قىلدى. قوزغىلاڭ شەھەر، تووەن قاتلام ئاھالىسىنىڭ ۋە نېگىرلارنىڭ
كەڭ كولەمدە قوللىشىغا ئېرىشتى. لېكىن، قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك
قىلغۇچى سودىگەرلەر، ئەپىتسەرلەر ۋە يەرلىك ئاق تەنلىك پومېش-
شىكلار سىنىپى خۇسۇسى مال-مۈلۈكنىڭ دەخلى-تەرۇزگە ئۇچرىماي-
دىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇرژۇئا پىرىنسىپىنى تەكىتلەپ، برازىلىيە
جەمئىيىتىنىڭ ئاساسى بولغان قۇللۇق تۈزۈمىگە تېگىشكە جۇرئەت
قىلالمىدى. قوزغىلاڭ مەملىكەت بويىچە كەڭ دائىرىلىك بولمىدى،
مۇستەملىكە دائىرىلىرى كوپلەپ ئەسكەر يوتكەپ قامال قىلغان ۋە
قورشاپ ھۇجۇم قىلغان قىيىن ۋەزىيەت ئاستىدا، كۈرەش 76 كۈن
داۋام قىلىپ، ئاخىر مەغلۇپ بولدى. بىراق بۇ قوزغىلاڭ مەملىكەت
بويىچە ئىنتايىن زور تەسىر پەيدا قىلدى، ئۇ 1822-يىلدىكى
برازىلىيىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق
قوراللىق مانېۋىر بولدى.

1820-يىلى، ئىسپانىيە ئىنقىلاۋىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، پورتۇ-
گالىيىدىمۇ بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى پارتلىدى. بۇ خەۋەر يېتىپ كېلىشى
بىلەن پېرنامبۇكو، باھىيا قاتارلىق جايلاردا يەرلىك ئاق تەنلىك
مۇستەقىلچىلار رەھبەرلىك قىلغان مۇستەقىللىق ھەركىتى پارتلىدى.
1821-يىل 2-ئايدا، رىو-دې-جانېرودىكى برازىلىيىلىك ئەپىت-
سەرلەر، ئەسكەرلەر ۋە پورتۇگالىيىلىك ئەپىتسەرلەر، ئەسكەرلەر
قوزغىلاڭ كوتەردى. پورتۇگالىيە پادىشاسى ژۇئان VI مۇستەملىكىچى

دۆلەت بىلەن مۇستەملىكىدىكى پادىشالىق ئورنىدىن بىرلا ۋاقىتتا مەھرۇم قېلىشتەك خەتەر ئالدىدا تۇراتتى. 1821-يىلى 4-ئايدا ژۇئان VI پورتۇگالىيىگە قايتىپ كەلدى، ئوغلى پېدرونى برازىلىيىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا قالدۇردى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ مېڭىش ئالدىدا پېدروغا: مۇبادا ۋەزىيەت يامانلىشىپ كېتىپ، برازىلىيە مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىدىغان بولسا، ئۆزەڭ مۇستەقىللىق ئېلان قىلىپ، پادىشالىق تاجىنى ئۆزەڭ كىيگىن دەپ تاپىلىغان ئىكەن.

بۇرژۇئا لىبېراللىرى ھوقۇق تۇتقان پورتۇگالىيە پارلامېنتى برازىلىيىنىڭ باراۋەرلىك ئورنىنى قەتئىي ئېتىراپ قىلماي، ئۆزىنىڭ برازىلىيىگە بولغان مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىشقا كۆچەپ ئۇرۇندى ھەمدە برازىلىيىنى قوراللىق كۈچ بىلەن بويسۇندۇرۇش تەرەددۇتىنى قىلدى. برازىلىيىنىڭ جەنۇبىدىكى چوڭ ئېكىنزارلىق ئىگىلىرى، چوڭ سودىگەرلەر ۋە يۇقىرى قاتلام مۇتەئەسسىپ ئۇنسۇرلار ھەم پورتۇگالىيىنىڭ زورلۇق-زومبۇلۇقىغا ۋە بېسىمىغا نارازى ئىدى، ھەم دۆلەت ئىچىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ قوزغىلىشى ئارقىسىدا ئىجتىمائىي ئىنقىلابنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن قورقاتتى. ئۇلار ئۆزى قولغا كىرگۈزۈۋالغان مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ھەرىكەتنى خەۋپى ئەڭ ئاز بولغان پادىشالىق-ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم يولىغا سېلىشقا كۆچەپ ئۇرۇندى. ئىچكى-تاشقى ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى ئارقىسىدا، 1822-يىلى 9-ئاينىڭ 7-كۈنى پېدرو برازىلىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، برازىلىيە پادىشالىق-ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈمدىكى ئىمپېرىيىگە ئايلاندى. ئىلگىرىكى پورتۇگالىيە

شازادىسى پادىشالىق تاجىنى ئۆز بېشىغا كىيىپ، ئۆزىنى ئىمپېراتور پېدرو I دەپ ئاتىدى. لېكىن شىمالدىكى جۇمھۇرىيەتچىلەر يەنىلا مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قۇرۇش يولىدىكى كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى. 1824-يىلى، شىمالدىكى ئۆلكىلەر قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، قوشما ئىشتاتلىق جۇمھۇرىيەت—ئېكۋادور ئىتتىپاقى قۇرۇلغانلىقىنى جاكالىدى. بۇ قوزغىلاڭ 6 ئاي داۋام قىلىپ، ئاخىر مەغلۇپ بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى بىلەن پادىشالىق تۈزۈم ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش زادى توختىمىدى، بۇ كۈرەش پۈتكۈل ئىمپېرىيە دەۋرىگە سىڭدى.

پورتۇگالىيە خان جەمەتىنىڭ برازىلىيىگە بولغان بىۋاستە هوكۇمرانلىقى ۋە برازىلىيە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ كۈچىنىڭ ئىنتايىن ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن، برازىلىيە مۇستەقىل بولغاندىن كېيىنمۇ هاكىمىيەت پېدرو I نى ئەڭ ئالىي ۋەكىل قىلغان كونا هوكۇمران كۈچلەرنىڭ قولىدا بولدى. بۇ ئەكسىيەتچىل كۈچلەر برازىلىيىنىڭ چوڭ قول ساقلىغۇچى قۇلدارلىرى، چوڭ ئېكىنزارلىق ئىگىلىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، يەر ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ مۇستەبىت هوكۇمرانلىقىنى قۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن، برازىلىيە خەلقى 70 يىل كۈرەش قىلىش ئارقىسىدا، 1889-يىلىغا كەلگەندە ئاخىر نېگىرلار قۇللۇق تۈزۈمىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، پادىشالىق مۇستەبىتلىك تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، برازىلىيە قوشما ئىشتاتلىق جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى.

## 5-بولۇم لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مۇستەقىللىق ئىنقىلاۋىنىڭ ئاساسىي نەتىجىلىرى

18-ئەسىرنىڭ ئاخىرى 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا لاتىن ئامېرىكىسىدا بولغان مۇستەقىللىق ئىنقىلاۋىي ھەركىتى دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، كۈرەشكە قاتناشقان ئاھالىنىڭ كۆپلىكى ۋە كۈرەش داۋام قىلغان ۋاقىتنىڭ ئۇزۇنلۇغى جەھەتتە، دۇنيادىكى مۇستەملىكىلەردە بولغان ئىنقىلاۋىي ھەركەت تارىخىدا مىسلىسىز بولدى. پۈتكۈل لاتىن ئامېرىكىسى (غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرىدىكى ئاز سانلىق رايونلاردىن باشقا)نىڭ ھەممە يېرىدە كۈرەش ئوتلىرى يالقۇنجىدى، ئۇلار مۇستەملىكىچىلىك ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىللىققا ئېرىشتى. بۇ داغدۇغىلىق ئىنقىلاۋىي ھەركەت ياۋروپا، شىمالىي ئامېرىكا بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىي ھەركىتى بىلەن ماسلىشىپ، ياۋروپادا فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ يىمىرىلىشىنى تېزلەتتى. بۇ دۇنيا تارىخىدىكى بىر ئۇلۇغ ۋەقە بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مۇستەقىللىق ئىنقىلاۋىي ھەركىتى ئاساسىي جەھەتتىن بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ. مۇستەقىل بولۇشتىن ئىلگىرى ھەرقايسى مۇستەملىكىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي شارائىتلىرىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بولغاچقا، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مۇستەقىللىق ئىنقىلاۋىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىدى. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، بۇ مۇستەقىللىق ئىنقىلاۋى قولغا كەلتۈرگەن ئورتاق ئاساسىي نەتىجىلەر تۆۋەندىكىچە:

(1) فرانسىيە، ئىسپانىيە ۋە پورتۇگالىيىدىن ئىبارەت كونا مۇستەم-
لىكىچىلەر ھەيدەپ چىقىرىلىپ، بىر قاتار مىللىي مۇستەقىل دۆلەتلەر
قۇرۇلدى. غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرى قاتارلىق جايلارنى
ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاساسىي جەھەتتىن بۈگۈنكى كۈندىكى لاتىن
ئامېرىكىسىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئورۇن-
لىشىشى مەيدانغا كەلدى. 19-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىغىچە، لاتىن
ئامېرىكىسىدا 18 مۇستەقىل يېڭى دۆلەت قۇرۇلدى؛ فرانسىيىگە
قاراشلىق سان-دومىنگودا نېگىرلار جۇمھۇرىيىتى بولغان ھايتى
جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى؛ ئىسپانىيە ئامېرىكىسىدا 16 دۆلەت قۇرۇلدى،
يەنى مېكسىكا، گۋاتېمالا، سالۋادور، نىكاراگۇئا، ھوندۇراس،
كوستا-رىكا، دومىنىكا (بۇلار ئەسلىدە يېڭى ئىسپانىيىگە تەۋە
ئىدى)، ۋېنېسۇئېلا، كولۇمبىيە، ئېكۋادور (بۇلار ئەسلىدە يېڭى
گرېناداغا تەۋە ئىدى)، پېرۇ، چىلى (بۇلار ئەسلىدە پېرۇغا تەۋە
ئىدى)، ئارگېنتىنا، پاراگۋاي، بولىۋىيە، ئۇرۇگۋاي (بۇلار ئەسلىدە
لاپلاتاغا تەۋە ئىدى)؛ پورتۇگالىيىگە قاراشلىق برازىلىيە مۇستەقىل
بىر دۆلەت بولدى. يېڭى دۆلەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشى مىللىي قوشۇلۇشنى
تېزلىتىپ، تەدرىجىي ھالدا يېڭى مىللەتلەرنى شەكىللەندۈردى؛
(2) برازىلىيىدىن باشقا، يېڭىدىن گۈللەنگەن دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىدە
بۇرژۇئا دېموكراتىيە تۈزۈمى شەكلىدىكى جۇمھۇرىيەت قۇرۇلدى
(ھايتى ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىمپېرىيە تۈزۈمىنى يولغا قويدى)، مۇس-
تەملىكىچى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ نامى قاتارلىق فېئوداللىق قانۇنلار بىكار
قىلىندى؛ (3) كاتولىك دىنىي جەمئىيىتى بىلەن ھوكۇمەت ئايرىلدى،
ئىنتايىن ئەكسىيەتچىل بولغان مەھكىمە شەرئىي ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ،
دىنىي جەمئىيەتنىڭ سىياسىي-ئىقتىسادىي كۈچى ئاجىزلىتىلدى؛ (4)

www.uyghurkitap.com

ھايتىدا نېگىرلار قۇللۇق تۈزۈمى ئۈزۈل-كېسىل ياچاقلاپ تاشلاندى، چوڭ زېمىن ئىگىدارلىق تۈزۈمى يىمىرىپ تاشلاندى؛ باشقا دۆلەتلەردە (برازىلىيە بۇنىڭ سىرتىدا) قۇل سېتىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قۇللۇق تۈزۈم بىكار قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا ھىندىئانلارنىڭ ھاشار تۈزۈمى ۋە باج-سېلىقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى؛ (5) ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ سانائەت ۋە سودا تەرەققىياتىنى چەكلەيدىغان مۇستەملىكىچىلىك مونوپولىيە تۈزۈمى بىكار قىلىندى؛ مېكسىكىنىڭ يەر ئىنقىلاۋى پۈروگراممىسىدا بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر ئەسىر داۋامىدا بولىدىغان زور كۆرەش نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مۇستەقىللىق ئىنقىلاۋى لاتىن ئامېرىكىسى جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، لاتىن ئامېرىكىسى تارىخىدا يېڭى دەۋر ئاچتى.

شۇنداقتىمۇ، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە كاپىتالىزىم ئامىلى ئاجىز، بۇرژۇئازىيە ناھايىتى ئىقتىدارسىز بولغانلىقى، يېرىم فېئوداللىق چوڭ يەر مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنىڭ يىلتىزى چوڭقۇر بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇستەقىللىق ئىنقىلاۋىدىن كېيىن ھاكىمىيەت ئومۇمەن ياۋروپا مۇستەملىكىچى ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قولىدىن يەرلىك ئاق تەنلىك پومېشچىكلار، ئىگىدارلار سىنىپىنىڭ قولىغا ئۆتتى، مۇستەملىكىلەرنىڭ ئەسلىدىكى ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئاساسى — چوڭ يەر مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىگە قول تەككۈزۈلمىدى. مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن ھەرقايسى مەملىكەتلەردە كاپىتالىزىمنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى ئاستا بولدى، ئىقتىسادىي جەھەتتە ياۋروپادىكى مۇستەملىكىچى دۆلەتلەرنىڭ بېقىندىسى بولۇشتىن ۋە ئۇلارغا تايىنىدىغان ئورۇندىن ھەقىقىي قۇتۇلالمىدى. لېنىن مۇنداق دېگەن ئىدى: "بۇرژۇئا

ئىنقىلاۋىنىڭ ئالدىدا كونا جەمىيەتنىڭ بارچە كىشەنلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاش، چۇرۇپ تاشلاش ھەمدە بۇزۇپ تاشلاشتىن ئىبارەت بىرلا ۋەزىپە بار ئىدى. ھەرقانداق بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلىسا، ئۇزىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ھەممە ئىشىنى قىلىپ بولغان: كاپىتالىزىمنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچەيتكەن بولاتتى."① مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ مۇستەقىللىق ھەركىتى بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىمىغان ئىدى.

---

① لېنىن. «روسىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسى (بولشۋىكلەر) 7-قۇرۇل-تىيى»، «لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 27-توم، 77-بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## تۆتىنچى باپ

# 17 — 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاسىيا، ئافرىقا خەلقىنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە، فېئودالىزمغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشى

دۇنيادىكى ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى ئەللەر ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى تەكشى بولمىدى. دۇنيا تارىخىنىڭ ئوخشاش بولمىغان دەۋرلىرىدە شەرق ۋە غەرپتە جەمئىيەت تەرەققىياتى ئىلگىرى-كېيىن بولۇشتەك ھادىسىلەر مەيدانغا كەلدى. 16-ئەسىردىن كېيىن، پارلاق نىل دەرياسى مەدەنىيىتى، ئىككى دەريا مەدەنىيىتى، ھىندى دەرياسى مەدەنىيىتى ۋە خۇاڭخې دەرياسى مەدەنىيىتىنى ياراتقان ئاسىيا، ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمى ئاستىلاپ قالدى، غەربىي ياۋروپا بولسا ئالدى بىلەن كاپىتالىزم بوسۇغىسىغا قەدەم قويدى.

ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى — كاپىتالىزم تۈزۈمىنىڭ تەرەققىياتى، دۆلەت ئىچىدىكى شەرت-شارائىتنى سىرت، باشقا مىللەتلەرنى تالان-تاراج قىلىش ۋە قۇربان قىلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. غەربىي ياۋروپادىكى كاپىتالىستىك دۆلەتلەر شەرقتىكى دۆلەتلەرنى كاپىتالنىڭ ئىپتىدائىي جۇغلىنىشىدىكى دەھشەتلىك تالان-تاراج ئوبيېكتى قىلدى. مۇستەملىكىچىلەرنىڭ

تاجاۋۇزچىلىق زوراۋانلىغى ئاستىدا، ئاسىيا ۋە ئافرىقىدىكى نەچچە ئون دۆلەت ئارقا-ئارقىدىن مۇستەملىكە ياكى يېرىم مۇستەملىكىگە ئايلىنىپ قالدى. غەرب مۇستەملىكىچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرىنىڭ مىسلىسىز زۇلمەتلىك ۋە ۋەھشىيانە ھوكۇمرانلىغى ئاسىيا، ئافرىقا قۇرۇقلۇقىدا بىرنەچچە ئەسىر داۋام قىلدى. ئاسىيا ۋە ئافرىقىدا يۈز مىليونلىغان ئاھالە قىرىپ تاشلاندى، يەرلىك ئاھالىلەر پۈتۈن نەسلى بويىچە يوقىتىلدى، كۆركەم-سەلتەنەتلىك قەدىمىي قۇرۇلۇشلار خارابىگە ئايلاندۇرۇلدى، قىممەتلىك سەنئەت بۇيۇملىرى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىندى، ئىشلەپچىقىرىش خاراپلىشىپ كەتتى، ئىقتىساتتا چېكىنىش كېلىپ چىقتى، سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھالدا ئارقىدا قالدى. يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئاسىيا، ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ نامراتلىق، قالاقلىق ھالىتىنى غەرب مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تاجاۋۇزى ۋە ھوكۇمرانلىغى بىۋاستە كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ئاسىيا، ئافرىقا خەلقلىرى چەتتىن كەلگەن تاجاۋۇزغا ۋە زۇلۇمغا ھېچقاچان تىز پۈكمىدى. مۇستەملىكىچىلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىش ۋە ئاسىيا، ئافرىقا خەلقىنى قۇل قىلىش جەريانى ئاسىيا، ئافرىقا خەلقىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشىنىڭ جەريانى بولدى. 270 نەچچە يىللىق يېقىنقى زامان تارىخىدا ئاسىيا، ئافرىقا خەلقىنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە ۋە جاھانگىرلىككە قارشى باتۇرلۇق بىلەن، ئېگىلمەي-پۈكۈلمەي، ئالدىدىكىلەرنىڭ ئىزىنى كەينىدىكىلەر بېسىپ ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى ھېچقاچان توختاپ باقمىدى. ھەر بىر قېتىملىق كۈرەش مۇستەملىكىچىلىك قورغىنىنى تىترىتىپ، ئۇنىڭ يىمىرىلىشىنى تېزلەتتى. ئاسىيا، ئافرىقا خەلقىنىڭ مۇستەملىكىچى جاھانگىرلىككە ۋە

ئۇنىڭ غالچىلىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان باتۇرانە كۈرەشلىرى ئىنسانىيەت تارىخىدا مەڭگۈ نۇر چاچىدۇ.

## 1 - بۆلۈم 17 -، 18 - ئەسىرلەردىكى ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە غەرب مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى

**17 -، 18 - ئەسىرلەردىكى ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىك تەرەققىياتى** 17 -، 18 - ئەسىرلەردە، ياۋروپادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر (جۇڭگو، ھىندىستان، ياپونىيە، ۋيېتنام ۋە باشقىلار)دىكى فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا كاپىتالىزم بىخلىرى ئۈسۈپ چىققان ئىدى، غەرب كاپىتالىزمىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق تەسىرى بولمىسىمۇ، ئاسىيا دۆلەتلىرى مۇستەقىل ھالدا تەرەققىي تېپىپ كاپىتالىزم جەمئىيىتىگە ئۆتەتتى.

شۇ ۋاقىتتا ئاسىيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردە يېزا ئىگىلىكى تاۋارلىشىش ۋە مەخسۇسلىشىشقا باشلىغان ئىدى، بەزى رايونلاردا مەلۇم زىرائەتلەر مەخسۇس تېرىلىدىغان بولدى، مەسىلەن، ھىندىستاننىڭ بېنگال دېگەن يېرىدە شېكەر قومۇش، بىخار دېگەن يېرىدە بۇغداي تېرىلاتتى، ياپونىيىنىڭ جىڭدۇ ئەتراپىدا كېۋەز تېرىلاتتى، يىشى، جۇنخې شۇنىڭدەك جېۋجۇۋنىڭ شىمالىي قىسمىدىن چاي چىقاتتى، جۇڭگونىڭ خۇجۇ دېگەن يېرىدە ئۈجمە ئۆستۈرۈلەتتى. شەندۇڭ، خېبېي، خېنەننىڭ بىرقىسىم ئېتىزلىرىدا كۆپ مىقداردا كېۋەز تېرىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بازار ئۈچۈن مەھسۇلات

ئىشلەپچىقىرىدىغان يېزا ئائىلە قول سانائىتىمۇ راۋاجلىنىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن تاۋار ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتى كېڭىيىپ، ئىچكى بازارلار شەكىللىنىپلا قالماستىن، بەلكى قول سانائەت ئۈچۈنمۇ زور مىقداردا خام ئەشيا يەتكۈزۈپ بېرىلىپ، تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. تاۋارلاشقان يېزا ئىگىلىكىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ماسلىشىپ، نەرسە بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسى پۇل بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسىگە ئۆزگىرىشكە باشلىدى، ھىندىستان بىلەن جۇڭگونىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا پۇل بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسى پەيدا بولدى.

كاپىتالىزىم خاراكتېرىدىكى قول سانائەت ئىشخانىلىرىمۇ پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ھىندىستاننىڭ بىنگال دېگەن يېرىدە سودىگەرلەر يىپەك چىقىرىدىغان قول سانائەت ئىشخانىسىنى ئاچتى، ئۇنىڭدا پىلە غوزىكى پىشۇرۇلىدىغان 30 قازان بار ئىدى، ئۇنىڭدا نەچچە ئون مەدىكار يالىنىپ، ئىشقا قاراپ ئىش ھەققى بېرىلەتتى. 17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، جۇڭگونىڭ سۇجۇ رايونىدا "ماشىنا ئىگىلىرى مەبلەغ چىقىرىدىغان، ئىشچىلار كۈچ چىقىرىدىغان"، "ئىش كۈنىگە قاراپ ھەق بېرىلىدىغان" توقۇمىچىلىق قول سانائەت ئىشخانىلىرى مەيدانغا كەلدى، بەزى خوجايىنلارنىڭ 20 نەچچىدىن تارتىپ 40 نەچچىگىچە توقۇش ماشىنىسى بار ئىدى، ئون نەچچە مەدىكار ياللايتتى. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، ياپونىيىدە پاختا توقۇمىچىلىق، يىپەك توقۇمىچىلىق، قەغەزچىلىك، ھاراق چىقىرىش، شېكەر چىقىرىش، پار-پۇر قاچا، كانچىلىق، دېڭىز مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق جەھەتلەردە قول سانائەت ئىشخانىلىرى مەيدانغا كەلدى. جۇڭگودىكى شىجېن قول سانائەت ئىشخانىسىدا

7 مىڭدىن ئارتۇق توقۇش ماشىنىسى بار ئىدى، ھەر بىر ماشىنىدا ئونچە كىشى ئىشلەيتتى. تاۋار-دۇردۇن توقۇيدىغان قول سانائەت ئىشخانىلىرى تۈڭشىيۈ، زۇلى، جيافۇ، فۇجىيەن قاتارلىق جايلاردا ئىدى؛ قەغەزچىلىك قول سانائەت ئىشخانىلىرى تۈزوغا مەركەزلەشكەن ئىدى؛ ھاراق چىقىرىدىغان قول سانائەت ئىشخانىلىرى مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىدە بار ئىدى. ۋيېتنامدىمۇ كېمە ياسايدىغان قول سانائەت ئىشخانىلىرى مەيدانغا كەلدى. بەزى دۆلەتلەر (جۇڭگو، ۋيېتنام)نىڭ كانچىلىق ۋە تۇزچىلىق ئىشلىرىدا ئىشلەيدىغان ياللانما ئىشچىلار نەچچە ئون مىڭ، نەچچە يۈزمىڭغا يەتكەن ئىدى، بۇ ياللانما ئىشچىلار بىلەن ياللىغۇچىلارنىڭ مۇناسىۋىتى پۈتۈم ئاساسىغا قۇرۇلغان ياللانما مۇناسىۋەت ئىدى. نۇرغۇن جايلاردا ياللانما ئىشچىلار بىلەن خوجايىنلار ئوتتۇرىسىدىكى فېئوداللىق مۇناسىۋەت ئاستا-ئاستا ئاجىزلىشىشقا باشلىدى، ئىشچىلار مەلۇم دەرىجىدە جىسمانى ئەركىنلىككە ئىگە بولدى.

سودا كاپىتالى قىسمەن قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىغا سىڭىپ كىردى ھەمدە ئۇنى تىزگىنلىدى. جۇڭگودا سودىگەرلەر سۇڭجياڭ ئەتراپىدا "گەزمال دۇكان"لىرىنى ئېچىپ، دېخانلاردىن ۋە قول سانائەتچىلەردىن پاختىغا رەخ تېگىشەتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن رەختنى بوزلىرى تىزگىنلىۋالغان بوياقچىلىق، باپكاچىلىق دۇكانلىرىغا ئاپىرىپ پىششىقلاپ ئىشلىتەتتى. بەزى باي سودىگەرلەرنىڭ "ھىساۋات ئۆيلىرى" بار ئىدى، ئۇلار ناھايىتى جىق توقۇش ماشىنىسى ۋە خام ئەشيالارنى ئىگەللىۋالغان بولۇپ، ئۇلارنى توقۇمىچى ئىشچىلارغا ئىجارىگە بېرىپ، ئۇلاردىن تەييار مەھسۇلات يىغىۋالاتتى. نەنجىڭدىكى "ھىساۋات ئۆيلىرى"نىڭ 500—600 توقۇش ماشى-

نىسى بار ئىدى. مىڭلىغان ياللانما ئىشچىنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلاتتى. ئۇلارنىڭ بەزىسلىرى "ئۆزلىرى توقۇش ماشىنىسى ئىشلىتىپ، توقۇش ئىشلىرىغا نازارەت قىلاتتى". ئۇلار ھەم ھوددىگە ئېلىپ سېتىۋالىدىغان چوڭ سودىگەرلەر، ھەم قول سانائەت ئىشخانىلىرىنىڭ خوجايىنلىرى ئىدى. ياپونىيە سودىگەرلىرىمۇ "پاختىغا تېگىشىش"، "ماشىنا چىقىرىش" قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى تىزگىنلەپ تۇراتتى، بىرقىسىم قول سانائەتچىلەر پەيدىن ـ پەي سودىگەرلەرنىڭ ياللانما ئىشچىلىرىغا ئايلىنىپ كېتەتتى. بەزى "ماشىنا چىقارغان" سودىگەرلەر ئۆزى بىۋاستە باشقۇرىدىغان دوكانلارنى ئېچىپ، نامرات دېھقانلاردىن "ئائىلە ئىشچى"لارنى ياللاپ، ئىش تەقسىم قىلىشنى ئاساس قىلىدىغان قول سانائەت ئىشخانىلىرىنى شەكىللەندۈردى.

تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن نۇرغۇنلىغان سودا ـ سانائەت شەھەرلىرى بەرپا بولدى، جۇڭگونىڭ سۇجۇ، خاڭجۇ، گۇاڭجۇ، خەنكو، تەنجىڭ، ھىندىستاننىڭ داككا، پاتنا، ياپونىيىنىڭ جياڭخۇ (توكيو)، دابەن، ۋېيتنامىنىڭ خېنېي دېگەن شەھەرلىرى ئاۋات سودا ـ سانائەت مەركىزىگە ئايلاندى. ئەمسىگەك كۆچى بازىرىنىڭ كېڭىيىشى يېزىلاردىكى ئاھالىنىڭ شەھەرلەرگە قاراپ ئېقىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ياپونىيىدە دابەننىڭ ئاھالىسى 350 مىڭغا، جياڭخۇنىڭ ئاھالىسى 1 مىليونغا يەتتى. تاشقى سودىمۇ بىرقەدەر زور دەرىجىدە راۋاجلاندى، ھىندىستاننىڭ پاختا توقۇلما ماللىرى، يىپەك توقۇلما ماللىرى ھىندونېزىيە، فىلىپپىن، ئافرىقىنىڭ شەرقىي قىرغىقى، ئوتتۇرا ـ يېقىن شەرق، روسىيە شۇنىڭدەك غەربىي ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە سېتىلاتتى. جۇڭگونىڭ

گەزمال، تاۋار-دۇردۇن، پاز-پۇر قاچا، قازان، چاي، شېكەر قاتارلىق ماللىرى چاۋشيەن، ۋېيتنام، جەنۇبىي ئوكيانىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ۋە شۇنىڭدەك ياۋروپادىكى بەزى دۆلەتلەرگە توشۇپ كېتىلەتتى ھەمدە فىلىپپىن ئارقىلىق لاتىن ئامېرىكىسىغا ئاپىرىپ سېتىلاتتى.

شەھەرلەردە، يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان ئىقتىسادىي ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان شەھەر ئاھالىسى كۆپىيىشكە باشلىدى، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئورنى بارغانسېرى مۇھىم بولۇشقا باشلىدى. ياپونىيىنىڭ جياڭخۇ، دابەن دېگەن شەھەرلىرىدىكى باي سودىگەرلەر نۇرغۇن بايلىقلارنى توپلاپ، جياڭجۇنلەرگە، ئەمەلدارلارغا پۇل قەرز بېرەتتى، شۇنىڭ بىلەن مالىيىنى قولىغا ئېلىۋېلىپ، ئەيش-ئىشرەت، كەيپ-ساپالىق تۇرمۇش كەچۈرەتتى. شەھەر ئاھالىسى فېئوداللىق سىياسى ۋە ئىقتىسادىي زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، فېئودال‌لار سىنىپىغا ۋە فېئودال ھوكۇمەتكە قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇردى. 17-



18-ئەسىردىكى ياپونىيىنىڭ ھاراق چىقىرىدىغان ئىشخانىسى

ئەسىردىن كېيىن ياپونىيىنىڭ شەھەرلىرىدە ئارقا-ئارقىدىن يۈز بەرگەن خەلق ھەركەتلىرى مۇشۇنداق خاراكتېرىدىكى كۆرەشلەردۇر.

ئىدېئولوگىيە جەھەتتە خاسلىق ئازاتلىقى ۋە دېموكراتىيىنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. بۇلار ئەينى ۋاقىتتا ئىدىيە ساھەسىگە مەلۇم تەسىر كۆرسەتتى. جۇڭگودا 18-ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن ئۇلۇغ رېئالىزملىق رومان «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئىدىيىۋى تەلىپىنى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ، فېئودالىزمغا قارشى روشەن خاھىشنى ئىپادىلەپ بەردى. ياپونىيىنىڭ 18-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدىكى "يۈەنلۇ مەدەنىيىتى"① شەھەر ئاھالىسى تۇرمۇشىنى، سودىگەرلەرنىڭ باي بولۇش ئەھۋالىنى شۇنىڭدەك ياش ئەر-ئاياللارنىڭ فېئوداللىق ئەخلاققا قارشى ئېلىپ بارغان كۆرىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى، شۇڭا بۇ ئەسەرلەر شەھەر ئاھالىسىنىڭ ماختىشىغا ۋە ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشتى.

دېمەك، 17-، 18-ئەسىرلەردە ئاسىيادىكى بەزى دۆلەتلەردە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى، قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ۋە سودا كاپىتالى قاتارلىق جەھەتلەردە كاپىتالىزمنىڭ بىخلىرى پەيدا بولدى. بۇ يېڭى ئىقتىسادىي ئامىللار فېئودالىزم ئىگىلىكىنى مەلۇم دەرىجىدە پارچىلاش رولىنى ئويىنىدى.

ھالبۇكى، بۇ ئامىللار تېخى بىخ ھالەتتە ئىدى، ئۇ تېخى فېئودا-

---

① يۈەنلۇ يىللىرى ئالاھەزەل 1688 — 1703-يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. يۈەنلۇ مەدەنىيىتى ئومۇمەن 18-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى دەۋرىدىكى مەدەنىيەتنى كۆرسىتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

لىزىم جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىنى تەۋرىتىش دەرىجىسىگە يەتمىگەن ئىدى. شۇ ۋاقىتتا ھەرقانداق بىر ئاسىيا دۆلىتىدە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى پارتلاشنىڭ ئىقتىسادىي شەرتلىرى تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن ئىدى. ئەڭ تەرەققىي تاپقان دۆلەتتىمۇ، فېئوداللىق مۇناسىۋەت ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىدى.① دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا فېئودال پومېشچىكلار ياكى چارۋىدارلار ئىگىلىگى ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇراتتى. فېئوداللىق ئىجارە تۈزۈمى يەنىلا ئومۇمىي يۈزلۈك مەۋجۇت ئىدى، نەرسە بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسى يەنىلا يەر ئىجارىسىنىڭ ئومۇمىي شەكلى ئىدى؛ پومېشچىكلار بىلەن فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ئېكسپلاتاتسىيە قىلىپ تاپقان نەرسىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئاساسەن ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىشلىتەتتى. ئۆز ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان ناتۇرال ئىگىلىك يەنىلا مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى، نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيانقى دېھقانچىلىق بىلەن ئائىلە قول سانائىتىنىڭ مۇستەھكەم بىرلىشىشى داۋاملىق ساقلىنىپ كەلگەن ئىدى. دېھقانلار ئۆزلىرىگە لازىملىق بولغان دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىلا ئەمەس،

---

① ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ۋە ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىك تەرەققىياتى ھېچ تەكشى ئەمەس ئىدى، ئۇلار ئىنسانلار جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوخشاش بولمىغان باسقۇچلىرىدا تۇراتتى. بەزى دۆلەتلەر بۇ چاغدا تېخى قۇللۇق تۈزۈمدىن فېئوداللىق تۈزۈمگە ئۆتۈۋاتقان ئۆتكۈنچى باسقۇچتا ئىدى (مەسىلەن، ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى بەزى رايونلار). ئايرىم رايونلار ھەتتا ئىپتىدائىي جامائەنىڭ ئوخشاش بولمىغان باسقۇچلىرىدا ۋە قۇللۇق جەمئىيەتتە تۇراتتى (مەسىلەن، چوڭ سۇندا تاقىم ئاراللىرىدىكى بەزى ئاراللاردا).

بەلكى ئۇزلىرىگە لازىملىق بولغان قول سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ تولىسىنى ئىشلەپچىقىراتتى. قول سانائەت ئىشخانىلىرى بىلەن ئالاقىسى يوق، كىچىك دۇكانلار ۋە ئائىلە قول سانائەتچىلىرى يەنىلا ئومۇمىي يۈزلۈك مەۋجۇت ئىدى ھەمدە ئۇلار ئىنتايىن تارقاق ھالەتتە ئىدى. بۇرۇنلا پەيدا بولغان قول سانائەت ئىشخانىلىرىمۇ ئېغىر فېئوداللىق ئاسارەت ئىچىدە تۇراتتى. سودا كاپىتالىنىڭ ئاساسلىق پائالىيىتى قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن قول سانائەت ئىشخانىلىرىنى بىرلەشتۈرۈش ئەمەس، بەلكى يەنىلا تاۋار ئېلىش-سېتىش ۋە يۇقۇرى ئۇسۇم بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئىدى؛ تاۋار ئالماشتۇرۇش يۈتكۈل ئىگىلىك ئىچىدە تېخى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىيالمايتتى. يېزىلاردا، سودا كاپىتالى فېئوداللىق ھوكۇمرانلىق بىلەن بىرلىشىپ، فېئوداللارنىڭ دېھقانلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ۋە ئېزىش ئۇسۇلىغا ۋارىسلىق قىلاتتى.

ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ فېئوداللىق ئىگىلىك ئاساسىغا قۇرۇلغان سىياسى ئۇستقۇرۇلمىسى—فېئودال مۇستەبىت ھوكۇمەت فېئوداللىق ھوكۇمرانلىقنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش ئۇچۇن كۈچ چىقىراتتى، تاۋار خاراكتېرلىق يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى تۈرلۈك چارە-تەدبىرلەر بىلەن چەكلەيتتى، قول سانائەت ئىشخانىلىرىنىڭ كېڭىيىشى، كانلار ۋە تۇز مەيدانلىرىنى ئېچىشنى چەكلەيتتى، سودا كاپىتالىنىڭ دېڭىز-ئوكيانلاردىكى پائالىيەتلىرىنى قامال قىلاتتى. 17-ئەسىردە، ياپونىيىنىڭ فېئوداللىق كۈچلىرى بەگلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنى تۈگىتىپ، دېچۇەن بارگاھى چوڭ فېئوداللىرىنىڭ مەركىزىي مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنى قۇردى. ئۇلار تۈرلۈك قاتتىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلىدى، گۈرۈچ، كېۋەز،

كوكتاتتىن باشقا تاۋار زىرائەتلىرىنى تېرىشنى مەنئى قىلدى، جياڭ-خۇ قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرگە ئېقىپ كىرگەن دېھقانلارنىڭ يۇرتىغا قايتىپ ئىشلەپچىقىرىشقا قاتنىشىشى توغرىسىدا بۇيرۇق چىقاردى، قول سانائەت ئىشخانىلىرىنىڭ ئىشچى ياللىشىنى مەنئى قىلدى. جۇڭگونىڭ مانجۇ فېئوداللىرى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇپ، خەنزۇ پومېشچىكلارنىڭ ئورنىغا دەسسەپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىپ، بەكلا تەۋرەپ قالغان فېئوداللىق تۈزۈمنى مۇستەھكەملەشكە قاتتىق كۈچىدى، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن كاپىتالىزىم ئامىللىرىنىڭ بىخلىرىنى باستى ۋە نابۇت قىلدى. ھىندىستاندا، موغۇل پادىشانىڭ چەكسىز ھوقۇقىنى يوقاتقان ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ ۋالىيلىرى فېئوداللىق بولۇنمە ھوكۇمرانلىقىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوغدىدى، تاۋار ئىگىلىگىنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە يەرلىك ئىگىلىك ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇشنى توستى. جىددى زاۋالغا يۈز تۇتقان ئوسمان (تۈركىيە) ئىمپېرىيىسىنىڭ فېئوداللىق ھوكۇمرانلىقىمۇ "باشقا ھەرقانداق شەرق ھوكۇمرانلىرىغا ئوخشاش، كاپىتالىزىم جەمئىيىتى بىلەن پىتىشالمايتتى؛ قولغا كەلگەن قوشۇمچە قىممەتنىڭ ۋالى ۋە پاشالارنىڭ ئاچكۆزلۈك بىلەن بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشىغا ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلالمايتتى؛ بۇرژۇئازىيىسىنىڭ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشىنىڭ بىرىنچى ئاساسىي شەرتى، يەنى سودىگەرلەرنىڭ جىسمانى ۋە مال-مۈلۈك جەھەتتىكى بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش يوق ئىدى"①.

① ئېنگېلس. «چاررۇسىيە ھوكۇمىتىنىڭ تاشقى سىياسىتى». «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 22-توم، 36-بەت.

ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ فېئودال ھۆكۈمەتلىرى مۇستەبىتلىك ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈلگەن دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ پۈتۈن كۈچ-قۇدرىتىنى ئىشقا سېلىپ كونا فېئوداللىق ئىقتىسادىي بازىسىنى كۈچىنىڭ بېرىچە قوغداپ، ئىجتىمائىي ئىقتىسادتىكى يېڭى ئامىللارنىڭ تەرەققىياتىنى توسۇشقا ۋە بېسىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ. لېكىن ئاللىقاچان پەيدا بولغان كاپىتالىزم ئامىللىرىنى توسۇپ قالالمىدى، ئاسىيا دۆلەتلىرى ئاستا-ئاستا كاپىتالىزمغا قاراپ قەدەم قويدى. دەل مۇشۇ چاغدا (17 — 19 ئەسىرلەردە)، غەرب كاپىتالىستىك دۆلەتلىرىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى بىلەن ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ مۇستەقىل راۋاجلىنىش جەريانى ئۈزۈلۈپ قالدى، ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئارقا-ئارقىدىن مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكىلەرگە ئايلىنىپ كەتتى.

**ياۋروپا مۇستەملىكىچى دۆلەتلىرىنىڭ ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى** بۇرژۇئا ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە دېڭىز سىرتىغا بولغان مۇستەملىكىچىلىك كېڭەيمىچىلىكىنى جىددىيلەشتۈرۈپ، مۇستەملىكىچىلىك زومىگەرلىك ھوقۇقىنى تالاشقىلى تۇردى. فرانسىيەمۇ ئۆز مۇستەملىكىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتتى. 17-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ئوتتۇرىسىدا سودا ئۇرۇشى باشلاندى، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك مەنپەئەتى پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا توقۇنۇشقا باشلىدى. چار روسىيەمۇ دۇنياۋى مۇستەملىكىچىلىك كېڭەيمىچىلىك سەھنىسىگە چىقتى، ئاسىيانىڭ شىمالىدىكى بىپايان كەتكەن سىبىرىيە روسىيە مۇستەملىكىچى تەۋەككۈلچىلىرىنىڭ ئۆز مەيلىچە كېڭەيمىچىلىك قىلىدىغان زېمىنىغا ئايلاندى؛ ئاسىيانىڭ جەنۇبىدىكى جايلار ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە مۇستەملىكە

تالىشىپ قاتتىق ئېلىشىدىغان جاي بولۇپ قالدى، ئەنگلىيە ھىندىستاندا مادراس، بومباي ۋە كالكۇتتا قاتارلىق مۇھىم مۇستەملىكە بازىلىرىنى بېسىۋالدى، فرانسىيە شەرقىي جەنۇبىي دېڭىز ياقىلىرىنى شۇنىڭدەك بىنگالدىكى ئايرىم بازىلارنى ئىگىلىۋېلىپ، ئەنگلىيە بىلەن تىركەشتى؛ ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا (ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ تەۋەسى)، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە سودا ۋە سىياسىي جەھەتتە ئۈستۈنلۈك تالىشىش كۆرىشىنى ئېلىپ باردى. ئۇزاق مۇددەتلىك مۇستەملىكىچىلىك ئۇرۇشى داۋامىدا، بارغانسېرى كۆپ ئاسىيا دۆلەتلىرى ياۋروپا مۇستەملىكىچى دۆلەتلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىدى. ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكىلەرگە بولغان تاجاۋۇزچىلىق، كېڭەيمىچىلىك تارىخىنى "ئوت ۋە قىلىچ" بىلەن يازدى. ئۇلار ئەڭ دەھشەتلىك قوراللىق كۈچ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاپاسىزلىق قىلىش، پارا بېرىش، دەھشەتلىك تۈردە قىرىش ۋە باشقا تۈرلۈك رەزىل ۋاستىلەر بىلەن، 16-ئەسىردىن تارتىپ 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە تۆۋەندىكى ئاسىيا دۆلەتلىرىنى ۋە رايونلىرىنى تەدرىجىي ھالدا مۇستەملىكىگە ئايلاندۇردى: فىلىپپىن ئاراللىرى (ئىسپانىيە)؛ ھىندونېزىيىدىكى ئاساسىي ئاراللار—ياۋا ئارىلى، مالۇكو يەنى مولۇساس تاقىم ئاراللىرى (گوللاندىيە)؛ ھىندىستاننىڭ كەڭ رايونلىرى، مالايشىيادىكى مالۇجا، سىرىلانكا (ئەنگلىيە). 16-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، چارروسىيىنىڭ مۇستەملىكىچى تەۋەككۈلچىلىرى ئۇرال تاغ تىزمىلىرىدىن ئېشىپ ئۆتۈپ، سىبىرىيىگە كىردى، 17-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جۇڭگونىڭ خېيلوڭجياڭ رايونىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. 16-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن تارتىپ 17-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە كونا چارپادىشا سىبىرىيە رايونىدىكى

كەڭ زېمىننى بېسىۋالدى.

بۇ مەزگىلدە ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ئاسىيادىكى مۇستەملىكىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئېنگېلس ئېيتقاندەك "بوي سۇندۇرۇلغان، يەرلىك ئاھالە ئولتۇراقلاشقان جايلار"① خىلىغا كىرەتتى. ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرى "مەزمۇت پاراخوت، كۈچلۈك زەمبىرەك"لىرىگە تايىنىپ ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ دېڭىز بويلىرى (ياكى دەريا ياقىلىرى)غا كىرىۋېلىپ، دېڭىز قاراقچىلىرىغا ئوخشاش تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، مۇستەملىكە بازىلىرىنى قۇرۇپ، تالان-تاراج قىلىش خاراكتېرىدىكى سودا بىلەن شۇغۇللاندى، پەيلە قۇرۇتسىدەك كېمىرىپ يېيىش ۋە يۇتۇۋېلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئىچكىرى جايلارغا كىرىپ، قورال-لىق بوي سۇندۇرۇش ۋە بىۋاسىتە تالان-تاراج قىلىشنى يولغا قويدى. بىراق بۇ چاغدا مۇستەملىكىچى دۆلەتلەر بېسىۋالغان جايلارغا تېخى كۆپلەپ ئاھالە كۆچۈرمىگەن ئىدى، بەلكى ئاز سانلىق مۇستەملىكىچىلەر (ئومۇمەن، مونوپولىيە شىركىتى، مەسىلەن، شەرقىي ھىندىستان شىركىتى تەشكىللەش) ئارقىلىق ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى ھەمدە شۇ جايدىكى مەۋجۇت فېئوداللىق سىياسىي-ئىقتىسادىي تۈزۈمدىن پايدىلىنىپ، شۇ جايدىكى خەلقنى قۇل قىلغان ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان ئىدى.

17-، 18-ئەسىرلەردە غەرب دۆلەتلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك تالان-تاراج قىلىش ئۇسۇلى ۋە ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى

---

① ئېنگېلس. «ك. كائۇتسكىغا يېزىلغان خەت (1882-يىل 9-ئاينىڭ 12-كۈنى)». «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 35-توم، 353-بەت.

كاپىتالىزمنىڭ شۇ چاغدىكى تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن ئىدى، ھەمدە ئۇنى شەرت قىلاتتى. قول سانائەت ئىشخانىلىرى دەۋرىدە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى غەرپ بۇرژۇئازىيىسى ئۈچۈن ئەرزان باھادىكى تاۋار "زەمبىرەك"لەرنى ياساپ بېرەلمەيتتى، ئەنگلىيە قول سانائەت ئىشخانىلىرىدا ئىشلەپچىقىرىلغان توقۇلما ماللار سۈپەت ۋە سان جەھەتتە ھىندىستاننىڭ ئەنئەنىۋى توقۇلما ماللىرىغا يېتىشەلمەيتتى. ماركس مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: "پۈتكۈل 18-ئەسىر داۋامىدا، ھىندىستاندىن ئەنگلىيىگە ئېقىپ كىرگەن بايلىقلار، ئاساسەن، ئىككىنچى ئورۇندىراق تۇرىدىغان سودا ئۇسۇلى بىلەن ئەمەس، بەلكى ھىندىستاننى بىۋاسىتە شىلىۋېلىش، غايەت زور مىقداردىكى بايلىقنى تالان-تاراج قىلىش، ئاندىن كېيىن ئۇنى ئەنگلىيىگە توشۇپ كېلىش ئۇسۇلى بىلەن كەلگەن."① بۇ مەزگىلدىكى مۇستەملىكە خاراكتېرىدىكى تالان-تاراج قىلىش ئەڭ دەھشەتلىك زورلۇق كۈچىنى ئاساس قىلىدى، ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋاستىلىرى: دېڭىز قاراقچىلىرىچە تالان-تاراج قىلىش، بىۋاستە شىلىۋېلىش، قول سېتىش، سودىنى مونوپولىيە قىلىش، ئەپيۇن ئەتكەسچىلىكىنى يولغا قويۇش قاتارلىقلار ئىدى. گوللاندىيە شەرقىي ھىندىستان شىركىتى ھىندونېزىيە دېھقانلىرىنى يانچىلىق تۈزۈم بويىچە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىپ، ئۇلاردىن ئېغىر ماددى ئالۋاڭ-ياساق يىغاتتى. شىركەت دېھقانلارنى يېڭى مەھسۇلات بولغان

① ماركس، «شەرقىي ھىندىستان شىركىتى، ئۇنىڭ تارىخى ۋە ئاقىۋىتى». «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 9-توم، 173-174-بەتلەر.

كوفېنى تېرىشقا زورلاپ، كوفېنى ئالۋاڭ-ياساققا سۇندۇراتتى. ياكى شىركەت ئۇنى باھاسىنى چۈشۈرۈپ سېتىۋالاتتى، دېھقانلار 270 قاداق كوفې تاپشۇرسا ئاران 14 قاداق كوفېنىڭ باھاسىغا باراۋەر كەلگۈدەك ھەق ئالاتتى، بۇ ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئېلىشقىمۇ يەتمەيتتى. مونوپولىيە خاراكتېرىدىكى باھاغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھەرقېتىم ياۋروپا بازىرىدا كوفېنىڭ باھاسى چۈشۈپ كەتكەندە، مۇستەملىكىچىلەر دېھقانلارنى كوفې دەرەخلىرىنى كېسىشكە مەجبۇر قىلاتتى، ھەرقېتىم كوفېنىڭ باھاسى ئۆسكەندە دېھقانلارنى كوفې دەرىخىنى قايتىدىن تىكىشكە مەجبۇرلايتتى. شىركەت دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى ئەركىن سېتىشىنى قاتتىق چەكلەيتتى. "ئەتكەسچىلىك" سودىسى بىلەن شۇغۇللانغانلارغا ئەڭ دەھشەتلىك ۋاسىتىلەر بىلەن تاقابىل تۇراتتى. باندا ئاراللىرىدىكى ئاھالىلەر قاقىلىنى (بىرخىل خۇشپۇراقلىق نەرسە) گوللاندىيىنىڭ شەرقىي ھىندىستان شىركىتىنىڭ تاشايىنىدىكى سودىگەرلەرگە سېتىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن پۈتۈنلەي دېگۈدەك قىرىپ تاشلاندى. نۇرغۇن جايلاردىكى دېھقانلار مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن، تۈشمۇ-تۈشتىن ئوز يېزىلىرىدىن ئايرىلىپ، قېلىن ئورمانلارغا قېچىپ كېتىشتى.

ئاسىيادا توغرىدىن-توغرا تالان-تاراج قىلىش، قۇل قىلىش ۋە قىرغىنچىلىق قىلىپ مال بۇلاش ئارقىلىق تارتىۋېلىنغان بايلىقلار ياۋروپادىكى مۇستەملىكىچى دولەتلەرگە توختىماستىن سۇدەك ئېقىپ كىرىپ كاپىتالغا ئايلىنىپ، غەربىي ياۋروپانىڭ كاپىتالىستىك ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە تېزلەتتى، ئاسىيادىكى مۇستەملىكىلەرنىڭ مىڭلىغان-مىليونلىغان خەلقلىرى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنىپ

www.uyghurkitap.com

ھېچنەرسە قالمىغان جايلاردا ئاچ-زارلىقتا ئۆلۈپ كەتتى. ياۋروپا بۇرژۇئازىيىسى ئۆز دۆلىتىدە كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى ئورناتقان بولسىمۇ، مۇستەملىكىلەردە يەنىلا قۇللار ۋە يانچىلارنى ئىشلىتەتتى ھەمدە فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيىنى ئېغىرلاشتۇراتتى. بۇنىڭ بىلەن تۈرغۇنلاشقان ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىدا ئارقىغا چېكىنىش ئەھۋاللىرى كېلىپ چىقتى. ھەمدە بۇ ئاللىقاچان مەيدانغا كەلگەن كاپىتالىزم ئامىللىرىنىڭ بىخلىرىنى ئۇجۇقتۇرۇپ تاشلىدى، بۇنىڭ ئارقىسىدا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلدى. خۇددى ماركس چوڭقۇر قىلىپ كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، ئاسىيا دۆلەتلىرى "ئۆزلىرىنىڭ كونا دۇنياسىدىن مەھرۇم بولدىيۇ، لېكىن يېڭى دۇنياغا ئېرىشەلمىدى"، بۇ ھال ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ "باشتىن كەچۈرۈۋاتقان بالايى-ئاپەتلىرىنى ئالاھىدە پاجىئەلىك بىر تۈسكە كىرگۈزۈپ قويدى".①

17-، 18-ئەسىرلەردە ئاسىيادىكى يەنە بەزى دۆلەتلەر گەرچە مۇستەملىكە بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ دەرۋازىسى ياۋروپا دۆلەتلىرى تەرىپىدىن چوڭ ئېچىلغان ئىدى. ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپا قىتئەسىگە چات كەرگەن ئوسمان (تۈركىيە) ئىمپېرىيىسى ئاللىقاچان غەرپ مۇستەملىكىچى دۆلەتلىرى خىرىس قىلىدىغان نىشانغا ئايلاندى. 1740-يىلى ئۇ فرانسىيە بىلەن يېڭى ئىمتىياز

---

① ماركس. «بىرىتانىيىنىڭ ھىندىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقى». «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1981-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 109-بەت.

شەرتنامىسى ئىمزالىدى، شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ياۋروپادىكى مۇستەملىكىچى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ سودىگەرلىرى ئوسمان ئىمپېرىيىسى تېررىتورىيىسى ئىچىدە زېمىن سىرتى هوقۇقى ۋە باج تۆلىمەيدىغان ئىمتىيازغا ئىگە بولۇۋېلىپ، ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىگىلىك هوقۇقى ۋە مەنپەئەتىگە ئېغىر زىيان سالدى. ئەنگلىيە 1763-يىلى ئىراندىن زېمىن سىرتى هوقۇقى ۋە سوكنو-بەرقۇت ئىمپورتىدا باج تۆلىمەسلىك هوقۇقى قاتارلىق بىر قاتار ئىمتىيازلارغا ئىگە بولۇۋېلىپ ۋە پېرسىيە قولتۇقىدا ئەسكىرى بار سودا مۇداپىئە پونكىتلىرىنى قۇرۇپ، ئەنگلىيىنىڭ پېرسىيە قولتۇقىدىكى مۇستەملىكىچى كۈچلىرى ئۈچۈن ئۇل سېلىپ بەردى. چارروسىيىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك كېڭەيمىچى كۈچلىرى ئىراننىڭ شىمالىي چېگراسىغا قەدەممۇ-قەدەم يېقىنلىشىپ، ئىراننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى كەڭ زېمىنغا ئاچ بۆرىدەك كۆز تىكتى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىچكى دېڭىزنىڭ شەرقى ۋە شور دېڭىزنىڭ جەنۇبىدىكى خىۋا، بۇخارا، قوقان دۆلەتلىرىمۇ چارپادىشانىڭ كېڭەيمىچىلىكىنىڭ ئېغىر ۋەھىمىسىگە ئۇچرىدى.

17-، 18-ئەسىرلەردە ئاسىيادىكى بەزى دۆلەتلەر مۇستەملىكىچىلىك تاجاۋۇزىنىڭ ۋەھىمىسى ئالدىدا دۆلىتىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە جۇڭگو، ياپونىيە ۋە چاۋشيەن قاتارلىق دۆلەتلەر بار ئىدى. پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىلىرى 1553-يىلىدىن باشلاپ جۇڭگونىڭ ئاۋمېن دېگەن يېرىنى بېسىۋالدى ھەمدە تۇمشۇقىنى ياپونىيىنىڭ جيۇجۇ دېگەن يېرىگە تىقتى. گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى بىر مەزگىل جۇڭگو زېمىنى پىڭخۇ (1604-يىلى) ۋە تەيۋەننى (1624-يىلى) بېسىۋالغان ئىدى، ئۇلار شۇ زامات تەيۋەن خەلقىنىڭ قەھرىمانانە قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. 1662-يىلى

مىللىي قەھرىمان جىلىڭ چېڭگۇڭنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو خەلقى گوللاندىيە مۇستەملىكىچى قاراقچىلىرىنى دېڭىزغا قوغلاپ، تەيۋەننى قايتۇرۇۋالدى. 1637-يىلى ئەنگلىيىنىڭ 4 پاراخودى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ خۇمېن دېگەن يېرىگە ئۈسۈپ كىرىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرغاندا، جۇڭگونىڭ دېڭىز قىرغىقىنى ساقلاپ تۇرغان ئەسكەرلەر ئۇلارغا زەمبىرەك بىلەن قايتۇرما زەربە بەردى. 17-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى يەنە جۇڭگونىڭ دېڭىز بويلىرىغا سوقۇنۇپ كىرىپ، تۈرلۈك تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى. جۇڭگو، چاۋشيەن ۋە ياپونىيىلەر مۇستەملىكىچىلىك تاجاۋۇزىنىڭ تەھدىتى ئاستىدا، ئۆز ئىشىكىنى چىڭ تاقىۋېلىش سىياسىتىنى قوللاندى. جۇڭگو سىياسىي جەھەتتە بىرلىككە كەلگەن، ھوقۇق مەركەزلەشكەن دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، دەسلەپكى مەزگىللەردىكى مۇستەملىكىچىلىك تاجاۋۇزى ئالدىدا، دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغدايدىغان كۈچىنى نامايەن قىلدى.

**17-، 18-ئەسىرلەردىكى ئاسىيا خەلقىنىڭ غەرب مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى كۈرىشى** ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى كەڭ ئامما دەسلەپتىلا تاجاۋۇزچىلارغا قارشى ئېگىلمەس-پۈكۈلمەس قەھرىمانانە كۈرەش ئېلىپ باردى. ئۇلار تاجاۋۇزچىلىققا، زۇلۇمغا قارشى كۈرەشنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ئىدى. غەرب مۇستەملىكىچىلىرى بىرقىسىم فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئېغىر دەرىجىدە تەككەنلىكتىن، بەزى فېئودال ھۆكۈمرانلار مىللەتنىڭ ھايات-ماماتى ئالدىدا قوزغىلىپ، خەلقنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش، مىللىي مۇستەقىللىقنى قوغداش يولىدا ئېلىپ بارغان كۈرىشىگە رەھبەرلىك قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى ھىندونېزىيىنىڭ ياۋا ئارىلىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، ياۋا خەلقى توختىماستىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇردى. 1674-يىلى، ياۋا ئارىلىنىڭ شەرقىي شىمالى تەرىپىدىكى مادۇرا ئارىلىدا ترۇنوجويا رەھبەرلىك قىلغان خەلق قوزغىلىڭى پارتلىدى. قوزغىلاڭنىڭ ئاساسىي ئاممىسى دېخانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي مەقسىدى ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرىنى دۆلىتىدىن قوغلاپ چىقىرىش ئىدى. قوزغىلاڭچى قوشۇنلار مادۇرا ئارىلى ۋە ياۋا ئارىلىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلىۋالدى. گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى زور قوشۇن يۆتكەپ باستۇرغان بولسىمۇ، لېكىن قوزغىلاڭچىلارنىڭ قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشىگە ئۇچرىدى، قوزغىلاڭ 1679-يىلى ئاران باستۇرۇلدى. 1685-يىلى، قۇل ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان سۇراپاتى رەھبەرلىكىدە گوللاندىيىگە قارشى قوزغىلاڭ پارتلىدى. سۇراپاتى دېخانلار ۋە قۇللاردىن تەركىب تاپقان قوزغىلاڭچىلار چوڭ قوشۇنىنى باشلاپ شەرقىي ياۋا ئارىلىغا بېرىپ ھاكىمىيەت قۇردى. 1706-يىلى، گوللاندىيە زور قوشۇن ئەۋەتىپ، شەرقىي ياۋاغا ھۇجۇم قىلدى. سۇراپاتى قوشۇنلىرىنى باشلاپ قەھرىمانلارچە قارشىلىق كۆرسەتتى، لېكىن، بەختكە قارشى يارىدار بولۇپ قۇربان بولۇپ كەتتى. ياۋانىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىرى گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە تەسلىم بولدى. سۇراپاتىنىڭ ئوغلى داۋاملىق ھالدا گوللاندىيىگە قارشى كۆرەشكە رەھبەرلىك قىلدى، 1719-يىلى قوزغىلاڭ پارتلىغان جاي ئىشغال قىلىندى. قوزغىلاڭ تا 1767-يىلغىچە داۋاملاشتى.

گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى ھىندونېزىيىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ گۇاڭدۇڭ، فۇجيەن ئۆلكىلىرىنىڭ

دېڭىز بويلىرىدىكى نامرات خەلقنى ئالداپ ھىندونېزىيىگە ھاشارغا ئېلىپ باردى. مۇتلەق زور كۆپچىلىك جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ھىندونېزىيە ئەمگەكچى خەلقى بىلەن بىرلىكتە گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە ئېزىشىگە ئۇچراپ، ھايۋاندىن بەتتەر تۇرمۇش كەچۈردى، جۇڭگو، ھىندونېزىيە خەلقىنىڭ تەر ۋە قانلىرى بىرگە ئاقتى. 1740-يىلى، ياۋانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا خەلقنىڭ كۈرىشى ئارقا-ئارقىدىن كوتىرىلدى، گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ گوللاندىيىگە قارشى كۈرەشكە قاتنىشىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنى خالىغانچە قولغا ئېلىپ، ئۇلارنى سىرىلانكىنىڭ ئېكىنزارلىقلىرىغا ھاشارغا تۇتۇپ كەتتى. جۇڭگو مۇھاجىرلىرى زىيانكەشلىككە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، 10-ئايدا قوزغىلاڭ كوتەردى. گوللاندىيە مۇستەملىكىچى قوشۇنلىرى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىغا 10 كۈن چوڭ قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ، 10 مىڭدىن ئارتۇق جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنى قىردى، جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ ئىسسىق قانلىرى جاكارتىدا ئېقىن بولۇپ ئاقتى. "قىزىل ئېقىن ۋەقەسى"دىن كېيىن، جۇڭگو مۇھاجىرلىرى قوراللىق قوشۇن تەشكىللەپ، ياۋا خەلقى بىلەن بىرلىشىپ، ئۇلار بىلەن مۇرىسىنى مۇرىسىگە تىرەپ گوللاندىيە مۇستەملىكىچى قوشۇنلىرىغا قارشى تۇردى. دەسلەپتە، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئارقا-ئارقىدىن غەلىبە قىلىپ، مۇستەملىكىچى قوشۇنلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بەردى ھەمدە بىرمەزگىل مادران پادىشالىقىنىڭ پايتەختىنى ئىشغال قىلىپ، گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن فېئودال پادىشانى قوغلاپ چىقاردى. قوزغىلاڭچىلار ئۇزاق مۇددەت قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلغان بولسىمۇ، ئاخىر

گوللاندىيە ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى.

17-، 18-ئەسىرلەردە ئاسىيا خەلقى مۇستەملىكىچىلىككە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، قەھرىمانلىق ۋە قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن، دېخانلار ۋە قۇللار قوزغىلىڭى ئىستىخىيىلىك، تارقاق بولغانلىقى، ھېچقانداق ئىلغار سىنىپنىڭ رەھبەرلىكى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاخىر ھەممىسى مەغلۇپ بولدى. بۇ قوزغىلاڭلار مۇستەملىكىچىلەرگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ بېسىۋېلىنىش ۋە قۇل قىلىنىش ۋاقتىنى كېچىكتۈردى، بۇنىڭ بىلەن مۇستەملىكىچىلەر بىر دۆلەتنى تامامەن بوي سۇندۇرۇش ئۈچۈن يۈز يىلچە ۋاقىت سەرپ قىلدى ھەمدە ناھايىتى كۆپ بەدەل بەردى. بۇ قوزغىلاڭلار ئاسىيانىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى.

## 2-بۆلۈم 18-ئەسىردە ئاسىيادا بولغان كەڭ كۆلەملىك دېخانلار قوزغىلىڭى — ۋېيتنامدىكى شىسەن قوزغىلىڭى

17-ئەسىردىن 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە، تېخى مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە بولمىغان نۇرغۇن ئاسىيا دۆلەتلىرىدە، فېوداللىق تۈزۈم چوڭقۇر كرىزىسنى باشتىن كەچۈردى، كەڭ دېخانلار ئاممىسى شەرقتە جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان فېودال پومېشچىكلار سىنىپىغا قارشى ئارقا-ئارقىدىن قانلىق جەڭ قىلدى. 17-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بولغان، جۇڭگونى زىلزىلىگە

كەلتۈرگەن لى زىچېڭ رەھبەرلىكىدىكى دېھقانلار چوڭ قوزغىلىڭىدىن كېيىن، 18-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ھىندىچىنى يېرىم ئارىلىدىمۇ كەڭ كۆلەملىك دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. ئاسىيا دېھقانلىرىنىڭ سىنىپىي كۈرىشى ئاسىيادىكى تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ھەقىقىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئىدى. شىسەن قوزغىلىڭى ئەينى ۋاقىتتا ئاسىيادا مەلۇم ۋەكىللىك خاراكتېرغا ئىگە بولدى.

**ۋيېتنامدا فېودالىق تۈزۈم كرىزىسىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى**

1600-يىلدىن كېيىن، ۋيېتنام نامدا يەنىلا لى جەمەتى سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى شىمالدىكى جېڭ جەمەتى ۋە جەنۇبتىكى رۇەن جەمەتىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ فېودال گۇرۇھنىڭ قولىدا بولۇپ، بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى بولۇنمە شەكىللەنگەن ئىدى. جېڭ جەمەتى گۇرۇھى پادىشا لى ھەزرەتكە تەھدىت سېلىپ، ئوردىنىڭ ھەممە ئىشىغا چات كىرىۋېلىپ، ھوقۇق مەركەزلەشكەن ھاكىمىيەتنى ئىنتايىن كۈچەيتىۋەتتى؛ رۇەن جەمەتى گۇرۇھى جەنۇبىنى بولۇۋېلىپ، ئۆزى مۇستەقىل بەگلىك قۇرۇپ، شىمال بىلەن ئۇزۇنغىچە سوقۇشتۇردى. ئىككى چوڭ فېودال گۇرۇھ ئەڭ زور فېودالىق ھوقۇق-مەنپەئەتنى دەپ، 1627-يىلدىن 1672-يىلغىچە بولغان 45 يىل ئىچىدە 7 قېتىم چوڭ ئۇرۇش قوزغاپ، فېودالىق ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى تېخىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى. يەرلىك فېودال لار جېڭ، رۇەن گۇرۇھىغا بويسۇنمايتتى، ئۇلار ئۆزلىرى چازا قۇرۇپ، خالىغانچە ئالۋاڭ-ياساق سېلىپ، خەلق ئۈستىدىكى ئېكسپلاتاتسىيىنى كۈچەيتىپ، فېودال ھۆكۈمرانلىقنىڭ كرىزىسىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇۋەتتى.

جېڭ جەمەتى ۋە رۇەن جەمەتىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ فېئودال گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇن يىللىق يېغىلار يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى قاتتىق ۋەيران قىلدى. تورىلەر، پومېشچىكلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دېھقانلارنىڭ يېرىنى ھەددىدىن ئاشقان ھالدا ئۆزىگە قوشۇۋالدى: فېئودال دۆلەت ھەربىي خىراجەتنى تولەش ئۈچۈن ئالۋاڭ-ياساق ۋە باج-سېلىقنى يىلدىن-يىلغا ئاشۇرۇپ باردى. سۇ قۇرۇلۇشى ۋە سۇغۇرۇش ئىشلىرى ئۇزۇن يىللار ئوڭشالماي، قۇرغاقچىلىق ۋە ھولچىلىك ئاپەتلىرى دائىم بولۇپ تۇردى، بۇنىڭ بىلەن يۈز مىڭلىغان دېھقانلار يۇرتىدىن ئايرىلىپ، سەرساندلىق-سەرگەندارلىقتا ھايات كەچۈردى، كەڭ ئېتىز-ئېرىقلار قاقاسلىققا ئايلىنىپ، يېزا-قىشلاقلار چۆلدەرەپ كەتتى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئالغا باسماي توختاپ قالدى، ئاچارچىلىق مىليونلىغان دېھقاننىڭ ھاياتىغا تەھدىت سالدى. جەنۇپتىكى دېھقانلارنىڭ كۈنى ئۆتكۈزۈشى بەتتەر بولدى. جەنۇپقا كۆچۈپ بارغان دېھقانلار ئەۋلاتمۇ-ئەۋلات جاپا چېكىپ ئاچقان يېڭى ئېتىزلارنىڭ ھەممىسىنى رۇەن جەمەتى گۇرۇھى "خانلىق يەر" قىلىپ قوشۇۋېلىپ، دېھقانلاردىن زورلۇق بىلەن يەر ئىجارىسى ۋە جان بېجى يىغدى، ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانلار ئەمەلىيەتتە "خانلىق يەرلەر" ۋە "ئەسكەرلەر ئاچقان بوز يەرلەر"نىڭ يانچىسى بولۇپ قالدى. رۇەن جەمەتى گۇرۇھى شىمالدىكى جېڭ جەمەتى، جېنلا (كامبودژا) قاتارلىقلارغا يىلمۇ-يىل ئىستىلاچىلىق ئۇرۇشى ئېلىپ باردى، دېھقانلار ئۈستىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيىنى جېنىنىڭ بېرىچە كۈچەيتتى. يەر ئىجارىسى، ھاشار، ئەسكەرلىك ۋە باشقا تۈرلۈك ئېغىر ئالۋاڭ-ياساقلارنىڭ ھەممىسى دېھقانلارنىڭ ئۈستىگە چۈشتى.

دېھقانلار زور تۈركۈملەپ يەردىن ئايرىلدى، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشى كۈندىن-كۈنگە كېمىيىپ كەتتى، ئىجارە ۋە باج-سېلىق بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ، دېھقانلار ھالاكەت گىرداۋىغا بېرىپ قالدى. دېھقانلار بىلەن فېئوداللار سىنىپى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىنتايىن كەسكىنلىشىپ كەتتى، دېھقانلارنىڭ قوزغىلىپ فېئودال ھۆكۈمرانلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتىن باشقا چىقىش يولى قالمىدى.

18-ئەسىردە، ۋېيتنامنىڭ فېئوداللىق جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا يېتىشىۋاتقان كاپىتالىزىم بىخلىرى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھالدا كۆپەيدى، ياللانما ئىشچىلار ۋە غايەت زور پايدا ئالىدىغان قول سانائەت ئىشخانىلىرى، مەسىلەن، كېمىچىلىك ئىشخانىلىرى مەيدانغا كەلدى. بەزى قول سانائەت ئىشخانىلىرى مىڭلاپ ئىشچى ياللايتتى. شەخسىي كان ئېچىش ئىشلىرى تېزدىن تەرەققىي قىلدى، ئەمەلدارلار ۋە جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىشچى ياللاپ كان ئېچىشىغا رۇخسەت قىلىندى، مەشھۇر كانلاردىن گۇاڭنەن ئالتۇن كانى، گۇاڭيى كۈمۈش كانى، تەيياۋەن قەلەي كانى، شۇنخۇا ئالتۇن كانى، پۇجېڭ تۆمۈر كانى قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق ئېچىلدى. كانچىلىقتىن كىرگەن كىرىم خۇسۇسىلار ئىگىدارچىلىقىدا بولۇپ، فېئودال ھۆكۈمرانلارغا باج تاپشۇرسىلا بولاتتى. يەر سودىسى بارغانسېرى كۆپىيىپ كەتتى، دېھقانلار يەردىن ئايرىلىپ يا كانلارغا كەتتى، يا قول سانائەت ئىشخانىلىرىغا ياللىنىپ ئىشلىدى، شۇنىڭ بىلەن فېئوداللىق تەرتىپنى تەۋرەتتى. سودىگەرلەر قول سانائەت ئىشخانىلىرىنىڭ مەھسۇلاتلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى توشۇپ، جەنۇپ بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدا ئالماشتۇرۇپ، سودىنى ئەۋج ئالدۇردى، شۇ چاغدا شىمالدىلا سودا بېجى ئالىدىغان "باجخانا" دىن 23 ي بار ئىدى، بۇ

ۋيېتنامدا تاۋار ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتىنىڭ خېلى تەرەققىي قىلغانلى-
غىنى، ئىچكى بازارنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەنلىكىنى
چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پورتۇگالىيە،
ئىسپانىيە، ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە بىلەن بولغان تاشقى سودىمۇ
راۋاجلاندى. لېكىن فېودالىق ناتۇرال ئىگىلىك ۋە فېودالىق بۆلۈنمە
كەلتۈرۈپ چىقارغان چازا تۈزۈمى ئاجىز كاپىتالىستىك ئامىللارنىڭ
تەرەققىياتىنى قىسىپ تۇراتتى. فېودال ئەمەلدارلارنىڭ ھوقۇقىنى
قالايمىقان ئىشلىتىشى ۋە ئېغىر ئالۋاڭ-ياساقلار ئوتتۇرا، كىچىك
سودىگەرلەرنى خاتىرجەم تىجارەت قىلالمايدىغان، ھازىرقى ئەھۋال-
دىن قانائەت قىلالمايدىغان قىلىپ قويدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار
ئارقا-ئارقىدىن قوزغىلىپ فېودال ھۆكۈمرانلارغا قارشى تۇردى.
كاپىتالىزم ئامىللىرىنىڭ بىخ ئۇرۇپ چىقىشى، ئىچكى بازارلارنىڭ
شەكىللىنىشى، ھەرقايسى جايلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇشنىڭ
راۋاجلىنىشى فېودالىق تۈزۈمنىڭ تۈرلۈك كىرىزىسلىرىنى مەملىكەت
بويىچە ئومۇمىي خاراكتېرغا ئىگە قىلدى. فېودالىق تۈزۈم ۋيېتنامنىڭ
جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى ئېغىر توسالغۇغا ئايلىنىپ قالدى.

**شىسەن دېھقانلار قوزغىلىڭى** 18-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن
كېيىن، ۋيېتنامنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا دېھقانلار قوزغىلىڭى ئارقا-
ئارقىدىن توختىماي بولۇپ تۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە شىسەن قوزغىلى-
ڭىنىڭ كۆلىمى ھەممىدىن چوڭ بولدى. شىسەن قوزغىلىڭىغا گۇيرىن-
فۇنىڭ شىسەن كەنتىدىكى رۇەن پەملىلىك ئۈچ ئاكا-ئۇكا — رۇەن
ۋېنيۈي، رۇەن ۋېنخۇي، رۇەن ۋېنلۈي رەھبەرلىك قىلدى. ئۇلارنىڭ
ئاتا-بوۋىلىرى ئەسلى شىماللىق بولۇپ، جېڭ جەمەتى بىلەن رۇەن
جەمەتى ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇشتا رۇەن جەمەتى قوشۇنلىرى





شىمەن قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئىشلەتكەن تامغا ۋە جەڭ دۇمبىقى

تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنىپ، جەنۇبتا بوز يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. رۇەن ۋېنيۇي ئۇششاق تىجارەتچى ئىدى. تېرىقچىلىق تۇرمۇشى ۋە كەڭ ئىجتىمائىي ئۇچرىشىش ئارقىسىدا رۇەن يەملىلىك ئاكا-ئۇكىلار رۇەن جەمەتى گۇرۇھى ھوكۇمرانلىغىنىڭ چىرىپ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىنى، ھەرقايسى تەبىقىدىكى خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئاجايىپ جاپا-مۇشەققەتتە ئۆتۈۋاتـقانلىغىنى، ھەرقايسى جايلاردىكى دېھقانلارنىڭ نارازىلىق كەيپىياتـنىڭ كۈنسايىن ئۇلغىيىۋاتقانلىغىنى كۆردى. 1771-يىلى يەنە قەھەتچـ

لىك بولۇپ، سەرسانلىق-سەرگەردانلىقتا چۈشۈپ قالغان دېخانلار تېخىمۇ كۆپەيدى، پۈتكۈل ۋېيتنام يېزىلىرى خۇددى ئوت ياقسىلا تۇتىشىپ كەتكۈدەك قۇرۇق ئوتۇنغا ئوخشاپ قالدى. رۇەن پەمىلىلىك ئاكا-ئۇكىلار قوزغىلاڭ ۋاقتىنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى بايقاپ، شىسەندە ھەققانىيەت بايرىقىنى تىكلىدى. قوزغىلاڭغا ھەرقايسى جايلاردىكى دېخانلار ئاۋاز قوشتى. دېخانلار كالتەك-توقماق، قىلىچ-نەيزە، يەرلىك مىلتىق ۋە توپ-زەمبىرەكلەر بىلەن قورال-لاندى، قوشۇن تېزدىن كۆپىيىپ نەچچە مىڭ كىشىگە يەتتى. رۇەن ۋېنيۈې ئاكا-ئۇكىلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا قوشۇننى باشلاپ ئەتراپتىكى زالىم پومېشچىكلارنى يوقىتىپ، ناميرات دېخانلارغا ياردەم بەردى. 1773-يىلى، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى بىر يولىلا پىڭدىڭ ئۆلكىسىدىكى گۈيرېننى ئىشغال قىلدى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ ئىنتىزامى قاتتىق بولۇپ، كەڭ دېخانلارنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە ئېرىشتى، ئۇلارنىڭ داڭقى ھەر تەرەپكە تارالدى. گۇاڭيى، يەنچېڭ، پىڭچىڭ، پىڭشۇن قاتارلىق جايلاردا ئارقا-ئارقىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى، گۇاڭنەندىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىمۇ تۈش-تۈشتىن قوزغىلىپ ئاۋاز قوشۇپ، دېخانلار قوزغىلاڭچى قوشۇننى ئۇيۇشتۇرۇپ رۇەن جەمەتى گۇرۇھىغا قارشى تۇردى.

رۇەن پەمىلىلىك ئاكا-ئۇكىلار گۈيرېننى ئالغاندىن كېيىن، قوزغىلاڭچى قوشۇنلارنى ئوتتۇرا، ئالدىنقى، ئارقا، سول، ئوڭ تەرەپ قوشۇنى دېگەن 5 قوشۇنغا ئايرىدى، ئۇلارنىڭ ھەيۋىتى كۈندىن-كۈنگە زورايدى، ئۇلار باستۇرۇشقا كەلگەن رۇەن جەمەتى قوشۇننى ئارقا-ئارقىدىن مەغلۇپ قىلىپ، گۇاڭيى، خۇيئەن قاتارلىق مۇھىم جايلارنى ئالدى. 1775-يىلى، شىمالدىكى

جېڭ جەمەتى گۇرۇھى جەنۇپتىكى كىرىزىستىن پايدىلىنىپ، جەنۇپقا ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئۆز تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش غەرىزىدە قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى بىلەن تۇتۇشتى. ھەر ئىككى تەرەپتە يېڭىش-يېڭىلىش بولدى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ ھەم ئالدى، ھەم كەينىدىن دۈشمەننىڭ زەربىسىگە ئۇچرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، رۇەن پەملىلىك ئاكا-ئۇكىلار زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، بىر-بىرلەپ تارمار قىلىش تاكتىكىسىنى تۈزدى، كۈچىنى توپلاپ رۇەن جەمەتى گۇرۇھىنى يوقىتىش مەقسىتىدە، جېڭ جەمەتى قوشۇنى بىلەن سۈلھى تۈزدى؛ جېڭ جەمەتى گۇرۇھىمۇ تاغ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ يولۋاسنىڭ ئېلىشىشىنى كۆزىتىپ، ئوتتۇرىدىن پايدا ئېلىش ئۈچۈن، ئۇرۇشنى توختىتىشقا قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئەسكىرىي كۈچىنى توپلاپ، جەنۇپقا يۈرۈش قىلىپ، رۇەن جەمەتى گۇرۇھىنىڭ جەنۇپتىكى ئۇۋىسى—زىگۇن (شىگۇڭ) غىچە يېتىپ باردى. 1775-يىلى ۋە 1776-يىلى رۇەن ۋېلۇي بىلەن رۇەن ۋېنخۇي ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئەسكەر باشلاپ زىگۇنغا 2 قېتىم بېسىپ كىرىپ، رۇەن جەمەتى گۇرۇھىنىڭ كاتتىۋېشى رۇەن فۇچۈننى ئېتىپ تاشلىدى. رۇەن فۇچۈننىڭ جىيەنى رۇەن فۇيىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرىنى توپلاپ، زالىم-زومىگەرلەرنى يىغىپ، يومشىشكىلار قوراللىق قوشۇنىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، دېھقانلار قوشۇنىغا قايتا يېپىلدى. 1776-يىلدىن باشلاپ، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى رۇەن فۇيىڭنىڭ يومشىشكىلار قوراللىق قوشۇنى بىلەن جەنۇپتا 10 يىلدەك جاپىدالىق بىلەن ئېلىشتى. رۇەن فۇيىڭ فېودالىق ھوكۈمرانلىقنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، شەخسىي شوھرەت ئۈچۈن ۋەتەننى سېتىشتىن يانمىدى، ئۇ فرانسىيە مۇستەملىكىچىسى بولغان يوپ بېدولۇ بىلەن تىل

بېرىكتۈردى، بېدولۇ ئۇنىڭغا ئەكسىيەتچىل قوشۇن تەشكىللەشكە ۋە بۇ قوشۇننى تەربىيىلەپ بېرىشكە ياردەملىشىدىغان بولدى. بېدولۇ ئۇنى فرانسىيە بىلەن "ئىتتىپاق" تۈزۈشكە دەۋەت قىلدى. 1787 - يىلى، بېدولۇ روۋەن فۇيىڭغا ۋاكالىتەن پارىژدا لۇئى XVI ھۆكۈمىتى بىلەن قۇل قىلىش خاراكتېرلىق شەرتنامە ئىمزالىدى: فرانسىيە روۋەن فۇيىڭغا ھەربىي ياردەم بېرىدىغان، روۋەن فۇيىڭ تۇلۇن ۋە كۇنلۇن ئارىلىنى فرانسىيىگە بۆلۈپ بېرىدىغان ھەمدە فرانسىيە سودىگەرلىرى ۋېيتنامدا باج تۆلىمەيدىغان ۋە سودىنى مونوپولىيە قىلىدىغان ھوقۇق-تىن بەھرىمەن بولىدىغان بولدى (بۇ شەرتنامە 1789 - يىلى فرانسىيە زور ئىنقىلاۋىنىڭ پارتلىشى بىلەن ئىشقا ئاشماي قالدى). روۋەن فۇيىڭ يەنە شيەنلو (تايلاند) پادىشاسىنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ ئارىلىشىشىنى تىلىدى. بۇ ۋەتەن ساتقۇچ شۇملۇقلار روۋەن جەمەتى گۇرۇھىنى مەغلۇبىيەتتىن قۇتقۇزۇپ قالالمىدى. 1782 - يىلى، روۋەن ۋېنخۇي، روۋەن ۋېنلۇي دېڭىز ئارمىيىسى ۋە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنى باشلاپ مېكوڭخې دەرياسىنىڭ كېچىكىدە، روۋەن فۇيىڭنىڭ دېڭىز-چىلار قوشۇنىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، بېدولۇنىڭ قول ئاستىدىكى سەركەردىسى مەنخۇەي قوماندانلىق قىلىۋاتقان ئەجنەبىي پاراخوتنى پاچاقلاپ، بۇ مۇستەملىكىچى قاراقچىنى ئېتىپ تاشلىدى. روۋەن فۇيىڭ رەسۋاسى چىققان ھالدا فۇگو ئارىلىغا قېچىپ بېرىۋالدى، كېيىن يەنە يوشۇرۇن ھالدا شيەنلوغا بېرىپ ئۇلاردىن ياردەم تىلىدى. 1784 - يىلى، شيەنلو پادىشاسى 20 مىڭ دېڭىزچى ۋە 300 كېمە ئەۋەتىپ ۋېيتنامغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، شىسەن قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا ئۇرۇندى. شيەنلو ئەسكەرلىرى بارغانلا يېرىدە كويدۇ-رۇپ، قىرغىنچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق قىلىپ، قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى

قالمىدى، بۇ ھال ۋيېتنام خەلقىنىڭ چەكسىز غەزەپ-نەپرىتىنى قوزغىدى. رۇەن ۋېنخۇي خەلق ئاممىسىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا، دۈشمەننى ئالداپ ئىچكىرى كىرگۈزۈش تەدبىرىنى قوللىنىپ، شىيەنلو ئەسكەرلىرىنى مېيچيۇنىڭ غەربىدىكى جايلارغا ئالداپ كىرگۈزۈپ، ئۇلارغا پىستىرما قىلىپ زەربە بېرىپ، تامامەن غەلىبە قازاندى، دۈشمەننىڭ 20 مىڭ ئەسكىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك يوقىتىلدى، 300 كېمىنىڭ ھەممىسى پاچاقلاپ تاشلاندى. رۇەن فۇيىڭ شىيەنلوغا قېچىپ بېرىپ، چەتئەلدە قالدۇق ئەسكەرلىرىنى توپلاپ، قايتىدىن باش كۆتىرىشكە پۇرسەت كۈتۈپ تۇردى. بۇ شانلىق جەڭ ئارقىلىق شىيەن قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى جەنۇبىي رايونلارنى پۈتۈنلەي قولغا كىرگۈزدى. شۇنىڭدىن كېيىن رۇەن ۋېنخۇي ئەسكەر باشلاپ شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، شىمالدىكى جېڭ جەمەتى گۇرۇھىنى يوقىتىش جېڭىنى ئورۇنلاشتۇردى.

1786-يىلى، رۇەن ۋېنخۇي زور قوشۇننى باشلاپ ھەربىي مۇھىم جاي بولغان شۇنخۇاغا يۈرۈش قىلدى. جېڭ جەمەتى گۇرۇھىنىڭ شىمالدىكى دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاللىبۇرۇنلا خەلقنىڭ نارازىلىقىنى قايىنىتىۋەتكەن ئىدى، خەلق شىيەن قوشۇنلىرىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى تەشنالىق بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى شىمالغا يۈرۈش قىلىش ئېلانىدا "لى، جېڭ جەمەتىنى يوقىتىپ، خەلقنى ئازاپ-ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدۇرۇش"نى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇنىڭ بىلەن، بارغانلا يېرىدە خەلقنىڭ قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى، خەلق تەرەپ-تەرەپتىن ئۇلارغا ئاۋاز قوشتى. شىيەن قوشۇنلىرى شۇنخۇانى بىرلا ھۇجۇم بىلەن ئىشغال قىلىپ، ئون مىڭلىغان دۈشمەننى يوقاتتى. ئارقىدىن يەنە دۆڭخەيگىچە بېسىپ كىردى، جېڭ

جەمەتى قوشۇنلىرى بۇنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپ قۇيرۇغىنى تىكىۋەتتى. دۆڭخەيىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن. رۇەن ۋېنخۇي ئەسلىدىكى شېڭلۇڭ (خېنىي)غا ۋاقىتىنچە ھۇجۇم قىلماسلىق دېگەن پىلانىنى ئۆزگەرتىپ، غەلىبىسىنى ئىلگىرىلەپ شېڭلۇڭغا يۈرۈش قىلىشنى قارار قىلدى. شىسەن قوشۇنى ئالدى بىلەن ۋېيخۇاڭ (نەندىڭ) ئاشلىق ئامبىرىنى ئېلىپ، 1 مىليون كورە (بىر كورە ھازىرقى 5 كورىگە تەڭ) ئاشلىقنى ئىگە بولدى. يېتەرلىك ئوزۇق-تۈلۈككە ئىگە بولغاندىن كېيىن، شىسەن قوشۇنلىرى نەچچە يۈز كېمىدىن تەشكىل قىلىنغان قۇدرەتلىك كېمە قوشۇنى بولۇپ، جەنۇپ شامىلىدىن پايدىلىنىپ، يەلكەنلىرىنى ئېچىپ تېز يۈرۈش قىلىپ، شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. جىڭ جەمەتى قوشۇنىنىڭ ئاساسلىق قىسمى شىسەن قوشۇنىنى توسۇش ئۈچۈن يۈشاجياڭ دەرياسى بويىغا ئورۇنلاشتۇ- رۇلغان ئىدى. رۇەن ۋېنخۇي بىر جەڭدىلا جىڭ جەمەتى قوشۇنىنىڭ ئاساسلىق كۈچىنى تارمار قىلدى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى شېڭلۇڭغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئالدى، شۇنىڭ بىلەن شىمالغا نەچچە يۈز يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان جىڭ جەمەتى گۇرۇھى بەربات بولدى. لى سۇلالىسىنىڭ قالدۇق كۈچلىرى گۇاڭشىغا قېچىپ كىرىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ پادىشاسىدىن "دۆلەتنى قايتۇرۇۋېلىش" قا ياردەم قىلىشنى تىلىدى. 1788-يىلى، چيەنلۇڭ گۇاڭدۇڭ-گۇاڭ- شىنىڭ باش ۋالىسى سۇن شىيىنى 200 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ۋېيتنامغا ئەۋەتىپ، شېڭلۇڭنى بېسىۋالدى. رۇەن ۋېنخۇي ۋېيتنام- نىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا كۈچ توپلاپ، يۈزنەچچە جەڭ پىلغا ئىگە يۈز مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇن تەشكىللەپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇن- لىرىنى تارمار قىلىش پىلانىنى تۈزدى. شىسەن قوشۇنى چىڭ

سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنىڭ چاغان بايرىمىدا ئەيش-ئىشرەت، كەيپ-ساپا بىلەن بولۇپ، بوشىشىپ قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلار تەييارلىقسىز تۇرغان ئەھۋالدا چاقماق تېزلىكىدە ھۇجۇم قىلدى. ھارپا كۈنى ئۇرۇش باشلاپ، 7 كۈن ئىچىدە چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، شېخلۇڭنى قايتۇرۇۋالدى. سۇن شى قالدۇق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، رەسۋاسى چىققان ھالدا جېننەنگۇەنگە (بۈگۈنكى يۈيگۇەنگە) چېكىندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، شىسەن قوشۇنلىرى شىمالنى پۈتۈنلەي تىزگىنلىدى، پۈتۈن ۋېيتنامنى ئاساسەن دېگۈدەك بىرلىككە كەلتۈردى، ۋېيتنامنىڭ نەچچە يۈز يىللىق فېوداللىق بۆلۈنمە ھالىتىگە خاتىمە بەردى.

شىسەن دېخانلار قوزغىلىڭى 18 يىل قانلىق كۈرەش قىلىش ئارقىسىدا، ئاخىر لى، چېڭ، رۇەن جەمەتىنىڭ فېوداللىق ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ھەرقايسى فېودال ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنى يىتچىت قىلىپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. كەسكىن سىنىپىي كۈرەش ۋە مىللىي كۈرەش جەريانىدا، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى غەرپ مۇستەملىكىچىلىرىنى ۋە چەتئەل مۇداخىلىچى قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغدىدى. شىسەن دېخانلار قوزغىلىڭى ۋېيتنام تارىخىدا ئۆزىنىڭ شانلىق نۇرىنى چاچتى.

**شىسەن ھاكىمىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت تەدبىرلىرى** شىسەن ھاكىمىيىتى ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە زور ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى قوللاندى، بۇ ۋېيتنام جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا نىسبەتەن تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

ئۇزاق يىللار داۋام قىلغان ئۇرۇش نەتىجىسىدە يېزىلاردا كۆپلىگەن يەرلەر قاقاسلىققا ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى. رۇەن ۋېنخۇي ئىشلەپچىقىرىشنى رىغبەتلەندۈرىدىغان، ئىگىلىكنى گۈللەندۈرىدىغان سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقتى، چەتلەردە ئېقىپ يۈرگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ يۇرتىغا قايتىپ ئىشلەپچىقىرىشقا قاتنىشىشى، تاشلىنىپ كەتكەن جامائەت يەرلىرى ۋە خۇسۇسىي يەرلەرنى دېھقانلارنىڭ تونۇپ ئېلىشىغا، تېرىشقا رۇخسەت قىلىنىدىغانلىقى؛ يەرگە سۈيىتىگە قاراپ 3 دەرىجىگە ئايرىپ باج تاپشۇرۇلىدىغانلىقى؛ ئەمگەك كۈچىنى تەشكىللەپ تېرىقچىلىق قىلىش ئۈچۈن ھەرقايسى يېزا جامائەلىرىنىڭ ئېچىلمىغان بوز يەرلەر، نەق بار بولغان ئەركەكلەرنىڭ ۋە ئېقىپ يۈرگەن كىشىلەرنىڭ ھەقىقىي سانىنى ھىساپلاپ چىقىشى ۋە يۇقۇرىغا مەلۇم قىلىشى توغرىسىدا بۇيرۇق چىقىرىلدى. مۇددىتى توشۇپ ئىگىسى چىقماي قالغان يەرلەرنىڭ باج-سېلىقىغا يېزا باشلىقى، كەنت باشلىقى مەسئۇل بولىدىغان بولدى. نوپۇسنى يوشۇرۇپ قالىدىغان، باج-سېلىقتىن قاچىدىغان ئەھۋاللاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، رەسمىي نوپۇسى بار كىشىلەرگە گۇۋاھنامە تارقىتىپ بېرىلدى، گۇۋاھنامىسى يوقلارغا جەرىمانە قويۇلىدىغان بولدى. بۇ سىياسەت يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا ياخشى رول ئوينىدى، 1791-يىلى كۈزلۈك يىغىمدا ھەرقايسى جايلاردا ھەممە زىرائەتلەردىن مول ھوسۇل ئېلىندى.

يېزا ئىگىلىكنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى سودىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى. رۇەن ۋېنخۇي ئېغىر ۋە مۇرەككەپ بولغان سودا-سانائەت بېجىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھەمدە تاشقى سودىنى ياۋال كېڭەيتىش

توغرىسىدا بۇيرۇق چىقاردى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئۇ چىڭ سۇلالىسى بىلەن سوھبەت ئۆتكۈزۈپ سودا مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، گاۋپىڭ، لياڭشەندە بازار ئاچتى، ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ سودا قىلىشىغا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، جۇڭگو سودىگەرلىرى تاموژنا بېجى تولىمەيدىغان بولدى؛ چىڭ سۇلالىسى ۋيېتنام سودىگەرلىرىنىڭ گۇاڭشىدىكى نەننىڭدا دۇكان ئېچىشىغا قوشۇلدى. چەتئەل كېمىلىرى ۋيېتنامنىڭ ھەرقايسى سودا پورتلىرىغا قاتنايدىغان بولدى، شۇنىڭ بىلەن تاشقى سودا كۈندىن - كۈنگە راۋاجلاندى.

دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە دىپلوماتىيە جەھەتتە، ئەسكەر ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ئەسكەرلەر پاتال تۈردە تەربىيىلەندى، پىيادە ئەسكەر، دېڭىز ئەسكىرى، ئاتلىق ئەسكەر، پىللىق ئەسكەر، توپچى ئەسكەر قاتارلىق ئەسكەر تۈرلىرىدىن تەركىپ تاپقان قۇدرەتلىك ئارمىيە قۇرۇلدى. شۇنىڭدەك دۆلەت زېمىنىنى قوغداش، چەتئەللەرنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش فاڭجېنى يولغا قويۇلدى.

يېزىق ۋە خەلق مائارىپى جەھەتتىمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلدى. ئىلگىرى ۋيېتنام جەمئىيىتىدە مەملىكەت بويىچە خەنزۇچە يېزىق قوللىنىلاتتى. بۇ يېزىق ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئىنتايىن قىيىنغا چۈشەتتى. رۇەن ۋېنخۇي زىنەن يېزىقىنى①ۋيېتنامنىڭ دۆلەت يېزىقى قىلىش، ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىلىرى، خەت - چەكلىرىنى زىنەن يېزىقى بىلەن يېزىش توغرىسىدا بۇيرۇق

---

① زىنەن يېزىقى خەنزۇ يېزىقىدىن ئۆزگەرتىلگەن، ۋيېتنام تىلىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان چاسا يېزىق.

چىقاردى. شىسەن دەۋرىدە زىننەنچە يېزىلغان نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى، بۇلار ۋيېتنامنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا پارلاق نۇر چاچتى. يېڭى ھاكىمىيەت مەكتەپ ئېچىشنى تەشەببۇس قىلدى، مەركەزدە دۆلەتلىك مەكتەپ، يەرلىكتە مەھكىمىلەر مەكتىۋى ۋە يېزا مەكتىۋى ئېچىلدى. ھەر بىر يېزىدا مەكتەپ قۇرۇلدى، يېزا مەكتەپلىرىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈندى. ھەر دەرىجىلىك مائارىپتا نەنزى يېزىقى ئاساس قىلىندى.

**شىسەن ھاكىمىيىتىنىڭ زاۋالغا يۈز تۇتۇشى ۋە مەغلۇپ بولۇشى** شىسەن قوزغىلىڭى دەۋرىدە، ۋيېتنامنىڭ فېئوداللىق جەمئىيىتىدە كاپىتالىزىمنىڭ بىخلىرى پەيدا بولغان بولسىمۇ، لېكىن تېخى يېڭى سىنىپىي كۈچلەر مەيدانغا كەلمىگەن ئىدى، ئىلغار پارتىيە يوق ئىدى، شۇڭلاشقا، بۇ قوزغىلاڭ كۆلىمى، داۋاملاشقان ۋاقتى ۋە شۇنىڭدەك فېئوداللىق تۈزۈمگە بەرگەن قاقشاتقۇچ زەربىسى جەھەتتە ۋيېتنامنىڭ تارىخىدا مىسلىسىز بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا كونا شەكىلدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى بولۇپ، ئۆزىنىڭ تۈپ ئاجىزلىقىدىن قۇتۇلالمىدى.

رۇەن پەملىلىك ئاكا-ئۇكىلار قوزغىلاڭ دەسلەپكى قەدەمدە غەلىبە قازانغاندىن كېيىنلا پادىشالىق ئېلان قىلدى. رۇەن ۋېنيۆي 1787-يىلى ئۆزىنى مەركەز پادىشاسى دەپ جاكالىدى، رۇەن ۋېنخۆينى شىمال بېگى قىلىدى، ئۇ فۇچۇندە تۇردى؛ رۇەن ۋېنلۈينى شەرق بېگى قىلدى، ئۇ جيادىڭدا تۇردى، ئۇلار ھەرقايسىسى مەلۇم زېمىننى ئىگىلىدى. 1788-يىلى، رۇەن ۋېنخۆيمۇ ئۆزىنى پادىشا دەپ جاكالىدى ۋە "گۇاڭجۇڭ" يىلنامىسىنى قوللاندى ھەممىدە چىڭ سۇلالىسى پادىشاسىنىڭ سۆيۈرغاللىغىنى قوبۇل قىلدى. قوزغىلاڭنىڭ

www.uyghurkitap.com

يولباشچىلىرى ۋە سەركەردىلىرى ئاقسۇڭەك، تۆھپىكار دەپ نام ئالدى، ئۇلار بارا-بارا يېڭى فېئودال ھۆكۈمرانلارغا ئايلىنىپ كەتتى. رۇەن پەملىلىك ئاكا-ئۇكىلار پۈتۈن مەملىكەت زېمىنىنىڭ ئالىي ئىگىدارى بولۇپ قالدى. دېھقانلار قوزغىلىڭىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەڭ ئۆتكۈر يەر مەسىلىسى ھەل قىلىنمىدى. ئىگىسىز قاقاس يەرلەرنى تېرىغان دېھقانلار يېڭى فېئودال ھۆكۈمرانلارغا باج تاپشۇرۇپ ھەمدە ھاشارغا بېرىپ، يەنىلا ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنىدىغان ۋە قۇل قىلىنىدىغان ئورۇندا تۇرىۋەردى. كونا پومېششىكلار تەرەپ-تەرەپتىن قايتىپ كېلىپ تەتۈر ھېساب ئېلىپ، بۇرۇنقى يەرلىرىنى قايتىدىن ئىگەللىۋالدى. دېھقانلار رۇەن پەملىلىك ئاكا-ئۇكىلارغا بولغان ئىشەنچىنى پەيدىن-پەي يوقاتتى، ئۇلارنى قوللىمايدىغان بولۇپ قالدى. دېھقانلارنىڭ نارازىلىقى جىيادىڭ ۋە يۈگلۈك رايونلىرىدا ھەممىدىن ئاۋال ۋە ھەممىدىن ئېغىر دەرىجىدە ئىپادىلىنىپ چىقتى. شيەنلوڭغا قېچىپ كەتكەن رۇەن فۇيىڭ بۇ ئەھۋالدىن پايدىلاندى، ئۇ 1787-يىل 8-ئايدا شيەنلودىن ۋېيتنامنىڭ جەنۇبىغا يوشۇرۇن قايتىپ كېلىپ، سۇيىقەستلىك ھەركەتلەرنى ئېلىپ باردى، ئۇ جەنۇپتىكى پومېششىكلار ۋە زالىم-زومىگەرلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن 1788-يىلى زىگۇن (شىگۇڭ)نى تارتىۋالدى ھەمدە پۈتكۈل جىيادىڭ رايونىنى بارا-بارا ئىشغال قىلىۋالدى.

فېئوداللىق دەۋرىدىكى دېھقانلار ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئىدى، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ رەھبەرلىكى يوق ئىدى، ئۇلار كونا ئادەت كۈچىنىڭ تەسىرى ۋە ئۆز سىنىپىنىڭ چەكلىمىلىكلىكىنى يېڭەلمەيتتى، ئىنقىلاب سېپىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۇزاق ۋاقىت ئىتتىپاقلىقىنى ساقلاپ، بىرلىكتە دۈشمەنگە قارشى تۇرالمايتتى.

دەسلەپكى قەدەمدە غەلىبە قازىنىش ۋەزىيىتى ئەمدىلا شەكىللەنگەندە، گۇمان قىلىش، چەتكە قېقىش، بىر بىرىگە ئورا كولاش رۇەن پەملىلىك ئاكا-ئۇكىلار ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولۇپ، بىر بىرىگە ھۇجۇم قىلىش، خائىنلىق قىلىشتىن ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىشتەك قانلىق پاجىئەگە ئايلاندى. 1786-يىلى، رۇەن ۋېنخۇي شېڭلۇڭنى ئالدى، رۇەن ۋېنيۈي ئۇنىڭ ھوقۇق ۋە كۈچىنىڭ ئۆزىنىڭكىدىن ئېشىپ كەتكىنىنى كورەلمەي، ئۆز يېقىنلىرىدىن 500 دىن ئارتۇق كىشىنى باشلاپ شېڭلۇڭغا يېتىپ كەلدى، نامدا "ياردەم"گە كەلگەندەك قىلىپ، ئەمەلىيەتتە تازارەت قىلدى. ئۇ يەنە جەنۇپلۇق دېخانلارنىڭ ئۆز يۇرتىنى بەك سېغىنغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، قوشۇننى گۇيرېنغا قايتۇردى، بۇنىڭ بىلەن شېڭلۇڭ يەنە قولدىن كەتتى. گۇيرېندا ئىككى قېرىنداش قوشۇن بىر بىرى بىلەن تۇتىشىپ قېلىپ، بىرنەچچە كۈن تىركىشىپ ئاران ئەپلەشتى، شۇنىڭدىن كېيىن ھەرقايسىسى بىر جاينى ئىگەللەپ بولۇنۇش ھالىتىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 1792-يىلى رۇەن ۋېنخۇي ئولگەندىن كېيىن ئوغلى رۇەن گۇاڭزۇەن تەختكە چىقتى، ئۇنىڭ بىلەن رۇەن ۋېنيۈي ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت چوڭقۇرلىشىپ كەتتى. 1793-يىلى، رۇەن فۇيىڭنىڭ ئەكسىيەتچى قوشۇنلىرى گۇيرېننى قورشىۋالغاندا رۇەن گۇاڭزۇەن "ياردەم بېرىش" بانىسى بىلەن، ئەسكەر باشلاپ كېلىپ گۇيرېننى ئىگەللىۋالدى، ئامبارلارنى پېچەتلىدى، مال-مۈلۈكلەرنى مۇسادىرە قىلدى، بۇنىڭ بىلەن رۇەن ۋېنيۈينىڭ ئىچى سىقىلىپ دەرت يۇتۇپ ئولۈپ كەتتى. رۇەن گۇاڭزۇەننىڭ ئوردىسىنىڭ ئىچكى قىسمىمۇ قاتمۇ-قات زىددىيەتكە تولغان ئىدى، گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى تالاش-تارتىشلار بارغانسېرى جىددىيلىشىپ كەتتى.

1795 ـ يىلى، شىسەن قوشۇنلىرى ئەسلىدە رۇەن فۇيلىڭ قوشۇنلىرىغا قايتۇرما زەربە بېرىشنى پىلانلىغان بولسىمۇ، بىراق ئىچكى زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىپ كېتىشى تۈپەيلىدىن توختاپ قالدى. ئىچكى جاڭجاللار نۇرغۇن سەركەردىلەرنىڭ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئاسىيلىق قىلىپ دۈشمەن تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشىگە سەۋەپ بولدى.

ھىلىگەر، مەككار رۇەن فۇيلىڭ شىسەن ھاكىمىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى جاڭجاللاردىن پايدىلىنىپ، تىرىلدۈرۈش ھەركىتىنى ھەدەپ ئېلىپ باردى. ئۇ ئاسىيلارنى يېنىغا توپلاپ، ئاغدۇرمىچىلىقنى پىلانلاپ، ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچىل تەسىر دائىرىسىنى جىددى كېڭەيتتى. رۇەن فۇيلىڭ غەرپ مۇستەملىكىچىلىرى بىلەن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تىل بىرىكتۈرۈپ، بېدولۇ قاتارلىق فرانسىيە دىن تارقاتقۇچىلىرى ۋە قاچقۇنلىرىدىن ئۆزىگە شەھەر سېپىلى سېلىشقا، كېمە ياساش، زەمبىرەك قۇيۇش، ئەسكەر تەربىيىلەشكە ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلدى، يەنە پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچى قاراقچىلىرىدىن مىلتىق ـ زەمبىرەك، ئوق ـ دورا سېتىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن رۇەن فۇيلىڭ قوشۇنلىرى قورال ـ جابدۇق جەھەتتە ئۈستۈن ئورۇنغا ئىگە بولىۋالدى.

رۇەن فۇيلىڭ پۈتۈن تەييارلىقلىرىنى پۈتكۈزۈپ بولۇپ، 1790 ـ يىلى جيادىڭ رايونىدىن چىقىپ، شىسەن قوشۇنلىرىغا قايتىدىن ھۇجۇم قىلدى. بۇ چاغدا شىسەن قوشۇنلىرى ئىچكى جاڭجاللاردىن كېيىن بەكلا ئاجىزلىشىپ كەتكەن ئىدى، لېكىن بىر قىسىم سەركەردىلەر ۋە ئەسكەرلەر قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ شانلىق ئەنئەنىسىنى ساقلاپ قالغاچقا، دۈشمەنگە باتۇرلۇق بىلەن زەربە بەردى، تىرىلىش بىلەن تىرىلىشكە قارشى ھايات ـ مامات كۈرەشى ئىنتايىن كەسكىن

بولدى. رۇەن فۇيىڭ قوشۇنلىرى ئىلگىر-كېيىن بولۇپ 7 قېتىم ھۇجۇمغا ئۆتتى، شىيەن قوشۇنلىرى 4 قېتىم قايتۇرما زەربە بەردى. يالغۇز گۇيرېننى تالىشىش ئۇرۇشىلا 10 يىل داۋام قىلدى. 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، رۇەن فۇيىڭ قوشۇنلىرى شىمالغا قىستاپ كەلدى، بۇ چاغدا شىيەن قوشۇنلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ كەتتى، ئۇلار ئەسلىدىكى ئىنقىلاۋىيلىقى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى كۈندىن-كۈنگە يوقىتىپ، خەلقنىڭ ھىمايىسى ۋە قوللىشىدىن ئاستا-ئاستا ئايرىلىپ قالدى. 1801-يىلى رۇەن فۇيىڭ قوشۇنلىرى فۇچۇنگە ھۇجۇم قىلدى، شىيەن قوشۇنلىرى مەغلۇپ بولدى؛ 1802-يىلى، رۇەن فۇيىڭ قوشۇنلىرى شىڭلۇڭنى ئالدى، رۇەن گۇاڭزۇەن ئەسىرگە چۈشتى. ۋيېتنام تارىخىدىكى ئەڭ كەڭ كۆلەملىك دېھقانلار قوزغىلىڭى 31 يىل داۋام قىلىپ، ئاخىر غەرب مۇستەملىكىچىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن فېئوداللىق كۈچلەر تەرىپىدىن باستۇرۇلدى، فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان رۇەن فۇيىڭ سۇلالىسى ۋيېتنامدا تىرىلدى. لېكىن، ۋيېتنام خەلقىنىڭ قوزغىلاڭ ئوتىدا يالقۇنلاپ چىققان زۇلۇمغا، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى جەڭگىۋار روھى يېڭى ئەسىردىن كېيىن فرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشىدە داۋاملىق جارى قىلدۇرۇلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 3 ـ بۆلۈم ھىندىستاننىڭ ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىشى، ھىندىستان خەلقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئەنگلىيىگە قارشى كۆرەشلىرى

**موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ يىمىرىلىشى** ئۇمەت ئۇمشۇغىنى ئايلىنىپ ئۆتىدىغان يېڭى يول تېپىلغاندىن كېيىن، پورتۇگالىيە، گوللاندىيە، ئەنگلىيە، فرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئارقا-ئارقىدىن شەرققە كېلىپ، ھىندىستاننىڭ دېڭىز بويلىرىدا نەچچە ئونلىغان مۇستەملىكە بازىلىرىنى ئىگەللىۋالدى. 18 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى، ھىندىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان موغۇل ئىمپېرىيىسى سىرتتىن قارىماققا ناھايىتى زور ئىمپېرىيە ئىدى، شۇڭا دېڭىز بويلىرىدىكى يەككە بازىلارنى ئىگەللىۋالغان مۇستەملىكىچىلەر ئۈنىڭدىن ئەيمىنىپ، خالىغانچە مۇستەملىكىچىلىك كېڭەيمىچىلىكى ئېلىپ بېرىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، موغۇل ئىمپېرىيىسى كۈنسايىن يىمىرىلىشكە باشلىدى. ھۆكۈمران سىنىپلار ئىقتىسادىي ھوقۇق-مەنپەئەت ۋە سىياسىي ھوقۇقنى قايتا بۆلۈشۈۋېلىش ئۈچۈن، توختىماستىن ئىچكى ئۇرۇش ئېلىپ باردى. ئىسلام دىنىدىكى فېئوداللار بىلەن ھىندى دىنىدىكى فېئودالار ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشمۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كەسكىنلىشىپ، جىددىي ئىركىشىش ھالىتى شەكىللەندى؛ ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ ۋالىيلىرى ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرىدىغان

بولۇنمە ھالەت شەكىللىنىپ، ئىمپېرىيە چاك-چېكىدىن بوسۇلۇپ كەتتى، كەڭ خەلق فېئوداللىق ھوكۇمرانلىققا بارغانسېرى نارازى بولدى.

ئارقا-ئارقىدىن بولۇپ تۇرغان خەلق قوزغىلاڭلىرى ۋە مىللى قوزغىلاڭلار موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ يىمىرىلىشىگە بىۋاستە سەۋەپ بولدى. كولىمى ئەڭ چوڭ بولغان مىللى قوزغىلاڭ ماراتلار قوزغىلىڭى بولدى. ماراتلار ھىندىستاننىڭ ئوتتۇرا ۋە غەرىپ تەرىپىدە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ھىندى دىنىغا ئېتىقات قىلاتتى، 17-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇلار موغۇل ئىمپېرىيىسى تەرىپىدىن بوي سۇندۇرۇلۇپ، ئىسلام دىنىدىكى فېئوداللارنىڭ ھوكۇمرانلىقى ئاستىدا ياشىدى. 1656-يىلى، ماراتلار شىۋاجىنىڭ رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتىرىپ، ئىسلام دىنىدىكى فېئوداللارنىڭ ھوكۇمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. شىۋاجى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ھەربى سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، قۇدرەتلىك يېنىك ئاتلىق ئەسكەر قوشۇنى قۇرۇپ، موغۇل ئەسكەرلىرىنى كۆپ قېتىم مەغلۇپ قىلىپ، زېمىن دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، بىر مەھەل دەۋر سۈردى. يۈز نەچچە يىل ئىچىدە مارات ئاتلىق ئەسكەرلىرى ھىندىستاننىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدا چېپىپ يۈرۈپ، ئۆلكىلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، باش ۋالى كۆچلىرىگە زەربە بەردى، دېھلىنى بىر مەزگىل ئىشغال قىلىپ، موغۇل ئىمپېرىيىسىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى.

ئەڭ چوڭ دېخانلار قوزغىلىڭى شىك دىنىدىكىلەرنىڭ قوزغىلىڭى بولدى. پەنجاپ دېخانلىرى شىك دىنىنى فېئودالىققا قارشى كۈرەشنىڭ ئىدىيىۋى قورالى ۋە تەشكىلى شەكلى قىلدى، ئۇرۇق جەمەتتىكى پەرقىنى يوقىتىپ، "ھەقىقەت دۇنياسى" قۇرۇشنى يەنى

يەرلەرنىڭ دېھقانلار ئىگىلىكىدە بولۇشى، ھەممە ئادەم باپ-باراۋەر بولۇش غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار ھىندى دىنى ۋە ئىسلام دىنىدىكى فېئوداللارغا قارشى قوراللىق كۈرەشنى قانات يايدۇردى. 17-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، 1715-يىلغىچە، قوزغىلاڭ ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇردى، ئۇنىڭ كۆلىمى بارغانسېرى زورىيىپ، نەچچە ئون يىل داۋام قىلدى. كېيىن قوزغىلاڭ گەرچە بىرنەچچە قېتىم باستۇرۇلغان بولسىمۇ، بىراق دېھقانلار شىك دىنىدىكىلەرنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى ۋە رەھبەرلىك قىلىشى ئارقىسىدا داۋاملىق كۈرەش قىلدى، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن رايونلار ئەمەلىيەتتە موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىن قۇتۇلدى. بۇنىڭدىن باشقا، 1669-يىلى پارتلىغان شىبت دېھقانلار قوزغىلىڭى بىر پەسىيىپ، بىر ئۆرلەپ، 1705-يىللارغىچە 50 يىل داۋام قىلدى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى بىر مەزگىل دېھلىغا قىستاپ كىرىپ، موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تەۋرەتتى. دېھقانلار قوزغىلىڭى ھەرقايسى جايلاردا تارقاق ئېلىپ بېرىلغاچقا، موغۇل سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇۋېتەلىگۈدەك بىرلىككە كەلگەن كۈچ بولۇپ شەكىللىنەلمىدى، دېھقانلار قوزغىلىڭى فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ باستۇرۇشىغا ئۇچراش ئارقىسىدا، يەنە خەلقنىڭ مۇستەملىكىچىلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرۇش كۈچى ئاجىزلاپ كەتتى. ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرغان دېھقانلار قوزغىلىڭى موغۇل سۇلالىسىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى ھۆكۈمرانلىقى ئىسمى بار، جىسمى يوق بولۇپ قالدى. دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش جەريانىدا ئەسكەر تۇتۇش ھوقۇقىنى ئىگىلىۋالغان ئۆلكە ۋالىيلىرى، كېيىنچە شەھەر ۋە ئۆلكىلەرنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى قولغا

كىرگۈزۈۋېلىپ، موغۇل پادىشاسىنى بۇ ھوقۇقنى "ئېتىراپ قىلىش"قا مەجبۇر قىلىدى، ئۇلار ھەربىي كۈچىگە تايىنىپ ئۆزىگە تەئەللۇق زېمىن تالاشقا، ئامبار ئاچقا ئىگە بولۇپ قويۇپ، بارغانسېرى يوغىناپ، خۇددى مۇستەقىل فېودال پادىشالاردەك بولىۋالدى. ماراتلار ھىندىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا، سىكلار شىمالىي قىسمىدا، بېنگال باش ۋالىسى شەرقىي قىسمىدا، ھەيدەرابا بىلەن مايسور بەگلەر جەنۇبىي قىسمىدا، مۇستەقىل دۆلەتكە ئوخشاپ كېتىدىغان دۆلەتلەرنى قۇردى.

زەئىپلىشىپ كەتكەن موغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرغۇدەك مادارىمۇ يوق ئىدى. 1738 ـ يىلى، ئىراندىكى نادىرخان كۆچمەنلەر چوڭ قوشۇنىنى باشلاپ ھىندىستانغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، موغۇل قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى، ئىككىنچى يىلى دېھلىنى ئېلىپ، تازا بۇلاپ ـ تالاپ كېتىشتى. 10 يىلدىن كېيىن، 1748 ـ يىلى، ئافغاندىكى ئەھمەد شاھ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ھىندىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، دېھلىنى بىرنەچچە قېتىم بېسىۋالدى. 1761 ـ يىلى ئافغاندىكى كۆچمەنلەر قوشۇنى شىمالغا دېھلىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن كەلگەن ماراتلار بىلەن پانىپاتتا ئۇچرىشىپ، قاتتىق جەڭ قىلدى، ماراتلارنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى قاتتىق مەغلۇپ بولدى. پانىپات جېڭى نەتىجىسىدە ھىندىستان زېمىنىدا غەربىي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرالايدىغان ئەڭ ئاخىرقى بىر قۇدرەتلىك كۈچ ئېغىر دەرىجىدە ئاجىزلاپ كەتتى. ئاۋغانلارمۇ ئىچكى جاڭجاللار نەتىجىسىدە، غەلىبىسىنى ئالغا ئىلگىرىلەپ ھىندىستاننى يۇتىۋالالمىدى، ئۇلار ئۆزۈن ئوتمەي ھىندىستان تەۋەسىدىن چېكىنىپ چىقىپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىلدى. خۇددى

ماركس ئېيتقاندەك: ”بۈيۈك موغۇلنىڭ ئالىي ھاكىمىيىتىنى ئۆزىنىڭ باش ۋالىيلىرى ئاغدۇرۇۋەتتى، باش ۋالىيلار ھاكىمىيىتىنى ماراتىلار ئاغدۇرۇۋەتتى، ماراتىلار ھاكىمىيىتىنى ئاۋغانلار ئاغدۇرۇۋەتتى؛ ھەممەيلەن ئاشۇنداق بىغىلىق قىلىۋاتقان چاغدا، برىتانىيىلىكلەر دوقۇرۇپ كىرىپ، ھەممەيلەننى بويسۇندۇردى“.①

**ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ھىندىستانغا قىلغان ھەربىي تاجاۋۇزى** 18-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، ئەنگلىيە ئاجىزلاشقان موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ چەتتىن كەلگەن تاجاۋۇزغا تاقابىل تۇرغۇچىلىك قۇۋۋىتىنىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ، ھىندىستاننىڭ دېڭىز بويلىرىدىكى رايونلارنى بازا قىلىپ، پىلىدەك كېمىرىپ، لەھەڭدەك يالماپ ھەربىي تاجاۋۇزچىلىق قىلدى. يۈز يىل ۋاقىت ئىچىدە، زېمىنى كەڭ، ئاھالىسى كۆپ بولغان ھىندىستاننى پەيدىن-پەي ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇردى.

”بۆلۈپ ئىدارە قىلىش“— ئەنگلىيە ھىندىستانغا تاجاۋۇز قىلىشتا قوللانغان ئەڭ قەبىھ، زەھەرلىك مۇستەملىكىچىلىك سىياسەت ئىدى. ئەنگلىيە ھىندىستاننى بويسۇندۇرۇش جەريانىدا، ھىندىستان جەمئىيىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىسلام دىنىدىكىلەر بىلەن ھىندى دىنىدىكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىقتىن، ئوخشاش بولمىغان ئىرق، قەبىلە ۋە ئۇرۇقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆچمەنلىكتىن ئىبارەت ئاجىزلىقلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش،

① ماركس. «برىتانىيىنىڭ ھىندىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كەلگۈسى نەتىجىسى». «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1981-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 118-بەت.

پارچىلاش-يىمىرىپ تاشلاش ۋە بىر-بىرلەپ يوقىتىش قاتارلىق ئىنتايىن قەبىھ، زەھەرلىك ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، يەر مەيدانى ۋە ئاھالىسى ئەنگلىيىدىن نەچچە ھەسسە چوڭ بولغان ھىندىستاننى بوي سۇندۇردى ۋە ئۇنىڭغا ھوكۇمرانلىق قىلدى. ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى ھىندىستاندىكى تۈرلۈك دىنىي مەزھەپلەر، ئۇرۇقلار ۋە قەبىلىلەردىن ياللانما ئەسكەر توپلاپ، ھىندىستان جەمئىيىتىدىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەردىن پايدىلىنىپ، ھىندىلارنى بىر بىرىنى قىرغىنقا سالدى، ھىندىستاننى ھىندىستان ھساۋىنغا بىرقىلىۋاتقان ھىندى ئەسكەرلىرى بىلەن بوي سۇندۇردى ۋە قۇل قىلدى.

1600-يىلى تەشكىل قىلىنغان شەرقىي ھىندىستان شىركىتى ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستانغا تاجاۋۇز قىلىشىدىكى ئاساسىي قورالى ئىدى. ”خەلق تەشكىلاتى“ دىگەن ۋىۋىسكىنى ئېسىۋالغان بۇ شىركەتنىڭ قوراللىق كۈچى بار ئىدى، ئۇ ئەنگلىيە پادىشاسىدىن سودىنى مونوپولىيە قىلىش، ئۇرۇش ئېلان قىلىش، سۈلھ تۈزۈش ۋە ئەدلىيە، سوت قىلىش قاتارلىق ئىمتىيازلارغا ئىگە بولۇۋالغان ئىدى. 17-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدىن باشلاپ، شەرقىي ھىندىستان شىركىتى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ مادراس (1639-يىلى)، بومباي (1668-يىلى) ۋە جاكارتا (1696-يىلى)نى بېسىۋېلىپ، 3 باشقۇرۇش رايونى قۇردى، ئۇنى ئەنگلىيە ئولكە ۋالىسىنىڭ تەۋەلىكىگە ئېلىپ، ھىندىستانغا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تاجاۋۇز قىلىدىغان بازا قىلدى.

ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە مۇستەملىكىچىلىك خوجايىنلىق ھوقۇقىنى تالىشىش يۈزىسىدىن ئېلىپ بارغان 7 يىللىق ئۇرۇش مەزگىلىدە (1756—1763)، ئەنگلىيە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھىندىستانغا بىۋاسىتە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغاپ، ئالدى بىلەن ئەڭ باي

بولغان بېنگالغا قول سالدى. ئۇ باش ۋالىنىڭ قارشىلىق بىلدۈرۈشىگە قارىماستىن، ئوكتەملىك بىلەن چاكارتىدا قورغانلارنى ياساپ، ۋەقە تۇغدۇرۇپ، قەستەن تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى قوزغىدى. 1757-يىلى، ئەنگلىيە تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن كلائىۋ باشچىلىقىدىكى تاجاۋۇزچى قوشۇنلار بېنگالدا قۇرۇقلۇققا چىقىپ، ھىندىستان ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلدى. كلائىۋ تەھدىت سېلىش، ئالداش، سېتىۋېلىش ۋە ئۇزىگە تارتىشتەك ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، ئىچكى قىسىمدىن پارچىلاش ئىشىنى ئېلىپ باردى. بېنگال باش ۋالىسىنىڭ قول ئاستىدىكى سەركەردە مىر جاپار ئەنگلىيىگە سېتىلدى، ئۇ ئەنگلىيە ئەسكەرلىرى بىلەن دەلمۇ-دەل ئېلىشقاندا ئەنگلىيە ئەسكەرلىرىنى قىستاپ غەلىبىسىرى ئالغا ئىلگىرىلىمەي، ئەكسىچە چېكىنىشكە بۇيرۇق بەردى، بۇنىڭ بىلەن كلائىۋ 900 نەپەر ئەنگلىيە ئەسكىرى ۋە 2 مىڭ ياللانما ئەسكەر بىلەن پلاسسىدا 90 مىڭ كىشىلىك بېنگال قوشۇنىنى تارمار قىلىپ، بېنگالنى بېسىۋالدى.

ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ بېنگالدىكى ياۋۇز ھوكۇمرانلىقى ۋە خالىغانچە بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشى بېنگال خەلقىنىڭ غەزەپلىك قارشىلىقىنى قوزغىدى. 1763-يىلى، ئەنگلىيىنىڭ تىزگىنلىشىدىن نارازى بولۇپ يۈرگەن ئولكە ۋالىسى مىرقاسىمنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئەنگلىيىگە قارشى قوزغىلاڭ كوتىرىلدى. مىرقاسىمنىڭ قول ئاستىدا 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بار ئىدى، قوزغىلاڭغا قول سانائەتچىلەر ۋە 5 مىڭ نامىرات دېھقان قاتناشتى. نۇرغۇن شەھەرلەردە، شەرقىي ھىندىستان شىركىتىنىڭ ئەسكەرلىرى ۋە سودا سارايلىرىدىكى مۇستەملىكىچىلەر يوقىتىلدى. مىرقاسىم فرانسىيىلىك قاچقۇنلارنى ئۆز ئەسكەرلىرىگە سەردار قىلغاچقا، جەڭدە نەچچە

قېتىم مەغلۇپ بولدى. 1764-يىلى 10-ئايدا بوقسار جېڭىدە مىرقاسىم پۈتۈن قوشۇنى بىلەن مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى، ئۇ بىنگالدىن قېچىپ كەتتى. بىنگالدا 5 مىڭ نامرات دېھقان مىرقاسىمغا قوشۇلۇپ بىرلىكتە قوزغىلاڭ كۆتەرگەن ئىدى. بوقسار جېڭىدىن كېيىن بىنگالنىڭ فېئوداللىرى ئەنگلىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا پېتىنالمىدى، پەقەت دېھقانلارلا داۋاملىق باتۇرلارچە جەڭ قىلدى، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى، ئەڭ كۆپ بولغاندا 50 مىڭ كىشىگە يەتتى، قوزغىلاڭ 15 يىل داۋام قىلدى. 1774-يىلى، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى تارمار قىلىندى، ئەمما ئايرىم قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ پائالىيىتى تا 1805-يىلغىچە داۋام قىلدى. ھىندىستان ياللانما قوشۇنلىرى (بۇلار ئاساسەن خانىۋەيران بولغان قول سانائەتچىلەر ۋە دېھقانلار) مۇستەملىكىچىلەر ئۈچۈن غالچىلىق قىلىشنى خالىماستىن بىرنەچچە قېتىم قوزغىلاڭ كۆتەردى. 1764-يىلى باتنادا تۇرۇشلۇق ھىندىستان ياللانما قوشۇنلىرى ئەنگلىيىگە قارشى ئىسيان كۆتەردى، قوزغىلاڭچى ئەسكەرلەر شەھەردىن بوسۇپ چىقىپ، مىرقاسىمنىڭ قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرىغا قوشۇلماقچى بولدى. ئارقىدىنلا، بىنگالنىڭ نۇرغۇن يەرلىرىدە شەرقىي ھىندىستان شىركىتىنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن سودا سارىيىنىڭ ئەنگلىيىلىك خىزمەتچىلىرىمۇ زەربىگە ئۇچرىدى. ئەنگلىيە مۇستەملىكىچى قوشۇنلارنى يۆتكەپ كېلىپ قوزغىلاڭ كۆتەرگەن ياللانما ئەسكەرلەرنى دەھشەتلىك تۈردە باستۇردى، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ سەركەردىلىرى زەمبىرەكنىڭ ئاغزىغا تېڭىپ پارتىلىتىپ ئۆلتۈرۈلدى.

خەلقنىڭ قوزغىلىڭى باستۇرۇلغاندىن كېيىن بىنگال قايتىدىن ئەنگلىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالدى. 1774-يىلى،

ئەنگلىيە بىنگالنىڭ يېقىن خوشنىسى بولغان ئائۇدنى بېسىۋالدى، شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن شەرقىي ھىندىستان شىركىتى سودا خاراكتېرىدىكى كۈچتىن ھەربىي كۈچكە، زېمىندار كۈچكە ئايلاندى، ئۇ ئەنگلىيىنىڭ شەرقتە مۇستەملىكىچىلىك تاجاۋۇزچىلىق قىلىدىغان بازىسىغا ئايلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئەنگلىيە شەرقىي ھىندىستان شىركىتى ئارقىلىق بىنگالنىڭ مالىيە كۈچى ۋە ئادەم كۈچىدىن پايدىلىنىپ، جەنۇپتىن شىمالغا قاراپ بارا-بارا ھىندىستاننى يۇتۇۋالدى.

ئەنگلىيە جەنۇبىي ھىندىستاننى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇشتا تاجاۋۇزىنىڭ تىغ ئۇچىنى، ئالدى بىلەن، قەتئىي تىز پۈكمىگەن مايسۇرغا قاراتتى. ئەنگلىيە "ھىندىلارنى ھىندىلارغا سېلىش"تەك زەھەرلىك نەيرەڭلەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىشقا سالدى، بەزى يەرلىك بەگلەرنىڭ ئورنى ۋە مال-مۈلكىنى ساقلاپ قېلىش شەرتى ئاستىدا، ھەيدەرئابات قاتارلىق جايلارنىڭ فېئودال بەگلىرىنى سېتىۋېلىپ ۋە يېتىشتۈرۈپ ئۆزلىرىنىڭ سادىق غالچىسى قىلدى؛ يەنە ھەرقايسى ئۆلكىلەر ۋە ھەرقايسى ئىشتاتلار ئوتتۇرىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، ھىندى دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان مارات فېئوداللىرىنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان مايسۇرغا ھۇجۇم قىلىشقا قۇتراتتى. 18-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئەنگلىيە مايسۇرغا 3 قېتىم تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىدى. ئەنگلىيە تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرى بۇ يەردە قاتتىق قارشىلىققا ئۇچرىدى.

مايسۇردىكى تىپۇ سۇلتان خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، باتۇرلارچە قوغدىنىش ئۇرۇشى ئېلىپ باردى، بۇ ئۇرۇش 1767-يىلىدىن 1799-يىلغىچە 32 يىل داۋام قىلىپ، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە



تىپۇ سۇلتان

قاقشاتقۇچ زەربە بەردى، ئەنگلىيىنىڭ جەنۇبىي ھىندىستاننى بويسۇندۇرۇش ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈۋەتتى. تىپۇ سۇلتان مىللىتى مۇنقەرز بولۇشتەك تەھدىت ئالدىدا مەلۇم دەرىجىدە خەلق ئاممىسىغا تايانغانلىقى، ئەسكەرلەرنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك تائىپلار ۋە "چېقىلغىلى بولمايدىغانلار" — "تېگى پەسلەر" دىن تەشكىل تاپقانلىقى، ئۇلار مىللىي مۇستەقىللىقنى قوغداش ئۈچۈن جەڭ قىلىدىغانلىقى ۋە ناھايىتى جەڭگىۋارلىقتا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈنلا، مايسۇر ئەنگلىيىگە قارشى جەڭنى ئۇزاق ۋاقىت داۋاملاشتۇرالىدى. 1799 ـ يىلى، سىرىنگاپاتاننى قوغداش جېڭىدە، شەھەرنى ساقلاۋاتقان ئەسكەرلەر ۋە خەلقلەر ھەر بىر سۆك يەرنى قوغداش يولىدا ئون نەچچە كۈن قان كېچىپ جەڭ قىلدى. تىپۇ سۇلتان جەڭدە قازا بولدى. ئەنگلىيە ئەسكەرلىرى پايتەختنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، مايسۇر خەلقى يەنە ئەنگلىيىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، كۈرەشنى نەچچە ئاي داۋاملاشتۇردى.

ئەنگلىيە مايسۇرنى تىزگىنلىگەندىن كېيىن، ئوتتۇرا ھىندىستان (بىنگال قولتۇقىدىن ئەرەب دېڭىزىغىچە)نىڭ كەڭ رايونلىرىدا مۇستەھكەم ھۆكۈمرانلىقىنى ئورنىتىش ئۈچۈن، ھىندىستاندىكى ئەڭ قۇدرەتلىك بولغان مارات ئىشتاتىنى يوقىتىشقا ئۇرۇندى.

www.uyghurkitap.com

19 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى 20 يىلىدا، ئەنگلىيە "بۆلۈپ ئىدارە قىلىش" نەيرىڭىنى يەنە ئىشلىتىپ، ماراتىنىڭ بىرنەچچە ئىشتاتى ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى بۇزغۇنچىلىق قىلدى، ئىچكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ بۆلگۈنچىلىك قىلىپ، پارچىلاپ، بىر ـ بىرلەپ تارمار قىلىپ، ماراتىلارنىڭ ھەرقايسى ئىشتاتىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆزىگە بوي سۇندۇردى ھەمدە دېھلىنى بېسىۋالدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدا، ئەنگلىيە پۈتۈن ھىندىستاننى بېسىۋېلىش ئۈچۈن، تاجاۋۇزچىلىق تىغ ئۇچىنى باتۇر، جەڭ قىلىشقا ماھىر سىك دىنىدىكىلەر ئولتۇراقلاشقان پەنجاپ رايونىغا قاراتتى. پەنجاپنى بوي سۇندۇرۇشتا، ئاساسەن بومبايدىكى ھىندى دىنىغا ئىشىنىدىغان ياللانما ئەسكەرلەرگە تاياندى. سىك دىنىدىكىلەر قەھرىمانلارچە جەڭ قىلىپ، ئەنگلىيە قوشۇنلىرى ۋە ياللانما ئەسكەرلىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ قىلدى. ئۇلار 1848 ـ يىلى يەنە بىر قېتىم ئەنگلىيىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئەنگلىيە ئاتلىق ئەسكەرلىرىگە قاتتىق تالاپەت يەتكۈزگەن بولسىمۇ، ئەمما ئاخىر قوماندانلىقنىڭ توغرا بولمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھىندى دىنى ۋە ئىسلام دىنىدىكى خەلقلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن مەغلۇپ بولدى. 1849 ـ يىلى، ئەنگلىيە پەنجاپنى يۇتۇۋالدى. مۇشۇ ۋاقىتقا كەلگىچە ئەنگلىيە پۈتۈن ھىندىستان زېمىنىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى بىۋاستە بېسىۋالدى، ئاھالىسىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىغا بىۋاستە ھۆكۈمرانلىق قىلدى؛ قالغان ئۈچتىن بىر قىسىم زېمىن ۋە تۆتتىن بىرقىسىم ئاھالە ئەنگلىيە كونتروللۇقىدىكى چوڭ ـ كىچىك 500 يەرلىك بەگلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئىدى.

ماركس «بىرىتانىيىنىڭ ھىندىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كەلگۈسى

نەتىجىسى» دېگەن ماقالىسىدا ئېچىنغان ھالدا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: "بىر مەملىكەتتە، مۇسۇلمانلار بىلەن ھىندىلارنىڭ قارىمۇ-قارشىلىقلا ئەمەس، بەلكى قەبىلىلەر بىلەن قەبىلىلەرنىڭ، تائىپىلار بىلەن تائىپىلارنىڭ قارىمۇ-قارشىلىقىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىكەن، جەمئىيەت پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ بارلىق ئەزالىرىنىڭ ئومۇمى تۈردە بىر بىرىنى چەتكە قېقىشى ۋە زاتىدىن ئايرىلىپ ياشىشى ئارقىسىدا كېلىپ چىققان كۈچ تەڭلىكى ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىكەن، — بۇنداق مەملىكەت، بۇنداق جەمئىيەت، مۇقەررەر ھالدا، تاجاۋۇزچىلارنىڭ ئولجىسى بولۇپ قالمامدۇ؟ ھىندىستاننىڭ ئۆتمۈش تارىخىدىن قىلچە خەۋىرىمىز بولمىغان تەقدىردىمۇ، مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان مۇنۇ بىر چوڭ پاكىت، يەنى ئەنگلىيىنىڭ ھەتتا ھازىرمۇ ھىندىستاننى ھىندىستان پۇلى بىلەن بېقىلىۋاتقان ھىندى قوشۇنلىرى ئارقىلىق قول قىلىۋاتقانلىقى مەسىلىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەسمۇ؟ دېمەك ھىندىستاننىڭ ئەسلىدىلا مەھكۇم بولۇش تەقدىرىدىن قۇتۇلالماسلىقى تۇرغان گەپ ئىدى."① ھىندىستاننىڭ ئەنگلىيە تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنىشىدەك ئېچىنىشلىق تارىخ ئاسىيا خەلقى ئەبەدىل-ئەبەد ئەستە تۇتۇشقا تېگىشلىك ساۋاق.

**ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستانغا قاراتقان مۇستەملىكىچىلىك تالان-تارىجى** 17-، 18-ئەسىرلەردە ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستانغا قاراتقان تالان-تارىجى ئەڭ دەھشەتلىك مۇستەملىكىچىلىك زوراۋانلىق كۈچ

① ماركس. «برىتانىيىنىڭ ھىندىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كەلگۈسى نەتىجىسى». «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1981-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 118—119-بەتلەر.

ئاساسغا قۇرۇلغان ئىدى.

ھىندىستاننىڭ ھەرقايسى ئۆلكە ۋە ئىشتاتلىرىنىڭ غەزنىسىنى پاك ـ پاكىز بۇلاش ئەنگلىيىنىڭ بىۋاسىتە بۇلاڭچىلىق قىلىشىنىڭ ئاساسىي ۋاستىسى ئىدى. ھىندىستان ئىنتايىن باي مەملىكەت ئىدى، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان خەلقنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنى بۇلاپ، نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈچ بايلىقلىرىنى توپلىغان ئىدى. ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى شەھەرنى بېسىۋالغاندىن كېيىن دۆلەت غەزنىسىنى ئېچىپ، غەزنىدىكى بايلىقلارنىڭ ھەممىسىنى بۇلاپ كەتتى. 1757 ـ يىلى ئەنگلىيە بىنگالنىڭ مەركىزىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، 60 مىليون فۇنت ئىستېرلىڭ قىممىتىگە ئىگە غەزنىنى ۋە بايلىقلارنى بۇلاپ كەتتى؛ 1799 ـ يىلى مايسۇرنىڭ مەركىزىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، يالغۇز ئوردىدىن 15 مىليون فۇنت ئىستېرلىڭ قىممىتىگە ئىگە گۆھەرنى بۇلاپ كەتتى. ئەنگلىيە پادىشاسىنىڭ تاجىسىدىكى داڭلىق گۆھەر پۇنجاپ خانىدىن تارتىۋېلىنغان ئىدى.

ئەنگلىيىنىڭ بىۋاسىتە تالان ـ تاراج قىلىشىنىڭ دائىملىق مەنبەسى باج ـ سېلىق يىغىش ئىدى. شەرقىي ھىندىستان شىركىتى ھىندىستاندىكى ئەڭ چوڭ زېمىندار ۋە ئەڭ چوڭ فېئودال بولۇپ، ھىندىستاندىكى يۈز مىليونلىغان دېخاننى بىۋاسىتە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلاتتى ۋە تالان ـ تاراج قىلاتتى. بۇ ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستاننى زورلۇق كۈچ بىلەن تالان ـ تاراج قىلىشىدىكى بىر چوڭ كىرىمى ئىدى. مۇستەملىكە ھۆكۈمەت يىغىدىغان باج ـ سېلىق ھىندىستاننىڭ ئىلگىرىكى فېئودال ـ لىرىنىڭ يىققان باج ـ سېلىقىدىن كۆپ ئېغىر ئىدى. ئۇ باج يىغىشتا "سىياسەتۋازلارنىڭ پۈتكۈل ئەمىلىي ماھارىتىنى سودىگەرلەرنىڭ

پۈتكۈل مونوپولىيىلىك مەنپەئەتپەرەسلىك نىيىتى بىلەن بىرلەشتۈر-گەن ئىدى". شىركەت يېزىلارغا ئەسكەر ئەۋەتىپ، قاتتىق جازالاش ئارقىلىق مەجبۇرى باج-سېلىق يىغاتتى، باج تۆلەشكە مەجبۇرلاش ئۈچۈن، "ئاتا-ئانىسىنىڭ كۆز ئالدىدىلا بالىلار ئۆرۈپ ئۆلتۈرۈۋېتى-لەتتى" (بۇكنىڭ ئەنگلىيە تۆۋەن پالاتاسىدا بەرگەن دوكلاتىدىن ئېلىندى)؛ ياكى "ئەرلىرىنىڭ كۆز ئالدىدىلا خوتۇنلىرىنى قىيناپ،



ئەنگلىيە شەرقىي ھىندىستان شىركىتى — ئاسىيا خەلقىنى تالان-تاراج قىلغان پارازىت

ئۇلارنى ئەڭ ئاخىرقى نەرسىلىرىنى ئېلىپ چىقىشقا مەجبۇر قىلىشاتتى".

شەرقىي ھىندىستان شىركىتى بېنگالنىڭ باج-سېلىق يىغىش ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئىلگىرى، بېنگالىيدا ئەمەلىيەتتە يىغىۋېلىنغان 1764—1765-يىللىق باج-سېلىق 810 مىڭ فۇنت ستېرلىڭ ئىدى، شىركەت ئۆتكۈزۈۋالغان يىلىلا (يەنى 1764—1765-يىللىق) باج-سېلىق جەددىي كۆپەيتىلىپ 1 مىليون 470 مىڭ فۇنت ستېرلىڭغا يەتكۈزۈلدى، 1792—1793-يىللىق باج-سېلىق 3 مىليون فۇنت ستېرلىڭغا يېتىپ، ئەسلىدىكى باج-سېلىقتىن ئىككى يېرىم ھەسسە ئېشىپ كەتتى. ماركس مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: "مەھسۇلات بىلەن تاپشۇرۇلىدىغان يەر ئىجارىسى ئەمگەك شارائىتىنىڭ قايتا ئىشلەپچىقىرىلىشىغا ئېغىر دەرىجىدە تەھدىت سالغۇدەك ھالغا يەتتى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ قايتا ئىشلەپچىقىرىلىشى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كېڭەيتىلىشىنى ھەرھالدا مۇمكىن بولمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدى ھەمدە بىۋاسىتە ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى تۇرمۇشنى قامدايدىغان تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىگىلا ئىگە بولالايدىغان دەرىجىگە چۈشۈرۈپ قويىدى. بۇ شەكىل ھەممىلا يەردە ئىستىلاچىلىق قىلىۋاتقان سودا مىللىتى تەرىپىدىن تېپىۋېلىنغان ۋە پايدىلىنىۋاتقان ۋاقىتتا (مەسىلەن، ئەنگلىزلارنىڭ ھىندىستاندا قىلغىنىغا ئوخشاش)، ئەھۋال بولۇپمۇ شۇنداق بولدى."①

ھىندىستاندىكى كەڭ قول سانائەتچىلەرمۇ شەرقىي ھىندىستان شىركىتىنىڭ شىلىۋېلىش ئوبيېكتى ئىدى، شىركەت قورال كۈچى

---

① ماركس. «كاپىتال». «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 25-توم، 897-بەت.



www.uyghurkitap.com

بىلەن تەھدىت سېلىپ، نەچچە يۈز مىڭ قول ساناھەتچىنى شىركەت ئۈچۈن ماللارنى پىششىقلاپ ئىشلەپ بېرىشكە مەجبۇر قىلاتتى، بۇ نەرسىلەرنى شىركەت بازار باھاسىدىن يېرىم ھەسسە تۆۋەن باھادا مەجبۇرى سېتىۋالاتتى. قول ساناھەتچىلەرنىڭ ئالغان ھەققى ھەتتا خام ئەشيا سېتىۋېلىشقىمۇ يەتمەيتتى، شۇڭا ئۇلار ئارقا-ئارقىدىن خانىۋەيران بولاتتى. نۇرغۇن توقۇمىچى ئىشچىلار بارماقلىرىنى كېسىۋېتىشكە رازى بولاتتىكى، مۇستەملىكىچىلەرگە قۇل بولۇشنى خالىمايتتى. شىركەت يەنە تۇز، تاماكا ۋە ئەپيۇن سودىسى قاتارلىقلارنى مونوپولىيە قىلىۋالدى، يالغۇز تۇزدىن ئېلىنىدىغان خاس پايدىلا يىلىغا 800 مىڭ فۇنت ئىستېرلىڭ ئىدى. شىركەتنىڭ خىزمەتچىلىرى سودىنى مونوپولىيە قىلىشتىن 5 مىليون فۇنت ئىستېرلىڭ پايدا ئالدى. شىركەت بېنگال دېھقانلىرىنى ئەپيۇن تېرىشقا زورلاپ، ئەپيۇننى باج-سېلىق ئورنىدا تاپشۇرغۇزاتتى، ياكى شىركەت ئۇنى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىپ، ئەتكەسچىلىك شەكلى بىلەن جۇڭگوغا كىرگۈزۈپ، جۇڭگو خەلقىنى زەھەرلەپ، ھەددى-ھېسابسىز كۆپ پايدا ئالاتتى. ئەپيۇندىن كىرىدىغان كىرىم شىركەتنىڭ ئومۇمىي كىرىمىنىڭ يەتتىدىن بىرىنى تەشكىل قىلاتتى، يەر بېجىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى.

ئەنگلىيە كىشىنىڭ قورققىسىنى كەلتۈرگۈدەك مۇشۇنداق تالان-تاراج قىلىش ۋاستىلىرىنى ئىشلىتىپ، 1757-يىلدىن 1815-يىلغىچە بولغان 58 يىل ئىچىدە ھىندىستاندىن بىر مىليارت فۇنت ئىستېرلىڭ بايلىق يىغىۋالدى. ھىندىستانغا قارىتىلغان تالان-تاراج ئەنگلىيىنىڭ چەتئەلدىكى كاپىتالىنىڭ ئىپتىدائىي جۇغلىنىشىنىڭ ئاساسىي مەنبەلىرىدىن بىرى ئىدى (يەنە بىر ئاساسىي مەنبەسى ئافرىقىدىكى قۇل

سودىسى ئىدى). دەل ئىپتىدائىي كاپىتالنىڭ مۇشۇنداق كۆپلەپ جۇغلىنىشى ئەنگلىيىنىڭ سانائەت ئىنقىلاۋىنى تېزلەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە دۇنيا بويىچە تۇنجى كاپىتالىستىك سانائەتلەشكەن قۇدرەتلىك دۆلەت بولۇپ قالدى. 1694 ـ يىلدىن 1757 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا يەنى بېنگالنى بېسىۋېلىشتىن ئىلگىرى ئەنگلىيىنىڭ سانائەت تەرەققىياتى ئاستا بولدى؛ 1760 ـ يىلدىن 1815 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا يەنى بېنگالنى بېسىۋالغاندىن كېيىنكى يېرىم ئەسىردە بولسا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. بېنگالنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈش بايلىقلىرىنىڭ ئەنگلىيىنىڭ كاپىتالىنى كۆپەيتكەنلىكى ھەمدە ئوبوروت سۈرئىتىنى تېزلەتكەنلىكى شۈبھىسىز. كاپىتال كۆپ بولغاچقا، ئەنگلىيە نۇرغۇن پەن ـ تېخنىكا كەشپىياتلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا قوللىنىپ، ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنى يېڭىلاش ۋە نۇرغۇن يېڭى تىپتىكى زاۋۇتلارنى قۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

ھىندىستان خەلقى ئۆز قان ـ تېرى بىلەن ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيىسىنى بېقىپ سەمرىتتى، ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستانغا قىلغان شەپقەتسىز بۇلاڭ ـ تالىڭى نەتىجىسىدە ھىندىستان نامرات، قالاق ۋە ئاھۇ ـ زار ھەممە ياقنى قاپلىغان دۆلەتكە ئايلىنىپ قالدى. ئەنگلىيە پارلامېنت ئەزاسى ۋىلكېلم فىلاتىن شەرقىي ھىندىستان شىركىتىنىڭ بېنگالنى تالان ـ تاراج قىلىش ئەھۋالىنى مۇنداق دەپ تەسۋىرلىگەن ئىدى: "ئىلگىرى بېنگال ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئاشلىق ماكانى ئىدى، شەرقنىڭ سودا بايلىقى ۋە ئىشخانا قول سانائىتىنىڭ توپلاشقان جايى ئىدى...... قىسقىغىنا 20 يىل ئىچىدە، بۇ يەردىكى نۇرغۇن جايلار قۇملۇققا ئايلىنىپ كەتتى. تېرىلغۇ ـ ئېرىقلار قاقاسلىشىپ كەتتى؛ بىپايان زېمىنلارنى ياۋا ئوت بېسىپ كەتتى؛ دېخانلار تالان ـ تاراج

قىلىندى، قول سانائەتچىلەر زۇلۇمغا ئۇچرىدى، ئاچارچىلىق ئارقا-ئارقىدىن بولۇپ تۇردى، بۇنىڭ ئارقىسىدا نوپۇس ئازىيىپ كەتتى.» چىداپ تۇرغۇسىز ئېغىر باج-سېلىق يىلمۇ-يىل بولۇپ تۇرىدىغان ئاچارچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 1770-يىلى، بىنگالدا قاتتىق ئاچارچىلىق بولۇپ، 10 مىليون ئادەم ئۆلۈپ كەتتى. بۇ بىنگال ئاھالىسىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئىككىنچى يىلى، ئەنگلىيە باش ۋالىسى خاستىن كورەئىلىگەن ھالدا شىركەتنىڭ ئىش باشقارمىسىغا مۇنداق دەپ دوكلات قىلدى: «گەرچە مەملىكەت بويىچە كەم دېگەندە ئاھالىنىڭ ئۈچتىن بىرى ئاچلىقتىن ئۆلگەن، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى بۇنىڭغا ئەگىشىپ كېمىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن شەرقىي ھىندىستان شىركىتىنىڭ 1771-يىللىق يەر بېجىدىن قىلغان ساپ كىرىمى ھەتتا 1768-يىللىق كىرىمىدىن ئېشىپ كەتتى.» 1789-يىلىغا كەلگەندە يەنى ئەنگلىيە بىنگالنى پۈتۈنلەي بېسىۋېلىپ 30 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىتتا، ئەنگلىيە باش ۋالىسىمۇ ئېلاجسىز: «شىركەت ھىندىستان زېمىنىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئىگىلىگەن ئىدى، ھازىر بۇ يەرلەر ياۋايى ھايۋانلار ياشايدىغان چول-جەزىرىگە ئايلىنىپ كەتتى» دەپ ئېتىراپ قىلدى.

ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستاندىكى مۇستەملىكىچىلىك تالان-تاراج تارىخى شۇنى كۆچلۈك چۈشەندۈرۈپ بەردىكى، غەرب كاپىتالىزمى شەرقتىكى مۇستەملىكىلەرنىڭ خەلقىنى قۇربان قىلىش ھېساۋىغا راۋاجلانغان، ئۇنىڭ گۈللەپ روناق تېپىشى شەرق خەلقىنىڭ قاتمۇ-قات سۆڭىكى ئۈستىگە قۇرۇلغان. كاپىتالنىڭ بېشىدىن تارتىپ تاپىنىغىچە ھەر بىر تۈكىدىن ئېزىلگۈچى خەلقنىڭ ئىسسىق قېنى تېمىپ تۇرىدۇ، مۇستەمىلىكىچىلىكنىڭ جىنايەتلىرى كىشىنىڭ قويقا چاچلىرىنى

نىلىك تۇرغۇزۇۋېتىدۇ.

## 4 - بۆلۈم 17 — 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئافرىقا دۆلەتلىرى

**ئافرىقا جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي - سىياسىي تەرەققىيات ئەھۋالى**

ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالى ئاسىيا دۆلەتلىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ تەكشى ئەمەس ئىدى. ئافرىقىنىڭ شىمالىي يېرىم قىسمىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن كۆز يەتمەيدىغان "قۇم دېڭىزى" — سەھرايى كەبىر ئافرىقىنى ئىرق ۋە ئىجتىمائىي ئىقتىسات، سىياسىي تەرەققىيات سەۋىيىسى كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە پەرقلىنىدىغان ئىككى قىسمغا ئايرىپ تۇرىدۇ.

شىمالىي ئافرىقا مىسىرنى ۋە ماغرىب بەگلىكلىرى (ماراكەش، ئالجىرىيە، تۇنىس ۋە لىۋىيە)نى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئۇلاردا فېودال-لىق مۇناسىۋەت ئۈستۈن ئورۇندا تۇراتتى، تۇرغۇنلىغان زېمىنلار يومىشىكلارنىڭ ۋە چارۋىدارلارنىڭ ئىلكىدە ئىدى. شەھەرلەردە كاپىتالىزمنىڭ بىخلىرى پەيدا بولغان ئىدى. مىسىردا، نىل دەرياسى ۋادىسىدا يېزا ئىگىلىكىدە ياللانما ئەمگەك ئىشلىتىش باشلانغان ئىدى. ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىيدىغان چوڭ قورۇلار مەيلىغان، ئۇن مىڭلىغان دېھقانلارنى ياللاپ ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ باراتتى. قاھىرە قاتارلىق شەھەرلەردە تاۋار - دۇردۇن، گەزمال ۋە كەندىر توقۇمىچىلىق قول سانائەت ئىشخانىلىرى نەچچە يۈز ئىشچىنى ياللاپ ئىشلىتەتتى، قاھىرەدىلا 15 مىڭ ياللانما ئىشچى بار

ئىدى. مىسىر سودىگەرلىرى ياۋروپاغا پاختا، گۆرۈچ، بۇغداي ۋە شېكەر قومۇشى چىقىراتتى، ئوتتۇرا شەرق، ماغرىب ۋە سۇدانلار بىلەن بولغان سودىسىمۇ ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان ئىدى. ماغرىب بەگلىكلىرىنىڭ دېڭىز بويلىرىدىكى شەھەرلىرىدە، مەسىلەن، ئالجىر، تۇنىس، تانگىر قاتارلىق شەھەرلەردە سودا راۋاجلانغان ئىدى، ئىچكى شەھەرلەر، مەسىلەن، فېس، ماراكەش، ئىستامبول قاتارلىق شەھەرلەردە قول سانائەت بىرقەدەر راۋاجلانغان ئىدى. مۇشۇ دۆلەتلەردە ۋە قۇملۇقلارغا تۇتىشىپ كەتكەن كەڭ يايلاقلاردىكى چارۋىچىلار ئىچىدە، فېوداللىشىش جەريانى داۋام قىلىۋاتاتتى. ماراكەش ۋە شۇنىڭدەك نامدا ئوسمان (تۈركىيە) ئىمپېرىيىسىگە تەۋە بولغان مىسىر، تۇنىس قاتارلىقلار يېقىنقى زامان تارىخى باشلانغان دەۋردە ئەمەلىيەتتە مۇستەقىل پادىشالىق ئىدى.

سەھرايى كەبىرنىڭ جەنۇبىدىكى ئافرىقىدا، ئىجتىمائىي ئىقتىسات، سىياسىي تۈزۈم جەھەتتە كۆپ مىڭ پەرقلەر بار ئىدى. شەرقىي ئافرىقا ۋە شەرقىي شىمالىي ئافرىقىدىكى ماداگاسكار، ئېفىيوپىيە، ئۇگاندا قاتارلىق دۆلەتلەردە، غەربىي ئافرىقىدىكى ئىسلام دىنىدىكى ئۇششاق پادىشالىقلاردا فېودالىزىملىق مۇناسىۋەت يېتەكچى ئورۇندا تۇراتتى. بۇ فېودال دۆلەتلەردە، پادىشا (ياكى خان) پۈتۈن مەملىكەتتىكى يەر-زېمىننىڭ نامدىكى ئەڭ ئالىي ئىگىسى ئىدى. بىر بۆلۈم يەرلەر پادىشانىڭ ئىلكىدە ئىدى، كۆپ قىسىم يەرلەر ۋەزىرلەرگە (خەلىپىلەرگە) بۆلۈپ بېرىلگەن ئىدى. ۋەزىرلەر يېزا جامائەسىدىن سېلىق ئالاتتى ھەمدە ئۆزىنىڭ خوجىلىق يەرلىرىدىن ئەسكەر ئالاتتى، ئۇرۇش بولغان چاغلاردا ئەسكەرلەرگە قوماندانلىق قىلاتتى. بۇ دۆلەتلەردە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئاھالىسى ئىچىدە ئەركىن

دېھقانلار، چارۋىچىلار ئاھالىنىڭ كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلاتتى، لېكىن كۆپ قىسىم جايلاردا قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرى، ئېغىر دەرىجىدە ساقلانغان ئىدى، ناھايىتى نۇرغۇن ئائىلە قۇللىرى ۋە دۆلەتكە تەئەللۇق قۇللار بار ئىدى.

بەزى رايونلار ئىپتىدائىي جامائەدىن سىنىپىي جەمئىيەتكە ئۆتۈش باسقۇچىنى تاماملاپ، ئەمدىلا دۆلەت بولۇپ شەكىللەنگەن ئىدى، قۇل ئەمگىكى كۆپلەپ ئىشلىتىلەتتى، بىراق ئائىلە قۇللىرى ئەمگىكى ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى، مەسىلەن، كونگو دەرياسى بويلىرىدىكى دۆلەتلەردە شۇنداق ئىدى.

ئېكۋاتور ئافرىقىسى بىلەن جەنۇبىي ئافرىقىدىكى نۇرغۇن مىللەتلەر ئىپتىدائىي جامائە تۈزۈمىنىڭ ئوخشاش بولمىغان باسقۇچلىرىدا تۇراتتى: جەنۇبىي ئافرىقىدىكى بۇشمېنلار، خوتتېنتوتلار ئىپتىدائىي جامائە باسقۇچىدا بولۇپ، يىغىش-توپلاش، ئوۋچىلىق ۋە كۆچمەنچىلىك بىلەن كۈن كەچۈرەتتى؛ بانتۇلارنىڭ بىر قىسمى سىنىپىي جەمئىيەتكە ئۆتكەن ئىدى؛ غەربىي ئافرىقىدىكى ئايرىم قەبىلىلەر ۋە شەرقىي ئافرىقىنىڭ ئورمانلىقلىرىدا ۋە چەت-ياقىلاردىكى تاغلىقلاردا ياشايدىغان بانتۇ مىللىتى يەنىلا ئىپتىدائىي جامائە تۇرمۇشىنى كەچۈرەتتى. ئۇرۇقداش قەبىلە تۈزۈمىنىڭ كۈچلۈك دەرىجىدە ساقلىنىپ قېلىشى، تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئۇرۇقداش قەبىلە تۈزۈلمىسى تەرىپىدىن يېپىلىپ قېلىشى سەھرايى كەبىر قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىدىكى ئافرىقىنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك خۇسۇسىيىتى ئىدى.

سەھرايى كەبىرنىڭ جەنۇبىدىكى ئافرىقىدا دۆلەت بولۇپ شەكىللەنگەن مىللەتلەر، مۇستەملىكىچىلىك تاجاۋۇزىنىڭ تەھدىتى ئاستىدا، فېوداللىق بۆلۈنمە ھالەتنى كۈچىنىڭ بارىچە تۈگىتىپ، بىرلىككە

كەلگەن، ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن دۆلەت قۇردى (مەسلەن، ئېفىوپىيە، ماداگاسكار)؛ دۆلەت بولۇپ شەكىللەنمىگەن مىللەتلەر بولسا قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدىن دۆلەت تەشكىللەشكە ئۆتۈشنى تېزلىتىپ، ئىپتىدائىي شەكىلدىكى دۆلەتنى شەكىللەندۈردى ياكى چوڭ قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلدى.

ئافرىقىدىكى مىللەتلەرنىڭ زور كۆپ قىسمىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرغانلىقى مۇستەملىكىچى دۆلەتلەرنىڭ ئۇلارغا خالىغانچە تاجاۋۇز قىلىشىغا پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەردى.

**غەرب مۇستەملىكىچى دۆلەتلىرىنىڭ ئافرىقىغا قىلغان تاجاۋۇزى** پورتۇگالىيە ۋە ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرى 15-ئەسىردىلا ئافرىقىغا تاجاۋۇز قىلىشقا باشلىغان ئىدى. 1415-يىلى پورتۇگالىيە شىمالىي ئافرىقىدىكى سېيتانى بېسىۋېلىپ، ئافرىقىدىكى تۇنجى مۇستەملىكە بازىسىنى قۇرغان ئىدى، شۇنىڭدىن باشلاپ يەنە غەربىي قىرغاقنى بويلاپ جەنۇبقا چۈشۈپ، گۋىنىيە، كونگو ۋە ئانگولانىڭ دېڭىز بويلىرىدا مۇستەملىكە بازىلىرىنى قۇردى. 16-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پورتۇگالىيىلىكلەر ئافرىقىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ھىندىستانغا بېرىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن، يەنە ئافرىقىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى سوفارا ۋە كىلىۋا قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالدى. 17-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گوللاندىيە، ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە ئارقا-ئارقىدىن ئافرىقىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى كاپنى ۋە غەربىي ئافرىقىدىكى ئالتۇن قىرغاق (گانا)نى بېسىۋالدى. 17-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن ئەنگلىيە، فرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرى بارا-بارا گوللاندىيىنىڭ ئورنىدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىدى، ئۇلار

غەربىي ئافرىقىنىڭ گامبىيە دەرياسى ۋە سېنېگال دەرياسىنىڭ ئېغىزىدا كەسكىن رىقابەتلەشتى.

بۇ ۋاقىتتا، غەرب مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئافرىقىغا تاجاۋۇز قىلىش دائىرىسى، ئومۇمەن شەرق ۋە غەرب دېڭىز بويلىرىدىكى جايلاردا، بىر بىرىدىن ئارىلىقى ناھايىتى يىراق بولغان بازىلارنى دائىرىلەپ بېسىۋېلىپ، قورغانلارنى ياساپ، سودا سارىيى سېلىش بىلەنلا چەك-لەنگەن ئىدى. غەربىي ئافرىقىنىڭ دېڭىز قىرغىقىدىكى گوللاندىيە بېسىۋالغان ئەلمىنا، فرانسىيە بېسىۋالغان سېن-لۇئى، ئەنگلىيە بېسىۋالغان جامېسبۇرگ، ئاكرا مۇشۇنىداق مۇستەملىكە بازىلىرى ئىدى. مۇستەملىكىلەر ئافرىقىنىڭ ھاۋاسىغا كونەلمىگەنلىكتىن، ئومۇمەن تېخى كەڭ مۇستەملىكىلەرنى ئاچمىغان ياكى ئاق تەنلىكلەر تۇرىدىغان جايلارنى بەرپا قىلمىغان. ئافرىقىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى جايلارغا تېخىمۇ كىرمىگەن ئىدى. پەقەت جەنۇبىي ئافرىقىدىكى كاپلا بۇنىڭ سىرتىدا ئىدى، بۇ يەر جەنۇبىي كەڭلىكنىڭ 34-پارال-لېل سىزىقىغا جايلاشقان بولۇپ، ھاۋاسى موتىدىل، يامغۇر نورمال ياغىدىغان جاي ئىدى، 1652-يىلى گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئۇ يەرگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ تۇنجى مۇستەملىكە قۇردى. شۇنىڭ-دىن كېيىن، فرانسىيە ۋە ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئارقا-ئارقىدىن كېلىشكە باشلىدى، 1770-يىلىغا كەلگەندە مۇستەملىكىچىلەر 10 مىڭ كىشىگە يەتتى، بۇلار ئىچىدە گوللاندىيىلىكلەرنىڭ ئەۋلادى (ئۇلار ئۆزلىرىنى بۇرلار① دېيىشەتتى) ھەممىدىن كۆپ ئىدى.

① بۇ سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى "دېھقان" دېگەن بولىدۇ. لېكىن جەنۇبىي ئافرىقا مۇستەملىكىلىرىدە بۇ "پومىشچىك" دېگەن سۆز بىلەن مەنىداش سۆز بولۇپ قالغان.

ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرى كالا ھارۋۇلىرىغا ئولتۇرۇپ، ماللىرىنى ھەيدەپ، ئوق-دورىلىرىنى ئېلىپ كاپتىن شىمالغا، شەرققە كېڭەيمىچىلىك قىلدى، يىراقتىكى گرېت-فىش دەرياسىغىچە خوتتېنتولار (كويى-كويىلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ۋە بۇشمېنلار (زانلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ)نىڭ كەڭ زېمىنىنى زورلۇق بىلەن بېسىۋېلىپ، ئۇلارنى تۈركۈملەپ قىرىپ تاشلىدى، قوغلاپ چىقاردى، پاكى قۇل قىلدى. گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ يەنى بۇرلارنىڭ قىرغىنچىلىقى ئارقىسىدا بۇشمېنلارنىڭ تۇخۇمى قۇرۇپ كېتەي دەپ قالدى.

17-، 18-ئەسىرلەردە غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئافرىقىغا قاراتقان مۇستەملىكىچىلىك تالان-تارىجى تەڭسىز قىممەتتە ئالماشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى سودا ئارقىلىق تالان-تارىجىنى ۋە قانلىق قۇل سودىسىنى ئاساس قىلاتتى. مۇستەملىكىچىلەر سودا مونوپولىيە شىركىتىنى تەشكىللەپ (سېستىق نامى پۇركەتكەن ئەنگلىيە "خان جەمەتى ئافرىقا شىركىتى" بۇنىڭ بىرى ئىدى)، سودا مونوپولىيە ھوقۇقىنى قولغا ئېلىۋېلىپ، ئەينەك مارجان، ئەينەك، بۇلاپكا، تاتلىق ھاراق ۋە باشقا قوپال سانائەت بۇيۇملىرىغا ئافرىقا دېڭىز بويلىرىدىكى خەلقلەردىن نۇرغۇن ئالتۇن، پىل چىشى ۋە خۇشپۇراقلىق ماتېرىياللارنى ئالداپ ئېلىۋالاتتى، ھەتتا بۇ نەرسىلەرگە نېگىر قۇللارنى تېگىشىۋالاتتى. غەربىي ئافرىقىدىكى بەزى جايلارنىڭ ئىسىملىرى، مەسىلەن، ئالتۇن قىرغاق، پىل چىشى قىرغىقى، ئاشلىق قىرغىقى ۋە قۇللار قىرغىقى شۇ يىللاردىكى مۇستەملىكىچىلىك سودا تالان-تارىجىدىن قېپقالغان داغلار ئىدى. 16-ئەسىردە، ئالتۇن مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئاساسلىق بۇلاپ-تالايدىغان نەرسىسى ئىدى؛ 17-، 18-ئەسىرلەردە قۇل سودىسى بىرىنچى ئورۇنغا چىقتى.

www.uyghurkitap.com

**ۋەھشىيانە قۇل سودىسى** غەرب مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئېزىلگۈچى مىللەتلەرگە قىلغان ياۋۇز-دەھشەتلىك زوراۋانلىقى ئىنسانىيەت تارىخىدا كەمدىن-كەم ئۇچرايدۇ. غەرب مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئافرىقا خەلقىنى بۇلاپ-تالاپ قۇل قىلىشى ھەممە ئۇلارنى تاۋار ئورنىدا سېتىشى بۇ زوراۋانلىقلارنىڭ شەرمەندىلەرچە ئىپادىسى، ئۇ تارىختىكى بارلىق زوراۋانلىقنىڭ ۋەھشىيانىلىك رېكوردىنى بۇزۇپ تاشلىدى.

غەرب مۇستەملىكىچىلىرى ئامېرىكا قىتئەسىدە ۋە غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرىدا "ئىرقىي يوقىتىش" سىياسىتىنى قوللىنىپ، مىڭلىغان-مىليونلىغان ھىندىيانلارنى ۋەھشىلەرچە قىردى ياكى كان قۇدۇقلىرىغا كۆمدى، نەتىجىدە مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىدە ئاچقان كانلىرىدا، ئېكىنزارلىقلىرىدا ئېغىر دەرىجىدە ئەمگەك كۈچى يېتىشمەسلىك ئەھۋاللىرى كېلىپ چىقتى. ئافرىقىدىن ئامېرىكىغا نېگىر قۇللارنى ئاپىرىپ سېتىش ئەڭ تاپاۋەتتى بار "سودا" بولۇپ قالدى. 16-ئەسىردە ئافرىقا نېگىرلىرىنى ساتىدىغان قۇل بېدىكلىرى ئاساسەن پورتۇگالىيىلىكلەر ئىدى. 17-ئەسىردىن كېيىن، گوللاندىيە، ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە ئىلگىر-كېيىن بولۇپ بۇ ئەڭ ياۋۇز ئادەم بېدىكلىرى قاتارىغا قوشۇلدى. 17-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن تارتىپ، قۇل سودىسى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈك ئەنگلىيىنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئەنگلىيە ئۆزىنىڭ غايەت زور دۆلەت كۈچى، ئاچكۆز كاپىتالىستلارنىڭ پۈتۈن "ھۈنىرى"نى ئىشقا سېلىپ، بۇنداق قانخور قۇل سودىسى بىلەن كەڭ كۆلەمدە، تەپتارتماستىن شۇغۇللاندى. سالاپەتلىك ھۆكۈمەت ۋەزىرلىرى، دىن تارقاتقۇچى پوپلار، ئاقسۆڭەكلەر ۋە باي سودىگەرلەر تىل بىرىكتۈرۈپ، مونو-



ۋەھشىيانە قۇل سودىسى

پولىيە شىركىتى تەشكىللەپ، ئالاھىدە رۇخسەتنامىلەرنى ئېلىپ، ئافرىقا نېگىرلىرىنىڭ قېنىدىن غايەت زور مىقداردا پۇل ئۇندۇرۇۋالدى. ئەنگلىيە ئافرىقىدىن توشۇپ كەتسكەن نېگىر قۇللارنىڭ سانى باشقا قۇل ساتقۇچى دۆلەتلەرنىڭ توشۇپ كەتكەن قۇللىرىنىڭ يىغىندىسىنىڭ 4 ھەسسىگە توغرا كېلىدۇ.

قۇل سودىسى ئاساسەن ئافرىقىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا مەركەزلەشكەن ئىدى. گامبىيە دەرياسى رايونىدىن تارتىپ نېگىر دەرياسىنىڭ ئاغزىدىكى 3 بۇرجەك رايونىغىچە بولغان جايلار داڭلىق قۇل بازار-

لىرى ئىدى. ئەڭ دەسلەپتە، مۇستەملىكىچىلەر ئىچكى جايلارغا بېرىپ ئۆزلىرى بىۋاستە "قۇل ئوۋلاشتى"، لېكىن ئۇلارنىڭ تاپاۋىتى كۆپ بولمىدى، ئۇلار دائىم ئافرىقا خەلقىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ، قېچىشقا جاي تاپالماي قېلىشتى. كېيىن ئۇلار مىلتىق-قوراللار ۋە ئوق-دورىلار بىلەن دېڭىز بويلىرىدىكى قەبىلىلەرنىڭ خەلپە-لىرىنى ئالداپ ئۇلارنى ئىچكى جايلارغا تاجاۋۇز قىلىشقا قۇتراتقۇپ، قەبىلە ئۇرۇشىنى قوزغاپ، قۇللارنى قولغا چۈشۈردى. مۇستەملىكى-چىلەر دېڭىز-بويلىرىدا پونكىت، قورغانلارنى قۇرۇپ، قورال-ياراق، ئوق-دورا، گەزمال، كۆچلۈك تاتلىق هاراق، كىچىك زىننەت بۇيۇملىرىغا خەلپىلەردىن قۇل تېگىشەتتى.

ئۇزاق مۇددەت ئېلىپ بېرىلغان قۇل سودىسى ئارقىسىدا، بىر يۈرۈش قانلىق "تىرىك ئادەم سودىسى تۈزۈمى" بارا-بارا شەكىل-لەندى. مۇستەملىكىچىلەر ئامېرىكا قىتئەسىگە قۇل توشۇشتا كۆپىنچە "3 بۇرجەك مۇساپە"نى بېسىپ ئۆتەتتى: قۇل سودىگەرلىرى ناچار ماللار بېسىلغان سودا كېمىسىنى ياۋروپادىكى لوندون، لىۋېرپۇل ياكى مارسېل پورتىدىن ھەيدەپ غەربىي ئافرىقا قىرغىقىغا باراتتى، قىرغاقتا ئۇز ماللىرىغا نۇرغۇن قۇللارنى "تېگىشەتتى": قۇل سودىگەر-لىرى قۇللارغا تامغا بېسىپ، پۇتىغا ئىشكەل سېلىپ، ئۇلارنى ئۇلاققا ئوخشاش تىقما-تىقماق قىلىپ سودا كېمىلىرىگە بېسىپ ئاتلانتىك ئوكيانىنى كېسىپ ئۆتەتتى. بۇ يوللارنى بېسىپ ئۆتكىچە، كېمىنىڭ ئىچى بەك تىقما-تىقماق بولغانلىقى ئۈچۈن، دائىم تولغاق، چېچەك، كوز ئاغرىقى قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر تارىلىپ، قۇل-لارنىڭ يېرىمى دېگۈدەك ئۆلۈپ تۈگەيتتى. ئامېرىكا قىتئەسىگە بارغاندىن كېيىن، بۇ قۇللار ئېلىنغان ۋاقىتتىكى باھاسىدىن نەچچە

ئۇن ھەسسە قىممەت باھادا سېتىلاتتى، قۇل سودىگەرلىرى بۇ پۇلغا ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئىكىنزارلىقلاردا، كانلاردا قۇللار ئىشلەپچىقارغان شېكەر، پاختا، تاماكا شۇنىڭدەك مىس، كۈمۈش ۋە ئالتۇن قاتارلىق كان مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىپ، شۇ كېمە بىلەن ياۋروپاغا قايتۇرۇپ كېلەتتى. بىر قېتىملىق "ئۈچ بۇرجەك سودا" ئۈچۈن ئالاھەزەل 6 ئاي ۋاقىت كېتەتتى، قۇل سودىگەرلىرى بۇنىڭدا ئۈچ قېتىم سودا قىلىپ، غايەت زور پايدا ئالاتتى. 16-ئەسىردە غەربىي ھىندى ئاقىم ئاراللىرىغا بىر قۇل ئاپارسا ئالاھەزەل 20 فۇنت ئىستېرلىڭ پايدا ئالغان بولسا، 18-ئەسىرگە كەلگەندە 40 نەچچە فۇنت ئىستېرلىڭ پايدا ئالىدىغان بولدى.

ئافرىقا قىتئەسىدىن قۇل بۇلايدىغان جايلار ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، دېڭىز بويلىرىدىن شەرققە، جەنۇبقا كېڭەيدى، ئاخىردا سېنېگالدىن ئانگولاغىچە بولغان 6 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق جايلارنى ئۆز ئىچىگە



قۇل توشۇيدىغان كېمىنىڭ تۈز كۆرۈنۈشى

ئالدى. 19-ئەسىرگە كەلگەندە غەربىي ئافرىقىدىكى قۇل مەنبەسى بارغانسېرى تۈگەپ كەتتى. قۇل بىدىكلىرى قۇل سودىسىنىڭ دائىرىسىنى شەرقىي ئافرىقىنىڭ ئىچكى رايونلىرى، موزامبىك ۋە ماداگاسكارغىچە كېڭەيتتى.

توشۇلىدىغان قۇللارنىڭ سانىمۇ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ باردى،

18-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، ئافرىقىدىن ئانتىلىس تاقىم ئاراللىرى ۋە ئامېرىكىغا توشۇلغان قۇللارنىڭ سانى يىلىغا 80 مىڭغا يەتتى. 3 ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، ئافرىقىدىن ئامېرىكا قىتئەسىگە توشۇپ ئاپىرىلغان قۇللارنىڭ ئومۇمىي سانى كەم دېگەندە 15 مىليونغا يېتىدۇ. قۇل تۇتىدىغان چاغدا ئافرىقىلىقلار دائىم پۈتۈن قەبىلە، پۈتۈن مىللەت بويىچە يوقىتىلاتتى؛ تۇتۇپ كېتىلگەن قۇللاردىن كەم دېگەندە 40 مىليون كىشى توشۇش جەريانىدىكى دەھشەتلىك خارلاش، يېمەك-ئىچمەكنىڭ ئىنتايىن ناچارلىقى، يۇقۇملۇق كېسەل ۋە شۇنىڭدەك كېمىدىكى ھەددىدىن زىيادە تىقما-تىقماقلىق ئارقىسىدا ئۆلۈپ كەتتى. پۈتكۈل ئافرىقا قىتئەسىدە ۋەھشىيانە قۇل سودىسى تۈپەيلىدىن 100 مىليون ئاھالە چىقىم بولدى، بۇ سان ئافرىقا ئاھالىسىنىڭ 1800-يىلدىكى ئومۇمىي سانىغا توغرا كېلىدۇ.

3 ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت داۋام قىلغان قۇل سودىسى ئارقىسىدا ئافرىقا قىتئەسى مىسلىسىز قاتتىق بۇلاڭ-تالاڭ قىلىندى. ئاھالىنىڭ دائىم كۆپلەپ چىقىم بولۇپ تۇرۇشى (تۇتۇپ كېتىلگەنلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ياش-قاۋۇل ئەر ئەمگەك كۈچلىرى ئىدى) بىلەن ئافرىقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. دەھشەتلىك "قۇل ئوۋلاش ئۇرۇشى" كەڭ جايلارنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول سانائىتىنى ۋە يېزا-بازارلاردىكى ئۆي-جايلارنى خانىۋەيران قىلىپ، ئافرىقا خەلقىنىڭ ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سالدى ھەمدە خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئاكتىپلىقىغا ئېغىر دەرىجىدە نۇقسان يەتكۈزدى. نۇرغۇن جايلاردىكى ئاھالىلەر قۇل ئوۋلايدىغان باندىتلارنىڭ دائىم پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇشىدىن قېچىپ، ئۆي-

جايلىرى ۋە يەر-زېمىنلىرىنى تاشلاپ، ئادەم ئىزى باسمىغان قېلىن ئورمانلىقلارغا كۆچۈپ بېرىپ، ياۋا كۆكتات تېرىپ يەپ ۋە ئوۋچىلىق قىلىپ جان باقتى. نەتىجىدە ئافرىقىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئۇزاق مۇددەت تەرەققى قىلماي توختاپ قالدى، ھەتتا ئارقىغا چېكىنىپ كەتتى. قۇل سودىسى يېتىپ بارغان جايلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆي-جايلار ۋەيران بولغان، ئادەم سۆڭەكلىرى دۆۋىلىشىپ كەتكەن، يەرلەر قاقاسلىققا ئايلانغان ھالەت بارلىققا كەلدى. خەلقلەر ئاچ-زارلىقتا مۇشكۈل تۇرمۇش كەچۈردى. ئافرىقا جەمئىيىتىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى ئېغىر توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى. ئافرىقىنىڭ مەدەنىيىتى غەرب مۇستەملىكىچىلىرى تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشتىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا ناھايىتى كۆپ چېكىنىپ كەتتى. قۇل سودىسى ئوتتۇرا ئەسىردە قۇرۇلغان نۇرغۇن ئافرىقا دۆلەتلىرىنى مۇنقەرز قىلدى ھەمدە يېڭى دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشىغا توسقۇنلۇق قىلدى. "قۇل ئوۋلاش ئۇرۇشى" كەلتۈرۈپ چىقارغان قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تۈگىمەس ئۇرۇشلار قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىشىشنى بۇزۇپ تاشلىدى، بۇنىڭ بىلەن ئافرىقىدىكى ھەر مىللەت خەلقى زور كۆلەمدە كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. بۇنىڭ بىلەن، ئەسلىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، ئىرق ۋە قەبىلىلەر پارچىلاپ تاشلاندى، دۆلەتنىڭ شەكىللىنىش جەريانى ئۈزۈلۈپ قالدى. يېقىنقى زاماندا ئافرىقا قۇرۇقلۇقىنىڭ بەك ئارقىدا قېلىشىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى ۋەھشىيانە قۇل سودىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قۇل سودىسى ئافرىقىغا ئېغىر بالايى-ئاپەت كەلتۈرگەن بولسا، غەربىي ياۋروپا ۋە شىمالىي ئامېرىكىدا نېگىرلارنى سېتىش ۋە قۇل

قىلىش ئارقىسىدا كاپىتالىزىم گۈللىنىپ روناق تېپىشقا باشلىدى. قۇل سودىسى غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرى بولۇپمۇ ئەنگلىيىگە غايەت زور بايلىق يەتكۈزۈپ بەردى، بۇنىڭ بىلەن ئۇ كاپىتالىنىڭ ئىپتىدائىي جۇغلىنىشىنىڭ ئاساسلىق مەنبەلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. ماركس «كاپىتال»دا قۇل سودىسى كاپىتالىزىمنىڭ ياۋروپادا پەيدا بولۇش ۋە راۋاجلىنىشىنىڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتلىرىدىن بىرى دەپ كۆرسەتتى. ئەنگلىيىنىڭ لىۋېرپۇل، برىستول قاتارلىق شەھەرلىرىنىڭ گۈللىنىشى ئافرىقا خەلقىنىڭ سۆڭەكلىرى ئۈستىگە قۇرۇلدى. 1783 — 1793-يىللىرىغىچە بولغان 10 يىل ئىچىدە لىۋېرپۇل كېمىلىرى "3 بۇرجەك سودا" بىلەن بولۇپ، 900 قېتىم قۇل توشۇپ، 15 مىليون فۇنت ئىستېرلىڭغا قۇل سېتىپ، 12 مىليون فۇنت ئىستېرلىڭ ساپ پايدا ئالدى، ئۇلار ئالغان پايدا نىسبىتى 3 ھەسسىگە يەتتى. نەچچە مىليون ئافرىقىلىقنى يۇتۇپ كەتكەن غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكى ئەنگلىيە سانائىتى ئۈچۈن زور مىقداردا ئەرزان باھالىق خام ئەشيا يەتكۈزۈپ بەردى. "قۇللۇق تۈزۈمى بولمىغان بولسا پاختا بولمىغان بولاتتى؛ پاختا بولمىغان بولسا زامانىۋى سانائەتنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى."① ئامېرىكىدىكى كاپىتالىزىم خۇسۇسەن جەنۇبتىكى ئىگىلىك زارلىقلارمۇ ئافرىقىلىق نېگىر قۇللارنىڭ قان-تەر تۆكۈپ ئەمگەك قىلىشى ئارقىلىق راۋاجلاندى. ماۋجۇشى مۇنداق دېگەن ئىدى: "مۇدھىش مۇستەملىكىچىلىك، جاھانگىرلىك تۈزۈمى نېگىرلارنى قۇل

① ماركس، «پەلسەپە نامراتلىقى». «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 4-توم، 145-بەت.

قىلىش ۋە سېتىش ئارقىلىق راۋاج تاپقان.»① بۇ سۆز غەرپ كاپىتالىزمىنىڭ ئادەمخور ماھىيىتىنى بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېچىپ بەردى. ئافرىقىدىكى قۇل سودىسىنىڭ قانلىق جىنايەتلىرى ياۋروپا، ئامېرىكا كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشى ئافرىقا خەلقىنىڭ قان-ياشلىرى بىلەن تولغانلىقىنى كۈچلۈك تۈردە چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مۇستەملىكىچى قاراقچىلارنىڭ زوراۋانلىقىنىڭ ئۆزى جاھانگىرلارنىڭ ۋە شيۇجېڭجۇيىچىلارنىڭ مۇستەملىكىچىلىك «مەدەنىيەت تارقاتقۇچىدۇر» دېگەن شەرمەندە سۆزلىرىنى ئېچىپ تاشلىدى.

**ئافرىقا خەلقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى مۇستەملىكىچىلىك تاجاۋۇزىغا قارشى كۆرەشلىرى** ئەركىنلىكنى، مۇستەقىللىقنى قىزغىن سۆيىدىغان ئافرىقا ھەرمىللەت خەلقى مۇستەملىكىچى قاراقچىلار ئافرىقا زېمىنىغا قەدەم قويغان كۈندىن باشلاپلا، ھەممىلا يەردە تاش، ئوقيا، نەيزىلەر بىلەن تاجاۋۇزچىلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. 1510-يىلى، پورتۇگالىيىنىڭ ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق تۇنجى باش ۋالىسى ئالمېدا ھىندىستاندىن پورتۇگالىيىگە قايتىشتا، كاپ ئەتراپىدا قورۇقلۇققا چىقىپ، تاجاۋۇزچىلىق ھەركەتلىرىنى ئېلىپ باردى. خوتتېنتو قەبىلىسىنىڭ خەلقى قوزغىلىپ ئۇزىنى قوغداپ، 60 نەچچە كىشىلىك بۇ مۇستەملىكىچى قاراقچىلار قوشۇنىنى پۈتۈنلەي يوقاتتى، بۇنىڭ بىلەن ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىنى بېسىۋېلىش ۋاقتى 142 يىل ئارقىغا سوزۇلدى، 1659-

---

① ماۋجۇشى. «ئامېرىكا نېگىرلىرىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىرىنىڭ ئىرقىي كەمسىتىشكە قارشى ئېلىپ بارغان ھەققانىي كۈرىشىنى قوللاش يۈزىسىدىن ئېلان قىلىنغان باياناتى»، «خەلق» گېزىتى 1963-يىل 8-ئاينىڭ 9-كۈنى.

يىلى، گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى كاپدا قورغانلارنى قۇرۇپ يەرلەرنى دائىرىلەپ ئىگەللىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن خوتتېنتوتلار تۇنجى قېتىملىق گوللاندىيىگە قارشى ئۇرۇش قوزغىدى. 1673 — 1677 - يىللىرى خوتتېنتوتلار گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ يەرلەرنى ئىشغال قىلىۋېلىشىغا، يەرلىك خەلقلەرنى قۇل قىلىشىغا قارشى يەنە 4 يىل ھايات - ماماتلىق ئۇرۇشى ئېلىپ باردى (بۇ تارىختا ئىككىنچى قېتىملىق خوتتېنتو ئۇرۇشى دەپ ئاتىلىدۇ). جەڭدە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار قۇل قىلىنىشنى رەت قىلىپ، پۈتۈن ئىرق بويىچە نامىبىيە (غەربىي جەنۇبىي ئافرىقا) نىڭ جەنۇبىغا كۆچۈپ كەتتى.

ئافرىقا خەلقى قەبىلە خەلپىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، يۇرتى ۋە زېمىنىنى قوغداش ئۈچۈن، غەرب مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى ئىگىلمەي - پۈكۈلمەي كۈرەش ئېلىپ باردى. 1778 - يىلى كاپتىن شىمالغا يۈرۈش قىلىپ يەر - زېمىن ئىگەللىگەن گوللاندىيە تاجاۋۇزچىلىرى بانتۇلار ئولتۇرۇشلۇق گرېت - فىش دەرياسى رايونغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ئۇكتەملىك بىلەن مۇنبەت يەرلەرنى بېسىۋالدى، ئىككىنچى يىلى يەرلىك كوسالار (بانتۇلارنىڭ بىر ئايمىقى) نىڭ قەيسەرلىك بىلەن قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن 100 يىل داۋام قىلغان "كاپىرلار ئۇرۇشى"[①] باشلاندى. ئۇرۇشنىڭ بىرىنچى

① "كاپىر" ئەرەبچە سۆز بولۇپ، يات دىندىكىلەر دېگەن بولىدۇ. ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرى جەنۇبىتىكى ئافرىقىلىقلارنى كەمسىتىپ "كاپىر" دەپ ئاتايتتى. "كاپىرلار ئۇرۇشى" دېگىنى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئافرىقا خەلقىگە تاجاۋۇز قىلىشى، ئافرىقا خەلقىنىڭ قوزغىلىپ قوغدىنىش ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشىنى كۆزدە تۇتىدۇ.



بانتۇ خەلقى غەربىي مۇستەملىكىچىلەرنىگە زەربە بەرمەكتە

باسقۇچىدا ئۈچ قېتىم ئۇرۇش بولدى، ئۇرۇش 20 يىل داۋام قىلدى (1779 ـــ 1799)، كوسالار خوتتېنتولار بىلەن بىرلىشىپ مۇستەملىكە بولغان كاپقا ھۇجۇم قىلىپ، گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىنى ئىنتايىن قاتتىق ئالاقزادە قىلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ قەھرىمانانە كۈرەشلىرى

ئاخىر بۇرلارنى گرېت-فىش دەرياسىنىڭ شەرقىغە كېڭەيمىچىلىك قىلماسلىق شەرتنامىسى تۈزۈشكە مەجبۇر قىلدى.

1806-يىلى، ئەنگلىيە گوللاندىيىنىڭ ئورنىغا دەسسەپ جەنۇبىي ئافرىقىدا مۇستەملىكىچىلىك ھوكۇمرانلىقىنى ئورناتتى. 1820-يىلى، ئەنگلىيە 4 مىڭ مۇستەملىكىچىنى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا كوچۇرۇپ ئاپاردى. ئۇلار بۇر مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئارقىسىدىن گرېت-فىش دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرىدا ھەربىي قاراۋۇللارنى قۇرۇپ، قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، گرېت-فىش دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى كوسانىڭ كەڭ زېمىنىنى بېسىۋالدى. 66 يىل داۋام قىلغان ئىككىنچى باسقۇنچىلىق "كاپىرلار ئۇرۇشى" دا ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى جەنۇبىي ئافرىقا خەلقىنىڭ ئاساسىي دۈشمىنى بولدى. كوسالار ئەنگلىيىنىڭ كېڭەيمىچىلىكىنى توسۇش ئۈچۈن، يېڭى تاجاۋۇزچىلارغا قارشى 6 قېتىم قوزغىلىش ئۇرۇشى ئېلىپ باردى. كوسالار دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا چوڭ پەرق بولغان ئەھۋال ئاستىدا قۇربان بېرىشتىن قورقماي، كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن مۇستەملىكىچىلەرگە قاتتىق زەربە بەردى. 1834-يىلى، كوسالار سەردار ماكومىنىڭ رەھبەرلىكىدە، تارقاق قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، قولدىن كەتكەن يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن بىرلىكتە كۈرەش قىلدى. ئەنگلىيە ئاسلىق قىلغان قەبىلە باشلىقلىرىنى سېتىۋېلىپ، 1835-يىلى ماكومىنى مەغلۇپ قىلىپ، گرېت-فىش دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى ۋە داك دەرياسىنىڭ غەربىدىكى يەرلەرنى بېسىۋالدى. مۇستەملىكىچىلەر ئاچكۆزلۈك بىلەن قەدەممۇ-قەدەم قىستاپ كىردى ۋە شەرقىي شىمالغا يۈرۈش قىلىپ باشى دەرياسى رايونىنى بېسى-

ۋالدى. 1850 ــ 1853 ــ يىللىرى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ھەرمىللەت خەلقى بىرلىشىپ ئەنگلىيىگە قارشى قوزغىلاڭ كوتەردى، قوزغىلاڭغا كوسالارنىڭ قەبىلىلىرى ۋە بانتۇلارنىڭ ھەرقايسى ئايماقلىرى قاتناشتى، خوتتېنتولارنىڭ بەزى قەبىلىلىرىمۇ قاتناشتى. ئافرىقىلىقلار جەڭ قىلغانسېرى كۈچەيدى، جەڭ مەيدانى گرېت ـ فىش دەرياسىنىڭ غەربىگىچە كېڭەيدى. ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى 10 يىلدىن ئارتۇق مۇنتىزىم قوشۇن ئەۋەتىپ بۇ قوزغىلاڭنى دەھشەتلىك تۈردە باستۇردى.

ئېكۋاتور ئافرىقىسىدا، پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئانگولاغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، قۇل سېتىپ، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىدى. 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئانگولا خەلقى مىللىي ئاپال قەھرىمان ئاننا چىنجا مۇبەندىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن قوزغىلاڭ كوتىرىپ، ئۆزلۈكسىز غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، بىر مەزگىل پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىلىرىنى دولەت چېگرىسىدىن قوغلاپ چىقاردى. پورتۇ-گالىيىگە قارشى كۈرەش 30 يىل داۋام قىلدى. 1655 ـ يىلى مۇبەندى ۋاپات بولغاندىن كېيىن پورتۇگالىيىلىكلەر قايتىدىن بېسىپ كىردى.

ئافرىقا خەلقى ئىچكى جايلارغا كىرىپ قۇل تۇتقان غەربىي ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرىگە ۋە قۇل بەدىكلىرىگە قارشى قەھرىمان-لارچە ئېلىشتى، ئۇلار قەبىلە بويىچە قوزغىلىپ ئۆزىنى قوغداپ، مۇستەملىكىچىلەرنىڭ قاتتىق جاجىسىنى بەردى، قۇل بەدىكلىرىنى قوغلاپ چىقاردى، بۇنىڭ بىلەن مۇستەملىكىچىلەر ئۆزلىرى بىۋاستە ئىچكى جايلارغا كىرىپ "قۇل ئوۋلاش"قا جۈرئەت قىلالمايدىغان بولدى. ئاتلانتىك ئوكياندا كېمىۋاتقاندا قۇل توشۇيدىغان كېمىدىكى

قۇللار پات-پات كوللېكتىپ ئىسيان كۆتۈرۈپ، قۇل بېدىكلىرى ۋە كېمە باشلىقىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، كېمىنى چۆكتۈرۈۋېتىپ ئۆزلىرىمۇ كېمە بىلەن بىللە غەرق بولۇشقا رازى بولۇشتىكى، قۇل بولۇشنى خالىمىدى. 1700 — 1845-يىللىرى ياللۇز ئەنگلىيە-ئامېرىكىنىڭ قۇل توشۇيدىغان كېمىلىرىدىلا 55 قېتىم قۇللار چوڭ قوزغىلىڭى بولدى. ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرىدىكى ئېكىنزارلىقلارغا توشۇپ كېلىنگەن نېگىر قۇللارمۇ ئاق تەنلىك قۇلدارلارنىڭ قۇل قىلىشىغا چىداپ تۇرالماي ئۆزلۈكسىز قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ تۇردى.

17-ئەسىردىن تارتىپ 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە سەھرايى كەبىرنىڭ جەنۇبىدىكى ئافرىقا خەلقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى مۇستەملىكىچىلىك تاجاۋۇزىغا قارشى ئىنتايىن قەھرىمانلارچە، قەيسەرلىك بىلەن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى ئافرىقا خەلقىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىغا تىز پۈكمەيدىغان قارشىلىق كۆرسىتىش روھىنى نامايەن قىلدى. بۇ قوزغىلاڭلار ياكى ئىسيانلارنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك قەبىلىلەرنىڭ خەلپىلىرى رەھبەرلىك قىلاتتى، ئۇلارنىڭ ئۇيۇشتۇرۇش سەۋىيىسى ناھايىتى تۆۋەن ئىدى، قوراللىرىمۇ ئەڭ ئىپتىدائىي قوراللار ئىدى، شۇڭا ئاخىردا ھەممىسى مەغلۇپ بولدى. لېكىن بۇ قوزغىلاڭلار مۇستەملىكىچى قاراقچىلارنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇپ، ئافرىقىدىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ بېسىۋېلىنىش ۋاقتىنى كېچىكتۈردى، ئافرىقىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك تاجاۋۇزىغا قارشى جەڭگىۋارلىقىغا ئىلھام بەردى.

# 5 - بۆلۈم مىسىر خەلقىنىڭ فرانسىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى كۆرىشى ۋە مۇھەممەد ئەلىنىڭ ئىسلاھاتى

**مىسىر خەلقىنىڭ فرانسىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى كۆرىشى**

مىسىر 16 - ئەسىردىن كېيىن ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. 13 - ئەسىردىن تارتىپ مىسىرغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن مەملۇك فېئودال ئەپتسەرلەر گۇرۇھى① گەرچە ھۆكۈمرانلىق چوڭ ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولغان بولسىمۇ، لېكىن فېئوداللىق ئورنىنى ساقلاپ قالغان ئىدى، ئۇلار پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسىم يېرىنى ئىگىلىلەش ھوقۇقىغا ۋارىسلىق قىلاتتى. مىسىرنىڭ كەڭ دېھقانلىرى (فېللا) تۈركىيە ھۆكۈمرانلىرى بىلەن مەملۇكلەرنىڭ قوش ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچراپ، ئىنتايىن ئېچىنىشلىق يانچىلار ئورنىدا ياشايتتى. تۈركىيە ھۆكۈمرانلىرى تالان-تاراج قىلىشنىلا بىلىپ، سوغۇرۇش ئىنشا-

---

① مەملۇك فېئودال ئەپتسەرلەر گۇرۇھى ئەسلىدە مىسىر ئايۇپ سۇلالى- سىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىراق، كاپكازدىن سېتىپ ئەكەلگەن قۇللاردىن تەشكىل تاپقان مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتى بولۇپ، كېيىن ئاستا- ئاستا زورىيىپ ئىنتايىن زور ھوقۇق ۋە كۈچكە ئىگە فېئوداللار گۇرۇھى بولۇپ شەكىللەنگەن. 13 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، مەملۇك ئەپتسەرلەر گۇرۇھى مىسىرنىڭ ھاكىمىيىتىنى قولغا ئالغان. 18 - ئەسىرگىچە ئۇلار يەنىلا ناھايىتى كۆپ يەرگە ئىگە بولۇپ، فېئوداللىق بۆلۈنمە ھالىتىنى ساقلاپ كەلگەن.

ئائىلىرىغا كۆڭۈل بۆلمىگەچكە، ئېرىق-ئۆستەڭلەر تاشلىنىپ كېتىپ،
توغانلار ئۆرۈلۈپ، قۇرغاقچىلىق ۋە كەلكۈن ئاپەتلىرى مىڭلىغان-
تۈمەنلىگەن دىخاننىڭ جېنىغا زامىن بولدى، نىل دەرياسى بويلىرى-
دىكى نۇرغۇن مۇنبەت ئېتىزلار ھېچنىمە ئۈنمەيدىغان قاقاسلىققا
ئايلىنىپ كەتتى. 18-ئەسىردە ئوسمان ئىمپېرىيىسى كۈندىن-
كۈنگە زاۋالغا يۈز تۇتتى، ئۇلارنىڭ مىسىرنى تىزگىنلىشىمۇ بوشاپ
كەتتى، مەملۇك فېئوداللىرى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۆز تەسىر
دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى. 18-ئەسىرنىڭ
ئاخىرلىرىدا، مىسىر ئەمەلىيەتتە مەملۇك فېئودال ئەپەندىلەر
گۇرۇھىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى. مىسىر خەلقى تۈركىيىنىڭ
زۇلمىغا قاتتىق نەپرەتلىنەتتى. شۇنداقلا مامۇرۇكنىڭ زالىم چىرىك
ھۆكۈمرانلىقىمۇ قارشى ئىدى.

ئوتتۇرا دېڭىز ۋە قىزىل دېڭىز دولقۇنلىرى چايقاپ تۇرىدىغان
مىسىر ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقا قىتئەلىرىنىڭ بوغۇزى، ھىندىستانغا
بارىدىغان، شەرقتىكى سودىنى تىزگىنلەيدىغان مۇھىم يول ئىدى. 18-
ئەسىردىن باشلاپ پۈتۈن يەرشارى مىقياسىدا مۇستەملىكىچىلىك زومى-
گەرلىك ھوقۇقى تالىشىۋاتقان ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە مىسىردا ئۆزىنىڭ
مۇستەملىكىچىلىك تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە كۈچەپ ئۇرۇنۇشتى.
7 يىللىق ئۇرۇشتىن كېيىن، فرانسىيە مىسىرنى ئەنگلىيە بىلەن
رىقابەتلىشىدىغان بازىغا ئايلاندۇرۇۋالماقچى بولدى. ئىسسىق ئاي
سىياسى ئۆزگىرىشىدىن كېيىن فرانسىيە تەپتىش ھۆكۈمىتى شەرقتە
ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقىغا تەھدىت سېلىپ، ئەنگ-
لىيىنىڭ ياۋروپادىكى ئەسكىرىي كۈچىنى چېچىۋېتىش ھەمدە فرانسىيە
بۇرژۇئازىيىسىنىڭ كېڭەيمىچىلىك قىلىش قارا نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇ-

رۇش ئۇچۇن، مىسىرنى بېسىۋېلىشنى قارار قىلدى. 1798 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، ناپولېون 35 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ مىسىرغا تاجاۋۇز قىلىپ، ئىسكەندىرىيە پورتى ئەتراپىدا قۇرۇقلۇققا چىقتى. قاھىرىگە يۈرۈش قىلىپ كېتىۋېتىپ، يولدا ناپولېون ئەسكەرلىرى مەملۇك ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ ئاساسىي كۈچى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئېھراملار ئاستىدا، ناپولېون قوماندانلىق قىلغان، ئات مىنىشكە ئۇستا بولمىغان، بىراق ئىنتىزاملىق فرانسىيە بۇرژۇئا ئاتلىق ئەسكەرلىرى يالغۇز ئېلىشىشقا ئەڭ ماھىر بولغان ئەمما ئىنتىزامسىز فېئوداللار ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى يەڭدى. ناپولېون "مىسىرلىقلارنى مەملۇكلارنىڭ زوراۋانلىقىدىن ئازات قىلىمىز" دېگەن ئالدامچىلىق ۋىۋىسكىسىنى كوتىرىپ قاھىرىگە كىردى. مىسىر خەلقى قوزغىلىپ قارشىلىق كورسەتتى، مەملۇك ئەسكەرلىرى تېرى ـ پېرەڭ بولۇپ جەنۇبقا قاراپ قېچىۋاتقان چاغدا، مىڭلىغان ـ مىليونلىغان مىسىر خەلق پىدائىيلىرى قىلىچ ـ مىلتىق، تاياق ـ توقماق ۋە ئاز ساندىكى پۇرۇخ مىلتىقلار بىلەن قوراللىنىپ فرانسىيە ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلدى. چارۋىچىلار (بەدۋىيلار) پارتىزانلىرى ھەممىلا يەردە ئۇلارغا توسۇپ زەربە بەردى. يېزىلاردىن چىقىپ چىققان دېھقانلار قۇدۇقلارغا زەھەر ۋە پاسكىنا نەرسىلەرنى تاشلىدى.

ناپولېون قاھىرىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن ئۇزىنىڭ نىقاۋىنى يۇتۇنلەي يىرتىپ تاشلاپ، قاتتىق ھەربىي ئىدارە قىلىش تۇزۇمىنى يولغا قويدى، ئاھالىدىن ھەددىدىن زىيادە ئېغىر باج ـ سېلىق يىغدى ھەممىدە ئۇلارغا ئولۇم جازاسى بىلەن تەھدىت سالدى؛ قارشىلىق كورسەتكەنلىكى يېزىلارغا قارىتا بۇلاپ تۇگىتىش، كويدۇرۇپ تۇگىتىش ۋە قىرىپ تۇگىتىش سىياسىتىنى قوللاندى،

يېزىدىن ئۇلتۇرۇلگەنلەرنىڭ كاللىسىنى كوچىلارغا ئېسىپ قويۇپ، قاھىرە خەلقىغە پوپوزا قىلدى.

1798-يىل 10-ئايدا، قاھىرە خەلقى قوزغىلاڭ كوتىرىپ، ئاجا-ۋۇزچى قوشۇنلارنىڭ زالىملىقىغا قايتۇرما زەربە بەردى. قوزغىلاڭچى ئامما ئاتاقلىق ئەسقار چوڭ مەچىتىگە يىغىلىپ، قولىغا قىلىچ-نەيزە، تاياق-توقماق ۋە تاشلارنى ئېلىپ، ناپولېئوننىڭ سارىيىغا قاراپ ماڭدى، ئۇلار يولدا باستۇرۇشقا كەلگەن فرانسىيە گارنىزونىنىڭ قوماندانىنى ئېتىپ تاشلىدى، ئارقىدىنلا فرانسىيە قوشۇنلىرىنىڭ قاراۋۇللىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، شەھەر دەرۋازىسىنى ئىشغال قىلدى، قوغدىنىش ئىستىھكاملىرىنى ياساپ، فرانسىيە ئەسكەرلىرى ئىگەللىۋالغان ئېگىزلىككە ھۇجۇم قىلدى. ناماز دىگەر ۋاقتىدا قوزغىلاڭچى ئامما پۈتۈن شەھەرنىڭ مۇھىم ئىستىھكاملىرىنىڭ ھەممىسىنى دىگۈدەك ئىگىلىۋالدى. ناپولېئون قوزغىلاڭچىلارنى قانلىق باستۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈردى، ئۇلار ئەسقار چوڭ مەچىتىنى توپقا تۇتۇپ، قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنىغى بولمىغان ئاممىنى دەھشەتلىك تۇردە قىردى. بىركۈنگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە 4 مىڭدىن ئارتۇق ئامما زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. ئاختۇرۇش-تۇتۇش، سوراق قىلىش، قىيناش، كاللىسىنى ئېلىش ۋەھشىيىسى پۈتۈن قاھىرە شەھرىنى قاپلىدى.

قاھىرە خەلقىنىڭ تۇنجى قوزغىلىڭى باستۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن فرانسىيىگە قارشى قوزغىلاڭنىڭ ياللقۇنى شۇنىڭدىن باشلاپ نىل دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا تۇتىشىپ كەتتى. مىسىرلىقلار فرانسىيە ئەسكەرلىرى بىلەن ئالاقە قىلىشنى رەت قىلدى، ناپولېئون مىسىردا بارغانسېرى قىيىن ئەھۋالدا قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەنگلىيە پىلوتى ئىسكەندەرىيە پورتىدىكى فرانسىيە پىلوتىنى

يوقاتتى، شۇنىڭ بىلەن ناپولېوننىڭ قايتىش يولى ئۈزۈپ تاشلاندى. 1799-يىلى 1-ئايدا ناپولېون ئەسكەرلىرىنى باشلاپ سۇرىيىنىڭ دېڭىز قىرغاقلىرىغا كەلدى. فرانسىيە قوشۇنلىرى جان تىكىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن يافغا شەھىرىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، شەھەردە قىرغىنچىلىق قىلىپ، شەھەردىكى چېكىنىپ چىقىپ كەتمىگەن ئاھالىنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلىدى. ئەرەب خەلقى يالغۇز ئېچكىرىلەپ كىرگەن فرانسىيە قوشۇنلىرىغا تەرەپ-تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى، ئۇلار تاجاۋۇزچى قوشۇنلارنى ئۇچۇقتۇرۇش ئۈچۈن، تام-تورۇسنى يۇختىلاپ، تالا-تۈزنى يىغىشتۇرۇۋەتتى. 20 مىڭ كىشىلىك فرانسىيە قوشۇنى ئاككى قورغىنىنى قورشىۋالغان چاغدا، قورغاننى ساقلاپ تۇرغان ئەسكەرلەر خەلقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، قورغاننى ئىككى ئاي قاتتىق ساقلىدى، فرانسىيە قوشۇنلىرىدىن 3 مىڭ كىشى چىقىم بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مىسىرغا قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدى، يولدا سۇرىيە ۋە مىسىر خەلقىنىڭ توسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچراپ، ئېغىر چىقىم تارتتى، 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇندىن ئاران 12 مىڭ كىشى قالدى. سۇرىيىگە قىلىنغان يۈرۈشنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ئارقىسىدا ناپولېوننىڭ مىسىردىن ئارتىپ ھىندىستانغىچە بولغان زور شەرق مۇستەملىكە ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇش خام خىيالى سۇپۇن كۆپۈكتەك ئۇچۇپ كەتتى. ناپولېون مىسىردا مۇشكۈل ئەھۋالدا قالدى. 1799-يىل 8-ئايدا، ناپولېون فرانسىيىنىڭ ئىچكى سىياسى ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىم ئەمەسلىكى، تەپتىش ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆرۈلۈپ كېتەي دەپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئارمىيىسىنى تاشلاپ، يالغۇز ئۆزى فرانسىيىگە قايتىپ كەتتى.

مىسىر خەلقى ئۆز دۆلىتىنىڭ ئۇزاق ۋاقىت ئىشغال قىلىنىپ

تۇرۇشقا تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى، 1800-يىل 3-ئايدا 2-قېتىم تېخىمۇ زور كۆلەملىك قاھىرە قوزغىلىڭىنى كۆتەردى. قوزغىلاڭچى ئاممىا فرانسىيە قوشۇنىنىڭ باش ئىشتابىغا ۋە شەھەردىكى پوتەيلىرىگە ھۇجۇم قىلدى، بىرنەچچە كۈن قان كېچىپ جەڭ قىلىش ئارقىسىدا، فرانسىيە قوشۇنلىرىنىڭ باش ئىشتابىنى بېسىۋالدى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئوق-دورا زاۋۇتى ۋە مىلتىق-زەمبىرەك زاۋۇتىنى قۇرۇپ، ئۇزاق مۇددەت تاقابىل تۇرۇشقا تەييارلىق قىلدى. پۈتۈن شەھەردىكى ئائىلە تەرەپ-تەرەپتىن مىس، تۆمۈر-تەسەككۈلەرنى يىغىپ ھەربىي قورال-ياراق زاۋۇتلىرىغا ئاپىرىپ بەردى، تۆمۈرچىلەر، ياغاچچىلار ئۆزلۈكىدىن كېلىپ، كېچە-كۈندۈز دەمەستىن قورال-ياراق ياسىدى. فرانسىيە قوشۇنلىرى دېڭىز بويلىرىنى ساقلاۋاتقان قوشۇنلارنى يۆتكەپ كېلىپ قاھىرىگە بولغان ياردەمنى كۈچەيتتى، قوزغىلاڭچى ئاممىا قان كېچىپ جەڭ قىلىپ، ئەسقار چوڭ مېچىتنى قاتارلىق جايلارنى 40 كۈنگىچە ساقلىدى. ئاخىردا، تاجاۋۇزچى قوشۇنلار قاھىرە شەھىرىگە تۆت تەرەپتىن ئوت قويۇپ، ئوت دېڭىزى ئىچىدە قوزغىلاڭچىلارنىڭ بازىلىرىنى بېسىۋالدى. مىسىر خەلقى باشقا رايونلاردا داۋاملىق پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئېلىپ باردى، فرانسىيە قوشۇنلىرى تەرەپ-تەرەپتىن قورشاۋدا قېلىپ، شەھەرنى مۇشكۈلچىلىك ئىچىدە ساقلاشقا مەجبۇر بولدى.

بۇ چاغدا تۈركىيە قوشۇنلىرى ئەنگلىيە قوشۇنلىرىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا مىسىرغا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى، فرانسىيە قوشۇنلىرى ئىچكى ھەم تاشقى جەھەتتىن زەربىگە ئۇچراپ ئارقىغا چېكىندى. 1801-يىل 8-ئايدا فرانسىيە قوشۇنلىرى مەغلۇپ بولۇپ تەسلىم بولدى. 9-ئايدا، فرانسىيىنىڭ بىر مەھەل كورەڭلەپ جاھانغا پاتماي

كەتكەن يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى ئارمىيىسى رەسۋاسى چىققان ھالدا مىسىردىن چېكىنىپ چىقىپ كەتتى. فرانسىيە قوشۇنلىرى مىسىرنى بېسىۋالغان ئۈچ يىل ئۈچ ئاي ئىچىدە، مىسىرنىڭ قەدىمقى قۇرۇلۇشلىرى قاتتىق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە مەچىتلەر ۋەيران قىلىندى، ھەتتا ئېھراملار ۋە ئادەم سۈرەتلىك شىر ھەيكىلىمۇ نابۇت قىلىندى. كوركەم-ھەيۋەتلىك قاھىرە شەھىرىمۇ خانىۋەيران بولدى، ئون مىڭلىغان مىسىر خەلقى قىرغىنچىلىققا ئۇچرىدى. مىسىر مىسلىسىز بالايى-ئاپەتكە ئۇچرىدى. لېكىن مىسىر خەلقى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى كۈرەش داۋامىدا ئېغىر سىناقلارنى بېشىدىن كەچۈردى، مىللىي مۇستەقىللىقنى قوغداشتەك جەڭگىۋار روھنى جارى قىلدۇردى، باشقا مىللەتنىڭ زۇلمىغا ئۇچراشتەك زۇلمەت ئىچىدىن ئويغىنىشقا باشلىدى.

**مۇھەممەد ئەلىنىڭ ئىسلاھاتى** فرانسىيە تاجاۋۇزچى ئەسكەرلىرى قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە تاجاۋۇزچى ئارمىيىسى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىچكىرىلەپ كىردى، تۈركىيە ھۆكۈمەرانلىرى ۋە مەملۇك فېئوداللىرىمۇ قايتىدىن باش كۆتەردى. مىسىر خەلقى چەتئەل مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇپ، تۈركىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، مەملۇك فېئودال ئەپتسەرلەر گۇرۇھىنىڭ قالدۇقلىرىنى يوق-



مۇھەممەد ئەلى

ئىپ، مۇستەقىل ھاكىمىيەت قۇرۇشنى، مىللىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدى. ئالبانىيىلىك (ئالبانىيە ئۇ چاغدا ئوسمان ئىمپېرىيىسىگە تەۋە ئىدى) ئەپىتسەر مۇھەممەد ئەلى (1769 — 1849) خەلقىنىڭ تەلىۋىگە ماسلىشىپ، 1805 - يىلى قاھىرە ئاھالىسىنىڭ مەملۇك باش ۋالىيسىغا قارشى قوزغىلىڭى جەريانىدا، قوزغىلاڭچىلار تەرەپكە ئۆتۈپ، سودىگەرلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى ھەمدە سودىگەرلەر تەرىپىدىن باش ۋالىي قىلىپ سايلاندى. ئوسمان ئىمپېرىيىسى سۇلتىنى① بۇنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

مۇھەممەد ئەلىنىڭ مىسىردىكى ۋەزىپىسى دۆلەت ئىچىدىكى فېئودال بۆلۈنمە كۈچلەرنى يوقىتىپ، ھوقۇق مەركەزلەشكەن ھاكىمىيەت قۇرۇش؛ ئوسمان ئىمپېرىيىسىگە بولغان بېقىندىلىق ئورنىدىن قۇتۇلۇش، ئەنگلىيە ۋە فرانسىيىنىڭ تاجاۋۇزىدىن مۇداپىئە كۆرۈش، دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغداش ئىدى. مۇھەممەد ئەلى مەملۇك مىلىتارىستلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تالاش - تارتىشتىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاتتى ھەمدە پارچىلىدى، 1807 - يىلى، بۇ فېئودال مىلىتارىستلارنى قوللاپ كەلگەن ئەنگلىيە تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرىنىمۇ يوقاتتى. 1811 - يىلى، ئۇ مەملۇكنىڭ ھەممە ئەپىتسەرلىرىنى دىگۇدەك ئۇستىلىق بىلەن ئالداپ ئۆلتۈردى، ئىككىنچى يىلى يۇقارقى مىسىرنى بېسىپ ياتقان مەملۇك قالدۇق كۈچلىرىنى يوقاتتى، شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن مۇستەھكەم، ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن ھوكۇمرانلىقنى ئورناتتى.

ئەنگلىيە ۋە فرانسىيىنىڭ كاپىتالىستىك تاجاۋۇزچى كۈچلىرىنىڭ

---

① تۈركىيە پادىشاسى سۇلتان دەپ ئاتىلىدۇ.

كۈندىن ـ كۈنگە جىددىيلىشىۋاتقان تەھدىتى ئاستىدا، مۇھەممەد ئەلى دولەتنى كۈچلەندۈرۈپ، مۇستەقىللىقنى قوغداش ۋە ئۆزىنىڭ ھوكۇمرانلىق ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، مىسىرنىڭ فېوداللىق ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى دولەت ئىچىدىكى كاپىتالىزىم تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇشقا تىرىشتى. ئۇ بىر قاتار ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى:

"يەر ئىسلاھاتى" ئېلىپ باردى — كونا فېوداللارنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلدى. مەملۇك فېودالىلار گۇرۇھىنى يوقاتتى ھەمدە باج كوتىرە ئالغۇچىلارنىڭ ۋە ۋەخپى يەرلەرنى سېتىۋېلىش ئۇسۇلى بىلەن يىغىۋالدى. بۇ يەرلەرنىڭ كوپ قىسمى "دولەت" كە، ئەمىلىيەتتە شەخسەن مۇھەممەد ئەلىگە تەئەللۇق بولدى؛ يەرلەرنىڭ ئازغىنا بىر قىسمى ئۇنىڭ يېقىنلىرىغا ۋە جەمەتىگە تارتۇق قىلىپ بېرىلدى، ئۇلار يېڭىدىن گۈللەنگەن فېودال ئاقسوڭەك پومېشىك بولۇپ شەكىللەندى. يەرلەر دېھقانلارنىڭ تېرىشىغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىگىلىك ھوقۇقى دېھقانلاردا ئەمەس ئىدى، دېھقانلار ئۇلۇش يەرگە بەند قىلىپ قويۇلغان ئىدى. ئۇلار ئېغىر باج ـ سېلىق تاپشۇرغاندىن باشقا، يىلىغا 60 كۈن ھاشارغا ئىشلەيتتى. بۇنداق ئىسلاھات فېودالىق يەر مۇناسىۋىتىنىڭ ماھىيىتىنى قىلچە ئۆزگەرتمىدى. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىنى ئۇستۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تاۋارلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، يېڭى ھوكۇمەت نىل دەرياسىنىڭ سۇغۇرۇش سىستېمىسىنى ياسىدى، قاھىرەنىڭ شىمالىدا يېڭى ئۇستەڭ قېزىپ، تېرىلغۇ يەر كولىمىنى بىرىم ھەسسە كېڭەيتتى، پاختا ۋە كەندىر ئۇرۇقىنى سىرتتىن ئەكىرىپ تېرىدى، بۇنىڭ بىلەن مىسىرنىڭ پاختا مەھسۇلاتى 13 يىل ئىچىدە

4 ھەسسە ئاشتى.

يېقىنقى زامان سانائىتىنى راۋاجلاندۇردى — 19 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدىن باشلاپ ئىككى توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قۇرۇلدى، 1837 - يىلى مەملىكەت بويىچە 29 توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قۇرۇلدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە شېكەر ئىشلەش، ماي تارتىش ۋە بوياقچىلىق زاۋۇتى قاتارلىق زاۋۇتلار قۇرۇلدى. ئەلى ھەربى لازىمەتلىكلەر بىلەن ئۆزىنى ئۆزى قامداشنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ھەربى زاۋۇتلار (سېلىترا، پورۇخ زاۋۇتى، كېمىچىلىك زاۋۇتى قاتارلىق زاۋۇتلار) ۋە ھەربى سانائەتكە خىزمەت قىلىدىغان تۆمۈر ئېرىتىش، ماشىنىسازلىق ۋە قۇيمىچىلىق زاۋۇتى قاتارلىق زاۋۇتلارنى قۇرۇشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. 1831 - يىلى، مىسىرنىڭ ئۆزى ياسىغان تۇنجى پاراخودى سۇغا چۈشۈرۈلدى. ھۆكۈمەت تەرىپىدىن يولغا قويۇلغان بۇ سانائەت يانچىلىق تۈزۈم ئاساسىغا قۇرۇلغان ئىدى، ئىشچىلار يالانما ئەمگەك كۈچلىرى ئەمەس، بەلكى مەجبۇرى ئىشلىتىلىدىغان يانچىلار ئىدى.

غەرپتىن ئۆگىنىپ، مەكتەپ تەسىس قىلدى — ھەربى، سىياسى، تىبابەتچىلىك، بىئولوگىيە، خىمىيە ۋە ئېرىقچىلىق تېخنىكىسى قاتارلىق پەنلەرنى ئۆگىنىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار فرانسىيە ۋە ئەنگلىيىگە ئەۋەتىلدى، بۇ ئوقۇغۇچىلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش - يېڭىلاش ھەركىتىدىكى تايانچ كۈچكە ئايلاندى؛ غەرپتىكى كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ مائارىپ تۈزۈمىگە تەقلىد قىلىنىپ، نەچچە ئون ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە تېخنىكوم قۇرۇلۇپ، يېڭى ئىختىساسلىق كىشىلەر يېتىشتۈرۈلدى.

ھەربى كۈچنى كۈچەيتتى — ھەربى مەكتەپلەر تەسىس قىلىنىپ،

فرانسيه ئەپتسەرلىرى ئوقۇتقۇچىلىقتا تەكلىپ قىلىندى، ئارمىيە ياۋروپاچە شەكىلدە ئۆزگەرتىپ تۈزۈلدى، ئىسلاھاتتىن كېيىن مىسىردا 200 مىڭ كىشىلىك قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى، 20 مىڭ كىشىلىك دېڭىز ئارمىيىسى، 32 ھەربىي پاراخوت ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلدى.

مۇھەممەد ئەلىنىڭ ئىسلاھاتى مىسىرنىڭ فېودالىلىق تۈزۈمىنىڭ ئۇلىغا تەگمىدى، فېودالىلىق مۇناسىۋەتنى ئۆزگەرتمىدى، دېھقانلار يەنىلا يانچىلىق ئورنىدا تۇرىۋەردى. مانا بۇ، كېيىن ئىسلاھاتنىڭ مەغلۇپ بولۇشىنىڭ تۈپ سەۋەبى بولدى. لېكىن، بۇ ئىسلاھاتلار مىسىرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى، ئوبيېكتىپ جەھەتتە دۆلەت ئىچىدىكى كاپىتالىستىك مۇناسىۋەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. مىسىرنىڭ دۆلەت ئىقتىدارىنى كۈچەيتتى، ئۇنىڭ بىلەن دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغدىدى. بولۇپمۇ بۇ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشلارنى ئېلىپ بېرىشتا چەتتىن بىر تىيىنمۇ قەرز ئېلىنمىدى، بۇ، مىسىرنىڭ جەمىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن تەرەققىيپەرۋەر ئەھمىيەتكە ئىگە. ماركس مۇھەممەد ئەلىنى ئوسمان ئىمپېرىيىسى ئىچىدە "ھەقىقى كاللىنى 'ئىسىل سەللە' ئورنىغا قويغان بىردىن-بىر ئادەم"① دەپ ئاتىغان ھەمدە مۇھەممەد ئەلى ھوكۇمرانلىقىدىكى مىسىرنى "شۇ زاماندىكى ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ بىردىن-بىر ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىسمى"② دېگەن ئىدى.

① ماركس. «روسىيە بىلەن تۈركىيە ئوتتۇرىسىدىكى تالاش-تارتىش. — شەرقىي ھىندىستان مەسىلىسى». «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 9-توم، 222-بەت.

② ماركس، «بىرما ئۇرۇشى. — روسىيە مەسىلىسى. — دىپلوماتلارنىڭ قىزىق خەتلىرى». «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 9-توم، 231-بەت.

www.uyghurkitap.com

**مۇھەممەد ئەلى ئىسلاھاتىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى** مۇھەممەد ئەلىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشى نەتىجىسىدە مىسىر كۈندىن-كۈنگە كۈچەيدى. يومشاشكىلار سىنىپى ۋە سودىگەرلەرنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، مۇھەممەد ئەلى سىرتقا كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، ئۆز زېمىنىنى كېڭەيتىپ، بۇنىڭ بىلەن ناھايىتى زور مىسىر ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇش غەرىزىدە بولدى. تۈركىيىگە قارشى بىرىنچى قېتىملىق ئۇرۇشتا (1831 — 1833) مىسىر تۈركىيىنى يەڭدى. 19-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىنىڭ باشلىرىدا، مۇھەممەد ئەلى ئەمەلىيەتتە مىسىر، سۇدان، سۇرىيە، لىۋان ۋە پەلەستىن قاتارلىق جايلارنىڭ ھوكۇمرانى بولۇپ قالدى. لېكىن يىلمۇ-يىل بولۇپ تۇرغان ئۇرۇشلار مىسىرنىڭ سىياسى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئەمەلىي كۈچىنى ئاجىزلىتىپ، ئەنگلىيە ۋە فرانسىيىنىڭ تاجاۋۇز قىلىشىغا پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەردى. مۇھەممەد ئەلى يولغا قويغان مىللىي مۇستەقىللىق سىياستى نەتىجىسىدە ياۋروپانىڭ تاۋارلىرى ۋە كاپىتالى مىسىرغا كىرەلمىدى. ئەنگلىيە مۇستەقىل، قۇدرەت تاپقان مىسىرنى ئۆزىنىڭ شىمالىي ئافرىقا ۋە غەربىي ئاسىياغا ۋە پۈتۈن ئوسمان ئىمپېرىيىسىگە تاجاۋۇز قىلىشىدىكى ئېغىر توسالغۇ دەپ قارىدى. ئەنگلىيە شەرقىقە ۋە ھىندىستانغا بېرىش يولىدا قۇدرەتلىك، مۇستەقىل مىللىي دولەت— مىسىرنىڭ قەد كۆتىرىپ تۇرۇشىغا تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ سۇلتىنىنى "مېتروپولىيە" نامى بىلەن مىسىرنىڭ تەرەققىياتىنى توسۇشقا كۈشكۈرتتى. فرانسىيە مۇھەممەد ئەلى ھوكۇمرانلىغىدىكى مىسىرنى ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسى دەپ قاراپ، ئۆزىنىڭ ئوسمان ئىمپېرىيىسىدىكى ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، مۇھەممەد ئەلىنى تىزگىنلەشكە ئۇرۇندى.

1839-يىل 1-ئايدا، ئەنگلىيە ئادېننى بېسۋالدى؛ 4-ئايدا، ئىككىنچى قېتىملىق تۈركىيە-مىسىر ئۇرۇشىنى قوزغىدى. تۈركىيە قوشۇنلىرى نىزىپ جېڭىدە قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ، پۈتۈن پىلوتى بويىچە مىسىرغا تەسلىم بولدى. ئەنگلىيە روسىيە، ئاۋستىرىيە، پرۇسسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بىرلىشىپ مىسىرغا بېسىم ئىشلەتتى، مۇھەممەد ئەلى فرانسىيىنىڭ قوللىشىنى ئۈمىت قىلاتتى. 1840-يىل 9-ئايدا، ئەنگلىيە، روسىيە، ئاۋستىرىيەلەر مىسىرغا قارشى ئۇرۇش قوزغىدى. فرانسىيە كۈچلۈك دۈشمەن ئالدىدا ئارقىغا يېنىۋالدى، بۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ئەلىنىڭ ئۈمىدى قۇرۇق قېلىپ، مىسىر مەغلۇپ بولدى. 1841-يىلدىكى شەرتنامىدە مىسىر تۈركىيىنىڭ مىسىرغا بولغان مىتروپولىيە ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىشقا؛ مىسىرنى ۋە شەرقىي سۇداننىلا مۇھەممەد ئەلىنىڭ ۋارىسلىق قىلىدىغان غوجىلىق يېرى قىلىپ ساقلاپ قېلىشقا؛ مىسىرنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنى 200 مىڭ كىشىدىن 18 مىڭ كىشىگە قىسقارتىشقا، كېمىسازلىق زاۋۇتلىرىنى تاقىۋېتىشكە؛ 1838-يىلدىكى ئەنگلىيە-تۈركىيە سودا كېلىشىمىنى① قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ بەلگىلىمىلەر مىسىرنىڭ مۇستەقىللىق پىلانىنى قاتتىق زەربىگە ئۇچراتتى ھەمدە مۇھەممەد ئەلىنىڭ ئىسلاھاتىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىغا بىۋاستە سەۋەب بولدى. مىسىردا ئەسكەرلەرنىڭ كۆپلەپ قىسقارتىلىشى بىلەن، مىسىرنىڭ

① 1838-يىلى، ئەنگلىيە تۈركىيىنى سودا كېلىشىمىنى ئىمزالاشقا مەجبۇر قىلغان. كېلىشىمدە چەتئەل تاۋارلىرىنى ئىمپورت قىلغاندا پەقەت 5 پىرسەنت چېگرا بېجى ئېلىش، ھەرقانداق مالغا مەخسۇس سېتىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى مەنئى قىلىش، چەتئەللىكلەر تۈركىيە ئىمپېرىيىسى زېمىنىدا سودا قىلىشقا ھوقۇقلۇق بولۇشى بەلگىلەنگەن ئىدى.

www.uyghurkitap.com

ھەربى ئېھتىياجىنى تەمىنلەش ئاساسىغا قۇرۇلغان يېقىنقى زامان سانائىتى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ۋەيران بولدى؛ ئەنگلىيە-تۈركىيە سودا كېلىشىمى مىسىرغا تەتبىق قىلىنىش نەتىجىسىدە، ئەنگلىيىنىڭ تاۋارلىرى بولۇپمۇ ئەرزان باھالىق توقۇمىچىلىق ماللىرىنىڭ مىسىر بازارلىرىدا توختىماي سېتىلىشى بىلەن، مىسىرنىڭ يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان توقۇمىچىلىق سانائىتى ئەجەللىك زەربىگە ئۇچرىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مىسىرنىڭ زاۋۇتلىرىدا ئىشچىلارغا قارىتا يانچىلىق تۈزۈمىچە ئېكسپلاتاتسىيە ۋە فېودالىلىق باشقۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلغاچقا ئىشچىلارنىڭ، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىزغىنلىقى تۆۋەنلەپ كەتتى. بۇ ئامىللار نەتىجىسىدە مىسىرنىڭ يېقىنقى زامان سانائىتى ۋەيران بولۇپ، ساقلىنىپ تۇرالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. 1849-يىلى ئەلى قازا بولغان چاغدا ئاران بىر-ئىككىلا زاۋۇت قالغان ئىدى. مىسىر پومىشچىكلىرى ۋە سودىگەرلىرىنىڭ مۇستەقىل مىسىر ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇش ئۈچۈن كورسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئارىلىشىشى ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشى ئارقىسىدا ئاخىر مەغلۇپ بولدى. بۇ ھال فېودال پومىشچىكلار سىنىپىنىڭ فېوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆزگەرتمىگەن شارائىتتا، كورۇنۇشتە بەزى كاپىتالىستىك شەكىللەرنى قوللىنىش بىلەن، "دۆلەتنى باي، قوشۇنلارنى كۈچلۈك قىلىش" مەقسىتىگە يېتەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## بەشىنچى باپ

# ماركسىزمنىڭ مەيدانغا كېلىشى، «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى»

19 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرى ئىنسانىيەت تارىخى تەرەققىياتىدىكى شانلىق يىللار بولدى: ماركسىزم مەيدانغا كەلدى.

ماركسىزمنىڭ مەيدانغا كېلىشى تاسادىپىي ئىش ئەمەس. ماۋجۇشى مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "ياۋروپادىكى نۇرغۇن مەملىكەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسات ئەھۋالىنىڭ كاپىتالىزمنىڭ يۇقىرى تەرەققىيات باسقۇچىغا ئۆتكەنلىكى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، سىنىپىي كۈرەش ۋە ئىلىم ـ پەننىڭ راۋاجلىنىپ تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىگە يەتكەنلىكى، سانائەت پرولېتارىياتىنىڭ تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولۇپ قالغانلىقى ئارقىسىدا ماركسىزمچە ماتېرىيالىستىك دىيالېكتىك دۇنيا قاراش مەيدانغا كەلدى."①

كاپىتالىزم فېئودالىزم جەمئىيىتىدە ئەمدىلا پەيدا بولغان ۋاقتىتىن باشلاپ، ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغۇچى ئەمگەكچىلەر ئۇنى سوكتى.

① ماۋ زېدۇڭ، «زىددىيەت توغرىسىدا»، «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 1971 ـ يىل نەشرى، 1 ـ توم، 538 ـ بەت.

قائىدى، ئۇنىڭ ئورنىنى ئەقىلگە مۇۋاپىقراق تۈزۈمنىڭ ئېلىشىنى ئۈمىت قىلدى. ئەمگەكچى خەلقنىڭ بۇنداق كۈرىشىگە مۇناسىپ ھالدا تۈرلۈك سوتسىيالىزم تەلىماتلىرىمۇ مەيدانغا كەلدى. لېكىن، ماركسىزمدىن ئىلگىرىكى سوتسىيالىزم تەلىماتىنىڭ ھەممىسى خىيالىي سوتسىيالىزم تەلىماتى ئىدى، ئۇ ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگىمۇ ۋەكىللىك قىلالمايتتى، ئۇلار ئۈچۈن ھەقىقىي چىقىش يولىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرەلمەيتتى. پەقەت ماركسىزم مەيدانغا كەلگەندىن كېيىنلا، پرولېتارىيات ۋە ئەمگەكچى خەلق ئۆزىنىڭ ئىلمىي ئىنقىلاۋىي نەزەرىيىسىگە ئىگە بولدى، دۇنيانى بىلىش ۋە ئۆزگەرتىشنىڭ قۇدرەتلىك ئىدىيىۋى قورالىغا ئىگە بولدى. ماركسىزمنىڭ مەيدانغا كېلىشى دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە چوڭ ئىش، ئۇ سوتسىيالىزمنى خىيالدىن پەنگە ئايلاندۇردى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، بارلىق ئېزىلگۈچى خەلق ۋە ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ ئازاتلىق كۈرىشى يېڭى تۈس ئالدى.

## 1-بۆلۈم سانائەت پرولېتارىياتىنىڭ تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلىنىشى

**19-ئەسىرنىڭ 30 — 40-يىللىرىدا ياۋروپادا كاپىتالىزمنىڭ راۋاجلىنىشى، ئىقتىسادىي كرىزىس** 19-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدا، غەربىي ياۋروپا بۇرژۇئازىيىسى فېئودالىزمغا قارشى كۈرەشتە زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى. 1830-يىلدىكى فرانسىيە ئىيۇل

ئىنقىلاۋى ئارقىسىدا فرانسىيىدە ھاكىمىيەت قايتىدىن بۇرژۇئازىيەنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ فېودال ئاقسۆڭەكلەر ئۈستىدىن قىلغان غەلىبىسى مۇستەھكەملىنىپلا قالماستىن، بەلكى ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەل بۇرژۇئازىيىسىنىڭ دېموكراتىك ھەركەتلىرى ۋە مىللىي ھەركەتلىرى مۇقەددەس ئىتتىپاقىنىڭ ئەكسىيەتچىل توسمىلىرىدىن بوسۇپ ئۆتۈپ، يېڭى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. ھەتتا روھسىز-چۈشكۈن گېرمانىيىدىمۇ ئومۇمىي يۈزلۈك داۋالغۇش باشلاندى. ئىيۇل ئىنقىلاۋىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، ئەنگلىيىدىمۇ سىنىپىي كۈرەش كەسكىنلىشىشكە باشلىدى، خەلق ئاممىسىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، 1832-يىلى تۇنجى قېتىم پارلامېنت ئىسلاھاتى بولدى؛ بۇ ئىسلاھات سانائەت بۇرژۇئازىيىسىنى تېخىمۇ كۆپ ۋەكىللىرىنى پارلامېنتقا كىرگۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىلا ئەمەس، سىياسىي جەھەتتىمۇ كۈچلۈك ئورۇنغا ئىگە قىلدى.

ئارقا-ئارقىدىن بولغان بۇ ئىنقىلاۋىي تۈرتكىلەر كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ يەنىمۇ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن تېخىمۇ كەڭ زېمىن ئېچىپ بەردى. ئەنگلىيىدىن كېيىن، فرانسىيىنىڭ سانائەت ئىنقىلاۋىمۇ تېزدىن كېڭىيىشكە باشلىدى. 30-يىللاردا، گېرمانىيە، بېلگىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە سۈرئىتى بىر قەدەر ئاستا بولسىمۇ، سانائەت ئىنقىلاۋى باشلاندى. سانائەت ئىنقىلاۋى قۇدرەتلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى بەرپا قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاخىرقى ھېساپتا تىكلىدى.

ئەشۇ ۋاقىتتىكى كاپىتالىزم دۇنياسىدا، ئەنگلىيە تەرەققىياتى ئەڭ

www.uyghurkitap.com

تېز، ئەڭ تېپىك دۆلەت ئىدى. 30 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا يېرىك ماشىنا ئىشلىتىلىدىغان سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ئالدى بىلەن پاختا توقۇمىچىلىق سانائىتىدە ۋە شۇنىڭدەك يېنىك سانائەتنىڭ باشقا تارماقلىرىدا مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. 40 ـ يىللاردا، ئېغىر سانائەت تارماقلىرىدىمۇ ماشىنىلاشقان ماشىنىسازلىق سانائىتى مەيدانغا كەلدى، شۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيىنىڭ سانائەت ئىنقىلابى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنلاندى. ئەنگلىيە شۇ ۋاقىتتىكى "دۇنيا ئىشخانىسى"غا ئايلاندى، 1850 يىلى، ئەنگلىيىنىڭ سانائىتى دۇنيا سانائەت ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 39 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، ئەنگلىيىنىڭ سودىسى دۇنيا سودا ئومۇمى سوممىسىنىڭ 21 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، ئەنگلىيە شۇ چاغدا ئەڭ چوڭ مۇستەملىكىچى ئىمپېرىيە ئىدى. 30 ـ، 40 ـ يىللار دەل ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىك خاراكتېرىدىكى بۇلاڭ ـ تالاڭنى ئىنتايىن غالجىرلىق بىلەن ئېلىپ بارغان دەۋر بولدى. 40 ـ يىللارنىڭ بىرىنچى يىلى، ئەنگلىيە ئېغىر زەمبىرەكلەر بىلەن جۇڭگونىڭ دەرۋازىسىنى ئاچقان بولسا، 40 ـ يىللارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يىلى ھىندىستاننىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر رايونىنى يۇتۇۋالدى.

ياۋروپا بۇرژۇئازىيىسى پۈتۈن دۇنيانى ئۆزىنىڭ قىياپىتى بويىچە تېرورلۇق ۋاستىلىرى بىلەن ئۆزگەرتمەكچى، شەرقتىكى ھەممە مىللەتلەرنى كاپىتالىزم دۇنياسىنىڭ ئىقتىسادىي قايىنىمىغا سۆرەپ كىرمەكچى بولدى. 50 ـ يىللاردا، ياۋروپا بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئەپيۇن ئۇرۇشى ئارقىلىق جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونلىرىغا كىرىشى ئارقىسىدا، كاپىتالىزمنىڭ دۇنيا بازىرى تېزدىن شەكىللەندى.

لېكىن، تارىخنىڭ دىيالېكتىكىسى شۇنداقكى، كاپىتالىزمنىڭ ھەر بىر قەدەم ئالغا ئىلگىرىلىشى ئۆزىنىڭ ئىچكى زىددىيىتىنى كەسكىن-

لەشتۈرىدۇ ۋە كېڭەيتىدۇ، بۇ زىددىيەتلەرنىڭ كەسكىنلىشىشى ۋە كېڭىيىشى بولسا، ئۇنىڭ مۇقەررەر ھالدا ھالاك بولۇشىنىڭ شەرتى بولىدۇ.

كاپىتالىزمنىڭ ئىچكى زىددىيىتى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىقى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن ئىبارەت. بۇ ـ كاپىتالىزمنىڭ نېگىزلىك زىددىيىتى. بۇ نېگىزلىك زىددىيەت ھەرقايسى كارخانىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەشكىللىكلىكى بىلەن پۈتۈن جەمئىيەتتىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھۆكۈمەتسىزلىك ھالىتى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭ سىنىپىي ئىپادىسى بولسا بۇرژۇئازىيە بىلەن پرولېتارىيات ئوتتۇرىسىدىكى ئانتاگونىستىك زىددىيەت بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. كاپىتالىزمنىڭ ئىچكى زىددىيىتى كاپىتالىزم پەيدا بولغان ۋاقىتتىن تارتىپلا مەۋجۇت، يىرىك ماشىنىلار بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى تەرەققىي قىلغاندىن كېيىن، بۇ زىددىيەت تېخىمۇ تولۇق ئاشكارىلىنىپ چىقىشقا باشلىدى.

يىرىك ماشىنا سانائىتى كاپىتالىستلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتنى، پۈتكۈل ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھۆكۈمەتسىزلىك ھالىتىنى كۈچەيتىۋەتتى. كاپىتالىستلار ئەڭ زور پايدىنى دەپ، يېڭى ماشىنىلارنى قوللىنىپ، تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىپ، تاۋارلارنى كۆپلەپ بازارغا چىقاردى. لېكىن كاپىتالىزم شارائىتىدا، يېڭى ماشىنىلارنىڭ ئىشلىتىلىشى بىلەن بارغانسېرى كۆپلىگەن ئىشچىلار ماشىنىلارنىڭ چەتكە قېقىشى بىلەن ئىشسىز بولۇپ قالىدى، پرولېتارلار تېخىمۇ نامراتلاشتى، بۇنىڭ بىلەن ئىچكى بازارلار ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن، بىر تەرەپتىن، ئىشلەپچىقىرىش

قارغۇلارچە كېڭەيتىلگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىچكى بازارلار ئۈزلۈكسىز ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ تۇردى، نەتىجىدە ئىقتىسادىي كرىزىس پارتلىدى.

كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي كرىزىس ئىشلەپچىقىرىش ئوشۇقچىلىقىدىن. كۆپلىگەن "ئوشۇق" تاۋارلارنىڭ بازىرى يوقلۇقىدىن بولىدۇ. بۇ هال بۇ تاۋارلار جەمئىيەت ئۈچۈن لازىم بولمىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ سېتىۋېلىش مادارى يوقلۇقىدىن بولىدۇ. دەل كرىزىس بولغان ۋاقىتتا مىڭلىغان-مىليونلىغان ئەمگەكچى ئاچ-زارلىقتا ئىنتايىن نامرات تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. تۇنجى ئىقتىسادىي كرىزىس 1825-يىلى ئەنگلىيىدە پارتلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن دەۋرىي خاراكتېرلىق هالدا هەر ئون يىل ئوپچۇرىسىدە بىر قېتىم بولۇپ تۇردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە 30-يىللاردا ئەنگلىيە تەۋەسىدىن هالقىپ ئۆتۈپ، 1857-يىلى دۇنياۋى كۆلەملىك ئىقتىسادىي كرىزىسقا ئايلاندى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن پۈتكۈل كاپىتالىزم دۇنياسى قۇتۇلالمايدىغان كرىزىس ئىچىگە كىرىپ قالدى.

**مۇستەقىل ئىشچىلار هەرىكىتىنىڭ كۈچىيىشى** كاپىتالىستىك ئىرىك ماشىنا سانائىتى يېقىنقى زامان پرولېتارىياتىنى مەيدانغا كەلتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنى كۈندىن-كۈنگە نامراتلىق گىردابىغا سۆرەپ كىردى. 19-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ياۋروپا ئەللىرىدە ئىشچىلارنىڭ كۈنىگە 16—18 سائەت ئىشلىشى ئادەتتىكى ئەهۋال ئىدى، هەتتا 6—7 ياشلىق بالا ئىشچىلارمۇ كۈنىگە 14—16 سائەت ئىشلەيتتى، ماشىنىنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتى تېزلىگەچكە، ئەمگەك سىجىللىقىمۇ مىسلىسىز كۈچەيدى. مەسىلەن، 1815-يىلى 41 يىپلىق ئىككى ماشىنىنى باشقۇرىدىغان ئىشچى كۈنىگە

ئىشلەيدىغان 12 سائەت ئەمگەك ۋاقتى ئىچىدە 8 ملىغا باراۋەر كېلىدىغان مۇساپىنى باساتتى؛ 1832-يىلىغا كەلگەندە بولسا، يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش ئىككى ماشىنىنى باشقۇرىدىغان ئىشچى 12 سائەت ئەمگەك ۋاقتىدا 40 مىل كېلىدىغان مۇساپىنى بېسىشقا توغرا كەلدى. ئېغىر ئەمگەك ئىشچىلارنىڭ ئۆمرىنى كوپ قىسقارتىۋەتتى، ئومۇمەن ئىشچىلار 30—40 ياشىدىلا ئەمگەك كۈچىدىن قالىدىغان بولدى. كاپىتالىزىم جەمىيىتى قانخور جەمىيەت، ئىشچىلارنىڭ ئەھۋالى بۇ جەمىيەتنىڭ "يارلىق بالايى-ئاپەتلىرىنىڭ ئەڭ ئوتكۇر، ئەڭ ئاشكارا ئىپادىسىدۇر"①. كاپىتالىستلار ئەمگەكنىڭ قوشۇمچە قىممىتىنى ئېلىشتا تۈرلۈك چارىلەرنى قوللىنىپ، ئىشچىلارنىڭ ئاخىرقى بىر تامچە قېنىنىمۇ قويماي سىقىپ چىقىرىۋالىدىغان بولدى.

ئېغىر ئەمگەك، دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە پرولېتارىياتنىڭ قەيسەر ئىنقىلاۋىي ئىرادىسىنى چېنىقتۇردى. پرولېتارىيات ئوزى مەيدانغا كەلگەن كۈندىن باشلاپلا، بۇرژۇئازىيىگە قارشى كۈرەش قىلدى. بۇ كۈرەش كاپىتالىزىمنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىدى. دەسلەپتە، ئىشچىلار ماشىنىلارنى بۇزۇپ، زاۋۇتلارنى ۋەيران قىلدى. لېكىن، كۈرەش تەجرىبىلىرى ئارقىسىدا ئىشچىلار ئوزلىرىنىڭ جاپا-مۇشەققەت چېكىشىنىڭ مەنبەسى ماشىنا ئەمەس، بەلكى كاپىتالىستلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە زۇلمى ئىكەنلىكىنى ناھايىتى تېزلا تونۇپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن،

① ئېنگېلس. «ئەنگلىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەھۋالى». «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 2-توم، 278-بەت.

ئىش تاشلاشتەك كۆرەش شەكلى پەيدا بولىدى. ئىش تاشلاش كۆرىشى ئارقىسىدا تارقاق ئىشچىلار بارا-بارا ئىتتىپاقلىشىپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى تەشكىلاتلىرىمۇ تېزلا كۆپەيدى. بۇ ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ئىش تاشلاشنى كۆرەش ۋاستىسى قىلىپ، ئىشچىلارغا رەھبەرلىك قىلىپ ئىقتىسادىي كۆرەش ئېلىپ باردى، ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

ئىش تاشلاش كۆرىشى ئارقىسىدا پرولېتارىياتنىڭ سىياسى ئاڭ-سەۋىيىسى ئۆستى، بۇنىڭ سەۋەبى ھەر قېتىملىق زور كۆلەمدىكى ئىش تاشلاشتا، مۇقەررەر ھالدا، ئىشچىلار بىلەن بۇرژۇئا دۆلەت ھاكىمىيىتى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش كېلىپ چىقاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىش تاشلاشلار بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەكسىيەتچى ئارمىيە ۋە ساقچىلىرىنىڭ باستۇرۇشى بىلەن مەغلۇپ بولاتتى. شۇڭلاشقا ئىشچىلار پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئەت جەھەتتە قارىمۇ-قارشى بولغان ئىككى سىنىپ ئىكەنلىكىنىلا تونۇپ قالماستىن، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ سىياسى جەھەتتە ھوقۇقسىز بولغان ئورنىنىمۇ تونۇپ يەتتى، شۇنىڭ بىلەن دۆلەت ھاكىمىيىتى مەسىلىسىنى، سىياسى كۆرەش مەسىلىسىنى ئويلىنىدىغان بولدى. ئېنگېلس مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: "ئىش تاشلاش ئىشچىلارنىڭ ھەربى مەكتىۋى، ئۇلار بۇ مەكتەپتە تەربىيە ئېلىپ، مۇقەررەر بولۇپ قالغان ئۇلۇغ كۆرەشكە ئاتلىنىش تەييارلىقىنى قىلىدۇ".①

بۇ ئۇلۇغ كۆرەشنىڭ ئۆزى سىياسى كۆرەش ئىدى. 19-ئەسىر-

① ئېنگېلس. «ئەنگلىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەھۋالى». «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 2-توم، 512-بەت.

نىڭ 30-يىللىرىدا، بۇ كۈرەش باشلاندى.

تۇنجى قېتىملىق كۈرەش 1831-يىلى ۋە 1834-يىلى فرانسىيىدە بولغان لىون توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ ئىككى قېتىملىق قوزغىلىڭى بولدى. بۇ قوزغىلاڭ تارىختا ئەڭ دەسلەپكى ئىشچىلار قوراللىق قوزغىلىڭى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لىون فرانسىيە يىپەك توقۇمىچىلىق ئىشلىرىنىڭ مەركىزى ئىدى، ئىشچىلارنىڭ كۆپچىلىكى ئائىلە قول سانائەت ئىشچىلىرى ۋە نىمكارلار ئىدى، ئۇلار ئىشخانا خوجايىنلىرىنىڭ ۋە ھوددىگە ئېلىپ ساتقۇچى سودىگەرلەرنىڭ دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچرايتتى، ئۇلار كۈنىگە 15—18 سائەت ئىشلەيتتى؛ ئايال ئىشچىلار بىلەن بالا ئىشچىلارنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى. 1831-يىلى 10-ئايدا 6 مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى نامايىش قىلىپ ئىش ھەققىنى ئۇستۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ چاغدا فرانسىيە بۇرژۇئازىيىسى 1830-يىل ئىيۇل ئىنقىلاۋىدا فېودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قولىدىن ھاكىمىيەتنى ئەمدىلا تارتىۋالغان ئىدى، ئۇلار دەرھال بۇ ھاكىمىيەتتىن پايدىلىنىپ، پرولېتارىيات ئۇستىدىكى زۇلمىنى كۈچەيتتى، ئىشچىلارنىڭ تەلىۋىنى رەت قىلدى، ئىشچىلارنىڭ يىغىن ئۆتكۈزۈش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش ھوقۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، ھەرقانداق ئىش تاشلاشنى باستۇرىمىز دەپ داۋراڭ سالدى. لىون توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرى: "ئەمگەككە تايىنىپ ياشىيالمىغاندىن كۆرە، جەڭ قىلىپ ئۆلگەن ئەۋزەل!" دىگەن جەڭگىۋار شوئارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلار قوللىرىغا قورال ئېلىپ ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش يولىدا ئەسكەرلەر ۋە ساقچىلار بىلەن ئېلىشتى. تۇنجى قېتىملىق قوزغىلاڭ ئەنە شۇنداق باشلىنىپ كەتتى. قوزغىلاڭچى

ئىشچىلار توغرىسىدىن-توغرا: "1830-يىل ئىيۇلىدا بۇرژۇئازىيە ئۇزلىرى ئۇچۇن ئىنقىلاپنى ئەمەلگە ئاشۇردى، ئەمدى بىزمۇ ئۆزىمىز ئۇچۇن ئىنقىلاپ قىلىمىز" دەپ جاكالىدى. ئىشچىلار ئۈچ كۈن قەھرىمانانە كۆرەش قىلىش ئارقىسىدا، ھوكۇمەت ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، پۈتۈن لىون شەھىرىنى بىر مەھەل ئىشغال قىلدى. بۇرژۇئا ھوكۇمىتى قوشۇن ئەۋەتىپ قوزغىلاڭنى باستۇردى.

لىون ئىشچىلىرىنىڭ 1834-يىلدىكى ئىككىنچى قېتىملىق قوزغىلىڭى تېخىمۇ روشەن سىياسىي خاراكتېر ئالدى. قوزغىلاڭچى ئىشچىلار بايلار ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى چاقىرىق قىلدى، دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت قۇرۇش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئىشچىلار كوچا قورغانلىرىنى قۇرۇپ، قىزىل بايراقلارنى كۆتىرىپ، ھەچنىمىدىن قورقمايدىغان قەھرىمانانە جاسارەت بىلەن ئەسكەرلەر ۋە ساقچىلارغا قارشى 6 كۈن كوچا ئۇرۇشى ئېلىپ باردى.

لىون ئىشچىلىرىنىڭ قوزغىلىڭىدىن كېيىن، 1836-يىلى ئەنگلىيىدە دۇنيا بويىچە تۇنجى قېتىملىق مەملىكەت خاراكتېرلىق ئىشچىلار ھەركىتى قوزغالدى. 1834-يىلى ئەنگلىيىنىڭ ئاھالىسى تەخمىنەن 24 مىليون ئىدى، ئىشسىز نامراتلار، ھوكۇمەت دائىرىلىرىنىڭ ئىستاتىستىكا مەلۇماتلىرىدا قارىغاندا، 7 مىليون 200 مىڭغا يېتەتتى. بۇرژۇئازىيە ئاشكارا ھالدا پرولېتارىياتقا جەڭ ئېلان قىلىپ، ئىشسىز نامراتلارنى "ئارتۇقچە ئادەملەر" دېدى ھەمدە ئەمدىلا قولغا كەلتۈرگەن پارلامېنتتىكى ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، قانۇن-پەرمانلارنى ئېلان قىلىپ، ئۇلارنى "ئەمگەك ئورۇنلىرى"غا توپلىماقچى بولدى، ئۇ يەردە، مەيلى ئەر-ئايال، مەيلى ياش-قېرى بولسۇن ھەممىسىگە رەھىمسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىناتتى، خەلق ئۇنى "نامراتلارنىڭ

باستى تۇرمىسى" دەپ ئاتايتتى. ئىشچىلارغا ئاچلىقتىن ئۆلۈشنى خالىمىسا، قوزغىلىپ كۆرەش قىلىشتىن باشقا يول يوق ئىدى. 1836-يىلى، لوندون ئىشچىلىرى پۈتۈن مەملىكەتكە "چىرىپ كەتكەن تۆۋەن پالاتا" دىگەن ئېلاننى چىقىرىپ، ئىشچىلارنى بۇ بۇرژۇئا پارلامېنتىغا قارشى تۇرۇشقا چاقىردى. 1837-يىلى، ئۇلار "خەلق ئاساسىي نىزامى" دىگەن نامدا، پارلامېنتنى ئىسلاھ قىلىش پىروگراممىسىنى ئېلان قىلىپ، 6 تۈرلۈك تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى: (1) بالاغەتكە يەتكەن ئەرلەرنىڭ ھەممىسى سايلام ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش؛ (2) پارلامېنتنى ھەر يىلى ئۆزگەرتىپ سايلاش؛ (3) پارلامېنت ئەزالىرىغا مائاش بېرىش؛ (4) سايلامدا يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش؛ (5) سايلام رايونلىرىنى قايتىدىن ئايرىپ ۋەكىللەرنىڭ تەڭ-باراۋەرلىك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش؛ (6) نامزاتلارنىڭ مال-مۈلۈك چەكلىمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش. بۇ 6 تۈرلۈك تەلەپنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئومۇمى سايلام ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئىشچىلار "خەلق ئاساسىي نىزامى"نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلدى، شۇڭلاشقا بۇ ھەركەت ئاساسىي نىزامچىلار ھەركىتى دەپ ئاتالدى. ئاساسىي نىزامچى ئىشچىلار بۇرژۇئازىيىنىڭ ھاكىمىيەتنى تەنھا ئىگەللىۋېلىشى ھەممە بالايى-ئاپەتنىڭ مەنبەسى دەپ جاكالىدى. ئۇلار تۆۋەن پالاتىنى ئومۇمى سايلام ئارقىلىق دېموكراتىك پىرىنسىپ بويىچە ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش، ئىشچىلارغا دۆلەت باشقۇرۇش ئىشلىرىغا قاتنىشىش ھوقۇقىنى بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئېنگېلس مۇنداق دەپ يازىدۇ: "پۈتكۈل ئىشچىلار سىنىپى ئاساسىي نىزامچىلىق بايرىقى ئاستىدا قوزغىلىپ بۇرژۇئازىيىگە قارشى تۇردى، ئۇلار ئالدى بىلەن بۇرژۇئازىيە

ھاكىمىيىتىگە ھۇجۇم قىلدى، بۇرژۇئازىيە ئۆزىنى قوغداشتا ئىشلىتىدىغان قانۇندىن ئىبارەت قورۇق تامغا ھۇجۇم قىلدى.”①

ئاساسىي نىزام ھەرىكىتى باشلىنىش بىلەنلا، بۇرژۇئا رادىكاللىرى ئىشچىلارنىڭ كۈرەش نىشانىنى ئۆزگەرتىپ، ئاساسىي نىزام ھەرىكىتىدىن پايدىلىنىپ ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرماقچى بولدى. ئۇلار سودا ئەركىنلىكى شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىلگىرى يەر ئاقسۆڭەكلىرى بەلگىلىگەن يۇقىرى ئاشلىق ئىمپورت بېجىنى ۋە تۈرلۈك تاۋارلارنىڭ مەنپەئەتدارلىق ھوقۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى، شۇنىڭ بىلەن كاپىتالىستىك ئەركىن رىقابەتنى كېڭەيتىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار سودا ئەركىنلىكىنى ئىشچىلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ شىپالىق دورىسى دەپ قارىدى، سودا ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنسىلا مال باھاسى تۆۋەنلەپ، ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلىنىدۇ دەپ ئويلىدى. لېكىن ئاساسىي نىزامچى ئىشچىلار بۇرژۇئازىيىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭمىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل سىنىپىي تەلىۋىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي نىزام ھەرىكىتىنىڭ بايرىقى ئاستىدا داۋاملىق كۈرەش ئېلىپ باردى.

ئاساسىي نىزام ھەرىكىتى يىللىرىدا، مەملىكەت بويىچە مىليونلىغان ئىشچىلار قوزغالدى. بۇ كۈرەشكە رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن، ئىشچىلار تۇنجى قېتىم مەملىكەت خاراكتېرلىق سىياسىي تەشكىلات — مەملىكەتلىك ئاساسىي نىزامچىلار جەمئىيىتىنى قۇردى، ئۇنى ئاساسىي

---

① ئېنگېلس. «ئەنگلىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەھۋالى». «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 2 - توم، 516 - بەت.

نىزامچىلار پارتىيىسى دەپ ئاتىدى. 1842-يىلى بۇ جەمئىيەت 400 چە يەرلىك تەشكىلات قۇردى، ئۇنىڭ ئەزالىرى 50 مىڭغا يەتتى.

ئەنگلىيىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى سانائەت مەركىزى بولغان مانچېستېر قاتارلىق چوڭ شەھەرلەر ئاساسىي نىزام ھەركىتىنىڭ قورغىنى ئىدى، ئۇ يەرلەردە سانائەت ئىشچىلىرى ئىنتايىن مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئۇلاردا داستان بولغۇدەك كۆرەشلەرنى ئېلىپ باردى. ھەر- قايسى جايلاردا دائىم يۈز مىڭلىغان كىشى ئاممىۋى چوڭ يىغىنلارغا ۋە نامايىشلارغا قاتنىشاتتى. ئىشچىلار رەتلىك تىزىلىپ ماڭاتتى، ئادەتتە قوللىرىغا قورال ئېلىپ يۈرەتتى؛ ئەگەر يىغىن ۋە نامايىشلار كېچىدە بولۇپ قالسا، ئۇلار مىڭلىغان مەشئەللەرنى كۆتىرىپ چىقاتتى. ئاممىۋى يىغىنلاردا جەڭگىۋار ئىنقىلاۋىي نۇتۇقلار سۆزلىنىپ، ئىشچىلار بايلارغا قارشى "دەلمۇ-دەل ئېلىشىش" قا چاقىرىلاتتى. بۇرژۇئازىيە مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئومۇمىي يۈزلۈك ساقچى تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ئىشچىلارغا تاقابىل تۇردى ھەمدە ئىشچىلارنى كەڭ كولەمدە قولغا ئالدى. ھۆكۈمەتنىڭ بۇ زوراۋانلىقىغا جاۋابەن، 1839-يىلى 11-ئايدا جەنۇبىي ۋالېستا قوزغىلاڭ كۆتىرىلدى. نەچچە مىڭ ئىشچى قامالغان سەپداشلىرىنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن يېڭى پورتقا يۈرۈش قىلدى. ئۇلار: "نۇر چاقنىدى ئاسماندا، گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ، ئوت ئىچىدە، ئەزگۈچىلەر كويسۇن تامام كۈل بولۇپ! چۈنكى ئۇلار ئىنكار قىلدى ئاساسىي نىزامنى. ئاتلىنايلى بۇرادەرلەر، دۈشمەنگە دەككە بېرىشكە، قورالسىز بولۇر جەڭلەردە، ھەقىقەت، ئەقىل-ئىدرەك" دېگەن ناخشىلارنى ئېيتىپ ئالغا ئىلگىرىلىدى.

1842-يىلى ئاساسىي نىزام ھەركىتى تەرەققىي قىلىپ ئەڭ يۇقىرى

دولقۇنغا كۆتىرىلدى. شۇ يىلى 8 ـ ئايدا، ئەنگلىيىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى ئىشچىلار ئومۇمىي ئىش تاشلىدى، ئۇلار "تا ئاساسىي نىزام قانۇنغا ئايلانغىچە ئىش تاشلاش"قا بەل باغلاشتى. پار قازانلىرى سوۋۇندى، مەشلەرنىڭ ئوتلىرى ئۆچتى، ماشىنىلارنىڭ ھەممىسى ھەركەتتىن توختىدى. كانلاردا ئادەم قالمىدى. ئىش تاشلاش ئارقىسىدا ئىشچىلار بىلەن ساقچىلار ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش باشلاندى. لېكىن، بۇ ئىش تاشلاش مەملىكەت خاراكتېرلىق چوڭ ئومۇمىي ئىش تاشلاشقا ئايلىنالمىدى. ئەنگلىيىنىڭ ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي قىسمىدىكى ھەرقايسى جايلار ئاۋاز قوشمىدى، ۋاھالەنكى بۇرژۇئازىيىنىڭ ھەرقايسى گۇرۇھلىرى بىرلىشىپ، ئىشچىلارنى قانلىق تۈردە باستۇردى، شۇنىڭ بىلەن ئىش تاشلاش مەغلۇپ بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئاساسىي نىزام ھەركىتى يەنىلا دولقۇنسىمان ھالدا داۋاملىق ئەۋج ئېلىپ، تا 1848 ـ يىلغىچە 12 يىل داۋام قىلدى.

فرانسىيە لىون قوزغىلىڭى بىلەن ئەنگلىيە ئاساسىي نىزام ھەركىتى ياۋروپا تارىخى تەرەققىياتىدىكى بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى. ئۇ: "پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي كۈرەش، بىر تەرەپتىن، يېرىك سانائەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇرژۇئازىيىنىڭ يېقىندىلا قولغا كەلتۈرگەن سىياسىي ھوكۇمرانلىقىنىڭ ئۇسۇشىگە ئەگىشىپ، ياۋروپادىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان مەملىكەتلەر تارىخىدا ھەممىدىن مۇھىم ئورۇنغا ئۆتتى."① پرولېتارىيات تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئۇلۇغ ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلاندى. لىوندىكى قوزغىلاڭچىلار ۋە ئەنگلىيىدىكى

---

① ئېنگېلس. «دىيۇرىڭغا قارشى»، 1972 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 43 ـ بەت.

ئاساسىي نىزامچىلار شائىلىق پىشۋالار سۇيىتىدە مەڭگۇ كىشىلەرنىڭ ئىززەتلىشىگە سازاۋەر بولىدۇ. لېنىن 1919 ـ يىلى بەرپا قىلغان كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىونالنىڭ پروگراممىسىدا ئۇلارنىڭ كۈرىشىنى خەلقارا ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ شانلىق قەھرىمانانە ئەنئەنىلىرىدىن بىرى دەپ قارىدى.

ئەمما، لىون قوزغىلىڭى بىلەن ئاساسىي نىزام ھەرىكىتى تامامەن ئىستىخىيىلىك ھالدا قوزغالغان ئىدى، ئۇلاردا قەيسەر ئىنقىلاۋىي تەشكىلىي رەھبەرلىكمۇ يوق ئىدى، ئىلمىي بولغان ئىنقىلاۋىي نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىمۇ يوق ئىدى. ئۇ چاغدا ئىشچىلار ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى تونۇپ يەتمىگەن ئىدى، ئاڭلىق ھالدا سوتسىيالىزىمنى ئۆزىنىڭ كۈرەش نىشانىمۇ قىلمىغان ئىدى. ئىستىخىيىلىك كۈرەش داۋامىدا، ئىشچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، زاۋۇت خوجايىنلىرى بىلەن كۈرەش قىلىش لازىملىقىنى، ھوكۇمەتنىڭ ئىشچىلارغا زورۇر بولغان بەزى ئەمىر ـ پەرمانلارنى چىقىرىشىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ لازىملىقىنى ھېس قىلىشتى، لېكىن پرولېتارىياتنىڭ مەنپەئەتى بىلەن پۈتكۈل كاپىتالىزىم تۈزۈمى ئوتتۇرىسىدا كېلىشتۈرگىلى بولماي-دىغان زىددىيەت بارلىقىنى، بۇ تۈزۈمنى پەقەت زورلۇق كۈچ بىلەنلا يوقاتقىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتەلمىدى. شۇ ۋاقىتتا ئىشچىلار ئاممىسى ئىچىدە تۈرلۈك بۇرژۇئازىيە ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ئىدىيە-لىرىنىڭ خېلى تەسىرى بار ئىدى. بۇ ھال كۈرەشنىڭ مۇقەررەر ھالدا مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. ئاساسىي نىزام ھەرىكىتى-نىڭ رەھبەرلىرى يېغىن ئۆتكۈزۈش، مۇراجەت قىلىش قاتارلىق "قانۇنىي" بولغان تىنچ يول بىلەن ئومۇمىي سايلام ھوقۇقىنى قولغا

كەلتۈرۈشكە، شۇ ئارقىلىق بۇرژۇئا جەمىيىتىنى ئۆزگەرتىشكە ئۈمىت باغلىغان ئىدى. ئۇلار 1839 ـ، 1842 ـ، 1848 ـ يىلى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۈچ قېتىم پارلامېنتقا مۇراجەت قىلدى، ئۇلار بۇرژۇئازىيە پارلامېنتى «خەلق ئاساسىي نىزامى»نى رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىدۇ دەپ ئويلاشقان ئىدى. لېكىن، بۇرژۇئازىيە ئاساسىي نىزامنى رەت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى بۇ ھەركەتنى زورلۇق كۈچ بىلەن باستۇردى. "ئىنقىلاپ ـــ قوزغىلاڭ، بىر سىنىپ يەنە بىر سىنىپنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان زوراۋانلىق ھەركەت."① ئاساسىي نىزامچىلارنىڭ رەھبەرلىرى بۇ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتنى بىلمەيتتى، ئۇلار ئىشچىلار ئاممىسىنى زورلۇق كۈچ بىلەن ئىنقىلاپ قىلىش يولىغا باشلىمىدى، شۇڭلاشقا ئۇنىڭ مەغلۇپ بولۇشى مۇقەررەر بولدى.

"ئىنقىلاۋىي نەزەرىيە بولمىسا، ئىنقىلاۋىي ھەركەتمۇ بولمايدۇ".② پرولېتارىيات ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ھالدا سىياسىي كۈرەش سەھنىسىگە چىقىشىغا ئەگىشىپ، ئۆزىنىڭ ھەركىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئىلمىي ئىنقىلاۋىي نەزەرىيىنىڭ بولۇشىغا جىددىي مۇھتاج بولدى.

**19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى خىيالىي سوتسىيالىزىم پىكىر ئېقىمى** 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئېقىپ يۈرگەن ھەر خىل ـ ھەر ياڭزا خىيالىي سوتسىيالىزىم تەلىماتلىرى ئىنقىلاپقا يېتەكچىلىك قىلىش ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايلا قالماستىن، بەلكى ئىشچىلار ھەركىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئېغىر دەرىجىدە توسقۇن ـ

---

① ماۋ زېدۇڭ. «خۇنەن دېھقانلار ھەركىتىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات». «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 1 ـ توم، 30 ـ بەت.

② لېنىن. «نېمە قىلىش كېرەك؟»، 1978 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 44 ـ بەت.

لىۋق قىلدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا، فرانسىيىلىك ئانىرى سېن ـ سىمون (1760 ــ 1825) ۋە شارل فۇرىيې (1772 ــ 1837)، ئەنگلىيىلىك روبېرت ئوۋېن (1771 ــ 1858) تەنقىدىي خىيالىي سوتسىيالىزىم تەلىماتىنى بەرپا قىلدى. بۇ خىيالىي سوتسىيالىزىمچىلار كاپىتالىزىم تۈزۈمىنى كەسكىن تەنقىت قىلدى. ئۇلار كاپىتالىزىمنى «قايتا تىرىلگەن قۇللۇق تۈزۈم» دەپ ئاتىدى، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى «ئادەمنى ئالۋاستىغا، پۈتۈن دۇنيانى دوزاققا ئايلاندۇردى» دەپ سۆكتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ خىيالىي سوتسىيالىزىمچىلار كېلىچەكتىكى ئىجتىمائىي تۈزۈم توغرىسىدا تۈرلۈك لايىھە ۋە پىلانلارنى تۈزۈپ چىقتى، نۇرغۇن ئاكتىپ تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، مەسىلەن، كېلىچەكتىكى جەمئىيەتتە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك بولمايدۇ، ھەممىسى ئومۇمنىڭ مۈلكى بولىدۇ، ھەممە ئادەم ئەمگەك قىلىدىغان بولىدۇ، ئىقتىسات پىلانلىق باشقۇرۇلىدۇ، كىرىزىس ۋە ئىشسىزلىق بولمايدۇ دەپ ھىساپلىدى. بۇ تەشەببۇسلارنىڭ ماھىيىتى سىنىپىي قارىمۇ ـ قارشىلىقلارنى يوقىتىشتىن ئىبارەت ئىدى.

تەنقىدىي خىيالىي سوتسىيالىزىم ئىدىيىسى شۇ چاغدا ئەمدىلا شەكىللەنگەن پرولېتارىياتنىڭ دەسلەپكى، ئېنىق بولمىغان ئارزۇلىرىنى ئەكس ئەتتۈردى. بۇ ئىدىيىلەر سىنىپىي كۈرەش، ئاساسەن، روناق تېپىۋاتقان كاپىتالىزىم بىلەن زاۋالغا يۈز تۇتىۋاتقان فېودالىزىم ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي كۈرەش تېخى تولۇق ئەۋج ئالمىغان تارىخىي شارائىتتا شەكىللەنگەن ئىدى. ئانچە راۋاج تاپمىغان سىنىپىي كۈرەش شەكلى ۋە شۇنىڭدەك بۇ خىيالىي سوتسىيالىزىمچىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ

سىنىپىي ئورنى ئۇلارنى ھەم كاپىتالىزىم تۈزۈمىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنمەيدىغان، ھەم كاپىتالىزىم تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىنى بىلمەيدىغان، شۇنداقلا پرولېتارىياتنى يېڭى جەمئىيەتنى ياراتقۇچى كۈچ دەپمۇ تونۇمايدىغان قىلىپ قويىدۇ. ئۇلار پرولېتارىياتنى جەۋرى-زۇلۇم چەككەن سىنىپ دەپلا قارايتتى، پرولېتارىياتنى ئۆزىنى ئازات قىلىشقا قۇربىتى يەتمەيدۇ دەپ قارىمايتتى، شۇڭلاشقا ئۈمىدىنى پۇلى بار، ھوقۇقى بار كىشىلەرگە باغلىدى، ساددىلىق بىلەن، بۇ كىشىلەرنىڭ رەھىم قىلىپ، بارلىق بىچارە كىشىلەرگە ياردەم قىلىشىدىن ھەمدە تىنچ يول بىلەن يېڭى، ئىناق ئىجتىمائىي تۈزۈم قۇرۇشتىن ئۈمىد كۈتتى. ئۇلار سىنىپىي ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئىجتىمائىي مەنبەسى بارلىقىنى بىلمەيتتى، ئۇنى تاساددىپىي ھادىسە دەيتتى، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ماھىيىتى ياخشى، پەقەت بىرمەھەل "خەلق ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتى"نى ئۇنتۇپ قېلىپ، "خاتالىق" ئۆتكۈزدى دەپ قارايتتى. ئۇلارنىڭ سىنىپىي كۈرەش توغرىسىدىكى بىلمەسلىكى ئۇلارنىڭ ئىنقىلاپتىن قورقىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇلار ئىنقىلاپ قان توكۈلۈش ۋە ئۆلۈمدىن دېرەك بېرىدۇ، ئۇ بۇزغۇنچىلىققا پايدىلىقكى، قۇرۇلۇشقا پايدىسىز، قورقۇنچلۇق ئىش دەپ قارىشاتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئىنقىلاۋىي كۈرەشكە قارشى تۇردى، تەشۋىق قىلىش ۋە نامايىش ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق بايلارنى ۋە ئاقسۆڭەكلەرنى ئەخلاقسىز بولغان ئېكسپىلاتاتسىيىدىن ۋازكېچىشكە، كەمبەغەللەرگە سوتسىيالىستىك بەخت يارىتىپ بېرىشكە جەلپ قىلغىلى بولىدۇ دەپ ھېساپلىدى. 1824-يىلى ئوۋېن ئامېرىكىغا بېرىپ ئۆزىگە خاراكتېرلىق سىناق ئېلىپ باردى، ئۇ ھىندىئانا ئىشتاتىدا 30 مىڭ موبەر

سېتىۋېلىپ، ئاتالمىش كوممۇنىزىم يېڭى يېزىسىنى قۇردى. بۇ "ئىناق يېڭى يېزا" 3 يىللا مەۋجۇت بولۇپ تۇردى-دە چاك-چېكىدىن بوسۇلۇپ كەتتى، ئوۋېننىڭ ئۆزىمۇ خانىۋەيران بولۇپ كەتتى. فۇرىيې كاپىتالىستلارنى پۇل چىقىرىپ شۇنىڭغا ئوخشاش سىناق قىلىشقا ئۈندەپ ئالاھىدە ئېلان چىقىرىپ، ھەركۈنى سائەت 12 دىن بىرگىچە ئۆيىدە كاپىتالىستلارنى كۈتىدىغانلىقىنى جاكالىدى. ئۇ ئۆمۈر بويى كۈتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كۈتكەن كاپىتالىستتىن بىرىمۇ ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلمىدى.

سىنىپىي كۈرەشتىن ۋە ئىشچىلار ھەرىكىتىدىن ئايرىلغان سوتسىيالىزىم خام خىيالدىنلا ئىبارەت. خىيالىي سوتسىيالىزىمچىلار شۇنىڭ ئۈچۈن خىيالىي دەپ ئاتىلىدۇكى، "بۇ كىشىلەر ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش يولىدىكى سىياسىي كۈرىشىنىڭ تۈپ ئەھمىيىتىنى چۈشەنمەيدۇ"①. روشەنكى، بۇنداق خىيالىي سوتسىيالىزىم پۇرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشىگە يېتەكچىلىك قىلالمايدۇ. يەنە كېلىپ، ئۇنىڭ رولى تارىخ تەرەققىياتى بىلەن تەتۈر تاناسىپ بولىدۇ. 19-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدا، پۇرولېتارىياتنىڭ سىنىپىي كۈرىشىنىڭ تەدرىجىي ھالدا قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، خىيالىي سوتسىيالىزىمچىلارنىڭ خام خىيالىمۇ بارغانسېرى ئەمەلىي ئەھمىيىتىنى ۋە نەزەرىيە ئاساسىنى يوقىتىپ قويدى، ئۇلارنىڭ مۇرىتلىرى سىنىپىي كۈرەشتىن خالىي بولغان بۇنداق خام خىيالغا مەھكەم ئېسىلىۋالدى ھەمدە ئەكسىلئىن-

① لېنىن. «ھەمكارلىشىش تۈزۈمى توغرىسىدا». «لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى»، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1972-يىل خەنزۇچە نەشرى، 4-توم، 681-بەت.

قىلالمايدىغان رېئال ئىقتىسادى ئەھۋالنى تونۇيالمايدۇ، ئۇلار ئىجتىمائىي ئىسلاھات يولى بىلەن كاپىتالىزىمنى سوتسىيالىزىمغا ئاستا-ئاستا ئايلاندۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇلار پۈتۈن كۈچى بىلەن ۋەھىيلىك تەسىرى بار...

قىلاۋېي گۇرۇھلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، سىنىپىي كېلىشتۈرمەسلىكىنى تەرغىپ قىلىپ، ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلدى.

**بلانكىزىم ۋە پرۇدونىزىم** يېڭى سىنىپىي كۈرەش شارائىتىدا، بەزى ۋەكىللىك خاراكتېرغا ئىگە مۇنەۋۋەر شەخسلەر پرولېتارىيات ئازاتلىق كۈرىشىنىڭ يولىنى ئىزدىدى. ئۇلار ئىنقىلاۋېي ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى ئورنىتىشنى تەشەببۇس قىلىشتى. بۇ مۇنەۋۋەر شەخسلەر ئىچىدە فرانسىيىلىك ئاۋگۇست بلانكى (1805-1881) ئالاھىدە مۇھىم ئورۇنغا ئىگە.


بلانكى

بلانكى ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان كەسپىي ئىنقىلابچى، ئۇ ئۆمرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەك ۋاقتىنى تۈرمىدە ئۆتكۈزگەن. ئۇنىڭ سىياسىي ئىدىيىسى لىئون ئىشچىلىرىنىڭ قوزغىلىڭىنىڭ بىۋاسىتە تۈرتكىسى ئارقىسىدا كېلىپ چىققان. ئۇ خەلق كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ سىياسىي ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىشنى كېرەك دېگەننى قەتئىي تەشەببۇس قىلدى، پەقەت سىياسىي ئىنقىلابلا ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دەپ قارىدى. ئۇ: "قورال بىلەن تەشكىللەت — تەرەققىيپەرۋەرلىكنىڭ ھەل قىلغۇچ ئامىلى، نامرات-

لىقتا خاتىمە بېرىشىنىڭ مۇھىم ۋاستىسى" دېدۇ. لېكىن ئۇنىڭدا ئىنقىلاۋىي نەزەرىيە ئىنتايىن كەم ئىدى، ئۇ كاپىتالىستىك ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنمەيتتى، كاپىتالىزىم جەمئىيىتىنىڭ سىنىپىي تۈزۈلمىسىنى چۈشەنمەيتتى، پرولېتارىيات بىلەن ئادەتتىكى نامرات خەلقنى ئارىلاشتۇرۇپ قارايتتى، شۇڭا پرولېتارىياتنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى چۈشەنمەيتتى. شۇ سەۋەبتىن بلانكى پرولېتارىياتنىڭ سىنىپىي كۈرىشى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئازسانلىق كىشىلەرنىڭ خۇپىيانە ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ھەممىنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت ئىنقىلاپ يولىنى تۇتقان ئىدى. 1839-يىل 5-ئاينىڭ 12-كۈنى، بلانكىچىلار پەقەت ئاممىغا تايانماي، ئىنقىلاپ ۋەزىيىتىنىڭ پىشىپ يېتىلگەن-يېتىلمىگەنلىكىگە قارىماي، بەزى تاسادىپىي پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ پارىژدا قوزغىلاڭ كۆتەردى، بۇنىڭ بىلەن كاپىتالىزىمنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى بىر يولىلا ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچى بولدى. بۇ قوزغىلاڭ بلانكىزىمنىڭ بارلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى مەركەزلىك ھالدا ئىپادىلەپ بەردى، نەتىجىدە مۇقەررەر ھالدا مەغلۇپ بولدى.

كاپىتالىزىمنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، 19-ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىدا نۇرغۇن يېڭى بۇرژۇئا سوتسىيالىزىم ئېقىمى پەيدا بولدى. ماشىنىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى شۇنىڭدەك جازانىخورلۇق ۋە يەر ئىجارىسى ئېكسپىلاتاتسىيىسى ئارقىسىدا، زور بىر تۈركۈم ئۇششاق قول سانائەتچىلەر ۋە ئۇششاق دېھقانلار ئارقا-ئارقىدىن ۋەيران بولدى. بۇرژۇئا سوتسىيالىزىمى دەل ۋەيران بولۇۋاتقان مۇشۇ ئۇششاق بۇرژۇئازلارنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. بۇ ئېقىملار ئىچىدە پرۇدونىزىم ئېقىمىنىڭ تەسىرى ھەممىدىن كۈچلۈك

ئىدى. پيېر-جوسېپ پرۇدون (1809 — 1865) فرانسىيىدىكى ۋەيران بولغان ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ تىپىك ۋەكىلى ئىدى. 1840-يىلى ئۇ «مال-مۈلۈك دېگەن نېمە؟» دېگەن كىتابچىنى يېزىپ، بۇ سوئالغا "مال-مۈلۈك قاراقچىلىق دېمەكتۇر" دەپ جاۋاپ بەردى. لېكىن پرۇدون خۇسۇسى مۈلۈكنىڭ ھەممىسىگىلا قارشى تۇرمايتتى. ئۇ چوڭ خۇسۇسى مۈلۈكچىلىككىلا قارشى تۇراتتى، ئۇششاق خۇسۇسى مۈلۈكچىلىكنى بولسا ساقلاپ قېلىشقا تىرىشاتتى، ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى ھايانكەش سودىگەرلەرنىڭ ئېكسپلاتاتسىيىسىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈپ، تەمىنات-سودا كوپېراتىۋى تۈيۈشتۈرۈشنى، ئالماشتۇرۇش بانكىسى قۇرۇپ، ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا ئۆسۈمسىز پۇل قەرز بېرىشنى تەشەببۇس قىلدى، ئۇنىڭ ئومۇمى مەقسىدى ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى ۋەيران بولۇشتىن ساقلاپ قېلىش ئىدى. پرۇدوننىڭ پۈتۈن ياتالىيىتى ئۆزىنىڭ خىيالىي پىلانلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن بۇرژۇئا جەمئىيىتىنى ئىسلاھ قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ ئىنقىلاۋىي كوممۇنىزمچىلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى "ھاكىمىيەت ۋە سىياسەتنى ئەمەلدىن قالدۇرماسلىق يولى بىلەن ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئېلىپ بارماقچى" دېدى. پرۇدون مۇشۇنداق ھۆكۈمەتسىزلىك مەيدانىغا ئاساسەن، پرولېتارىيات ئىنقىلاۋى ۋە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى رەت قىلدى. پرۇدونىزم — يالغان سوتسىيالىزم، شۇ ۋاقىتتىكى كوممۇنىزم ۋە پرولېتارىيات ئىنقىلاۋىي ھەركىتىنىڭ ئىنتايىن زىيانلىق دۈشمىنى ئىدى.

مەيلى بلانكىزىم بولسۇن، ياكى پرۇدونىزم بولسۇن، ھەممىسى پرولېتارىياتنى توغرا يولغا باشلىيالمايتتى، خالاس. شۇنداق قىلىپ، پرولېتارىيات ھەر خىل خىيالىي سوتسىيالىزم ۋە يالغان سوتسىيا-

لىزىم بىلەن بولغان چەك-چېگرىنى ئايرىش، ئۆزىگە كۈرەش نىشانى ۋە كۈرەش يولىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن، ئىلمىي سوتسىيالىزىم نەزەرىيىسىنى بەرپا قىلىشنىڭ جىددىي زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى.

## 2-بۆلۈم ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ ئىلمىي سوتسىيالىزىم نەزەرىيىسىنى يارىتىش يولىدا ئېلىپ بارغان كۈرىشى

**گېرمانىيىنىڭ ئەھۋالى** ماركس بىلەن ئېنگېلس پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا باشلىغان دەۋر دەل مۇستەقىل ئىشچىلار ھەركىتى كۆتىرىلگەن، پرولېتارىيات ئىنقىلاۋىي كۈرىشىنىڭ لۇشيەنى ۋە سىياسەتلىرى بەلگىلىنىۋاتقان دەۋر ئىدى. ماركسىزىمنىڭ مەيدانغا كېلىشى دەل مۇشۇ دەۋرنىڭ ئېھتىياجى، تارىخ تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ئىدى.

پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ ئىنقىلاۋىي ئۇستازلىرى كارل ماركس (1818—1883) بىلەن فرىدرىخ ئېنگېلس (1820—1895) ئىلمىي سوتسىيالىزىم نەزەرىيىسىنى يارىتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇلار ئىنسانلارنىڭ تەرەققىيپەرۋەر ئىدىيىسىنىڭ مۇنەۋۋەر نەتىجىلىرىگە تەنقىدىي ئالدا ۋارىسلىق قىلىپ، دۇنيا پرولېتارىياتىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەشلىرىنىڭ تۈرلۈك تەجرىبىلىرىنى ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن يەكۈنلەپ، ماركسىزىم نەزەرىيىسىنى ياراتتى. ماۋجۇشى مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "ماركسىزىمچە پەلسەپە —

www.uyghurkitap.com

دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ئەڭ روشەن ئىككى خۇسۇسىيەتكە ئىگە: بىرى — ئۇنىڭ سىنىپىيلىقى، ئۇزىنىڭ پۇرولېتارىيات ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى ئوچۇق-ئاشكارا جاكالايدىغانلىقى؛ يەنە بىرى — ئۇنىڭ ئەمەلىيەتچىللىكى، نەزەرىيىنىڭ ئەمەلىيەتكە بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلىقىنى، نەزەرىيىنىڭ ئاساسي ئەمەلىيەت ئىكەنلىكىنى، نەزەرىيىنىڭ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئەمەلىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدىغانلىقى.”①

ماركس بىلەن ئېنگېلس گېرمانىيىدە تۇغۇلدى. ماركس 1818-يىل 5-ئاينىڭ 5-كۈنى رېين ئۆلكىسىنىڭ ترىر شەھىرىدە تۇغۇلدى. ئېنگېلس 1820-يىل 11-ئاينىڭ 18-كۈنى رېين ئۆلكىسىنىڭ بارمېن شەھىرىدە تۇغۇلدى.

شۇ چاغدا گېرمانىيىدە كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ئەنگلىيە ۋە فرانسىيىدىن خېلىلا ئارقىدا ئىدى. گېرمانىيە ئاساسىي جەھەتتىن فېئودال يېزا ئىگىلىك دولىتى ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۈتۈن مەملىكەت ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىدىغان 30 نەچچە مۇستەقىل ئىشتاتقا ئايرىلغان، شەكىل جەھەتتىلا گېرمانىيە قوشما ئىشتاتلار جۇمھۇرىيىتى بولۇپ بىرلەشكەن ئىدى. گېرمانىيىدە فېئودال بۆلۈنمە ھالەت ۋە پومېشچىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتىغا ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلاتتى. 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىمۇ، گېرمانىيىنىڭ سانائىتى ئاساسەن يەنىلا ئۇششاق قول سانائەت ئىدى. لېكىن، يېرىك

---

① ماۋ زېدۇڭ. «ئەمەلىيەت توغرىسىدا». «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى». 1971-يىل نەشرى، 1-توم، 512-بەت.

سانائەتمۇ راۋاجلىنىشقا باشلىدى. 1834 - يىلى، گېرمانىيە قوشما ئىشتاتلىرى ئىچىدە 18 ئىشتات بىرلىشىپ، پرۇسسىيىنى ئاساس قىلىپ، چېگرا بېجى ئىتتىپاقى تۈزۈپ، بىر بىرىنىڭ ئارىسىدىكى چېگرا بېجى توساقلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، زىچ ئالاقىسى بار ئىقتىسادىي رايون بولۇپ ئۇيۇشتى، بۇنىڭ بىلەن سودا-سانائەتنىڭ يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. پرۇسسىيىنىڭ رېين رايونى گېرمانىيىنىڭ ئەڭ تەرەققىي تاپقان سانائەت رايونى بولۇپ قالدى. ساكسونىيە، سىلېزىيە ۋە بېرلىنمۇ مۇھىم سانائەت مەركىزى بولۇپ قالدى. پۈتكۈل گېرمانىيىنىڭ پاختا توقۇمىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى 1848 - يىلى 1836 - يىلدىكىگە قارىغاندا ئالاھەزەل 50 پىرسەنت ئاشتى.

كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، گېرمانىيە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ فېئودالىزمغا قارشى ھەرىكەتلىرىمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە كۈچەيدى. بۇرژۇئازىيە فېئوداللىق بۆلۈنۈشكە ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىمتىيازلىرىغا نارازى ئىدى، ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان بىر ئاساسىي قانۇننىڭ بولۇشىنى، گېرمانىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كاپىتالىزمنى راۋاجلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلاتتى. 1840 - يىلى، بۇرژۇئا ئەركىنچىلىك ھەرىكىتى باشلاندى. بۇ ھەرىكەتكە پرۇسسىيىنىڭ رېين رايونىدىكى بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىك قىلدى. ئۇلار كيۆلنىدە چوڭ تىپتىكى «رېين گېزىتى»نى تەسىس قىلىپ، گېرمانىيىنىڭ رېئال ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلدى.

گېرمانىيە پرولېتارىياتىنىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشى ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە پرولېتارىياتىنىڭ كۈرىشىدىن كېيىنرەك باشلاندى. خۇددى ماركس كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: "گېرمانىيىدە كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى فرانسىيە ۋە ئەنگلىيىدە كاپىتالىستىك

uyghurkitap.com

ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ئانتاگونىستىك خاراكتېرى تارىخىي كۆرەشلەر ئارقىلىق روشەن نامايەن بولغاندىن كېيىنلا يېتىلدى."① بىراق 1844 - يىلغا كەلگەندە، گېرمانىيە پرولېتارىياتىمۇ ئورنىدىن دەس تۇردى. سىلېزىيە توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى.

سىلېزىيە گېرمانىيىنىڭ كەندىر توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ مەركىزى ئىدى، كەندىر توقۇمىچىلىق ماللىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئائىلە قول سانائىتىدە ئىشلەپچىقىرىلاتتى. توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرى كاپىتالىستلاردىن خام ئەشيا ئېلىپ، بۇنى توقۇپ كاپىتالىستلارغا تاپشۇرۇپ، مەلۇم ئىش ھەققى ئالاتتى. ئۇلارنىڭ ئىش ھەققى ناھايىتى ئاز ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىش ھەققى يىلدىن - يىلغا تۆۋەنلەپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن باشقا، توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرى پومشىشكىلارغا "توقۇمىچىلىق بېجى" تاپشۇرۇپ، بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ھوقۇقىغا ئىگە بولاتتى. ئېغىر زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە دەستىدىن ئىشچىلار دائىم ئاچ - زارلىقتا تۇرمۇش كەچۈرەتتى. سىلېزىيىنىڭ تاغلىق رايونلىرىدىكى توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرگەن بىر پىروسسىيە ئەمەلدارى 36 مىڭ ئىشچىدىن 6 مىڭىنىڭ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان ئىدى.

توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرى ئىچىدە كاپىتالىستلارنىڭ دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىسىنى قاتتىق سۆكىدىغان مۇنداق بىر ئىنقىلاۋىي

---

① ماركس. «كاپىتال»نىڭ 1 - تومىنىڭ 2 - نەشرىگە ئاخىرقى سۆز. «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1981 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 2 - توم، 362 - بەت.

ناخشا تارقالغان: "بىزگە ئايان نىيەت ـ قەستىڭلار؛ سىرىپ ئالماقچى بوقسۇلىلارنىڭ ئەگىلنى، سۇغۇرۇپ ئالماقچى ئۇلارنىڭ يۈرەك ـ باغرىسنى!" 1844 ـ يىلى توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرى تاقەت قىلىپ تۇرالماي، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلارغا قارشى كەڭ كولەمدە قوزغىلاڭ كوتەردى. قوزغىلاڭچى ئامما كاپىتالىستلارنىڭ ئويلىرىگە بېسىپ كىرىپ، ھوججەتلەرنى ۋە ھساۋات دەپتەرلىرىنى شۇندەك دوۋىلەپ قويىغان ماللارنىڭ ۋەتۇەرىگىنى چىقىرىۋەتتى. ھوكۇمەت سىلېزىيىگە نورغۇن ئەسكەر ئەۋەتىپ، قوزغىلاڭنى ئاران باستۇردى.

سىلېزىيە توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ قوزغىلىڭى گېرمانىيە ئىشچىلار ھەركىتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولدى، ئەمما ئۇ باشلىنىش بىلەنلا پرولېتارىياتنىڭ ماھىيىتىنى، ئېزىلگۇچى سىنىپنىڭ ئوزىنىڭ ئورنى ۋە سىنىپىي مەنپەئەتىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى. ماركس مۇنداق دەپ يازىدۇ: "ھەممىدىن ئاۋال توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ ناخشىسىنى ئويلاپ بېقىڭلار! بۇ، جەسۇرانە، جەڭگىۋار سادا...... پرولېتارىيات بۇ ناخشىدا ئوزىنىڭ خۇسۇسى مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىدىكى جەمىيەتكە قارشى ئوزىدىغانلىقىنى قىلچە مۇجمەللەشتۈرمەستىن، كەسكىن، توغرىدىن ـ توغرا ۋە ھەيۋەت بىلەن ئۇنلۇك جاكالىدى." ①

سىلېزىيە توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ قوزغىلىڭى پۈتۈن گېرمانىيىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. ئۇ، گېرمانىيىدە بۇرژۇئازىيە بىلەن

---

① ماركس. «"پرۇسسىيىلىك"نىڭ «پرۇسسىيە پادىشاسى ۋە ئىجتىمائى ئىسلاھات» دىگەن ماقالىسىغا باھا». «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ توم، 483 ـ بەت.

ئاقسوڭەكلەرنىڭ سىنىپىي قارىمۇ-قارشىلىقىدىن باشقا، بۇرژۇئازىيە بىلەن پرولېتارىيات ئوتتۇرىسىدىمۇ قارىمۇ-قارشىلىقنىڭ بارلىقى ئىپادىلەپ بەردى. بۇ ئەھۋال گېرمانىيە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئاجىزلىقىنى بەلگىلىدى، ئۇلار پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاۋىي تەلەپلىرىدىن ئىنتايىن قورقاتتى، ئىسلاھاتنى ئىنقىلاپتىن ياخشى دەپ بىلەتتى، ئاقسوڭەكلەر بىلەن مۇرەسسە قىلىشقا كۆچىنىڭ بېرىچە تىرىشاتتى.

ئوتتۇرا بۇرژۇئا دېموكراتلىرى فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى تۇرىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار تەۋرىنىپ تۇراتتى ھەم ئاجىز ئىدى. 19-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدىلا، ئۇلار مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات ساھەلىرىدە فېئودالىزم تۈزۈمىگە قارشى ھۇجۇم قوزغىغان ئىدى. يەلسەپە سېپىدە ئۇلار "ياش گېگېلچىلار" ئېقىمىنى شەكىللەندۈردى. گېورگى ۋىلگېلم فرېدرىخ گېگېل (1770 — 1831) نىڭ ئىدېيالىستىك يەلسەپىسى پرۇسسىيە پادىشاھلىقىنىڭ دۆلەت يەلسەپىسى بولدى، ئۇنىڭدا پرۇسسىيىنىڭ پادىشاھلىق مۇستەبىتلىك تۈزۈمى تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى، ئەڭ مۇكەممەل ئىجتىمائى تۈزۈم دەپ تەرغىپ قىلىندى. گېگېل بىر تەرەپتىن، دىيالېكتىك ئىدېيىنى قوللىنىپ تەبىي، تارىخىي ۋە روھىي دۇنيانىڭ ھەركىتىنى تەسۋىرلەپ بەردى، يەنە بىر تەرەپتىن، شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتىنى "مۇتلەق روھ"نىڭ گەۋدىلىنىشى دەپ قارىدى. شۇڭلاشقا، ئۇنىڭ دىيالېكتىكىسى ئىدېيالىستىك دىيالېكتىكا ئىدى. ياش گېگېلچىلار گېگېل يەلسەپىسىدىكى مۇشۇنداق مۇتەئەسسىپ ئەكسىيەتچىلىككە نارازى ئىدى، ئۇلار بۇرژۇئا رادىكاللىرىنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ، فېئوداللىق مۇستەبىت دۆلەتنى ۋە خىرىستىيان دىنىنى تەنقىت قىلاتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ ئىدېيالىزمچىلار ئىدى، ئۇلار خەلق

ئاممىنى كەمسىتەتتى، "تەنقىدىي پىكىر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان شەخس"لا ئىجادىي رول ئوينايدۇ دەپ قارىشاتتى. ياش گېگېلچىلار ئىچىدە، لىيۇدۋىگ فېيېرباخ (1804—1872) ئالغا زور بىر قەدەم تاشلاپ، گېرمانىيە پەلسەپىسىدە ماتېرىيالىزم بايرىقىنى تىكلىدى. ئۇ ئىدىيالىزمنى كەسكىن تەنقىت قىلدى، ماددا بىرلەمچى دەپ قارىدى، خۇدانى ئىنكار قىلدى. لېكىن فېيېرباخنىڭ ماتېرىيالىزمى پاسسىپ، بىۋاستە كۆزىتىش ئاساسىدىكى ماتېرىيالىزم ئىدى، ئۇ گېگېلنى تەنقىت قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دىيالېكتىكىنىمۇ تاشلىۋەتتى. فېيېرباخ دىنغا قارشى تۇراتتى، لېكىن ئۇنىڭ دىنىنى بىكار قىلغۇسى يوق ئىدى. ئۇ خۇداغا ئىشىنىدىغان كونا دىننىڭ ئورنىغا بىر خىل مېھرىۋانلىق دىنىنى قويدى، كىشىلەر-نىڭ بىر بىرىگە مېھرىۋان بولۇشى جەمئىيەتنىڭ ئاساسى دەپ قارىدى. بۇنداق مېھرىۋانلىق ئارقىلىق سىنىپىي قارىمۇ-قارشىلىقنى ۋە سىنىپىي كۆرەشنى پەدەزلەيدىغان ئىدىيە گېرمانىيە ئۇششاق بۇرژۇئا دېموكراتىيىچىلىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

شۇنداق قىلىپ، گېرمانىيە جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋەزىپىسى تارىخىي يوسۇندا پرولېتارىياتنىڭ زىممىسىگە چۈشتى. پەقەت پرولېتارىياتلا كەڭ خەلق ئاممىسىغا رەھبەرلىك قىلىپ گېرمانىيىنىڭ فېئودالىزمغا قارشى بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنى ئاخىر-غىچە ئېلىپ بارالايتتى. پرولېتارىيات ئىنقىلاپتا رەھبەرلىك هوقۇقىنى قولغا ئالسىلا، بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ-نىڭ مۇقەددىمىسىگە ئايلاندۇرۇۋېتىش ئىمكانىيىتى بار ئىدى. شۇ سەۋەپتىن، خۇددى ماركس، ئېنگېلس ئېيتقاندەك، شۇ ۋاقىتتا كوممۇنىستلار "ئۆزلىرىنىڭ ئاساسىي دىققەت-ئېتىۋارىنى گېرمانىيىگە

مەركەزلەشتۈردى"①. گېرمانىيە پرولېتارىياتى ئۆزىنىڭ ئىككى ئىنقىلاۋىي ئۇستازى ماركس بىلەن ئېنگېلسنى پۈتۈن دۇنياغا تەقدىم قىلدى، شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن گېرمانىيە ۋە پۈتۈن دۇنيا ئىشچىلىرى ئۆزىنىڭ دۇنيا تارىخىدىكى رولىنى تونۇپ يەتتى، ئۆز ئازاتلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ توغرا يۆنۈلۈشى ۋە لۇشيەنىنى تونۇپ يەتتى.

**ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ ئىنقىلاۋىي پائالىيەتلىرىنىڭ باشلىنىشى** ماۋجۇشى مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "ئادەمنىڭ توغرا ئىدىيىسى پەقەت ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ، پەقەت جەمئىيەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى، سىنىپىي كۈرەش ۋە ئىلمىي تەجرىبىدىن ئىبارەت مۇشۇ 3 ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ."② ماركس بىلەن ئېنگېلس شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىسىنى يارىتالىدىكى، "ئۇلار ئۆزلىرى دانا بولغانلىقىدىن تاشقىرى، مۇھىمى، شۇ چاغدىكى سىنىپىي كۈرەش ۋە ئىلمىي تەجرىبىلەر ئەمەلىيىتىگە شەخسەن قاتناشتى، بۇ كېيىنكى شەرت بولمىغاندا، ھەرقانداق دانالىقمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان بولاتتى."③

ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ كوممۇنىستىك دۇنياقارىشى 1842 — 1844 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا مۇشۇ ئىككى جەھەتتىكى ئىنقىلاۋىي

---

① ماركس ـ ئېنگېلس. «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»، 1971 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 106 ـ بەت.

② ماۋزېدۇڭ. «ئادەمنىڭ توغرا ئىدىيىسى قەيەردىن كېلىدۇ؟». «ماۋجۇشىنىڭ بەش پارچە پەلسەپە ئەسىرى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 458 — 459 ـ بەتلەر.

③ ماۋزېدۇڭ. «ئەمەلىيەت توغرىسىدا»، «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 1971 ـ يىل نەشرى، 1 ـ توم، 517 ـ بەت.

ئەملىيەت ئاساسىدا ۋۇجۇتقا كەلدى.

1841-يىلى ماركس داشۆىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائى سىياسى پائالىيىتىنى باشلىدى. دەسلەپتە، ئۇ «رېين» گېزىتىگە ماقالا يازدى، كېيىن بۇ گېزىتنىڭ تەھرىرلىكىنى قىلدى. ئۇ چاغدا ماركس ئىنقىلاۋىي دېموكراتىزىمچى ئىدى. ماركسىنىڭ مەسئۇل تەھرىرلىكىدە چىقىدىغان «رېين» گېزىتى دېموكراتلارنىڭ گېرمانىيىنىڭ فېودال پادىشالىق تۈزۈمىنى سوكىدىغان ئورگان گېزىتىگە ئايلاندى. گېزىت چىقىرىش ئىشى ماركسنى جەمىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈش، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ۋە كۈرىشى بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. شۇ ۋاقىتتا پرۇسسىيىدە، كاپىتالىزىمنىڭ تەرەققى قىلىشى ئارقىسىدا، چوڭ پومىشچىكلار دۆلەت هاكىمىيىتىدىن پايدىلىنىپ دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى غالجىرلىق بىلەن تارتىۋېلىپ، دېھقانلارنى ياشىيالمايدىغان هالغا كەلتۈرۈپ قويغان ئىدى. بۇ هال ماركسنىڭ غەزەپ-نەپرىتىنى قوزغىدى. ئۇ پومىششىكلارنىڭ دېھقانلارغا بولغان دەھشەتلىك زۇلمىنى قاتتىق سوكۈپ، دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىدى. بۇ كۈرەش ئارقىلىق ماركس داشۆىدە ئۆگەنگەن گېگېلنىڭ ئىدىيالىستىك پەلسەپىسىنىڭ توپ خاتالىقىنى بايقىۋالدى. گېگېلنىڭ پەلسەپىسى دۆلەت بىلەن قانۇننى سىنىپتىن خالى "ئەقلىيلىق"نىڭ ئىپادىلىنىشى دەپ قارايتتى. لېكىن، رېيال سىنىپىي كۈرەش ئەكسىيەتچىل هۆكۈمران سىنىپلارنىڭ دۆلىتىنىڭ ئۇلارنىڭ هۆكۈمرانلىقىنى قوغدايدىغان قورالى ئىكەنلىكىنى، قانۇنىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆز مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. بۇ هال ماركسنىڭ گېگېلنىڭ پەلسەپىسىنى تەنقىت قىلىشىغا تۈرتكە بولدى، بۇنىڭ بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ياشلىق دەۋرىدىكى ماركس

ئۇ نوقۇل ھالدا سىياسىنى تەتقىق قىلىشتىن ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلىشقا، سوتسىيالىزمنى تەتقىق قىلىشقا ئۆتتى.

پرۇسسىيە ھۆكۈمىتى «رېين» گېزىتىنى پېچەتلەشنى قارار قىلدى، بۇرژۇئا خوجايىنلار ھۆكۈمەتنىڭ گېزىتنى پېچەتلەشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، گېزىتنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى روشەن مەيداندىن ۋاز كېچىشكە ئۇرۇندى. ماركس بۇنداق تەسلىمچىلىك تەشەببۇسقا قەتئىي قارشى تۇردى. 1843-

يىلىنىڭ بېشىدا، ماركس گېزىتىنىڭ تەھرىر بۆلۈمىدىن چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى جاكالىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن پرۇسسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، 1843 ـ يىلى كۈزدە فرانسىيىدىكى پارىژغا كۆچۈپ كەتتى.

پارىژدا، ماركس فرانسىيىدىكى سىنىپىي كۈرەش تارىخىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ ئىشچىلار ئاممىسى ئىچىگە چوڭقۇر چۆكتى. بۇ مەزگىلدە، ماركس «‹گېگېلنىڭ قانۇن پەلسەپىسىگە تەنقىد›كە مۇقەددىمە»نى يازدى. بۇ چاغدا ماركس كوممۇنىزمچى بولۇپ يېتىلىشكە باشلىغان ئىدى. ماركس فرانسىيە تارىخىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، بۇرژۇئا ئىنقىلابى يەنىلا خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى ساقلاپ قالىدىغان بولغاچقا ئىنسانىيەتنىڭ ئازاتلىقىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرەلمەيدىغانلىقىنى، پەقەت شەكىلدىلا ئۆزگەرتىدىغانلىقىنى؛ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ئېلىپ بېرىپ، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى يوقاتقاندىلا، ئىنسانىيەتنى ئازاتلىققا ئېرىشتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندى. سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپنى زادى كىم ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ؟ قانداق قىلىپ ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ؟ ماركس «‹گېگېلنىڭ قانۇن پەلسەپىسىگە تەنقىد›كە مۇقەددىمە»دە بۇ مەسىلىگە جاۋاپ بەردى. بۇ ماقالىدا ماركس پارىژدا تۇرغان چاغلاردا فرانسىيە پۇرولېتارىياتىنىڭ ئۇنىڭدا قالدۇرغان تەسىرى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھالدا ئىپادىلەندى. ئۇ ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھەممە نەرسىنى شەپقەتسىز تۈردە تەنقىد قىلىشنى، بولۇپمۇ قورال تەنقىدىنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ ئاممىغا ۋە پۇرولې-تارىياتقا پۇرولېتارىياتنى ئىنسانلار ئازاتلىقىنى ئىشقا ئاشۇرغۇچى كۈچ دەپ قاراشنى مۇراجەت قىلدى. ماركس يەنە ئىلغار نەزەرىيە-

نىڭ پرولېتارىياتنىڭ ئازاتلىق ئىشلىرىدا مۇھىم ئىكەنلىكىنى شەرھلەپ كېلىپ، مۇنداق بىر جۈملە مەشھۇر سۆزنى يازدى: "تەنقىت قورالى، ئەلۋەتتە، قورال تەنقىدىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. ماددى كۈچنى پەقەت ماددى كۈچ بىلەنلا يىمىرىپ تاشلىغىلى بولىدۇ؛ لېكىن نەزەرىيىمۇ ئاممىنى ئىگەللىگەن هامان ماددى كۈچكە ئايلىنىدۇ."① ئۇ پەيلاسوپلارنى پرولېتارىيات بىلەن بىرلىشىشكە، پرولېتارىيات ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا چاقىرىپ، مۇنداق دەپ يازدى: "پەلسەپە پرولېتارىياتنى ئۆزىگە ماددى قورال قىلغىنىغا ئوخشاش، پرولېتارىياتمۇ پەلسەپىنى ئۆزىگە مەنىۋى قورال قىلىدۇ."② شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، ماركس ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان بۇ ۋەزىپىنى سادىقلىق بىلەن ئىجرا قىلىپ، ئۆزىنىڭ پۈتۈن كۈچ-قۇدرىتى ۋە ئەقىل-پاراسىتىنى پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاۋىي ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا تەقدىم قىلدى.

ئېنگېلس داشۆبدە مۇنتىزىم هالدا ئوقۇمىغان ئىدى، ھەتتا ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرمەيلا دادىسىنىڭ تاپشۇرۇغى بىلەن بىرېمىندىكى بىر سودا سارىيىدا ئىشلىدى. لېكىن، ئېنگېلس ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، مەكتەپ تەربىيىسىنىڭ كەم قالغان يەرلىرىنى تولۇقلىدى. ئېنگېلس ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت

① ماركس، «گېگېلنىڭ قانۇن پەلسەپىسىگە تەنقىت»كە مۇقەددىمە». «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1979-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 14-بەت.

② يۇقىرىدىكى كىتاب، 25-بەت.



ياشلىق دەۋرىدىكى ئېنگېلس

بەردى. چىرىك فېوداللىق مۇستەبىتلىك تۈزۈمگە ۋە مۇدھىش كاپىتالىستىك زۇلۇمغا قارشى كۈرەش داۋامىدا ئېنگېلس بىر ئىنقىلاۋىي دېموكراتىزىمچىغا ئايلاندى.

1842-يىلى، ئېنگېلس ئەنگلىيىنىڭ سانائەت مەركىزى بولغان مانچېستېرغا كېلىپ، دادىسىنىڭ باشقىلار بىلەن شېرىكلىشىپ ئاچقان سودا سارىيىدا ئىشلىدى. ئۇ بۇرژۇئازىلارغا خاس بارلىق ئىجتىمائىي ئالاقىلارنى تاشلاپ، دائىم ئىشچىلار مەھەللىسىگە بېرىپ ئىشچىلار

ئاممىسى بىلەن بىللە ياشاپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئېنگېلس ئەنگلىيىگە بارغان ۋاقىت دەل ئاساسىي نىزامچىلارنىڭ 1842-يىل ئاۋغۇست ئىش تاشلىشى مەغلۇپ بولغان ۋاقىت ئىدى. ئېنگېلس مۇشۇ مەغلۇبىيەتتىن بىر تۈپ قائىدىنى چىقاردى: "تىنچ ئۇسۇل بىلەن ئىنقىلاب قىلىش مۇمكىن ئەمەس، پەقەت ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان غەيرىي نورمال مۇناسىۋەتنى زورلۇق كۈچ ئارقىلىق يوقىتىپ، دۆلەتمەن ئاقسۆڭەكلەر ۋە سانائەت ئاقسۆڭەكلىرىنى تۈپتىن ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىلا، ئاندىن پرولېتارلارنىڭ ماددى ئەھۋالىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ."①

ئەنگلىيىدە، ئېنگېلس كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىكى تۈرلۈك زىددىيەتلەرنى، بولۇپمۇ گۈللىنىۋاتقان سانائەت پرولېتارىياتىنىڭ كۈچىنى بەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تونۇپ يەتتى. ئۇ پرولېتارىياتنىڭ ئازاتلىقىنى كۆزلەشتەك يىراق كەلگۈسى ئىنقىلاۋىي نىشانىنى قەلبىگە پۈكۈپ، ئەنگلىيىنىڭ كىلاسسىك سىياسىي ئىقتىسادقا دائىر ئەسەرلىرىنى ۋە تۈرلۈك خىيالىي سوتسىيالىزىمنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى تەنقىدىي ھالدا تەتقىق قىلدى. 1844-يىلى، ئېنگېلس «سىياسىي ئىقتىسات تەنقىدىگە دائىر تىزىس»نى ئېلان قىلدى، بۇ ماقالىدا ئۇ "ھازىرقى زامان ئىقتىسادىي تۈزۈمىدىكى تۈپ ھادىسىلەرنى سوتسىيالىزم نۇقتىسىنەزىرى بويىچە كۆزىتىپ، بۇ ھادىسىلەرنى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى دەپ ھېساپلىغان ئىدى."②

---

① ئېنگېلس. «مەملىكەت ئىچىدىكى كىرىزىس». «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 1-توم، 550—551-بەتلەر.

② لېنىن. «ماركس ۋە ئېنگېلس ھەققىدە»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 83—84-بەتلەر.

شۇنىڭ بىلەن بۇرژۇئا سىياسىي ئىقتىسادىنى تەنقىت قىلىشقا ئاساس سالدى، ئېزىلگۈچى ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغۇچى ئاممىنىڭ مەيدانىنى ئاساس قىلىپ، كاپىتالىزىم جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىنى تەنقىت قىلىشقا ئاساس سالدى. بۇ ماقالا ئېنگېلسنىڭ كوممۇنىزىمچىغا ئايلانغانلىقىنى كورسىتىپ بېرىدۇ.

ماركس بىلەن ئېنگېلس ئىنقىلاۋىي ئەمەلىيەت ئاساسىدا، ھەر قايسىسى ئۆزىنىڭ ئىنقىلاۋىي يولى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كوممۇنىستىك دۇنياقارىشىنى تىكلىدى. 1844-يىل 8-ئايدا، ئېنگېلس ئەنگلىيەدىن گېرمانىيىگە قايتقىچە پارىژدا 10 كۈن تۇرۇپ، ماركس بىلەن كورۈشتى، شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ دوستلۇغى باشلاندى، ئۇلارنىڭ بىرلىكتە ئىلمىي سوتسىيالىزىم نەزىرىيىسىنى بەرپا قىلىش، پرولېتارىياتنىڭ ئازاتلىق ئىشى ئۈچۈن ئىنقىلاۋىي كۈرەش ئېلىپ بېرىشتەك ئۇلۇغ ئىشلىرى باشلاندى.

**ئىلمىي سوتسىيالىزىم نەزىرىيىسى يېرىدىسىلىرىنىڭ بەرپا قىلىنىشى** ماركسىزىم — خەلقارا ئىشچىلار ھەركىتىنىڭ تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ تەرەققىپەرۋەر ئىدىيىسىنىڭ مۇنەۋۋەر نەتىجىلىرىگە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش ھەمدە ئۇنى ئىنقىلاۋىي ئاساستا ئۆزگەرتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ نەتىجىسى. لېنىن مۇنداق دەپ تەكىتلەپ كورسەتكەن ئىدى: ماركسىزىم "ھەرگىزمۇ دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات يولىدىن **چەتلىگەن** ھالدا پەيدا بولغان، بىر ئىزىدا توختاپ قالغان، قېتىپ قالغان تەلىمات ئەمەس"، "ماركس تەلىماتى — ئىنسانىيەتنىڭ 19-ئەسىردە ياراتقان ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ يەنى گېرمانىيە پەلسەپىسى، ئەنگلىيە سىياسىي ئىقتىسادى ۋە فرانسىيە سوتسىيالىزىمىنىڭ مۇقەررەر

www.uyghurkitap.com

ۋارىسى.»① مانا بۇ ماركسىزمنىڭ ئۈچ مەنبەسى.

ماركس بىلەن ئېنگېلس گېرمانىيە كلاسسىك پەلسەپىسىدىن گېگېلنىڭ دىيالېكتىكىسىنىڭ مۇۋاپىق قىسمىنى ۋە فېيېرباخنىڭ ماتېرىيالىزمىنىڭ مۇۋاپىق قىسمىنى قوبۇل قىلدى؛ ئەنگلىيىنىڭ كلاسسىك سىياسىي ئىقتىسادىدىن ئادام سمىتنىڭ ۋە داۋىد رىكاردونىڭ ئەمگەكنىڭ قىممەت نەزەرىيىسى ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلدى؛ فرانسىيە خىيالىي سوتسىيالىزمچىلىرىنىڭ نۇقتىنەزىرى ئىچىدە ئۇلارنىڭ كېلىچەكتىكى ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ بەزى ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدىكى پەرەزلىرى ۋە كاپىتالىزم ئۈستىدىن قىلغان قەھرىمانلارچە تەنقىددىن پايدىلاندى. لېكىن، ماركس بىلەن ئېنگېلس ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى نەتىجىلىرىدىن ئاددىيلا پايدىلانمىدى، بەلكى ئۇنىڭغا تۈپ جەھەتتىن ئىنقىلاۋىي ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، يېپ-يېڭى ماركسىزم پەلسەپىسى، سىياسىي ئىقتىسادى ۋە ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىسىنى بەرپا قىلدى. مانا بۇ ماركسىزمنىڭ ئۈچ مەنبەسى ۋە ئۈچ تەركىبىي قىسمى.

ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ پەلسەپىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ تۆھپىسى ئۇلارنىڭ دىيالېكتىك ماتېرىيالىزمنى بەرپا قىلىپ ھەممىدە ئۇنى تەبىئەت دۇنياسىنى بىلىشتىن ئىنسانلار جەمئىيىتىنى بىلىشكە ئومۇملاشتۇرۇپ، تارىخىي ماتېرىيالىزمنى بەرپا قىلغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلارنىڭ بىلىش تارىخىدا مىسلىسىز چوڭ ئىنقىلابنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ سىياسىي ئىقتىساتتىكى ئەڭ ئۇلۇغ تۆھپىسى كاپىتال بىلەن ئەمگەكنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈل-

① لېنىن. «ماركس ۋە ئېنگېلس ھەققىدە»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 97-بەت.

كېسەل ئېچىپ بەرگەنلىكى، قوشۇمچە قىممەت تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ ئىككى ئۇلۇغ كەشپىيات ئارقىسىدا، ماركس بىلەن ئېنگېلس سوتسىيالىزمنى خىيالدىن پەنگە ئايلاندۇردى.

ماۋجۇشى مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ماركسىزم "بۇرژۇئازىيە، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ئىدىيىلىرى بىلەن كۈرەش قىلىش داۋامىدا راۋاجلىنىدۇ"①. ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىسىنى بىرلىكتە يارىتىش جەريانى تۈرلۈك بۇرژۇئازىيە ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ئىدىيىسى بىلەن كۈرەش قىلىش جەريانى بولدى، چۈنكى بۇ بۇرژۇئازىيە ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ئىدىيىلىرى پۈتۈن كۈچى بىلەن پرولېتارىياتنى بىخۇتلاشتۇرۇپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئېڭىنىڭ ئۆسۈشىگە توسقۇنلۇق قىلغان ئىدى.

ماركس بىلەن ئېنگېلس بىرلىكتە يازغان تۇنجى ئەسەر — «مۇقەددەس ئائىلە» 1845-يىلى نەشر قىلىندى. ماركس بىلەن ئېنگېلس جەڭگىۋار ماتېرىيالىزمچى قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ياش گېگېلچىلارنىڭ سۇبيېكتىپ ئىدىيالىزمىنى تەنقىد قىلدى. تارىخنى قەھرىمانلار ياراتقانمۇ ياكى قۇللار ياراتقانمۇ؟ — مانا بۇ كۈرەشنىڭ تۈگۈنى بولدى. ماركس بىلەن ئېنگېلس ياش گېگېلچىلارنىڭ ئۆزلىرىنى تېگى-تەكتىگە يەتكىلى بولمايدىغان "پەلسەپە يولباشچىلىرى" قىلىپ كۆرسىتىپ، ئاممىنى "قاغا-قۇزغۇنلار توپى" دەپ

① «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك تەشۋىقات خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتۇقى». «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 5-توم، 766-بەت.

www.uyghurkitap.com

ئاھانەت قىلغانلىقىنى، ئۇزلىرىگە ئوخشاش "تەربىيە كۆرگەن" كىشىلەرلا تارىخ يارىتالايدۇ دەيدىغان، تارىخنى قەھرىمانلار ياراتقان دىگەن ئەكسىيەتچىل ئۇقتىنەزەرنى رەھىمسىز تەنقىت قىلدى. ماركس بىلەن ئېنگېلس مۇنداق دەپ كورسەتتى: تارىخنىڭ ھەقىقى ياراتقۇچىسى قەھرىمانلار ئەمەس، بەلكى خەلق ئاممىسى. "تارىخنىي پائالىيەت ئاممىنىڭ ئىشى"①. تارىخ ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىگەنسېرى، كەڭ خەلق ئاممىسى تارىخ تەرەققىياتىنى ئاكتىپ ھالدا ئىلگىرى سۈرگۈچى كۈچ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ماركس بىلەن ئېنگېلس پرولېتارىياتنىڭ دۇنيا تارىخىدىكى ۋەزىپىسى توغرىسىدىكى نۇقتىنەزەرنى تۇنجى قېتىم بايان قىلىپ كېلىپ، پرولېتارىيات "ئېغىر لېكىن ئادەمنى پولاتتەك قىلىپ چىنىقتۇرۇپ چىقىدىغان ئەمگەك تەربىيىسىنى بىكاردىن-بىكار ئالمايدۇ"؛ پرولېتارىيات ئۆزىنىڭ كاپىتالىزىم تۇرمۇش شارائىتىدا تۇرغان ئورنى سەۋەبىدىن، ئۆزىنى "ئۆزى ئازات قىلالايدۇ، بەلكى ئازات قىلىشى كېرەك"② دەپ كورسەتتى.

ماركس «مۇقەددەس ئائىلە»نى نەشرگە تەييارلاۋاتقان چاغدا، ئېنگېلس بارمېنغا قايتىپ، «ئەنگلىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەھۋالى» (1845) دىگەن ئەسىرىنى يازدى. بۇ كاپىتالىزىم ۋە بۇرژۇئازىيە ئۈستىدىن تولۇق ئاساسلار بىلەن قىلىنغان شىكايەتنامە ئىدى، بۇنىڭدا ئېنگېلس ئەنگلىيە ئىشچىلىرىنىڭ چىداپ تۇرغۇسىز بولغان

---

① ماركس-ئېنگېلس. «مۇقەددەس ئائىلە». «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 2-توم، 104-بەت.

② يۇقۇرىدىكى كىتاپ، 45-بەت.

تۇرمۇش ئەھۋالىنى بايان قىلىپ بەردى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دەل پۇرولېتارىياتنىڭ مۇشۇنداق ئورۇندا تۇرغانلىقى ئۇنىڭ كاپىتالىزىم تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش يولىدىكى كۈرىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، دەپ كورسەتتى. ئېنگېلس، پۇرولېتارىياتنىڭ سىنىپىي كۈرىشى تارىخ تەرەققىياتىنىڭ قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، دەپ قارىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاساسىي نىزام ھەرىكىتىنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ، ئىشچىلار ھەرىكىتى سوتسىيالىزىم بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈشى كېرەك، دىگەن ئىنتايىن مۇھىم پىرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويدى.

1845-يىل 1-ئايدا، ماركس فرانسىيە ھوكۇمىتىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، بېلگىيىنىڭ پايتەختى بىريۇسسېلغا كوچۇپ كەتتى. ماركس ئۇ يەردە «فېيېرباخ توغرىسىدا تېزىس»نى يېزىپ چىقتى. ئۇ فېيېرباخنىڭ ئىنقىلاۋىي ئەمەلىيەتكە سەل قارايدىغان بىۋاستە كۆزەتكۈچى ماتېرىيالىزمىنى تەنقىت قىلىپ، ئىنقىلاۋىي ئەمەلىيەتنىڭ دۇنيانى بىلىش ۋە دۇنيانى ئۆزگەرتىش داۋامىدىكى ھەل قىلغۇچ رولىنى تەكىتلىدى. ماركس مۇنداق دەپ كورسەتتى: "پەيلاسوپلار دۇنيانى تۈرلۈك ئۇسۇللار ئارقىلىق **چۈشەندۈرۈش** بىلەنلا چەكلىنىدۇ، لېكىن گەپ دۇنيانى **ئۆزگەرتىشتە**."① ماركس يەنە فېيېرباخنىڭ كىشىلەرنى ئابستراكىت ۋە تارىخسىي بولمىغان ھالدا كۆزەتكەنلىكىنى تەنقىت قىلىپ، ئادەمنىڭ ماھىيىتى ئەمەلىيەتتە "بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسى"② دەپ كورسەتتى:

---

① ماركس. «فېيېرباخ توغرىسىدا تېزىس». «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1979-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 31-بەت.

② يۇقۇرىدىكى كىتاب، 29—30-بەتلەر.

شۇنداق قىلىپ، ماركس ماتېرىيالىزمنى ئىنسانلار جەمئىيىتىنى چۈشىنىشكە تەتبىق قىلدى.

1845 — 1846 - يىلى، ماركس بىلەن ئېنگېلس بىرلىشىپ ئىككىنچى ئەسەرى — «نېمىس ئىدېئولوگىيىسى»نى يازدى. ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم بىلەن تارىخىي ماتېرىيالىزمنى بەرپا قىلىپ، ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش تارىخىدا ئۇلۇغ ئىنقىلاۋىي ئۆزگىرىشنى ئورۇنلىغانلىقى بۇ ئەسەردە روشەن ئىپادىلەندى. بۇ ئەسەردە گېرمانىيىدىكى بارلىق بۇرژۇئازىيە ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ پەلسەپە ئېقىملىرى تەنقىد قىلىندى، تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ تۈپ پرىنسىپلىرى تۇنجى قېتىم تەپسىلىي بايان قىلىپ بېرىلدى. ئۇنىڭدا ھەرقايسى جەمئىيەتنىڭ ئىگىلىك شەكلىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى چۈشەندۈرۈپ بېرىلدى، تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى ئېچىپ بېرىلدى ھەمدە بۇ قانۇنىيەتنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ مۇقەررەر ھالاك بولىدىغانلىقى دەلىللەپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ماركس بىلەن ئېنگېلس پرولېتارىيات ئىنقىلاۋىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى چوڭقۇر شەرھىلەپ بەردى: "دېمەك، ئىنقىلاب **ھۆكۈمران** سىنىپلارنى ئاغدۇرۇشتا باشقا ھېچقانداق چارە بولمىغانلىقى ئۈچۈنلا زۆرۈر بولۇپ قالماستىن، بەلكى ھۆكۈمران سىنىپنى **ئاغدۇرىدىغان** سىنىپنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدىكى بارلىق كونا ئىپلاس نەرسىلەرنى پەقەت ئىنقىلاب جەريانىدىلا چۆرۈپ تاشلىيالايدىغانلىقى ۋە جەمئىيەتنىڭ يېڭى ئاساسىغا ئايلىنالايدىغانلىقى ئۈچۈنمۇ زۆرۈر."① ماركس بىلەن

① ماركس - ئېنگېلس، «نېمىس ئىدېئولوگىيىسى». «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1979 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - توم، 132 — 133 - بەتلەر.

ئېنگېلس يەنە پرولېتارىياتنىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پرولېتارىيات كاپىتالىزم جەمئىيىتىنى يوقىتىش ئۈچۈن، ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى قولغا ئالماقچى بولغان ھەر بىر سىنىپقا ئوخشاش، "ئالدى بىلەن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشى شەرت"① دەپ قارىدى.

## 3-بۆلۈم ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ پرولېتارىيات پارتىيىسىنى قۇرۇش يولىدا ئېلىپ بارغان كۈرىشى، «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى»

**بىريۇسسېل كوممۇنىزمچىلار ئالاقىلىشىش كومىتېتى** ماركس بىلەن ئېنگېلس 1847-يىلدىن تارتىپلا، پرولېتارىياتنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، "باشقا پارتىيىلەرگە ئوخشىمايدىغان ھەممىدە ئۇلار بىلەن قارىمۇ-قارشى بولغان ئالاھىدە پارتىيە، ئاڭلىق سىنىپىي پارتىيە ئۇيۇشتۇرۇش" لازىم②، دەپ ھېساپلىدى.

ماركس بىلەن ئېنگېلس پەقەت ھەر خىل خىيالىي سوتسىيالىزم ۋە يالغان سوتسىيالىزم ئېقىملىرى ئۈستىدە تەنقىتىنى قانات يايدۇ-

① ماركس-ئېنگېلس، «نېمىس ئىدېئولوگىيىسى». «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1979-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 65-بەت.

② ئېنگېلس، «گ. تىرلىرغا يېزىلغان خەت (1889-يىل 12-ئاينىڭ 18-كۈنى)»، «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 37-توم، 321-بەت.

رۇپ، ئىلمىي سوتسىيالىزىم نەزەرىيىسىنى ئىشچىلار ھەرىكىتى بىلەن بىرلەشتۈرگەندىلا، ئاندىن پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاۋىي كۈرەشلىرىنى ئاگاھلىق، تەشكىلچانلىق ۋە غەلىبىلىك يولغا باشلىغىلى بولىدۇ، دەپ قارىدى. ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىسى شۇ يەردىكى، ئۇلار يالغۇز ئىلمىي سوتسىيالىزىم نەزەرىيىسىنى يارىتىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ھەر خىل خىيالىي سوتسىيالىزىم ۋە يالغان سوتسىيالىزىم ئېقىملىرىنى تەنقىد قىلىش ئارقىلىق، بارلىق ھەقىقىي ئىنقىلاۋىي كوممۇنىزىمچىلارنى بىرلىككە كەلگەن ئىلمىي سوتسىيالىزىم پروگراممىسىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، كوممۇنىزىملىق پارتىيە قۇرۇپ، خەلقارا كوممۇنىزىم ھەرىكىتىنىڭ تارىخىدا ئۇلۇغ سەھىپە ئاچتى.

1846-يىلىنىڭ بېشىدا، ماركس بىلەن ئېنگېلس بېلگىيىنىڭ بىريۇسسېل شەھىرىدە كوممۇنىزىمچىلار ئالاقىلىشىش كومىتېتىنى قۇردى. بۇ شۇ چاغلاردا ھەر خىل خىيالىي سوتسىيالىزىم ۋە يالغان سوتسىيالىزىم ئېقىملىرى ئۈستىدە ئىنقىلاۋىي تەنقىد ئېلىپ بېرىش ۋە ئىنقىلاۋىي كوممۇنىزىمچىلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئەڭ ياخشى تەشكىلىي شەكىل ئىدى. چۈنكى ئۇ چاغلاردا، بىر مەملىكەتتە كوممۇنىستىك پارتىيىنى تەشكىللەشنىڭ شەرت-شارائىتى تېخى ھازىرلانمىغان ئىدى، پەقەت خەلقارالىق كوممۇنىستىك پارتىيە قۇرۇشقىلا بولاتتى. ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ ئۆيى بويىچە بولغاندا، بۇ پارتىيە ھەرقايسى ئەللەردىكى ئىلغار كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلىشى لازىم ئىدى. بىريۇسسېل كوممۇنىزىمچىلار ئالاقىلىشىش كومىتېتى ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ خەلقارالىق كوممۇنىستىك پارتىيە قۇرۇشتىكى بىر كونكرېت قەدىمى بولۇپ

قالدى. ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، كوممۇنىزمچىلار ئالاقىلىشىش كومىتېتى گېرمانىيە، فرانسىيە، بېلگىيە ۋە ئەنگلىيە قاتارلىق نۇرغۇن ئەللەردىكى كوممۇنىزمچىلار ۋە ئىشچىلار تەشكىلاتلىرى بىلەن دائىملىق ئالاقە ئورناتتى، بىر تۈركۈم ئىلغار ئىشچىلارنى كوممۇنىزم ھەركىتىگە جەلپ قىلدى، بىريۇسسېل شەھىرىنى مەركەز قىلىپ، كەڭ دائىرىدىكى ئالاقىلىشىش تورىنى قۇرۇپ، ئۆزئارا ئاخبارات ئالماشتۇرۇشۇپ تۇردى، ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىسىنى تەشۋىق قىلدى، خاتا كۆزقاراشلارنى تەنقىت قىلدى، بۇنىڭ بىلەن پارتىيە قۇرۇش ئۈچۈن ئىدىيىۋى ئاساس ئورناتتى ۋە كادىر يېتىشتۈردى.

ماركس بىلەن ئېنگېلس ھەرقايسى ئەل ئىشچىلار تەشكىلاتلىرى بىلەن ئالاقە ئورناتقان چاغدا، گېرمانىيىدىكى "ھەققانىيەتچىلەر ئىتتىپاقى"غا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. بۇ تەشكىلات چەتئەللەردە سەرگەردانلىق بىلەن جاھاندارچىلىق قىلىپ يۈرگەن گېرمانىيە قول سانائەتچىلىرى تەرىپىدىن 1836-يىلى پارىژدا قۇرۇلغان ئىدى. 1839-يىلى 5-ئايدا، "ھەققانىيەتچىلەر ئىتتىپاقى"نىڭ ئەزالىرى پارىژدا بلانكىزمچىلار قوزغىغان قوزغىلاڭغا قاتناشتى. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىتتىپاقنىڭ مەركىزى لوندونغا كۆچۈرۈلدى، ئۇنىڭ تارماقلىرى بولسا چاپسانلا نۇرغۇن ئەللەرگە يېيىلىپ كەتتى-دە، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ كۈنسايىن خەلقارالىق خاراكتېر ئالدى. ئۇ چاغدا، "ھەققانىيەتچىلەر ئىتتىپاقى"غا قاتناشقانلار ئىچىدە گېرمانىيىلىكلەرلا بولۇپ قالماستىن، شۋېتسارىيىلىكلەر، سكاندىناۋىيىلىكلەر، گوللاندىيىلىكلەر، ۋېنگىرلار، چېخلار، رۇسلار ۋە يۇگوسلاۋىيىلىكلەرمۇ بار ئىدى. بىراق، بۇ ئىشچىلار تېخى ئىنقىلاۋىي ئىلمىي

www.uyghurkitap.com

تەجرىبە بىلەن قوراللانمىغان ئىدى. "ھەقىقانىيەتچىلەر ئىتتىپاقى" قۇرۇلۇش خىتاپنامىسىدە ئۆزىنىڭ مەقسىدىنى "قانداق ئادەم بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ھېچكىمدىن ئۈستۈنمۇ ئەمەس، تۆۋەنمۇ ئەمەس، ئوپ-ئوخشاش تۇرمۇش كەچۈرىدىغان" تەڭ تەقسىمات ئاساسىدىكى كوممۇنىزىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى جاكالىدى. ئۇنىڭ شوئارى "ھەممە ئىنسان قېرىنداشتۇر" دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ئىتتىپاقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىدىيە ئىنتايىن قالايمىقان ئىدى. دەسلەپتە ھوكۇمرانلىق ئورنىنى ئىگەللىگەنلەر ۋېيتلىڭچىلار بولدى. 1844-يىلىدىن كېيىن، يەنە ئۇششاق بۇرژۇئازىيىگە مەنسۇپ بولغان "ھەقىقىي سوتسىيالىزم" ئېقىمى كىردى، پرۇدوننىڭ سىنىپىي مۇرەسسەچىلىك ئىدىيىسىمۇ گېرمانىيە مۇھاجىرلىرى ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ تەسىرگە ئىگە ئىدى. شۇڭلاشقا، "ھەقىقانىيەتچىلەر ئىتتىپاقى"نى ئىلمىي سوتسىيالىزم يولىغا يېتەكلەش ئۈچۈن بۇ ئېقىملارغا قارشى كۈرەش قىلىش لازىم ئىدى.

ۋىلگېلم ۋېيتلىڭ (1808 — 1871) — گېرمانىيىلىك سەيپۇڭ. ئۇ 1842-يىلى «ئىناقلىق بىلەن ئەركىنلىكنىڭ كاپالىتى» دېگەن ئاساسلىق ئەسىرىنى ئېلان قىلىپ، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى بىكار قىلىش، كوممۇنىزىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. بىراق ۋېيتلىڭنىڭ كوممۇنىزىمى تەڭ تەقسىمات ئاساسىدىكى كوممۇنىزىمدىنلا ئىبارەت ئىدى، ئۇنىڭ كوممۇنىزىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى تاكتىكىسى ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ يوشۇرۇن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىدىن ئىبارەت ئىدى، ئۇ ھەتتا ئۆزىنى قۇتقۇزغۇچ خۇدا دەپ جاكالىدى. ماركس ئۇنىڭغا ئىنتايىن سەۋرچانلىق بىلەن ياردەم بەردى، ئەگەر ئۇ مۇشۇنداق قىلىۋېرىدىغان بولسا، ئىشچىلار ھەركىتىنى ھالاكەت

يولغا كىرگۈزۈپ قويمىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. 1846 ـ يىل 3 ـ ئايدا
بىريۇسسېل ئالاقىلىشىش كومىتېتىنىڭ بىر قېتىملىق يىغىنىدا،
ماركس ئۇنى جىددىي تەنقىت قىلدى. ۋېيتلىڭ ھەرقانداق تەنقىتكە
قۇلاق سالمىدى. ئۇ ئۆزىنى گويا يانچۇقىدا بۇ ئالەمنى جەننەتكە
ئايلاندۇرۇۋېتىدىغان تەييار ھېكمەت بار بىر "ئەۋلىيا" قىلىپ كۆر-
سەتتى ھەمدە باشقىلار مېنىڭ بۇ ھېكمىتىمنى ئوغرىلىماقچى بولۇۋاتىدۇ
دەپ قارىدى. ماركس بىلەن ئېنگېلس نائىلاج ئاشكارا باياناتت
ئېلان قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئادا ـ جۇدا بولغانلىقىنى جاكارلىدى ۋە
ھەرقايسى جايلاردىكى ئالاقىلىشىش كومىتېتلىرىغا ۋېيتلىڭ ئېقىمىدى-
كىلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىپ بەردى.
ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ چاقىرىقى قىزغىن ئاۋاز قوشۇشقا ئىگە
بولدى. لوندون، پارىژ ۋە گېرمانىيەدىكى "ھەقىقانىيەتچىلەر ئىتتى-
پاقى" رەھبەرلىرىنىڭ ھەممىسى ماركس بىلەن ئېنگېلسنى قوللايدى-
غانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ "ھەقىقانىيەتچىلەر
ئىتتىپاقى" دا قولغا كەلتۈرگەن تۇنجى زور غەلىبىسى بولدى.

ئارقىدىنلا ماركس بىلەن ئېنگېلس "ھەقىقىي سوتسىيالىزم"نى
تەنقىت قىلىش كۈرىشىنى باشلىۋەتتى. "ھەقىقىي سوتسىيالىزم"
گېرمانىيە بۇرژۇئا زىيالىيلىرى تەرىپىدىن 1844 ـ يىلى قۇراشتۇرۇلدى،
كېيىن 1845 — 1848 ـ يىللىرى گېرمانىيە بويىچە ئومۇملاشقان بىر خىل
كېسەللىككە ئايلىنىپ قالدى ھەمدە بۇ كېسەل چەتئەللەردىكى گېرمانىيە
مۇھاجىرلىرىغىچە يېيىلىپ يەتتى. "ھەقىقىي سوتسىيالىزم" — فېيېر-
باخنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىكى بىلەن پرۇدوننىڭ خىيالىي پىلانلىرىنىڭ
ئارىلاشمىسىدىن پەيدا بولغان بىر نەرسە ئىدى. ئۇ سوتسىيالىزم
بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، سىنىپىي تىنچلىقنى تەرغىپ قىلدى،

سىنىپتىن تاشقىرى مېھرىۋانلىق بىلەن ئىنسانپەرۋەرلىكنى ئىنقىلاۋىي سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئورنىغا قويىدى، كاپىتالىزم تۈزۈمىنى ئۆزگەرتمىگەن ئەھۋال ئاستىدا نامراتلىقنى يوقاتماقچى، ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئورنىنى ساقلاپ قالماقچى بولىدى. بۇ ئېقىمنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان ھېرمان كرىگې، ئەگەر شىمالىي ئامېرىكىدا بىر مىليارت 400 مىليون مۇ يەر ئاجرىتىپ، نامراتلارغا ھەقسىز تەقسىم قىلىپ بېرىلسە، بۇ زېمىندا بىرىنچى تۈركۈم "جەننەت مېھرىگە تولغان كەنت"لەر بەرپا بولىدۇ، "ياۋروپالىقلارنىڭ ئەلمىساقتىن بۇيان سۈرۈپ كەلگەن خىيالى ئەمەلگە ئاشىدۇ" دەپ، ئامېرىكىدا تەشۋىقات ئېلىپ باردى.

1846-يىل 5-ئايدا، برىيۇسسېل ئالاقىلىشىش كومىتېتىنىڭ پەۋقۇلئاددە يىغىنى كرىگې مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلدى ھەمدە ماركس بىلەن ئېنگېلس تەرىپىدىن يېزىلغان «كرىگېغا قارشى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش"نى ماقۇللىدى. ماركس بىلەن ئېنگېلس مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: كرىگېگە شۇنىڭ ئۈچۈن قارشى تۇرۇش زۆرۈركى، ئۇ كوممۇنىزمنى يەنى پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاۋىي يول بىلەن جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش ھەققىدىكى تەلىماتىنى مېھرىۋانلىق توغرىسىدىكى ئالجىۋاقا سۆزلەرگە ئۆزگەرتىۋەتتى، بۇ خىل جۆيلۈشلەرنى "ئەگەر ئىشچىلار قوبۇل قىلىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى چۈشكۈنلەشتۈرىدۇ"①. ماركس بىلەن ئېنگېلس يەنە كرىگې تەرغىپ

---

① ماركس-ئېنگېلس. «كرىگېغا قارشى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش». «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1979-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 150-بەت.

قىلغان، گويا نامرات پۈروليتارلار ئۇششاق خۇسۇسى مۈلۈكدارلارغا ئايلاندۇرۇۋېتىلسە، بارلىق ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ، دەيدىغان سەپسەتىگە رەھىمسىز تۈردە دەككە بېرىپ، مۇنداق مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدى: زادى قايسى بىر ياۋروپالىق كرېگېنىڭ كوزقارىشى بىزنىڭ "چۈشىمىز"نى رېياللىققا ئايلاندۇرىدۇ دەپ قارايدۇ؟ جاۋاپ شۇكى، ئۇنداق قارايدىغانلار ھەرگىزمۇ كوممۇ-نىزىمچى ئىشچىلار ئەمەس! بەلكى ئامېرىكىدا تەلىيى ئوڭىدىن كېلىپ قېلىشىنى ئۈمىت قىلىدىغان ئۇششاق بۇرژۇئازلاردىن ئىبارەت، خالاس. "ھەقىقىي سوتسىيالىزم"غا قارشى كۈرەش ئەنە شۇنداق باشلىنىپ كەتتى.

1846-يىلى 8-ئايدا، ئېنگېلس بىريۇسسېلدىن كومىتېتنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن پارىژغا بېرىپ بۇ كۈرەشنى داۋاملاشتۇردى، چۈنكى، پارىژدا بۇ ئېقىمنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى بولغان كارل گرۈن ھەركەت قىلىۋاتاتتى. گرۈن پرۇدوننىڭ ئەسەرلىرىنى ئىنقىلاۋىي كوممۇنىزىمغا قارشى تۈرۈشنىڭ قورالى قىلىۋالدى. بۇ چاغدا پرۇدون ئاپ-ئاشكارا ھالدىلا ئىنقىلاۋىي كوممۇنىزىمنىڭ دۈشمىنى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى، ئۇ 1846-يىلى "نامراتلىق پەلسەپىسى" دىگەن كىتاپنى يېزىپ، ئىنقىلاۋىي كۈرەش ئۇسۇلىغا كەسكىن قارشى چىقىپ، ئىنقىلاۋىي كوممۇنىزىمغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى. شۇڭلاشقا، "ھەقىقىي سوتسىيالىزم"غا قارشى تۇرغان چاغدا، پرۇدونىزىمغىمۇ قارشى تۇرماي بولمايتتى. ئېنگېلس پارىژدا "ھەققانىيەتچىلەر ئىتتىپاقى"نىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ، ئىشچىلارغا تارىخىي ماتېرىيالىزم قائىدىلىرى، جۈملىدىن گېرمانىيىنىڭ تارىخىي ۋە رېيال ئەھۋالى توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلەش ئارقىلىق، ئىشچىلارنىڭ ئېڭىنى ئۆستۈردى.

ئېنگېلس پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسىغا خاس ئىنقىلابىي قىزغىنلىق بىلەن، "ھەقىقىي سوتسىيالىزم"غا ۋە پرۇدونىزمغا قارشى كۈرەش ئېلىپ باردى. ئېنگېلس زورلۇق كۈچ بىلەن ئىنقىلاب قىلىش لازىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى، "ھەقىقىي سوتسىيالىزم" بىلەن پرۇدونىزمنىڭ بۇ تۈپ مەسىلىدىكى پرولېتارىياتقا قارشى ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلىدى. كۈرەش كەسكىن بولدى، دائىم ئۇدا بىرقانچە ئاخشام يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، مۇنازىرىلىشىشكە توغرا كېلەتتى. ئېنگېلس ئىشچىلارغا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: كوممۇنىزمچىلارنىڭ تەشەببۇسى مۇنۇلار: (1) پرولېتارلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش؛ (2) بۇنىڭ ئۈچۈن خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى يوقىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مۈلۈك ئومۇملۇقىنى دەسسىتىش؛ (3) بۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ زورلۇق كۈچ بىلەن ئىنقىلاپ قىلىشتىن باشقا تەدبىرىنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلماسلىق①. ئېنگېلسنىڭ سۆزى ئىشچىلارنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولدى. "ھەقىقىي سوتسىيالىزم"چىلار ئاقىۋەت مەغلۇپ بولدى.

پرۇدونىزمنى ئۈزۈل-كېسىل تەنقىد قىلىش ئۈچۈن، ماركس 1847-يىلى پرۇدوننىڭ «نامراتلىق پەلسەپىسى»گە جاۋابەن «پەلسەپە نامراتلىقى»نى يازدى. ماركس «پەلسەپە نامراتلىقى»دا پرۇدوننىڭ مېتافىزىكىسىنى ئېچىپ تاشلىدى. پرۇدون، دۇنيادا بىرخىل ئەبەدىل-ئەبەت ئۆزگەرمەيدىغان ھەقىقانىيەت بار، بۇ ھەقىقانىيەت

① ئېنگېلس. «بىريۇسسېل كوممۇنىزمچىلار ئالاقىلىشىش كومىتېتىغا يېزىلغان خەت (1846-يىل 10-ئاينىڭ 23-كۈنى)». «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 27-توم، 71-بەتتىن پايدىلىنىلدى.

كەلگۈسى جەمئيەتنىڭ ئاساسى بولۇشى كېرەك، دەپ قارايتتى. ماركس دىيالېكتىكا ئارقىلىق پرۇدون بىلەن كۈرەش قىلدى. ماركس ئىسپات كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: دۇنيادىكى ھەممە نەرسە ئۆزگىرىدۇ، تارىخ مەڭگۈ ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ؛ "ئەبەدىل-ئەبەت ئۆزگەرمەيدىغان ھەققانىيەت" دېگەن نەرسە بىرخىل مېتافىزىكىلىق جۆيلۈشتىنلا ئىبارەت، خالاس. ماركس يەنە پرۇدوننىڭ زىددىيەتنى مۇرەسسەلەشتۈرۈش، قارىمۇ-قارشىلىقنى مۇرەسسەلەشتۈرۈشنى قارىمۇ-قارشىلىقنىڭ كۈرىشى ئورنىغا دەسسەتمەكچى بولغانلىقىدەك بىمەنىلىكىنى ئېچىپ تاشلىدى، قارىمۇ-قارشى تەرەپلەر كۈرىشىدە دىيالېكتىكىلىق ھەرىكەت شەكىللىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. ماركس ئۆزىنىڭ ئىنقىلاۋىي دىيالېكتىكىسى ئارقىلىق كاپىتالىزىم جەمئيىتىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى تەھلىل قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنىڭ مۇقەررەرلىكىنى دەلىللەپ بەردى ھەمدە يېڭى جەمئيەتنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان پرولېتارىياتنىڭ ئالەمشۇمۇل تارىخىي ۋەزىپىسىنى كۆرسىتىپ بەردى.

**كوممۇنىزىمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلۇشى** ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ ھەرخىل خىيالىي سوتسىيالىزىم ۋە ئاغمىچىلىق ئېقىملىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى "ھەققانىيەتچىلەر ئىتتىپاقى" ئەزالىرىنىڭ كۆزقاراشلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولدى، ئۇلارنى ئىلمىي سوتسىيالىزىم نەزەرىيىسىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەندۈردى، ئىتتىپاقنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشنىڭ زۆرۈرلۈكىگىمۇ ئىشەندۈردى. 1847-يىل 2-ئايدا، ماركس بىلەن ئېنگېلس ئىتتىپاق رەھبەرلىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئىتتىپاققا ئەزا بولدى ھەمدە 6-ئايدا لوندوندا بۇ ئىتتىپاقنىڭ 1-قۇرۇلتىيىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۇنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل-

لەپ، تارىختا ئىلمىي سوتسىيالىزىم نەزەرىيىسىنى ئۆزىگە يېتەكچى قىلغان تۇنجى پۇرولېتارىيات پارتىيىسى — كوممۇنىزىمچىلار ئىتتىپاقىنى قۇردى.

ئېنگېلس بۇ قۇرۇلتايغا قاتناشتى ۋە ئىتتىپاقنىڭ نىزامنامىسىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ خەلقارا كوممۇنىزىم ھەركىتى تارىخىدىكى تۇنجى پارتىيە نىزامنامىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نىزامنامىنىڭ 1-ماددىسىدا مۇنداق دەپ ئوچۇق بەلگىلەندى: "ئىتتىپاقنىڭ مەقسىدى: بۇرژۇئا ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، پۇرولېتارىياتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئورنىتىش، سىنىپىي قارىمۇ-قارشىلىقنى ئاساس قىلغان كونا بۇرژۇئا جەمئىيىتىنى يوقىتىش ۋە سىنىپسىز، خۇسۇسىي مۈلۈكسىز يېڭى جەمئىيەت قۇرۇش."① نىزامنامىدە، ئىلگىرىكى مەخپىي ھەركەت قىلىش ۋە مەزھەپچىلىككە دائىر بارلىق بەلگىلىمىلەر بىكار قىلىنىپ، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت تەشكىلىي پىرىنسىپ يولغا قويۇلدى. "ھەممە ئىنسان قېرىنداشتۇر" دېگەن تۇتۇق شوئارمۇ ماركس بىلەن ئېنگېلس ئوتتۇرىغا قويغان "پۈتۈن دۇنيا پۇرولېتارلىرى، بىرلىشىڭلار!" دېگەن جەڭگىۋار چاقىرىققا ئالماشتۇرۇلدى. بۇ جەڭگىۋار چاقىرىق ئاستىدا، ماركس بىلەن ئېنگېلس بىرىنچى تۈركۈم پۇرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇردى، بۇلارنىڭ ئىچىدە گېرمانىيىلىكلەرلا ئەمەس، بەلكى فىرانسىيە، ئەنگلىيە، بېلگىيە، شىۋېتسارىيە، پولشا قاتارلىق ئەللەرنىڭ كوممۇنىزىمچىلىرىمۇ بار ئىدى.

---

① ئېنگېلس. «كوممۇنىزىمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ نىزامنامىسى». «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 4-توم، 572-بەت.

قۇرۇلتاي ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ماركسنىڭ رەھبەرلىكىدە، بىريۇسسېلدا كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ شوبە تەشكىلاتى ۋە رايونلۇق تەشكىلاتى قۇرۇلدى. ماركس شوبە تەشكىلات رەئىسى شۇنداقلا رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ سايلاندى. ئېنگېلس بولسا پارىژدا ئىتتىپاقنىڭ يەرلىك تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەش ئىشى بىلەن بولدى.

1847 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 12 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە، كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى 2 ـ قۇرۇلتىيىنى ئۇتكۇزدى. ماركس بىلەن ئېنگېلس قۇرۇلتايغا قاتناشتى. قۇرۇلتاينىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئىتتىپاقنىڭ پۇروگراممىسىنى ئىشلەپ چىقىش ئىدى. بۇ مەسىلىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئۇزۇن مۇددەتلىك كۆرەش بولدى. ئەڭ ئاخىرىدا، قۇرۇلتاي ماركس بىلەن ئېنگېلس ئوتتۇرىغا قويغان پىرىنسىپلارنى بىر ئېغىزدىن ماقۇللىدى ھەمدە ئۇلارغا خىتاپنامە يېزىپ چىقىشنى تاپشۇردى. خىتاپنامە ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا پۈتۈپ چىقتى. مانا بۇ مەشھۇر «كوممۇنىستلىك پارتىيە خىتاپنامىسى» ئىدى، ئۇ 1848 ـ يىل 2 ـ ئايدا دۇنياغا كەلدى.

**«كوممۇنىستلىك پارتىيە خىتاپنامىسى» ـــ خەلقارا كوممۇنىزم ھەركىتىنىڭ تۇنجى جەڭگىۋار پۇروگراممىسى** «كوممۇنىستلىك پارتىيە خىتاپنامىسى» خەلقارا كوممۇنىزم ھەركىتىنىڭ تۇنجى جەڭگىۋار پۇروگراممىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا "يېڭىچە دۇنياقاراش يەنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇزۇل ـ كېسىل ماتېرىيالىزم، تەرەققىيات توغرىسىدىكى ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ چوڭقۇر تەلىمات ـــ دىيالېكتىكا شۇنىڭدەك سىنىپىي كۆرەش توغرىسىدىكى،


Manifest der Kommunistischen Partei.

Veröffentlicht im Februar 1848.

Proletarier aller Länder vereinigt euch.

London.

«كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»نىڭ 1 ـ نەشرى

كوممۇنىستىك يېڭى جەمىيەتنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان پرولېتارىياتنىڭ ئالەمشۇمۇل تارىخىي، ئىنقىلاۋىي ۋەزىپىسى توغرىسىدىكى نەزەرىيە...... بايان قىلىنغان"①.

① لېنىن. «كارل ماركس». «ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى». 1979 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم، 5 ـ بەت.

ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ بۈيۈك تۆھپىسى ئۇلارنىڭ كاپىتالىزمنىڭ مۇقەررەر يوقىلىدىغانلىقىنى، سوتسىيالىزمنىڭ مۇقەررەر غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى ئىلمىي يوسۇندا تەھلىل قىلىش ئارقىلىق دەلىللەپ چىققانلىقىدا؛ ئۇلارنىڭ پۈتۈن دۇنيا پۈرولېتارىياتىغا پۈرولېتارىياتنىڭ بۈيۈك تارىخىي ۋەزىپىسىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكى يەنى بۇ ۋەزىپىنىڭ ئالدى بىلەن بۇرژۇئازىيىگە قارشى ئىنقىلاۋىي كۆرەش ئېلىپ بېرىپ، پۈرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى ئورنىتىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىدە.

ئېنگېلس مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: "«خىتاپنامە»دە باشتىن ئاخىرغىچە سىڭدۈرۈلگەن تۈپ ئىدىيە يەنى ھەر بىر تارىخىي دەۋردىكى ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئۇنىڭدىن مۇقەررەر كېلىپ چىقىدىغان ئىجتىمائىي تۈزۈلمە شۇ دەۋرنىڭ سىياسىي ۋە مەنىۋى تارىخىنىڭ ئاساسى؛ شۇنىڭ ئۈچۈن (ئىپتىدائىي ئومۇمىي يەر مۈلۈكچىلىكى يىمىرىلگەندىن بۇيان) پۈتكۈل تارىخ سىنىپىي كۆرەش تارىخى يەنى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى سىنىپلار بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى، ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپلار بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش تارىخى بولۇپ كەلدى؛ بۇ كۆرەش ھازىر مۇنداق بىر باسقۇچقا يەتتىكى، بۇ باسقۇچتا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى ۋە ئېزىلگۈچى سىنىپ (پۈرولېتارىيات) ئەگەر ئۆزى بىلەن بىللە پۈتكۈل جەمئىيەتنى ئېكسپىلاتاتسىيىدىن، زۇلۇمدىن ۋە سىنىپىي كۆرەشتىن مەڭگۈ خالىي قىلمايدىغان بولسا، ئۆزىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى

ۋە ئەزگۈچى سىنىپ (بۇرژۇئازىيە)تىن بەرىبىر ئازات قىلالمايدۇ"①.

قۇللۇق جەمئىيەتتە، سىنىپىي كۈرەش ئاساسەن قۇللارنىڭ قۇلدارلارغا قارشى كۈرىشى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. فېئوداللىق جەمئىيەتتە، سىنىپىي كۈرەش ئاساسەن دېھقانلارنىڭ پومېشىكلارغا قارشى كۈرىشى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ يوقىلىشى جەريانىدا كاپىتالىستىك جەمئىيەت پەيدا بولغىنى بىلەن، سىنىپىي قارىمۇ-قارشىلىق يوقالمايدۇ. پرولېتارىياتنىڭ بۇرژۇئازىيىگە قارشى كۈرىشى خۇددى بىر تال قىزىل يىپقا ئوخشاش پۈتكۈل كاپىتالىستىك جەمئىيەتكە سىڭگەن بولىدۇ. بۇ كۈرەش — مۇرەسسە قىلغىلى بولمايدىغان، ھايات-ماماتلىق سىنىپىي كۈرەش.

«كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»نىڭ ۋەزىپىسى كاپىتالىزمنىڭ مۇقەررەر يوقىلىدىغانلىقى، سوتسىيالىزمنىڭ مۇقەررەر غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى جاكالاشتىن ئىبارەت. بۇ — ماركس بىلەن ئېنگېلس دىيالېكتىك ماتېرىيالىزمنى تەدبىق قىلىپ كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى تەھلىل قىلىپ چىقارغان ئىلمىي يەكۈن. ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى چوقۇم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ خاراكتېرىغا ئۇيغۇنلىشىش قانۇنىيىتى — ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى. كاپىتالىزم مۇشۇ قانۇنىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا فېئوداللىق تۈزۈم ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان ئىدى، ئەمدى ئۇ مۇشۇ قانۇنىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا جەزمەن ھالاك بولىدۇ.

---

① «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1979-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 394 — 395-بەتلەر.

كاپىتالىستىك جەمئىيەتتە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىقى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن ئىبارەت. بۇ زىددىيەت ئىقتىسادىي كرىزىسنىڭ پارتلىشىغا سەۋەب بولىدۇ، پرولېتارىياتنىڭ بۇرژۇئازىيىگە قارشى كۈرىشىنىمۇ پەيدا قىلىدۇ.

ئىقتىسادىي كرىزىس — كاپىتالىزىمنىڭ مۇقەررەر ھالاك بولىدىغانلىقىنىڭ ئالامىتى. ئۇ چاغدا، زاۋۇتلار تاقىلىپ، ئىشچىلار ئىشسىز قالىدۇ، بۇ ھال خۇددى ھەممە نەرسىنى خاراب قىلىدىغان ۋابا كېسىلىگە ئوخشاش پۈتكۈل كاپىتالىزىم دۇنياسىنى لەرزىگە كەلتۈرىدۇ. بۇ ھال يېڭى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ماسلىشالمايدىغان دەرىجىدە كۈچەيگەنلىكىنى، يېپ-يېڭى بىر ئىجتىمائىي تۈزۈم ئورنىتىپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ يېپ-يېڭى ئىجتىمائىي تۈزۈم سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىن ئىبارەت.

پرولېتارىيات — سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان سىنىپىي كۈچ. «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» مۇنداق بىر تارىخىي دىيالېكتىكىنى ئېچىپ بەردى: كاپىتالىزىمنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، پرولېتارىياتمۇ كۈنسايىن زورىيىپ بارىدۇ، پرولېتارىياتنىڭ بۇرژۇئازىيىگە قارشى كۈرىشىمۇ كۈنسايىن كەسكىنلىشىپ بارىدۇ، ئەڭ ئاخىردا، پرولېتارىيات، مۇقەررەر ھالدا، ئاشكارا زورلۇق كۈچ بىلەن قىلىنىدىغان ئىنقىلاب ۋاستىسى ئارقىلىق بۇرژۇئازىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ.

www.uyghurkitap.com

شۇڭلاشقا «خىتابنامە»دە مۇنداق دەپ يېزىلدى: "بۇرژۇئازىيىنىڭ ھالاك بولۇشى ۋە پۇرولېتارىياتنىڭ غەلىبە قىلىشى ئوخشاشلا مۇقەررەر."①

«كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» پۇرولېتارىياتقا ئۆزلىرىنىڭ كاپىتالىزمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ تارىخىي ۋەزىپىسىنى تونۇشنى ئۆگەتتى.

بۇنى پۇرولېتارىياتنىڭ كاپىتالىستىك جەمئىيەتتىكى سىنىپىي ئورنى بەلگىلىگەن. پۇرولېتارىيات يىرىك سانائەتنىڭ مەھسۇلى. ئۇنىڭ بىلەن ئىلغار ئىقتىسادىي شەكىل — يىرىك ماشىنا سانائىتى باغلىنىشلىق ھەمدە ئۇ يىرىك سانائەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۈزلۈكسىز زورىيىپ بارىدۇ. ئۇ سىياسىي ئالدىن كۆرەرلىككە ئەڭ باي، ئۇ يېڭىچە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، كاپىتالىستىك خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى قومۇرۇپ تاشلاپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىغا ماس كېلىدىغان سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئورنىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا، پۇرولېتارىيات كاپىتالىستىك جەمئىيەتتە ئەڭ قاتتىق ئېزىلىشكە ئۇچرايدۇ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىدىن مەھرۇم بولىدۇ. ئۇلاردا ھېچقانداق نەرسە بولمايدۇ. ئۇ ئىنقىلاپتا كىشەنلىدىنلا ئايرىلىدۇ، پۈتۈن دۇنياغا ئىگە بولىدۇ. ئۇ ئەڭ كۈچلۈك جەڭگىۋارلىققا ئىگە، ئۇ ئەڭ ئومۇمىيەتچىل، ئىنقىلاۋىي ئۈزۈل-كېسىللىككە

---

① ماركس-ئېنگېلس. «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى». «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1979-يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 444-بەت.

ئەڭ باي، ئۇ، پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئازات قىلغاندىلا، ئاندىن ئاخىرقى ھېساپتا ئۆزىمىزنى ئازات قىلالايمىز، دەپ قارايدۇ.

شۇ سەۋەپتىن، «خىتاپنامە» دە مۇنداق كۆرسىتىلىدۇ: "پەقەت پرولېتارىياتلا ھەقىقىي ئىنقىلاۋىي سىنىپ."① "پرولېتارىياتنىڭ ھەركىتى — مۇتلەق كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ مۇستەقىل ھەركىتى، مۇتلەق كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغان مۇستەقىل ھەركەت."②

بۇرژۇئازىيە بىلەن قارىمۇ-قارشى بولغان باشقا سىنىپلارغا كەلسەك، ئۇلارمۇ ئىنقىلاپ قىلىدۇ. ئەمما ئۇلار شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنقىلاۋىي سىنىپلارغا ئايلىنالايدۇكى، ئۇلار "ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى مەيدانىنى تاشلاپ، پرولېتارىيات مەيدانىغا ئۆتەلەيدۇ"③.

پرولېتارىيات قانداق قىلىپ ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىيالايدۇ؟ «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى»دە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلىدۇ: "پرولېتارىيات بۇرژۇئازىيىنى زورلۇق كۈچ بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۆز ھوكۈمرانلىقىنى ئورنىتىشى"④ لازىم، دېمەك، پرولېتارىيات ئىنقىلاۋى ۋە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى پرولېتارىياتنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى مۇقەررەر يول.

---

① ماركس — ئېنگېلس، «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى». «ماركس — ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1979 — يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 — توم، 440 — بەت.

② يۇقۇرىدىكى كىتاپ، 442 — بەت.

③ يۇقۇرىدىكى كىتاپ، 441 — بەت.

④ يۇقۇرىدىكى كىتاپ. 442 — 443 — بەتلەر.

سىنىپىي كۈرەش كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق ئەمەس. بۇرژۇئازىيە ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھوكۇمرانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن بىر يۈرۈش دۆلەت ماشىنىسىنى ئورنىتىپ، پرولېتارىياتنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرىدۇ. شۇنداق ئىكەن، پرولېتارىياتنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن زورلۇق كۈچ بىلەن قىلىنىدىغان ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىلماي مۇمكىن ئەمەس. پرولېتارىياتنىڭ ۋەزىپىسى ئالدى بىلەن قوزغىلىپ ئىنقىلاۋىي كۈرەش ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت. ماركس بىلەن ئېنگېلس پۈتۈن ئۆمۈر بويى سىنىپىي مۇرەسسەچىلىكنى سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىدىغان خىيالىي سوتسىيالىزمچىلار ۋە يالغان سوتسىيالىزمچىلارغا قارشى تۇردى. ئۇلار «خىتاپنامە»دە مۇنداق دەپ يازدى: "كوممۇنىستلار ئۆزلىرىنىڭ نۇقتىئىنەزىرىنى ۋە ئىستەكلىرىنى يوشۇرۇشنى راۋا كۆرمەيدۇ. ئۇلار بارلىق مەۋجۇت ئىجتىمائىي تۈزۈمنى زورلۇق كۈچ بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىلا ئاندىن مەقسىدىگە يېتەلەيدىغانلىقىنى ئاشكارا جاكالايدۇ."①

سىنىپىي كۈرەش مۇقەررەر ھالدا پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. سىنىپىي كۈرەشنى ئېتىراپ قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىمۇ ئېتىراپ قىلغان كىشىلا ماركسىزمچى بولالايدۇ. «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى»دە: "سىنىپىي كۈرەشنىڭ ھەممىسى سىياسىي كۈرەش"② دېگەن

---

① ماركس ـ ئېنگېلس. «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى». «ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1979 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم، 479 ـ بەت.

② يۇقۇرىدىكى كىتاب، 439 ـ بەت.

بىر مەشھۇر سوز بار. دېمەك، سىنىپى كۈرەشنىڭ ھەممىسى مۇقەررەر ھالدا دولەت ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىش كۈرىشىگە راۋاجلىنىپ بارىدۇ. شۇڭلاشقا، «خىتاپنامە»دە مۇنىداق دەپ بەلگىلەنگەن: ئىشچىلار ئىنقىلاۋىنىڭ بىرىنچى قەدىمى "بۇرژۇئازىيىنىڭ ھوكۇمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، ھاكىمىيەتنى پۇرولېتارىياتقا تۇتقۇزۇش"① تىن ئىبارەت. ئاندىن كېيىن، پۇرولېتارىيات ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئىشقا سېلىپ، كاپىتالىستىك خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىكنى يوقىتىدۇ ھەمدە تۇرلۇك ئەنئەنىۋى كوزقاراشلارنى قەتئىي بۇزۇپ تاشلايدۇ.

«كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى» پۇرولېتارىيات پارتىيىسى قۇرۇش تەلىماتىنىڭ ئاساسىي مۇھىم نۇقتىلىرىنى تەييارلاپ بەردى. ماركس بىلەن ئېنگېلس، پارتىيە پۇرولېتارىياتنىڭ ئاۋانگارت قوشۇنى، پۇرولېتارىيات پارتىيە بولمىسا ئازاتلىققا ئېرىشەلمەيدۇ، يەنى ھاكىمىيەتنىمۇ تارتىپ ئالالمايدۇ، ھەمىيەتنىمۇ ئۆزگەرتەلمەيدۇ، دەپ قارايدۇ.

بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، پۇرولېتارىيات پەقەت ئۆزىنىڭ ماركسىزملىق ئىنقىلاۋىي پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئىگە بولۇپ، توغرا لۇشيەن ۋە سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلغاندىلا، ئاندىن مۇستەقىل، بىرلىككە كەلگەن سىنىپ بولۇپ ھەركەت قىلالايدۇ؛ ئاڭلىق ھالدا كاپىتالىزىمغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتەلەيدۇ؛ ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغان بارلىق ئىنقىلاۋىي كۈچلەرنى ئۆزىنىڭ ئەتراپىغا توپلاپ، بۇرژۇئا-

① ماركس — ئېنگېلس. «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى»، «ماركس — ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1979 — يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 — توم، 445 — بەت.

زېمىنىڭ كونا دۇنياسى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، پۇرولېتارىياتنىڭ يېڭى دۇنياسىنى يارىتالايدۇ.

«خىتاپنامە»دە مۇنداق دەپ تەكىتلەپ كۆرسىتىلىدۇ: كومپارتىيە پۇرولېتارىيات سىنىپىنىڭ بىر قىسمى، شۇنىڭ ئۈچۈن، پۈتكۈل سىنىپنىڭ مەنپەئەتى ئۇنىڭ ئۆز مەنپەئەتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، كومپارتىيە يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئاددىي ھالدىلا پۇرولېتارىيات سىنىپىنىڭ بىرقىسمى ئەمەس، ئۇ پۇرولېتارىيات سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت قوشۇنى. "ئەمەلىيەت جەھەتتە، كوممۇنىستلار ھەرقايسى مەملىكەتلەردىكى ئىشچىلار پارتىيىلىرىنىڭ ئەڭ قەتئىي ۋە ھەركەتنىڭ ئىلگىرىلىشىنى باشتىن-ئاخىر ئالغا سۈرىدىغان قىسمى؛ نەزەرىيە جەھەتتە، ئۇلارنىڭ باشقا پۇرولېتارىيات ئاممىسىدىن ئارتۇق يېرى شۇكى، ئۇلار پۇرولېتارىيات ھەركىتىنىڭ شارائىتىنى، بېسىپ ئۆتىدىغان جەريانىنى ۋە ئومۇمىي نەتىجىسىنى چۈشىنىدۇ."① دېمەك، كومپارتىيىنىڭ ئىلغار رولى ئۇنىڭ پۇرولېتارىيات ئىلغارلىرىدىن تەركىب تاپقانلىقى ھەمدە ئۇنىڭ ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىسى بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇرغانلىقى بىلەن بەلگىلىنىدۇ.

بۇ نەزەرىيىنى بىر جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلىساق، ئۇ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى يوقىتىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ مەھسۇلى بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك كۆزقاراشلىرىنىمۇ مۇقەررەر يوسۇندا يوقىتىش دېگەندىن ئىبارەت. شۇڭلاشقا،

---

① ماركس-ئېنگېلس. «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى»، «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1979-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 445-بەت.

كوممۇنىستلار مۇنداق ئىككى نەرسىدىن "ئالاقىنى ئەڭ ئۈزۈل-كېسىل ئۈزۈش"①نى بىجا كەلتۈرۈشى لازىم، ئۇنىڭ بىرى، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك مۇناسىۋەتلىرىدىن ئالاقىنى ئەڭ ئۈزۈل-كېسىل ئۈزۈش، يەنە بىرى، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك كۆزقاراشلىرىدىن ئالاقىنى ئەڭ ئۈزۈل-كېسىل ئۈزۈش. كوممۇنىستلارنىڭ ۋەزىپىسى پۈتكۈل پورولېتارىيات سىنىپى ۋە ئەمگەكچى خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئىنقىلاۋىي كۈرەش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، مۇشۇ ئىككى ئالاقىنى ئۈزۈل-كېسىل ئۈزۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، بۇرژۇئازىيە ۋە بارلىق ئېكسپېلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنى ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچى ئىدىيىسى بىلەن قوشۇپ بىراقلا گۆرىگە تىقىپ، كوممۇنىزىمغا قاراپ مېڭىشتىن ئىبارەت.

«كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى»نىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول، يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان ئاساسلىق مەزمۇنلاردىن باشقا، ئۇنىڭدا يەنە كوممۇنىستلارنىڭ بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاپتىكى تاكتىكىلىق لۇشيەنىمۇ شەرھىلەندى، تۈرلۈك خىيالىي سوتسىيالىزم ۋە يالغان سوتسىيالىزم ئېقىملىرىنىڭ سەپسەتىلىرى تەنقىت قىلىندى، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەكسىيەتچىل داۋراڭلىرىمۇ تەنقىت قىلىندى.

پورولېتارىيات مۇستەقىل ھالدا سىياسىي سەھنىگە چىققان چاغدا، بۇرژۇئازىيە چۇقان كۆتىرىشىپ، پورولېتارىيات بۇرژۇئازىيىنىڭ مال-مۈلكىنى يوقاتماقچى، شۇنىڭ بىلەن بۇرژۇئا مۈلۈكچىلىكىنى

---

① ماركس-ئېنگېلس، «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى»، «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1979-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 457-بەت.

يوقاتماقچى دېيىشكەن ئىدى. ماركس بىلەن ئېنگېلس «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى»دە مەردانىلىق بىلەن مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: "توغرا، بىز راستلا شۇنىداق قىلماقچىمىز."① "ھۆكۈمران سىنىپلار كوممۇنىستىك ئىنقىلاب ئالدىدا غال-غال تىترىسۇن. پرولېتارلار بۇ ئىنقىلابتا پەقەت كىشەندىنلا ئايرىلىدۇ. ئۇلار پۈتۈن دۇنياغا ئىگە بولىدۇ".②

ماركس بىلەن ئېنگېلس «پۈتۈن دۇنيا پرولېتارلىرى، بىرلە- شىڭلار!» دېگەن ئۇلۇغ چاقىرىقنى «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنا- مىسى»نىڭ تەنتەنىلىك خاتىمىسى قىلدى.

1848-يىل 2-ئايدا «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى»نىڭ ئېلان قىلىنغانلىقى ماركسىزمنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ نامايەندىسى بولدى، خەلقارا كوممۇنىزم ھەركىتىدە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يېڭى بىر تارىخىي دەۋر باشلاندى. ماركس بىلەن ئېنگېلس «خىتاپنامە» دىكى ئۇلۇغ غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ئومۇرۋايەت كۈرەش قىلدى، ئۇلار «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى» ئۈچۈن يېزىپ بەرگەن 7 پارچە شانلىق سۆز بېشى «خىتاپنامە»دىكى تۈپ ئىدىيىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدىكى راۋاجى، شۇنىداقلا ئۇنىڭ ھەرقايسى ئەللەرگە تارقالغانلىقى توغرىسىدىكى غەلىبە خاتىرىسى بولدى. 100 نەچچە يىلدىن بۇيان، ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيە-

---

① ماركس-ئېنگېلس. «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى». «ماركس- ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1979-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 449-بەت.

② يۇقۇرىدىكى كىتاب، 479-بەت.

نىڭ ئاغمىچىلىققا، شيۇجېڭجۇيىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنىڭ غەلىبىسىمۇ «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى» دىكى تۈپ پىرىنسىپلارنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. بۇ كۈرەش ئاخىرلاشمىغان تېخى ناھايىتى يىراق، شۇڭلاشقا «خىتاپنامە»نىڭ تۈپ قائىدىلىرىنى ئۆگىنىش، قوغداش ۋە جارى قىلدۇرۇش ھىلىھەم پۈتۈن دۇنيا پۈرولىتارىياتىنىڭ مۇھىم بىر جەڭگىۋار ۋەزىپىسى.

## ئالتىنچى باپ

# 1848-يىلدىكى ياۋروپا ئىنقىلاۋى ۋە 50 — 60-يىللاردىكى بۇرژۇئا مىللىي دېموكراتىك ھەركىتى

«كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى» دۇنياغا كەلگەن پەيتتە، ياۋروپادا داغدۇغىلىق بىر ئىنقىلاپ پارتلىدى. 1848-يىلدىكى ئىنقىلاپ روسىيىنىڭ تاشايىندىكى پۈتكۈل ياۋروپاغا بېرىپ يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە فرانسىيە فېۋرال ئىنقىلاۋى بىلەن گېرمانىيە مارت ئىنقىلاۋىنىڭ تەسىرى ھەممىدىن چوڭ بولدى. فرانسىيە، گېرمانىيە ئىنقىلاپلىرىنىڭ تۈرتكىسى ۋە ئىلھامى ئاستىدا، شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپادىكى ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ ئازاتلىق ھەركەتلىرى تازا ئەۋج ئالدى. پارىژ ئىشچىلىرىنىڭ ئىيۇن قوزغىلىڭى 1848-يىلدىكى ئىنقىلاپنى ئەڭ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتەردى.

ياۋروپا ئەللىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تەكشى ئەمەس ئىدى. ئوخشاش بولمىغان دۆلەتلەر دۈچ كەلگەن ئىنقىلاپلارنىڭ ۋەزىپىلىرىمۇ ئوخشاش ئەمەس ئىدى، لېكىن ئۇلار، ئوبيېكتىپ تارىخىي مەزمۇنىدىن ئالغاندا، بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاپ خاراكتېرىدا ئىدى، يەنى ئۇلار فېودالىق تۈزۈمىنى يوقىتىپ، يات مىللەتنىڭ زۇلمىنى يوقىتىپ، مۇستەقىل، بىرلىككە

كەلگەن مىللىي دۆلەت قۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئىدى. لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: "1793-يىلى بىلەن 1848-يىلى، مەيلى فرانسىيەدە، گېرمانىيەدە بولسۇن، ياكى پۈتكۈل ياۋروپادا بولسۇن، **بۇرژۇئا** دېموكراتىك ئىنقىلاپ **ئوبيېكتىپ ھالدا** كۈنتەرتىپكە قويۇلدى. 'ھەقىقىي مىللىي' پۇروگىراما يەنى شۇ چاغدىكى دېموكراتىيەچىلەرنىڭ **بۇرژۇئا** مىللىي پۇروگىراممىسى مۇشۇنداق **ئوبيېكتىپ** تارىخىي ۋەزىيەتكە ماس كېلەتتى...... شۇ چاغدا **ئوبيېكتىپ جەھەتتە** فېئودال سۇلالە ئۇرۇشىغا قارىمۇ-قارشى ھالدا ئىنقىلاۋىي دېموكراتىك ئۇرۇش، مىللىي ئازاتلىق ئۇرۇش تۇراتتى. بۇ دەۋرنىڭ تارىخىي ۋەزىيىتىنىڭ مەزمۇنى ئەنە شۇنداق."①

1848-يىلدىكى ئىنقىلاپ ئىلگىرىكى بۇرژۇئا ئىنقىلاپلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. بىرىنچىدىن، پۇرولېتارىيات ياۋروپادىكى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان مەملىكەتلەردە مۇستەقىل سىياسىي كۈچكە ئايلاندى، ئۇلار ئۆز سىنىپىنىڭ تەلىۋى بىلەن تارىخ سەھنىسىگە چىقتى ۋە بۇ بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاپلىرىغا ئۆزىنىڭ تامغىسىنى باستى. ئىككىنچىدىن، ياۋروپا بۇرژۇئازىيىسى فېئوداللىزمغا قارشى ئىنقىلاپ ئېلىپ بېرىشقا ئىنتىلگەن چاغدا، ئۆزىنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان جۇشقۇن ياۋروپا پۇرولېتارىياتىدىن قورقتى، ئۇلارنىڭ ئىنقىلاۋىيلىقى كېچىكلەپ كەتتى، ئۇلار ھەممە يەردە ئىنقىلاپتىن يۈز ئۆرۈدى. ئۈچىنچىدىن، كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەردە، مىللىي زىددىيەت ئىنقىلاپنىڭ ئاساسىي زىددىيىتى ئىدى،

① لېنىن. «جۇنيۇسنىڭ كىتابچىسى ھەققىدە». «لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 2-توم، 856-بەت.

تولىنىچىدىن، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىنقىلاپلىرى ياۋروپادىكى ئەكسىيەتچىل فېوداللىق تەرتىپلەرنى ئېغىر دەرىجىدە زەخىملەندۈردى، جۈملىدىن ياۋروپا فېوداللىزىمىنىڭ ئەكسىيەتچى تۈۋرۈكى بولغان چارروسىيىگە زەربە بەردى.

1848 ـ يىلدىكى ئىنقىلاپ بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى، ئۇ ياۋروپا بۇرژۇئازىيىسى رەھبەرلىك قىلغان ئىنقىلاپنىڭ ئاخىرىغا يېتىپ قالغانلىقىدىن، پرولېتارىيات رەھبەرلىك قىلغان ئىنقىلاپنىڭ ئالدىنقى شەرتىنىڭ تېخى پىشىپ يېتىشمىگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ياۋروپانىڭ 50 ــ 60 ـ يىللاردىكى مىللى دېموكراتىك ھەركەتلىرى ئاخىر بېرىپ "يۇقۇرىدىن تۆۋەنگىچە" بولغان ئىسلاھاتقا ئايلىنىپ كەتتى.

## 1 ـ بۆلۈم 1848 ـ يىلدىكى ياۋروپا ئىنقىلاۋى

**فرانسىيە فېۋرال ئىنقىلاۋى** 1845 ــ 1846 ـ يىللىرى ياۋروپادا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى كېمىيىپ كەتكەن ئىدى. پومېشچىكلار، كاپىتالىستلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بېسىمدارلىق قىلىپ، دېھقانلارغا بولغان زۇلمىنى كۈچەيتتى. 1847 ـ يىلى، ئەنگلىيىدىن باشلانغان سودا ـ سانائەت كرىزىسى پۈتكۈل ياۋروپاغا يامراپ، زاۋۇتلار ئارقا ـ ئارقىدىن تاقىلىپ، ئىشچىلار كوپلەپ ئىشسىز قالدى. ئىشچىلار سىنىپى ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇشى بەك ناچارلىشىپ كەتتى، مىليونلىغان ئادەملەر ئىنتايىن نامرات ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى، ئەكسىيەتچى ھوكۇمرانلارنىڭ زۇلمى ۋە ئېكسپلاتاتسىيىسى بولسا

بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتتى. سىنىپىي زىددىيەت تېزدىنلا كەسكىنلىشىپ كەتتى. 1847-يىلدىن كېيىن، ياۋروپادىكى ھەممە مەملىكەتلەردە دىگۈدەك ئىشچىلارنىڭ ئىش تاشلاش ھەرىكەتلىرى ۋە خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى يۈز بەردى. بەزى دۆلەتلەردە ئوتتۇرا ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرۇش كەيپىياتىمۇ كۈچىيىپ كەتتى.

ھەر خىل ئىنقىلاۋىي سوتسىيالىستىك ئىدىيىلەرنىڭ تارقىلىشى، ئالدى بىلەن، ماركس، ئېنگېلسلەرنىڭ دەسلەپكى دەۋرلەردىكى ئىنقىلاۋىي پائالىيەتلىرى ئىشچىلار سىنىپى ئىچىدىكى ئىلغار تەبىقىدىكىلەرنىڭ يېڭى سوتسىيال جۇمھۇرىيەت قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىغا ئىلھام بولدى.

1848-يىلدىكى ئىنقىلاپ ئەنە شۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا پارتلىدى.

1830-يىلدىن 1848-يىلغىچە فرانسىيىگە ئېيۇل سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئېيۇل سۇلالىسى بۇرژۇئازىيە ئىچىدىكى بىر گۇرۇھنىڭ مەنپەئەتىگىلا يەنى بانكا ئىگىلىرى، سودا سارىيى كاروللىرى، تۆمۈريول كاروللىرى ۋە كاپىتالىستىك چوڭ يەر ئىگىلىرىنىڭ مەنپەئەتىگىلا ۋەكىللىك قىلاتتى. ئېيۇل سۇلالىسى پۇل مۇئامىلە ئاقسۆڭەكلىرى دىكتاتۇرىلىغىدىن ئىبارەت بولۇپ، پادىشا لۇئى-فىلىپ ۋە ھۆكۈمەت باشلىغى گىزو ئۇنىڭ ۋەكىلى ئىدى.

ئېيۇل سۇلالىسىنىڭ ئىجرا قىلغان سىياسىتى مۇشۇ بىر ئوچۇم پۇل-مۇئامىلە ئاقسۆڭەكلىرى ئۈچۈنلا خىزمەت قىلاتتى. ئۇ سايلام سالاھىيىتىنى ناھايىتى يۇقۇرى بەلگىلىگەچكە، 36 مىليون ئاھالىدىن ئاران 200 نەچچە مىڭ ئادەم سايلام ھوقۇقىغا ئىگە بولالىدى؛

ئىشلەپچىقىرىش ۋە تاۋار سېتىشنى باشقۇرۇشنىڭ مەنپەئەتدارلىق ھوقۇقىنى تامامەن پۇل ـ مۇئامىلە ئاقسۆڭەكلىرىگە بەردى؛ باجنى يىلدىن ـ يىلغا ئاشۇرۇپ، ئەمگەكچى خەلق ئۈستىدىكى سېلىقنى ئېغىرلاشتۇردى؛ بارلىق خەلق ھەركەتلىرىنى بولۇپمۇ ئىشچىلار ھەركىتىنى دەھشەتلىك تۈردە باستۇردى. ماركس ئىيۇل سۇلالىسىنى "فرانسىيىنىڭ مىللى بايلىقىنى شىلىدىغان ھەسسىدارلىق شىركىتى"① دېگەن ئىدى. شۇڭا، ئىيۇل سۇلالىسى يالغۇز ئىشچىلار سىنىپى ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ نەپرىتىگە ۋە قارشىلىقىغا ئۇچراپلا قالماستىن، سانائەت بۇرژۇئازىيىسى ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭمۇ نارازىلىقىغا ھەم ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى.

1848 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا، فرانسىيە جەمئىيىتىدىكى سىنىپلار ھەركەتكە كېلىشكە باشلىدى. مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىشچىلارنىڭ نامايىشلىرى ۋە دېھقانلار ھەركەتلىرى مەيدانغا كەلدى. پارىژ ۋە باشقا چوڭ شەھەرلەردە مەخپى ئىنقىلاۋىي كۇلۇبلار بارلىققا كەلدى. بۇلار، ئەمەلىيەتتە ھەرقايسى جايلاردىكى خەلق ئىنقىلاۋىنىڭ رەھبەرىي كۈچى ئىدى. ئاساسەن سانائەت بۇرژۇئازىيىسىدىن تەركىپ تاپقان بۇرژۇئا جۇمھۇرىيەتچىلىرى پەقەتلا گىزو ھوكۇمىتىدىن سايلام سالاھىيىتىنى تۆۋەن چۈشۈرۈپ، ئۆزلىرىنى ھوكۇمەتكە قاتناشتۇرۇشنى ۋە سۇلالىنى جۇمھۇرىيەتكە ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلدى؛ ئۇلار باشقا ھەرقانداق ئىجتىمائى ئىسلاھاتقا قارشى تۇردى. ئاساسەن ئۇششاق

---

① ماركس. «1848 ـ يىلدىن 1850 ـ يىلغىچە فرانسىيىدە بولغان سىنىپىي كۈرەش». «ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1979 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم، 657 ـ بەت.

بۇرژۇئازىيىدىن تەركىب تاپقان دېموكراتىيىچىلەر ئومۇمى سايلام ھوقۇقىنى ھىمايە قىلدى ۋە مەلۇم ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلارنى يولغا قويۇشنىڭ زورۇرلۇگىنى ئېتىراپ قىلدى. لېكىن جۇمھۇرىيەتچىلەرمۇ، دېموكراتىيىچىلەرمۇ كەڭ كۆلەملىك خەلق ھەركەتلىرىدىن قورقاتتى. بۇرژۇئازىيە مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا "زىياپەت" نامى بىلەن، ئاممىۋى خاراكتېرلىق سىياسىي يىغىلىشلارنى ئۆتكۈزۈپ، ئىسلاھاتنى تەرغىب قىلدى. ئۇلار مۇشۇنداق تېچ زىياپەت ھەركىتى ئارقىلىق خەلقنىڭ ئىنقىلاۋىي ھەركەتلىرىنى چەكلەشنى ئۈمىد قىلاتتى. گىزو ھۆكۈمىتى بولسا، ھەرقانداق ئىسلاھاتنى جاھىللىق بىلەن رەت قىلدى. ئۇ سايلام سالاھىيىتىنى تۆۋەن چۈشۈرۈشنى تەلەپ قىلغان بۇرژۇئازىيىگە تەنە بىلەن جاۋاپ بېرىپ: "سىلەر باي بولۇڭلار، شۇنداق قىلساڭلار سايلىغۇچى بولالايسىلەر" دېدى.

جەمىيەتتىكى ھەممە سىنىپلار دىگۈدەك ئىيۇل سۇلالىسىنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرغان ئىدى. فرانسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ كۆنتەرتۆۋىگە قويۇلغان ۋەزىپە ئىيۇل سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، پۇل-مۇئامىلە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تەنھا ھۆكۈمرانلىغى توسقۇنلۇق قىلىپ كەلگەن فرانسىيە كاپىتالىزىمىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى.

1-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، ھۆكۈمەت بۇرژۇئا جۇمھۇرىيەتچىلىرىنىڭ قەرەللىك "زىياپىتى"نى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتتى، بارلىق سىياسىي يىغىلىش ۋە نامايىشلارنى مەنئى قىلدى ۋە زورۇر تېپىلغاندا قورال ئىشلەتمەكچى بولدى. بۇرژۇئازىيە باش ئېگىشكە باشلىدى. پارىژدىكى ئىشچىلار ۋە كەڭ ئامما بولسا، ئۇلارغا پىسەنت قىلىپمۇ قويمىدى. 2-ئاينىڭ 22-كۈنى، پارىژ ئىشچىلىرى، ئوقۇغۇچىلىرى، ئاھالىلىرى



ئىنقىلاۋىي ئامما پادىشانىڭ "تەختى"نى كويدۇرۇۋەتتى

داغدۇغىلىق نامايىش ئۆتكۈزدى، "يوقالسۇن گىزو! ياشىسۇن ئىنقىلاپ!" دېگەن شوئارلار پۈتۈن شەھەرنى قاپلىدى. شەھەر رايونى ۋە شەھەر ئەتراپىدا كوچا ئۇرۇشى بارىكادىلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئەتىسى نامايىش قوراللىق قوزغىلاڭغا ئايلىنىپ كەتتى. ئىنقىلاۋىي ئامما ھوكۇمەت ئارمىيىسىگە قارشى جىددى كوچا ئۇرۇشى ئېلىپ باردى. ئارمىيە ئىككىلىنىشكە باشلىدى. ئالاقزادە بولۇپ قالغان لۇئى-فىلىپ گىزونىڭ ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاپ، ھوكۇمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش مەسىلىسى توغرىسىدا سوھبەت ئۆتكۈزۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇرژۇئازىيە بەك خوشال بولۇپ كېتىپ، مۇرەسسەلەشمەكچى بولدى. ئىشچىلار ۋە كەڭ ئامما پادىشالىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، جۇمھۇرىيەت قۇرۇشنى قەتئى تەلەپ قىلدى. قوراللىق

ئىشچىلار بىر كېچىنىڭ ئىچىدىلا 1 مىڭ 500دىن ئارتۇق كوچا ئىستىھكاملىرىنى قۇردى. شۇنداق قىلىپ، قوزغىلاڭ تېزدىنلا كېڭىيىپ كەتتى. 24 ـ كۈنى ئەتىگەنلىكى، خەلق "يوقالسۇن لۇئى ـ فىلىپپ!" دەپ شوئار توۋلىغان پېتى پادىشا ئوردىسىغا بېسىپ كىردى. لۇئى ـ فىلىپپ ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈشكىمۇ ئۈلگۈرمەي، ئالدىراپ ـ تېنەپ ئەنگلىيىگە قېچىپ كەتتى. قوزغىلاڭچى خەلق پادىشانىڭ "تەختى"نى باستى مەيدانىغا ئاپىرىپ كويدۇرۇۋەتتى. فرانسىيىدىكى ئىشچىلار ۋە ئىنقىلاۋىي ئاممىنىڭ سۇلالىسىنى بىر يولىلا تارىخنىڭ ئەخلەت دۆۋىسىگە سۈپۈرۈپ تاشلىۋەتتى. فېۋرال ئىنقىلاۋى غەلىبە قىلدى.

لېكىن ئىنقىلاپنىڭ غالىبىيەت مېۋىسىنى بۇرژۇئازىيە ئاسانلا ئوغرىلىۋالدى. يېڭى قۇرۇلغان ۋاقىتلىق هوكۇمەت تەركىۋىدىكى 11 ئادەمنىڭ 7سى جۇمھۇرىيەتچىلەر (لامارتىن، ئاراگو، دۈپون قاتارلىقلار)، 2 سى دېموكراتىيىچىلەر (لېدرۇ ـ روللىن ۋە فلوكون) ئىدى، قالغان 2 سى ئۇششاق بۇرژۇئا سوتسىيالىزمچىسى لۇئى بلان ۋە ئىشچى ئالبېرت ئىدى. فرانسىيە ئىشچىلىرى كېيىنكى 2 ئادەمنى ئۆزلىرىنىڭ ۋەكىلى دەپ قارىدى. كورۇنۇشتە ۋاقىتلىق هوكۇمەت ئىنقىلاپقا قاتناشقان ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ بىرلەشمىسىدىن ئىبارەت بولسىمۇ، ئەمىلىيەتتە بۇرژۇئازىيىنىڭ ۋەكىللىرى هوكۇمەتتىكى ھەممە مۇھىم ۋەزىپىلەرنى مونوپول قىلىۋالغان ئىدى. بۇرژۇئازىيە پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاۋىي ئاكتىپلىقىدىن قورقاتتى، جۇمھۇرىيەتنى دەرھال جاكارلاشنى خالىمىدى. 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، ئىنقىلاپچى دوختۇر راسپائىل ئىشچىلار ۋەكىللىرى ئومىگىنى شەھەرلىك هوكۇمەتكە باشلاپ بېرىپ، ۋاقىتلىق هوكۇمەتكە: ئەگەر 2 سائەت ئىچىدە جۇمھۇرىيەت جاكارلانمايدىغان بولسا، 200 مىڭ خەلقنى باشلاپ كېلىپ

www.uyghurkitap.com

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنى "سوراقسىز تارتىۋالغان ھۆكۈمەت" دەپ ئۇلۇغلىمايمەن دېگەن ئىدى. ئۇ چاغدا كوچا ئىستىھكاملىرى تېخى بۇزۇلمىغان ئىدى، ئىشچىلار كۈچلۈك قورال كۈچىنى ساقلاپ قالغان ئىدى، پارىژ ئەمەلىيەتتە ئىنقىلاۋىي خەلقنىڭ قولىدا ئىدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئالاقزادىلىك ئىچىدە، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى جاكارلىدى، بۇ فرانسىيە تارىخىدىكى 2-جۇمھۇرىيەت (1848—1852) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىشچىلار سىنىپى ئەسلىدە خەلققە سىياسىي ئەركىنلىكلا بېرىپ قالماستىن، بەلكى ئەمگەكچىلەرنى كاپىتال قۇللۇقىدىن قۇتۇلدۇرالايدىغان جۇمھۇرىيەتكە ئېرىشمەكچى بولغان ئىدى. لېكىن، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىشى بىلەن، جۇمھۇرىيەتنىڭ خاراكتېرى ئاساسىي جەھەتتىن بەلگىلىنىپ بولدى. فېۋرال ئىنقىلاۋى پرولېتارىيات ئۈچۈن كاپىتال ۋە ئىمتىيازنى يوقىتىپ بەرمىدى، بەلكى بۇرژۇئازىيىنىڭ بىر گۇرۇھىنىڭ يەنى پۇل-مۇئامىلە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ دىكتاتۇرىسىنى پۈتكۈل بۇرژۇئازىيىنىڭ دىكتاتۇرىسىغا ئايلاندۇردى. "فېۋرال جۇمھۇرىيىتى ئالدى بىلەن بۇرژۇئازىيە ھۆكۈمرانلىقىنى يەنىمۇ ئومۇمىي يۈزلۈك ھۆكۈمرانلىققا ئايلاندۇرۇشى كېرەك ئىدى: بۇ جۇمھۇرىيەت جاكارلانغانلىقتىن، بارلىق مۈلۈكدارلار سىنىپى پۇل-مۇئامىلە ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن بىر قاتاردا ھاكىمىيەتكە قاتنىشىش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى."①

---

① ماركس، «1848-يىلدىن 1850-يىلغىچە فرانسىيەدە بولغان سىنىپىي كۈرەش». «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1979-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 664-بەت.

فېۋرال ئىنقىلاۋىنىڭ غالىبىيەت مېۋىسى شۇنىڭ ئۈچۈن بۇرژۇئازىيىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىكى، بۇرژۇئازىيىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى تېخى تولۇق ئاشكارا بولمىغان ئىدى، ئۇلار ئىنقىلاپتىن ئىلگىرى ئۇيۇل سۇلالىسىگە قارشى تۇرۇشنى تەرغىپ قىلىپ، ئاممىنىڭ ئىشەنچىگە ئىگە بولۇۋالغان ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىشچىلار سىنىپى ئۇ چاغدا ماركسىزىمدىن ئىبارەت ئىنقىلاۋىي نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىگە ئىگە ئەمەس ئىدى، پرۇدون ۋە لۇئى بىلانلارنىڭ ئۇششاق بۇرژۇئازىيە سوتسىيالىزىمى ئىدىيىسى ئىشچىلار ئارىسىدا يەنىلا كەڭ تارقىلىپ يۈرەتتى. لۇئى بىلان تەرغىپ قىلغان سەپسەتە — زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، بۇرژۇئازىيە بىلەن "ھەمكارلىشىپ" "سوتسىيال دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت" قۇرۇش دېگەن سەپسەتىنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭ ئىدى. فېۋرال ئىنقىلاۋى غەلىبە قازانغان چاغدىكى فرانسىيە ئىشچىلىرى ئومۇمىي يۈزلۈك ھالدا، ھوكۇمەتتە ئۆزىمىزنىڭ ۋەكىللىرى بولسىلا، ئۆز تەلەپلىرىمىزنى ئىشقا ئاشۇرالايمىز، دەپ قارايتتى. شۇڭا، ئۇلار ھاكىمىيەتنى ئاسانلا بۇرژۇئازىيىگە تاپشۇرۇپ قويدى. لۇئى بىلان — پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئۆزىنى يوغان ئادەم قىلىپ كۆرسىتىشنى ياخشى كۆرىدىغان بۇ پەتەك بىر تىپىك ئاغمىچى ئىدى، ئۇ ۋاقىتلىق ھوكۇمەت ئىچىدە پۈتۈنلەي بۇرژۇئازىيىنىڭ قۇيرۇقچىسى بولدى، ئىنقىلاپتا ئىنتايىن زىيانلىق رول ئوينىدى.

لېكىن قانداقلا بولمىسۇن، ئىشچىلار فرانسىيە 2-جۇمھۇرىيىتىگە "سوتسىيال جۇمھۇرىيەت" دېگەن نامنى باستى. ئۇلار ئومۇمىي سايلام ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈردى؛ ۋاقىتلىق ھوكۇمەتنى ئەمگەك ھوقۇقى پەرمانى ۋە ئەمگەك كۈنىنى قىسقارتىش پەرمانىنى ماقۇللاشقا

www.uyghurkitap.com

مەجبۇر قىلدى: ئۇلار "كىشىنى كىشى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش"نى "ئەمگەك مىنىستىرلىكى" قۇرۇش ئارقىلىق يوقىتىشنى تەلەپ قىلدى؛ ھەتتا جۇمھۇرىيەتنىڭ 3 خىل رەڭلىك بايرىقىغىمۇ قىزىل يىپەك لېنتە قوشۇپ قويدى.

فرانسىيە بۇرژۇئازىيىسى "سوتسىيال جۇمھۇرىيەت" دېگەن نامغىنى ئۆچۈرۈۋېتىپ، بۇرژۇئا جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەشكە ئۇرۇندى. ئۇلار يوشۇرۇنچە يەنە بىر ئۇرۇش تەييارلىقىنى باشلاپ، پرولېتارىياتنىڭ تەلىۋىنى قورال كۈچى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى قەستلىدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئەكسىلئىنقىلاۋىي قوراللىق كۈچىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە كېڭەيتىشنى ئۆزىنىڭ ھەممىدىن مۇھىم ۋەزىپىسى قىلدى. ئۇلار لۈكچەك پرولېتارلارنى سېتىۋېلىپ، 24-يىگىدىن ئىبارەت ئالاھىدە ھەرىكەت دۈيىنى قۇردى ۋە ئۇنى ئىنقىلاپقا قارشى تۈۋرۈك قىلدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئىشچىلارنىڭ تەلىۋىنى قوبۇل قىلىپ، ئاتالمىش "ھۆكۈمەت ئەمگەك كومىتېتى"نى قۇردى، بۇنىڭغا ليۇكسېمبۇرگ سارىيىنى ئىش ئورنى قىلىپ ئاجرىتىپ بەردى. لۇئى بلان ۋە ئالبېرتلارنى ئۇنىڭغا رەئىس ۋە مۇئاۋىن رەئىس قىلىپ تەيىنلىدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت "ئىشچىلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش يولىدا ئىزلىنىش" دېگەن چىرايلىق نام ئاستىدا، لۇئى بلان بىلەن ئالبېرتنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتتىن يەكلەپ چىقىرىۋەتتى. ليۇكسېمبۇرگ كومىتېتى ھەم ئەمەلىي ھوقۇقسىز، ھەم خىراجەتسىز قىلىپ، ئەمگەك بىلەن كاپىتال ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرالارنى كېلىشتۈرۈش شەكلى ئاستىدا ئەمگەك بىلەن كاپىتال ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش دېگەن خام خىيالنى تارقىتىشتىن باشقا ھېچقانداق رول ئوينىمايدىغان بولۇپ

قالدى. ماركس ليۇكسېمبۇرگ كومىتېتىنى "سوتسىيالىستىك ئىبادەتخانا"① دەپ مەسخىرە قىلغان ئىدى. 2-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت دۆلەت ئىشخانىلىرىنى قۇرۇپ، زور بىر تۈركۈم ئىشسىز ئىشچىلار ۋە باشقا ئىشسىزلارنى ئۇنىڭغا قوبۇل قىلدى. ئىشخانىلاردا يېرىم ھەربىي خاراكتېردىكى تەشكىلىي شەكىللەر قوللىنىلدى، ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدا بولمىغان كوچەت قويۇش، توپا قېزىشقا ئوخشاش ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللانغانلارغا ھەر ئىش كۈنى ئۈچۈن 2 فرانكتىن پۇل بېرىلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەمگەكنى تەشكىللەش ئىشلىرى قەستەن بەك ناچار ئىشلىنەتتى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ بۇنداق قىلىشىدا 2 مەقسەت بار ئىدى: بىرى، زور مىقداردىكى ئىشسىز ئىشچىلارنى تىزگىنلەپ، ئىشچىلارنىڭ ئىنقىلاۋىي ھەركەتلىرىدىن ساقلىنىش ئىدى؛ يەنە بىرى، ئىشچىلار ۋە كەڭ ئاممىغا سوتسىيالىزم ۋە ئەمگەك ھوقۇقى دېگەن مانا شۇ دەپ يامان غەرەز بىلەن تەشۋىق قىلىپ، شۇ ئارقىلىق سوتسىيالىزمنىڭ شەنىنى بۇلغاش ئىدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت يەنە دۆلەت ئىشخانىلىرىنى ساقلاپ قېلىش نامى بىلەن، ئاساسەن دېھقانلار ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازلار ئۈستىگە ئېلىپ كەلگەن 4 خىل بىۋاسىتە باجنى 45 پىرسەنت ئۆستۈردى، يەنى بىر فرانىك باجغا 45 سېنتىمتىن قوشۇمچە باج قوشتى (ئەمىلىيەتتە، قوشۇلغان باج ئەمەلدارلارنى، ساقچى ۋە ئالاھىدە ھەركەت دۈيىنى بېقىشقا ئىشلىتىلەتتى). بۇنىڭ بىلەن دېھقانلار ۋە

① ماركس. «1848-يىلدىن 1850-يىلغىچە فرانسىيەدە بولغان سىنىپىي كۈرەش». «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى». 1979-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 666-بەت.

ئۇششاق بۇرژۇئازلارنىڭ ئىشچىلار سىنىپىغا بولغان ئارازىلىقىنى قوزغىدى. ئالدانغان دېھقانلار ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازلارنىڭ نەزىرىدە، پارىژ ئىشچىلىرى ئۆزلىرى پۇل چىقىرىپ بېقىۋاتقان "بىكار تەلەپلەر" بولۇپ كۆرۈندى. بۇرژۇئازىيە ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، پرولېتارىياتنى دېھقانلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمەيدىغان يېتىم ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. "شۇنداق قىلىپ، بۇرژۇئازىيە بىلەن پرولېتارىيات ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىشىش يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغاندا، ئۈستۈنلۈك، ئەڭ مۇھىم سەپ، جەمئىيەتنىڭ ئوتتۇرا قاتلاملىرىنىڭ ھەممىسى بۇرژۇئازىيىنىڭ قولىدا ئىدى."①

بۇرژۇئازىيە ئۆزلىرىگە مۇشۇ پايدىلىق شارائىتلارنى ياراتقاندىن كېيىن، ئىشچىلارغا قول تەككۈزۈش نىيىتىگە كېلىپ، ئىشچىلارنى جەڭگە ئاتلىنىشقا مەجبۇر قىلدى. 4-ئايدا بۇرژۇئازىيە رۇئان شەھىرىدە ئىشچىلار قوزغىلىڭىنى دەھشەتلىك تۈردە باستۇردى. بۇ ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدىكى 2 چوڭ سىنىپنىڭ ئېلىشىشىنىڭ كۆنسايىن يېقىنلىشىۋاتقانلىقىدىن بىشارەت بەردى.

**گېرمانىيە مارت ئىنقىلابى** فرانسىيە فېۋرال ئىنقىلابىنىڭ ئوت ئۇچقۇنلىرى ئۇنىڭغا خوشنا بولغان گېرمانىيىنىڭ مارت ئىنقىلابىنى ئوتاشتۇرۇۋەتتى. 40-يىللاردىكى گېرمانىيە ئىنتايىن تارقاق بىر قوشما ئىشتات ئىدى. گېرمانىيە قوشما ئىشتاتىغا چوڭ-كىچىك بولۇپ، 38 ئىشتات دۆلىتى ۋە ئەركىن شەھەر، بىر ئىمپېرىيە

① ماركس. «1848-يىلدىن 1850-يىلغىچە فرانسىيىدە بولغان سىنىپىي كۆرەش». «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1979-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى. 1-توم، 683-بەت.

(ئاۋستىرىيە)، 5 پادىشالىق دولەت (پرۇسسىيە، باۋارىيە، ساكسونىيە، هانىنوۋېر، ۋۇرتېمبېرگ)، ىىرقانچە 10كىنەزلىك ۋە بەگلىك، 4 ئىمپېرىيە ئەركىن شەھىرى قاتناشقان ئىدى. بەزى چەتئەللەرنىڭ پادىشالىرىمۇ گېرمانىيە قوشما ئىشتاتىنىڭ ئەزاسى ئىدى. ئاۋستىرىيە بىلەن پرۇسسىيە قوشما ئىشتات ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ ئىككى ئىشتات دولىتى بولۇپ، بىر بىرى بىلەن زومىگەرلىك تالىشاتتى. ئاۋستىرىيە-نىڭ خوجىلىق يېرى بولغان ۋېنگىرىيە، لومباردىيە — ۋېنېتسىيە ۋە گالىسىيە، پرۇسسىيەنىڭ خوجىلىق يېرى بولغان شەرقىي پرۇسسىيە ۋە پوزنان گېرمانىيە قوشما ئىشتاتىغا كىرمەيدى. گېرمانىيە قوشما ئىشتاتىنىڭ ئەزالىرى پەقەت شەكىل جەھەتتىلا بىرلەشكەن ئىدى، ئەمەلىيەتتە، ئۇلار تامامەن ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈشەتتى. ئاساسلىق پادىشالىق دولەتلەردە فېودال مۇستەبىتلىك ھوكۇمرانلىق مەۋجۇت ئىدى. سىياسى جەھەتتىكى پىمىرىلىش-پارچىلىنىش ۋە فېودال ئەكسىيەتچى ھوكۇمرانلىق گېرمانىيەنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىگى ئىدى.

40-يىللاردا گېرمانىيەنىڭ كاپىتالىستىك ئىگىلىگى خېلى زور دەرىجىدە راۋاجلاندى. 1830-يىلى چويۇن مەھسۇلاتى ئاران 130مىڭ تونىنا ئىدى، 40-يىللارنىڭ ئاخىرىغا بارغانىدا 411 مىڭ توننىغا يەتتى: پار ماشىنىسى 1837-يىلدىكى 419 دىن كۆپىيىپ 1 مىڭ 454 كە يەتتى؛ يالغۇز پرۇسسىيە ئىشتاتىنىڭ تومۇريول قۇرۇلۇشىغا سالغان مەبلىغى 1840-يىلدىن 1847-يىلغىچە 7 ھەسسە كۆپەيدى. كاپىتالىستىك ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشى سىياسى جەھەتتىكى بىرلىكنى تەلەپ قىلاتتى. بۇرژۇئازىيە سىياسى جەھەتتە چاك-چېكىدىن بوسۇلۇپ كېتىشكە ئىنتايىن نارازى ئىدى. ئۇلار ئىچكى جەھەتتە بىرلىككە كەلگەن ئىچكى بازار بولىدىغان، سىرتقا قارىتا باشقا دولەتلەر بىلەن

رىقابەتلىشىشتە يۆلەنچۈك بولىدىغان بىرلىككە كەلگەن دۆلەتنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلاتتى. خەلق ئاممىسى گېرمانىيىنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئەكسىيەتچىل قالاق ھالىتىگە كۈندىن-كۈنگە ناقەت قىلىپ تۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى. گېرمانىيە ئىنقىلاۋىنىڭ كۈنتەرتىۋىگە قويۇلغان ۋەزىپە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە فېئودال يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرىنى يوقىتىشتىن ئىبارەت ئىدى.

1848-يىل 2-ئاينىڭ ئاخىرلىرى، 3-ئاينىڭ باشلىرىدا، فرانسىيىگە خوشنا بولغان غەربىي جەنۇبىي گېرمانىيىنىڭ ھەرقايسى ئىشتاتلىرىدا ئالدى بىلەن خەلقنىڭ ئىنقىلاۋىي ھەركىتى قوزغالدى. بادېن، گېسسېن، ۋۇرتېمبېرگ، باۋارىيە رايونلىرىدىكى دېھقانلار پومېششىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ جاگىرلىرىنى ۋەيران قىلىپ، فېئوداللارنىڭ يەر خەتلىرىنى كۆيدۈرۈپ، ئۆزلىرى فېئوداللارنىڭ ئاسارىتىدىن ئازات بولۇپ چىقتى. بۇنىڭغا بۇرژۇئازىيىمۇ قاتناشتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلق ئاممىسى بىلەن ۋاقىتلىق بىرلىك سەپ تۈزدى. ئۇركەشلەپ قايناۋاتقان ئىنقىلاپ دولقۇنى ھەرقايسى ئىشتاتلاردىكى فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ تۈپ ھۆكۈمرانلىقىغا تەھدىت سالدى. ھەرقايسى بەگلىكلەر ئىنقىلاپ دولقۇنىنى توسۇپ قېلىش، كېيىن پۇرسەت تېپىپ ئۆچجۇقتۇرۇش غەرىزىدە، ئاغزىدا چوڭراق ئەركىنلىك بېرىشكە، بۇرژۇئازىيە ۋەكىللىرىنىڭ ئىچكى كابىنېتقا كىرىشىگە ماقۇل بولدى. غەربىي جەنۇبىي گېرمانىيىنىڭ ھەرقايسى ئىشتاتلىرىدا بۇرژۇئازىيە قاتناشقان "مارت ئىچكى كابىنېتى" بارلىققا كەلدى. بۇرژۇئازىيە خەلقنىڭ ھەركىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن بۇ غەلىبىلەردىن ئىنتايىن مەمنۇن بولدى. ئۇلارنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىسى

بەگلىكلەر ئىتتىپاقىغا تايىنىپ "ئامانلىق" ۋە "تەرتىپ"نى ساقلاپ، ئىنقىلاپنىڭ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىشىنى توسۇشتىن ئىبارەت ئىدى.

گېرمانىيە ئىنقىلاۋىنىڭ تەقدىرىگە نىسبەتەن ئاۋستىرىيە بىلەن پرۇسسىيىنىڭ ئىنقىلاۋىي ھەركىتى ئاساسلىق رول ئوينىدى. بۇ ئىككى ئەكسىيەتچىل قورغاندا 3-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خەلقنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭى كەينى-كەينىدىن پارتلىدى. 3-ئاينىڭ 13-كۈنى ئاۋستىرىيىنىڭ پايتەختى ۋېنادا ئىشچىلار، ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، ئوتتۇرا ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازىيە بىرلىكتە ھەركەتكە كېلىپ، ئاۋستىرىيىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى، باش ۋەزىر مېتېرنىخ گىرىم قىلىپ ۋېنادىن قېچىپ كەتتى. 30 نەچچە يىلدىن بۇيان ياۋروپادا بارلىق ئىنقىلاۋىي ھەركەتلەر ۋە مىللىي ھەركەتلەرنى باستۇرۇپ كەلگەن مۇقەددەس ئىتتىپاقمۇ بۇنىڭغا ئەگىشىپ گۇمران بولدى. ئىمپېرىيە خانىمۇ پارلامېنتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىشنى جاكارلاشقا، مىللىي پارلامېنت چاقىرىپ، ئاساسىي قانۇن تۈزۈشكە قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولدى. لېكىن مارت ئىنقىلاۋى ھېچقانداق زور ئىجتىمائىي مەسىلىنى ھەقىقىي ھەل قىلمىدى، خان يەنىلا ھەربىي ۋە سىياسىي ھوقۇقىنى ئىگەللەپ تۇردى، ئەكسىيەتچىل پادىشالىق سىياسىي تۈزۈلمە ۋە ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئارمىيە يەنىلا ساقلىنىپ قالدى. ماينىڭ باشلىرىدا، خان ئىنقىلاپ سېپىدىكى بۇرژۇئازىيە بىلەن ئىشچىلار ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىقتىن پايدىلىنىپ، قوشۇنلارنى يوتكەپ تەتۈر ھېساپ ئېلىشقا باشلىدى. 5-ئاينىڭ 15-كۈنى ۋە 5-ئاينىڭ 26-كۈنى ۋېنا خەلقى يەنە قوزغىلاڭ كۆتەردى، خان بىلەن ۋەزىرلەر مەخپىي ھالدا ۋېنادىن قېچىپ كەتتى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مايدىكى قوزغىلاڭدا

خەلق ئاممىسى جارى قىلغان ئىنقىلاۋىي ئاكتىپلىق ۋە نامايەن قىلغان غايەت زور كۈچ بۇرژۇئازىيىنى تېخىمۇ ئالاقزادە قىلىۋەتتى. ئۇلار دەرھال ئىنقىلاۋىي خەلقتىن ئايرىلىپ، بىرلا ئۆرۈلۈپ ئەكسىيەتچىلەرنى قوللىدى. ئەكسىيەتچى كۈچلەر يەنە بىر قېتىم كۈچ توپلاپ، ئىنقىلاپنى ئۇجۇقتۇرۇشقا تەييارلاندى.

مېتېرنىخ ھاكىمىيىتىنىڭ غۇلاپ چۈشكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر پرۇسسىيىنىڭ ئىنقىلاۋىي ھەركىتىنى ئىلگىرى سۈردى. بېرلىندىكى ئىشچىلار، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ئىنقىلاۋىي ھەركەتنى باشلىۋەتتى. لېكىن، پرۇسسىيە بۇرژۇئازىيىسى ئاممىنىڭ ئىنقىلاۋىي ھەركىتىدىن ئۆلگۈدەك قورقۇشتى. ئىنقىلاپ پارتلاشتىن ئىلگىرىلا، ئۇلار ھەم تىترىگەن، ھەم قورققان ئاۋازى بىلەن ئىشچىلارغا: "ئېتىزدىكى مەھسۇلات ئاپتاپ ۋە يامغۇرغا تايىنىدۇ. ئەمگەك مەھسۇلاتى تەرتىپ ۋە تىنچلىققا تايىنىدۇ. قوزغىلاڭ بولسا خۇددى مولدۇرگە ئوخشايدۇ! شۇڭلاشقا ئەقلىڭلاردىن ئېزىپ كەتمەڭلار! دېگەن سۆزنى مەڭگۈ تەكرارلاپ تۇرۇش كېرەك" دەپ مۇراجىئەت قىلدى. بۇرژۇئازىيە ئىنقىلاپنى "تېچ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش" رامكىسىغا سېلىشقا كۈچىنىڭ بېرىچە ئۇرۇندى.

پرۇسسىيە پادىشاسى ئىسلاھات توغرىسىدىكى يالغان ۋەدىلەر ئارقىلىق ئىنقىلاپنى توسۇشقا ئۇرۇندى. 3-ئاينىڭ 18-كۈنى پرۇسسىيە پادىشاسى بۇيرۇقىدا ئۆزىنىڭ بىرلىككە كەلگەن گېرمانىيە دۆلىتى قۇرىدىغانلىقى، خەلق ۋاكالەت تۈزۈمىدىكى پارلامېنتنى قۇرىدىغانلىقى، ۋاھاكازالار توغرىسىدا گەپ ساتتى. بۇرژۇئازىيە بۇنىڭدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولدى، لېكىن خەلق ئاممىسى قىلچە رازى

بولمىدى. پادىشانىڭ پەرمانى ئەسكەكچى خەلقنى ئازاپتىن قۇتۇل-
دۇرۇش توغرىسىدا لام-جىم دېمىدى. يىغىلغان ئاممىا پادىشانىڭ
ئارمىيىنى چېكىندۈرۈپ كېتىشىنى تەلەپ قىلدى. ئارمىيىگە قوماندان-
لىق قىلىۋاتقان شاھزادە ۋىلگېلىم (لەقىمى "چاچما ئوق شاھزادە")
خەلققە ئوق چىقىرىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇنىداق قىلىپ، خەلق
ئاممىسى بىلەن ئارمىيە ئوتتۇرىسىدا كوچا ئۇرۇشى باشلىنىپ كەتتى.

بېرلىندىكى ئىشچىلار، ئوقۇغۇچىلار، ئۇششاق شەھەر ئاھالىسى ۋە ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قەھرىمانلارچە جەڭ قىلىشى ۋە ھېچنىمىدىن قورقمايدىغان پىداكارلىق روھى ئارقىسىدا، ئارمىيە ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدى. پرۇسسىيە دۆلىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم تۈۋرۈكى بولغان ئارمىيە تەۋرىنىشكە باشلىدى، بەزىلىرى قوزغىلاڭچىلار تەرەپكە ئۆتتى. پرۇسسىيە پادىشاسى تازا ئالاقزادە بولۇپ، "قەدىرلىك بېرلىن ئاھالىسى"نىڭ جەڭنى توختىتىشىنى ئۈمىد قىلىپ، ھەمدە ئارمىيىنى ئالدىراپ-تېنەپ بېرلىندىن چېكىندۈرۈپ چىقىپ كەتتى. "چاچما ئوق شاھزادە" ئەنگلىيىگە قېچىپ كەتتى. خەلق پرۇسسىيە پادىشاسىنى قوزغىلاڭدا قۇربان بولغانلارغا ماتەم بىلدۈرۈشكە مەجبۇر قىلدى.

بۇرژۇئازىيە خەلقنىڭ قوزغىلىڭىغا تايىنىپ ھاكىمىيەتكە قاتناشتى. گېرمانىيە بويىچە كاپىتالىزىم ئەڭ تەرەققىي قىلغان رېيىن رايونىدىكى بۇرژۇئا ۋەكىلى كامپىخاۋسېن، ھانزېمان پرۇسسىيە پادىشاسىنىڭ تاپشۇرۇغى بىلەن ئىچكى كابىنېت تەشكىل قىلدى. بۇ ئىچكى كابىنېت-نىڭ بىردىن-بىر ۋەزىپىسى ئىنقىلابنىڭ داۋاملىق ئېلىپ بېرىلىشىنى توسۇش، پرۇسسىيە پادىشالىقىنىڭ دۆلەت ماشىنىسىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوغداش ئىدى. ھانزېمان قىلچە ئۇيالماستىن ئوچۇقتىن-ئوچۇق، ئۇلارنى "سۇلالىنىڭ قالقىنى" دەپ ئاتىدى. سۇلالىنىڭ

بىرمۇ ئەمەلدارى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانمىدى، يۇنكېر پومېشچىكلار① يەنىلا غايەت زور ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ھوقۇققا ئىگە ئىدى. پرۇسسىيە بۇرژۇئازىيىسى ھەتتا ئەسكەر چىقىرىپ پولشا رايونىدىكى خەلقنىڭ قوزغىلىڭىنى باستۇردى.

پرۇسسىيە، ئاۋستىرىيە ۋە گېرمانىيىنىڭ ھەرقايسى ئىشتاتلىرىدا ئىنقىلاپ غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، گېرمانىيە خەلقى ئۈچۈن ئەڭ جىددىي بولغان مەسىلە؛ بىرلىككە كەلگەن گېرمانىيە مىللىي دۆلىتىنى قۇرۇش، فېوداللىق زۇلۇمنى يوقىتىش مەسىلىسىنىڭ ھەل قىلىنىشى تامامەن مۇمكىن ئىدى. لېكىن ئىنقىلاپ فېودال مۇستەبىتچىلىكىنى يوقاتمىدى، كونا دۆلەت ماشىنىسى شۇ پېتى ساقلىنىپ قالدى. بۇرژۇئازىيە ئىنقىلاپنىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلىشىدىن قورقۇپ، ئىنقىلاپنى دەرھال كوچىلاردىن پارلامېنتقا ئېلىپ كىردى. 1848-يىل 5-ئاينىڭ 18-كۈنى، پۈتكۈل گېرمانىيە بويىچە سايلاپ چىقىلغان گېرمانىيە مىللىي پارلامېنتى ماين دەرياسى بويىدىكى فرانكفۇرتتا ئېچىلدى. پۈتۈن 573 نەپەر پارلامېنت ئەزاسى ئىچىدە يا بىر ئىشچى، يا بىر كەمبەغەل دېھقان يوق ئىدى. فرانكفۇرت پارلامېنتى ئاممىنى تەشكىللىمىدى، جىددىي ئىنقىلاۋىي ۋەزىپىلەرنى ھەل قىلىشقا تۇتۇش قىلمىدى، بەلكى ئىنقىلاپنىڭ بەلەن پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ، كۈن بويى ۋاڭ-چۇڭ كۆتۈرۈپ، قۇرۇق گەپ سېتىپ، تارىختا داڭقى بار "قېرى خوتۇنلار پارلامېنتى" دېگەن نامنى ئالدى. پارلامېنت

---

① يۇنكېرلار پرۇسسىيىنىڭ ئاقسۆڭەك پومېشچىكلىرى، ئۇلار پرۇسسىيىنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرى ھوقۇقلىرىنى مونوپوللىيە قىلىۋالغان، 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كاپىتالىزملىشىشقا باشلاپ، يېرىم فېوداللارچە ئاقسۆڭەك پومېشچىكلارغا ئايلانغان، گېرمانىيە ئەكسىيەتچى كۈچلىرىنىڭ تۈۋرۈكى ئىدى.

ئەزالىرى ئاساسىي قانۇننىڭ بىرىنچى جۈملىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا پۈتمەس-تۈگىمەس مۇنازىرىگە كىرىشىپ كەتتى. ئېنگېلس ئۇلارنى پاش قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "بۇ پارلامېنت ئۆزىنى نېمىس ئىدىيىسى ۋە ئىلمىنىڭ جەۋھىرىنى گەۋدىلەندۈرگۈچى دەپ ئاتىۋالدى، ئەمىلىيەتتە بولسا ئۇ قېرى، چىرىك سىياسەتۋازلارنىڭ پۈتۈن گېرمانىيە ئالدىدا ئۆزى سەزمىگەن بارلىق كۈلكىلىك سەت قىلىقلىرىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيە ۋە ھەركەتتىكى كالتە پەملىكىنى كۆرسىتىدىغان سەھنىلا ئىدى. بۇ قېرى خوتۇنلار پارلامېنتى ئاپىرىدە بولغان بىرىنچى كۈندىن باشلاپلا، كىچىككىنە خەلق ھەركىتىدىنمۇ قورقۇپ كەتتى، قورقان-دىمۇ پۈتۈن گېرمانىيىدىكى ئىشتات ھۆكۈمەتلىرىنىڭ بارلىق ئەكسىيەت-چىل سۇيىقەستىدىن قورقاندىنمۇ بەتتەررەك قورقۇپ كەتتى."①
ئىنقىلاپقا ئاسىلىق قىلغان گېرمانىيە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ مۇھاپىزەت قىلىشى ئاستىدا، گېرمانىيە ئەكسىلئىنقىلاۋى دۆلەتتىكى قورقۇشتىن ھۇشىغا كەلدى ھەمدە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى.

**شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپادىكى ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ قوزغىلىڭى** فرانسىيە يانۋار ئىنقىلاۋى ۋە ۋېنا مارت ئىنقىلاۋى شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپادىكى ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ ئازادلىق ھەركىتىگە تۈرتكە بولدى. ۋېنگرىيە بىلەن چېخ ئەينى ۋاقىتتا ئاۋستىرىيىنىڭ ھابسبۇرگ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى، رۇمىنىيە چارروسىيىنىڭ، ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ شۇنىڭدەك

① ئېنگېلس. «گېرمانىيىدىكى ئىنقىلاپ ۋە ئەكسىلئىنقىلاپ». «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1979-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، I-توم، 906 — 907-بەتلەر.

ئاۋستىرىيىنىڭ قۇللىغى ئاستىدا ئىدى، پولشانى بولسا چاررۇسسىيە، پرۇسسىيە ۋە ئاۋستىرىيە بۆلۈشۈۋالغان ئىدى. ۋېنگرىيە، چېخ، رۇمىنىيە ۋە پولشا خەلقى فېئودال مۇستەبىتچىلىكنىڭ زۇلمىغا ئۇچراش بىلەنلا قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چەتئەللەرنىڭ ھەربى ساقچى تۈزۈمىنىڭمۇ قانلىق ھۆكۈمرانلىقىغا ئۇچراپ، مىللىي زىددىيەت ۋە سىنىپىي زىددىيەت گىرەلىشىپ، ئىنتايىن ئۆتكۈرلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئىنقىلاپ ۋەزىپىسى مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش، فېئودالىق تۈزۈمنى يوقىتىش ئىدى.

1848-يىل 3-ئاينىڭ 15-كۈنى ۋېنگرىيىنىڭ پايتەختى بۇداپېشتتا ئىنقىلاپ پارتلىدى. ئىشچىلار، ياش ئوقۇغۇچىلار ۋە شەھەر



ۋېنگرىيە قوزغىلىڭى (ئوتتۇرىدىكىسى كوشۇت)

تۆشقان بۇرژۇئازىيىسى قولىغا قورال ئېلىپ، پۈتۈن پايتەختنى ئىزگىنلىدى. ياش ۋەتەنپەرۋەر شائىر پېتوفى ساندور (1823 — 1849 ـ يىل) ئىنقىلاپقا ئاكتىپ قاتناشتى. ئۇ «قوزغال ۋېنگرىيە خەلقى!» دېگەنگە ئوخشاش شېئىرلىرى بىلەن خەلقنىڭ ھابسبۇرگ سۇلالىسى ۋە فېئودال يومشىشكىلارنىڭ ھوكۇمرانلىقىغا قارشى كۆرىشىگە ئىلھام بەردى. ئىنقىلاپ بورىنى تېزدىنلا ۋېنگرىيىنىڭ باشقا رايونلىرىنىمۇ قاپلىدى. ۋېنگرىيىدە مۇستەقىل ھوكۇمەت قۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ھوكۇمەت ۋە پارلامېنت ئاقسوڭەكلەر بىلەن بۇرژۇئازىيە تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىندى. ھوكۇمەت باشلىقى باتتىيانى باشچىلىقىدىكى بىر تەرەپ ئاممىنىڭ فېئوداللىزىمغا قارشى تەلەپلىرىگە دۈشمەنلىك پوزىتسىيە تۇتتى. ئۇلار ھەتتا ۋېنگرىيىنىڭ ئاۋستىرىيىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ مۇستەقىل بولۇشىنى قوۋۋەتلىمەيتتى. مالىيە مىنىستىرى كوشۇت (1802 — 1894) باشچىلىقىدىكى بىر تەرەپ ۋېنگرىيىنى ئاۋستىرىيىنىڭ ھوكۇمرانلىقىدىن ئازات قىلىپ، فېئوداللىق تۈزۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى. دولەت بىلەن پارلامېنت گەرچە ۋېنگرىيىنىڭ ھەربى ۋە مالىيە جەھەتتە مۇستەقىل ـ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشى شۇنىڭدەك يانچىلىق تۈزۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى توغرىسىدىكى پەرمانلارنى ماقۇللىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىچكى قارىمۇ ـ قارشىلىق ۋە ئىختىلاپلار تۈپەيلىدىن، پەقەت ئىنتايىن ئۈزۈل ـ كېسىل بولمىغان تەدبىرلەرنىلا قوللاندى. بۇ ئەھۋال ۋېنگرىيە ئىنقىلاۋىنى بىر ئىزىدا توختىتىپ قويدى. 9 ـ ئايدا، ھابسبۇرگ سۇلالىسى ۋېنگرىيىگە قارىتا قوراللىق باستۇرۇشنى باشلىدى. باتتىيانى قارشىلىق كورسەتمەسلىكنى تەشەببۇس قىلدى ھەمدە كوشۇتنى ھوكۇمەتتىن سىقىپ چىقىرىۋەتتى. ۋېنگرىيە

خەلقى قاتتىق غەزەپلىنىپ، قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. 9-ئاينىڭ 22-كۈنى، كوشۇت رەھبەرلىكىدىكى ۋەتەننى قوغداش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، تېزدىن ئارمىيە تەشكىل قىلىنىپ، مىللى ئازاتلىق ئۇرۇشى قانات يايدۇرۇلدى.

چېختا سىنىپي مۇناسىۋەت بىر قەدەر مۇرەككەپ ئىدى. چېخنىڭ كاپىتالىستىك سودا-سانائىتى خېلى تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن چوڭ كارخانىلارنىڭ ھەممىسى گېرمانىيىلىكلەرنىڭ قولىدا ئىدى، چېخلار ئوتتۇرا ۋە كىچىك كارخانىلارنىلا باشقۇراتتى. ئىشچىلارنىڭ سانى خېلى كۆپ ئىدى. ئىشچىلار بىلەن دېھقانلار باشقا مىللەتلەرنىڭ، بۇرژۇئازىيىنىڭ ۋە فېئودال پومېشچىكلارنىڭ 3 قەۋەتلەپ ئېزىشىگە ئۇچرايتتى. شۇڭلاشقا، ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ ئىنقىلاۋي تەلەپلىرىدىمۇ ناھايىتى چوڭ پەرق بار ئىدى. گېرمانىيە بۇرژۇئازىيىسى فېئوداللىق تۈزۈمگە مەلۇم دەرىجىدە قارشى تۇراتتى، چېخ مىللىتىنىڭ ھەرقانداق مۇستەقىللىق توغرىسىدىكى تەلەپلىرى بېسىمغا ئۇچرايتتى. چېخ بۇرژۇئازىيىسى (ئۇلارنىڭ سىياسى تەشكىلاتى "شەھەر ئاھالىلىرى كېڭىشى" دەپ ئاتىلاتتى) پۈتۈنلەي ئاۋسترىيە پەرەس مەيدانىدا تۇراتتى، ئۇلار مىللىتىنىڭ تامامەن مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە پېتىنالمايتتى ۋە ئۇنىمۇ خالىمايتتى، پەقەت ئاۋسترىيىنىڭ قانۇنى ئاستىدا ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشنىلا ئۈمىد قىلاتتى. ئۇلار خەلق ئىنقىلاۋىدىن قورقاتتى، فېئودال ئاقسۆڭەكلەر بىلەن مۇرەسسەلىشىشكە كۆچەپ ئۇرۇناتتى، ئازغىنا ئىسلاھاتنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئۇششاق بۇرژۇئازىيە دېموكراتىيىچىلىرى (ئۇلارنىڭ سىياسى تەشكىلاتى "لېبېل" دەپ ئاتىلاتتى)نىڭ سىياسى تەشەببۇسلىرى خەلقنىڭ تەشەببۇسلىرى

بىلەن يېقىن كېلەتتى، ئۇلارنىڭ يولباشچىسى فرېنچ (1829 — 1890) نىڭ خەلق ئىچىدە مەلۇم ئابرويى بار ئىدى. چېيختىكى كەڭ ئىشچىلار ۋە دېھقانلار ئىنقىلاپنىڭ ھەقىقىي ئاساسىي كۈچى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەشەببۇسى ئېنىق ئىدى: مىللىي مۇستەقىللىق، فېوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، دېموكراتىيە ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش.

3-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، چېيختا ئىشچى، دېھقانلارنىڭ كەڭ كۆلەملىك ئىنقىلاۋىي ھەركىتى قوزغالدى. شەھەر ئاھالىلىرى كېڭەشى بىلەن لىبېرال ئوتتۇرىسىدا سىياسىي تەشەببۇسنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى ۋە رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تالىشىش سەۋەبى بىلەن كەسكىن توقۇنۇش پەيدا بولدى. ئاۋستىرىيە خانى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئەكسىيەتچى جياڭلىڭ ۋېندىشگرېتسنى زور قوشۇن بىلەن پراگىغا كىرگۈزۈپ، چېيختىكى قوزغىلاڭنى باستۇردى. ئىشچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلار فرېنچ باشچىلىقىدىكى ھەربىي ئىشلار كۇرۇپپىسىنى تەشكىللىدى. 6-ئاينىڭ 12-كۈنى، پراگا خەلقى قوراللىق قوزغىلاڭنى باشلىۋەتتى. شەھەر باررىكادىلارغا توشۇپ كەتتى، ھەممە يەردە كوچا ئۇرۇشلىرى ئېلىپ بېرىلدى. يېقىن ئەتراپتىكى دېھقانلار قوشۇن تەشكىللەپ پايتەختكە ياردەمگە تەۋەتتى. لېكىن ئۇلار ئەكسىيەتچى قوشۇنلارنىڭ توسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچرىدى. بۇرژۇئازىيە بولسا قوزغىلاڭنى سوكۇپ، ئىنقىلاپقا كۈچىنىڭ بېرىچە بۇزغۇنچىلىق قىلدى. قوزغىلاڭچىلار ياردەمسىز، يەككە-يىگانە ئەھۋال ئاستىدا، 5 كېچە-كۈندۈز قەھرىمانلارچە ئېلىشتى.

رۇمىنىيىنىڭ زېمىنى بولغان بېسسارابىيىنى 1813-يىلى چاررو-سىيە ئۆزىگە قوشۇۋالغان ئىدى. چارروسىيە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن

مالدا مولداۋىيە بىلەن ۋالاشىيە كىنەزلىكىنى (ئۇلار نامىدا تۈركىيە سۇلتانىغا قاراشلىق ئىدى) قولىغا كىرگۈزۈۋالدى. ترانسىلۋانىيە كىنەزلىكى ئاۋستىرىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئىدى. 1848-يىلى، رۇمىنىيىنىڭ 3 كىنەزلىكىدە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى پارتلىدى. 3-ئايدا، مولداۋىيە خەلقى قوزغىلىپ باشقا مىللەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى چىقتى، شەھەردىكى ھەركەت رەھبەرلىرىنىڭ زەئىپلىكى بىلەن ھە دېگەندىلا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، لېكىن يېزىلاردىكى دېخانلار ھەركىتى بولسا جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، بەزى جايلاردا دېخانلار ئۆزلىرىنىڭ قوراللىق قوشۇنلىرىنى قۇردى. چاررۇسىيە ئالدىراپ-تېنەپ مولداۋىيىگە 12 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتىپ، مولداۋىيىدىكى ئىنقىلاۋىي ھەركەتنى دەھشەتلىك تۈردە باستۇردى. شۇ يىلى 6-ئايدا، ۋالاشىيىدىكى ئىنقىلاۋىي ھەركەت يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. ئۇششاق بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىي دېموكراتىيىچىلىرىنىڭ داڭلىق ۋەكىلى نىكولاي بەلچېسكۇ (1819—1852) ئىدى. ئۇ دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە يانچىلارنى ئازات قىلىش تەلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن ھەرتەرەپتە خەلقلەر ھەركەتكە كېلىپ، كەڭ ئاممىۋى ھەركەتكە ئايلىنىپ، ھەيۋەتلىك ۋەزىيەت مەيدانغا كەلدى. ۋالاشىيە خەلقى كىنەزنى قوغلاپ چىقىرىپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇپ، ۋالاشىيىگە 3 ئاي ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتتىكى ئاقسۆڭەكلەر ۋە بۇرژۇئازىيىنىڭ ئوڭ قانىتى، ئىنقىلاۋىي ئاممىۋى ھەركەتتىن قورقۇپ، چەتئەللىك ھۆكۈمرانلار بىلەن ئادا-جۇدا بولۇشقا پېتىنالمىدى، يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشقا قارشى تۇردى، شۇنىڭ بىلەن ئىنقىلابنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا توسقۇنلۇق قىلدى. چاررۇسىيە بىلەن ئوسمان ئىمپېرىيىسى ئىككى

تەرەپتىن كوپلەپ ئەسكەر ئەۋەتىپ ۋالاشىيىگە بېسىپ كىردى. رۇمىنىيە خەلقى باتۇرلارچە قارشىلىق كورسەتتى. ۋاقىتلىق ھوكۇمەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا بولگۇنچىلىك پەيدا بولغانلىغى ئۇچۇن، 10-ئايدا پايتەخت بۇخارىست قولدىن كەتتى، ئىنقىلاپ ئۇجۇقتۇرۇپ تاشلاندى. چاررۇسىيە قوشۇنلىرى ئاۋستىرىيە قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە ترانسىلۋانىيەدىكى ئىنقىلاۋىي ھەركەتنى قانلىق تۇردە باستۇردى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، رۇمىنىيە خەلقى باشقا مىللەتنىڭ زۇلمىغا قارشى ئۇزاق مۇددەت، ئېگىلمەي-پۇكۇلمەي داۋاملىق كۇرەش ئېلىپ باردى.



بەلچىسكۇ

پولشىدىكى ئىنقىلاۋىي ھەركەت ئەڭ جايا-مۇشەققەتلىك ئەھۋالدا ئىدى، لېكىن پولشا خەلقى چاررۇسىيىگە، ئاۋستىرىيە ۋە پرۇسسىيەنىڭ ئەكسىيەتچىل ھوكۇمرانلىغىغا قارشى ئارقا-ئارقىدىن، تىللاردا داستان بولغۇدەك كۇرەشلەرنى ئېلىپ باردى ھەمدە پۇتۇن ياۋروپادىكى ئىنقىلاۋىي خەلقنىڭ ۋە دېموكراتىيىچىلەرنىڭ قوللىشىغا ھەم ياردىمىگە ئېرىشتى. 1848-يىلى، پولشىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئازاتلىق ھەركىتى يېڭى دولقۇنغا كوتىرىلدى. 3-ئايدا، پرۇسسىيە ھوكۇمرانلىغىدىكى پوزنان رايونىدا ئالدى بىلەن قوزغىلاڭ كوتىرىلدى،

ئۇنىڭ ئۈستىگە دېخانلار قوشۇنى قۇرۇلۇپ، مىللىي ھەيئەت قۇرۇلدى. ئارقىدىنلا، ئاۋسترىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى گالىسىيە ئىنقىلاۋىي كۈرىشى ئىنتايىن كەسكىن ھالدا قانات يېيىپ، شەھەر خەلقىنىڭ كۈرىشى بىلەن كەڭ كۆلەملىك دېخانلار كۈرىشى بىرلىشىپ كەتتى. لېكىن، پوزنان بىلەن گالىسىيە رايونىدىكى مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى ئۇششاق ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ۋە بۇرژۇئازىيىنىڭ قولىدا ئىدى، ئۇلار ئاپتونومىيىنىلا تەلەپ قىلدى، پرۇسسىيە، ئاۋسترىيە پادىشالىق ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى بىلەن مۇرەسسەلىشىشنى تەشەببۇس قىلدى، پولشىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئىنقىلاۋىي كۈرەش ئېلىپ بېرىشقا پېتىنالمىدى. ئۇلار پۈتۈن مىللەتنىڭ قوزغىلاڭ كۆتىرىشىنى كۈچىنىڭ بېرىچە توستى. پرۇسسىيە، ئاۋسترىيە ھۆكۈمىتى، بىر تەرەپتىن، ئاپتونومىيە ھوقۇقى بېرىمىز دەپ پولشا خەلقىنى ئالدىدى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەسكەر توپلاپ، باستۇرۇشقا پۇرسەت كۈتۈپ ياتتى. 4-ئايدا، ئەكسىلئىنقىلاۋىي كۈچلەر تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. پولشا خەلقى قوزغىلىپ قەھرىمانلارچە قارشىلىق كۆرسەتتى. دېخانلارنىڭ قوراللىق كۈچلىرى تەرەپ-تەرەپتىن ياردەمگە كەلدى. لېكىن ھەرىكەتكە رەھبەرلىك قىلغان كىچىك ئاقسۆڭەكلەر ئوچۇقتىن-ئوچۇق ئاسىلىق قىلىپ، 5-ئايدا تەسلىمنامىگە قول قويۇپ، پولشا خەلقىگە ئارقا تەرەپتىن بىر خەنجەر سالدى، شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭ باستۇرۇلدى.

پوزنان، گالىسىيە ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتلىرىنىڭ خەۋىرى چارروسسىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى پولشا پادىشالىقى (ئالاھەزەل پۈتۈن پولشا زېمىنىنىڭ 10 دىن 9 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلاتتى) دىكى ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتنى تازا جانلاندۇرۇۋەتتى. لېكىن چارروسسىيە



www.uyghurkitap.com

قوشۇنلىرى ھەرقانداق كىچىككىنە ئىنقىلاۋىي ھەركەتنىمۇ قانلىق تۈردە باستۇردى. ئىنقىلاۋىي ھەركەت ئەمدىلا باشلانغان چاغدا چارپادىشا ئۇنى بوغۇپ ئۆجۈقتۇرۇۋەتتى.

پولشا ئىنقىلاۋى گەرچە باستۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن پولشا خەلقى تىز پۈكمىدى، ئۇلار داۋاملىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، كۈرەشكە تەييارلىق قىلدى. چەتئەللەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن پولشا ئىنقىلاپچىلىرى ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىنقىلاۋىغا قاتنىشىپ، ياۋروپا، ئامېرىكىدىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى.

## 2-بۆلۈم پارىژدىكى ئىيۇن قوزغىلىڭى ۋە ياۋروپادىكى ئەكسىيەتچىلىك

**پارىژ پرولېتارىياتىنىڭ ئىيۇن قوزغىلىڭى** 1848-يىل 5-ئايدا، ياۋروپا ئىنقىلاۋى بۇرژۇئازىيە كۈندىن-كۈنگە ئەكسىيەتچىلەر تەرىپىگە بۇرۇلۇپ كېتىپ بارغان، ئەكسىلئىنقىلاۋىي كۈچلەر ھەددىدىن ئېشىپ، قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە باشلىغان، شۇنىڭ بىلەن ئىنقىلاپ بىلەن ئەكسىلئىنقىلاپ ئوتتۇرىسىدا ھەل قىلغۇچ جەڭ كېلىپ چىققان ئەھۋالدا تۇراتتى.

1848-يىل 5-ئاينىڭ 4-كۈنى فرانسىيە ئاساسىي قانۇن تۈزگۈچى پارلامېنتىنىڭ① ئېچىلغانلىقى بۇرژۇئازىيىنىڭ پرولېتارىياتقا

① بۇرژۇئازىيە ئاساسىي قانۇن تۈزگۈچى پارلامېنتىنىڭ سايلىمى

www.uyghurkitap.com

ئاپ-ئاشكارا ھۇجۇم باشلىغانلىقىنى كۆرسەتتى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تارقىتىۋېتىلدى، يېڭىدىن سايلاپ چىقىلغان 5 كىشىلىك ئىجرائىيە كومىتېتى (يېڭى ھۆكۈمەت) لۇئى بلان بىلەن ئالبېرتىنى كومىتېتتىن سىقىپ چىقاردى، ھەممىنى بۇرژۇئازىيە تەنھا ئىگىلىۋال-دى. يېڭى ھۆكۈمەت سىرتقا قارىتا روسىيە، ئاۋستىرىيە ھۆكۈمران-لىرىغا خۇشامەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ پولشا ۋە ئاۋستىرىيىدىكى ئىنقىلاۋىي ھەركەتلەرنى باستۇرۇشنى قوللاپ قۇۋۋەتلىدى، دۆلەت ئىچىگە قارىتا ئاق تېررورلۇق يۈرگۈزدى. شىمالىي ئافرىقا خەلقىنى قىرغان جاللات، سابىق ئالجىرىيە باش ۋالىيسى كاۋىنياك ھەربىي-مەمۇرىي ئىشلار مىنىستىرى قىلىپ تەيىنلەندى، ئۇ نۇرغۇن ئەكسىل-ئىنقىلاۋىي قوشۇننى پارىژغا يۆتكەپ كەلدى، لېۋكسمبۇرگ كومىتېتى تارقىتىۋېتىلدى، ئىنقىلاۋىي كۇلۇپ پېچەتلىۋېتىلدى. پرولېتا-رىياتنىڭ نۇرغۇن مۇتەۋەر يولباشچىلىرى بارىبېس، راسپائىل ۋە ئىنقىلابچى بلانكى (فېۋرال ئىنقىلاۋىدا تۈرمىدىن چىققان) قاتارلىقلار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ بۇرژۇئازىيە تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلاندى. 6-ئاينىڭ 22-كۈنى، ئىجرائىيە كومىتېتى دۆلەت ئىشخانىسلىرىنى تارقىتىۋېتىش پەرمانىنى ئېلان قىلدى. بۇ 113 مىڭ ئىشچىنى كوچىلارغا ھەيدىۋەتكەنلىكتىن دېرەك بېرەتتى. ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى: "ئىشچىلار ئۈچۈن يا ئاچلىقتىن ئۆلۈش، يا كۈرەش

---

ئۈتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇزۇننىڭ بىر خىل ھۆكۈمرانلىقىنى تەركىپ تاپقان رەسمىي ھۆكۈمىتىنى قۇرماقچى بولدى. سايلام 4-ئاينىڭ 23-كۈنى ئۆتكۈزۈلدى. نەتىجىدە بۇرژۇئا جۇمھۇرىيەتچىلىرى غەلىبە قىلدى، 880 نەپەر پارلامېنت ئەزاسى ئىچىدە، 550 جۇمھۇرىيەتچى، 212 پادىشاپەرەس، 100 دېموكراتىيەچى بار ئىدى، ئىشچىلار ۋەكىلى ئاران 18 ئىدى.

قىلىشتىن باشقا يول قالمىغان ئىدى. ئۇلار بۇ پەرمانغا جاۋابەن، 6-ئاينىڭ 22-كۈنى كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ كۆتەردى، بۇ قوزغىلاڭ ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدىكى بىر بىرىگە قارىمۇ-قارشى ئىككى چوڭ سىنىپ ئوتتۇرىسىدىكى تۇنجى قېتىملىق ئۇلۇغ جەڭ ئىدى. بۇ بۇرژۇئا تۈزۈمىنى ساقلاپ قېلىش ياكى يوقىتىش يولىدىكى جەڭ ئىدى."①

پارىژ پرولېتارىياتى قوزغىلاڭ كۆتەرگەن چاغدا، ئۇلاردا ئىنقىلابىي پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە ئېنىق سىياسىي پروگرامما يوق ئىدى، مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قوزغىلاڭ ئىستىخىيىلىك ھالدا كۆتۈرۈلگەن ئىدى. بىراق پرولېتارىيات قوزغىلاڭ داۋامىدا ئۆزىنىڭ شوئارى ۋە تەلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇنىڭ ئىچىدە "دېموكراتىيە ۋە سوتسىيال جۇمھۇرىيەت" قوزغىلاڭنىڭ ئومۇمىي شوئارى بولۇپ، پۈتكۈل پارىژ پرولېتارىياتىنى ئىتتىپاقلاشتۇردى.

ئىيۇندىكى ھەل قىلغۇچ جەڭدە، ئىككى تەرەپنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدىكى پەرق ئىنتايىن چوڭ ئىدى. بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي كۈچلىرى ناھايىتى زور ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىدى، ئۇنىڭ بىرتۇتاش قوماندانلىق قىلىدىغان ئەكسىلئىنقىلابىي سىلىڭبۇسى بار ئىدى؛ 250 نەچچە مىڭ كىشىلىك ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق كۈچى بار ئىدى؛ قورال-جابدۇقلىرى خىل ئىدى. ئىشچىلار تەرەپتە بولسا، ئۇلارنىڭ مۇنەۋۋەر رەھبەرلىرى تۈرمىدە ئىدى؛ ئورتاق

① ماركس. «1848-يىلدىن 1850-يىلغىچە فرانسىيىدە بولغان سىنىپىي كۈرەش». «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1979-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 690-بەت.

www.uyghurkitap.com

ھەركەت قىلىش پىلانى يوق ئىدى؛ راسخودى يوق ئىدى، كوپچىلىكى قورالسىز ئىدى. ئۇششاق بۇرژۇئازىيە بىلەن دېھقانلار پرولېتارىياتقا تەرەپتە تۇرمىدى، 45 مىڭ قوزغىلاڭچى ئىشچى پۈتۈنلەي يېتىم ھالەتتىلا جەڭ قىلدى. شۇنداق بولسىمۇ، پارىژ پرولېتارىياتى ئېيۇن قوزغىلىڭى بولغان كۈنلەردە ئۆزىنىڭ مىسلىسىز قەھرىمانلىق، قەتئىيەتلىك، سالماقلىق ۋە ئەقىل-پاراسەتلىكلىكىنى كورسەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىدىن 6 ھەسسە كوپ دۈشمەنگە قارشى توپ-توغرا 5 كۈن ئېلىشتى، ئۇلار ھېچنىمىدىن قورقمايدىغان ئىنقىلاۋىي پىداكارلىق روھ بىلەن جەڭ قىلدى.

6-ئاينىڭ 22-كۈنى كەچتە، قوزغىلاڭچى ئىشچىلار پارىژنىڭ شەرقىي رايونى ۋە شەرقىي شەھەر ئەتىراپى رايونىدىكى ئىشچىلار مەھەللىسىدە 600 كوچا ئىستىھكامى قۇردى، كوچا ئىستىھكاملىرىدا قىزىل بايراق جەۋلان قىلاتتى. دەل مۇشۇ چاغدا ئۇششاق بۇرژۇئا سوتسىيالىزىمچىسى لۇئى برائۇن قوزغىلاڭنى كۆچىنىڭ بىرىچە ئەيىپلىدى، ئۇ ئىشچىلاردىن "دەرھال قورالنى تاشلاش"نى تەلەپ قىلدى. ئىشچىلار ئاممىسى بۇ خائىننىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى تونۇپ يەتتى-دە، قەتئىيلىك بىلەن قولىغا قورال ئالدى. 23-، 24-ئىيۇن كۈنلىرى جەڭ ئىنتايىن شىددەتلىك بولدى. دولەت كارخانىلىرىدىكى ئىشچىلارلا ئەمەس، بەلكى ماشىنىسازلىق ئىشچىلىرى، تومۇريول ئىشچىلىرى ۋە ياغاچچىلارمۇ جەڭگە ئاتلاندى؛ ئاياللار ۋە بالىلارمۇ ئوق ياساشقا، يارىدارلارنىڭ يارىسىنى تېڭىش، سۇ ۋە يېمەك-ئىچمەك توشۇش ئىشلىرىغا قاتناشتى. 24-ئىيۇن كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى، قوزغىلاڭدا ناھايىتى زور ئىلگىرىلەش بولدى، پارىژنىڭ سىرتىدىكى رايونلارنىڭ ھەممىسى قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئوتتى.

شەھەر رايونىدا قوزغىلاڭچىلار 4 يولغا بۆلۈنۈپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ يۈرىگى بولغان شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە ھۇجۇم قىلدى، بەزى قوشۇنلار شەھەرلىك ھۆكۈمەتتىن 60 قەدەم يىراقلىقتىكى جايغا يېقىنلاپ كەلدى.

بۇرژۇئازىيە ئالاقزادە بولۇپ نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى. ئۇلار كاۋېنياكقا ھەربىي ھاكىممۇتلەقلىق ھوقۇقىنى بېرىش ئارقىلىق ئىشچىلارنىڭ قوزغىلىڭىنى باستۇردى. كاۋېنياك توپچى قىسىملارنى كۆپلەپ يۆتكەپ كېلىپ، قوزغىلاڭچىلارنى چاچما زەمبىرەك ئوقى بىلەن غالجىرلارچە توپقا تۇتتى. پۈتۈن شەھەرگە كۆيدۈرگۈچ بومبا بىلەن ئوت قويدى. ھەرقايسى جايلاردىكى ئەكسىلئىنقىلابىي ياردەمچى قوشۇنلار جىددىيلىك بىلەن پارىژغا يېتىپ كەلدى. ئىشچىلار ئوت بىلەن زەمبىرەك ئوقى ئالدىدا باشتىن-ئاخىر قەتئىيلىك بىلەن جەڭ قىلدى، ئۆلۈمگە پەرۋا قىلمىدى. ئۇلار 24-ئىيۇندىكى جەڭدە تىللاردا داستان بولغۇدەك قەھرىمانانە ئىش ئىزلىرىنى قالدۇردى. دۈشمەننىڭ بىر شاگۇيپ كوماندىرى يازغان خېتىدە: بىر كوچا ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىشقا قوماندانلىق قىلدىم، بىز ئارقا-ئارقىدىن 20 قېتىم ھۇجۇمغا ئۆتكەن بولساقمۇ، ھەممىسىدە ھۇجۇمىمىز چېكىندۈرۈلدى، "قوزغىلاڭچىلار خۇددى شىرغا ئوخشاش قارشىلىق كۆرسەتتى" دەپ يازغان. كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا بەك چوڭ پەرق بولغانلىقى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ئىشچىلار قۇربان بولۇپ كەتتى. 25-ئىيۇن كۈنى ئۈستۈنلۈك كۈچ ئاستا-ئاستا ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنىڭ قولىغا ئۆتتى. كاۋېنياك "تەسلىم بولۇشقا ئۈندەش" ئارقىلىق ئىشچىلارنى قوراللىسزلاندۇرۇش غەرىزىدە، ئۇلارنى ئالداپ، ئىشچىلار "قورالنى تاشلايدىغانلا بولسا" "ئۇلاردىن ئۆچ ئېلىنمايدۇ" دېدى.

بۇنداق شەرمەندە نەيرەڭنى قوزغىلاڭچى ئىشچىلار قاتتىق سوكتى. قوزغىلاڭچىلار پارىژ خەلقىنى "قولغا قورال ئېلىپ"، "سوتسىيال-دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت قۇرۇش"، "خەلقنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى"نى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈچىنى تەقدىم قىلىشقا چاقىردى. ئىشچىلارنىڭ زەربە بېرىشى ئارقىسىدا كاۋېنياكنىڭ ئەسكەرلىرى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى. 26-ئىيۇن كۈنى گۈگۈم چۈشكەندە ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بازىسى بولغان سېن-ئانتۇن رايونىنى بېسىۋالدى.

بۇنىڭغا ئۇلاپلا غالىبلار ئاق تېررورلۇق ھۆكۈم سۈردى. 11 مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى ئۆلتۈرۈلدى، 25 مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى قامالدى، سۈرگۈن قىلىندى ۋە تۈرلۈك ئېغىر ئىشقا سېلىندى. 1848-يىلى، "پۇرولېتارىيات ئۆز مەنپەئەتى ۋە تەلىۋىگە ئىگە مۇستەقىل سىنىپ سۈپىتىدە بۇرژۇئازىيەگە قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلغان چاغدا، بۇرژۇئازىيە ئۆزىنىڭ قانچىلىك غالجىرانە قەبىھ ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، پۇرولېتارىياتتىن ئۆچ ئالىدىغانلىقىنى بىرىنچى قېتىم كۆرسەتتى."①

پۈتۈن ياۋروپادىكى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ھەممىسى بۇرژۇئازىيىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن بىردەك تەنتەنە قىلىشتى. چارپادىشا نىكولاي I كاۋېنياكقا تەبرىك تېلېگراممىسى يوللاپ، "كاۋېنياك جياڭجۈننىڭ جاسارەتلىك ھەركىتىگە ئاپىرىن ئوقۇدى". پۈتۈن ياۋروپادىكى ئىنقىلابچىلار پارىژ پۇرولېتارىياتى تەرەپتە تۇرۇپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ

---

① ماركس. «فرانسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش»، 1972-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 6-بەت.

قانلىق جىنايەتلىرىنى قاتتىق ئەيىپلىدى. ئىيۇن قوزغىلىڭىنىڭ جەڭچىلىرى سوتتا مەردانىلىق بىلەن سۆز قىلدى، ئۇلار قەتئىيلىك بىلەن "كېلىچەك بىزنىڭ" دەپ جاۋاپ بەردى.

ئىيۇن قوزغىلىڭىنىڭ قانلىق ساۋاقلىرى ئىشچىلارغا پرولېتارىيات مەنپەئەتى بىلەن بۇرژۇئازىيە مەنپەئەتىنىڭ تۈپتىن قارىمۇ-قارشى ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونۇتتى ھەمدە ئۇلار شۇنى تونۇۋېلىشقا باشلىدىكى: "پرولېتارىياتنىڭ بۇرژۇئا جۇمھۇرىيىتى **دائىرىسىدە** ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئازراق بولسىمۇ ياخشىلىماقچى بولۇشى بىر خىل **قۇرۇق خىياللا** بولىدىغانلىقى، بۇنداق قۇرۇق خىيالنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنۇش بىلەنلا ئۇنىڭ جىنايەتكە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ھەقىقەتنى پرولېتارىياتقا پەقەت ئۇنىڭ مەغلۇبىيىتىلا تونۇتقان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەسلىدە پرولېتارىيات فېۋرال جۇمھۇرىيىتىنى ئورۇنلاپ بېرىشكە مەجبۇر قىلماقچى بولغان، شەكىل جەھەتتە ھەددىدىن ئاشقان، ماھىيەتتە بولسا پارچە-پۇرات، ھەتتا بۇرژۇئا خاراكتېرىنى ئالغان تەلەپلەرنىڭ ئورنىنى، **بۇرژۇئازىيىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايلى! ئىشچىلار سىنىپى دىكتاتۇرىسىنى يۈرگۈزەيلى!** دېگەن مەردانە ئىنقىلاۋىي جەڭگىۋار شوئار ئالدى."①

**لۇئى بوناپارتنىڭ سىياسىي ئۆزگىرىشى** ئىيۇن قوزغىلىڭىنىڭ مەغلۇبىيىتى 1848-يىلدىكى ئىنقىلاپ تارىخىدىكى بۇرۇلۇش ئىدى.

ئىيۇن قوزغىلىڭىنىڭ باستۇرۇلۇشى فرانسىيىنىڭ سىياسىي ۋەزىيە-

① ماركس. «1848-يىلدىن 1850-يىلغىچە فرانسىيىدە بولغان سىنىپىي كۈرەش». «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1979-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 694-بەت.

تىگە قاتتىق تەسىر كۆرسەتتى. بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەكسىيەتچىل كۈچلىرى بىر مەھەل غالجىرلىشىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي تىغ ئۇچى پرولېتارىياتقىلا قارىتىلىپ قالماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغان ئۇششاق بۇرژۇئازىيىگە ۋە دېھقانلارغىمۇ زەربە بەردى. فېۋرال ئىنقىلاۋىدا خەلق قولغا كەلتۈرگەن ئازغىنا ھوقۇقنىڭ ھەممىسى بىكار قىلىندى؛ ئىشچىلارنىڭ ئىش ۋاقتى 10 سائەتتىن 12 سائەتكە ئۇزارتىلدى؛ قەرزلەرنى قايتۇرۇش ۋاقتىنى ئۇزارتىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى؛ مەجبۇرى ھالدا 45 سىنتىمدىن باج ئېلىنىدىغان بولدى. ئىيۇن قوزغىلىڭى باستۇرۇلغاندىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە، بۇرژۇئا جۇمھۇرىيەتچىلىرى تەنھا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. 6-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، كاۋېنياك دۆلەتنىڭ مەمۇرى باشلىقى بولۇپ، بىر خىللا ئۇستىكى جۇمھۇرىيەتچىلەر ھۆكۈمىتىنى تەشكىل قىلدى. بۇرژۇئا جۇمھۇرىيەتچىلىرى قانۇن تۈزۈش شەكلى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىمەكچى بولۇپ، 11-ئاينىڭ 4-كۈنى فرانسىيە 2-جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىنى ماقۇللىدى. ئاساسىي قانۇندا بارلىق ئەركىنلىك ھوقۇقى دۆلەتنىڭ نازارىتى ئاستىدا بولىدۇ؛ بۇرژۇئا جەمئىيىتىنىڭ تەرتىۋى ۋە بىخەتەرلىكىگە تەسىر يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ؛ قانۇن تۈزۈش ھوقۇقى قانۇن تۈزگۈچى پارلامېنتقا مەنسۇپ بولىدۇ، مەمۇرى ھوقۇق جۇمھۇرىيەتنىڭ زۇڭتۇڭىغا تاپشۇرۇلىدۇ؛ زۇڭتۇڭنىڭ ۋاكالەت مۇددىتى 4 يىل بولىدۇ، ئۇ ئومۇمى سايلام ئارقىلىق سايلىنىپ، ھەربى-مەمۇرى چوڭ ھوقۇقنى ئىگىلەيدۇ، دەپ بەلگىلەندى. بۇرژۇئازىيە كۈچلۈك زۇڭتۇڭلۇق تۈزۈمىدىكى ھوقۇق مەركەزلەشكەن تۈزۈمنى

ئورنىتىش ئارقىلىق ئىشچىلار ھەرىكىتى ۋە دېموكراتىك ھەرىكەتكە تاقابىل تۇرماقچى بولىدى. ۋاھالەنكى فرانسىيە 2 ـ جۇمھۇرىيىتى مۇستەھكەملىنەلمەيتتى، چۈنكى بۇرژۇئا جۇمھۇرىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئاساسى بەك ئاجىز ئىدى. بۇرژۇئازىيە ئىيۇن قوزغىلىڭىنى باستۇرۇپ، فېۋرال ئىنقىلاۋىنىڭ ئاساسىي تۈۋرۈكى بولغان پرولېتارىياتنى تارمار قىلغان ئىدى؛ بۇرژۇئازىيە جۇمھۇرىيەتچىلىرى دېھقانلار ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازىيىگە بولغان زۇلۇمنى كۈچەيتكەنلىكى ئۈچۈن ناھايىتى تېزلا ئۇلارنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلىپ قالدى. شۇنداق بولغاچقا، بۇرژۇئا جۇمھۇرىيەتچىلىرى پادىشا پەرەس كۈچلەرنىڭ باش كۆتىرىشىگە قارشى تۇرۇشقا قۇربەتسىز قالدى. پادىشا پەرەسلەر (ئەنئەنىۋى پادىشا پەرەسلەر، ئورلىيانچى پادىشا پەرەسلەر، ناپولېئونچى پادىشا پەرەسلەر) توختىماستىن ھەرىكەت قىلىپ، پادىشالىق تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇندى.

12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى بولغان زۇڭتۇڭ سايلىمىدا، ئاساسەن ئىككى نامزات كۆرسىتىلدى: بىرى جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ نامزاتى قانخور جياڭجۈن كاۋىنياك، يەنە بىرى پادىشا پەرەسلەرنىڭ نامزىتى، ناپولېئون I نىڭ جىيەنى لۇئى بوناپارت ئىدى. لۇئى بوناپارت ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق بىر سىياسەتۋاز ئىدى، ئۇ شامالغا قاراپ ئىش كۆرۈشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن، تىلى ھەسەل، ئىچى زەھەر، ئىككى يۈزلىمىچى، ئالدامچى، ساختىپەز ئىدى. سايلام ۋاقتىدا، ئۇ بىر تەرەپتىن، ئەيمەنمەستىن چوڭ بۇرژۇئازىيىنى "قىزىل ۋەھىمە" ئارقىلىق قورقۇتۇپ، ئۆزىنىڭ چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش "ئىرادە"سىنى كۆرسەتتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، دېھقانلار ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازىيىگە كىشىنى ئازدۇرىدىغان ۋەدىلەرنى

www.uyghurkitap.com

بېرىپ، ئۆزىنى دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىنىڭ "ۋەكىلى" قىلىپ كۆرسەتتى. چوڭ يەر ئىگىلىرى ۋە چوڭ بۇرژۇئازىيە پادىشالىق تۈزۈمىنى تىرىلدۈرۈش ئۈمىدى بىلەن بوناپارتنى قوللىدى. شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسى جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ مالىيە سىياسىتىگە نارازى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارمۇ بوناپارتنى قوللىدى. گەپ دېھقانلاردا ئىدى. فرانسىيىنىڭ كەڭ دېھقانلىرى جۇمھۇرىيەتنىڭ سىياسىتىدىن نارازى ئىدى، ئۇلار فرانسىيە زور ئىنقىلابىي دەۋرىدىكى ياكوبىنچىلارنىڭ يەر قانۇنىنى ئەسلەپ، زور ئىنقىلاب مەزگىلىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى كۆپىنچە ناپولېئون I بىلەن باغلاپ قارايتتى؛ ئۇلار ساددا خام خىياللار بىلەن ناپولېئون I نىڭ جىيەنى لۇئى بوناپارتقا ئاۋاز بەردى. شۇنىڭ بىلەن "ئۇلۇغ چوڭ دادىسىنىڭ ئەرزىمەس جىيەنى" تامامەن بۇرژۇئا جۇمھۇرىيەتچىلىرىنىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىقىپ زۇڭتۇڭلۇققا سايلاندى. لۇئى بوناپارتنىڭ زۇڭتۇڭلۇققا سايلانغانلىقى ھاكىمىيەتنىڭ پادىشاپەرەسلەر قولىغا ئۆتۈشكە باشلىغانلىقىدىن، بۇرژۇئا جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھالاكەتكە يۈزلىنىشكە باشلىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

لۇئى بوناپارت تەختكە چىققاندىن كېيىن، دەررۇ خەلقنى باستۇرىدىغان دۆلەت ماشىنىسىنى كۈچەيتىپ، ئۆزىنىڭ پادىشا بولۇش قارا نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇرۇندى. ئۇ بىر تەرەپتىن، لۈكچەكلەر، ئالدامچىلار، بىكار تەلەپ سەرگەردانلارنى يىغىپ، ئەكسىيەتچىل "10 ـ دېكابىر جەمئىيىتى"نى قۇرۇپ، ھەممىلا يەردە كىشىلەرنى ئالدايدىغان تەشۋىقاتلارنى ئېلىپ باردى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ساقچى بيۇروكرات ئورگانلىرىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىپ ۋە تولۇقلاپ، ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى كۈچەيتتى. خەلقنىڭ نارازىلىقى

ۋە قارشىلىغىنىڭ ھەممىسى دەھشەتلىك تۈردە باستۇرۇلدى. لۇئى بوناپارت دىققەت-ئېتىبارىنى ھەربى ھوقۇق تەرەپكە قويدى، ئۇ نۇرغۇن پۇل خەجلەپ ئەپىتسەرلەر ۋە ئەسكەرلەرنى سېتىۋالدى، ئۆزىنىڭ يېقىن ئادىمىنى پارىژ شەھەر گارنىزونىغا باشلىق قىلدى. 1851-يىلى 12-ئاينىڭ 1-كۈنى كېچىسى ۋە 2-كۈنى سەھەردە بوناپارت سىياسى ئۆزگىرىش قوزغىدى، ئۇ 70—80 مىڭ ئەسكەر يۆتكەپ، پارىژنىڭ مۇھىم ھەربى ئورۇنلىرىنى ئىگىلىۋالدى، ئۆزىگە قارشى تۇرغان پارلامېنت ئەزالىرىنى قولغا ئالدى، قانۇن تۈزۈش پارلامېنتىنى تارقىتىۋەتتى ھەمدە ئۆزىنىڭ زۇڭتۇڭلۇق مۇددىتىنى ئۇزارتىپ 10 يىل قىلدى. بىر يىلدىن كېيىن—1852-يىل 12-ئاينىڭ 2-كۈنى بوناپارت پادىشا بولدى، 2-جۇمھۇرىيەت ھالاك بولدى، ئۇنىڭ ئورنىغا فرانسىيە 2-ئىمپېرىيىسى (1852—1870) دەسسىدى.

ناپولېئون III ①نىڭ ئىمپېرىيىسى يەنىلا بۇرژۇئازىيە دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت ئىدى. ناپولېئون III نىڭ ھۆكۈمرانلىقى بۇرژۇئازىيەنىڭ ئەڭ ئەكسىيەتچىل، ئەڭ تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىغا ئىگە قاتلىمىغا يەنى بانكا ئىگىلىرى، جازانىخورلار ۋە چوڭ پومېششىكلاردىن تەشكىل تاپقان پۇل-مۇئامىلە ئاقسۆڭەكلىرىگە شۇنىڭدەك ئوردا ۋە ھۆكۈمەت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولغان يىرىك سانائەت ئىگىلىرىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. لېنىن بوناپارت دىكتاتۇرىسىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاپ مۇنداق دېگەن ئىدى: "بوناپارتچىلىق (فرانسىيە بوناپارت ئىسىملىك ئىككى خان بىلەن داڭ چىقارغان) دەپ شۇنداق

---

① بوناپارتچىلار ناپولېئون I نىڭ بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن ئوغلى لەيشتات كىنەزى (1811—1832)نى ناپولېئون II دەپ ئاتىغان.

www.uyghurkitap.com

بىر ھوكۇمەتكە ئېيتىلىدۇكى، بۇ ھوكۇمەت كاپىتالىستلار پارتىيىسى بىلەن ئىشچىلار پارتىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئىنتايىن ئوتكۇر كۈرەشتىن پايدىلىنىپ، ھە دەپ ئۆزىنى پارتىيە-گۇرۇھسىز ھوكۇمەت قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنداق ھوكۇمەت كاپىتالىستلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ئۇ ۋەدە بېرىش ۋە ئانچە-مۇنچە نەپ بېرىش ئارقىلىق ئىشچىلارنى ئالداشتا تازا ئۇستا.»①

بوناپارت دىكتاتورىسى شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىققان بۇرژۇئا ئەكسىلئىنقىلاۋىي ھوكۇمرانلىقى، فرانسىيىنىڭ بۇرژۇئا خاراكتېرلىق دېموكراتىك ئىسلاھاتىغا توسقۇنلۇق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى فرانسىيىنى ياۋروپادىكى ئەكسىيەتچىل قورغاندىن بىرىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى.

**گېرمانىيىدىكى ئىمپېرىيە ئاساسىي قانۇنىنى قوغداش ھەرىكىتى**

پارىژ ئىيۇن قوزغىلىڭىنىڭ باستۇرۇلۇشى 1848-يىلى ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەر ئىنقىلاۋى ئۈچۈنمۇ بۇرۇلۇش بولۇپ قالدى. فرانسىيە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ غەلىبە قىلغانلىقى گېرمانىيە فېئودال ئەكسىيەتچىل كۈچلىرىنىڭ ئومۇمىي قايتۇرما ھۇجۇمغا ئوتۇشىگە تۈرتكە بولدى.

1848-يىل 7-ئايدا، ئاۋستىرىيە خانى بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئالاقزادىلىك بىلەن تەلەپ قىلىشى ئارقىسىدا ۋېناغا قايتىپ كەلدى. ئەكسىيەتچىلەر ھەددىدىن ئېشىشقا باشلىدى. ئاۋستىرىيە قوشۇنلىرى چېخلار قوزغىلىڭىنى قانلىق تۈردە باستۇرغاندىن كېيىن، 9-ئايدا

---

① لېنىن، «ئىنقىلاپ ساۋاقلىرى». «لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى»، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1972-يىل خەنزۇچە نەشرى، 3-توم، 126-بەت.

ئىتالىيە خەلقىنىڭ قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا قاتناشتى. 10-ئايدا، ئاۋستىرىيە خانى ئەكسىلئىنقىلابىي قوشۇننى توپلاپ ۋېنگرىيە ئىنقىلابىنى باستۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئاۋستىرىيە خانى ئالدى بىلەن ئىمپېرىيە تەۋەسىدىكى مىللىي قوزغىلاڭنى باستۇرۇپ، ئاندىن كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ۋېنا ئىنقىلابىغا تاقابىل تۇرماقچى بولدى. ۋېنا خەلقى ئاۋستىرىيە خانىنىڭ ياۋۇز ئەپتى-بەشىرىسىنى بايقاپ، ئوكتەبىر قوزغىلىڭىنى كۆتىرىشنى قارار قىلدى. ۋېنا خەلقىنىڭ ئاۋستىرىيە قوشۇنلىرىنىڭ ۋېنگرىيىگە كىرىشىنى توسۇشى قوزغىلاڭغا تۈتروُق بولدى. 5-، 6-ئوكتەبىر كۈنلىرى، ۋېنانىڭ ھەممە يېرىگە كوچا ئىستىھكاملىرى ياسىلىپ كەتتى. ئىشچىلار، ئوقۇغۇچىلار، ئۇششاق بۇرژۇئازلار ئەسكەرلەر بىلەن ئېلىشتى ھەمدە ئەسكەرلەرنى تارمار قىلدى. خان ۋە ئۇنىڭ ئوردىسىدىكىلەر يەنە بىر قېتىم ۋېنادىن قېچىپ كەتتى.

ئوكتەبىر قوزغىلىڭىغا بەزىبىر ئۇششاق بۇرژۇئازىيە دېموكراتلىرى رەھبەرلىك قىلدى، ئۇلاردا ئىنقىلابنى داۋاملاشتۇرغۇدەك پىلانمۇ، غەيرەتمۇ يوق ئىدى. ئۇلار مەغلۇپ بولغان قوشۇنلارغا قوغلاپ زەربە بەرمىدى، دېھقانلارنى سەپەرۋەر قىلمىدى، ئەكسىچە لىكتاسىملىق قىلىپ، ئاۋستىرىيە خانى بىلەن مۇرەسسەلەشمەكچى بولدى. ئاۋستىرىيە خانى ئۆز قوشۇنلىرىنى تېزدىن توپلاپ، شۇنىڭ بىلەن بىللە چېخ چولڭ پومىشىشكى ۋىندىشگرېسنىڭ 70 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى توپلاپ، 200 دانە زەمبىرەك بىلەن ۋېناغا ھۇجۇم قىلدى. ۋېنادىكى ئىشچىلار ۋە كەڭ خەلق ئىنتايىن قىيىن ئەھۋال ئاستىدا 25 كۈن قاتتىق ئېلىشتى، ئاخىردا پايتەختنى ئەكسىيەتچىلەر ئىشغال قىلىۋالدى. بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىمپېرىيە پارلامېنتىمۇ تارقىتى-

ۋېتىلدى. 1849 ـ يىل 3 ـ ئايدا، يېڭى خان فرانس ـ جوسېف ئىنتايىن ئەكسىيەتچىل ئاساسىي قانۇنتى ئېلان قىلدى. ئاۋستىرىيىدە فېئودال مۇستەبىتلىك تۈزۈمىنىڭ زۇلمەتلىك ھوكۇمرانلىقى قايتا ئەسلىگە كەلدى.

پرۇسسىيىدە، بۇرژۇئا ئىچكى كابىنېتى ۋە مىللى پارلامېنت ئىنقىلاۋىي خەلققە تاقابىل تۇرۇش ئويىدىلا بولدى. ئۇلار پرۇسسىيە قوشۇنلىرىنىڭ بېرلىنغا قايتىپ كېلىپ تەرتىپنى ساقلىشىنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن قوشۇن دەرھال قايتۇرۇپ كېلىندى. پرۇسسىيە پادىشاسى يەنە ئەكسىيەتچى جىاڭلىك ۋرانگېلنىڭ زور قوشۇنىنى پارىژ ئەتراپىغا توپلىدى. 1848 ـ يىل 11 ـ ئايدا، پرۇسسىيە پادىشاسى بۇرژۇئا ئىچكى كابىنېتىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يۇنكېر بىيۇروكراتلاردىن تەشكىل قىلىنغان ھوكۇمەتنى دەسسەتتى. بۇ ۋەقە بۇرژۇئازىيىنى ئالاقزادە قىلىپ قويدى، ئۇلار غوتۇلداپ ئۆزلىرىنىڭ باشقىچە پىكرىنى بىلدۈرۈشتى. پرۇسسىيە پادىشاسىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ۋرانگېل قوشۇنلىرى بېرلىنغا كىرىپ، مىللى پارلامېنت بىناسىنى ئىشغال قىلدى. تا شۇڭغىچە مىللى پارلامېنت خەلقنى "تېچلىق ۋە تەرتىپ"نى ساقلاشقا ئۈندىدى، بېرلىن ئىشچىلىرى ۋە خەلقلىرىنىڭ ئىنقىلاۋىي قارشىلىق ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇردى. بېرلىندىكى ئىنقىلاۋىي كۈچلەر باستۇرۇلغاندىن كېيىن، مىللى پارلامېنتمۇ قوراللىق كۈچ بىلەن تارقىتىۋېتىلدى.

گېرمانىيىدىكى ئەكسىلئىنقىلاۋىي كۈچلەر يىغىلىپ، فرانكفۇرت پارلامېنتىنى "قورشاپ يوقىتىش"نى باشلىدى. 1849 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، پۈتۈن گېرمانىيە فرانكفۇرت پارلامېنتى ئاخىر ئىمپېرىيە ئاساسىي قانۇنىنى تۈزۈپ چىقتى، ئاساسىي قانۇندا، بىرلىككە كەلگەن

گېرمانىيە ئىمپېرىيەسىنى قۇرۇش؛ گېرمانىيىنىڭ ھەرقايسى ئىشتاتلىرىنىڭ ئىمپېرىيە ئىچىدە كەڭ كۆلەمدە ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش، لېكىن دىپلوماتىيە ۋە ھەربىي ئىشلار جەھەتتە ھوقۇقنى گېرمانىيە مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش بەلگىلەندى. ئاساسىي قانۇندا يەنە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ تەبىقە ئىمتىيازلىرى ۋە يانچىلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش (تولەم تولەش) بەلگىلەندى، خۇسۇسىي مۈلۈككە دەخلى-تەرۇز قىلىنمايدىغانلىقى ۋە شۇنىڭدەك بەزىبىر بۇرژۇئا ئەركىنلىكى ۋە دېموكراتىيىسى جاكالاندى. بۇ ئاساسىي قانۇن ئۆزىنىڭ ئىنتايىن مۇتىدىل بولغان بۇرژۇئا خاراكتېرىنى كۆرسىتىپ بەردى، بۇرژۇئازىيە بولسا بارلىق ئۈمىدىنى فېئودال پادىشالىقنىڭ ئىمپېرىيە خان تاجىنى قوبۇل قىلىشىغىلا باغلىدى. فرانكفۇرت پارلامېنتى پرۇسسىيە پادىشاسىنى ئىمپېرىيە خانى قىلىپ سايلىدى. بىراق پرۇسسىيە پادىشاسى بۇنى مەنسىتمەسلىك بىلەن رەت قىلدى، ئۇ "1848-يىل ئىنقىلاۋىنىڭ پۇرىقى بار" تاجنى ھەرگىز كىيمەيمەن دېدى ھەمدە ئىمپېرىيە ئاساسىي قانۇنىنى ئېتىراپ قىلىشنى رەت قىلدى. ئاۋستىرىيە ۋە باشقا چوڭ ئىشتاتلارمۇ پرۇسسىيە پادىشاسىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى. گېرمانىيىنىڭ فېئودال بەگلىرى ئاساسىي قانۇنغا دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسىنى تۇتۇپ، فرانكفۇرت پارلامېنتىنى ئىنتايىن قالايمىقان قىلىۋەتتى. ئۇلار ۋەكىل ئەۋەتىپ ھەرقايسى ئىشتاتنىڭ بەگلىرىگە چۈشەندۈرۈپ، ئاساسىي قانۇننى تېچ يول بىلەن قوغداش ھەرىكىتىنى ئېلىپ باردى.

گېرمانىيىنىڭ ھەرقايسى ئىشتاتلىرىنىڭ بەگلىرىنىڭ ئىمپېرىيە ئاساسىي قانۇنىغا قارشى تۇرغانلىقى خەلقنىڭ ئىنتايىن قاتتىق

غەزنۇنى قوزغىدى. ئىشچىلار، قول سانائەتچىلەر ۋە شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيەسى بۇ ئاساسىي قانۇننى مارت ئىنقىلاۋىدىن بۇيان يوقىتىلمىغان بىردىن-بىر مۇۋەپپەقىيەت دەپ قاراپ، ئاساسىي قانۇننى قوغداش ھەرىكىتىگە پائال قاتناشتى. 5-ئاينىڭ باشلىرىدا، گېرمانىيىنىڭ بەزى رايونلىرىدا خېلى زور خەلق قوزغىلاڭلىرى كۆتۈرۈلدى. خەلق ئاساسىي قانۇننى قوغداش ھەرىكىتىگە ئىنقىلاۋىي خاراكتېر بەردى. چۈنكى بۇ كۈرەش ۋە قوزغىلاڭلار ئىمپېرىيە ئاساسىي قانۇننى قوغداشتىن باشقا، تېخىمۇ مۇھىمى ئىنقىلاپنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى يەنى گېرمانىيىنىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئىدى. ماي قوزغىلىڭى ناھايىتى تېزلا ھەممە يەرگە كېڭىيىپ كەتتى. ساكسونىيە، رېين رايونى، بادېن، پفالىز خەلقى كەڭ كۆلەمدە قوزغىلاڭ كۆتەردى.

لېكىن، فرانكفۇرت پارلامېنتى ئوتتۇرىغا چىقىپ ماي قوزغىلىڭىغا رەھبەرلىك قىلمىدى ھەمدە خەلق بىلەن بىرلىكتە گېرمانىيىنىڭ بىرلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئىمپېرىيە ئاساسىي قانۇننى قوغداش ئۈچۈن كۈرەش قىلمىدى؛ ئەكسىچە، ئۇلار ئاممىنىڭ ئىنقىلاۋىي ھەرىكىتىدىن قورقۇپ ئېسىنى يوقىتىپ قويدى. بىر قىسىم پارلامېنت ئەزالىرى ئالاقزادە بولغان ھالدا، ئاساسىي قانۇندىن "مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈش"نى جاكالىدى، قالغان بىر قىسىم پارلامېنت ئەزالىرى قۇيرۇغىنى تىكىۋەتتى. ماي قوزغىلىڭىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ("دېموكراتىيىچىلەر")نىڭ قولىدا بولدى، ئۇلار ئىككىلىنىپ، تەۋرىنىپ، كۈچلۈك ئىنقىلاۋىي تەدبىر قوللىنىشقا پېتىنالمىدى، ھەرىكەتنى "قانۇنلۇق" ھالدا ئاساسىي قانۇننى قوغداش دائىرىسى ئىچىدىلا چەكلەشنى تەلەپ قىلدى.

پرۇسسىيە ئەكسىلئىنقىلاۋىي زور قوشۇنى بۇ رايونلارغا بېسىپ كىرگەندە، بىرلىككە كەلگەن ھالدا، قەتئىي قارشىلىق كۆرسەتەلمىدى. گېرمانىيىدىكى ئىنقىلاۋىي ھەركەت ۋاقتىنچە باستۇرۇلدى.

**ۋېنگرىيىدىكى مىللىي ئازاتلىق ئۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى**

ئاۋسترىيە خانى ۋېنا ئوكتەبىر قوزغىلىڭىنى باستۇرغاندىن كېيىن، ۋەندىشگرېتسنى زور قوشۇن بىلەن ۋېنگرىيە ئىنقىلاۋىنى باستۇرۇشقا ئەۋەتتى. ۋېنگرىيە قوشۇنلىرىدىكى ئەپسەرلەرنىڭ تەڭدىن تولىسى ئاقسۆڭەك بولۇپ، جەڭدە قابىل بولمىدى، پارلامېنتتىكى تەسلىمچىلەرمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھەركەت قىلدى. ۋېنگرىيىنىڭ پايتەختى بودا پېشت 1849-يىلى قولدىن كەتتى.

ۋېنگرىيە خەلقى ئاداققىچە جەڭ قىلىشقا قەسەمىيات قىلدى. بېسىۋېلىنغان جايلاردىكى دېخانلار كەڭ كۆلەمدە ھەركەتكە كېلىپ، ئاۋسترىيە قوشۇنلىرىغا ھەممىلا يەردە توسۇپ زەربە بەردى. كوشۇت قەتئىي قارشىلىق كۆرسىتىشنى تەشەببۇس قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشتى. خەلق جەڭگە پائال قاتناشتى. 4-ئاينىڭ باشلىرىدا، ۋېنگرىيە ئىنقىلاۋىي قوشۇنلىرى قايتۇرما زەربىگە ئۆتۈپ، ئاۋسترىيە قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلدى. ۋېنگرىيە پارلامېنتى كوشۇتنىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن، 4-ئاينىڭ 14-كۈنى ۋېنگرىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى رەسمىي ئېلان قىلدى. كوشۇت يېڭى دۆلەتنىڭ باشلىقى بولدى. 4-ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئاۋسترىيە قوشۇنلىرى ۋېنگرىيە چېگرىسىدىن پۈتۈنلەي قوغلاپ چىقىرىلدى.

ۋېنگرىيە مىللىي ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىگە ئېرىشىشى ياۋروپا ئىنقىلاۋىغا نىسبەتەن زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى. بۇ غەلىبە پايدىسىز ۋەزىيەت ئاستىدا تۇرغان ياۋروپا ئەللىرىنىڭ ئىنقىلاۋىي ھەركىتىگە

www.uyghurkitap.com

ئىلھام بولدى. ۋېنگرلار شۇ چاغدا ۋېناغا ھۇجۇم قىلىپ، ئاۋستىرىيىنى يېڭىدىغان بولسا، ئىتالىيىنىڭ ئاۋستىرىيىنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇشىغا تۈرتكە بولاتتى، شۇ ئارقىلىق ياۋروپا ئەللىرىدىكى ئىنقىلاۋىي كۈچلەرگە كۈچلۈك ياردەم بېرەلەيتتى. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، پۈتۈن ياۋروپادىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەر ۋېنگرىيىنىڭ ۋەزىيىتىدىن قاتتىق چوچۇدى. ياۋروپا ژاندارمىسى بولغان چارروسىيە ئەسكەر چىقىرىپ ئارىلىشىش تەرەددۇتىنى قىلدى. ئەنگلىيىنىڭ تاشقى ئىشلار ۋەزىرى روسىيە ئەلچىسىگە: "تېزدىن باستۇرۇش كېرەك!" دېدى. پرۇسسىيە روسىيە ئەسكەرلىرىنىڭ پرۇسسىيە زېمىنىدىن ئۆتۈشىگە، پرۇسسىيە تۆمۈريوللىرىنى ئىشلىتىشىگە رۇخسەت قىلىدىغانلىقىنى جاكالىدى. شۇ يىلى 5-ئايدا چارپادىشا نىكولاي I ۋېنگرىيىگە 140 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن ئەۋەتتى، ئۆزىنىڭ جياڭجۈنلىرىگە ۋېنگرىيە ئىنقىلابچىلىرىنى "قويماي قىرىپ تاشلاش"نى بۇيرۇدى.

روسىيىنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ ئارىلىشىشى بىلەن ۋېنگرىيە ئىنقىلاۋى مۇھاسىرە ئىچىدە قالدى. ۋېنگرىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەسلىمچى كۈچلەر باش كۆتەردى. ئاقسۆڭەكلەر، بۇرژۇئازلار روسىيە ۋە ئاۋستىرىيە بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشكە باشلىدى. چارروسىيە ئەسكەرلىرى ئاۋستىرىيە ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ ۋېنگرىيىدىكى مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىنى بوغۇپ تاشلىدى. ئەسىر ئېلىنغان ۋېنگرىيە ئەپسەرلىرى، ئەسكەرلىرى ئۆلتۈرۈلدى، دېھقانلار دەھشەتلىك زىيانكەشلىككە ۋە قىرغىنچىلىققا ئۇچرىدى. ئىنقىلاۋىي شائىر پېتوفى چارروسىيە ئەسكەرلىرىگە قارشى جەڭدە قۇربان بولدى. كوشۇت تۈركىيىگە قېچىپ كەتتى. 8-ئايدا، ۋېنگرىيە

ئىنقىلاۋى خەلىقارا ئەكسىيەتچىلەر تەرىپىدىن قانلىق تۈردە باستۇرۇلدى.

لېكىن ۋېنگرىيە خەلقى بۇنىڭلىق بىلەن تىز يۈكمىدى، ئۇلار جاپا ـ مۇشەققەتلىك ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، روسسىيە ۋە ئاۋسترىيە ئەكسىيەتچىلىرىگە ئۈزلۈكسىز زەربە بەردى.

**1848 ـ يىلدىكى ئىنقىلابنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى سەۋەب-لەر** 1849 ـ يىل 8 ـ ئايغا كەلگەندە، ياۋروپادىكى ئىنقىلاب ئاساسىي جەھەتتىن مەغلۇپ بولدى. بۇ قېتىمقى غايەت زور بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاۋى، بىرتەرەپتىن، خەلق ئاممىسى بىلەن فېو-داللىق كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تېخى ئۈزۈل ـ كېسىل ھەل قىلىنمىغان؛ يەنە بىر تەرەپتىن، پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئا-زىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەۋج ئالغان تارىخىي پەيتتە بولدى. شۇڭلاشقا، پرولېتارىيات مۇستەقىل ھالدا ھەرىكەت قىلىشقا باشلىغان، خەلق ئاممىسى ئىنقىلابقا پائال قاتنىشىۋاتقان چاغدا، ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلغان بۇرژۇئازىيە ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئىنقىلابقا قارشى چىقتى. ئۇلار پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاۋىي ھەرىكىتىنى باستۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغان دېھقانلار سىنىپىنى ساتتى. بۇرژۇئازى-يىنىڭ ساتقىنلىق قىلىشى ئىنقىلابنىڭ مەغلۇپ بولۇشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى بولدى.

پرولېتارىيات جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىنقىلابنىڭ غول كۈچى ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلدى. لېكىن، 1848 ـ يىلى "ياۋروپا قۇرۇقلۇقىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالى تېخى كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنى قومۇرۇپ تاشلىغۇدەك دەرى-

جىددە پىششىق يېتىلمىگەن ئىدى"①. يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان پۈرولېتارىيات سىياسىي جەھەتتە تېخى ناھايىتى ئاجىز ۋە پىششىق يېتىلمىگەن ئىدى، پۈرولېتارىيات قوشۇنىدا يەنىلا قول سانائەت ئىشچىلىرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيتتى. پۈرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاۋىي پارتىيىسى يوق ئىدى، كۆپ ساندىكى ئىشچىلار يەنىلا ئۇششاق بۇرژۇئازىيە سوتسىيالىزمى ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئىدى. شۇڭلاشقا، ئۇ چاغدا پۈرولېتارىيات دېخانلارغا، ئۇششاق بۇرژۇئازىيىگە ۋە ئەمگەكچى ئاممىغا رەھبەرلىك قىلىپ ئىنقىلاپ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالالمايتتى، ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ تەۋرىنىپ تۇرۇشى ۋە قەتئىيسىزلىكى بولسا ئەكسىلئىنقىلاپنى ئوڭايلا غەلىبە قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپادىكى ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ ئازاتلىق كۈرىشى ياۋروپادىكى ئەڭ كۈچلۈك ئەكسىيەتچى كۈچ بولغان چارروسىيىنىڭ قانلىق باستۇرۇشىغا ئۇچرىدى. دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ سېلىشتۇرمىسى جەھەتتىكى پەرقنىڭ ئىنتايىن چوڭ بولۇشمۇ ئىنقىلاۋىي كۈرەشنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى مۇھىم سەۋەپ بولدى.

لېكىن، 1848-يىلدىكى ئىنقىلاپ دۇنيا تارىخىدىكى بىر ئۇلۇغ ئاممىۋى ئىنقىلاۋىي ھەركەت بولدى، ئۇ تارىخ تەرەققىياتىغا نىسبەتەن زور تەسىر كۆرسەتتى. ئىنقىلاپ فېئوداللىق تۈزۈمگە سوققا

① ئېنگېلس. «1848-يىلدىن 1850-يىلغىچە فرانسىيىدە بولغان سىنىپىي كۈرەش» دېگەن ئەسەرگە مۇقەددىمە، «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 22-توم، 597-بەت.

بېرىپ، ئۇنى ھەرگىز بۇرۇنقى يېتىچە تۇرالمايدىغان قىلىپ قويدى. بولۇپمۇ ياۋروپا پرولېتارىياتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلار بىر قېتىملىق ئىنقىلاۋىي تەربىيىگە ۋە چېنىقىشقا ئىگە بولدى. پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە مەنپەئەتىنىڭ تۈپتىن قارىمۇ-قارشى ئىكەنلىكىنى تونۇۋالدى. ئېنگېلس مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "1848-يىلدىكى ئىنقىلاپ گەرچە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەرھالدا سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ئۈچۈن يول ئېچىپ بەردى، بۇ ئىنقىلاپقا ئاساس ھازىرلاپ بەردى."① ماركسىزىم تۇنجى قېتىم غايەت زور ئىنقىلاۋىي ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتتى، ئۇنىڭ پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاۋىي كۈرىشىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىردىن-بىر توغرا ئىنقىلاۋىي تەلىمات ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. 1848-يىلدىكى ئىنقىلاپ ماركسىزىمنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى مۇھىم باسقۇچ بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

## 3-بۆلۈم ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ ئىنقىلاۋىي پائالىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ 1848-يىل ئىنقىلاۋى ھەققىدىكى يەكۈنى

**ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ گېرمانىيە ئىنقىلاۋىدىكى تاكتىكىسى** ماركس بىلەن ئېنگېلس ئىنقىلاپ بورىنىنىڭ يېتىپ

① ماركس-ئېنگېلس، «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى»، 1971-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 37—38-بەتلەر.

www.uyghurkitap.com

كېلىدىغانلىقىنى 1847-يىلىلا ئالدىن كۆرگەن ئىدى. فرانسىيە فېۋرال ئىنقىلابى پارتلىغان چاغدا، ماركس بېلگىيىنىڭ پايتەختى بىريۇسسېلدا كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ يەرلىك شۆبە تەشكىلاتلىرىغا رەھبەرلىك قىلىۋاتاتتى. ماركس بىلەن ئېنگېلس ياۋروپادىكى ئىنقىلابىي ھەركەتنى قەتئىي قوللىدى ھەمدە بىرمۇ ھەركەت قوللانمىشقا كىرىشتى. 3-ئاينىڭ باشلىرىدا، بېلگىيە ھۆكۈمىتى ماركسنى قولغا ئالدى ۋە ئۇنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقاردى. ماركس ئۇ يەردىن پارىژغا كېلىپ، ئېنگېلس بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلدى. ماركس مەركىزىي كومىتېتنىڭ رەئىسى بولدى، ئېنگېلس قاتارلىقلار مەركىزىي كومىتېت ئەزاسى بولدى. يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان مەركىزىي كومىتېت ئىنقىلاپ داۋامىدا «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»دا تۈزۈلگەن پرولېتارىياتلىق ئىنقىلابىي لۇشيەنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا كىرىشتى.

ماركس بىلەن ئېنگېلس ئاساسىي دىققىتىنى گېرمانىيىگە مەركەزلەشتۈردى. ئۇلار: "گېرمانىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ ھارپىسىدا تۇرۇۋېتىدۇ"، "17-ئەسىردىكى ئەنگلىيە ۋە 18-ئەسىردىكى فرانسىيە بىلەن سېلىشتۇرغاندا، گېرمانىيە بۇ ئۆزگىرىشنى پۈتۈن ياۋروپا مەدەنىيىتى تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان شارائىتتا، كۆپ راۋاجلانغان پرولېتارىياتقا ئىگە بولغان ھالدا ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ، شۇڭا ئۈچۈن گېرمانىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى پەقەت پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ بىۋاسىتە مۇقەددىمىسى بولالايدۇ"① دەپ ھېسابلىدى. 3-ئاينىڭ

① ماركس-ئېنگېلس. «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»، 1971-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 106-بەت.

ئاخىردا، ئۇلار پارىژدا، گېرمانىيە پرولېتارىياتىنىڭ ئىنقىلابتىكى كونكرېت سىياسىي پروگراممىسى سۈپىتىدە، «كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ گېرمانىيىدىكى تەلىۋى» دېگەن 17 ماددىنى تۈزۈپ چىقتى. ئۇنىڭدىكى ئاساسىي شوئار بىرلىككە كەلگەن، ئايرىلماس گېرمانىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنى تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى؛ قالغان ئاساسىي تەلەپلەر فېئوداللىق زۇلۇمنى يوقىتىش، بارلىق فېئوداللىق مەجبۇرىيەتلەرنى ھەقسىز بىكار قىلىش ۋە پۈتۈن خەلقنى قوراللاندۇرۇش دېگەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئىنقىلابنىڭ نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ماركس بىلەن ئېنگېلس ۋە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ چەتئەللەردىكى نېمىس ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى گېرمانىيىگە قايتتى. 4-ئايدا ماركس بىلەن ئېنگېلس رېين رايونىغا بېرىپ، سانائەت ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولغان كېۋلىن شەھىرىنى ئىنقىلابىي پائالىيەت بازىسى قىلىپ تاللىدى. ماركس بىلەن ئېنگېلس ئىنقىلابقا يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن مەملىكەت خاراكتېرلىق گېزىت چىقىرىشقا پائال تەييارلىق كۆردى. 1848-يىل 6-ئايدا، ئۇلارنىڭ باشچىلىقىدا «يېڭى رېين» گېزىتى تەسىس قىلىندى، ماركس باش مۇھەررىر بولدى، ئېنگېلس ۋە ئىتتىپاقنىڭ باشقا نۇرغۇن مەشھۇر ئەزالىرى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ خىزمىتىگە قاتناشتى. «يېڭى رېين» گېزىتى غايەت زور ئىنقىلابىي تەشۋىقات پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ماركسنىڭ سىياسىي پروگراممىسى ۋە تاكتىكىسىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوغدىدى ۋە ئىزچىللاشتۇردى. ئەمەلىيەتتە، «يېڭى رېين» گېزىتى ئىنقىلابىي لاگېرنىڭ ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ ئىنقىلابىي لۇشيەنىنى تەشۋىق قىلىدىغان تىلى بولۇپ قالدى.

ماركس بىلەن ئېنگېلس، كوممۇنىستلارنىڭ ھەممىدىن مۇھىم

ۋەزىيىتى "قوملۇقتىكى يول تۈزلىگۈچىلەر"①-دىن بولۇش ئەمەس، بەلكى ئاما ئىچىگە بېرىپ، ئاممىغا تەشۋىق قىلىش، ئاممىنى ئۇيۇشتۇرۇشتەك مۇشەققەتلىك خىزمەتلەرنى ئىشلەشتىن ئىبارەت، دەپ ھېساپلىدى. شۇڭا، ئۇلار يوشۇرۇن پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا، چەتئەلدىن "ئىنقىلاۋىي پىداكارلار قوشۇنى"نى ئۇيۇشتۇرۇپ گېرمانىيىگە يۆرۈش قىلىش ئۇسۇللىرىغا قەتئىي قارشى تۇردى.

ماركس بىلەن ئېنگېلس، نۆۋەتتە كوممۇنىستلار بۇرژۇئا دېموكراتىيىچىلىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشى ھەمدە سول قانات دېموكراتىيىچىلەر بايرىقىنى كۆتىرىشى لازىم، دەپ كۆرسەتتى. بۇنى گېرمانىيە پرولېتارىياتىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى بەلگىلىگەن ئىدى. ماركس بىلەن ئېنگېلس شۇنى بايقىغان ئىدىكى، گېرمانىيە پرولېتارىياتى شۇ چاغدا تېخى تەشكىللەنمىگەن، ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى تولۇق تونۇپ يەتمىگەن ئىدى، ئۇ ئۆز مەنپەئەتى بىلەن بۇرژۇئازىيە مەنپەئەتى ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇر قارىمۇ-قارشىلىقنى ئوۋالا ھېس قىلالىتتى. شۇڭا، ئۇ ماھىيەتتە بۇرژۇئازىيىنىڭ خەتەرلىك دۈشمىنى بولسىمۇ، لېكىن، يەنە بىر تەرەپتىن، يەنىلا بۇرژۇئازىيىنىڭ سىياسىي بېقىندىسى ئىدى. ئۇ ئىنقىلاپنىڭ دەسلەپتە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنىڭ ئەڭ ئىلغار بىر قانىتى يەنى سول قانىتى بولۇش رولىنىلا ئوينىيالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئېنگېلس مۇنداق دەپ يازىدۇ: "بۇ ھال بىزنىڭ بايرىقىمىزنى بەلگىلىدى. بۇ بايراق دېموكراتىيە-

---

① ئېنگېلس. «ماركس ۋە «يېڭى رېين گېزىتى»». «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1972-يىل خەنزۇچە نەشرى، 4-توم، 178-بەت.

چىلەر بايرىقىدىنلا ئىبارەت...... ئەگەر بىز ئۇ چاغدا بۇنداق قىلىشنى خالىمىغان بولساق، ئاللىقاچان مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، ئەڭ ئىلغار بولغان، ئەمەلىيەتتە پرولېتارىيات بولغان تەرەپتە تۇرۇپ ھەركەتكە قاتنىشىشنى ۋە ھەركەتنى ئالغا سۈرۈشنى خالىمىغان بولساق، ئۇ ھالدا كوممۇنىزمنى بىرەر چەت ياقىدىكى كىچىك گېزىتتە تەشۋىق قىلىشىمىزغا توغرا كېلەتتى، غايەت زور ھەركەت پارتىيىسى ئەمەس، كىچىككىنە بىر مەزھەپ تەسىس قىلىشىمىزغا توغرا كېلەتتى."①

لېكىن، ماركس بىلەن ئېنگېلس ئۆزلىرى كۆتەرگەن بۇ دېموكراتىيىچىلەر بايرىقى "ھەممىلا يەردە، ھەر بىر كونكرېت مەيدانلاردا ئۆزىنىڭ ئالاھىدە پرولېتارىياتلىق خاراكتېرىنى تەكىتلەيدۇ"② غانلىقىنى تەكىتلەپ كۆرسەتتى. «يېڭى رېين» گېزىتى بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىنقىلابقا ساتقىنلىق قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىككىلىنىپ ئارىسالدى بولۇۋاتقانلىقىنى ئۆزلۈكسىز تۈردە پاش قىلدى، پرولېتارىياتنى ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئېنىق تونۇشقا تەكرار-تەكرار رىغبەتلەندۈردى.

ماركس بىلەن ئېنگېلس بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ ئۈزۈل-كېسىل ئورۇنلىنىشىنى پرولېتارىيات سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىشى دەپ قارىدى. ئۇلار دەرھال سوتسىيالىستىك

① ئېنگېلس. «ماركس ۋە ‹يېڭى رېين› گېزىتى»، «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1972-يىل خەنزۇچە نەشرى، 4-توم، 178-بەت.

② يۇقىرىدىكى كىتاب.

ئىنقىلاپ ئېلىپ بېرىشنى رەت قىلىپ، بىرلىككە كەلگەن دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئىنقىلاپنىڭ نۆۋەتتىكى نىشانى قىلدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، بىرلىككە كەلگەن جۇمھۇرىيەت بىر جەڭ مەيدانى ئىدى، بۇ جەڭ مەيدانىدا بارلىق فېئوداللىق توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، پرولېتارىياتنىڭ بۇرژۇئازىيە بىلەن بولغان سىنىپىي توقۇنۇشىنى يەككە-يەككە ھەم ئېنىق ھالدا گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك ئىدى. پرولېتارىيات بۇ جەڭ مەيدانىدا ئۆزىنىڭ بۇرژۇئازىيە مەنپەئەتى بىلەن بولغان تۈپ توقۇنۇشىنى تونۇۋالىدۇ، جۇمھۇرىيەت بەرگەن سۆز، يىغىلىش ۋە تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش ئەركىنلىكى قاتارلىق ئەركىنلىكلەردىن پايدىلىنىپ، تولۇق راۋاج تېپىپ زورىيىپ، ئۆزىنىڭ مۇستەقىل پارتىيىسىنى تەشكىل قىلىدۇ، شۇنداقلا ئىنقىلاپنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپنى باشلايدۇ.

ماركس بىلەن ئېنگېلس شۇ ۋاقىتتىكى گېرمانىيە ئىشچىلار ھەركىتىدىكى ئوڭچىل ۋە كۆرۈنۈشتە "سول" ماھىيەتتە ئوڭ بولغان ئاغمىچىلىق لۇشيەنىگە قەتئىي قارشى تۇردى. بېرلىن "ئىشچىلار مەركىزىي كومىتېتى" ۋە "ئىشچى قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى" غا رەھبەرلىك قىلغۇچى كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى ستېپان بورن ئوڭچىل ئاغمىچىلىق لۇشيەنىنىڭ ۋەكىلى ئىدى، ئۇ، بۇرژۇئا ئىنقىلابى بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىشى، پرولېتارىياتنىڭ پۈتۈن ۋەزىپىسى ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى تەلەپ قىلىش، ئىشسىزلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىش ئۈستىدە جاراھەتلەنگەن ۋە مەجرۇھ بولغانلارنى قۇتقۇزۇشقا ئىگە قىلىشتىنلا ئىبارەت، دەپ ھېسابلىدى. ئۇ پرولېتارىياتنىڭ بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابىغا قاتنىشىشىغا

قارشى تۇردى، پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاپنىڭ رەھبەرلىكىنى قولغا كەلتۈرۈشىگە قارشى تۇردى، نەتىجىدە پرولېتارىياتنى ھېچ ئىش قىلالمايدىغان ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويدى. كورۇنۇشتە "سول"، ماھىيەتتە ئوڭ بولغان لۇشىيەنىڭ ۋەكىلى كىيۇلىن ئىشچىلار بىرلەشمىسىنىڭ رەھبىرى ئاندرىياس گوتشالك ئىدى، ئۇ بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاۋنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئىجرا قىلىشنى، دېموكراتىيىچىلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشنى رەت قىلىپ، دەرھال "ئىشچىلار جۇمھۇرىيىتى" قۇرۇشنى چاقىرىق قىلدى؛ يەنە بىرتەرەپتىن، گوتشالك، سايلام ئارقىلىق ئىشچىلار ۋەكىللىرىنى قانۇن چىقىرىش پارلامېنتىنىڭ ئەزاسى قىلىپ سايلىساقلا ئۆز مەقسىدىمىزگە يېتەلەيمىز، دەپ ھوكۇم قىلدى. ماركس بىلەن ئېنگېلس كەسكىن كۈرەشلەر ئارقىلىق، "سول" چىل ۋە ئوڭچىل ئاغمىچىلىق لۇشيەنىنى تەنقىت قىلدى، ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا بېرلىن ۋە كىيۇلىندىكى ئىشچىلار تەشكىلاتلىرى توغرا ئىنقىلاۋىي يولغا مېڭىشقا باشلىدى. ماركس ۋە ئۇنىڭ ھىمايىچىلىرى كىيۇلىن ئىشچىلار بىرلەشمىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە سايلاندى.

ماركس بىلەن ئېنگېلس «يېڭى رېين» گېزىتىدە نۇرغۇنلىغان ماقالىلارنى ئېلان قىلىپ، فېوداللىق چوڭ ئىشتاتنىڭ گېرمانىيىنى "پۇقۇرىدىن تۆۋەنگە" بىرلىككە كەلتۈرۈش لايىھىسىگە كەسكىن قارشى تۇرۇپ، گېرمانىيىنى مەيلى پرۇسسىيە ياكى ئاۋستىرىيە بىرلىككە كەلتۈرسۇن، ياكى گېرمانىيە مەڭگۈ نۇرغۇن ئۇششاق ئىشتاتلارغا بولۇنۇپ تۇرسۇن، بۇنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاۋىي مەنپەئەتىگە خىلاپ كېلىدۇ؛ پەقەت ھەرقايسى ئىشتاتلارنىڭ پادىشالىق ھاكىمىيىتىنى پۈتۈنلەي ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئالدى

www.uyghurkitap.com

بىلەن ئاۋسترىيەنىڭ ھابسبۇرگ سۇلالىسى بىلەن پىرۇسسىيەنىڭ ھوخېنزوللېرن سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، گېرمانىيىنى ھەقىقىي بىرلىككە كەلگەن جۇمھۇرىيەت قىلىشلا پىرولېتارىياتنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

ماركس بىلەن ئېنگېلس ئىنتايىن زور ئىنقىلابىي قىزغىنلىق بىلەن گېرمانىيە ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، ئۇنى غەلىبە يولىغا باشلاشقا تىرىشتى. 1848-يىلى كۈزدە، ئۇلار يېزىلارغا ئادەم ئەۋەتىپ دېھقانلارنى ھەرىكەتلەندۈردى؛ پىرولېتارىيات دېھقانلار بىلەن بىرلىشىپ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشى لازىم، دەپ كۆرسەتتى. شۇ يىلى 8-ئاينىڭ ئاخىرى ۋە 9-ئاينىڭ باشلىرىدا، ماركس ئۆزى ۋېناغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى ئىشچىلار تەشكىلاتى ۋە دېموكراتىيەچىلەر تەشكىلاتى بىلەن ئالاقە ئورناتتى ھەمدە ۋېنا ئىشچىلار بىرلەشمىسىنىڭ يىغىنىدا دوكلات بەردى. ماركس ئاۋسترىيە ئىشچىلار سىنىپى ۋە دېموكراتىيەچىلىرىنى ئەكسىلئىنقىلابىي كۈچلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشقا چاقىردى. ماركسنىڭ پائالىيىتى ۋېنادىكى ئۆكتەبىر قوزغىلىڭىنى ئىلگىرى سۈردى. ئىمپېرىيە ئاساسىي قانۇنىنى قوغداش ھەرىكىتىدە، ماركس بىلەن ئېنگېلس ۋە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ نۇرغۇن ئەزالىرى شەھەر ھەم يېزىلاردىكى ئەمگەكچى خەلق ئىچىدە تەرغىبات ئىشىنى قانات يايدۇرۇپ، ئىشچىلارنى ئىنقىلابىي قوراللىق قوشۇنغا قاتنىشىشقا، ئوق-دورا ياساشقا ئۇيۇشتۇرۇپ، قوزغىلاڭغا مەدەت بەردى. ماركس بىلەن ئېنگېلس ئېبېرسۋالدې، بادېن، پفالىز قاتارلىق جايلاردىكى قوزغىلاڭلارنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا بىۋاسىتە قاتناشتى. ئېنگېلس قوزغىلاڭچى ئارمىيىنىڭ كوماندىرى سۈپىتىدە كوچا ئىستىھكاملىرى جېڭىگە قاتناشتى. ماركس

بىلەن ئېنگېلس گېرمانىيە خەلقىنى قوزغىلىپ كۆرەش قىلىپ، غەربىي جەنۇبىي گېرمانىيە قوزغىلىڭىنى پۈتۈن گېرمانىيىنىڭ خەلق قوزغىلىڭىغا ئايلاندۇرۇشقا چاقىردى. ئۇلار دېموكراتىيىچىلەرنىڭ "قانۇنىيلىق"قا بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى ۋە پارلامېنتقا مەپتۇن بولۇپ كەتكەنلىكىنى كەسكىن تەنقىت قىلىپ، ئىنقىلاۋىي مەۋقەدە چىڭ تۇرۇش، **"زورلۇق كۈچكە ھەممە زورلۇق كۈچ ۋاستىسى بىلەن قايتۇرما زەربە بېرىش كېرەك. پاسسىپ قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئاكتىپ قارشىلىق كۆرسىتىشنى قالقان قىلىش كېرەك"**① دەپ كۆرسەتتى.

ماركس بىلەن ئېنگېلس تۈزگەن پرولېتارىياتنىڭ بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاۋىغا قاتنىشىشى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى، تاكتىكىسى ۋە لۇشيەنى ماركسىزمنىڭ مۇھىم تەركىۋىي قىسمى بولۇپ قالدى؛ ئۇلارنىڭ گېرمانىيىدىكى ئىنقىلاۋىي پائالىيىتى پرولېتارىيات ئىنقىلاۋىي ئەرباپلىرىنىڭ ئۆگىنىدىغان شانلىق ئۈلگىسى بولۇپ قالدى.

**ماركس، ئېنگېلس ۋە ياۋروپادىكى ئىنقىلاۋىي ھەركەت**

«يېڭى رېين» گېزىتى گېرمانىيە ئىنقىلاۋىي لاگېرىنىڭلا ئەمەس، بەلكى ياۋروپا ئىنقىلاۋىي لاگېرىنىڭمۇ تىلى بولۇپ، پۈتكۈل پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاۋىي مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى.

«يېڭى رېين» گېزىتىنىڭ سىياسىي پروگراممىسىدا؛ بىرلىككە كەلگەن، ئايرىلماس، دېموكراتىك گېرمانىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش

---

① ماركس. «تاشىلانىڭ بۇيرۇغى». «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 6 ـ توم، 38 ـ بەت.

ۋە چاررۇسىيىگە قارشى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش ئېلىپ بېرىش، دېگەن ئىككى مۇھىم نۇقتا بار ئىدى. ماركس بىلەن ئېنگېلس گېرمانىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ياۋروپا ئىنقىلاۋى بىلەن چەمبەرچەس باغلىدى. ئۇلار، ياۋروپا ئىنقىلاۋىنىڭ تەقدىرى ئەڭ ئىلغار سىنىپ — پرولېتارىياتنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان، دەپ تەكىتلەپ كۆرسەتتى. ئۇلار، بىر تەرەپتىن، ئاساسىي ئۈمىتىنى فرانسىيە پرولېتارىياتىنىڭ ئىنقىلاۋىي روھى ۋە ھەرىكىتىگە باغلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ياۋروپادىكى باشقا مەملىكەتلەردىكى كۈرەشنىڭ بېرىشىغا يېقىندىن دىققەت قىلىپ، ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى كۈرىشىنى قىزغىن قوللىدى.

پارىژ ئىشچىلىرىنىڭ ئىيۇن قوزغىلىڭى مەزگىلىدە، «يېڭى رېين» گېزىتى ئەڭ قەتئىي ھالدا قوزغىلاڭچىلار تەرەپتە تۇردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ۋەقەنىڭ سىنىپىي ماھىيىتى ۋە دۇنياۋى تارىخىي ئەھمىيىتىنى تەپسىلىي تەقرىز قىلغان بىردىن-بىر نەشر ئەپكار بولدى. ماركس بىلەن ئېنگېلس، ئىيۇن ئىنقىلاۋىنىڭ جېنى — «يېڭى رېين» گېزىتىنىڭ جېنى، دەپ كۆرسەتتى.① ئۇلار ئىيۇن قوزغىلىڭىدىن ئىبارەت مۇشۇ تارىخىي پاكىت ئارقىلىق ئىشچىلارغا، ئىشچىلار سىنىپى بۇرژۇئازىيىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىلا، ئاندىن كاپىتالىزمنىڭ قۇللىقىدىن قۇتۇلالايدۇ، دەپ تەلىم بەردى.

ماركس بىلەن ئېنگېلس نۇرغۇن ماقالىلىرىدا پولشانىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغدىدى، ئىتالىيە خەلقىنىڭ 1848-يىلدىكى ئىنقىلاپتا

---

① ««يېڭى رېين» گېزىتىنىڭ بۇيرۇق بىلەن توختىتىلىشى» دىن پايدىلىنىلدى. «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 6-توم، 602-بەت.


Neue

Rheinische Zeitung

Organ der Demokratie.

№ 301. Köln, Samstag, den 19. Mai. 1849.

Abschiedswort der Neuen Rheinischen Zeitung.

F. Freiligrath.

«يېڭى رېين» گېزىتىنىڭ ئاخىرقى سانى

ئۆز ئازاتلىقى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشنى قوللىدى. ئۇلار ۋېنگرىيە خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋىي كۈرىشىگە جىددىي كۆڭۈل بۆلدى، ۋېنگرىيە ئىنقىلاۋىي رەھبەرلىرىنىڭ دېھقانلارنىڭ ئىنقىلاپىنى قوللىشىنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن قوللانغان تەدبىرلىرىنى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ ھېسابلىدى. ۋېنگرىيىنىڭ ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ ئاممىۋى خاراكتېردا بولۇشىغا ۋە پارتىزانلىق ئۇرۇشىغا يۇقىرى باھا بەردى. ماركس بىلەن ئېنگېلس ئېزىلگۈچى ئاجىز ـ ئۇششاق مىللەتلەرگە غەلىبە قىلىشىنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بەردى: "ئاممىۋى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش، ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش قىلىش، ھەممە يەردە پارتىزان ئەترەتلىرىنى تەشكىللەش ــ مانا بۇلار ئۇششاق مىللەتنىڭ چوڭ مىللەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى، ئاچە قۇدرەتلىك بولمىغان ئارمـ

يىنىڭ بىرقەدەر قۇدرەتلىك ۋە ئوبدان تەشكىللەنگەن ئارمىيىگە تاقابىل تۇرۇشىدىكى بىردىن-بىر ئۇسۇل."①

ماركس بىلەن ئېنگېلس فرانسىيە، پرۇسسىيە، ئاۋسترىيە، ئىتالىيە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ فېئودال ھوكۇمرانلار سىنىپىغا ياردەملىشىپ خەلق ئىنقىلاۋىنى ۋە مىللىي ئازاتلىق ھەركىتىنى باستۇرغان رەزىل ئەپتى-بەشىرىسىنى رەھىمسىز تۈردە پاش قىلىدى، ئىنقىلاۋىي خەلققە: "ھوكۇمەتنىڭ ئاسىلغى ۋە قورقۇنچاقلىقىغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ يولى بىرلا: ئىنقىلاپ"② دەپ كورسەتتى.

ماركس بىلەن ئېنگېلسىنىڭ ياۋروپادىكى ئىنقىلاۋىي ھەركەت ۋە مىللىي ئازاتلىق ھەركەتلىرىنى قوللىشىدا ئىنقىلاۋىي ياۋروپانى ياۋروپادىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ قۇدرەتلىك تۈۋرۈكى بولغان چارروسىيىگە قارشى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشقا چاقىرىشتىن ئىبارەت ئومۇمىي توپ پىرىنسىپ سىڭگەن. ئۇلار مۇنداق دەپ كورسەتتى: پرۇسسىيە، ئاۋستىرىيە ۋە روسىيە "يېڭى 'مۇقەددەس ئىتتىپاق' تۈزدى،......'خۇدانىڭ ۋە قامچىنىڭ ئىلتىپاتى' غا سىغىنىدىغان پادىشالارنىڭ بۇ ئىتتىپاقىنىڭ جېنى — روسىيە"③، چار-روسىيە — ئىنقىلاپ ۋە مىللىي ئازاتلىق ھەركەتلىرىنىڭ غەلىبە قىلىشىنىڭ توسالغۇسى ۋە ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى. چارروسىيىگە قارشى

---

① ئېنگېلس. «پېيمونت قوشۇنىنىڭ مەغلۇبىيىتى». «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1979-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 557-بەت.

② ئېنگېلس. «ئىتالىيە ۋە ۋېنگرىيىدىكى ئۇرۇش». «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 6-توم، 457-بەت.

③ماركس، ئېنگېلس. «يېڭى "مۇقەددەس ئىتتىپاق"». «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 6-توم، 171-بەت.

ئىنقىلاۋى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىش مۇقەررەر ھالدا ھەرقايسى ئەللەردىكى ئىنقىلابچىلارنى كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ۋە ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئىگە قىلىدۇ، ئاخىردا مۇقەررەر ھالدا پرولېتارىياتنىڭ غەلىبىسىنى ۋۇجۇتقا چىقىرىدۇ.

1849 ـ يىلى ئەتىيازدا، ياۋروپا ئىنقىلاۋى ئەڭ خەتەرلىك پەيتتە تۇرغاندا، «يېڭى رېين» گېزىتى ئىستىھكامنى مەھكەم ساقلاپ، قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلدى، ئۇنىڭ بىر سانى يەنە بىر سانىدىن كۈچلۈك بولدى، ئۇ خەلقنى ئەكسىلئىنقىلاۋى تېرورلۇققا ئىنقىلاۋى تېرورلۇق بىلەن قارشى تۇرۇشقا چاقىردى. «يېڭى رېين» گېزىتىنىڭ كۆرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىشتەك بۇنداق جاسارىتى ۋە ئىرادىسى پۈتۈن ياۋروپانى تاڭ قالدۇردى، چۈنكى شۇ چاغدا كيۆلندا پرۇسسىيە ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ 8 مىڭ ئەسكىرى تۇراتتى، «يېڭى رېين» گېزىتى تەھرىر بۆلۈمىدە بولسا ئاران 8 مىلتىق ۋە 250 تال ئوق بار ئىدى.

5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا «يېڭى رېين» گېزىتى پېچەتلەندى. 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى «يېڭى رېين» گېزىتى ئاخىرقى سانىنى قىزىل ماي بوياق بىلەن چىقاردى، ئۇنىڭ «كيۆلن ئىشچىلىرىغا» دېگەن باشماقالىسىدا مۇنداق دەپ يېزىلدى: "«يېڭى رېين» گېزىتىنىڭ تەھرىرلىرى سىلەر بىلەن خوشلىشىۋاتقىنىدا، سىلەرنىڭ قىلغان ھېسداشلىقىڭلارغا رەھمەت ئېيتىدۇ. ھەرقانداق ۋاقىت ۋە ھەرقانداق جايدا ئۇلارنىڭ ئاخىرقى بىر سۆزى باشتىن ـ ئاخىر: **ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئازاتلىقى** بولغۇسى!"①

---

① ئېنگېلس: «ماركس ۋە ‹يېڭى رېين› گېزىتى». «ماركس ـ ئېنگېلس

ماركس كېۋلىندىن چىقىپ سەرگەردان بولۇپ لوندونغا باردى. ئېنگېلس پفالىز قوزغىلىڭىغا قاتناشقاندىن كېيىن 7-ئايدا شۋېيتسارىيە ئارقىلىق لوندونغا بېرىپ ماركس بىلەن ئۇچراشتى.

ياۋروپا ئەللىرىدىكى ئەكسىيەتچىلەر ئىشچىلار ھەركىتىنى زورلۇق كۈچ بىلەن يىمىرىپ تاشلىماقچى بولدى، ئىلمىي كوممۇنىزمنى «سوراق» بىلەن «يوقاتماقچى» بولدى. لېكىن، ئىشچىلار ھەركىتى ئىلمىي كوممۇنىزم نەزەرىيىسى بىلەن قوراللانغانلىقى ئۈچۈن، ھەرقانداق ئەكسىيەتچىل زورلۇق كۈچ تەڭ كېلەلمەيدىغان كۈچ بولۇپ قالدى، ئىلمىي كوممۇنىزم بولسا دەل مۇشۇ چاغدا يېڭى تەرەققىياتقا ئىگە بولدى.

**ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ 1848-يىل ئىنقىلاۋى ھەققىدىكى يەكۈنى** ماركس بىلەن ئېنگېلس ئىنقىلاپقا بىۋاستە قاتنىشىپلا قالماي، بەلكى ئىنقىلاپنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى تۈزلۈكسىز يەكۈنلىدى. 50-يىللارنىڭ باشلىرىدا، ماركس بىلەن ئېنگېلس بىر قاتار شانلىق، ئۆچمەس ئەسەرلەرنى يازدى، ئۇنىڭ ئاساسلىقلىرى «1848-يىلدىن 1850-يىلغىچە فرانسىيىدە بولغان سىنىپىي كۈرەش»، «مەركىزىي كومىتېتنىڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىغا مۇراجىتى»، «گېرمانىيىدىكى دېھقانلار ئۇرۇشى»، «گېرمانىيىدىكى ئىنقىلاپ ۋە ئەكسىل ئىنقىلاپ»، «لۇئى بوناپارتنىڭ تۇمانلىق ئېيىنىڭ ئون سەككىزى» ۋە باشقىلار. ئۇلار بۇ ئەسەرلىرىدە ياۋروپادىكى، ئاساسەن فرانسىيە ۋە گېرمانىيىدىكى 1848-يىل ئىنقىلاۋىنىڭ

---

تاللانما ئەسەرلىرى»، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1972-يىل خەنزۇچە نەشرى، 4-توم، 184-بەت.

تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى نەزەرىيە جەھەتتىن ئىلمىي يوسۇندا يەكۈنلەپ، پۇرولېتارىياتنىڭ كۈرەش تاكتىكىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈزۈپ بەردى، پۇرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ كادىرلىرىنى تەربىيىلىدى، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بۇرژۇئا دېموكراتىيىچىلىرىگە بېقىنمايدىغان مۇستەقىل پارتىيىسىنى قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى.

ماركس بىلەن ئېنگېلس ئىنقىلابنىڭ تارىخ تەرەققىياتىدىكى رولىنى چوڭقۇر دەلىللەپ بەردى: "**ئىنقىلاب — تارىخنىڭ پاراۋۇزى**"①، ئۇ تارىخنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىدۇ، خەلق ئاممىسىنىڭ غايەت زور ئىجادچانلىقىنى جارى قىلدۇرىدۇ؛ تارىخ ئىنقىلابسىز، ئىستىخىيىلىك ھالدا بىر خىل جەمئىيەت شەكلىدىن يەنە بىر خىل جەمئىيەت شەكلىگە ئۆتەلمەيدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

ماركس بىلەن ئېنگېلس بۇ ئەسەرلىرىدە بىر قاتار مۇھىم يېڭى قائىدىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇلار ئاساسەن مۇنۇلار:

1. پۇرولېتارىيات ئىنقىلاۋى غەلىبە قىلىشتا بۇرژۇئازىيىنىڭ دۆلەت ماشىنىسىنى ئۇزۇل-كېسىل پاچاقلاپ تاشلاپ، پۇرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى ئورنىتىشى كېرەك.

ئىنقىلاپتىن ئىلگىرى، ماركس بىلەن ئېنگېلس «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» دە، پۇرولېتارىيات ئىنقىلاپ داۋامىدا ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ سىياسىي ھۆكۈمرانلىقىنى ئورنىتىشى كېرەك، دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. بۇ يەردە پۇرولېتارىيات دىكتا-

① ماركس. «1848-يىلدىن 1850-يىلغىچە فرانسىيىدە بولغان سىنىپىي كۈرەش». «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1979-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 795-بەت.

تۈرىسىنىڭ بۇرژۇئا دۆلەت ماشىنىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مەسىلىسى شۇنىڭدەك بۇرژۇئا دۆلىتىنىڭ ئورنىغا قانداق قىلىپ پرولېتارىيات دۆلىتىنى دەسسىتىش مەسىلىسى تېخى كونكرېت ئېيتىلمىغان ئىدى. 1848-يىل ئىنقىلاۋى ئارقىلىق، ماركس بىلەن ئېنگېلس بۇرژۇئا دۆلىتىنىڭ ماھىيىتىنى، ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ تۈرلۈك شەكىللىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېچىپ بەردى ھەمدە مۇنداق دەپ يەكۈن چىقاردى: بۇرژۇئا ئىنقىلاپلىرىنىڭ ھەممىسى پادىشالىق مۇستەبىتلىك تۈزۈم دەۋرىدىلا مەيدانغا كەلگەن مەركەزلەشكەن ھەربىي بيۇروكرات دۆلەت ماشىنىسىنى تەۋرىتىپ باقمىدى، بەلكى ئۇنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى سىنىپلارنى باستۇرۇشقا تېخىمۇ مۇۋاپىقلاشتۇردى. "بارلىق ئۆزگىرىشلەر بۇ ماشىنىنى پاچاقلاپ تاشلاش ئورنىغا تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى."①

ماركس چوڭقۇر ھالدا مۇنداق دەپ تەلىم بەردى: پرولېتارىيات ئىنقىلاۋىنىڭ كونا دۆلەت ماشىنىسىغا تاقابىل تۇرۇش جەھەتتىكى ۋەزىپىسى "ئۆزىنىڭ ۋەيران قىلغۇچى كۈچلىرىنىڭ ھەممىسىنى مەركەزلەشتۈرۈپ"②، كونا دۆلەت ماشىنىسىنى ئۈزۈل-كېسىل پاچاقلاپ تاشلاشتىن ئىبارەت. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىلىغىدىكى دۆلەت ئاندىن مەيدانغا كېلىدۇ. كونا دۆلەت ماشىنى-

---

① ماركس. «لۇئى بوناپارتنىڭ تۇمانلىق ئېيىنىڭ ئون سەككىزى». «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1979-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 1169-بەت.

② يۇقىرىدىكى كىتاب، 1167-بەت.

سىنى تۈزۈل-كېسەل پاچاقلاپ تاشلاپ، پۈرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى ئورنىتىش دېگەن خۇلاسە — ماركسىزمنىڭ دۆلەت تەلىماتىدىكى ئەڭ ئاساسىي مەزمۇن، پۈرولېتارىيات ئىنقىلاۋى ئەمەل قىلىشى شەرت بولغان ئومۇمىي قانۇنىيەت.

ماركس «1848-يىلدىن 1850-يىلغىچە فرانسىيەدە بولغان سىنىپىي كۈرەش» دېگەن ئەسىرىدە "پۈرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى" دېگەن كىلاسسىك ئاتالغۇنى تۇنجى قېتىم ئىشلەتتى، بۇ دىكتاتۇرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىدىيە جەھەتتىكى ۋەزىپىلىرىنى شەرھىلەپ بەردى، پۈرولېتارىياتنىڭ سىنىپىي دىكتاتۇرىسى "**بارلىق سىنىپىي پەرقلەرنى يوقىتىشقا**، مۇشۇ پەرقلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بارلىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى يوقىتىشقا، بۇ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىگە مۇناسىپ بولغان بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى يوقىتىشقا، مۇشۇ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىن كېلىپ چىققان بارلىق ئىدىيىلەرنى ئۆزگەرتىشكە ئېلىپ بارىدىغان مۇقەررەر ئۆتكۈنچى باسقۇچ"① دەپ كۆرسەتتى.

2. دىخانلار — پۈرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاپتىكى تەبىئى ئىتتىپاقداش ئارمىيىسى.

ماركس بىلەن ئېنگېلس فرانسىيە ۋە گېرمانىيەدىكى سىنىپلارنىڭ ئىنقىلاپتىكى پوزىتسىيىسىنى كونكرېت تەھلىل قىلغاندىن كېيىن: پۈرولېتارىياتلا بىردىن-بىر تۈزۈل-كېسەل ئىنقىلاۋىي

① ماركس. «1848-يىلدىن 1850-يىلغىچە فرانسىيەدە بولغان سىنىپىي كۈرەش». «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1979-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 805-بەت.

سىنىپ، پرولېتارىياتلا دېموكراتىك ئىنقىلاپ ھەركىتىگە ۋە ئاممىنىڭ ئازاتلىقنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىگە رەھبەرلىك قىلالايدۇ، دېگەن خۇلاسىنى چىقاردى. ماركس بىلەن ئېنگېلس ئىيۇن قوزغىلىڭىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى ساۋاقلارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يەكۈنلەپ، پرولېتارىياتنىڭ يەككە-يېگانە جەڭ قىلغانلىقى مەغلۇبىيەتنىڭ مۇھىم سەۋەبى بولدى، دەپ كۆرسەتتى. ئۇلار پرولېتارىياتنىڭ ئىتتىپاقداش ئارمىيىسى مەسىلىسىنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى. ماركس مۇنداق دەپ يازدى: "ئىنقىلاپ تەرەققىياتى پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدا تۇرغان خەلق ئاممىسىنى يەنى دېھقانلار بىلەن ئۇششاق بۇرژۇئازىلارنى بۇرژۇئا تۈزۈمىگە، كاپىتال ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىمىغىچە، ئىنقىلاپ تەرەققىياتى ئۇلارنى پرولېتارىياتنى ئۆزلىرىنىڭ ئاۋانگارتى دەپ ئېتىراپ قىلىپ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشقا مەجبۇر قىلمىغىچە، فرانسىيە ئىشچىلىرى بىر قەدەممۇ ئالغا باسالمايتتى، بۇرژۇئا تۈزۈمىنى قىلچىمۇ تەۋرىتەلمەيتتى."① ماركس يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ: مۇبادا پرولېتارىيات ئىنقىلاۋى دېھقانلارنىڭ "ئومۇمى خورى"غا ئىگە بولمىسا، ئۇ ھالدا، **"ئۇنىڭ بارلىق دېھقانلار دۆلەتلىرىدىكى يالغۇز ناخشىسى مۇقەررەر ھالدا يېتىم ھاڭگىرتىنىڭ ھەسرەتلىك قاقىلدىشىغا ئايلىنىپ قالىدۇ"**② دەپ كۆرسەتتى. ماركس بىلەن ئېنگېلس

① ماركس.«1848-يىلدىن 1850-يىلغىچە فرانسىيىدە بولغان سىنىپىي كۈرەش». «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1979-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 670-بەت.

② ماركس.«لۇئى بوناپارتنىڭ تۇمانلىق ئېيىنىڭ ئون سەككىزى». «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى». 1979-يىل ئۇيغۇرچە نەشري، 1-توم، 1182-بەت.

ئىشچى-دېھقانلار ئىتتىپاقىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەنلا قالماي، ئىشچى-دېھقانلار ئىتتىپاقىنىڭ مۇمكىنلىكىنىمۇ دەلىللەپ بەردى. ئۇلار دېھقانلارنىڭ تۇرغان سىياسىي، ئىقتىسادىي ئورنىنى تەھلىل قىلىپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى قوشۇۋېلىشى، باج-سېلىقى ۋە سۈتخورلۇقى دېھقانلار ئاممىسى بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى كۈندىن-كۈنگە ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋەتتى، دېھقانلار مۇقەررەر ھالدا "بۇرژۇئازىيە تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان شەھەر پرولېتارىياتىنى ئۆزلىرىنىڭ تەبىئىي ئىتتىپاقچىسى ۋە رەھبىرى دەپ قارايدۇ"① دەپ كۆرسەتتى.

3. "ئۈزلۈكسىز ئىنقىلاپ".

1848-يىل ئىنقىلاۋى جەمىيەتتىكى سىنىپلارنىڭ قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ بەردى. ماركس بىلەن ئېنگېلس، بۇرژۇئازىيە پرولېتارىياتتىن قورقانلىقى ئۈچۈن بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاۋىغا رەھبەرلىك قىلىشقا قادىر بولالمىدى، پرولېتارىياتنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسى بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە بۇ ئىنقىلاپنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىش، ئاندىن كېيىن پرولېتارىياتنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىغا ئۆتۈشتىن ئىبارەت، دەپ كۆرسەتتى. ماركس بىلەن ئېنگېلس «مەركىزىي كومىتېتنىڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىغا مۇراجىئىتى»دە مۇنداق

---

① ماركس. «لۇئى بوناپارتنىڭ تۇمانلىق ئېيىنىڭ ئون سەككىزى». «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى». 1979-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى. 1-توم، 1178-بەت.

دەپ كۆرسەتتى: "بىزنىڭ مەنپەئەتىمىز ۋە ۋەزىپىمىز بولسا بارلىق چوڭ-كىچىك مۈلۈكدار سىنىپلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى يوقىتىلمىغىچە، پۇرولېتارىيات دۆلەت ھاكىمىيىتىنى قولغا ئالمىغىچە، ئىنقىلابنى ئۈزمەي ئېلىپ بېرىۋېرىشتىن ئىبارەت،......بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، گەپ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى ئۆزگەرتىشتە ئەمەس، بەلكى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى يوقىتىشتا، سىنىپىي زىددىيەتلەرنى يېپىشتا ئەمەس، بەلكى سىنىپلارنى يوقىتىشتا، ھازىرقى جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىشتا ئەمەس، بەلكى يېڭى جەمئىيەت قۇرۇشتا. پۇرولېتارىياتنىڭ جەڭگىۋار شوئارى 'ئۈزلۈكسىز ئىنقىلاب قىلىش'تىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك".①

روشەنكى، ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىنقىلاب قىلىش ئىدىيىسى ماركسىزمنىڭ نۇرغۇن مۇھىم قائىدىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئۇ بولسىمۇ: پۇرولېتارىياتنىڭ بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاۋىدىكى رەھبەرلىك ھوقۇقىدا چىڭ تۇرۇش؛ ئۈزلۈكسىز ئىنقىلاب نەزەرىيىسى بىلەن ئىنقىلاب تەرەققىياتىنىڭ باسقۇچلۇقى نەزەرىيىسىنى بىرلەشتۈرۈش؛ سىنىپىي كۈرەشنى كوممۇنىزم قۇرۇلغانغا قەدەر داۋاملاشتۇرۇش. ئۈزلۈكسىز ئىنقىلاب قىلىش ئىدىيىسى ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ 1848-يىل ئىنقىلاۋىنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەشتە ئىنقىلاۋىي نەزەرىيە جەھەتتە قازانغان ئىنتايىن مۇھىم مۇۋەپپەقىيىتى.

---

① ماركس-ئېنگېلس. «مەركىزىي كومىتېتنىڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىغا مۇراجىتى». «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1979-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 639، 651-بەتلەر.

ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ 1848-يىل ئىنقىلاۋىنىڭ تەجرىبىلىرى ھەققىدىكى يەكۇنى پرولېتارسىيات ئىنقىلاۋىي ھەركىتى ئۈچۈن زور ئەھمىيەتكە ئىگە، بۇ ئىنقىلاۋىي قائىدىلەر پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاۋىي كۈرەش ئېلىپ بېرىشىدىكى ئۆتكۈر قورال بولۇپ قالدى.

## 4-بولۇم 50-، 60-يىللاردا ياۋروپا رايونىدا (روسىيە بۇنىڭ تاشقىرىدا) بولغان مىللى دېموكراتىك ھەركەتلەر

1848-يىل ئىنقىلاۋى مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئىنقىلاپ ياۋروپادىكى فېئوداللىق تۈزۈمگە قاتتىق زەربە بەردى، تارىخنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. ۋەنا يىغىنى ئورناتقان ياۋروپادىكى ئەكسىيەتچىل تەرتىپ تامامەن بەربات بولدى؛ پرۇسسىيە، ئاۋستىرىيە، ئىتالىيە، چېخ، ۋېنگىرىيە، رۇمىنىيە دولەتلىرىنىڭ فېئوداللىق-يانچىلىق تۈزۈمى ئىنقىلاپ دولقۇنىنىڭ زەربىسى ئارقىسىدا كۈندىن-كۈنگە يىمىرىلىدى ياكى يىكار قىلىنىدى. بۇ ھال كاپىتالىزمنىڭ راۋاجلىنىشىغا پايدىلىق بولىدى، بۇ ئەينى ۋاقىتتا غەربىي ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا ياۋروپا مەملىكەتلىرىدە 50-، 60-يىللاردا كاپىتالىستىك ئىگىلىكنىڭ ئەۋج ئېلىشىنىڭ مۇھىم سەۋەبى بولدى. مۇشۇ ئاساستا، ياۋروپادا — ئاساسەن ئىتالىيە ۋە گېرمانىيىدە يەنە ناھايىتى ئەۋج ئالغان مىللى دېموكراتىك ھەركەت، ئەمىلىيەتتە بۇرژۇئا خاراكتېرىدىكى ئىسلاھات ھەركىتى مەيدانغا

كەلدى. ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى مىللىي مۇستەقىللىق ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "بۇرژۇئازىيىنىڭ تەرەققىيات يولىغا قاراپ مېڭىشى تاماملىنىشقا بەلگىلىنىپ بولغان گېرمانىيە شارائىتىدا، مىللىي مەسىلە يەر مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى بىرلىك ۋە باشقا مەسىلىلەردىن ئىبارەت ئىدى"①.

**ئىتالىيە مىللىي دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى** 1848-يىل ئىنقىلابى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىتالىيە يەنىلا 8 كىچىك ئىشتات پادىشاھلىقى ۋە رايونغا يەنى ساردىنىيە پادىشاھلىقى، ئىككى سىسىلىيە پادىشاھلىقى، پاپا دۆلىتى، لومباردىيە-ۋېنېتسىيە رايونى، توسكانىيە بەگلىكى، مودېنا بەگلىكى، پارما بەگلىكى ۋە لۇككا بەگلىكىگە بۆلۈنۈپ تۇراتتى. دۆلەتنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشى بىلەن يات مىللەتلەرنىڭ زۇلمى گىرەلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئاۋستىرىيە لومباردىيە بىلەن ۋېنېتسىيىگە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى، ئىتالىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئىشتاتلارنى بىۋاسىتە ۋە ۋاسىتىلىك ھالدا ئىگىلەپ تۇراتتى. ئىسپانىيە ئىككى سىسىلىيە پادىشاھلىقىنى تىزگىنلەپ تۇراتتى، رىم رايونىدا فرانسىيە ئەسكەرلىرى تۇراتتى. ئىنقىلاب قىلىشقا ئىرادە باغلىغان كۆپلىگەن ئەرباپلار ئۆلتۈرۈلۈپ تۇراتتى ياكى قاماققا ھۆكۈم قىلىنىپ تۇراتتى، فېئودال ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ تېرورلۇق ھۆكۈمرانلىقى ئىتالىيە يېرىم ئارىلىنى قاپلىغان ئىدى.

50-، 60-يىللاردا ئىتالىيىدە كاپىتالىستىك ئىگىلىك تېز راۋاج-

---

① لېنىن. «ئى.ئى.سكۋورتسوۋ-ستېپانوۋقا خەت». «لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 16-توم، 116-بەت.



گارىبالدى

لاندى، ئىرلىككە كەلتۈرۈش ھەركىتى يەنە كۆتىرىلدى. بۇ ھەركەتتە ئىر ئىرىگە ئوخشاش بولمىغان ئىككى مەزھەپ مەۋجۇت بولدى. جۇسېپپى ماززىنى (1805—1872) ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇرژۇئا دېموكراتىيىچىلىرى ھەرقايسى ئىشتاتلاردىكى فېئو-داللىق خانىدانلىقلارنى ئاغدۇ-رۇپ تاشلاپ، چەتئەل كۈچلىرى-نى قوغلاپ چىقىرىپ، ئىرلىككە كەلگەن بۇرژۇئا جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ماززىنى ئوتتۇرا ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. ئۇنىڭ تەشەببۇسى كەڭ ئەمگەكچى ئاممىنىڭ ئارزۇسىغىمۇ ئۇيغۇن كېلەتتى، ئۇ ھەركەتنىڭ سول قانىتى ئىدى. لېكىن ماززىنىچىلار ماركس، ئېنگېلس ئوتتۇرىغا قويغان خەلق ئىنقىلاۋى يولى بىلەن، كەڭ ئاممىنى ھەركەتلەندۈرۈپ، پومىشچىكلارنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ دېھقانلارغا بۆلۈپ بەرمەي، بەلكى ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ پەم-پاراسىتىگە ۋە قوزغىلاڭغا تايىنىپ ئىتالىيىنى ئىرلىككە كەلتۈرمەكچى بولدى. ئاتاقلىق مىللىي ئىنقىلاپ رەھبىرى، ھەربىي ئالىم جۇسېپپى گارىبالدى (1807—1882) مۇ مۇشۇ مەزھەپنىڭ مەيدانىدا تۇرغان ئىدى. يەنە بىر مەزھەپ ساردىنىيە پادىشالىغىنىڭ باش ۋەزىرى كامىروبېنزۇ كاۋۇر (1810—1861) ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇرژۇئا-ئاقسۆڭەك لىبراللىرى بولۇپ، ئۇلار

بۇرژۇئازىيە بىلەن ئاقسوڭەك پومېششىكلارنىڭ مۇرەسسەلەشىش يولى بىلەن ئىتالىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە يەنى ساردىنىيە پادىشاھلىقىدىكى ساۋويە سۇلالىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئىتالىيە پادىشاھلىقىنى قۇرۇشقا تىرىشتى. بۇ مەزھەپ پرولېتارىياتنى ۋە ئەمەلىي سوتسىيالىزىمنى ئىنتايىن ئۆچ كۆرەتتى، بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەركىتىنىڭ ئوڭ قانىتى ئىدى.

ساردىنىيە چەتئەل كۈچلىرى ئىگەللىمىگەن بىردىن-بىر مۇستەقىل ئىشتات ئىدى، ئۇ يەردە كاپىتالىستىك ئىگىلىك بىر قەدەر تەرەققىي تاپقان بولۇپ، ئىتالىيە بۇرژۇئازىيىسى ۋە بۇرژۇئازلاشقان پومېششىكلارنىڭ ئاساسىي لاگېرى ئىدى. كاۋۇر مۇشۇنىڭدىن پايدىلىنىپ بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىنقىلاپتىن قورقىدىغان روھىي ھالىتىدىن پايدىلىنىپ، ساۋويە سۇلالىسىنىڭ ئىتالىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىنى چىڭىنىڭ بىرىنچە تەرغىپ قىلدى. كاۋۇرچىلار، ئىتالىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، يالغۇز ساردىنىيىنىڭ كۈچىگىلا تايىنىش كۇپايە قىلمايدۇ، دەپ قاراپ، بۇ ئىشنى ياۋروپادىكى مەلۇم چوڭ دۆلەتنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئورۇنلاش ئۈمىدىدە بولدى. ئۇ فرانسىيىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، 1858-يىلى ئاۋستىرىيىگە قارشى ناپولېئون III بىلەن يوشۇرۇن ھالدا ھەربىي ئىتتىپاق تۈزدى، كېلىشىم بويىچە ئاۋستىرىيىنى لومباردىيە بىلەن ۋېنېتسىيىدىن قوغلاپ چىقىرىپ بۇ ئىككى يەرلى ساردىنىيە پادىشاھلىقىغا قوشۇپ بېرىش ئۈچۈن فرانسىيە ئەسكەر چىقىرىپ ياردەم بېرىدىغان بولدى، ساردىنىيە پادىشاھلىقى بۇنىڭ بەدىلىگە ساۋويە بىلەن نىسانى فرانسىيىگە ئايرىپ بەرمەكچى بولدى. بۇ ھەم ناپولېئون III نىڭ كېڭەيمىچىلىك قارا نىيىتىنى ئاشكارىلاپ بەردى، ھەم كاۋۇرنىڭ مىللىي مەنپەئەتكە زىيان سال-

دىخان مەيدانىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

1859-يىل 4-ئايدا ئىتالىيە-فرانسىيىنىڭ ئاۋستىرىيىگە قارشى ئۇرۇشى پارتلىدى. ئاۋستىرىيە قوشۇنى تېزلا مەغلۇپ بولدى. بۇ ئۇرۇش ئىتالىيىدە قاينام-تاشقىن ۋەتەنپەرۋەرلىك دولقۇنىنى قوزغىۋەتتى، پۈتۈن ئىتالىيە خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋىي ھەركىتىنى ئىلگىرى سۈردى. 4-ئايدا توسكانا خەلقىنىڭ قوزغىلىڭى بولدى؛ 5-ئايدا پارما قوزغىلىڭى بولدى؛ 6-ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا پاپاغا قاراشلىق يەرلەردىكى خەلقنىڭ قوزغىلىڭى بولدى. قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى بۇرژۇئا لىبېراللىرىنىڭ قولىدا بولدى. ئاممىنىڭ كۈرىشى ۋە ئۇنىڭ كولىمى ناپولېئون IIIنى قاتتىق تەشۋىشكە سالدى، ئۇ ئىتالىيىنى تاشلاپ، ئاۋستىرىيە بىلەن ئۆز ئالدىغا سۈلھى قىلدى، ئاۋستىرىيە لومباردىيىدىن ۋازكېچىش، لېكىن ۋېنىتسىيىنى ساقلاپ قېلىش؛ فرانسىيە ئىتالىيىدىن ساۋويە بىلەن نىسسانى تارتىۋېلىش بەلگىلەندى. 1859-يىلى كۈزدە ئىتالىيىنىڭ ھەرقايسى قوزغىلاڭ كۆتەرىلگەن رايونلىرىدىكى بۇرژۇئا لىبېراللىرىنىڭ ھەممىسى ساردىنىيە پادىشالىقىغا قوشۇلۇشقا ماقۇل بولدى، پەقەت ۋېنىتسىيە (ئاۋستىرىيە ئىشغالىيىتىدە)، ئىككى سىسىلىيە پادىشالىقى (ئىسپانىيە ئىشغالىيىتىدە) ۋە رىمنى مەركەز قىلغان ئوتتۇرا قىسىمدىكى رايونلار (پاپا دۆلىتى)لا بىرلىككە كەلمەي قالدى.

1860-يىل 4-ئايدا سىسىلىيىدە ھەيۋەتلىك دىخانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى. قوزغىلاڭ ھۆكۈمەت ئارمىيىسىنىڭ قانلىق باستۇرۇشىغا ئۇچرىدى. گارىبالدى بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال ئۆزى قۇرغان پىدائىي قىسىملاردىن "مىڭ كىشىلىك قوشۇن" ("قىزىل كۆينەكلىكلەر قوشۇنى" دەپمۇ ئاتىلىدۇ)نى باشلاپ ياردەمگە باردى.

www.uyghurkitap.com

"مىڭ كىشىلىك قوشۇن" جەڭچىلىرى ئاساسەن ئىشچىلار، قول ھۈنەرۋەنلەر ۋە بېلىقچىلار ئىدى. گارىبالدى سىسلىيىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىن يوشۇرۇن ھالدا قۇرۇقلۇققا چىقىپ، 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى كالاتافىمىدا ھۆكۈمەت ئارمىيىسىنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. دېھقانلار قوزغىلىڭى دولقۇنى يەنە بىر قېتىم جەنۇبىي ئىتالىيىنى قاپلىدى. گارىبالدى پىدائىي قىسىملىرى تاھايىتى تېز كۆپىيىپ 25 مىڭ كىشىگە يېتىپ، دېھقانلار قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا، سىسىلىيە پادىشاھلىقىنىڭ مەركىزى بولغان ناپلېسنى ئىشغال قىلىپ، سىسىلىيىنى ئازات قىلدى.

جەنۇبىي ئىتالىيىدە خەلق ئىنقىلاۋىي يولى بىلەن غەلىبە قولغا كەلتۈرۈلدى. گارىبالدى ئەسلىدە كەڭ خەلققە تايىنىپ دېموكراتىك ھاكىمىيەت ئورنىتىپ، دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت قۇرالايتتى ھەمدە دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت بايرىقى ئاستىدا پۈتۈن ئىتالىيىنى بىرلىككە كەلتۈرەلەيتتى. مۇشۇ ھالقىلىق پەيتتە، سىياسىي جەھەتتىكى ئاجىزلىق ۋە ئۆزۈل كېسىلسىزلىك بۇرژۇئا ئىنقىلابچىسى بولغان گارىبالدىدا كورۇلدى، ئۇ خەلقنى ساردىنىيە پادىشاھلىقىنىڭ پادىشالىق ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇشقا دادىل قوزغىيالمىدى. كاۋۇر ناپلېسقا ئەسكەر كىرگۈزۈپ، سىسىلىيە ھاكىمىيىتىنى "خەلقنىڭ ئاۋاز بېرىشى" گە تاپشۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، گارىبالدى قاراپ تۇرۇپ ساردىنىيىنىڭ سىسىلىيىگە بولغان ھوكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىپ، "خەلق ئاۋاز بېرىش"كە ماقۇل بولدى. ئاۋاز بېرىش پۈتۈنلەي كاۋۇرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئېلىپ بېرىلدى، دېموكراتىيىچىلەر كەڭ ئامما ئىچىدە ئىنقىلاۋىي تەشۋىقات ۋە تەشكىلىي خىزمەت ئېلىپ بارمىدى. ئاۋاز بېرىش "نەتىجىسىدە" جەنۇبىي ئىتالىيە

ساردىنىيە پادىشالىقىغا قوشۇلدى. گارىبالدى ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاكىمىيىتىنى تاپشۇرۇپ بەردى. 1861-يىل 3-ئايدا دولىنىدا ئىتالىيە بويىچە تۇنجى پارلامېنت يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئىتالىيە پادىشالىقى قۇرۇلغانلىقى جاكالاندى، ساردىنىيە پادىشاسى ۋىكتور ئېممانوئېل ئىتالىيە پادىشالىقىنىڭ پادىشاسى بولدى.

ئىتالىيە ھوكۇمرانلار سىنىپى ۋېنېتسىيە بىلەن رىم پاپاسى رايونىغا ئەسكەر كىرگۈزۈشكە جۈرئەت قىلالمىدى. ۋېنېتسىيەدە ئاۋستىرىيە ئەسكەرلىرى بار ئىدى، رىم پاپاسى رايونىدا فرانسىيە ئەسكەرلىرى بار ئىدى. ناپولېون III، كىمكى رىمغا قاراپ سەپەر قىلىدىكەن، يولدا فرانسىيىگە دوقۇرۇشۇپ قالىدۇ، دەپ تەھدىت سالدى. گارىبالدى پىدائىي قىسىملارنى باشلاپ ئىككى قېتىم رىمغا يۈرۈش قىلىپ، ھەر ئىككىلىسىدە ئىتالىيە پادىشالىق ھوكۇمىتى قوشۇنلىرىنىڭ توسۇشى بىلەن مەغلۇپ بولدى. پادىشالىق ھوكۇمەت فرانسىيە بىلەن توقۇنۇش پەيدا بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ، رىم بىلەن ۋېنېتسىيىنى قوشۇۋېلىش ئۈمىدىنى پرۇسسىيىگە باغلاپ، پرۇسسىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى. 1866-يىلى پرۇسسىيە-ئاۋستىرىيە ئۇرۇشى پارتلاپ، پرۇسسىيە غەلىبە قازاندى، ئىتالىيە ۋېنېتسىيىنى قايتۇرۇۋالدى؛ 1870-يىلى پرۇسسىيە-فرانسىيە ئۇرۇشى پارتلىدى، ناپولېون III رىمدا تۇرۇشلۇق فرانسىيە ئەسكەرلىرىنى قايتۇرۇپ كەتتى، ئىتالىيە ھوكۇمەت ئارمىيىسى بىلەن گارىبالدى پىدائىي قىسىملىرى رىمغا بېسىپ كىردى. پاپا دەھرىلىك ھاكىمىيەتتىن مەھرۇم قىلىنىپ، ۋاتىكانغا چېكىنىپ چىقتى. ئىتالىيىنىڭ بىرلىكى ئاخىرقى ھېسابتا ئورۇنلاندى، رىم ئىتالىيە پادىشالىقىنىڭ پايتەختى بولدى.

ئىتالىيىنىڭ بىرلىككە كېلىشى — خەلقنىڭ ئۇزاق مۇددەت مۇشەق-

www.uyghurkitap.com

قەتلىك كۈرەشلەرنى ئېلىپ بارغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. بىرلىككە كېلىش كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بىرمۇنچە توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلىدى، بۇ تارىختىكى ئىلغار ھادىسە. لېكىن ئىتالىيىنىڭ بىرلىككە كېلىشى تۆۋەندىن يۇقۇرىغا ئىنقىلاپ يولى بىلەن ئورۇنلانمىغاچقا، ئىتالىيىدە يەنىلا فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ بىرمۇنچە قالدۇقلىرى ساقلانغان بولۇپ، ئۇ ئىتالىيىنىڭ بىرلىككە كەلگەندىن كېيىنكى تەرەققىياتىغا تولىمۇ پايدىسىز تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. خەلق ئۇزاققىچە كاپىتالىزم بىلەن فېئوداللىق قالدۇقلارنىڭ قوش زۇلمى ئاستىدا ياشىدى.

**گېرمانىيىنىڭ بىرلىككە كېلىشى** گېرمانىيىدە 50 — 60-يىللاردا كەڭ كۆلەملىك سانائەت ئىنقىلاۋى باشلاندى، كاپىتالىستىك چوڭ زاۋۇت-فابرىكىلار ھەرقايسى سانائەت تارماقلىرىدا ئارقا-ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى قۇدرەت تاپتى، پرولېتارىيات قوشۇنى كېڭەيدى. يېزا ئىگىلىكىدە، 1848-يىل ئىنقىلاۋى يەر مەسىلىسىنى ئىنقىلاپ يولى بىلەن ھەل قىلالمىغاچقا، يېڭى كاپىتالىزم يولى "يانچىلىق تۈزۈمنى شىلىشىۋېلىشقا، فېئودال-پومېشچىكلار-يۇنكېرلارنىڭ يەر جەھەتتىكى كاپىتالىستىك ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئايلاندۇردى".① دېھقانلار ئاساسلىق فېئوداللىق سېلىقلار ۋە مەجبۇرىيەتلەرنى ئېغىر شەرتلەر بىلەن سېتىۋالىدىغان بولدى. يۇنكېرلار پۇرسەتتىن پايدى-

---

① لېنىن، «سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ 1905 — 1907-يىلغىچە بولغان بىرىنچى قېتىملىق روسىيە ئىنقىلاۋىدىكى يەر پروگراممىسى». «لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 13-توم، 219-بەت.

لىنىپ دىخانلارنى كەڭ تۈردە تالان ـ تاراج قىلىپ، كۆپلەپ پۇل تېپىپ، يومىشىكلارنىڭ قورۇلىرىنى كاپىتالىستىك دېخانچىلىق مەيدانلىرىغا ئايلاندۇردى. يۇنكېرلارنىڭ دېخانچىلىق مەيدانلىرى بارغانسېرى كۆپلەپ ياللانما ئەمگەك ئىشلىتىدىغان ۋە ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىدىغان بولدى. يۇنكېرلار يەنە ئەدلىيە ھوقۇقىنى ئىگەللەيدىغان ۋە ساقچىلىق خىزمىتىنى ئۆتەيدىغان بولدى. بۇنداق يەر ۋە ھاكىمىيەتنىڭ يومىشىكلارنىڭ قولىدا بولۇشى بىلەن، يېرىم فېئوداللىق ئىمتىياز ئۆزاقىچە ساقلاپ قېلىنىپ، دېخانلار دەھشەتلىك تۈردە تالان ـ تاراج قىلىندى ۋە شىلىۋېلىندى، شۇنداق قىلىپ يانچىلىق تۈزۈمدىكى يومىشىكلار ئىگىلىكى ئاستا ـ ئاستا يۇنكېر شەكلىدىكى كاپىتالىستىك ئىگىلىكنى ئىبارەت ئىسلاھاتچىلىق يولىغا ئۆزگەرتىلدى، لېنىن ئۇنى "پرۇسسىيىچە يول" دەپ ئاتىدى.

كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتى دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش تەلىۋىنى تېخىمۇ جىددىلەشتۈرۈۋەتتى. گېرمانىيە جەمىيىتىدىكى سىنىپلار ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇپ، بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىنى ئىزلىدى. پرۇسسىيە ۋە ئاۋستىرىيە ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئۆزلىرىنىڭ زېمىن دائىرىسىنى ۋە تەسىرىنى كېڭەيتمەكچى، ھە دەپ گېرمانىيىنىڭ ھەرقايسى ئىشتاتلىرىنى ئۆز زېمىنىغا قوشۇۋالماقچى بولدى، شۇنداق قىلىپ، پرۇسسىيە بىلەن ئاۋستىرىيە ئوتتۇرىسىدا تالىشىش ھالىتى كېلىپ چىقتى. ئىقتىسادىي كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئاشقان بۇرژۇئازىيە سىياسىي تەسىرىنى كۈچەيتىشنى، ھاكىمىيەتنى بولۇشۇپ تۇتۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار بىرلىككە كەلگەن پادىشالىق ـ ئاساسىي قانۇنلۇق دۆلەت قۇرۇشنى تەلەپ قىلىشتىن باشقا ھېچقانداق نەرسىنى ئوتتۇرىغا قويالمىدى. ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەتكە قاتنىشىش ئارزۇسى ھەممىشە

www.uyghurkitap.com

يۈنكېرلارنىڭ توسۇشى ۋە زەربىسىگە ئۇچراپ تۇردى، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئۈزلۈكسىز تالاش-تارتىش ۋە توقۇنۇش پەيدا بولۇپ تۇردى. پرولېتارىيات ۋە ئەمگەكچى ئاممىنىڭ مەنپەئەتى بويىچە، ئىنقىلاۋىي كۈرەش ئارقىلىق، بارلىق فېئودallıq قالدۇقلارنى يوقىتىپ، بىرلىككە كەلگەن جۇمھۇرىيەت قۇرۇشنى تەلەپ قىلاتتى.

ئۇ چاغدا گېرمانىيىدە ئوبيېكتىپ جەھەتتە دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ ئىككى يولى بار ئىدى: بىرى، ماركس، ئېنگېلس كۆرسەتكەندەك، پرولېتارىيات رەھبەرلىك قىلىپ، تۆۋەندىن يۇقىرىغا ئىنقىلاب قىلىش يولى بىلەن گېرمانىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش؛ يەنە بىرى، پرۇسسىيە ياكى ئاۋستىرىيە سۇلالىسى رەھبەرلىك قىلىپ، سۇلالە ئۇرۇشى يولى بىلەن گېرمانىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش. ئالدىنقى يول خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن يول ئىدى، كېيىنكى يول ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىدىغان يول ئىدى.

1848-يىل بېرلىن ئىنقىلاۋىنى باستۇرغان "چاچما ئوق شاھزادە" 1861-يىلى پادىشالىق تەختىگە چىقىپ، ئۆزىنى ۋىلگېلم I دەپ ئاتىدى (1861 — 1888-يىللىرى تەختتە ئولتۇردى). ئۇ بۇرژۇئازىيىنىڭ ھاكىمىيەتكە قاتنىشىش ئارزۇسى ۋە ئاغرىنىشلىرىغا پىسەنت قىلماي، پارلامېنتنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزمەي ھەربىي خىراجەت ئاجراتتى. پارلامېنتتىكى بۇرژۇئازىيە ۋەكىللىرى پادىشانىڭ ئاساسىي قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىقىنى بانا قىلىپ، چوقان كۆتۈرۈپ، "ئاساسىي قانۇن ماجىراسى"نى قوزغىدى. پادىشا بۇ ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، 1862-يىل پومېرانىيە چولۇق يۈنكېرى ئو. ف. بىسمارك (1815 — 1898)نى باش ۋەزىر قىلىپ تەيىنلىدى. بىسماركنىڭ

تەڭۋەلەرچە ئەكسىيەتچىل ئىشەنچىسى ۋە يۇنكېرلار سىنىپىنىڭ
مەنپەئەتىنى قاتتىق قوغداشتەك مەيدانى پادىشاغا يېقىن كەتتى.
بىسمارك بۇرژۇئا "قارشى گۇرۇھ"نىڭ ماھىيىتى ۋە تېگى-تەكتىنى
ئوبدان بىلگەنلىكى ئۈچۈن، پارلامېنتنىڭ گېپىنى بىر تىيىنغا ئالما-
دى. ئۇ "ئاساسىي قانۇن ماجىراسى"نى قوپال ئۇسۇل بىلەن جىمىق-
تۇردى، ئۇچۇقتىن-ئوچۇقلا "توقۇنۇشتىن خالى بولغىلى بولمايدۇ،
توقۇنۇشتا ئەڭ كۈچلۈك تەرەپ چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ" دېدى. بىس-
مارك مۇشۇ "زوراۋانلىق ھەقىقەتتۇر" دېگەن پىرىنسىپ بويىچە
ئەكسىيەتچىل زورلۇق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، خەلقنى باستۇردى،
ئىتائەت قىلمىغان بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەدىۋىنى بەردى.

بىسمارك گېرمانىيىنى پرۇسسىيە بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە ئىدارە
قىلىشنى ئۇزىنىڭ ئەڭ زور "سىياسىي ئارزۇسى" قىلدى. ئۇ:
"ھازىرقى زاماندا زور مەسىلىلەرنى قۇرۇق گەپ بىلەن ۋە كۆپچى-
لىكنىڭ قارارى بىلەن ھەل قىلغىلى بولمايدۇ......ئۇنى تومۇر ۋە
قان بىلەن ھەل قىلىش كېرەك" دەپ جار سالدى. ئۇ گېرمانىيىنىڭ
ھەرقايسى ئىشتاتلىرىنى پرۇسسىيىگە قوشۇۋېلىش يولىدىكى سۆلالە
ئۇرۇشىنى ھازىرلاشقا كىرىشتى. بىسمارك ئەينى ۋاقىتتا، گېرمانىيىنى
بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرسام، بۇرژۇئازىيە بىلەن بولغان
ماجىرانىڭ تەبىي ھالدا يوقىلىدىغانلىقى، بۇرژۇئازىيىنىڭ دەرھال
ئۇز ئايىغىغا باش قويىدىغانلىقىغا كوزى يەتتى.

گېرمانىيىنىڭ قايسى يول بىلەن بىرلىككە كېلىشى ئاساسەن
گېرمانىيە پرولېتارىياتىنىڭ يېتىلىش دەرىجىسىگە باغلىق ئىدى.
ماركس بىلەن ئېنگېلس ھارماي-تالماي يۈنكېرلارنىڭ ئۇرۇنۇشى ۋە
بۇرژۇئازىيىنىڭ شەرمەندىلەرچە تىز پۈكۈشىنى پاش قىلىپ، ئىشچە-

لار سىنىپىنىڭ ئېڭىنى قوزغىتىپ، مۇستەقىل ئىشچىلار ھەرىكىتىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشكە، ئۇنى كەڭ ئاممىغا رەھبەرلىك قىلىپ، بىرلىككە كەلتۈرۈش مەسىلىسىنى ئىنقىلاپ يولى بىلەن ھەل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشقا تىرىشتى. 60-يىللارنىڭ باشلىرىدا گېرمانىيە ئىشچىلار ھەرىكىتى ئەۋج ئالدى، ئىشچىلار بۇرژۇئازىيىنىڭ تەسىرى ۋە تىزگىنلىشىدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشتى، ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل سىياسى تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇشقا باشلىدى. ئىتالىيىنىڭ بىرلىككە كېلىش ھەرىكىتى گېرمانىيىدە ئىنقىلاپ ۋەزىيىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. پرولېتارىياتنىڭ مۇستەقىل ھەرىكەتكە كېلىشى ۋە خەلق ئىنقىلاۋىي ھەرىكىتىنىڭ ئۆرلىشى يۇنكېر پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا زەربە بەردى ھەمدە بۇرژۇئازىيىسىنى قاتتىق تەشۋىشكە سالدى. يۇنكېرلار، بۇرژۇئازلار راۋاجلىنىۋاتقان پرولېتارىيات ئىنقىلاۋىي ھەرىكىتىنى باستۇرۇش ۋە تىزگىنلەشكە كۆچەپ ئۆرۈندى. مانا مۇشۇنداق پەيتتە، بۇرژۇئا قارا نىيەتچىسى، ئىككى يۈزلىمىچىسى فېردىناند لاسسال (1825—1864) پومېشچىك-بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، ئىشچىلار ھەرىكىتىدە ماركسىزىمغا قارشى ئوپچىل ئاغمىچىلىق لۇشيەنىنى يۈرگۈزۈشكە كۆچەپ ئۆرۈندى، بۇنىڭ بىلەن ئىشچىلار ھەرىكىتىنى تۈيۈق يولغا سالماقچى بولدى.

باي سودىگەر ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان لاسسال 1848-يىل ئىنقىلاۋىدا نەپ ئالماقچى بولغان ئىدى. ئۇ ئاغزىدا ئۆزىنى "ماركسنىڭ شاگىرتى" دەپ، ئەمەلىيەتتە ماركسىزىمغا ۋە ماركس، ئېنگېلسنىڭ لۇشيەنىگە ئىزچىل قارشى تۇردى، ئۈزلۈكسىز تۈردە ھۆكۈمران سىنىپلارغا خۇشامەتچىلىك قىلدى. 60-يىللارنىڭ باش-

لىرىدا، لاسسال ئوچۇقتىن-ئوچۇق پرۇسسىيە پادىشاسىنىڭ بايرىقى ئاستىغا ئۆتۈپ، پىرۇسسىيىنىڭ گېرمانىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ، پرۇسسىيە "پادىشا سوتسىيالىزمىچىسى" بولۇپ قالدى. 1863-يىلى، گېرمانىيە ئىشچىلىرى مۇستەقىل ئىشچىلار سىياسى تەشكىلاتى بولغان "پۈتۈن گېرمانىيە ئىشچىلار بىرلەشمىسى"نى قۇرۇشنى قارار قىلدى، لاسسال ئۇنىڭ رەئىسى بولدى. بۇنىڭ ئالدى-كەينىدە، لاسسال بىسمارك بىلەن يوشۇرۇن تىل بىرىكتۈرۈپ، "بىرلەشمە"نىڭ تەشكىلى فاكچىنى، پىلانى قاتارلىقلارنى بىسماركقا ساتتى ھەمدە سۇلالە ئۇرۇشنى قوللاشقا ۋەدە بەردى. لاسسال ئومۇمى سايلام ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىشچىلارنىڭ "سىياسى ئازاتلىقى"نىڭ بىردىن-بىر يولى، دىگەننى جېنىنىڭ بېرىچە تەرغىب قىلدى، ئىشچىلار ئومۇمى سايلام ھوقۇقىغا ئىگە بولسا، پرۇسسىيە دۆلىتى "ئەركىن دۆلەت" بولۇپ قالىدۇ؛ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ "ئىقتىسادىي ئازاتلىقى" بولسا، پرۇسسىيە دۆلىتى ياردەم بېرىدىغان ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرىنى قۇرۇش يولى بىلەنلا بولىدۇ، دىدى. قىسقىسى، لاسساللىق دىگەن نىمە زورلۇق كۈچ بىلەن قىلىنىدىغان ئىنقىلاپنىڭ ئورنىغا سىياسى جەھەتتىكى قانۇنىي پارلامېنت يولىنى قويۇشتىن؛ پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىغا "ئەركىن دۆلەت" دىگەن سەپسەتە بىلەن قارشى تۇرۇشتىن؛ ئىشچى-دىخانلار ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇپ، دىخانلارنى "ئەكسىيەتچىل گۇرۇھ" دەپ بېكىتىشتىن؛ ئىقتىسادىي جەھەتتە "تومۇردەك ئىش ھەققى قانۇنىيە-تى"① دىگەن نىمە ئارقىلىق ياللانما ئەمگەك تۈزۈمىنى ئاقلاپ،

---

① لاسسال، زاۋۇت ئىشچىلىرىنىڭ ئالىدىغان ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى ھامان

www.uyghurkitap.com

پرۇسسىيە دۆلىتىنىڭ ياردىمى بىلەن، كاپىتالىزمدىن ئېچىپ بول بىلەن سوتسىيالىزمغا كىرگىلى بولىدۇ دېگەن نەرسىنى تەرغىپ قىلىشتىن ئىبارەت. روشەنكى، لاسسال گېرمانىيە ئىشچىلار ھەرىكىتىدىكى ئاغمىچىلىقنىڭ بوۋىسى، ئىشچىلار ھەرىكىتىگە سوقۇنۇپ كىرىۋالغان ساتقىن ۋە ئىشچىلار ئاسىيسى ئىدى.

چەتئەلدە تۇرۇۋاتقان ماركس بىلەن ئېنگېلس لاسسالنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرى ۋە ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي قارشى تۇردى. لاسسالنىڭ بىسمارك بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلىكى پاش بولماستىنلا، ئۇلار: لاسسال "بىز ئۈچۈن، ھازىر تولىمۇ ئىشەنچسىز دوست، كەلگۈسىدە بىر قەدەر بەلگىلىك رەقىب بولۇپ قالىدۇ"① دەپ كورسەتتى. ئۇلار گېرمانىيە ئىشچىلىرى ئارىسىدا ئۆز ئەسەرلىرىنى زور كۈچ بىلەن تارقاتتى، لاسسالنىڭ ئىدېيالىستىك دۇنياقارىشى ۋە ئاغمىچىلىق لۇشيەنىگە ماتېرىيالىستىك دۇنياقاراش ۋە ئىنقىلابىي لۇشيەن بىلەن

---

ھاياتنى ۋە نەسىلىنى قامداشتەك ئەڭ تۆۋەن چەك ئەتراپىدا بولىدۇ، ئۇنىڭدىن بەك يۇقىرى بولۇپ كېتەلمەيدۇ، بەك تۆۋەنمۇ بولالمايدۇ؛ ئىشچىلارنىڭ نوپۇسى كۆپىيىپ كەتسە، بۇنىڭ ئارقىسىدا ئىش ھەققى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ، تۆۋەنلەش مەلۇم دەرىجىگە يەتكەندە نوپۇس ئازىيىپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىش ھەققى يەنە ئۆرلەيدۇ. ئەھۋال ئەنە شۇنداق دەۋر قىلىپ تۇرىدۇ، بۇ — "تۆمۈردەك قانۇنىيەت" دەپ دەۋا قىلىدۇ. لاسسال ئەمگەكچى ئاممىنىڭ نامرات بولۇشىنىڭ مەنبەسى كاپىتالىستىك ياللانما ئەمگەك تۈزۈمى ئەمەس، بەلكى ئادەمنىڭ ئۆز "تەبىئىتى" دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇ ئىشچىلارنىڭ ئىقتىسادىي كۈرەش ئېلىپ بېرىشىغا ۋە ئىش تاشلىشىغىمۇ قارشى تۇرىدۇ.

① «ئېنگېلسنىڭ ماركسقا يازغان خېتى (1864 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى)». «ماركس ـ ئېنگېلس خەت چەكلىرى توپلىمى»، 1958 ـ يىل خەلق نەشرى، 3 ـ توپلام، 215 ـ بەت.

قارشى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ماركسىزىمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئىشچىلار سىنىپىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەربابلىرى بولغان ۋىلگېلم لىبكنېخت (1826 — 1900) ۋە ئاۋگۇست بېبېل (1840 — 1913) ئارقىلىق ئىشچىلار تەشكىلاتلىرىدا لاسساللىڭ ئاقمىچىلىقىغا قارشى تۇردى. بۇ ئۇسۇل ناھايىتى ياخشى نەتىجە بەردى. ئالغىل ئىلغار ئىشچىلار بېبېل بىلەن ۋىلگېلم لىبكنېختنىڭ ئەتراپىغا بارغانسېرى كوپلەپ توپلىشىپ، ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلدى. 1869 - يىلى، ئۇلار ئېيزىناختا سوتسىيال - دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى (ئادەتتە ئېيزىناخچىلار دەپ ئاتىلىدۇ)نى قۇرۇپ، بىرىنچى ئىنتېرناتسىونالغا كىرىدىغانلىقىنى جاكالىدى. ئېيزىناخچىلارنىڭ كورسەتكەن ئاساسىي خىزمىتى لاسساللچىلارغا قارىمۇ - قارشى بولغان ئاممىۋى خاراكتېرلىق، مۇستەقىل ئىنقىلاۋىي ئىشچىلار پارتىيىسىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەنلىكى بولدى.

گېرمانىيە ئىشچىلار سىنىپى دىگەندەك پىشىپ يېتىلمىگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە لاسساللىڭ ئاقمىچىلىق لۇشيەنىنىڭ زىيانكەشلىكى ئارقىسىدا، پرولېتارىيات سۇلالە ئۇرۇشىنى ئىنقىلاپ يولى بىلەن تۇسالمىدى ياكى سۇلالە ئۇرۇشىنىڭ ئورنىغا ئىنقىلاپنى دەسسىتەلمىدى. 60 - يىللاردا، بىسمارك ئۆزىنىڭ "تومۇر - قان سىياسىتى"نى ئىجرا قىلىپ، بىرقاتار سۇلالە ئۇرۇشلىرى ئارقىلىق گېرمانىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈردى.

1864 - يىلى بىسمارك ۋاقىتىنچە ئاۋسترىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، دانىيىگە قارشى ئۇرۇش قىلدى. ئىككىنچى يىلى دانىيە ئۇرۇشتا يېڭىلدى، ئاۋسترىيە ھولشتېيننى ئېلىۋالدى، پرۇسسىيە شلېزۋىگنى ئىگە بولدى. ئۇرۇش ئەمدىلا ئاياقلىشىشىغا، بىسمارك دەرھال

ئاۋستىرىيىگە قارشى ئۇرۇش تەييارلىقىغا كىرىشتى. ئۇ شېرىن سۆزلەر ۋە پوپوزىلار بىلەن، ياۋروپادىكى چوڭ دۆلەت بولغان چار روسىيە بىلەن فىرانسىيىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئىتالىيىنى ئۆزىگە تارتىپ، ئاندىن كېيىن ئاۋستىرىيىگە ئارقىمۇ-ئارقا ئىغۋاگەرچىلىك قىلدى. 1866-يىلى پرۇسسىيە-ئاۋستىرىيە ئۇرۇشى پارتلىدى. 7-ئاينىڭ 3-كۈنى سادوۋا جېڭىدە پرۇسسىيە ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئىگە بولدى. سادوۋا جېڭى "گېرمانىيىدە مىللىي كاپىتالىستىك دۆلەت قۇرۇشتا زومىگەرلىك ھوقۇقىنىڭ پرۇسسىيە بىلەن ئاۋستىرىيىدىن ئىبارەت ئىككى بۇرژۇئا پادىشالىق دۆلىتىدىن قايسىسىغا مەنسۇپ بولۇشى لازىملىقى مەسىلىسى"①نى ھەل قىلغان ئىدى. 1866-يىل 8-ئايدىكى پراگا سۈلھى شەرتنامىسىگە ئاساسەن، ئاۋستىرىيە گېرمانىيە قوشما ئىشتاتىدىن چىقىپ كەتتى، پرۇسسىيە ھولشتېيىننى ۋە ئۇرۇشتا ئاۋستىرىيە تەرەپتە تۇرغان بىر نەچچە گېرمانىيە ئىشتاتىنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى، پۈتكۈل شىمالىي ۋە ئوتتۇرا گېرمانىيىنى بىرلىككە كەلتۈردى، پرۇسسىيە رەھبەرلىكىدىكى شىمالىي گېرمانىيە قوشما ئىشتاتىنى قۇردى.

بىسمارك فىرانسىيىنى مەغلۇپ قىلماي تۇرۇپ، جەنۇبىي گېرمانىيىدىكى ئىشتاتلارنى شىمالىي گېرمانىيە قوشما ئىشتاتىغا قوشالمايتتى. ناپولېئون III گېرمانىيىنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشىگە جېنىنىڭ بېرىچە توسقۇنلۇق قىلدى، فىرانسىيىدىكى سىنىپلاردا تېزدىن ئۇسۇۋاتقان نارازىلىقنى پرۇسسىيىگە قارشى ئۇرۇش ئارقىلىق بۇراپ، ئۆزىنىڭ تەۋرىنىپ قالغان پادىشالىق ئورنىنى ساقلاپ قالماقچى بولدى. ھەر ئىككى تەرەپ ئۇرۇش تەييارلىقىغا كىرىشتى. 1870-يىل 7-ئاينىڭ

---

① لېنىن، «ئۇلۇغ باشلىنىش»، 1975-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 29-بەت.

19 ـ كۈنى پرۇسسىيە ـ فرانسىيە ئۇرۇشى پارتلىدى.

بۇ ئۇرۇش پارتلىغان چاغدىكى ۋەزىيەت بىسماركقا پايدىلىق بولدى. ناپولېئون III نىڭ گېرمانىيىنىڭ ئىشلىرىغا ئۆزلۈكسىز ئارىلىشىش ھەركىتى گېرمانىيىدە مىللىي ھەركەتنى ئەۋج ئالدۇردى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، ياۋروپادىكى "كۆچلۈك دۆلەتلەر"نىڭ ھەممىسى فرانسىيە بىلەن زىددىيەتتى بولغانلىقى ئۈچۈن "بىتەرەپلىك" جاكالىدى، بۇنىڭ بىلەن بىسماركنىڭ دادىل ھەركەت قىلىشىغا ئىمكانىيەت تۇغۇلدى. 7 ـ ئايدا پرۇسسىيە ئارمىيىسى چېگرىدىن ئۆتۈپ فرانسىيىگە بېسىپ كىردى، مالىماتاڭچىلىق ئىچىدە قالغان فرانسىيە ئارمىيىسى بىر پەشۋاغىمۇ يارىماي، قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى سېداندا ھەل قىلغۇچ جەڭ بولدى. نەتىجىدە 100 مىڭ فرانسىيە ئەسكىرى تەسلىم بولدى، ناپولېئون III ئەسىرگە چۈشتى، شۇنىڭ بىلەن ناپولېئوننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىلدى.

گېرمانىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىرلىككە كەلتۈرۈشتىكى توسالغۇ ئاساسەن تۈگىتىلگەن، بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتىكى مىللىي ۋەزىپە ئورۇنلانغان ئىدى. لېكىن، بىسمارك ھەربىي ھەركەتنى توختاتماي، ئارمىيىسىنى پارىژغىچە قىستاپ ئاپاردى. پرۇسسىيە يۇنكېر پومېششىكلىرىنىڭ ئاخىرقى مەقسىدى فرانسىيە زېمىنىنى تارتىۋېلىش ۋە فرانسىيە خەلقىنى تالان ـ تاراج قىلىش ئىدى. سېدان جېڭىگىچە، پرۇسسىيە تەرەپتە مىللىي مۇداپىئە ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشتەك ئورۇندا بولۇپ، ئۇنىڭ ئېلىپ بارغان ئۇرۇشى ھەققانىي خاراكتېرغا ئىگە ئىدى؛ سېدان جېڭىدىن كېيىن، ئۇرۇشنىڭ خاراكتېرى ئۆزگەردى، فرانسىيە مىللىي مۇداپىئە ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىۋاتقان ئورۇنغا ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئۇرۇشى ھەققانىي خاراكتېرغا ئىگە بولدى، پرۇسسىيىنىڭ ئۇرۇشى

بولسا ئەكسىيەتچىل تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرغا ئايلىنىپ قالدى. بۇنداق ۋەھشى بۇلاڭ-تالاڭچىلىق ئۇرۇشى فرانسىيە خەلقىنىڭ بولۇپمۇ پارىژ پرولېتارىياتىنىڭ جان پىدالىق بىلەن قىلغان قارشىلىقىغا ئۇچرىدى، شۇنداقلا گېرمانىيە خەلقىنىڭ ئالدى بىلەن پرولېتارىياتىنىڭ قاتتىق ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى.

پرۇسسىيە-فرانسىيە ئۇرۇشىنىڭ نەتىجىسىدە پرۇسسىيە فرانسىيەدىن ئالزاس بىلەن لورىننى بۇلىۋالدى، 5 مىليارت فرانك ئۇرۇش چىقىمى تۆلىتىۋالدى.

1871-يىل 1-ئاينىڭ 18-كۈنى پرۇسسىيە پادىشاسى ۋىلىيام I فرانسىيىنىڭ ۋېرسال شەھىرىدىكى ئەينەك سارايدا تاج كىيىپ گېرمانىيىنىڭ خانى بولدى. شىمالىي گېرمانىيە قوشما ئىشتاتى بىرلىككە كەلگەن گېرمانىيە ئىمپېرىيىسى بولدى.

**ئاۋستىرىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ كرىزىسى، ئاۋستىرىيە-ۋېنگرىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى** 1848-يىلدىكى ئاۋستىرىيە ئىنقىلابىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئەكسىيەتچىل كۆپ مىللەتلىك فېئوداللىق ئىمپېرىيىسىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئىمپېرىيە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى مىللەتلەرنى ئازات قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئىنقىلابنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ئارقىسىدا، ھابسبۇرگ سۇلالىسىنىڭ مۇستەبىتلىك تۈزۈمى ئەسلىگە كەلدى. ئىمپېرىيە ئاھالىسىنىڭ تەخمىنەن 78 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان ئېزىلگۈچى مىللەتلەر جۈملىدىن چېخلار، سلوۋاكلار، پولەكلەر، گىرۋاتلار، سېربىيانلار، سلوۋېنىيانلار، ئۇكرائىنلار، ۋېنگرلار، رۇمىنىيىلىكلەرنىڭ ھەممىسى تېخىمۇ قاتتىق مىللىي زۇلۇمغا ئۇچرىدى.

لېكىن ئاۋستىرىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ فېئوداللىق مۇناسىۋىتى ئىنقى-

لاپىنىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچرىدى. كاپىتالىزىم يېزىلاردا "پرۇسسىيىچە يول"نى بويلاپ راۋاجلانغىلى تۇردى. شەھەرلەردە كاپىتالىستىك سانائەت بىر قەدەر زور دەرىجىدە راۋاجلاندى، ئەمما راۋاجلىنىش تەكشى بولمىدى. تۆۋەنكى ئاۋسترىيە ۋە چېخ رايونىدا چوڭ زاۋۇتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى خېلى يۇقۇرى سەۋىيىگە يەتتى؛ ۋېنگرىيەدە كاپىتالىزىمنىڭ تەرەققىياتى يېزىلاردىكى فېئوداللىق قالدۇقلار ۋە مىللىي زۇلۇمنىڭ قاتمۇ-قات توسالغۇسىغا ئۇچرىدى؛ باشقا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئىگىلىك يەنىلا ئارقىدا ئىدى، ئاۋسترىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمران گۇرۇھى بۇ رايونلارنى داۋاملىق تۈردە ئاۋسترىيىنىڭ يېزا ئىگىلىك بېقىندىسى قىلماقچى بولدى.

ئاۋسترىيە ئىمپېرىيىسىدە كاپىتالىزىمنىڭ راۋاجلىنىشى نۇرغۇن مۇھىم ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلدى. يېڭى ئىجتىمائىي سىنىپ — پرولېتارىيات ۋۇجۇتقا كەلدى ۋە ئۈزلۈكسىز زورايدى، ئۇلارنىڭ ھالى ئىنتايىن مۈشكۈل بولۇپ، ئىشچىلار بىلەن كاپىتالىستلار ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي زىددىيەت ئۆتكۈرلەشتى. يېزىلاردا دېھقانلارنىڭ پومېشچىكلارنىڭ يەرلىرىنى تارتىۋېلىشىغا قارشى كۈرىشى ئارقا-ئارقىدىن ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇردى. ئېزىلگۈچى مىللەتلەر رايونلىرىدا، مىللىي مۇستەقىللىق ھەركىتى كۈندىن-كۈنگە كۈچەيدى، بەزى ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىمۇ باشقا بەزى مىللەتلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى ۋە ئۇلارنى قۇل قىلىۋاتاتتى. ۋېنگرىيەدە، ئاھالىنىڭ تەخمىنەن 36 پىرسەنتى سلاۋيانلار ۋە باشقا مىللەتلەر ئىدى، يەرلەر ئادەتتە ۋېنگر چوڭ پومېشچىكلارنىڭ قولىدا ئىدى. دېمەك، ئاۋسترىيە ئىمپېرىيىسىدە بولسۇن ياكى ۋېنگرىيە رايونىدا بولسۇن، قاتمۇ-قات مىللىي زىددىيەتلەر ئۈستىگە ئۆتكۈر ئىجتىمائىي

سىنىپىي زىددىيەتلەر قوشۇلۇپ، ئەھۋال تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتكەن ئىدى.

1857-يىلدىكى ئىقتىسادىي كرىزىس ۋە 1859-يىلى فرانسىيە-ساردىنىيىگە قارشى ئۇرۇشتىكى مەغلۇبىيەت ئارقىسىدا، ئىمپېرىيە كرىزىسى جىددىيلەشتى. ئاۋستىرىيە، ۋېنگرىيە، چېخ ۋە باشقا رايونلاردا مۇستەبىتلىك تۈزۈمگە قارشى كەينى-كەينىدىن ئېتىراز بىلدۈرۈش ھەركەتلىرى پەيدا بولدى. بۇداپېشت ۋە ۋېنگرىيىنىڭ باشقا شەھەرلىرىدە، كىشىلەر تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى تارقىتىپ، ئەزگۈچىلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشقا چاقىردى. خەلق نامايىشلار ئۆتكۈزدى، ئارمىيە بىلەن توقۇنۇش يۈز بەردى، نۇرغۇن يېزىلاردا دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى پارتلىدى. لېكىن ئاۋستىرىيە ئىمپېرىيىسىدە مىللىي-دېموكراتىك ھەركەتنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى ئاقسۆڭەك پومېشچىكلار ۋە بۇرژۇئازىيىنىڭ قولىدا ئىدى. ئاۋستىرىيە بۇرژۇئازىيىسى پەقەت سىياسىي جەھەتتە ھاكىمىيەتكە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلدى، ئىمپېرىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلدى؛ ۋېنگرىيە ئاقسۆڭەكلىرى ۋە بۇرژۇئازىيىسى ئاۋستىرىيە ئىمپېرىيىسىدىكى ھۆكۈمران مىللەت قاتارىغا ئۆتۈشنى تەلەپ قىلدى؛ چېخ بۇرژۇئازىيىسى ("مىللىي پارتىيە") ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشقىلا ئىنتىلدى، مىللىي مۇستەقىللىققا ئىگە بولۇشقا ئىنتىلمىدى. ھەر مىللەت بۇرژۇئازىيىسى خەلق ئاممىسىغا تايىنالمايلا قالماستىن، بەلكى خەلق ھەرىكىتىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىدىن ئىنتايىن قورقتى. بۇ ئۇلارنىڭ ھەركەتتىكى مۇرەسسەچىلىكى ۋە ئاجىزلىقىنى بەلگىلىدى. 50-، 60-يىللاردىكى ئاۋستىرىيە پرولېتارىياتى تېخى ئۆزىنىڭ مۇستەقىل سىياسىي لۇشيەنىنى قويالمىغان

ئىدى. ئاۋسترىيە ئىمپېرىيىسىدىكى مىللى-دېموكراتىك ھەركەتتە ئۆزۈل-كېسىل ئىنقىلاۋىي، ماركسىزىملىق سىياسى پروگرامما يوق ئىدى.

ئىمپېرىيە ھوكۇمىتى سىياسى كىرىزىسىنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىنى توسۇش ئۈچۈن، بىر قاتار سىياسى شۇملۇقلارنى ئىشقا سالدى. ئۇ ئىچكى ئىنقىلاپنىڭ ئورلىشىنى كورۇنۇشتىكى يول قويۇشلار بىلەن پەسەيتىش ئۈچۈن، ۋېنگرىيە ۋە باشقا ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ ئاقسوڭەك يومىشىكلىرى بىلەن مۇرەسسەلەشمەكچى بولدى. 1860-يىل 10-ئاينىڭ 20-كۈنى ھوكۇمەت ئاتالمىش «ئوكتەبىر ئالاھىدە رۇخسەتنامىسى» (يەنى قوشما ئىشتات ئاساسىي قانۇننى يولغا قويۇش بۇيرۇغى)نى جاكالاپ، خانىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ھەرقايسى ھوكۇمرانلىق قىلىنغۇچى رايونلاردىكى ئاقسوڭەك يومىشىك ۋەكىللىرىنى قانۇن چىقىرىشقا قاتناشتۇرىدىغانلىقى ھەمدە ھەرقايسى جايلاردىكى يەرلىك پارلامېنتلار ۋە جايلارنىڭ ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان پۈتۈن ئىمپېرىيە پارلامېنتى بىلەن بىرلىكتە قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. «ئوكتەبىر ئالاھىدە رۇخسەتنامىسى»دا ۋېنگرىيىگە مەلۇم ئالاھىدە ئېتىۋارلار بېرىلدى، مەسىلەن، 1849-يىلى تارقىتىۋېتىلگەن ۋېنگرىيە پارلامېنتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ۋېنگرىيە دولەت ئورگانلىرىدا ۋېنگر تىلىنى قوللىنىشقا رۇخسەت قىلىندى، سلاۋيانلار رايونىدا بۇنداق قىلغىلى بولمايتتى. ئاۋسترىيە دائىرىلىرى مۇشۇ يول بىلەن ۋېنگرلار بىلەن ئىمپېرىيىدىكى باشقا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرانى كۈچەيتمەكچى بولدى. ئېنگېلس «ئالاھىدە رۇخسەتنامە»نىڭ ئېلان قىلىنىشىنىڭ ھەقىقى سىياسى مەقسىدى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دىگەن ئىدى: "بۇنىڭدا

ۋېنگرىيىنى بەزلىمەكچى، ئاندىن كېيىن ئۇنى مۇستەبىت ئاۋسترىيىنى قىينىچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش قورالىغا ئايلاندۇرماقچى"①.

لېكىن ئاۋسترىيە ھوكۇمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىشلەتكەن ھىلىسى ئىشقا ئاشمىدى. ئاۋسترىيە بۇرژۇئازىيىسى مەلۇم ئاپتونومىيە خاھىشىغا ئىگە بولغان قوشما ئىشتات ئاساسىي قانۇنىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا قارشى چىقتى؛ ۋېنگرىيە ئاقسوڭەك پومىششىكلىرى بولسا بۇنىچىلىك يول قويۇشلارغا قانائەتلەنمىدى. خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەركىتى كىدىك تۈردە قانات يېيىپ كەتتى. ئاۋسترىيە ئىمپېرىيىسى ھوكۇمىتىنىڭ ئەپتى-بەشىرىسى دەرھال ئاشكارىلاندى. 1861-يىلى ئېلان قىلىنغان ئاساسىي قانۇندا مەركەز مۇستەبىتلىك تۈزۈمى ئاساسىدىكى ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈشنى يېڭىۋاشتىن كۈچەيتىش مەقسەت قىلىنىدى، جايلاردىكى مىللى ھەركەتلەرگە قارىتا يۇقۇرى بېسىم ۋاستىلىرى قوللىنىلدى. ئەكسىيەتچىل سايلام تۈزۈمى ئاۋسترىيە ئاقسوڭەك پومىششىكلىرى ۋە چوڭ بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئىمپېرىيە پارلامېنتىدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىشىنى تەمىن ئەتتى.

1861-يىلدىكى ئاساسىي قانۇن ئومۇمىي يۈزلۈك قارشىلىقنى قوزغىدى. ۋېنگرىيە جامائەتچىلىكى قوزغىلىپ كەتتى، ئاممىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەركىتى تەرەققى قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتىرىش دەرىجىسىگە يەتتى. ۋېنگرىيە مىللى ھەركىتىنىڭ رەھبىرى فىلونتىز دىياك ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى قوزغىلاڭنى ھە دەپ پاسسىپ قارشىلىق كۆرسىتىش تەرەپكە باشلىدى. ۋېنگرىيە پارلامېنتى ئىمپېرىيە پارلامېنتىغا ۋەكىل

---

① ئېنگېلس، «ئاۋسترىيە ئىنقىلاۋىنىڭ تەرەققىياتى». «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 15-توم، 250-بەت.

قاتناشتۇرۇشنى رەت قىلدى، كروئاتىيە، ترانسىلۋانىيە ۋە ۋېنېتسىيە پارلامېنتلىرىمۇ ئىمپېرىيە پارلامېنتىغا پارلامېنت ئەزاسى سايلاپ بەرمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن چېخ ۋە پولشا پارلامېنت ئەزالىرى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئىمپېرىيە پارلامېنتىدىن چىقىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئاۋستىرىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ مەركەز مۇستەبىتلىك پىلانى ۋە يۇقۇرى بېسىم سىياسىتى تامامەن مەغلۇپ بولدى. ئاۋستىرىيە هوكۇمرانلار گۇرۇھى ۋېنگرىيە ئاقسۆڭەك پومېششىكلىرى بىلەن يېگىۋاشتىن مەسلىھەتلىشىشكە مەجبۇر بولدى. 1865-يىل 10-ئاينىڭ 1-كۈنى دېاك ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى پۇروگىراما تۈزۈپ چىقىپ، ئاۋستىرىيە ئىمپېرىيىسىنى قوشما ئىسىم تۈزۈمىدىكى ئاۋستىرىيە-ۋېنگرىيە ئىمپېرىيىسىگە ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلدى.

1866-يىلى ئاۋستىرىيىنىڭ پروسسىيىگە قارشى ئۇرۇشتىكى مەغلۇبىيىتى ئاۋستىرىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىچكى كرىزىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇۋەتتى. ئېزىلگۈچى مىللەتلەر ئاۋستىرىيىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى يات مىللەتنىڭ زۇلمىغا قارشى تۇرۇشنى كۈچەيتىشنىڭ سىگنالى دەپ بىلدى. ئاۋستىرىيە هوكۇمرانلار گۇرۇھى ئۆزىنىڭ هوكۇمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ۋېنگرىيە پومېششىكلىرى بىلەن ئانچە-مۇنچە مۇرەسسەلىشىشكە مەجبۇر بولدى. 1867-يىل 2-ئايدا ئاۋستىرىيە-ۋېنگرىيە كېلىشىمى ئىمزالاندى، 5-ئايدا ئىمپېرىيە پارلامېنتى ئۇنى تەستىقلىدى. بۇ كېلىشىمگە ئاساسەن، ئاۋستىرىيە ئىمپېرىيىسى قوشما ئىسىملىك تۈزۈمدىكى پادىشالىق دۆلەت — ئاۋستىرىيە-ۋېنگرىيە ئىمپېرىيىسىگە ئۆزگەرتىلىپ، لېيتا دەرياسىنى چېگرا قىلغان هالدا سىسلىتانىيە (ئاۋستىرىيىنى ئاساس قىلغان) ۋە دىلەنسلېيتانىيە (ۋېنگرىيىنى ئاساس قىلغان)دىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈندى.

ئاۋسترىيە خانى قوشۇمچە ۋېنگرىيىنىڭ پادىشاسى بولدى. ئاۋسترىيە بىلەن ۋېنگرىيە ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل قانۇن چىقىرىش ئورگىنى قۇردى، ئىمپېرىيە ھوكۇمىتى تاشقى ئىشلار، ھەربىي ۋە مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇردى. ئاۋسترىيە، ۋېنگرىيە ئوتتۇرىسىدا بەلگىلەنگەن سودا، باج ۋە چىقىم قاتارلىقلار توغرىسىدىكى كېلىشىملەر ھەر 10 يىلدا بىر قېتىم قايتىدىن تۈزۈلىدىغان بولدى.

ئاۋسترىيە ھوكۇمرانلار گۇرۇھى ئۆز تەۋەسىدىكى باشقا جايلاردىكى مىللى ھەركەتلەرگە قارىتا باستۇرۇش تەدبىرلىرىنى كوردى.

ئاۋسترىيە ـ ۋېنگرىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقى ئاۋسترىيە ئىمپېرىيىسىدىكى بۇرژۇئا ئىسلاھاتى ھەركىتىنىڭ ئورۇنلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇرژۇئازىيىنىڭ قورقۇنچاقلىقىدىن، 60 ـ يىللاردا ئاۋسترىيە ئىمپېرىيىسىدە ساقلانغان كىرىزىس ئىنقىلاپقا ئېلىپ بارالمىدى. ئاۋسترىيە ـ ۋېنگرىيە ئىمپېرىيىسى، ئەمەلىيەتتە، ئاۋسترىيە پومېشچىك ـ بۇرژۇئازىيىسى بىلەن ۋېنگرىيە پومېشچىك ـ بۇرژۇئازىيىسى ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، ئەمگەكچى ئاممىنىڭ ۋە ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىش ئارقىلىق قۇرۇلدى. ئاۋسترىيە ـ ۋېنگرىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقى ئاۋسترىيە بىلەن ۋېنگرىيىدە كاپىتالىزىمنىڭ تەرەققىياتى يولىدىكى بەزى توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلىدى. لېنىن ئاۋسترىيىدىكى بۇ ئىسلاھاتقا باھا بەرگىنىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: "پرۇسسىيە ۋە ئاۋسترىيە پرولېتارىياتى ناھايىتى ئاجىز ئىدى، شۇڭا، پومېشچىك ۋە بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىشچىلار مەنپەئەتىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئىشچىلارغا ئەڭ پايدىسىز شەكىل بىلەن، پادىشالىق تۈزۈمنى ۋە ئاقسۆڭەكلەر ئىمتىيازىنى ساقلاپ قېلىش، دېھقانلارنىڭ ھوقۇقسىزلىق ھالىتىنى ۋە باشقا

ئۇرغۇنلىغان ئوتتۇرا ئەسىر قالدۇقلىرىنى ساقلاپ قېلىش شەرتى ئاستىدا ئىسلاھاتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى توسالمىدى."①

60-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئاۋستىرىيە، ۋېنگرىيە، چېخ قاتارلىق جايلاردىكى ئىلغار ئىشچىلار بۇرژۇئازىيىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇپ، ئارقا-ئارقىدىن مۇستەقىل ئىشچىلار تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇشقا باشلىدى. 1868-يىلى ھەرمىللەت ئىشچىلىرىنىڭ قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى، قۇرۇلتاي خىتابنامە ماقۇللاپ، مىللىي چېگرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، بىرلىككە كەلگەن ئىشچىلار تەشكىلاتى قۇرۇشنى چاقىرىق قىلدى. ئىلمىي كوممۇنىزىم ئىدىيىسى ئاۋستىرىيە ئىشچىلىرى ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى باشقا ھەر مىللەت ئىشچىلىرى ئارىسىدىمۇ تارقالدى. ئىشچىلار ھەركىتى ۋە مىللىي ئازاتلىق ھەركىتى ئاۋستىرىيە-ۋېنگرىيە ئىمپېرىيىسىدە ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشقا باشلىدى.

**1863-يىلدىكى پولشا قوزغىلىڭى** چاررۇسىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى پولشا پادىشالىغى پولشا زېمىنىدا يانچىلىق تۈزۈمنىڭ بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان بىردىن-بىر جاي بولۇپ، ئۇ يەردە مىللىي زۇلۇم ۋە فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە ئىنتايىن ئېغىر ئىدى. چارپادىشا، پولشانى مۇستەقىل قىلىشنى "خام خىيال" قىلغان ھەرقانداق ئادەمگە تاقابىل تۇرالايمەن، دەپ تەھدىت سالغان ئىدى.

50-، 60-يىللاردا پولشا پادىشالىغىدا كاپىتالىزىم خېلى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى، سانائەت ئىنقىلاۋى باشلاندى. چاررۇسى-

---

① لېنىن. «رۇسىيە سوتسىيال دېموكراتىزىم ھەركىتىدىكى ئىسلاھاتچىلىق». «لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 17-توم، 217 — 218-بەتلەر.

يېنىڭ مۇستەبىتلىك زۇلمىغا قارشى تۇرۇش ۋە مىللى مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى خەلق ھەركىتى تېز ئەۋج ئالدى. 1861-يىل ئەتىيازدىن تارتىپ ئالاھىدە شىددەت بىلەن قانات يېيىپ كەتكەن دېخانلار توپىلاڭلىرى چارپادىشانىڭ پولشىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنىڭ ئاساسىنى خېلىلا لىڭشىتىپ قويدى. مەخپى تەشكىلاتلار ھەممىلا يەردە مەيدانغا كەلدى، خەلقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك نامايىشلىرى 1861-يىلى يىل بويى ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇردى.

مىللى ئازاتلىق ھەركىتىدە: "ئاقلار" ۋە "قىزىللار" دېگەن ئىككى سىياسى مەزھەپ مەيدانغا كەلدى. "ئاقلار" پولشا ئاقسۆڭەكلىرى ۋە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. خەلق ھەركىتىدىن قورقاتتى، پولشا پادىشالىغىنىڭ ئاپتونومىيىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىلا ئۈمىت قىلاتتى ھەمدە ئاپتونومىيىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈمىدىنى غەربى ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ياردىمىگە باغلايتتى. "قىزىللار"نىڭ ئىجتىمائى تەركىۋى مۇرەككەپ ئىدى، ئۇنىڭ سولچىلىرى ئىنقىلاۋى دېموكراتچىلار ئىدى، ياروسلاۋ دومبروۋىسكى (1836—1871، كېيىن پارىژ كوممۇنىسىنىڭ سىلىڭگۈەنى بولغان)، ۋالېرى ۋرودلېۋىسكى (1836—1908)، كېيىن پارىژ كوممۇنىسىنىڭ گېنېرالى، بىرىنچى ئىنتېرناتسىونال باش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان) قاتارلىقلار ئۇلارنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىللىرى ئىدى، ئۇلار "ئاقلار"نىڭ سىياسىتىگە قارشى تۇرۇپ، مۇستەقىل، دېموكراتىك پولشا قۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچ بىلەن قوزغىلاڭنى تەييارلاشقا كىرىشتى.

1862-يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا تۈرلۈك مەخپى تەشكىلاتلار ۋە جەمىيەتلەر قوزغىلاڭغا بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلغۇچى ئورگان



دومبروۋسكى

سوۋېتىدە مەركىزىي مىللەتلەر كومىتېتى تەشكىل قىلدى. چارپادىشا ھوكۇمىتى ئالاھىدە ئىسمىلىك بويىچە شەھەر ياشلىرىنى ئەسكەرلىككە ئېلىش يولى بىلەن قوزغىلاڭنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولدى. ئەسكەر ئېلىش خەۋىرى ئومۇمىي يۈزلۈك پاتپاراقچىلىق پەيدا قىلىپ، قوزغىلاڭنىڭ سەۋەبچىسى بولۇپ قالدى. 1863-يىل 1-ئاينىڭ 22-كۈنى كەچتە قوزغىلاڭ باشلاندى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى چارپادىشا مۇھاپىزەتچى قىسىملىرى بىلەن ئېلىشتى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ ئاساسىي كۈچى قول ساناەتچىلەر، ئىشچىلار ۋە ياش ئوقۇغۇچىلار ئىدى، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ۋە ئۇششاق ئاقسۆڭەكلەرمۇ ئاكتىپ قاتناشتى، بەزى جايلاردىكى دېھقانلارمۇ قوزغىلاڭچى قىسىملارغا قوشۇلدى. مەركىزىي مىللەتلەر كومىتېتى قوزغىلاڭنىڭ بىرىنچى كۈنىلا خىتابنامە ئېلان قىلىپ، پولشىدا مىللىي مۇستەقىللىق، مىللىي باراۋەرلىك ۋە سىياسىي باراۋەرلىك، دېھقانلارنى ئازات قىلىش ۋە دېھقانلارغا يەر تەقسىم قىلىپ بېرىشنى جاكالىدى. ئېنگېلس مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: پولشا قوزغىلاڭچىلىرى "شەرقىي ياۋروپادا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بارلىق ئىنقىلاۋىي پروگراممىلار ئىچىدە ئەڭ رادىكال بولغان ئىنقىلاۋىي پروگراممىنى جاكالىدى"①.

① ئېنگېلس، «پولشانى قوللايمىز»، «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 18-توم، 629-بەت.

ئەسلىدە قوزغىلاڭغا قارشى بولغان "ئاقلار" قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ، قوزغىلاڭنىڭ خەلق ئىنقىلاۋى ھەركىتىگە ئايلىنىپ كېتىشىگە توسقۇنلۇق قىلىش ئۈچۈن، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پائال ھەركەت ئېلىپ باردى. ئۇلار قوزغىلاڭچىلار قىسىملىرىغا سۇقۇنۇپ كىرىۋالدى. 1863-يىل 5-ئايدا پولشا مىللى ھوكۇمىتى تەشكىل قىلىندى، "ئاقلار" ۋەكىللىرى ئۇنىڭدا چوڭ ھوقۇقنى ئىگەللىۋالدى. مىللى ھوكۇمەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۆرەش ئىنتايىن كەسكىن بولدى، ھوكۇمەت تەركىۋى نۇرغۇن قېتىم يەڭگۈشلەندى. ئۇكچىلار دىخانلار ئىنقىلاۋىدىن قورقۇپ، ھەتتا قوزغىلاڭچى قىسىملارنىڭ باشلىقلىرىغا: ئەگەر دىخانلار پومىششىكلارغا ئۇچۇقتىن-ئۇچۇق قارشى تۇرىدىغان بولسا قاتتىق جازالاڭلار، دەپ بۇيرۇق بەردى. شۇنداق بولسىمۇ، پولشا خەلقىنىڭ ئېگىلمەس-سۇنماس ئىنقىلاۋىي روھى قوزغىلاڭنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتتى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى 15 — 20 مىڭ كىشىگە يەتتى. پولشا پادىشالىقىغا توپلانغان چارروسىيە قوشۇنلىرى بولسا ئۇنىڭدىن 10 ھەسسە ئارتۇق ئىدى، 176 زەمبىرەك بىلەن قوراللانغان ئىدى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى غەربىي ياۋروپادىكى كۈچلۈك دولەتلەرنىڭ ھېچقانداق ئەمەلىي ياردىمىگە ئىگە بولالمىدى. چارپادىشا ھوكۇمىتى پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە پولشا قوزغىلىڭىنى ئاران باستۇردى. 1864-يىل 4-ئايدا مىللى ھوكۇمەت ئاغدۇرۇلدى. شۇ يىلى كۈزدە ئاخىرقى پارتىزان قىسىملار تارمار قىلىندى. چارپادىشا دەھشەتلىك تۈردە ئۆچ ئالدى ۋە زىيانكەشلىك قىلدى. نۇرغۇنلىغان پولشا ۋەتەنپەرۋەرلىرى ئۆلتۈرۈلدى، پولشا ئاھالىسى روسىيىنىڭ يىراق چېگرا رايونلىرىغا

سۈرگۈن قىلىندى. پولشا پادىشالىقى رايونىدا ھەربىي ھاكىم مۇتلەق-
لىق تۈزۈمى ئورنىتىلىپ، رۇسلاشتۇرۇشنى مەجبۇرى يۈرگۈزۈشنى
جىددىيلەشتۈردى، ھەرقانداق مىللىي ئاپتونومىيە ئالامەتلىرىنىمۇ قوي-
ماي يوقاتتى.

پولشا خەلقىغە ۋە ئۇنىڭ ئازاتلىق كۈرىشىگە ھەقىقىي ياردەم
بەرگەنلەر ماركس بىلەن ئېنگېلس رەھبەرلىك قىلغان ياۋروپا ئىنقى-
لاۋىي دېموكراتىيەچى كۈچلەر بولدى. ماركس بىلەن ئېنگېلس
پولشىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىنى پۈتۈن ياۋروپا
دېموكراتىيەچىلىرىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن، چاررىزىمنى ئاغدۇرۇپ
تاشلاش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، پولشا مەسىلىسىنى ئىنقىلاۋىي يول
بىلەن ھەل قىلىش ياۋروپادىكى ئەكسىيەتچىل قورغان بولغان چارى-
زىمنى يىقىتىش قىلىشنىڭ ئاساسىي ئالدىنقى شەرتى، دەپ تەھقىق-
لەشتۈردى. ياۋروپادىكى بارلىق ئىلغار ئەرباپلار پولشا خەلقىغە
ھېسداشلىق قىلدى. پولشا قوزغىلاڭچىلىرى قوشۇنى قاتارىدا جەڭ
قىلغان پىدائىي قىسىملار فرانسىيە، ئىتالىيە، گېرمانىيە، گرۋاتىيە،
ۋېنگرىيە ۋە روسىيە قاتارلىق نۇرغۇن دۆلەتلەردىن كەلگەن ئىدى.

پولشا قوزغىلىڭى بىر قېتىملىق بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاۋى
بولۇپ، غايەت زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە: ئۇ چاررىزىمغا قاقشات-
قۇچ زەربە بەردى، ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەر خەلقىنىڭ ئىنقى-
لاۋىي ئىشلىرىغا ياردەم بەردى، ياۋروپا ئىشچىلار كۈچلىرىنىڭ
ئىتتىپاقلىشىشىغا ياردەم بولدى. 1864-يىلى قۇرۇلغان خەلقارا ئىش-
چىلار جەمئىيىتى (بىرىنچى ئىنتېرناتسونال) ياۋروپادىكى ھەرقايسى
ئەللەر پرولېتارىياتىنىڭ پولشا قوزغىلىڭىغا مەدەت بېرىش كۈرىشى
داۋامىدا دۇنياغا كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## يەتتىنچى باپ

# 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا روسىيە، ئامېرىكا ۋە ياپونىيىدە بولغان بۇرژۇئا ئىسلاھاتى ۋە ئىنقىلاۋىي ھەركەتلەر

19-ئەسىرنىڭ 50-، 60-يىللىرى "ئەركىن" كاپىتالىزم راسا گۈللەنگەن دەۋر بولۇپ، بۇ دەۋردە كاپىتالىستىك سانائەت ئىنقىلاۋى تېز راۋاجلاندى، غەرپ بۇرژۇئا مىللىي-دېموكراتىك ھەركىتى ئاخىرقى دولقۇنغا كۆتىرىلدى. 1848-يىلى ياۋروپا ئىنقىلاۋىنى باشتىن كەچۈرگەن دۆلەتلەردىن تاشقىرى، روسىيە، ئامېرىكا ۋە ياپونىيىدىمۇ ئىچكى تۈزۈش ۋە ئىسلاھات ھەركەتلىرى كەينى-كەينىدىن يۈز بېرىپ، كاپىتالىزمنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى توسالغۇلار ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە سۈپۈرۈپ تاشلاندى.

روسىيە، ئامېرىكا ۋە ياپونىيىدە يۈز بەرگەن ئىسلاھاتلار ۋە ئىنقىلاۋىي ھەركەتلەر مۇشۇ مەملىكەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا كاپىتالىستىك مۇناسىۋەتلەر راۋاجلانغانلىقى ۋە خەلق ئاممىسى كۈرىشىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. بۇ 3 مەملىكەتنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى ئوخشاش بولمىغانلىقى، سىنىپىي كۈچلەر سېلىشتۇرمىسى ۋە قوللانغان ئۇسۇللار ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزگىرىشنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە كەڭلىكىمۇ ئوخشاش بولمىدى. روسىيە

بىلەن ياپونىيىدە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئاجىزلىغى تۈپەيلىدىن ئىنقىلاپ بولمىدى، پەقەتلا "يۇقۇرىدىن تۆۋەنگە قارىتىلغان" ئىسلاھاتلا بولدى، ئاقسۆڭەك پومىشچىكلارنىڭ ھاكىمىيىتىگە ۋە يەرلىرىگە كاپالەتلىك قىلىندى. بۇنداق ئىسلاھات ئارقىسىدا، روسىيە بىلەن ياپونىيىنىڭ فېئوداللىق پادىشالىق تۈزۈمى بۇرژۇئا پادىشالىق تۈزۈمىگە ئايلىنىشقا باشلىدى، لېكىن نۇرغۇنلىغان فېئوداللىق قالدۇقلار ساقلاپ قېلىندى؛ دېھقانلارنىڭ يەر مەسىلىسى يەنىلا ھەل قىلىنمىدى، بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنىڭ ۋەزىپىلىرى ئورۇنلانمىدى، كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتى نىسبىي ھالدا ئاستا بولدى، كېيىن ھەربىي فېئودال جاھانگىرلىككە ئايلاندى. ئامېرىكىدا ئىچكى ئۇرۇش ئارقىلىق، نېگىر قۇللار ئازات قىلىندى، يەر مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىندى، ھاكىمىيەت سانائەت بۇرژۇئازىيىسىنىڭ قولىغا ئۆتتى، شۇنىڭ بىلەن كاپىتالىزم تېخىمۇ تېز راۋاجلىنىشقا باشلىدى.

روسىيە، ئامېرىكا ۋە ياپونىيىدىكى ھۆكۈمران سىنىپلار قارا نىيەتتى ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن كېڭەيمىچىلەر ئىدى. چارروسىيە 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن تارتىپ، ئامېرىكا مۇستەقىللىق ئۇرۇشىدىن كېيىن، ياپونىيە مېيجى يېڭىلىغىدىن كېيىن، غالجىرلارچە سىرتقا كېڭەيمىچىلىك قىلدى. شۇنداقلا ئۇلار جاھانگىرلىك ئۇرۇشىنى قوزغىغان، دۇنيانى يېڭىۋاشتىن بۆلۈشكەن باش جىنايەتچىلەر بولۇپ، ئاسىيا بولۇپمۇ جۇڭگو خەلقى ئالدىدا چېكىدىن ئاشقان جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزدى.

## 1-بولۇم  روسىيىدە يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ بىكار قىلىنىشى

**چارروسىيە — خەلقارا ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ ئاساسىي قورغىنى** 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، "روسىيە دۇنيا ژاندارمىسى بولۇشتەك شان-شوھرىتىنى مەھكەم ساقلاپ قالدى"①. چارروسىيىنىڭ بۇنداق ئەكسىيەتچىل رولى 1815-يىلىدىكى ۋېنا يىغىنىدىن كېيىن كورۇنەرلىك ھالدا كۈچەيدى.

19-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدا، چارروسىيىنىڭ پىلانلىشى، قوللىشى ۋە قاتنىشىشى بىلەن، "مۇقەددەس ئىتتىپاق" بىر قاتار ئەكسىيەتچىل قارارلارنى ماقۇللاپ، ئىتالىيە، ئىسپانىيىدىكى ۋە باشقا ياۋروپا ئەللىرىدىكى ئىنقىلاۋىي ھەركەتلەرگە قارشى تۇردى، "مۇقەددەس ئىتتىپاق" قۇتراپ كەتتى، ھەتتا ئەسكەر چىقىرىپ لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئىنقىلابنى باستۇرماقچى بولدى. 1830-يىلى ۋە 1863-يىلى چارپادىشا ھوكۇمىتى ئىككى قېتىم ئەسكەر چىقىرىپ پولشىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى قوزغىلىڭىنى باستۇردى. چارروسىيىنىڭ ياۋروپا ژاندارمىسى بولۇشتەك رەزىل قىياپىتى 1848-يىل ياۋروپا ئىنقىلاۋىنى باستۇرۇشتا تۇگەل

---

① لېنىن. «چارپادىشانىڭ ياۋروپاغا قىلغان سەپىرىگە ۋە قارا گورۇھ دوماسىنىڭ بەزى ۋەكىللىرىنىڭ ئەنگلىيىگە قىلغان سەپىرىگە باھا». «لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 15-توم، 428-بەت.

ئاشكارىلاندى. چارپادىشا ئاۋسترىيە هابسبۇرگ سۇلالىسىگە ياردەمـ
لىشىپ ۋېنا ئىنقىلاۋىنى باستۇردى، ئاۋسترىيە ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ
ئىتالىيىنىڭ مىللى ئازاتلىق ھەركىتىنى باستۇرۇشىغا 6 مىليون رۇبلى
بىلەن ھەدمەت بەردى؛ ئۇ يەنە گېرمانىيىنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشىـ
گە قارشى تۇردى. چارپادىشا ھوكۇمىتى ۋېنگرىيە ئىنقىلاۋىنى قانـ
لىق تۇردە باستۇردى، رۇمىنىيە مىللى قوزغىلىڭىنى ئۇجۇقتۇردى.
چارروسىيىنىڭ ئارىلىشىشى ۋە قولىلىشى ئارقىسىدا، پرۇسـ
سىيە، ئاۋستىرىيە، پولشىدىكى ۋە ياۋروپانىڭ باشقا جايلىرىدىكى
ئەكسىلئىنقىلاۋي كۈچلەر ۋاقتىنچە مۇستەھكەملەندى. چارروسىيە
بارلىق ئىنقىلاۋي ھەركەتلەرنى باستۇرغان باش جىنايەتچى، ياۋروـ
پادىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ ئاساسي تىرىگى ۋە قورغىنى
ئىدى. دەل شۇنداق بولغانلىغى ئۈچۈن، ماركس بىلەن ئېنگېلس
ئۈزلۈكسىز تۇردە ياۋروپادىكى ئىنقىلاۋي دېموكراتىك كۈچلەرنى
چارپادىشاغا قارشى ئىنقىلاۋي ئۇرۇش قوزغاشقا چاقىردى. ئۇلار،
چارروسىيىگە زەربە بېرىش، ئۇنى ئاجىزلاشتۇرۇش ۋە يىمىرىپ
تاشلاش ياۋروپا ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبە قىلىشىنىڭ زورۇر ئالدىنقى
شەرتى، دەپ تەھقىقلەشتۇردى.

چارپادىشا ئالېكساندىر I (1801 ـــ 1825 ـ يىللىرى تەختتە ئولـ
تۇرغان) ۋە نىكولاي I (1825 ـــ 1855 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان)
پېتىر I بىلەن يېكاتىرىنا II نىڭ جەندىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، كېڭەيـ
مىچىلىك سىياسىتىنى تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشقان ھالدا يولغا قويۇپ،
تاجاۋۇزچىلىق ئىبلىس قولىنى ياۋروپا، غەربىي ئاسىيا، يېقىن شەرق
ۋە يىراق شەرق رايونلىرىغا سوزدى. ئېنگېلس چارپادىشا ھوكۇمـ
تىنىڭ "ھېچقاچان ئوزگەرمەيدىغان، ھېچقاچان سەل قارىمايدىغان

www.uyghurkitap.com

مەقسىدى — روسسىيىنىڭ دۇنياغا زومىگەرلىك قىلىش ھوقۇقى"① دەپ پاش قىلدى. 19 ـ ئەسىردە، ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا ئەنگلىيە، روسسىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەر زومىگەرلىك ھوقۇقى تالىشىدىغان مۇرەككەپ ھالەت مەيدانغا كەلدى. چارروسسىيە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئورا كولاپ، سۇيىقەست ئىشلىتىپ، قولىدىن كېلىدىغانلىكى نەيرەڭلەرنى ئىشلەتتى، ئۇ "ھەر قېتىم زېمىن تارتىۋېلىش، زورلۇق كۈچ ئىشلىتىش ۋە زۇلۇم سېلىشنى تەرەققىيپەرۋەرلىك، لىبراللىقنى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنى ئازات قىلىشنى نىقاپ قىلدى"②. مانا مۇشۇ ۋاسىتىلار بىلەن، 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، چارروسسىيە شۋېتسىيىنىڭ قولىدىن فىنلاندىيىنى تارتىۋالدى، رۇمىنىيىدىكى بېسسارابىيىنى يۇتۇۋالدى، پولشا پادىشاھلىقىنى ئىشغال قىلىۋالدى. بالقان رايونىغا سىڭىپ كىرىشنى ۋە كېڭىيىشنى جىددىيلەشتۈردى.

دۇنياغا خوجا بولۇشنى تالىشىش كۈرىشىدە، چارروسسىيە جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ تۈركىيە ئىمپېرىيىسىنى بويسۇندۇرۇش، يېقىن شەرق ۋە بالقاننى قولىغا ئېلىشنى ئۆزىنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ئىستراتېگىيىلىك نىشانى قىلدى. پېتىر I دىن تارتىپلا، چارروسسىيە تۈركىيىگە قارشى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇرۇش قوزغىدى ھەمدە ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە قاتارلىق كۈچلۈك دۆلەتلەر بىلەن ئۇلە ـ تىرىلىشكە قارىماي تالاشتى. چارروسسىيە بالقاندىكى سىلاۋيانلارنىڭ تۈركىيە ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇشىنى قوللاش بايرىقىنى كۆتىرىپ، "پان

① ئېنگېلس. «روسسىيە چارپادىشا ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى سىياسىتى». «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 22 ـ توم، 24 ـ بەت.
② يۇقۇرىدىكى كىتاب، 26 ـ بەت.

سلاۋيانچىلىق"نى تەرغىپ قىلدى. 1828 — 1829 ـ يىللىرىدىكى روسسىيە ـ تۈركىيە ئۇرۇشىدا، چارروسسىيە دوناي دەرياسىنىڭ ئاغزى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئاراللارنى ھەم كوبان دەرياسى ئېغىزىنىڭ جەنۇبىدىكى قارا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى نۇرغۇن يەرلەرنى ئىشغال قىلىۋالدى؛ مولداۋىيە بىلەن ۋالاكىيە چارروسسىيىنىڭ "ھامىيلىقىدىكى دولەت" بولۇپ قالدى. چارروسسىيە تۈركىيىنىڭ پايتەختى ئىستامبولنى "چارپادىشا گرات"قا ئايلاندۇرۇش، قارا دېڭىز بوغۇزىنى ئېچىش، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئوتتۇرا دېڭىزنى تىزگىنلەشنى كېچە ـ كۈندۈز ئارزۇ قىلاتتى.

چارروسسىيىنىڭ جەنۇپقا قاراپ كېڭەيمىچىلىك قىلىشى كاۋكازغا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيىگە قارىتىلغان تاجاۋۇزنى، قۇرۇقلۇقتىن جەنۇبىي ئاسىيىگە بېرىش يولىنى ئېچىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، چارروسسىيە بىرقانچە ئون يىل دەھشەتلىك قورال كۈچى بىلەن بوي سۇندۇرۇش ۋە قانلىق قىرغىنچىلىقلار ئارقىسىدا، ئاخىرى گىروزىيە، ئەزەربەيجاننىڭ بىر قىسمى ۋە ئارمېنىيە قاتارلىق جايلارنى ئىراننىڭ قولىدىن تارتىۋالدى.

چارروسسىيە — جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى. چەتئەل مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشىدا، چارروسسىيە ھەممىدىن بۇرۇن تاجاۋۇز قىلغان دولەتلەرنىڭ بىرى①. 17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، چارروسسىيىنىڭ بىر ئوچۇم مۇستەملىكىچىلىرى سىبىرى-

---

① لېنىن. «جۇڭگودىكى ئۇرۇش»تىن پايدىلىنىلدى. «لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى»، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1972 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ توم، 214 ـ بەت.

يىدىن جەنۇپقا قاراپ مېڭىپ، جۇڭگونىڭ خېيلۇڭجياڭ ۋادىسىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ۋەھشىلەرچە بۇلاڭ-تالاڭ ۋە قىرغىنچىلىق قىلدى. 1840-يىلدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، چارروسىيە جۇڭگوغا قاراتقان تاجاۋۇزنى تېخىمۇ كېڭەيتتى. 1858-يىلى، چارپادىشا ھۆكۈمىتى ئەنگلىيە، فرانسىيىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغۇچى بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ تيەنجىنگە ھۇجۇم قىلىۋاتقان ۋە بېيجىڭغا تەھدىت سېلىۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى قورال كۈچى بىلەن مەجبۇرلاپ «جۇڭگو-روسىيە ئەيخۇي شەرتنامىسى»نى ئىمزالىتىپ، خېيلۇڭجياڭنىڭ شىمالى، تاشقى شىنئەنلىڭنىڭ جەنۇبىدىكى 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق جۇڭگو زېمىنىنى بولىۋالدى ھەمدە ئۇسسۇرى دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى جۇڭگو زېمىنىنى جۇڭگو-روسىيە بىرلىكتە باشقۇرىدىغان قىلىۋالدى. 1860-يىلى، چارروسىيە ئەنگلىيە، فرانسىيىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغۇچى بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ بېيجىڭنى ئىشغال قىلىۋالماقچى بولىۋاتقان ھەربىي پەيتتىن پايدىلىنىپ، كېلىشتۈرۈشتە كورسەتكەن خىزمىتىنى باھانە قىلىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى مەجبۇرلاپ «جۇڭگو-روسىيە بېيجىڭ شەرتنامىسى»نى ئىمزالىتىپ، ئۇسسۇرى دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى تەخمىنەن 400 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر جۇڭگو زېمىنىنى مەجبۇرىي ھالدا روسىيىگە قوشۇۋالدى.

چارروسىيىنىڭ بۇنداق چەكسىز كېڭەيمىچىلىكى ۋە زېمىن نەپسى ئۇنىڭ ئاۋستىرىيە، فرانسىيە بولۇپمۇ ئەنگلىيە بىلەن بولغان زىددىيىتىنى كۈچەيتىۋەتتى. ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيىسى چارروسىيىنىڭ بالقاننى تەنھا ئىگىلىۋېلىشىغا تاقەت قىلىپ تۇرالىماي، فرانسىيە

بىلەن بىرلىشىپ، تۈركىيىنىڭ روسىيىگە قارشى تۇرۇشىنى قوللىدى. 1840-يىلى ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئاۋسترىيە ۋە روسىيە لوندوندا يىغىن ئۆتكۈزۈپ، 4 مەملىكەت تۈركىيىنى "بىرلىكتە قوغداش" توغرىسىدىكى كېلىشىمنى ماقۇللاپ، روسىيىنىڭ بالقاندىكى كېڭەيمىچىلىكىنى توستى. ئەنگلىيە، فرانسىيە، روسىيىنىڭ (ئاساسەن ئەنگلىيە بىلەن روسىيىنىڭ) بالقاننى تالىشىش كۈرىشى ئاخىرى تەرەققى قىلىپ 1853—1856-يىللاردىكى قىرىم ئۇرۇشىغا ئايلاندى. بۇ ئۇرۇشتا ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە بىر تەرەپ، روسىيە بىر تەرەپ بولدى، بۇ ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن ھەققانىي بولمىغان بۇلاڭ-تالاڭچىلىق ئۇرۇشى ئىدى. ئۇرۇش روسىيىنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاياقلاشتى. 1856-يىلى پارىژدا سۈلھى شەرتنامىسى ئىمزالاندى، روسىيە ئۆزىنىڭ بالقاندا ئىگە بولىۋالغان قىسمەن ئىمتىيازىدىن مەھرۇم بولدى، ئۇنىڭ قارا دېڭىزنى تىزگىنلەش، بالقاننى تەنھا ئىگىلەش قارا نىيىتى ۋاقتىنچە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى.

"روسىيە ئاغرىنمايدۇ، ئۇ كۈچ توپلاۋاتىدۇ"—روسىيىنىڭ تاشقى ئىشلار ۋەزىرى گورچاكوۋ ئۇرۇش ئاياقلاشقاندىن كېيىن ئەنە شۇنداق دەپ كايىشىدى. دەرھەقىقەت، چارروسىيە چەتكە كېڭىيىش ۋە تاجاۋۇز قىلىش قارا نىيىتىدىن يانمىدى. ئۇ يانچىلىق تۈزۈم ھۆكۈمرانلىقىدىكى زېمىننى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، يانچىلىق تۈزۈمنى ۋە چارپادىشا مۇستەبىتلىك تۈزۈمىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قالماقچى بولدى؛ ئۇ ئۇرۇشنى مەملىكەت ئىچىدە كۈندىن-كۈنگە ئۇسۇۋاتقان نارازىلىقنى بۇراش ۋە كۈندىن-كۈنگە ئۆرلەۋاتقان ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتنى باستۇرۇش ۋاستىسى قىلدى. لېكىن، قىرىم ئۇرۇشىدىكى مەغلۇبىيەت "روسىيە غالىپتۇر" دېگەن ئەپسانىنى

www.uyghurkitap.com

ئېچىپ تاشلىدى. بۇ ئۇرۇش كاپىتالىزىمنىڭ فېئوداللىق، يانچىلىق تۈزۈمدىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى، چارروسىيىنىڭ ئەشكىلىي، سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتىكى قالاقلىقىنى تولۇق ئاشكارىلاپ بەردى. لېنىن: قىرىم ئۇرۇشى "يانچىلىق تۈزۈمدىكى روسىيىنىڭ چىرىكلىكى ۋە ياراملىقسىزلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى"① دەپ كۆرسەتتى. قىرىم ئۇرۇشىدىن كېيىن، مەملىكەت ئىچىدىكى سىنىپىي كۈرەش جىددىي ھالدا كەسكىنلەشتى؛ يانچىلىق تۈزۈمگە قارشى ئىنقىلاۋىي ھەركەتلەر دولقۇندىن-دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى.

**يانچىلىق تۈزۈم كرىزىسى ۋە يانچىلىق تۈزۈمنى بىكار قىلىش مەسىلىسىدىكى ئىككى يول كۈرىشى** 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، ياۋروپادىكى چوڭ دۆلەتلەر ئىچىدە پەقەت روسىيىدىلا بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى بولمىدى، ئۇنىڭدا يەنىلا چىرىك يانچىلىق تۈزۈم ساقلىنىپ تۇردى. روسىيە دېھقانلىرى پومېشىك يانچىدارلارغا تەۋە بولغان پومېشىك دېھقانلىرى (پومېشىك يانچىلىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، فېئوداللىق دۆلەتكە تەۋە بولغان دۆلەت دېھقانلىرى ۋە خان ئائىلىسىگە تەۋە بولغان بەخشەندە دېھقانلار دەپ 3 خىلغا بۆلۈنىدۇ.

پومېشىك دېھقانلىرى قانۇن جەھەتتە پومېشىككا تەۋە بولغان يەردە دېھقانچىلىق قىلىدىغان يانچىلار بىلەن بارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىدىن مەھرۇم قىلىنغان، پومېشىكلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئائىلە چاكارلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پومېشىك

① لېنىن. «"دېھقانلار ئىسلاھاتى" ۋە پرولېتارىيات دېھقانلار ئىنقىلاۋى». «لېنىن ئەسەرلىرى»، خەلق نەشرى، 17-توم، 103-بەت.

دېھقانلىرى، دۆلەت دېھقانلىرى ۋە بەخشەندە دېھقانلاردىن ئىبارەت 3 خىل دېھقان ئىچىدە يومشىشىك دېھقانلىرىنىڭ ھالى ھەممىدىن خاراپ ئىدى، ئۇلارنىڭ بارلىقى (ئۆزى، بالا-چاقىسى، مال-مۈلكى) يومشىشكىلارنىڭ ئىگىدارلىقىدا ئىدى، يومشىشكىلاردا يانچىلارنى يەر بىلەن قوشۇپ ياكى يەرگە قوشماي سېتىش-ئېلىش ھوقۇقى بار ئىدى. يانچىلارنىڭ ئۈستىگە كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بارىدىغان مېھنەت ۋە باشقا فېئوداللىق مەجبۇرىيەتلەر يۈكلىنەتتى، ئائىلە چاكارلىرى ۋە مېھنەت قىلىپ بېرىدىغان دېھقانلار يومشىشكىلارنىڭ جاگىرىسىغا ھەيدەپ بېرىلىپ، ئات-كالىنىڭ ئورنىدا تىنىماي ئەمگەك قىلاتتى. ئۇلار تومۇز ئىسسىق كۈنلەردە بىر يۇتۇم سۇ ئىچەلمەيتتى. ئۇلارنىڭ يېتىپ ئارام ئېلىۋالماسلىقى ئۈچۈن، بەزىلىرىنىڭ بويىنىغا ياغاچ تاقاق سېلىپ قوياتتى. قەھەتچىلىك يىللىرىدا، دېھقانلار دۆپ ياغىقى، دەرەخ قوۋزىقى، ئوت-چۆپ يىلتىزى ۋە شال پاخلى بىلەن تۇرمۇشىنى قامدايتتى، كۆپ ھاللاردا ئاچارچىلىق ۋە ھەددىدىن ئارتۇق ئەمگەك دەستىدىن كۆپلەپ ئۆلۈپ كېتەتتى. ئۇلار يەنە ھەمىشە يومشىشكىلارنىڭ جىسمانى ھاقارەتلىشىگە ۋە خورلىشىغا ئۇچراپ تۇراتتى. مېنىڭ ئويلاشتىمدىكى ئايال يومشىشك ستوسكايا ئېسىپ ئۇرۇش، ئۆلۈك چېكەتكىنى مەجبۇرى يىگۈزۈش، بويىنىدىن قايناق سۇ قۇيۇش، چوغدەك قىزارتىلغان تومۇرنى بەدىنىگە بېسىشقا ئوخشاش جازالار بىلەن يانچىلارغا زىيانكەشلىك قىلغان، ھەتتا يانچىلارنى چىشلەپ تېرىسىنى يۇلۇۋالغان. يانچىلار ئۆز خوجايىنى ئۈستىدە ئەرز قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان ئىدى، ئەگەر ئەرز قىلسا، 50 دەرە يەيتتى.

دۆلەت دېھقانلىرى فېئوداللىق دۆلەتكە بېقىنىدىغان تۇرلۇك يېزا

ئاھالىسى ئىدى. 18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ھوكۇمەت دىنىي جەمىيەتنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلدى، بۇرۇنقى دىنىي جەمىيەتكە تەۋە بولغان دىخانىلارمۇ دولەت ئىلكىدىكى دىخان قىلىپ ئايرىلدى. ئۇلار نەرسە بىلەن تولىنىدىغان ئىجارە ۋە مېھنەت بىلەن تولىنىدىغان ئىجارىدىن تاشقىرى، يەنە باشقا مەجبۇرىيەتلەرنى ئۆتەيتتى، نوپۇس بېجى ۋە ھەر خىل ناملاردىكى ئېغىر باج ـ سېلىقلارنى تولەيتتى. دولەت دىخانلىرىنىڭ ھالى پومىششىك دىخانلىرىنىڭكىدىن سەل ـ پەل ياخشىراق ئىدى، ئۇلاردا سودا ـ سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئەركىنلىگى ۋە شەكىل جەھەتتىكى ئوزىنى ئوزى ئىدارە قىلىش ھوقۇقى بار ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئورنى تازا مۇقىم بولمىدى. 18 ـ ئەسىردە، چارپادىشا، ئاساسەن، ئۇلارنى ئەتمۇالىق ۋەزىرلىرىگە ھەدىيە قىلىپ بەردى، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ھەربىلەر بوز يەر ئېچىش رايونىغا ئايرىدى ياكى بەخشەندە دىخانلار قىلىپ تۇزدى.

بەخشەندە دىخانلارنىڭ ئەسلى ئوردا دىخانلىرى بولۇپ، ئۇلار خان ئائىلىسىگە قارايتتى، 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا بەخشەندىلەر بولۇمى قۇرۇلۇپ، بەخشەندە دىخانلار دەپ ئاتالدى، ئۇلار پۇتۇنلەي نەرسە بىلەن ئىجارە ھەققى تولەيدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ ھال ـ ئەھۋالى پومىششىك دىخانلىرى بىلەن دولەت دىخانلىرىنىڭ ئارىلىغىدا ئىدى، ئۇلارنىڭ شەكىل جەھەتتىكى ئوزىنى ئوزى ئىدارە قىلىش ھوقۇقى بار ئىدى، لېكىن دولەت دىخانلىرىغا قارىغاندا كوپرەك چەكلىمىگە ئۇچرايتتى.

چارپادىشا يانچىلىق تۇزۇمنى قوغداش، ئاقسوڭەكلەر ھوكۇمرانلىغىنى مۇستەھكەملەش ئۇچۇن ئەكسىيەتچىل دولەت ماشىنىسىنى

كۈچەيتىشكە كۈچەپ تۇرۇۋىدى، ئالېكساندىر I ياۋروپا تۈزۈمىنى تەقلىد قىلىپ، مەھكىمىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مىنىستىرلىكلەرنى قۇردى، دۆلەت كېڭەشمىسىنى تەسىس قىلدى، سىياسىي كېڭەشمىنى روس ئىمپېرىيىسىنىڭ ئالىي ئەدلىيە ئورگىنىغا ئۆزگەرتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەربىي-ساقچىلىق ھۆكۈمرانلىقنى كۈچەيتتى، نوۋگورود، بىلارۇسسىيە، ئۇكرائىنا قاتارلىق جايلاردا ھەربىيلەر بوز يەر ئېچىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى، شۇ جايدىكى دۆلەت دېھقانلىرىنى ھەربىيلەر بوز يەر ئېچىش رايونىغا قوشۇپ، ئەڭ دەھشەتلىك يانچىلىق زۇلمىنى يولغا قويدى. نىكولاي I تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئىنقىلاپ بىلەن كۈرەش قىلىدىغانلىقى ھەققىدە جار سالدى. 1826-يىلى ساقچى-ئىشپىيونلۇق ئاپپاراتى بولغان 3-نازارەتنى تەسىس قىلىپ، ئىشچى-دېھقانلار ئاممىسىغا ۋە ئىنقىلابىي كەيپىياتتىكى زىيالىيلارغا نازارەتچىلىك ۋە زىيانكەشلىك قىلدى. ئۆلۈم جازاسى بېرىش، ئارىدا ئېلىپ قامچىلاش① ۋە ئېغىر ئىشقا سېلىش نىكولاي I خەلققە تاقابىل تۇرۇشتا ئىشلەتكەن 3 پىچاق ئىدى. نىكولاي I نىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا، روسسىيە سۈرلۈك چوڭ ھەربىي لاگېرغا ئايلاندى. چارپادىشا ھۆكۈمىتى زورلۇق كۈچ بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن باشقا، ئىدىيە جەھەتتىن ئىدارە قىلىشنىمۇ جىنسىنىڭ بىرنچە كۈچەيتىپ، خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسە-

① 19-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا چارپادىشا ھۆكۈمىتى ئىنقىلابىي خەلققە زىيانكەشلىك قىلىشتا ئىشلەتكەن قاتتىق جازا. "جىنايەتچى" ئىككى رەت تىزىلغان ئەسكەرلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۇ ياق-بۇ ياققا ماڭغۇزۇلۇپ، قامچا ياكى مۆشت بىلەن 5 مىڭ قېتىمدىن 10 مىڭ قېتىمغىچە ئۇرۇلاتتى.

تىنى يۈرگۈزدى، ئالىي مەكتەپلەردە ئىنجىل ئەقىدىلىرىگە ئاساسەن، پەلسەپە ۋە تەبىئىي پەن ئوقۇتتى. 30-يىللاردا مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى ئۇۋاروۋ ئەكسىيەتچىل بولغان "ئەنئەنىۋى پۇقرالار روھى" دېگەن تېزىسلەرنى تۈزۈپ چىقتى، قانداقتۇ، چارىزىم، يانچىلىق تۈزۈم ۋە شەرق پراۋۇسلاۋىيە دىنى روسىيە مىللەتلىرىنىڭ "خۇسۇسىيىتى"گە مۇۋاپىق كېلىدۇ، روسىيىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسىي شەرتى، دەپ كاپىشىدى، بۇنىڭ بىلەن خەلقنى زەھەرلەپ، مەملىكەت ئىچىدە كۈندىن-كۈنگە ئەۋج ئېلىۋاتقان يانچىلىق تۈزۈمگە قارشى ئىنقىلاۋىي ھەركەتنى ئۇجۇقتۇرماقچى بولدى.

شۇنداق بولسىمۇ، كاپىتالىستىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، روسىيە يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ كرىزىسى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى.

19-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، قىسمەن جايلار يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى بىلەن ئىشلەشكە باشلىدى؛ تېرىقچىلىق تۈزۈمى جەھەتتە ئۈچ بۆلەكلىك تۈزۈمدىن كۆپ بۆلەكلىك تۈزۈمگە ياكى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش تۈزۈمىگە ئۆتۈشكە باشلىدى؛ دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ تۈرى جەھەتتە، ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى كېڭەيتىلدى، ياڭيۇ ۋە بۇغداي تېرىش ئومۇملاشتۇرۇلدى. پومېشچىكلار ئىگىلىكى كۈندىن-كۈنگە بازار مۇناسىۋىتىگە قوشۇلدى، بۇنىڭ بىلەن تۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ ناتۇرال ئىگىلىكى بۇزۇلۇپ تاشلاندى. پومېشچىكلار تاۋار ئاشلىق ۋە خام ئەشيانى كۆپەيتىش ئۈچۈن، ئارقا-ئارقىدىن دېھقانلارنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىنى ئىگەللىۋالدى، بەزى جايلاردا

ھەتتا دېخانلارنى ئايلىقچىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇلارغا ئايمۇ-ئاي ئۇزۇقلۇق ئاشلىق بېرىپ تۇردى. ئوكرائىنا ۋە بالتىق دېڭىز ياقىسىدىكى ئۆبلاستلاردا، قىسمەن پومېشچىكلار كاپىتالىستىك دېخانچىلىق مەيدانلىرىنى قۇرۇپ، يالانما ئەمگەك ۋە ماشىنىلارنى ئىشلەتتى؛ بەزى پومېشچىكلار يېڭى ئىگىلىك ئۇسۇلىغا قولىشالماي، كۆپ ھاللاردا يەرلەرنى رەنىگە قويىدى. 1801-يىلى ھۆكۈمەت پەرمان ئېلان قىلىپ، يەرلەرنى يانچىسىز ئېلىپ سېتىشقا رۇخسەت قىلدى. قىسمەن سودىگەرلەر، شەھەر ئاھالىلىرى ۋە دۆلەت دېخانلىرى يېڭى يەر ئىگىسى بولۇپ قالدى، شۇنداق قىلىپ، كاپىتالىستىك يەر مۈلۈكچىلىكى مەيدانغا كەلدى. فېئوداللىق يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى بولغان فېئوداللىق يەر مۈلۈكچىلىكى ۋەيران بولۇشقا باشلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، دېخانلارنىڭ يەردىن مەھرۇم قىلىنىشى ۋە دەھشەتلىك ئىقتىسادىي ئېكسپلاتاتسىيە ئارقىسىدا، سىرتقا چىقىپ كېتىدىغان دېخانلار ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى، بۇنىڭ بىلەن دېخانلارنى يەرگە باغلاپ قويىدىغان فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمى بۇزۇلدى.

19-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، كاپىتالىستىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ سانائەت تارماقلىرىدىكى تەرەققىياتى يېزا ئىگىلىكى ساھەسىدىكىدىن كۆپ تېز بولدى. ئىشخانا قول سانائىتى سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىدى. 19-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدىن باشلاپ، سانائەت ئىنقىلابى باشلاندى، 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، پۈتۈن يىپ ئىگىرىش ئىشى ۋە بوياقچىلىقنىڭ كۆپ قىسمى ماشىنا بىلەن ئىشلىنىدىغان بولدى. سانائەت ئىنقىلابىنىڭ قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، يالLanما ئىشچىلارنىڭ سانى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى، 1815-

يىلى 173 مىڭ بولغان بولسا 1860 ـ يىلى 493 مىڭغا يېتىپ، ئىشچى-لار ئومۇمى سانىنىڭ 87 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى، ئۇنىڭ ئىچىدە پاختا توقۇمىچىلىق سانائىتىدە پۈتۈنلەي دېگۈدەك ياللانما ئىشچىلار ئىشلىتىلدى.

سانائەت ـ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتى ئىچكى-تاشقى سودىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، مەملىكەت بويىچە 4 مىڭ 300 شەھەرنىڭ يىللىق سودا سوممىسى 230 مىليون رۇبلىغا يەتتى، 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرغىچە، تاشقى سودا سوممىسى 3 ھەسسىدىن ئارتۇق كۆپەيدى. قاناللارنىڭ ئېچىلىشى، پاراخوتلارنىڭ قاتنىشى ۋە تۆمۈريوللارنىڭ سېلىنىشى بىلەن تاۋار مۇئامىلىسى جەريانى ۋە كاپىتالىستىك سانائەتنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

لېكىن، يېزا ئىگىلىك كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىياتى فېئودال يانچى-لىق تۈزۈمىنىڭ قاتتىق بوغۇشىغا ئۇچرىدى. شۇ چاغدا كاپىتالىستىك باشقۇرۇشقا ئۆتكەن ئەھۋاللار ئومۇمى يۈزلۈك ئەمەس ئىدى. پومىشچىكلار ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان ئەرزەن باھالىق ئەمگەك كۈچلىرى بولغاچقا، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ياخشىلاشقا كۆڭۈل بۆلمەيتتى، ئاساسەن ئېكسپىلاتاتسىيىنى كۈچەيتىش بىلەن ئىشلەپ-چىقىرىشنى ئاشۇراتتى، نەتىجىدە دېخانلار ئىگىلىكى كۈندىن ـ كۈنگە خاراپلاشتى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى توختاپ قېلىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى، ھوسۇل كېمىيىپ كەتتى، قەھەتچىلىك كەينى ـ كەينىدىن يۈز بېرىپ تۇردى. فېئودال يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئىچكى بازار-لارنىڭ كېڭىيىشىگىمۇ تەسىر يەتكۈزدى، دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادىي

ئېكسپىلاتاتسىيە ئاھالىنىڭ سېتىۋېلىش كۈچىنى ئۇزاققىچە تۆۋەن سەۋىيىگە چۈشۈرۈپ قويىدى.

كاپىتالىستىك سانائەتنىڭ تەرەققىياتىمۇ يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىدى. ئۇ چاغدا ياللانما ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئاساسىي مەنبەسى نەرسە بىلەن ئىجارە ھەققى تۆلەيدىغان يومشىشك دېخانلىرى ۋە دۆلەت دېخانلىرى ئىدى. ئۇلار جىسمانىي جەھەتتە ئەركىن ئەمەس ئىدى، دېخانچىلىقنىڭ قاتىلاڭچىلىق پەسىللىرىدە يومشىشكلار ئۇلارنى ھەر ۋاقىت قايتۇرۇپ كېتەتتى، بۇنىڭ بىلەن كارخانىلارنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىشىغا تەسىر يېتەتتى. نۇرغۇن ھاللىق دېخانلار سودىگەرچىلىك قىلىشنى خالايتتىكى، كاپىتالىنى سانائەتكە سېلىشنى خالىمايتتى. قول سانائەت ئىشخانىلىرىنىڭ ماشىنا بىلەن ئىشلەيدىغان زاۋۇتلارغا ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئەركىن ياللانما ئەمگەك كۈچلىرى مەسىلىسى بارغانسېرى ئۆتكۈرلىشىپ كەتتى. 18-ئەسىردە تېز راۋاجلانغان ئورال مېتاللۇرگىيە سانائىتى، يانچىلار ئەمگىكى داۋاملىق ئىشقا سېلىنىشى ئارقىسىدا، خاراپلىشىشقا باشلىدى. تېخنىكا ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتە، روسىيە غەربىي ياۋروپادىكى ئىلغار مەملىكەتلەردىن كۆپ ئارقىدا ئىدى. 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، روسىيىدە ئىشلەپچىقىرىلغان چويۇن ئەنگلىيىنىڭكى بىلەن تەڭ بولۇپ، يىللىق مەھسۇلاتى 8 مىليون پۇت① ئىدى، يېرىم ئەسىردىن كېيىن، روسىيىنىڭ چويۇن مەھسۇلاتى ئاران بىر ھەسسە كۆپەيدى (16 مىليون پۇت بولدى)، 1859-يىلى ئەنگلىيىنىڭ چويۇن مەھسۇلاتى 240 مىليون پۇت بولۇپ،

① بىر پۇت 16.36 كىلو.

30 ھەسسىگە يېقىن كۆپەيدى.

19 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا روسىيىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرەققىياتى چىرىك فېئودال يانچىلىق تۈزۈم كۈندىن-كۈنگە كاپىتالىستىك ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرسەتتى. ماۋجۇشى مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: "ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش مۇمكىن بولماي قالغان چاغدا، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ئاساسىي ۋە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ."①

جەمئىيەتنىڭ تۈۋەن قاتلىمى بولغان روسىيە دېھقانلىرى فېئودال يانچىلىق تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇشتىكى ئاساسىي قوشۇن ئىدى. دەھشەتلىك ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە سىنىپىي زۇلۇم روسىيە دېھقانلىرىنىڭ قاتتىق ئۆچمەنلىكىنى قوزغىدى، ئۇلار يانچىلىق تۈزۈمگە ۋە چارپادىشا مۇستەبىتلىك تۈزۈمىگە تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن قارشى تۇرۇپ، ئەركىنلىك ۋە يەر تەلەپ قىلدى. 18 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدا روسىيە تارىخىدىكى ئەڭ زور دېھقانلار قوزغىلىڭى — پۇگاچېۋ قوزغىلىڭى پارتلىدى. 1801 - يىلدىن 1825 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا جەمئىي 200 قېتىمدىن ئارتۇق دېھقانلار توپىلىڭى ۋە قوزغىلىڭى بولدى. 1826 - يىلدىن 1854 - يىلغىچە 700 قېتىمدىن ئارتۇق تۈرلۈك شەكىلدىكى دېھقانلار قوزغىلىشلىرى بولدى.

---

① ماۋزېدۇڭ. «زىددىيەت توغرىسىدا». «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 1971 - يىل نەشرى، 1 - توم، 583 - بەت.



پۇگاچېۋ

چارپادىشا ھوكۇمىتى ئۇزىگە قوشۇۋالغان ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا دەھشەتلىك سىنىپىي زۇلۇم ۋە مىللىي زۇلۇمنى يولغا قويۇپ، غەيرىي رۇس مىللىتى رايونلىرىنى ئىچكى مۇستەملىكە قاتارىدا تالان-تاراج قىلدى، شۇڭا ئاز سانلىق مىللەتلەر خەلقىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىنى قوزغىدى. 19-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدا، ئۇكرائىنانىڭ پودولسك ئوبلاستىدىكى دېخانلار يانچىلىقتىن كېلىپ چىققان ئۇستىگىن كارمالىيۇكنىڭ رەھبەرلىكىدە، دېخانلار قوراللىق قوشۇننى قۇرۇپ، پارتىزانلىق ئۇرۇشنى قانات يايدۇرۇپ، پومېششىكلارنىڭ قورۇقلىرىغا مىڭ قېتىملاپ ھۇجۇم قىلىپ، ھەممىلا يەردە پومېششىكلارنىڭ مال-مۇلكىنى تارتىۋېلىپ ۋە ئۇنى دېخانلارغا بولۇپ بېرىپ، ئۇكرائىنادىكى يانچىدارلار ۋە چارپادىشا ھوكۇمىتىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھوكۇمرانلىقىغا زەربە بەردى، ئۇكرائىنا دېخانلار ھەركىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۇردى.

روسىيىنىڭ ئىشخانا ئىشچىلىرى (جۇملىدىن زاۋۇت ئىشچىلىرى) نىڭ مۇتلەق كوپ قىسمى نەرسە بىلەن ئىجارە ھەققى تولەيدىغان دېخانلار ئىدى. كۇندىن-كۇنگە ئېغىرلاشقان فېوداللىق ئېكسپلاتاتسىيە، چىدىغۇسىز ئەمگەك شارائىتى ۋە ئىشخانا ئىگىلىرى، ئىش

www.uyghurkitap.com

بېشىنىڭ زورلۇق-زومبۇلۇقلىرى ئۇلارنى قارشىلىق كۆرسىتىش يولىغا مېڭىشقا مەجبۇر قىلدى. 1800 ـ يىلدىن 1860 ـ يىلغىچە 244 قېتىم ئىشچىلار توپىلىڭى ۋە قوزغىلىڭى بولدى. بۇ دەۋردىكى ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىي تىغ ئۇچى يەنىلا فېودال ياتچىلىق تۈزۈمگە قارىتىلدى، بۇ فېوداللىق مۇناسىۋەتنى يوقىتىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتقان ئاممىۋى ھەرىكەتنىڭ بىر قىسمى ئىدى، ئۇلار ھەمىشە دېھقانلار ھەرىكىتى بىلەن ماسلىشىپ تۇراتتى، ھەتتا بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلاتتى. ئەركىن ياللانما ئىشچىلار بولسا ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈش، تەمىناتىنى ياخشىلاش ۋە باشقۇرغۇچىلارنىڭ ۋەھشى ھەرىكەتلىرىنى چەكلەشنى تەلەپ قىلىش كۆرىشىنى ئېلىپ باراتتى.

ئاقسۆڭەك پومېششىكلارنىڭ قانىتى ئاستىدا ئۆسۈپ چىققان روسىيە بۇرژۇئازىيىسىمۇ ياتچىلىق تۈزۈمنى ئىسلاھ قىلىپ، كاپىتالىزىمنىڭ تەرەققىياتى يولىدىكى بەزى توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاشنى ئۈمىد قىلىپ، كۈسۈلداشقىلى تۇردى.

قىرىم ئۇرۇشىدىن كېيىن، ياتچىلىق تۈزۈمگە قارشى ئاممىۋى ھەرىكەت يەنە بىر قەدەم ئالغا ئىلگىرىلىدى. 1858 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە 86 قېتىم دېھقانلار توپىلىڭى ۋە قوزغىلىڭى بولغان بولسا، 1859 ـ يىلى 90 قېتىمغا يەتتى، 1860 ـ يىلى 108 قېتىمغا يەتتى. دېھقانلار ئېغىر ئەمگەكنى ۋە ئىجارە سوممىسى تاپشۇرۇشنى ھەممىلا يەردە رەت قىلدى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ كەڭ تارقالغىنى 1858 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1859 ـ يىلدا لىتۋا ۋە بېلارۇسسىيەدە كۆتۈرۈلگەن ھاراقنى مەخسۇسلاشتۇرۇپ سېتىشقا قارشى ھەرىكەت بولدى، دېھقانلار سەگىتىش جەمىيىتى (ھاراق ئىچىشنى تاشلاش جەمىيىتى)نى ئۇيۇش-

تۇردى ھەممە ھاراق دۇكانلىرىنى پاچاقلاپ تاشلىدى. بۇ ھەركەت ياۋروپا روسىيىسىدىكى 23 ئوبلاستقا كېڭەيدى.

كاپىتالىستىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى، يانچىلىق تۈزۈمنىڭ چىرىكلىكى ۋە مەملىكەت ئىچىدە يانچىلىق تۈزۈمگە قارشى ئاممىۋى ھەركەتنىڭ ئۆرلىشى دېھقانلار مەسىلىسىنى روسىيە جەمئىيىتىدىكى ئەڭ ئۆتكۈر مەسىلە قىلىپ قويدى. لېكىن يانچىلىق تۈزۈمنى بىكار قىلىش مەسىلىسىدە، ئىككى يول كۈرىشى ئىزچىل مەۋجۇت بولۇپ كەلدى.

ئىسلاھاتنىڭ ئالدىدىكى يانچىلىق تۈزۈمگە قارشى ئاممىۋى خاراكتېرلىق ھەركەت، ئەمەلىيەتتە، يانچىلىق تۈزۈمنى ئىنقىلاب يولى بىلەن بىكار قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى كۈرەش ئىدى.

روسىيە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئىلغار ۋەكىللىرى، جۈملىدىن مۇتلەق كۆپ قىسمى 1812-يىلدىكى ناپولېونغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقان ياش ئەپسەرلەر، چارپادىشا مۇستەبىتلىك تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، روسىيىدە دېھقانلار مەسىلىسىنى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مەنپەئەتى بويىچە ھەل قىلىش، پادىشالىق-ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈمدىكى دۆلەت قۇرۇش مەقسىتىدە، 1825-يىل دېكابىردا روسىيە تارىخىدا تۇنجى تەشكىللىك، پروگراممىلىق قوراللىق قوزغىلاڭ يەنى دېكابىرچىلار قوزغىلىڭىنى ئۇيۇشتۇردى. ئۇلار خەلقتىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، قوزغىلاڭ چارپادىشا ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن باستۇرۇلدى. شۇنداق بولسىمۇ دېكابىرچىلارنىڭ ھەركىتى روسىيە ئازادلىق ھەركىتىنىڭ بىرىنچى دەۋرىنى يەنى ئاقسۆڭەكلەر ئىنقىلاۋى دەۋرىنى (1825—1861) باشلاپ بەردى. ئىنقىلاۋىي دېموكراتىزمچىلار ۋەكىللىك قىلغان پىكىر زىيالىلار دېكابىرچىلارنىڭ ئىنقىلاۋىي

ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئۇنى جارى قىلدۇردى. ئۇلار روسىيە ئازاتلىق ھەرىكىتىنىڭ ئىككىنچى دەۋرى (1861—1894) نىڭ ۋەكىللىرى ئىدى. لېنىن: "پېقىر زىيالىيلار دەپ ئاتالغانلار لىبرال-دېموكراتىك بۇرژۇئازىيىسىنىڭ مەلۇماتلىق ۋەكىللىرى"① دەپ كۆرسەتتى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدارلار،


چېرنىشېۋسكى

ئاددى سودىگەرلەر، شەھەر ئاھالىسى ۋە دېھقانلار ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان ئىدى. روسىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدا يانچىلىق تۈزۈمگە قارشى ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتنىڭ ئۇرلىشى ئۇلارنىڭ ئىنقىلاۋىي كۈرەش يولىغا مېڭىشىغا تۈرتكە بولدى. ئۇلار ئىنقىلاپ يولى بىلەن فېودال يانچىلىق تۈزۈمنى يوقىتىشنى، چارپادىشا مۇستەبىتلىك تۈزۈمىنىڭ ھوكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇلارنىڭ ئاساسىي ۋەكىللىرى بېلىنسكى (1811—1848)، گېرتسېن (1812—1870)، چېرنىشېۋسكى (1828—1889) ۋە دوبرولىيۇبوۋ (1836—1861) لار ئىدى.

ئىنقىلاۋىي دېموكراتىزمچىلار گېرتسېن لوندوندا تەسىس

---

① لېنىن. «روسىيە ئىشچىلار مەتبۇئاتىنىڭ تارىخى». «لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 20-توم، 240-بەت.

قىلغان «قوڭغىراق» ژورنىلى ۋە ئىسكرا-ۋۇ مەملىكەت ئىچىدە رىياسەتچىلىك قىلغان «زامانىمىزدىكىلەر» ژورنىلى (يادرولۇق ئادەمى چېرنىشېۋىسكى)نى مەركەز قىلىپ، يانچىلىق تۈزۈمگە قارشى بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئىنقىلاۋىي جەڭچىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، تەشۋىق-تەرغىباتنى پائال قانات يايدۇرۇپ، يانچىدارلارنىڭ دىخانلارنى تالان-تاراج قىلىشتەك ئىپلاس يول بىلەن دىخانلارنى "ئازات" قىلماقچى بولغان جىنايى سۇيىقەستىنى ئېچىپ تاشلىدى. دىخانلارنىڭ ھەق تولىمەي يەرگە ۋە ئەركىنلىككە ئىگە بولۇشىنى تەشەببۇس قىلدى ھەمدە مەخپى تەشكىلات قۇرۇپ، قوراللىق قوزغىلاڭغا تەييارلىق قىلدى.

روسىيە بۇرژۇئازىيىسى ۋە بۇرژۇئازلاشقان پومېششىكلىرى ئىسلاھاتچىلىق يولىنىڭ كۈيپاڭچىلىرى ۋە ھىمايىچىلىرى ئىدى، لېنىن ئۇلارنى لىبېرالىزىمچىلار ياكى لىبېراللار دەپ ئاتىدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن، ھۆكۈمەتنىڭ مال زاكاز قىلىشى، پۇل قەرز بېرىشىگە ۋە ئىلتىپات قىلغان تۈرلۈك مونوپولىيە ھوقۇقىغا تايىنىپ كاپىتالىزىمنى راۋاجلاندۇراتتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ھۆكۈمەتنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كېڭەيمىچىلىك قىلىشىغا تايىنىپ، تاشقى بازارلارنى ئاچاتتى ۋە كېڭەيتەتتى. دېمەك، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە چارىزىمغا بولغان بېقىندىلىقى تۈپەيلىدىن، ئىنقىلاپقا باشتىلا قارشى تۇردى. ئۇلار غەرب پرولېتارىياتىنىڭ بۇرژۇئازىيىگە قارشى ئېلىپ بارغان ئىنقىلاۋىي كۈرىشىدىن ئۆلگۈدەك قورقۇپ كەتتى. شۇڭا ئۇلار ئاممىدىن، ئىنقىلابتىن قورقۇپ، كاپىتالىزىم تۈزۈمىنى ئورنىتىش ئۈچۈن قەتئى كۈرەش ئېلىپ بارالمىدى. ئەڭ ئاجىز ئىسلاھاتچىلىق تەلەپلىرىنىمۇ ئۆزى بىلەن مەنپەئەتى بىر بولغان، پومېششىك

ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان لىبېرالىزىمچى مۇتەپەككۇرلار ئارقىلىق بايان قىلدى. ئۇلار يانچىلىق تۈزۈمنىڭ كرىزىسى ئالدىدا ھېچ ئىش قىلالىماي، ھۆكۈمەتنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشىنىلا ئۈمىد قىلىشتى. ئۇلار پومېشچىكلار مۈلۈكچىلىكى ۋە چارپادىشا ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش شەرتى ئاستىدا، ئىسلاھات ئارقىلىق ئىنقىلاپتىن ساقلىنىشنى ئۈمىد قىلدى. لىبېراللار ۋەكىللىرىدىن بىرى مۇنداق يوشۇرماستىن: "يانچىلىق تۈزۈمىنى يۇقۇرىدىن تۈۋەنگە قاراپ بىكار قىلمىغاندا، روسىيىنى 500 يىلغىچە تېچلاندۇرغىلى بولمايدۇ" دېدى. ئۇلار ھاكىمىيەتنى يانچىدارلار بىلەن بۆلۈشۈپ تۇتماقچى بولۇپ، مەملىكەت ئىچىدىكى يانچىلىق تۈزۈمىگە قارشى كۈندىن-كۈنگە ئۇرلەۋاتقان ھەركەتتىن پايدىلىنىپ ھۆكۈمەتكە تەھدىت سالدى.

يانچىلىق تۈزۈمگە قارشى كۈندىن-كۈنگە ئۇرلەۋاتقان ھەركەتنىڭ زەربىسى ئاستىدا، يانچىلىق تۈزۈم ئاساسىغا قۇرۇلغان رۇس ئىمپېرىيىسى بىناسى لىڭشىپ قالدى، روسىيە ئاقسۆڭەكلىرى ئۆز-لىرىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى بۇرۇنقى ئۇسۇل بىلەن ساقلاپ قالالمايدىغان بولدى. روسىيە يانچىدارلىرىنىڭ كاتتىۋېشى بولغان ئالېكساندىر II (1855—1881) مۇ: "دېھقانلارنىڭ تۈۋەندىن يۇقۇرىغا قاراپ ئۆزىنى ئازات قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندىن كۆرە، يۇقۇرىدىن تۈۋەنگە قاراپ دېھقانلارنى ئازات قىلغان ياخشى" دەپ ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ پومېشچىكلارنىڭ مەنپەئەتى بويىچە يانچىلارنى "ئازات قىلىش" لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىپ ئىنقىلابنىڭ ئالدىنى ئېلىش غەرىزىدە، 1857-يىلىنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىپ دېھقانلار ئىشلىرى بويىچە مەخپى كومىتېت ئۇيۇشتۇردى.

**1861-يىلى يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى** لېنىن ئىنقىلاپ ۋەزىيىتىنى ھاسىل قىلىدىغان 3 ئالامەتنى كۆرسىتىپ ئۆتتى: 1. ئېزىلگۈچى سىنىپلاردىكى نامراتلىق ۋە بالايى-ئاپەتنىڭ جىددىي چوڭقۇرلىشىشى؛ 2. ئاممىنىڭ ئىنقىلاۋىي ئاكتىپلىقىنىڭ تېز ئۆسۈشى؛ 3. "يۇقۇرى قاتلام كرىزىسى" نىڭ مەيدانغا كېلىشى. بۇ ئامىللار 1859—1861-يىللاردىكى روسىيىدە ھازىرلانغان ئىدى. لېكىن، خۇددى لېنىن كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، "روسىيىدە، پومېششىكلارغا بىرنەچچە يۈز يىل قۇل بولغان خەلق 1861-يىلى تېخى ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا، كەڭ كۆلەملىك، ئاشكارا، ئاڭلىق كۈرەش ئېلىپ بارىدىغان كۈچكە ئىگە ئەمەس ئىدى. ئۇ چاغدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى تېخى يەككە-يېگانە ھالىدىكى، تارقاق، ئىستىخىيىلىك تۈردىكى 'توپىلاڭ' بولۇپ، ناھايىتى ئاسانلا باستۇرۇلۇپ كېتەتتى."① "1861-يىلدىكى ئىسلاھات، ئۆز مەنپەئەتى تۈپەيلىدىن ئىسلاھاتنى تەلەپ قىلغان ئىجتىمائىي تەركىپلەرنىڭ ئىنتايىن ئاجىزلىقى، ئويغانمىغانلىقى، تارقاقلىقى نەتىجىسىدە، پەقەت ئىسلاھاتتىنلا ئىبارەت بولدى."② 1859—1861-يىللىرى مەيدانغا كەلگەن ئىنقىلاپ ۋەزىيىتى مۇشۇ ئەھۋال ئارقىسىدا ئىنقىلاپقا ئايلىنالمىدى. ئىككى يول كۈرىشى نەتىجىسىدە، يانچىدارلار غەلىبە قىلدى. بۇ ھال روسىيىدە يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ بىكار قىلىنىشى يانچىدارلارنىڭ رىياسەتچىلىك قىلىشى بىلەن "يۇقۇرىدىن تۆۋەنگە قارىتا" بولۇش

① لېنىن. «يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ گۇمران بولغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى». «لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 17-توم، 70-بەت.

② لېنىن. «خاتىرە كۈن توغرىسىدا». «لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 17-توم، 98-بەت.

www.uyghurkitap.com

يولى بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇلىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى.

1861-يىل 2-ئاينىڭ 19-كۈنى (مىلادى 3-ئاينىڭ 3-كۈنى) ئالېكساندىر II يانچىلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش توغرىسىدىكى پەرماننى تەستىقلىدى ھەمدە يانچىلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش توغرىسىدىكى پەۋقۇلئاددە خىتابنامىگە ئىمزا قويدى. بۇ يانچىدارلار كاتتىۋېشى ئالدىنالا ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ۋەكىللىرىگە: "......ئىشىنىڭلاركى، پومېشچىكلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن، قولدىن كېلىدىغانلىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىشلەندى" دەپ ئىشىنىڭ تەكىتىنى ئېيتىپ قويدى. پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ مەنپەئەتىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، دېھقانلارنى "ئازات قىلىش" ۋاقتىدا "ئازات قىلىنغۇچىلار" ئەڭ قوپاللىق بىلەن تالان-تاراج قىلىندى. بۇنداق رەزىللىك پەرماننىڭ ئۆزىدە ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا ئەڭ تولۇق گەۋدىلەندى. پەرماندا يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقى، دېھقانلارنىڭ جىسمانى ئەركىنلىككە ئىگە بولغانلىقى، لېكىن بۇنىڭ ئۈچۈن پومېشچىكلارغا ھەق تاپشۇرۇش لازىملىقى بەلگىلەندى. دېھقانلار يەر ئۆزىنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكىچە يەنىلا پومېشچىكلار ئۈچۈن ئىشلەيتتى، داۋاملىق تۈردە پومېشچىكلار تەرىپىدىن قول قىلىناتتى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىناتتى. پەرماندا دېھقانلار جىسمانى ئازاتلىققا ئېرىشكەندە بىر پارچە ئۈلۈشلۈك يەرگە ئىگە بولىدىغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن بىللە مەلۇم مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقى بەلگىلەندى، تۈرلۈك جايلار ئۈچۈن تۈرلۈك ئۈلۈشلۈك يەر نورمىسى بەلگىلەندى. پومېشچىكلار مۇشۇ بەلگىلىمىلەردىن پايدىلىنىپ، دېھقانلارنىڭ ئەڭ مۇنبەت يەرلىرىنى تارتىۋالدى، بۇ "بولۇنمە يەر" دەپ ئاتالدى. "بولۇنمە يەر" ئىسلاھاتتىن بۇرۇنقى دېھقان-

لارنىڭ ئۆلۈشلۈك بېرىشىنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5 دىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلدى، بەزى جايلاردا 3 دىن بىر قىسمىغا يەتتى. "بولۇپمۇ يەر" دېھقانلارنى ئەڭ ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىدىن مەھرۇم قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئازات قىلىنغان دېھقانلارنى ئېغىر شەرتلەر بىلەن پومېشچىكلاردىن يەر ئىجارىگە ئېلىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. دېھقانلار بىلەن پومېشچىكلار ئوتتۇرىسىدا ئۆلۈشلۈك يەر ئېلىش پۈتۈمى تۈزۈلۈشتىن بۇرۇن، دېھقانلار پومېشچىكلارغا مېھنەت قىلىپ بېرىدۇ ياكى ئىجارە ھەققى ھېساۋىدا پۇل تۆلەيدۇ. پومېشچىكلارنىڭ دېھقانلارنى تالان-تاراج قىلىشى يەنە دېھقاننى ھەق تۆلەپ ئۆلۈشلۈك يەر ئېلىشقا مەجبۇر قىلغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ، بۇ ھەق يەرنىڭ ھەققىنىلا ئەمەس، بەلكى دېھقاننىڭ ئۆزىنىڭ ھەققىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇ چاغدىكى يەرنىڭ باھاسى بويىچە بولغاندا، دېھقانلار ئالغان ئۆلۈشلۈك يەرلەرنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 550 مىليون رۇبلىدىن ئارتۇقراق بولاتتى، لېكىن بەلگىلەنگەن ھەققىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 860 مىليون رۇبلىدىن ئارتۇق بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىسلاھاتتىن كېيىنكى دېھقانلارغا ھوكۇمرانلىق قىلىش ۋە ئۇلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ھوكۇمەت بۇرۇنقى يېزا جامائەسى تەشكىلاتلىرىنى ساقلاپ قالدى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلاندى، چاتما كېپىللىك تۈزۈمىنى ئورناتتى، كېلىشتۈرگۈچىلەرنى② قويدى، شۇنداق قىلىپ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ دېھقانلارنى تىزگىنلىشىنى كۈچەيتتى.

---

① كېلىشتۈرگۈچىلەرنىڭ قويۇلۇشى كورۇنۇشتە پومېشچىكلار بىلەن دېھقانلار ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن ئۆلۈشلۈك يەر ۋە فېئوداللىق مەجبۇرىيەت

www.uyghurkitap.com

2 ـ ئاپرىلنىڭ 19 ـ كۈنىدىكى پەرمان پەقەت چوڭ روسىيە، ئۇكرائىنا، بېلاروسىيە ۋە لېتۋا قاتارلىق جايلاردىكى پومېششىك دېھقانلىرىغىلا ئالاقىدار ئىدى. 1863 ـ يىلى بەخشەندە دېھقانلارنى ئازات قىلىش پەرمانى جاكالاندى، 1866 ـ يىلى يەنە دۆلەت دېھقانلىرىنى ئازات قىلىش پەرمانى جاكالاندى.

يۇقۇرىدىكى پەرمانلارغا ئاساسەن، جەمئىي 10 مىليون 250 مىڭ پومېششىك دېھقانلىرى، بىر مىليوندىن ئارتۇق بەخشەندە دېھقانلار ۋە 9 مىليون 500 مىڭ دۆلەت دېھقانلىرى ئازات قىلىندى.

1861 ـ يىلىدىكى ئىسلاھات روسىيە يانچىدارلىرى يولغا قويۇشقا مەجبۇر بولغان بۇرژۇئا خاراكتېرىدىكى ئىسلاھات ئىدى. لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ''ئۇلۇغ ئىسلاھات' يانچىلىق تۈزۈم ئىسلاھاتى بولدى، ئۇنىڭ باشقا ئىسلاھات بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئۇنى يانچىدارلار يولغا قويغان ئىدى."① شۇڭا، ئىسلاھات جەريانىدا، روسىيە دېھقانلىرى ئەڭ ۋەھشى تالان ـ تاراجقا ئۇچرىدى، ئۇلار ''ئەركىنلىك'كە ئىگە بولغاندا، ھەممىدىن

---

توغرىسىدىكى يۇتۇمىگە نارازىمچىلىك قىلىش، پەيدا بولغان ماجىرالارنى كېلىشتۈرۈش ئۈچۈندەك بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، يانچىدارلارنىڭ دېھقانلارنى تالان ـ تاراج قىلىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، دېھقانلارنىڭ قارشىلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىدى. كېلىشتۈرگۈچىلەر يەرلىك ئاقسۆڭەكلەر تەرىپىدىن ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلەتتى، نەتىجىدە ئىسلاھاتتىن ئىلگىرى ئايرىم پومېششىكلار تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىدىغان دېھقانلار خېلى زور دەرىجىدە يەرلىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كوللېكتىپ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالدى.

① لېنىن. «"دېھقانلار ئىسلاھاتى" ۋە پرولېتارىيات دېھقانلار ئىنقىلابى». «لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 17 ـ توم، 103 ـ بەت.

پاك ـ پاكىز مەھرۇم قىلىندى"①.
يانــچىدارلارنىڭ ۋەھشىلەرچە تالان ـ تاراجى كەڭ دېخانىلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىنى قوزغــدى. پەرمان ئېــلان قىلىنغاندىن كېيىن، دېخانلار ھەركەتتە يېڭى دولقۇن مەيدانغا كەلدى. 1861 ـــ 1863 ـ يىلــلىرى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 2 مىڭ قېتىم دېخانىلار توپىلىڭى ۋە قوزغىلىڭى كۆتىرىلدى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ چوڭ بولغىنى قازان ئوبــلاستىنىڭ بېزدنا كەنتى ۋە پېنزا ئوبــلاستىنىڭ كانــچېيــۋكا كەنتىدىكى قوزغىلاڭ بولدى. بېزدنا كەنتىدە ئانتون پېتروۋ دېگەن دېخان "لېكــتور" مەيــدانغا كەلــدى، ئۇ پەرمانلارنى دېخانــلارنىڭ تەلــۋى ۋە ئارزۇسى بويىــچە چۈشەنــدۈردى. يېقىن ئەتــراپتىكى دېخانــلار تەرەپ ـ تەرەپتىن بېزدنا كەنــتگە كېلىپ، پېتــروۋنىڭ پەرمانــلار ھەققــىدىكى لېكسىيىســنى ئاڭــلىدى ھەمدە باســتۇرۇشقا ئەۋەتىلــگەن چارپادىــشا ئەســكەرلىرى بىلەن ئېلىــشتى. كانچېيۋكا كەنتىگە 10 مىڭ ئادەم توپلاندى، دېخانلار قىزىل بايراقنى كۆتىرىپ: "ئەركىنــلىك كېرەك"، "پۈتۈن يەر بىزگە مەنسۇپ"، "ئەمــدى يەر ئىجارىسى تاپشۇرمايمىز"، "ئەمدى پومېششىكلار ئۈچۈن ئىشلىمەيمىز" دېگەنگە ئوخشاش شوئارلارنى توۋلىدى، بۇ ھال روسىيە دېخانلىرىنىڭ يېڭى ئويغىنىــشىنى ئەكس ئەتــتۇردى. روسىيــدىــكى ئىنقىلاۋىي دېموكراتىزىمچىلار، بىر تەرەپــتىن، تەشۋىــق ۋاراقــلىرىنى بېسىپ تارقىتىپ، ئىسلاھاتنىڭ بۇلاڭچىلىق خاراكتىرىنى پاش قىلدى؛ يەنە بىر تەرەپــتىن، تەشكىلات قۇرۇپ، پولشا ئىنقىلاپــچىلىرى بىلەن

---

① لېنىن. «يانــچىلىق تۈزۈمنىڭ گۇمران بولغانــلىقىنىڭ 50 يىلــلىقى». «لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 17 ـ توم، 71 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

ئالاقە باغلاپ، بىرلا ۋاقىتتا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلاندى. لېكىن، دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە ئىنقىلاۋىي دېموكراتىزىم ھەرىكىتى چار پادىشا ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن دەھشەتلىك تۈردە باستۇرۇلدى.

يانچىلىق تۈزۈم بىكار قىلىنغاندىن كېيىن، 1863 — 1874-يىللىرى، چارپادىشا ھۆكۈمىتى يەنە سىياسىي تۈزۈم، قانۇن تۈزۈمى، مائارىپ تۈزۈمى، مالىيە تۈزۈمى ۋە ھەربىي تۈزۈمگە ئوخشاش ئۈستقۇرۇلما ساھەلىرىدە بەزى بۇرژۇئا خاراكتېرلىق ئىسلاھاتلارنى يولغا قويدى: ئوبلاست ۋە ناھىيىلەردە يەرلىك ئاپتونومىيە ئىدارىسى، شەھەرلىك دوما (يەرلىك پارلامېنت) تەسىس قىلىندى؛ ئوچۇق سوت قىلىش يولغا قويۇلدى، ئادۋوكاتلار ئاقلاش تۈزۈمى ۋە زاسېداتىللىق تۈزۈم ئورنىتىلدى؛ ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا كىرىشتىكى تەبىقە چەكلىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى؛ مالىيە چىقىمى ئېلان قىلىندى؛ ئەسكەر ئېلىش تۈزۈمىنىڭ ئورنىغا مەجبۇرىي ھەربىي خىزمەت ئۆتەش تۈزۈمى قويۇلدى.

**1861-يىلدىكى ئىسلاھاتنىڭ ئەھمىيىتى** يانچىلىق تۈزۈم بىكار قىلىنىپ، دېھقانلار پومېشچىكلارغا بولغان جىسمانىي بېقىندىلىقتىن قۇتۇلدى، كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشقا زۆرۈر بولغان ئەركىن ياللانما ئەمگەك كۈچى ھەل قىلىندى. تۆلەم يولى بىلەن دېھقانلاردىن بۇلاپ ئېلىنغان پۇللار كاپىتالىزىمنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بولغان ئېھتىياجنى مەلۇم دەرىجىدە قاندۇردى. دېھقانلار ئۆزىنىڭ "ئازات" بولۇشى ئۈچۈن، 1861-يىلدىن 1905-يىلغىچە، پومېشچىكلارغا جەمئىي 2 مىليارت رۇبلىغا يېقىن تۆلەم تۆلىدى.

1861-يىلى يانچىلىق تۈزۈمنىڭ بىكار قىلىنىشى روسىيە تارىخىدا فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدىن كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش

ئۆسۈلىغا ئوتتۇشتىكى بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى. لېنىن بۇ ئىسلاھات-نىڭ ئەھمىيىتىگە باھا بېرىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "ئەگەر 1861-يىلى روسىيە دۆلىتىنىڭ پۈتۈن تۈزۈلمىسىدە بولغان ئۆزگىرىش-كە ئومۇمىي نەزەر سېلىنسا، ئۇ ھالدا بۇ ئۆزگىرىشنى فېودالىلىق پادىشالىق تۈزۈمنى بۇرژۇئا پادىشالىق تۈزۈمگە ئايلاندۇرۇش يولىدا قويۇلغان بىر قەدەم دەپ ئېتىراپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئىقتى-سادىي نۇقتىنەزەردىنلا ئەمەس، بەلكى سىياسىي نۇقتىنەزەردىنمۇ توغرا."①

1861-يىلدىكى ئىسلاھات "يۇقۇرىدىن تۆۋەنگە قارىتا" بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىسلاھاتتىن كېيىن يەنىلا نۇرغۇن فېودالىلىق قالدۇقلار ساقلىنىپ قالدى. پومېششىكلارنىڭ يەر مۇلۇكچىلىكىگە تېگىلمىدى، يەرلەرنىڭ تولىسى يەنىلا پومېششىكلارنىڭ قولىدا قېلىۋەردى. دېھقانلارنىڭ ئۇلۇشلۇك يەرلىرى يېتىشمەيتتى، ئۇلار پومېششىكلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە زۇلمىغا ئۇچرىغاندىن باشقا، يەنە كاپىتالىزم-نىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە زۇلمىغا ئۇچرىدى. بۇ يېزا ئىگىلىك كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىيات يولى دېھقانلارنى ئەچچە ئون يىل ئەڭ قاتتىق ئېكسپىلاتاتسىيىگە ۋە شىلىنىشقا ئۇچراتتى. يانچىلىق تۈزۈمدىكى پومېششىكلار ئىگىلىكى ئاستا-ئاستا بۇرژۇئا يۇنكېرلارچە ئىگىلىككە ئايلاندۇرۇلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ساقلىنىپ قالغان چارپادىشا مۇستەبىتلىك تۈزۈمى ئىسلاھاتتىن كېيىن پومېششىكلارنىڭ داۋاملىق تۈردە دېھقانلارنى دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ۋە

① لېنىن. «خاتىرە كۈن توغرىسىدا». «لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 17-توم، 96-بەت.

www.uyghurkitap.com

ئۇلارغا سىنىپىي زۇلۇم سېلىشتىكى يۆلەنچۈكى بولۇپ قالدى. يانچىلىق تۈزۈمنىڭ قالدۇقلىرىنى — پومېشچىكلار يەر مۈلۈكچىلىكى ۋە چارپادىشا مۇستەبىتلىك تۈزۈمنى ئۈزۈل-كېسىل يوقىتىش كەلگۈسىدىكى روسىيە بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى بولۇپ قالدى.

## 2 - بۆلۈم ئامېرىكىدا بولغان جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش

ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىللىقتىن كېيىنكى زېمىن كېڭەيمىچىلىكى مۇستەقىللىق ئۇرۇشى ئارقىسىدا، ئامېرىكىدا بۇرژۇئازىيە بىلەن قۇلدارلارنىڭ بىرلەشمە ھاكىمىيىتى قۇرۇلدى. بۇرژۇئازىيە بىلەن قۇلدارلارنىڭ سىرتقا قارىتا بۇلاڭچىلىق قىلىدىغان، كاپىتالىزمنى راۋاجلاندۇرىدىغان ۋە قۇللۇق تۈزۈمنى كېڭەيتىدىغان ئېكىنزارلىق ئىگىلىكنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئامېرىكا مۇستەملىكىچىلىك بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپلا، دەرھال زېمىنىنى كەڭ كۆلەمدە كېڭەيتىش يولىغا ماڭدى، بولۇپمۇ 1812—1814-يىللاردا كانادانى تارتىۋېلىش قارا نىيىتى توسقۇنلۇققا ئۇچرىغاندىن كېيىن، غەربتىكى كەڭ زېمىنگە قاراپ كېڭەيمىچىلىك قىلدى.

ئامېرىكا يەر ئىشغال قىلىش جەريانىدا، مەجبۇرى سېتىۋېلىش، قورقۇتۇش-تەھدىت سېلىش، قوراللىق ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش، ئۇرۇش قوزغاشقا ئوخشاش رەزىل-ئىپلاس ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئۆچىغا چىققان قاراقچىلىق ئەپتى-بەشىرىسىنى ئاشكارىلىدى.

1803-يىلى ئامېرىكا ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە دېڭىزدا زومىگەرلىك ھوقۇقىنى تالىشىۋاتقان ۋە فرانسىيە تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرى ھايتىدا پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، 2 مىليون كۇۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق يېرى بولغان لۇئىزىئانانى ھەر بىر ئىنگلىز موسى 4 پۇڭ ئامېرىكا دوللىرى ھېساۋىدا فرانسىيىدىن "سېتىۋالدى"، شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكىنىڭ تېررىتورىيىسى بىراقلا بىر ھەسسىدىن ئارتۇق كېڭەيدى.

1810-يىلى ئامېرىكا ئېكىنزارلىق ئىگىلىرى ئىسپانىيىگە قاراشلىق غەربىي فلورىداغا بېسىپ كىردى ۋە ئەسكەر چىقىرىپ ئۇنى ئىشغال قىلىۋالدى؛ 1818-يىلى يەنە ئەسكەر چىقىرىپ شەرقىي فلورىدانى بېسىۋالدى. 1819-يىلى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ قاراقچىلىق ھەركىتىنى يېپىش ئۈچۈن، 5 مىليون ئامېرىكا دوللىرى "بەدىلى"گە فلورىدا يېرىم ئارىلىنى مەجبۇرى سېتىۋالدى، شۇنداق قىلىپ "ئالتە ئاتار ناگان بېسىمى ئاستىدىكى سودا" ئورۇنلاندى.

1823-يىلى مونرو زۇڭتۇڭ يىللىق دۆلەت خېتىدە، ئامېرىكىنىڭ تاشقى سىياسىتىنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپلىرىنى يەنى ئاتالمىش "مونرو خىتابنامىسى"نى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭدا كۆرۈنۈشتە مۇقەددەس ئىتتىپاقنىڭ لاتىن ئامېرىكىسى ئەللىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا قوراللىق ئارىلىشىشىغا قارشى تۇرۇشتەك چىرايلىق تون يېپىلغان، ئەمەلىيەتتە ئامېرىكىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىنى تەنھا ئىگەللەشتەك قارا نىيىتى يوشۇرۇنغان، لاتىن ئامېرىكىسىنى ئامېرىكىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە ئېلىش مەقسەت قىلىنغان ئىدى.

1835-يىلى جەنۇبتىكى قۇلدارلار ئامېرىكا كۆچمەنلىرىنى قۇترىتىپ مېكسىكىدىكى تېكساستا قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، يەر-

لىك ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، تېكساس قورچاق دۆلىتىنى قۇردى؛ 1845-يىلى بۇ يەر ئامېرىكىنىڭ 28-ئىشتاتى قىلىپ قوشۇۋېلىندى. تېكساسنىڭ قوشۇۋېلىنىشى ئامېرىكا مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ قوراللىق ئاغدۇرمىچىلىق يولى بىلەن زېمىننى كېڭەيتكەنلىكىنىڭ تىپىك مىسالى.

ئامېرىكا ھوكۇمرانلار سىنىپى مېكسىكا ھوكۇمىتىنىڭ نارازىلىقىغا پىسەنت قىلمايلا قالماستىن، بەلكى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ۋەقەنى كېڭەيتىپ، مېكسىكىغا قارىتا تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىدى (1846—1848). ئامېرىكا ئۇرۇش ئارقىلىق مېكسىكىنىڭ گراند دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى زېمىنىنى تارتىۋالدى، بۇ يەر تېكساس بىلەن قوشۇلۇپ جەمئى تەخمىنەن 2 مىليون 300 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلەتتى.

1846-يىلى ئامېرىكا شىمالىي كەڭلىك 49° نىڭ جەنۇبىدىكى ئورېگون رايونىنى ئەنگلىيەدىن ئېلىۋالدى.

شۇنداق قىلىپ، ئامېرىكا ھوكۇمرانلار سىنىپى ئۇستاتلىق قىلىپ، قىسقىغىنا بىرنەچچە ئون يىل ئىچىدە، ئامېرىكىنىڭ تېررىتورىيىسىنى ئاتلانتىك ئوكياندىن تىنچ ئوكيانغىچە كېڭەيتىپ، ئەسلىدىكى 2 مىليون 50 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن (ئەگەر شىمالىي ئامېرىكىدىكى 13 ئوبلاست بويىچە ھېسابلانسا 900 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر) كېڭەيتىپ 7 مىليون 770 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرغا يەتكۈزدى (ئەگەر 1867-يىلى روسىيەدىن سېتىۋېلىنغان ئالياسكا قوشۇلىدىغان بولسا 9 مىليون كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق بولىدۇ). بۇ شىمالىي ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىنىڭ تەخمىنەن يېرىمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئامېرىكا ھوكۇمرانلار سىنىپىنىڭ غەرپكە قاراپ كېڭىيىشى

جەرياني، ئەيني ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ يەرلىك ئاھالە بولغان ھىندىيانلارنى قوغلاپ چىقىرىش، قىرىش ۋە ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى بېسىۋېلىش جەرياني بولدى. ئۇلار ھىندىيانلارنىڭ قارشىلىقىنى دەھشەتلىك تۈردە باستۇردى، ھىندىيانلارغا قارىتا مىڭ قېتىمچە "جازا يۈرۈشى" ئېلىپ باردى. پەقەت 20 يىل ئىچىدە (1802—1822) ھىندىيانلارنىڭ 15 مىليون ئىنگلىز موسى كېلىدىغان يېرىنى تارتىۋالدى. ئىرق تۇخۇمىنى قۇرۇتۇش مەقسىتىدە ئارقا-ئارقىدىن ئېلىپ بېرىلغان چوڭ قىرغىنچىلىقلار ئارقىسىدا، بۇرۇنقى بىر مىليوندىن ئارتۇق بولغان ھىندىيانلار ئازىيىپ، 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا 240 مىڭغا چۈشۈپ قالدى. ساقلىنىپ قالغان ھىندىيانلار غەرپتىكى يىراق قاقاس جايلارغا قوغلىۋېتىلدى، بەزىلىرى مەجبۇرى ئايرىلغان "ساقلاپ قېلىنغان يەر" لەرگە كىرگۈزۈلدى. ھىندىيانلارغا قارىتىلغان قىرغىنچىلىق، بۇلاڭ-تالاڭ بىر قانلىق تارىخ بولۇپ، ئامېرىكا ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئويدۇرۇپ چىقارغان، "غەرپكە بېرىش ھەركىتى" تىپىك، قىشلاق غەزىلىچە ھەركەت بولدى، دىگەن شەرمەندە سۆزلىرىنى پۈتۈنلەي ئېچىپ بېرىدۇ.

ئامېرىكا ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئامېرىكا قىتئەسى قۇرۇقلۇقىغا كېڭەيمىچىلىك قىلىشتىن تاشقىرى يەنە ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قارا قولىنى يىراق شەرققە سوزدى. 1844-يىلى ئامېرىكا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى تەڭسىز بولغان "ۋاڭشيا شەرتنامىسى"نى ئىمزالاشقا مەجبۇر قىلدى. ئامېرىكا 5 پورتتا سودا-ئالاقە قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇۋالغاندىن باشقا، كونسۇللارنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقى ۋە نەپ بېرىلگەن دۆلەت قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىشقا ئوخشاش ئىمتىيازغا ئىگە بولۇۋالدى. ئامېرىكىلىق سىياسى لوكچەك ۋورد

سېسىق نامى پۇر كەتكەن "ئەجنەبى قۇراللىقلار قوشۇنى"نى ئۇيۇش-تۇرۇپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ تەيپىڭتيەنگو ئىنقىلاۋىنى ھەر-كىتىنى باستۇرۇشىغا ياردەملىشىپ، جۇڭگو خەلقى ئالدىدا كەچۈر-گۈسىز جىنايەت ئۆتكۈزدى.

1853 — 1854 - يىللىرى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ياپونىيە بارگاھىنى بېكىنمىچىلىك سىياسەتتىن ۋازكېچىشكە قورال كۈچى بىلەن مەجبۇر قىلىپ، ئامېرىكا ۋە باشقا مۇستەملىكىچى قاراقچىلارنىڭ ياپونىيىگە تاجاۋۇز قىلىشى ئۈچۈن يول ئېچىپ بەردى.

**ئامېرىكىدا كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۇنىڭ قۇللۇق تۈزۈم بىلەن بولغان زىددىيىتى** زېمىننى كېڭەيتىش ئامېرىكا بۇرژۇئازىيىسى ۋە قۇلدارلىرىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ئىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز پىلانى بار ئىدى. بۇرژۇئازىيە زېمىننى كېڭەيتىش ئارقىلىق سانائەت خام ئەشيالىرىغا ۋە يېڭى تاۋار بازار-لىرىغا ئىگە بولۇشنى ئۈمىد قىلاتتى؛ قۇلدارلار بولسا ئېكىنزار-لارنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، تېخىمۇ كۆپ قۇللارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشنى ئۈمىد قىلاتتى. ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز زېمىنىنى ۋە سىياسى تەسىرىنى كېڭەيتىشكە ئۇرۇندى، شۇنداق قىلىپ، يېڭىدىن ئىشغال قىلىنغان يەرلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، بۇرژۇئازىيە بىلەن قۇلدارلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بارغانسېرى ئۆتكۈرلەش-تى.

ئامېرىكىنىڭ شىمالى بىلەن جەنۇبىدىكى ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۈزۈمدە، مۇستەملىكە دەۋرىدىلا چوڭقۇر زىددىيەت بار ئىدى. شىمالدا كاپىتالىستىك ئىگىلىك تەرەققىي قىلدۇرۇلۇۋاتقان بولسا، جەنۇپتا قۇللۇق تۈزۈمدىكى ئىگىلىك ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى.

بۇ ھال مۇستەقىللىق يولىدىكى ئۇرۇشتىن كېيىن تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى.

ئامېرىكىنىڭ شىمالى ۋە شەرقىي شىمالىدىكى جايلاردا، ئەركىن ياللانما ئەمگەكنى ئىشقا سېلىش تۈزۈمى ئاساسىدا، ھازىرقى زامان كاپىتالىستىك سانائىتى تېزدىن قۇرۇلۇشقا ۋە راۋاجلىنىشقا باشلىدى. ئامېرىكىنىڭ سانائەت ئىنقىلابىمۇ پاختا توقۇمىچىلىق سانائىتىدىن باشلاندى. 1805-يىلى ئامېرىكىدىكى پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىلىرىدا ئاران 4 مىڭ 500 ئۇرچۇق بولغان بولسا، 1860-يىلى 5 مىليون 200 مىڭ ئۇرچۇققا يەتتى. 19-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئامېرىكىدا تۆمۈرچىلىك، مېتاللچىلىق، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ۋە يېقىلغۇ سانائىتى قاتارلىق زامانىۋى كارخانىلار قۇرۇلدى. 1860-يىلى 980 مىڭ توننا چويۇن ۋە 14 مىليون توننا كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىلدى. ئامېرىكىنىڭ سانائەت ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى 50 يىل ئىچىدە (1810—1860) 9 ھەسسىگە يېقىن ئۆسۈپ، دۇنيا بويىچە 4-ئورۇننى ئىگىلىدى. غەربىي رايونلارنى ئېچىش ۋە سانائەت ئىنقىلابىنىڭ ئېھتىياجىغا لايىقلىشىش ئۈچۈن، تۆمۈريول قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولدى، 1830-يىلى ئامېرىكا بويىچە تۇنجى تۆمۈريولدا قىسمەن قاتناش باشلاندى، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئاران 21 كىلومېتىر ئىدى؛ 1850-يىلى تۆمۈريول كۆپىيىپ 15 مىڭ كىلومېتىرغا يېتىپ، دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇننى ئىگىلىدى. 1860-يىلغا كەلگەندە تۆمۈريوللارنىڭ ئومۇمى ئۇزۇنلۇقى 48 مىڭ كىلومېتىرغا يەتتى.

ئامېرىكىدا كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئاھالىنىڭ غەربكە كۆچۈرۈلۈشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئورغۇنلىغان كۆچمەنلەر ياۋروپادىن

ۋە ئاسىيادىن ئامېرىكىغا باردى. 1820-يىلدىن 1860-يىلغىچە بولغان 40 يىل ئىچىدىلا، كۆچمەنلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 5 مىليوندىن ئېشىپ كەتتى، ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ياۋروپادىن كەلدى. كۆچمەنلەرنىڭ تەركىۋى بىرقەدەر مۇرەككەپ ئىدى. ياۋروپادىن كەلگەنلەرنىڭ كۆپ قىسمى دېھقانلار ۋە مەلىكىلىك قول سانائەتچىلەر ئىدى، 1848-يىلدىن كېيىن بولسا، ئاساسەن سانائەت ئىشچىلىرى كەلدى. ئۇلار ئامېرىكىدا كاپىتالىزمنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئەمگەك كۈچىنى تولۇقلاش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئامېرىكىدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. 1848-يىلى كالىفورنىيىدە ئالتۇن كېنى تېپىلغاندىن كېيىن، ئامېرىكا كاپىتالىستلىرى جۇڭگودىن ئەرزەن ئەمگەك كۈچى ئېلىش ئۈچۈن، شياڭگاڭنى تايانچ قىلىپ، تۈرلۈك ئېپلاس ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، جەنۇبىي جۇڭگونىڭ دېڭىز ياقىسى رايونلىرىدىكى جۇڭگو ئەمگەكچىلىرىنى ئالداپ "مەدىكار" قىلىپ ئىشلەتتى. 1862-يىلى كالىفورنىيىدىكى كان ئىشچىلىرى ئىچىدە، جۇڭگولۇق ئىشچىلار يېرىمىدىن كۆپرەكنى تەشكىل قىلاتتى. جۇڭگولۇق ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئەمگەك شارائىتى ئىنتايىن ناچار ئىدى. نۇرغۇنلىغان كىشىلەر دەرت-ئەلەم ئىچىدە ئۆلۈپ كېتەتتى. چەتئەللىك ئەمگەكچىلەرنى دەھشەتلىك تۈردە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئامېرىكىدا كاپىتالىزم تەرەققىياتىنىڭ تېز بولۇشىدىكى ئامىللارنىڭ بىرى ئىدى.

كاپىتالىزم شىمالدا تېز راۋاجلىنىۋاتقاندا، جەنۇبتىكى ئىشتاتلاردا قۇللۇق تۈزۈمىدىكى ئېكىنزارلىق ئىگىلىكى داۋاملىق ساقلىنىپ تۇراتتى ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇۋاتاتتى. ئامېرىكىدا ئېكىنزارلىق ئىگىلىكى

قۇللار (ئاساسەن نېگىر قۇللار)نىڭ ئەمگىكىنى دەھشەتلىك تۈردە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ۋە ھەقسىز ئىگەللىۋېلىش بىلەن تىكلەنگەن ئىدى. دەسلەپتە قۇلدارلار قۇللارنى ئىشقا سېلىپ ئۆزلىرى ئىشغال قىلىۋالغان ياكى سېتىۋالغان يەرلەرگە شال، تاماكا ۋە نىل بوياق تېرىتقۇزدى. قۇللارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى ناھايىتى تۆۋەن، ئىشلەپچىقىرىش تەننەرقى ناھايىتى يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، 18‑ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئامېرىكىنىڭ ئېكىنزارلىق ئىگىلىكى زاۋالغا يۈز تۇتۇشقا باشلىغان ئىدى. لېكىن، ئەنگلىيىدە پاختا توقۇمىچىلىقىنىڭ راۋاجلىنىشى، پاختىغا بولغان ئېھتىياجنىڭ جىددىي ئېشىشى ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىدا پاختىچىلىقنىڭ راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. 1793‑يىلى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ۋىتنىنىڭ چىگىت ئايرىش ماشىنىسىنى ئىختىرا قىلىشى بىلەن، چىگىت ئايرىش ئۈنۈمى 149 ھەسسە ئۆستى. ئىلگىرى بىر قۇل قولى بىلەن كۈنىگە ئاران بىر قاداق چىگىت ئايرىغان بولسا، ئەمدى كۈنىگە 150 قاداق ئايرىيدىغان بولدى، كېيىن پار كۈچى بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان چىگىت ئايرىش ماشىنىسى قوللىنىلىپ، كۈنىگە مىڭ قاداق ئايرىلىدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن پاختىچىلىق غايەت كۆپ پايدا تېپىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. قۇلدارنىڭ بىر نېگىر قۇلنى بېقىش ئۈچۈن يىلىغا سەرپ قىلىدىغىنى 20 ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشمايتتى، لېكىن ئۇندۇرۇۋالىدىغان ساپ پايدىسى بولسا 80 ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كېتەتتى. شۇنداق قىلىپ، جەنۇبتىكى ئىشتاتلارنىڭ ئېكىنزارلىقلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى كېۋەز تېرىشقا ئۆزگەرتىلدى ھەمدە قانۇنسىز تۈردە نېگىر قۇللار ئېلىپ كېلىنىپ، "قۇل ساقلايدىغان ئىشتاتلار" قۇرۇلدى. نېگىرلارنىڭ نوپۇسى جىددىي كۆپەيدى،

1790 ـ يىلى 697 مىڭ بولغان بولسا، 1860 ـ يىلىغا كەلگەندە 4 مىليونغا يەتتى.

ئامېرىكىنىڭ ئىكىنزارلىق ئىگىلىكى ئاساسەن سىرتقا قارىتىلدى، بولۇپمۇ ئەنگلىيىگە تاۋار پاختا قاتارلىق خام ئەشيالارنى يەتكۈزۈپ بەردى. لېكىن شىمالدا كاپىتالىزىمنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئامېرىكا سانائەت بۇرژۇئازىيىسى ئىچكى بازارلارنى كېڭەيتىشنى، قۇللارنى ئازات قىلىپ كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشقا زۆرۈر بولغان ئەركىن ئەمگەك كۈچلىرىنى تولۇقلاپ بېرىشنى، يېتەرلىك خام ئەشياغا كاپالەتلىك قىلىشنى، ئۆز مەملىكىتىنىڭ سانائەت تەرەققىياتىنى قوغدايدىغان يۇقىرى تاموژنا بېجىنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى. قۇلدارلار بولسا ئىكىنزارلىق ئىگىلىكىنى كېڭەيتىپ، دۇنيا بازىرى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ تاۋار پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى، ئەنگلىيەدىن ئەرزەن سانائەت بۇيۇملىرىنى كىرگۈزۈش ۋە تۆۋەن تاموژنا بېجىنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا كەسكىن كۈرەش باشلىنىپ كەتتى ۋە ئۇ بىۋاستە توقۇنۇشقا ئايلاندى.

ئامېرىكا زېمىنىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتى. شىمالدىكى بۇرژۇئازىيە كاپىتالىزىمنىڭ زېمىنىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، يېڭىدىن ئىشغال قىلىنغان يەرلەردە قۇل ئىشلىتىشنى مەنئى قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى؛ جەنۇبتىكى ئىكىنزارلىق ئىگىلىرى بولسا قۇللۇق تۈزۈمنى يېڭى يەرلەرگە كېڭەيتمەكچى بولدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، قوشما ئىشتاتقا ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى ئىشتاتلار قوشۇلۇپ تۇردى، 1860 ـ يىلى ئىشتاتلار 34 كە يەتتى. ھەر بىر يېڭى ئىشتات-



www.uyghurkitap.com

نىڭ قۇرۇلۇشى جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدا كەسكىن تالاشلارنى پەيدا قىلدى. جەنۇبتىكى ئىككىنزارلىق ئىگىلىرى ھەر بىر يېڭى ئىشتاتنى قۇل ساقلايدىغان ئىشتات قىلماقچى بولدى. شىمالدىكى بۇرژۇئازىيە بولسا ئۇنى ئەركىن ئىشتات قىلماقچى بولدى.

1920-يىلى مىسسۇرىنىڭ قوشما ئىشتاتلارغا كىرىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلغاندا، جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدا يەنە تالاش-تارتىش پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئالدىدا، ئامېرىكىدا جەمئىي 22 ئىشتات بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە قۇل ساقلايدىغان ئىشتاتلار بىلەن قۇل ساقلىمايدىغان ئىشتاتلار (ئەركىن ئىشتاتلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تەڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلاتتى. جەنۇبتىكى قۇلدارلار ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، مىسسۇرىنى قۇل ساقلايدىغان ئىشتات قىلىشتا چىڭ تۇردى ھەمدە قوشما ئىشتاتلاردىن چېكىنىپ چىقىش بىلەن تەھدىت سالدى. شىمالدىكى بۇرژۇئازىيە مۇرەسسەلىشىشنى تەشەببۇس قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ كېلىشىم ھاسىل قىلدى، پارلامېنت «مىسسۇرى مۇرەسسەنامىسى»نى ماقۇللىدى. ئۇنىڭدا مىسسۇرىنى قۇل ساقلايدىغان ئىشتات قاتارىدا قوشما ئىشتاتلارغا كىرگۈزۈش، شۇنىڭ بىلەن بىللە ماسسا چۇسېتس ئىشتاتىدىن بىرىن ئىشتاتنى ئايرىپ چىقىپ ئەركىن ئىشتات قاتارىدا قوشما ئىشتاتلارغا كىرگۈزۈش؛ بۇنىڭدىن كېيىن بىرگە بىر بولۇش پىرىنسىپى بويىچە قوشما ئىشتاتلارغا كىرگۈزۈش، شىمالىي كەڭلىك 36°30′ نىڭ جەنۇبىدا قۇللۇق تۈزۈمنىڭ راۋاجلاندۇرۇلۇشىغا يول قويۇش، ئۇنىڭ شىمالىدا قۇللۇق تۈزۈمنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى مەنئى قىلىش بەلگىلەندى.

1850-يىلى، قۇلدارلار قېچىپ كەتكەن قۇللارنى تۇتۇپ كېلىش

تۇغرىسىدىكى "قېچىپ كەتكەن قۇللارنى ئۇتكۇزۇپ بېرىش قانۇنى"نى پارلامېنتقا ماقۇللاتتى، ئۇنىڭدا قۇلدارلارنىڭ شىمالدىكى ئەركىن ئىشتاتلارغا قېچىپ بارغان قۇللارنى ئىزدەپ تۇتۇشقا بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى، ئۇنىڭدىن بۇرۇن، ئېگىلىرى قۇللاردىن شىمالدىكى ئەركىن ئىشتاتلارغا قېچىپ بارغانلار ئەركىن ئادەملەر بولۇپ قالاتتى. ئۇتكۇزۇپ بېرىش قانۇنىنىڭ ماقۇللىنىشى جەنۇب بىلەن شىمالدىكى ئىككى خىل تۈزۈمنىڭ زىددىيىتىنى كەسكىنلەشتۈرۈشكە باشلىدى. 1854 ـ يىلى شىمالىي كەڭلىك 36°30′ نىڭ شىمالىدىكى كانساس بىلەن نېبراسكا قوشما ئىشتاتلارغا كىرىشنى ئىلتىماس قىلدى، مىسسۇرى دۆرەسسەتامىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە ئۇلارنى ئەركىن ئىشتات قىلىش كېرەك ئىدى. لېكىن قۇلدارلار پارلامېنتنى بۇ ئىككى جايدىكى ئاھالىگە ئاۋاز بېرىش يولى بىلەن تەۋەلىكىنى بەلگىلەش ھوقۇقىنى بېرىشكە مەجبۇرلىدى ھەمدە قوراللىق بانditلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، كانساسقا باستۇرۇپ كىرىپ، ئاۋاز بېرىشنى قورال كۈچى بىلەن تىزگىنلەپ، قۇللۇق تۈزۈمنى مەجبۇرى يولغا قويماقچى بولدى. قۇلدارلارنىڭ سۇيىقەستى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. شىمالدىكى ئىشچىلار ۋە دېخانلارمۇ قولغا قورال ئېلىپ، كانساسقا كىرىپ، قۇلدارلار توپلىغان باندىتلار بىلەن ئېلىشىپ، بۇ سۇيىقەستنى تارمار قىلدى. كانساستىكى توقۇنۇش مەملىكەت ئىچىدىكى سىياسى كۈچلەرنىڭ يەنىمۇ پارچىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئامېرىكا مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىككى پارتىيىدىن، خۇيگ پارتىيىسى گۇمران بولدى، دېموكراتلار پارتىيىسىدىكى شىمال تەرەپ بىلەن جەنۇب تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى پىكىر ئىختىلاپى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلاشتى.

1854-يىلى 7-ئايدا جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى قۇرۇلۇپ، بەزى سانائەت بۇرژۇئازىيىسى، قۇللۇق تۈزۈمنى بىكار قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان يەر ئەركىنلىكى تەرەپدارلىرى، دېموكراتلار پارتىيىسىدىن چىقىپ كەتكەن دېموكراتلار جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىگە قوشۇلدى. قۇلدارلارغا قارشى كۈرەش قىلىش ئۈچۈن، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى ۋاقىتىنچە ئىشچى، دېھقانلار بىلەن بىرلەشتى، قۇللۇق تۈزۈمنى چەكلەش ۋە بىكار قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى، نامرات دېھقانلارنىڭ غەرپتىكى يەرلەرگە ھەقسىز ئىگە بولۇش تەلىۋىنى قوللىدى. كانساس توقۇنۇشى ئامېرىكىدا شۇ چاغدىكى سىنىپىي زىددىيەتنىڭ يەنىمۇ كەسكىنلەشكەنلىكىنى، سىياسىي كۈرەشنىڭ تەرەققىي قىلىپ ھەربىي كۈرەشكە ئايلانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. شۇڭا، ماركس كانساستىكى كۈرەشنى ئامېرىكىدا ئىچكى ئۇرۇشنىڭ باشلىنىشى دېگەن ئىدى.

### خەلقنىڭ قۇللۇق تۈزۈمىگە قارشى كۈرەشنىڭ كۈچىيىشى

كاپىتالىستىك يېرىك سانائەتنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئامېرىكا ئىشچىلار سىنىپى پەيدىنپەي قۇدرەتلىك ئىنقىلابىي كۈچ بولۇپ شەكىللەندى. 1860-يىلى ئامېرىكىنىڭ سانائەت ئىشچىلىرى 1 مىليون 300 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. ئامېرىكا ئىشچىلار سىنىپى 19-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدىن تارتىپ مۇستەقىل ئىش تاشلاش كۈرىشىنى باشلىدى، بەزى تارماقلاردىكى ئىشچىلار مەملىكەت خاراكتېرلىق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇردى، بەزى سانائەت تارماقلىرى 10 سائەتلىك، ھەتتا 8 سائەتلىك ئىش تۈزۈمىگە ئىگە بولدى. 1851-يىلى ماركسنىڭ سەپدىشى، گېرمانىيىلىك ئىشچى ۋېيدېمېيېر ئامېرىكىغا كېلىپ، ئىشچىلار ئارىسىدا ماركسىزمنى تارقىتىشقا باشلىدى.

1852 ـ يىلى ئۇ نيۇ ـ يوركتا ئامېرىكا بويىچە تۇنجى ماركسىزملىق تەشكىلات ــ "پرولېتارلار ئىتتىپاقى"نى قۇردى. 1858 ـ يىلى "كوممۇنىستىك كۇلۇب" قۇرۇلدى، بۇ تەشكىلات بىرىنچى ئىنتېر- ناتسىونالغا قاتناشتى. ئامېرىكا ئىشچىلار سىنىپى قۇللۇق تۈزۈمگە قارشى كۈرەشنى دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈش، يەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كۈرىشى بىلەن بىرلەشتۈردى، ئۇلار نېگىرلارنىڭ سەر- گۈزەشتىلىرىگە ھېسداشلىق قىلدى، بارلىق ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمگە قاتتىق نەپرەتلەندى، قۇللۇق تۈزۈمگە قارشى ئاساسىي قوشۇننىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

مۇستەقىللىق ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئامېرىكىدا يەر مەسىلىسى ھەل بولمىدى. تۇرمۇش مەجبۇرىيىتى بىلەن غەرپكە تىرىكچىلىك ئۈچۈن بارغان كەڭ ئەمگەكچى خەلق، كۆپلەپ يەر سېتىۋېلىشقا مادارى يەتمەي، ئۆز ئالدىغا بوز يەر ئۆزلەشتۈردى. ئەمگەكچى خەلقنىڭ يەر ئىگەللەش كۈرىشى ھۆكۈمەتنى يەر سېتىش چېكىنى قايتا ـ قايتا ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر قىلدى. 1832 ـ يىلى سېتىلغان يەر كولەمى 40 ئىنگلىز موسىغا چۈشتى، ھەر مو يەرنىڭ باھاسى 1.25 ئامېرىكا دوللىرى بولدى. لېكىن بۇنداق ئۆزگەرتىش يەنىلا نامرات دېھقانلارنىڭ ھەقسىز يەر ئىگەللەش تەلىپىنى قاندۇرالمايتتى. ئاچكوز قۇلدارلارمۇ يېڭى ئىشغال قىلىنغان غەربىي رايونلارغا ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ، زورلۇق بىلەن يەر ئىگەللىدى ھەمدە ئەركىن دېھقانلار ئۆزلەشتۈرگەن يەرلەرنى تارتىۋېلىپ، يېڭى ئېكىنزارلىقلارنى قۇردى. ئېكىنزارلىق ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشى ئامېرىكىدىكى كەڭ ئەركىن دېھقانلار بىلەن قۇلدارلارنىڭ يەر تالىشىش زىددىيىتىنى كۈندىن ـ كۈنگە ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋەتتى.

ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىدا، 30 مىڭدىن ئارتۇق قۇلدار 4 مىليون نېگىر قۇلغا ھوكۇمرانلىق قىلاتتى، ئۇلار ھەرقايسى ئىشتات ھوكۇمەتلىرى ئارقىلىق قۇللارنى ئېزىدىغان تۈرلۈك قانۇنلارنى تۈزۈپ چىقتى. قۇللار ھاياتلىق ۋە ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، قۇلدارلارغا قارشى قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلدى. ئۇلار ئېكسپىلاتاتسىيەچىلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئىسيان كۆتۈرۈپ، پىلانتاتسىيىلەرنى ئوت قويىدى، بازارەتچىلەر ۋە ئېكسپىلاتاتسىيەچىلەرنى ئۆلتۈردى، قۇل ساقلايدىغان ئىشتاتلاردىن قېچىپ كەتتى، ھەتتا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتەردى. نېگىر قۇللارنىڭ ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشى بارا-بارا دېخانلارنىڭ يەرنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشى بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى.

نېگىر قۇللارنىڭ قۇللۇق تۈزۈمنى بىكار قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى كۈرىشى ئامېرىكا خەلقىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئىگە بولدى. 19-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدىن ئارتىپ، قۇللۇق تۈزۈمنى بىكار قىلىش ھەرىكىتى مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىدە كەڭ تۈردە قانات يېيىپ كەتتى. 1832-يىلى قۇرۇلغان قۇللۇق تۈزۈمنى بىكار قىلىش جەمئىيىتى 8 يىلدىن كېيىن 2 مىڭ شۆبە جەمئىيەتكە ۋە 200 مىڭ ئەزاغا ئىگە بولدى. قۇللۇق تۈزۈمنى بىكار قىلىش تەرەپدارلىرى "يەر ئاستى تۆمۈريول" دېگەن مەملىكەت خاراكتېرلىق مەخپىي تەشكىلاتنى ئۇيۇشتۇردى، بۇ نۇرغۇن يەتكۈزگۈچى پونكىتلار، تۇرار جايلار ۋە ئالاقىلىشىش ئورۇنلىرىدىن تۈزۈلگەن يەر ئاستى تورى ئىدى. 30-يىللاردىن 50-يىللارغىچە، "يەر ئاستى تۆمۈريول" 40 مىڭ نېگىر قۇلنىڭ جەنۇبتىكى ئىشتاتلاردىن كاناداغا قېچىپ بېرىپ، ئەركىنلىككە ئىگە بولۇشىغا ياردەملەشتى. 1852-يىلى ستو خانىم يازغان «نېگىر قۇللارنىڭ ئاھ-زارى»

دىگەن رومان نەشر قىلىندى. بۇ رومان قۇللارنىڭ زورلۇق-زومبۇلۇقلىرى ۋە قۇللارنىڭ پاجىئەلىك سەرگۈزەشتىلىرىنى قانلىق پاكىتلار بىلەن ئېچىپ تاشلاپ، ۋەھشى قۇللۇق تۈزۈمنى غەزەپ بىلەن ئەيىبلەپ، جامائەت پىكرىنى قوزغاش ھەم سىنىپىي ئۆچمەنلىكنى قوزغاش ۋە باشقا جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينىدى.

1857-يىلى قۇلدارلار يەنە ئالى سوت ئارقىلىق: ئىلگىرىكى قۇللار ئامېرىكىنىڭ قايسى يېرىدە ئولتۇراقلىشىشتىن قەتئىي نەزەر ئۆز خوجايىنىنىڭ مۈلكى، ئەركىن ئىشتاتلارغا كوچۈپ بارغان قۇلدارلار ئۆزىنىڭ يەرلىرىدە قۇللۇق تۈزۈمدىكى ئىشتاتلارنىڭ قانۇنىنى يولغا قويۇۋېرىدۇ، دىگەن قارارنى چىقاردى. بۇ قارار قۇللۇق تۈزۈمنى پۈتۈن مەملىكەتكە كېڭەيتىش بىلەن باراۋەر ئىدى، بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مەملىكەت خەلقى تېخىمۇ قاتتىق غەزەپلەندى. قۇللۇق تۈزۈمىگە قارشى كۈرەش كۈندىن-كۈنگە ئۇرلەۋاتقاندا،


جون براۋن

جون براۋن (1800—1859) رەھبەرلىك قىلغان قوزغىلاڭ پارتلىدى.

جون براۋن دىخان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان، قەتئىي تۈردە قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش تەرەپدارى ئىدى. كانساستىكى توقۇنۇشتا، ئۇ دىخانلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ قۇلدارلارغا قارشى كۈرەش قىلغان ئىدى. 1859-يىل 10-ئاينىڭ 16-كۈنى كېچىدە، ئۇ ئاق تەنلىكلەر ۋە نېگىرلار بولۇپ 18

كىشىدىن تەشكىل قىلىنغان قوشۇننى باشلاپ، ۋىرگىنىيە ئىشتاتىنىڭ ھاپاس كېچىگىگە ھۇجۇم قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ قورال-ياراق ئامبىرىنى ئىشغال قىلدۇ. ئالاقزادە بولۇپ قالغان قۇلدارلار كۈچ توپلاپ ئۇلارغا قايتىدىن ئېتىلىپ بېرىپ، جون برائۇن ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنى قورال-ياراق ئامبىرىغا قاپسىۋالدۇ. جون برائۇن ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى دۈشمەن كۈچى كۆپ بولغان ئەھۋال ئاستىدا، قۇربان بولۇشتىن قورقماي، كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردۇ، ئىككى كېچە-كۈندۈز قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئاخىرى يارىدار بولۇپ قولغا چۈشىدۇ. جون برائۇن قۇربان بولۇش ئالدىدا يەر-جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان ۋەسىيەتنى يېزىپ، كونا تۈزۈمگە قەھرىمانلارچە جەڭ ئېلان قىلىدۇ: "مەن، جون برائۇن، ئەمدى قەتئىي ئىشىنىمەنكى، قاتمۇ-قات جىنايەتكە بوغۇلغان بۇ ئەلنىڭ چىركىدىن ئاشقان جىنايەتلىرىنى پەقەت ئىسسىق قان بىلەنلا يۇيۇش مۇمكىن". جون برائۇن قوزغىلىڭى زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى، ئۇ قۇلدارلار ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەركىزىي رايونغا گويا ئۆتكۈر خەنجەر بولۇپ قادالدى، نېگىرلار ئازاتلىق كۈرىشى ۋە قۇللۇق تۈزۈمنى بىكار قىلىش ھەركىتىنىڭ يەنىمۇ قانات يېيىشىغا ئىلھام ۋە تۈرتكە بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە قۇللۇق تۈزۈمنى قوراللىق كۈرەش بىلەنلا يوقاتقىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. ماركس بۇ قوزغىلاڭغا يۇقىرى باھا بەردى، ئۇ 1860-يىلى مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "بۈگۈنكى دۇنيادا بولۇۋاتقان ئەڭ زور ۋەقە شۇكى، بىرى، ئامېرىكىدا جون برائۇننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن باشلانغان قۇللار ھەركىتى، يەنە بىرى، روسىيە يانچىلار ھەركىتى"①.

① «ماركسنىڭ ئېنگېلسقا يازغان خېتى (1860-يىل 1-ئاينىڭ 11-

**جەنۇپ بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش** 19 - ئەسىر-نىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، ئىشچىلارنىڭ قۇللۇق تۈزۈمگە قارشى كۈرىشى، دېھقانلارنىڭ يەرنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشى، نېگىر قۇللارنىڭ ئەركىنلىك ۋە يەرنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشى، سانائەت بۇرژۇئازىيىسى بىلەن قۇلدارلارنىڭ غەرىپتىكى يەرلەرنى ۋە دۆلەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى تالىشىش كۈرىشى كۈندىن-كۈنگە كەسكىنلەشتى. بۇنىڭ ئارقىسىدا جەنۇپ بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدىكى ھەربىي توقۇنۇشتىن خالىي بولۇش مۇمكىن بولماي قالدى. ماركس جەنۇپ بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنىڭ پارتلاش سەۋەپلىرى-نى چوڭقۇر ھالدا مۇنداق كۆرسىتىپ بەردى: "ھازىر جەنۇپ بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان كۈرەش باشقا نەرسە ئەمەس، بەلكى ئىككى خىل ئىجتىمائىي تۈزۈم يەنى قۇللۇق تۈزۈم بىلەن ئەركىن ئەمگەك تۈزۈمى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتىن ئىبارەت. بۇ كۈرەش شۇنىڭ ئۈچۈن پارتلىدىكى، بۇ ئىككى خىل تۈزۈمنىڭ شىمالىي ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىدا تىنچ بىللە تۇرۇشى ئەمدى مۇمكىن بولماي قالدى. ئۇ ئىككى تۈزۈمدىن بىرىنىڭ غەلىبە قىلىشى بىلەن ئاياقلىشىدۇ، خالاس."①

1860-يىل 11-ئايدا، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ نامزاتى بولغان لىنكولن (1809—1865) خەلقنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا زۇڭتۇڭلۇققا سايلاندى.

---

كۈنى)»، «ماركس-ئېنگېلس ئامېرىكىدىكى ئىچكى ئۇرۇش توغرىسىدا»، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1955-يىل خەنزۇچە نەشرى، 205-بەت.

① ماركس. «ئامېرىكىدىكى ئىچكى ئۇرۇش». «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 15-توم، 365-بەت.



لىنكولن

لىنكولن دىخان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، قۇللۇق تۈزۈمىنى چەكلەش ۋە پەيدىن-پەي بىكار قىلىشنى ئاكتىپ تەشەببۇس قىلىش بىلەن داڭ چىقارغان، ئىلغار بۇرژۇئا ئىنقىلابچىسى ئىدى. ئامېرىكا ئاساسىي قانۇنى بويىچە، لىنكولن ياندۇرقى يىلى 3-ئايدا خىزمەتكە كىرىشەتتى. جەنۇپتىكى قۇلدارلار جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈشىدىن قورقۇپ، بولغۇنچىلىك پەيدا قىلىپ، ئىسيان كۆتىرىشكە كىرىشتى. جەنۇبىي كارولىنا قاتارلىق 11 ئىشتات① ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ قوشما ئىشتاتلار ھۆكۈمىتىدىن چېكىنىپ چىققانلىقىنى جاكالاپ، 1861-يىل 2-ئايدا جەنۇبىي ئىتتىپاقنى تەشكىل قىلىپ، ئايرىم زۇڭتۇڭ تىكلىدى. لىنكولن خىزمەتكە كىرىشكەندىن كېيىن، قۇلدارلار بىلەن ئەپلىشىپ قېلىشقا ھەرىكەت قىلىپ كۆردى، لېكىن ئاللىبۇرۇنلا ئىسيان كۆتىرىش

① ئىسيانغا قاتناشقان 11 ئىشتات: جەنۇبىي كارولىنا، دژوردژىيا، ئالاباما، فلورىدا، مىسسىسىپى، لۇئىسىئانا، تېكساس، ۋىرگىنىيە، ئاكېنسى، شىمالىي كارولىنا ۋە تېناس.

uyghurkitap.com

قەستىدە بولغان قۇلدارلار ئۇنىڭغا پىسەنت قىلمايلا قالماستىن، بەلكى قىلىچنى كۈنتەرتىپكە قويدى. 4-ئاينىڭ 12-14-كۈنلىرى جەنۇبنىڭ ئەسكەرلىرى، ئالدى بىلەن، ھۆكۈمەت ئارمىيىسى قوغداپ تۇرغان ئامد قورۇلىنى توپقا تۇتتى ۋە ئىشغال قىلىۋالدى. 4-ئاينىڭ 15-كۈنى لىنكولن جەنۇبىي ئىتتىپاققا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىپ، ئامېرىكا خەلقىنى قوشما ئىشتاتلارنىڭ بىرلىكى ئۈچۈن جەڭ قىلىشقا چاقىردى.

ئۇرۇش باشلانغاندا، شىمالدا 23 ئىشتات، 22 مىليون ئاھالە، تەرەققىي تاپقان سانائەت، مول ئاشلىق ۋە تولۇپ تۇرغان ئەسكىرىي كۈچ بار ئىدى؛ جەنۇبىي ئىتتىپاقتا ئاران 11 ئىشتات، 9 مىليون ئاھالە بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە نېگىر قۇللار 4 مىليوننى ئىگەللەيتتى، ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچى ۋە مالىيە كۈچىنىڭ ھالى چاغلىق ئىدى. بولۇپمۇ مۇھىمى شىمالنىڭ ئېلىپ بېرىۋاتقىنى قۇللۇق تۈزۈمگە قارشى ھەققانىي ئۇرۇش بولۇپ، ئۇ ئىشچىلار، ئەركىن دېھقانلار، نېگىرلار ۋە بۇرژۇئازىيىنىڭ قوللىشىغا ئىگە ئىدى؛ جەنۇبىي ئىتتىپاقنىڭ ئېلىپ بېرىۋاتقىنى بولسا قۇللۇق تۈزۈمنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىشنى مەقسەت قىلغان ھەققانىيەتسىز ئۇرۇش ئىدى، شۇڭا ئۇ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى.

ئەمما ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى ئىككى يىلىدا جەنۇبتىكى قۇلدارلار-نىڭ ئىسيانچى ئارمىيىسى قىسمەن غەلىبىگە ئىگە بولدى. 1861-يىل 7-ئايدا مانازاس ئەتراپىدا بولغان جەڭدە شىمال ئارمىيىسى مەغلۇپ بولۇپ، پايتەخت ۋاشىنگتون قولدىن كەتكىلى تاس-تاس قالدى. 1862-يىلى، گېنېرال گرانت يېتەكچىلىكىدىكى شىمال

ئارمىيىسى غەرىپتىكى جەڭ مەيدانلىرىدا بىرقانچە قېتىم غەلىبىلىك جەڭ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن شەرقتىكى ئاساسىي جەڭ مەيدانلىرىدا ئارقا-ئارقىدىن يېڭىلىش بولدى. شۇ يىلى 8-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا مانازاس ئەتراپىدا ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا بولغان يەنە بىر جەڭدە شىمال ئارمىيىسى يەنە مەغلۇپ بولۇپ شىمالغا چېكىندى. شىمال ئارمىيىسىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى سەۋەپ، جەنۇپتىكى ئىسيان كۆتەرگەن ئىشتاتلار بۇرۇنلا ئۇرۇش تەييارلىقىنى قىلىۋالغان ھەمدە ئەنگلىيە ۋە فرانسىيىنىڭ ياردىمىگە ئېگە بولۇپ، ھەربىي جەھەتتە ۋاقتىنچە ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىۋالغاندىن باشقا، ئاساسلىقى بۇرژۇئازىيە ئىنقىلاۋىي يول بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى خالىمىغان ئىدى، لىنكولن ھۆكۈمىتى جەنۇپ بىلەن ئىقتىسادىي ئالاقىسى بولغان بىر قىسىم چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش ئەمەس، قوشما ئىشتاتلارنىڭ بىرلىكىنىلا ئىستەپ، ئارسالدىلىق، مۇرەسسەچىلىك سىياسىتىنى ئىجرا قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنقىلاۋىي ئاكتىپلىقىنى مەلۇم دەرىجىدە بېسىپ قويغان، شۇنىڭ بىلەن ئەكسىلئىنقىلاپچىلارنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈپ قويغان ئىدى. ئەكسىلئىنقىلاۋىي بۇرژۇئا ئۇنسۇرلار ئارقا سەپتە ئىشنى ئاقسىتىپ قويىدىغان ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ھەرىكەتلەرنى ئۇيۇشتۇردى؛ چوڭ سودىگەرلەر ئاشلىق ۋە ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى يوشۇرۇن ھالدا جەنۇپقا توشىدى، ھەتتا ئەكسىلئىنقىلاۋىي نامايىشلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش تەرەپدارلىرىنى ئوچۇقتىن-ئوچۇق ھاقارەتلىدى. بولۇپمۇ ئېغىرى شۇكى، شىمالدىكى ئارمىيىگە، ھەتتا ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى قىسمىغا قۇلدارلارنىڭ نۇرغۇن جاسۇسلىرى سوقۇنۇپ كىرىۋالغان ئىدى.

شىمال ئارمىيىسىنىڭ ماناژاس ئەتراپىدىكى جەڭدە يېڭىلىپ شىمالغا چېكىنگەنلىكى ۋە باشقا جەڭلەردىكى مەغلۇبىيىتى مەملىكەت بويىچە غاۋغا قوزغىدى. خەلقنىڭ نارازىلىق كەيپىياتى ئۇلغايدى. نيۇ-يورك ۋە باشقا شەھەرلەردە ئاممىۋى خاراكتېرلىق نامايىش كوتىرىلدى. ئىشچىلار، دېھقانلار ۋە ئۇششاق بۇرژۇئا زىيالىيلىرى ھوكۇمەتتىن ئارمىيە ۋە دولەت ئورگانلىرىدىكى ئىشنى ئاقسىتىپ قويغۇچىلار ھەم ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاشنى، نېگىر قۇللارنى دەرھال ئازات قىلىشنى، يەرلەرنى نامرات دېھقانلارغا ھەقسىز بولۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

ياۋروپا پرولېتارىياتىنىڭ ھەركەتكە كېلىپ، ئەنگلىيە، فرانسىيە ھوكۇمەتلىرىنىڭ ئامېرىكىدىكى ئىچكى ئۇرۇشقا ئارىلىشىش، قۇلدارلارنىڭ ئىسيانىنى قوللاش يولىدىكى ھەربى ھەركىتىنى توستى. 1861-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئەنگلىيە ئىشچىلار سىنىپى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئامېرىكىنىڭ شىمالىدىكى كۈرەشكە مەدەت بېرىش ھەركىتى ۋە يىغىلىشلىرىنى قوزغىدى، ئەنگلىيە ھوكۇمىتىنى، قولۇڭنى تارت، بولمىسا ئومۇمى ئىش تاشلاش ھەركىتىنى قوزغايمىز، دەپ ئاگاھلاندۇردى. ئەنگلىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىنتېرناتسىونالىزىملىق ھەركىتى ئەنگلىيە ھوكۇمىتىنىڭ قوراللىق ئارىلىشىش پىلانىنى مەغلۇپ قىلدى. ماركس بىلەن ئېنگېلس قوراللىق ئارىلىششقا قارشى كۈرەشنى پائال ئېلىپ باردى، ئۇلار ئەنگلىيە، فرانسىيە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ساختا قىياپىتى ۋە تاجاۋۇزچىلىق نىيىتىنى ئېچىپ تاشلىدى. 1861-ۋە 1862-يىللىرى ئىككى يىل ئىچىدە ماركس «نيۇ-يورك كۈنلۈك مۇنبەر گېزىتى» ۋە ۋېنادا چىقىدىغان «ئاخبارات» گېزىتىدە 40 نەچچە پارچە ماقالا ئېلان قىلىپ، ئامېرىكىدىكى

ئىچكى ئۇرۇشنىڭ خاراكتېرى ۋە تەرەققىياتىنى شەرھىلەپ بەردى، تەرەققىپەرۋەر كۈچلەرنى قۇللۇق تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدى، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە ئىنقىلاۋىي يول بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى تەكلىپ قىلدى.

ئالدىنقى سەپتىكى يېڭىلىش، ئارقا سەپتىكى ئاممىۋى ھەركەتنىڭ ئۆلغىيىشى ۋە چەتئەللەرنىڭ قوراللىق ئارىلىشىش تەھدىتى لىنكولن ھۆكۈمىتىنى مۇرەسسەچىلىك سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئىنقىلاۋىي خاراكتېرغا ئىگە دېموكراتىك تەدبىرلەرنى كورۇشكە مەجبۇر قىلدى.

1862 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ھۆكۈمەت «يەر ـ جاي قانۇنى» نى ئېلان قىلدى. بۇ قانۇندا ھەرقانداق ئادەم 10 ئامېرىكا دوللىرى ھەقۋىدا گۇۋاھنامە ھەققى تاپشۇرسىلا 160 ئىنگلىز موسى (65 گېكتارغا تەڭ) يەرگە ئىگە بولىدىغانلىقى، بۇ يەردە 5 يىل تېرىقچىلىق قىلغاندىن كېيىن شۇ يەرنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالىدىغانلىقى بەلگىلەندى. «يەر ـ جاي قانۇنى» ئورغۇنلىغان ئۇششاق دېھقانلارنى يەرگە ئىگە قىلدى، كەڭ دېھقانلارنىڭ ئىنقىلاۋىي ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى. لېكىن ئۇ نېگىرلارنىڭ يەرگە بولغان تەلەۋىنى قاندۇرالماي، خۇسۇسىلارنىڭ غەرپتىكى يەرلەرنى ئەرزەن باھادا سېتىۋېلىشىغا يول قويدى، نەتىجىدە يەر ھايانكەشلىرى بۇ قانۇندىن پايدىلىنىپ، ئۇششاق دېھقانلارغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ يەرگە ئىگە بولىۋالدى.

9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى «ئازاتلىق خىتابنامىسى» جاكالاندى، ئۇنىڭدا 1863 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، ھەرقايسى ئىسيان كۆتەرگەن ئىشتاتلاردىكى قۇللارنىڭ ئەركىن كىشىلەر دەپ قارىلىدىغانلىقى، قوشما ئىشتاتلار ئارمىيىسىگە قاتناشسا بولىدىغانلىقى

بەلگىلەندى.

ئۇنىڭدىن تاشقىرى، لىنكولن يەنە ئەكسىلئىنقىلابنى باستۇرۇش ۋە ئارمىيىنى تەرتىپكە سېلىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللاندى. بۇ تەدبىرلەر خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنقىلاۋىي ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى، ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە تۈپ ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى، شۇنىڭ بىلەن شىمالدىكى قوشما ئىشتاتلارنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى ئاخىرقى غەلىبە-سىگە كاپالەتلىك قىلىندى.

جەنۇبتىكى قۇلدارلارنىڭ ئىسيانىنى تارمار قىلىش يولىدىكى ھەربىي كۈرەشتە، ئىشچىلار، دېھقانلار ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. ئامېرىكا ئىشچىلار سىنىپى ئەكسىيەتچىل قۇللۇق تۈزۈمىنى يوقىتىش ئۈچۈن، دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ ئىنقىلاپ مېۋىسىنى قوغداش ئۈچۈن، ئارمىيىگە قىزغىن قاتناشتى. شىمال ئارمىيىسىدىكى ھەر مىڭ ئەس-كەر ئىچىدە 421 ئىشچى، 487 دېھقان بار ئىدى. ۋېيدېمېيېر ۋە ئۇنىڭ نۇرغۇن سەپداشلىرى قوشما ئىشتاتلار ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ، مىسسۇرىنى قوغداش جېڭىدە جەنۇب ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمىنى نۇرغۇن قېتىم مەغلۇپ قىلىپ، ئاجايىپ تۆھپىلەرنى قوشتى.

نېگىرلارمۇ جەنۇبتىكى قۇلدارلارغا قارشى كۈرەشتە ناھايىتى زور رول ئوينىدى. «ئازاتلىق خىتاپنامىسى» جاكالانغاندىن كېيىن، شىمال ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ ئۇرۇش قىلغان نېگىر قۇللار 186 مىڭ بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە 134 مىڭى جەنۇبتىكى ئىشتاتلاردىن كەلگەن ئىدى. 500 مىڭ نېگىر قۇل ئېكىنزارلىقلاردىن قېچىپ كېتىپ، جەنۇبنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا كۈچلۈك ھالدا بۇزغۇنچىلىق قىلدى. نۇرغۇن نېگىرلار ئىسيان كۆتۈرۈلگەن جايلارنىڭ ئارقا سېپىدە قوز-غىلاڭ كۆتۈرۈپ، پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى قانات يايدۇرۇپ،



www.uyghurkitap.com

قولدارلارنى ئەسكىرىي كۈچى يېتىشمەيۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا نېگىرلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى قالدۇرۇپ قېلىشقا مەجبۇر قىلدى. نېگىرلار ئۇرۇشتا ناھايىتى باتۇرلۇق كۆرسەتتى، ھەر 3 نېگىر ئەسكەردىن بىرى ئازاتلىق ئىشى ئۈچۈن ھاياتىنى قۇربان قىلدى. "يەر ئاستى تۆمۈريول" نىڭ خىزمەتچىسى تابمىن — زېرەك، باتۇر نېگىر ئايال جەڭچى، ئۇ شىمال ئارمىيىسىنىڭ رازۋېدچىكى بولۇپ، بىرنەچچە قېتىم جەنۇب ئارمىيىسىنىڭ ئارقا سېپىگە ئۆتۈپ، نۇرغۇن قىممەتلىك ئاخباراتلارنى توپلىغان. بىر قېتىم ئۇ بىر قوشۇننى باشلاپ جەنۇب ئارمىيىسىنىڭ ئارقا سېپىدە بىرنەچچە مىليون سوملۇق قىممەتكە ئىگە قورال-ياراق ئامبىرىنى ۋە پاختا ئامبىرىنى پارتلاتتى. قولدارلارنىڭ نۇرغۇن ئېكىنزارلىقلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى ھەمدە 800 دىن ئارتۇق نېگىر قۇلنى ئېلىپ چىقتى.

1863-يىل يازدا شىمال ئارمىيىسى قايتۇرما ھۇجۇم باشلىدى. 1864-يىل ئەتىيازدا شېرمان جياڭجۈن بۇيرۇقىغا بىنائەن، جەنۇب ئىتتىپاقى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايوننىڭ مەركىزىگە ئۇشتۇمتۇت كىرىپ جەڭ قىلدى؛ شېرمان يېتەكچىلىكىدىكى شىمال ئارمىيىسى ئىسيانچىلار ئارمىيىسىنىڭ قارشىلىقىنى تارمار قىلىپ، دژوردژىيا ئىشتاتىنىڭ مەركىزى بولغان ئاتلانتىنى ۋە باشقا مۇھىم تايانچ بازىلارنى ئىشغال قىلدى. جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي جەنۇب رايونى بىلەن ئۇنىڭغا ئاشلىق يەتكۈزۈپ بېرىدىغان غەربىي جەنۇب رايونى ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش جان تومۇرىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. 1865-يىل 3-ئايدا شېرمان قىسىملىرى جەنۇبىي كارولىنانىڭ كۆپ قىسمىنى ئىشغال قىلدى ھەمدە شىمالىي كارولىنانىڭ مەركىزىگە

www.uyghurkitap.com

قاراپ ئىلگىرىلىدى. 1865-يىل 4-ئاينىڭ 5-كۈنى شىمال ئارمىيىسى ئەكسىلئىنقىلاپنىڭ تۈۋرۈكى بولغان رىچموندنى ئىشغال قىلدى. 4-ئاينىڭ 9-كۈنى جەنۇپ ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى لى جياڭ-جۈن شىمال ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى گرانت جياڭجۈنگە تەسلىم بولدى. 4 يىل داۋام قىلغان جەنۇپ بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش شىمالنىڭ تولۇق غەلىبە قىلىشى بىلەن ئاياقلاشتى.

قۇلدارلارنىڭ ئىسيانىنى تارمار قىلىش كۈرىشىنىڭ غەلىبىسى لىنكولننىڭ ئىناۋىتىنى ئۆستۈردى. 1864-يىل 11-ئايدا ئۇ يەنە بىر قېتىم زۇڭتۇڭلۇققا سايلاندى. مەغلۇپ قىلىنغان قۇلدارلار ئۆز-لىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، جاسۇس (ئەرتىس بۇت) ئەۋەتىپ، 1865-يىل 4-ئاينىڭ 14-كۈنى تىياتىرخانىدا لىنكولننى ئېتىپ ئۆلتۈردى. لىنكولن ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەكسى-يەتچىلەر تارىخ چاقىنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توسىيالمىدى. ئىچكى ئۇرۇشتىن كېيىن "جەنۇپنى يېڭىۋاشتىن گۈللەندۈرۈش"① كۈرىشىدە، كاپىتالىزىم تۈزۈمى ئاخىرى چىرىك قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ ئورنىنى

---

① 1867-يىل 3-ئايدا ئامېرىكا پارلامېنتى جەنۇپنى يېڭىۋاشتىن گۈللەن-دۈرۈش قانۇنىنى ماقۇللىدى، ئىسيان كۆتەرگەن ئىشتاتلارغا قارىتا ھەربى ئىشغالىيەت يولغا قويۇلدى، جەنۇپنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى بۇرژۇئازىيە پىرىنسىپى بويىچە ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىندى. بۇ مەزگىلدە نېگىرلار "40 مو يەر ۋە بىر قېچىر" تەلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇرغۇن جايلاردىكى نېگىرلار قوزغىلىپ ئېكىنزارلىق ئىگىلىرىنىڭ يەرلىرىنى تارتىۋالدى ھەمدە دېموكراتىك ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشقا ئاكتىپ قاتناشتى. شىمالدىكى بۇرژۇئازىيە بولسا ئىسيان كۆتەرگەن كاتتىۋاشلارغا قارىتا چوڭ كەچۈرۈم قىلىشنى يولغا قويدى، ئۇلار-نىڭ يەرگە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقىنى مەھرۇم قىلمىدى، نەتىجىدە تۆنۇ-

ئالدى.

جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ئامېرىكا تارىخىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى بولدى. شىمالدىكى بۇرژۇئازىيە ئىشچىلار، دېھقانلار ۋە نېگىرلارنىڭ ئىنقىلاۋىي كۈچىگە تايىنىپ، قۇلدارلارنىڭ سىياسى كۈچىنى بىتچىت قىلدى، جەنۇبتىكى قۇللۇق تۈزۈمىنى يوقاتتى، نېگىرلارنى ئازات قىلدى، شۇنداق قىلىپ ھاكىمىيەتنى سانائەت بۇرژۇئازىيىسىنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈپ، كاپىتالىزىمنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئەرزەن ئەمگەك كۈچى، كەڭ بازار، خام ئەشيا زىمىنى ۋە مەبلەغ ماكانى ھازىرلاپ بەردى. يەر-جاي قانۇنى نۇرغۇنلىغان ئۇششاق دېھقانلارنى يەرگە ئىگە قىلدى، لېكىن بۇرژۇئازىيە ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، تۆمۈريول شىركەتلىرى ۋە باشقا ھايانكەشلىك تەشكىلاتلىرى ئارقىلىق، دېھقانلارغا قارىغاندا 4 ھەسسە ئارتۇق يەرگە ئىگە بولۇۋالدى. ئۇلار ئىگە بولغان يەرلىرىنى يا كىچىك پارچىلارغا بۆلۈپ يۇقۇرى باھادا ساتتى، يا بىۋاستە كاپىتالىستىك چوڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى ئۇيۇشتۇردى. يەر-جاي قانۇنىغا ئاساسەن يەرگە ئىگە بولغان دېھقان-

گۆنكى نۇرغۇنلىغان قۇلدارلار بۇرژۇئا ئېكىنزارلىق ئىگىلىرىگە ئايلاندى، يەرگە ئىگە بولالمىغان نېگىرلار ئۇلارنىڭ ئىجارىكەشلىرى بولۇپ، ئۈلۈشلۈك تۈزۈمى شەكلىدە پومىشچىكلارغا يەر ئىجارىسى تاپشۇرىدىغان بولدى. ئىلگىرىكى قۇل-دارلار ھەتتا ئەكسىيەتچى K.K.K پارتىيىسى باندىتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، نېگىرلارغا دەھشەتلىك تۈردە زىيانكەشلىك قىلدى، 1877-يىلى قوشما ئىشتاتلار ئارمىيىسى جەنۇبتىكى ئىشتاتلاردىن چىقىپ كەتتى. يېڭىۋاشتىن گۈللەندۈرۈش ئىشى نېگىرلارنىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىش، چوڭ بۇرژۇئازىيە بىلەن ئېكىنزارلىق ئىگىلىرىنىڭ يېڭى مۇرەسسەسىنى ئورنىتىش بىلەن ئاياقلاشتى.

www.uyghurkitap.com

لاردا تېزلا بولۇنۇش پەيدا بولدى، ئاز ساندىكىلىرى يېزا ئىگىلىك كاپىتالىستلىرى بولۇپ كۆتىرىلدى، كۆپ قىسمى نامراتلىقتىن ۋەيران بولۇپ، ئىجارىكەش دېھقانغا، ئەمگەك كۈچىنى ساتىدىغان يېزا ئىگىلىك ئىشچىلىرىغا ئايلاندى. مۇشۇ ئاساستا، ئامېرىكىنىڭ كاپىتالىستىك يېزا ئىگىلىكى تېزرەك سۈرئەت بىلەن ئالغا قاراپ راۋاجلاندى. جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ كاپىتالىستىك ئىگىلىكى تېز راۋاجلاندى، 1894 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ئەنگلىيىنىڭكىگە يېتىشىپ ۋە ئۇنىڭدىن ئېشىپ چۈشۈپ، دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇننى ئىگەللىدى.

پرولېتارىيات ئىنقىلاۋىي ئۇستازلىرى ئامېرىكىدىكى جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشقا ناھايىتى يۇقىرى باھا بەردى. ماركس: "18 ـ ئەسىردە ئامېرىكىدا بولۇپ ئۆتكەن مۇستەقىللىق ئۇرۇشى ياۋروپا ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيىسى ئۈچۈن سىگنال بولغىنىغا ئوخشاش، 19 ـ ئەسىردە ئامېرىكىنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالى ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇشمۇ ياۋروپا ئىشچىلار سىنىپى ئۈچۈن سىگنال بولدى"① دەپ كۆرسەتتى. لېنىن، جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش "ئىنتايىن ئۇلۇغ، ئالەمشۇمۇل تارىخىي خاراكتېرلىق، ئىلغار ۋە ئىنقىلاۋىي ئەھمىيەتكە ئىگە"② دەپ ھىساپلىدى.

---

① ماركس، «كاپىتال»، 1 ـ توم، 1 ـ نەشرىگە سۆز بېشى. «ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1981 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 2 ـ توم، 352 ـ بەت.

② لېنىن، «ئامېرىكا ئىشچىلىرىغا خەت». «لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى»، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1972 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 3 ـ توم، 593 ـ بەت.

ئەمما جەنۇپ بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش بارلىق بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىغا خاس چەكلىمىلىك ۋە ئۇزۇل-كېسىلسىزلىككىمۇ ئىگە ئىدى. بۇرژۇئا ھوكۇمىتى ئىچكى ئۇرۇشتىن كېيىن قۇلدارلارنىڭ يەرگە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقىنى مەھرۇم قىلمىدى، ئۇلارنىڭ نېگىرلارنى ئۇلۇشلۇك تۈزۈم شەكلى بىلەن يېڭىۋاشتىن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىغا سۈكۈت قىلدى. بۇرژۇئازىيە ئوزىنىڭ ھوكۇمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملىۋالغان ۋە جەنۇپنى ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىزگىنلىۋالغاندىن كېيىن، جەنۇپ بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنىڭ ئىنقىلاۋىي پىرىنسىپلىرىغا شەرمەندىلىك بىلەن ئاسىلىق قىلدى، نېگىرلارنىڭ يەرگە بولغان جىددى تەلىۋىگە ئېتىۋارسىز قاراش بىلەنلا قالماي، بەلكى نېگىرلارغا قارىتا داۋاملىق تۈردە ئىرقى كەمسىتىش ۋە سىنىپىي زۇلۇمنى يولغا قويۇپ، نېگىرلار مەسىلىسىنى ئامېرىكا جەمئىيىتىدىكى بىر جىددى مەسىلىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى، بۇ مەسىلە تا ھازىرغىچە ھەل بولماي كەلدى.

## 3-بولۇم ياپونىيىدىكى مىيجى يېڭىلىقى

**بۇرژۇئا ئىسلاھاتى ھارپىسىدىكى ياپونىيىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئەھۋالى** 18-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، ياپونىيىنىڭ فېئوداللىق جەمئىيىتى پارچىلىنىشقا باشلىدى. سودا كاپىتالى يېزىلارغا سىڭىپ كىرىپ، ئوزىنى ئوزى تەمىنلەيدىغان ناتورال ئىگىلىكنى بۇزدى. سودىگەرلەر "پاختىغا تېگىشىش"① ۋە "ماشىنا

① "پاختىغا تېگىشىش"تە، سودىگەرلەر ساپ پاختا بېرەتتى، دېخانلار

www.uyghurkitap.com

چىقىرىش"① قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن دېخانلارنىڭ ئائىلە قول سانائىتىنى تىزگىنلىدى. بەزى كاپىتالىستلار دەسمايە سېلىپ نامرات دېخان ئاياللىرىنى — "توقۇمىچى ئاياللار"نى يىغىپ، ئىش تەقسىماتىنى ئاساس قىلغان قول سانائەت ئىشخانىلىرىنى قۇردى. ئۇ چاغدا سودىگەرلەر قۇرغان قول سانائەت ئىشخانىلىرىدىن باشقا، يەنە بارگاھ ۋە ۋىسالىلار قۇرغان قول سانائەت ئىشخانىلىرىمۇ بار ئىدى. ياپونىيىنىڭ ئىپەك توقۇمىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولۇپ، 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئەسلىدىكى ئىپەك توقۇمىچىلىقىنىڭ مەركىزى بولغان جىڭدۇنىڭ غەربىدىن باشقا، يېڭى ئىپەك توقۇمىچىلىق مەركەزلىرى مەيدانغا كەلدى، مەسىلەن، گۈەندۇڭدىكى تۇڭشېڭ، ئاۋيۇي، يۇيخۇ، مېينۇڭ قاتارلىق ناھىيىلەردىكى بەزى جايلاردىمۇ ئىپەك توقۇمىچىلىقى راۋاجلىنىپ، ئىپەك توقۇمىچىلىق ئىشخانىلىرى قۇرۇلدى. 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، پاختا توقۇمىچىلىقىنىڭ مەركىزى بولغان زۇلىدا قول سانائەت ئىشخانىلىرى خېلى تەرەققىي تاپقان بولۇپ، ھەر بىر ئىشخانىدا 40—50 دىن ھەتتا 100—200 دىن توقۇمىچىلىق ماشىنىسى بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە قەغەز، ياغ، ھاراق، شېكەر، جىياڭيۇ، پار-پۇر قاچا قاتارلىقلارنى ئىشلەيدىغان قول سانائەت ئىشخانىلىرى قۇرۇلدى.

---

ئائىلىسىدە يىپ قىلىپ ئىگىرەتتى ياكى پاختا رەخت توقۇيتتى. سودىگەرلەر پۈتكەن مەھسۇلاتقا قاراپ نەق پۇل بېرەتتى ياكى بىر قىسىم مەھسۇلاتنى ئىش ھەققى ئورنىدا بېرەتتى.

① "ماشىنا چىقىرىش"تا، سودىگەرلەر دېخانلارغا پاختا يىپ ياكى توقۇش ماشىنىسى بېرەتتى، توقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن مەھسۇلاتنىڭ سانىغا قاراپ ئىش ھەققى بېرەتتى.

1854-يىلى، ياپونىيە بويىچە 10 دىن ئارتۇق ئادەم ياللاپ ئىشلىتىدىغان قول سانائەت ئىشخانىسىدىن تەخمىنەن 300 ى بار ئىدى. 1854 — 1867-يىللىرى ئىچىدە يېڭىدىن يۈزدىن ئارتۇق ئىشخانا قۇرۇلدى. لېكىن بارگاھ ئۇزاق ۋاقىت تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى چەك-لەش سىياسىتىنى ئىجرا قىلدى، 19-ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىدىن كېيىن، يېزىلاردىن "توقۇمىچى ئاياللار"نى ئېلىشنى مەنئى قىلدى، ئىجارىگە بېرىلىدىغان ماشىنىلارنىڭ سانىنى چەكلىدى، بۇيرۇق بىلەن دېخانلارنى يېزىغا قايتۇردى؛ جايلاردىكى چوڭ خوجىلار مەخسۇس سېتىشنى يولغا قويدى، بۇمۇ ياپونىيىدە كاپىتالىستىك سانائەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا تەسىر يەتكۈزدى. مېيجى يېڭىلىنىشىچە، ياپونىيىنىڭ قول سانائەت ئىشخانىلىرى ئىشلەپچىقىرىشتا تېخى ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگەللىمىگەن ئىدى.

سودا كاپىتالىنىڭ راۋاجلىنىشى فېئوداللىق خوجىلىق يەر مۈلۈكچى-لىكىنى بۇزدى ۋە سىنىپىي تۈزۈلمىدە ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. بارگاھ يەر سودىسىنى قايتا-قايتا قاتتىق مەنئى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن سودىگەرلەر ۋە جازانىخورلار يەرلەرنى قەرز ئۈچۈن گۆرۈگە ئېلىۋېلىپ مۇددىتى توشقاندا ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى. ياكى دېخانلارنى يىغىپ يېڭىدىن بوز يەر ئاچقۇزۇپ يېڭى يەر ئىگىلىگۈچىلەر يەنى يېڭىدىن گۈللەنگەن پومېشچىكلار بولۇۋالدى. بۇ پومېشچىكلار چوڭ خوجىلارغا ئوخشاش، دېخانلار ئۈستىدىن فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيىنى يۈر-گۈزدى، لېكىن قانۇن جەھەتتە تېخى يەرگە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولالمىدى.

سەركەردىلەر، چوڭ خوجىلار كەيپ-ساپالىق چىرىك تۇرمۇشقا بېرىلىپ كەتكەنلىكتىن، كىرىمى كۈندىن-كۈنگە يېتىشمەي، جازا-

نىخور سودىگەرلەردىن قەرز ئېلىشقا مەجبۇر بولىدى ۋە ئۇلارنىڭ ياساۋۇللۇق سالاھىيىتى ۋە نام-ئەمما ھوقۇقىنى پۇل بىلەن سېتىۋېلىشقا ھەتتا بەزىلىرىنىڭ ۋىسالاردىكى ھاكىمىيەتكە قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلىدى. سودىگەرلەرنىڭ سىياسىي ئورنى ۋە ئىجتىمائىي ئورنى زور دەرىجىدە ئۆسۈپ، سەنجىڭغا ئوخشاش كاتتا بايلار مەيدانغا كەلدى. ئۇلارنىڭ قولىغا تۇرغۇنلىغان ماددىي بايلىق توپلاندى. تۇرغۇنلىغان سودىگەرلەر ھەم يېڭىدىن گۈللەنگەن يومىشلىك، ھەم كارخانا ئىگىسى بولۇپ قالدى.

چوڭ خوجىلار تەرىپىدىن بېقىلغان ئوتتۇرا، تۆۋەن دەرىجىلىك ياساۋۇللار (ئۇلارنىڭ سانى 400 مىڭغا، ئائىلە تەۋەلىرى بىلەن قوشۇلۇپ تەخمىنەن 2 مىليونغا يېتىدۇ)، تەمىناتى ئازايتىلىپ ياكى ئېلىپ تاشلىنىپ، تۇرمۇشتا كۈندىن-كۈنگە قىيىنىلىدۇ، كۆپ ھاللاردا ئۆيدىكى پۈتۈن تەئەللۇقىنى گۆرۈگە قويۇپ بولىدۇ. بىرمۇنچە ياساۋۇللار كەسپىنى ئۆزگەرتىپ، ئوقۇتقۇچى، دوختۇر، ئۇششاق سودىگەر ۋە قول ھۈنەرۋەن بولىۋالىدۇ؛ بەزىلىرى سەرگەردان بولۇپ، ئالدامچىلىق، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدۇ؛ بىر قىسمى سودىگەرلەرگە ئاسراندا بولۇپ، سودا-سانائەتچىلەرگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. قىسقىسى، ياساۋۇللارنىڭ ئىمتىيازلىق ئورنىدا داۋالغۇش پەيدا بولۇپ، ئۇلار بۇ ھالەتتىن نارازى بولدى، قىسمەن تۆۋەن دەرىجىلىك ياساۋۇللار بۇ ھالەتنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلىشتى.

فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى دېھقانلار دارامىتىنىڭ 40 پىرسەنتىنى يىللىق ئولپان (فېئوداللىق يەر ئىجارىسى) ھېساۋىدا خوجىلارغا تۆلەيتتى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قوشۇمچە باج تاپشۇراتتى

ۋە باشقا فېوداللىق سىلىقلارنى ئۈستىگە ئالاتتى، شۇڭا تۇرمۇشى ئىنتايىن قىيىن ئىدى. چوڭ خوجىلار سودىگەرلەردىن ئالغان قەرزنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆسۈمىنى تولەش ئۈچۈن دېھقانلارنى تېخىمۇ قاتتىق ئەزدى، تىجارە ھەققىنى "ھوكۇمەتكە 5 ئۈلۈش، يۇقىراغا 5 ئۈلۈش" ياكى "ھوكۇمەتكە 6 ئۈلۈش، يۇقىراغا 4 ئۈلۈش" قىلىپ ئۆزگەرتتى، ياكى 1 ــ 2 يىللىق يەر تىجارىسىنى ئالدىن يىغىۋالدى. قىسمەن دېھقانلار يېرىنى گوروگە قويۇپ، ۋاقتى توشقاندا قەرزنى قايتۇرالماي ۋەيران بولدى، شۇنىڭ بىلەن تۇرغۇنلىغان يېرى قىس دېھقانلار ۋە تىجارەكەش دېھقانلار پەيدا بولدى. 18 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا ياپونىيىدە قاتتىق ئاچارچىلىق يۈز بەردى، ئاچارچىلىقتا قالغان خەلق ياۋا ئوت، دەرەخ قوۋزىقى، دەرەخ يىلتىزى، شال پاخىلى بىلەن جان باقتى. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، يالغۇز شەنتەي دېگەن يەردىكى بىر قېتىملىق ئاچارچىلىقتا ئاچ قېلىپ ۋە كېسەل بولۇپ ئۆلگەنلەر 300 مىڭغا يەتتى. دەھشەتلىك فېوداللىق ئېكىسپىلاتاتسىيە ئارقىسىدا يېزىلاردا ئاھالە ئازىيىپ كەتتى. بالا چۈشۈرۈۋېتىش، بوۋاق باللارنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ئەھۋاللىرى ئىنتايىن ئومۇمى يۈزلۈك بولدى. فېودالىق ئىگىلىكنىڭ پەيدىن ـ پەي يىمىرىلىشى كەڭ دېھقانلارنىڭ بېشىدىكى كۈلپەتنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى، بۇ ھال ئۇلارنىڭ كەسكىن قارشىلىق كورسىتىشىنى ئىلگىرى سۈردى. 1804 ــ 1843 ـ يىللىرى ياپونىيە دېھقانلىرى 320 قېتىم توپىلاڭ ۋە قوزغىلاڭ كوتىرىپ، بارگاھ ۋە چوڭ خوجىلارنىڭ ئەكسىيەتچىل ھوكۇمرانلىقىغا توغرىدىن ـ توغرا زەربە بەردى.

شەھەر كەمبەغەللىرىمۇ پات ـ پات توپىلاڭ ۋە قوزغىلاڭ كوتىرىپ، فېودال ھوكۇمرانلار، چوڭ سودىگەرلەر ۋە جازانىخورلارنىڭ

قاقتى-سوقتى قىلىشلىرىغا قارشى تۇردى. توپىلاڭلارغا كۆپ ھاللاردا ھايانكەش سودىگەرلەرنىڭ گۈرۈچ باھاسىنى ئۆستۈرۈشى سەۋەب بولاتتى، بۇ ياپونىيە تارىخىدا "گۈرۈچ توپىلىڭى" دەپ ئاتالدى. 1837-يىلى دايەن پىڭبالاڭ رەھبەرلىك قىلغان دابەن شەھەر خەلقىنىڭ توپىلىڭى 19-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا يۈز بەرگەن ئەڭ چوڭ گۈرۈچ توپىلىڭى بولدى. 1836-يىلى ياپونىيىدە يېڭى ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ، گۈرۈچ باھاسى ناھايىتى ئۆرلەپ كەتتى. بارگاھنىڭ دابەندە تۇرۇشلۇق ئاساسلىق ئەمەلدارلىرى ئىقتىسادىي ياردەم بېرىپ قۇتقۇزۇش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە مەككار سودىگەرلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، خەلققە زۇلۇم سالدى. تۆۋەن دەرىجىلىك ساقچى ئەمەلدارى بولغان دايەن پىڭبالاڭ كىتابلىرىنى سېتىپ كەمبەغەللەرگە قۇتقۇزۇش بەردى ھەمدە قوزغىلاڭ كۆتىرىش پىلانىنى تۈزۈپ، يېزا ۋە شەھەرلەردە تەشۋىق ۋاراقلىرىنى تارقىتىپ، باي سودىگەرلەرنى ئەيىبلىدى، خەلقنى بارگاھقا ۋە چوڭ سودىگەرلەرگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتىرىشكە چاقىردى. دايەن يېتەكچىلىكىدىكى شەھەر كەمبەغەللىرى گۈرۈچ دۇكانلىرىغا ۋە باي سودىگەرلەرنىڭ تۇرار جايلىرىغا بېسىپ كىرىپ ئاشلىقلارنى كەمبەغەللەرگە بۆلۈپ بەردى. دايەن رەھبەرلىكىدىكى قوزغىلاڭ بارگاھ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەركىزىي رايون بولغان، شۇ چاغدىكى جياڭخۇ، جىڭدۇ بىلەن بىرقاتاردا تۇرىدىغان 3 چوڭ مەركىزىي شەھەرنىڭ بىرى بولغان دابەندە بولدى، قوزغىلاڭچىلار ئاڭلىق تۈردە شەھەر كەمبەغەللىرى بىلەن دېھقانلارنىڭ بىرلىكتە ھەركەت قىلىشىنى قولغا كەلتۈردى، تەشۋىق ۋاراقلىرىدا دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش، بارگاھنى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىنى

يوقىتىشقا ئوخشاش فېئوداللىزىمغا قارشى شوئارلار قويۇلدى. دايەننىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، خېنىسى، بېيخۇ، شىجىن قاتارلىق جايلاردىكى دېھقانلار دايەننىڭ بايرىقىنى كۆتىرىپ، ئارقا-ئارقىدىن قوزغىلاڭ كۆتەردى، بۇ ھەركەتكە 80 مىڭ ئادەم قاتناشتى. دايەن رەھبەرلىك قىلغان قوزغىلاڭ گەرچە باستۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دېچۆەن بارگاھىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش سىگنالى بولدى.

1842-يىلى، جېجياڭ دېھقانلىرى قوزغىلاڭ كۆتىرىپ، بارگاھنىڭ يەرلەرنى يېڭىۋاشتىن ئولچەش ئۇسۇلى بىلەن دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى تارتىۋېلىشىغا قارشى تۇردى. بۇ قوزغىلاڭغا 40 مىڭ دېھقان قاتناشتى، ئۇ ناھايىتى ھەيۋەتلىك بولۇپ، بارگاھ ئەمەلدارلىرىنى يەرلەرنى ئولچەشنى 100مىڭ كۈن كېچىكتۈرۈشكە، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىن ۋازكېچىشكە مەجبۇر قىلدى، شۇنىڭ بىلەن كۈرەش غەلىبە قىلدى.



ياپونىيىدىكى جياڭخۇ خەلقى باي سودىگەرلەرنىڭ گۈرۈچ دۇكانلىرىغا ھۇجۇم قىلماقتا

www.uyghurkitap.com

دىخانلار قوزغىلىڭىنىڭ ۋە شەھەر كەمبەغەللىرى ھەركىتىنىڭ زەربىسى ئاستىدا، فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلار ئۆزلىرىنىڭ لىگىتىپ ئورۇلۇپ كېتەي دەپ قالغان ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىمەكچى بولدى، لېكىن ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى غەربىي جەنۇپ چوڭ خوجىلىرى بىلەن بارگاھ ئوتتۇرىسىدا، ۋىلايەتلەردىكى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرى ئوتتۇرىسىدا، كونىلىق تەرەپدارلىرى بىلەن يېڭىلىق تەرەپدارلىرىدىن ئىبارەت ئىككى خىل كۈچنىڭ كۈرىشى كېلىپ چىقتى.

غەربىي جەنۇپتىكى ۋىلايەتلار بىلەن بارگاھنىڭ كۈرىشى بارگاھ قۇرۇلغاندىن تارتىپلا بار ئىدى. تاۋار ئىگىلىگىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە بارگاھ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاجىزلىشىشقا ئەگىشىپ، بىر قىسىم كۈچلۈك ۋىلايەتلار كۈچلىرىنى توپلۇۋېلىپ، مەركەزنىڭ ھوقۇقىنى تالاشقىلى تۇردى. يېقىندىن گۈللەنگەن يومشاشىكلار ۋە سودىگەرلەر بىلەن زىچ ئالاقىسى بولغان ئوتتۇرا، تۆۋەن دەرىجىلىك ياساۋۇللار بارا-بارا چوڭ خوجىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇپ، ۋىلايەت ھاكىمىيىتىنى ئىزگىنلەيدىغان بولۇپ، چوڭ خوجىلار ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەيدىغان ئىسلاھاتلارنى يۈرگۈزدى.

ئەڭ ئاۋال ئىسلاھات ئېلىپ بارغان چاڭجۇ ۋىلايىتى (چاڭمىڭ دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ھازىرقى خىنجۇنىڭ شەنكۇ ناھىيىسى) تاۋار ئىگىلىگى بىرقەدەر تەرەققى تاپقان، سىنىپىي بولۇنۇش بىرقەدەر روشەن بولغان جاي ئىدى. 19-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدىن باشلاپ، ئۇ يەردە دىخانلار قوزغىلىڭى ۋە شەھەر ئاھالىسىنىڭ توپىلاڭلىرى ئۈزۈلمەي كۆتىرىلىپ تۇردى. 1831-يىلى يازدا، كەمبەغەل دىخانلار ۋە ئۆزئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دىخانلارنى ئاساس قىلغان دىخانلار

قوزغىلىڭى ۋە شەھەر ئاھالىسى توپىلىڭى بولدى. 1837-يىلى يەنە دايەن يىڭىبالاڭ قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى ئاستىدا قوزغىلاڭ كوتىرىلدى. ۋىسالدىكى يېڭىدىن گۈللەنگەن كۆچىلەرگە ۋەكالىلىك قىلىدىغان ئىسلاھاتچىلار بىلەن كونىلىقنى ساقلىغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا كەسكىن كۆرەش بولدى. 1838 — 1843-يىللار ئارىلىقىدا، چاڭجۇدىكى تۆۋەن دەرىجىلىك ياساۋۇللار، پومىششىكلار، سودىگەرلەر، باي دېخانلار ۋە ئوتتۇرا دېخانلارنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، ئاپەت بولغان يىللىرى ئىجارە بىلەن باجنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش، ياساۋۇللارنىڭ مەجبۇرىيىتىنى كەچۈرۈم قىلىش، تۆۋەن دەرىجىلىك ياساۋۇللارنى ۋىسال ھاكىمىيىتىگە قاتناشتۇرۇش، يېڭىچە مىلتىق-زەمبىرەكلەرنى قوللىنىش، غەربتىن ھەربىي تېخنىكا ۋە تەبىي پەن ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇرۇشقا ئوخشاش ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى يولغا قويدى. سامو، تۆزو، فېيچېيەنگە ئوخشاش ۋىساللاردىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئىسلاھاتلار بولدى. غەربىي جەنۇپتىكى ۋىساللاردا بولغان ئىسلاھات فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن قىلغان ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ھەركىتى ئىدى، ئۇ فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىغا چېقىلمىغان ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ-دىكى بەزى تەدبىرلەر كاپىتالىزىمنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولۇپ، ئوبيېكتىپ جەھەتتە مەلۇم ئىلغارلىققا ئىگە ئىدى. ئوتتۇرا، تۆۋەن دەرىجىلىك ياساۋۇللارنىڭ ئىسلاھات جەريانىدا ئورنى ئۆسۈپ، تەسىرى كېڭىيىپ، بارگاھ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى ئۈمىد قىلىشتى. سودىگەرلەر، پومىششىك قوشۇمچە كارخانا ئىگە-لىرىنىڭ بوغۇشىغا ئۇچرىغان ۋە كاپىتالىزىمنى ئاما قىلىدىغان بەزى تۆۋەن دەرىجىلىك ياساۋۇللارمۇ ئىسلاھاتنى تەلەپ قىلىشتى. ئۇلار

فېئوداللىق مەرتىۋە تۈزۈمىنى بىكار قىلىشنى تۆممەت قىلىشتى، سودا-سانائەتكە زۇلۇم سېلىش ۋە ئارىلىشىشقا قارشى تۇردى، ۋاسساللارنىڭ مەخسۇس سېتىش تۈزۈمىگە ۋە ئىمتىيازلىق سودىگەرلەرنىڭ ئىمتىيازىغا قارشى تۇردى، يەنى كاپىتالىزمنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا مېڭىشنى تەلەپ قىلدى.

ۋاسساللاردىكى ئىسلاھاتتىن باشقىچە بولغان، كونا كۈچلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بارگاھنىڭ "ئىسلاھاتى" ئەكسىيەتچىل خاراكتېرغا ئىگە ئىدى. بارگاھ 1841—1843-يىللىرى يۈرگۈزگەن ئىسلاھاتىدا كاپىتالىزىمنىڭ تەرەققىياتىنى توسۇشقا، چوڭ خوجىلار يۇقۇرى دەرىجىلىك ياساۋۇللارنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملەشكە ئۇرۇندى، مەسىلەن، خەلقنى باستۇرۇشنى كۈچەيتتى، سودىگەرلەردىن يۇقۇرى باج ئالدى، چوڭ خوجىلار ۋە يۇقۇرى دەرىجىلىك ياساۋۇللارنىڭ بارگاھقا بولغان قەرزلىرىنى يېنىكلەتتى ۋە كەچۈرۈم قىلدى، دېخانلارنىڭ شەھەرلەرگە كىرىشىنى مەنئى قىلدى. ياپونىيەنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان بۇنداق "ئىسلاھات" پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچراش بىلەنلا قالماي، قىسمەن چوڭ خوجىلار ۋە يۇقۇرى دەرىجىلىك ياساۋۇللارنىڭمۇ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى.

يۇقۇرىدىكى ئەھۋاللار شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ياپونىيىدىكى فېئوداللىق جەمىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈندىن-كۈنگە ئۆتكۈرلەشتى. بۇ ئاساسىي زىددىيەتنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سىنىپىي زىددىيەت ۋە سىنىپىي كۈرەشمۇ كۈندىن-كۈنگە كەسكىنلەشتى. تۈرلۈك ئىدىيىلەر ئاجايىپ

جائلىنىپ كەتتى، ياپونىيە خۇددى راۋاقسىز قاپلاپ بوران، كەلدى يامغۇر شەپىسى دىگەندەك ئەھۋالدا تۇراتتى.

دىمچۇەن بارگاھى ئىچكى جەھەتتىنمۇ تۇردە چىرىك. ئەكسىيەتچىل كۆڭۈزى-مىڭزى تەلىماتىدىن پايدىلىنىپ ئۆز ھوكۇمرانلىقىنى قوغدىدى. 18-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، ياپونىيىدە تۈرلۈك سىنىپلارنىڭ تەلەپلىرىنى ۋە ئىجتىمائى زىددىيەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن ھەر خىل مەزھەپلەر مەيدانغا كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەنئەلىق چاگىيى (18-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى) تەشەببۇس قىلغان ھەممە ئېكىسپلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمنى يوقىتىپ، ئۆزى تېرىقچىلىق قىلىپ ئۆزى ئىستىمال قىلىدىغان، ئۆزى رەخت توقۇپ ئۆزى ئىشلىتىدىغان "تەبىي دۇنيا"غا قايتىدىغان ئۇتوپىك ئىدىيە؛ گاۋىپ چاگىيىڭ (1808—1850) ۋە زوتىنىڭ شىنيۇەن (1769—1850) ۋەكىللىك قىلغان غەرپتىن پەن-تېخنىكا ئۆگىنىشنى، گوللاندىيىنى ئۈلگە قىلىپ ياپونىيىنىڭ قالاق ھالىتىنى ئۆزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلغۇچى ئېقىم؛ پادىشانى ئىززەتلەش-ئەجنەبىلەرنى چەتكە قېقىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان شۈيخۇ ئېقىمى بار ئىدى. ئۇرغۇن ئېقىملار كۆڭزى تەلىماتىنى تەنقىت قىلىشتى. بۇ ئىدىيىۋى ئېقىملار بارگاھنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە ئوخشاش بولمىغان روللارنى ئوينىدى.

**چەتئەل كاپىتالىنىڭ بېسىپ كىرىشى ۋە بارگاھنى ئاغدۇرۇش يولىدىكى ھەركەت** 19-ئەسىرنىڭ 40—50-يىللىرىدا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئامېرىكا قاتارلىق كاپىتالىستىك دۆلەتلەر يىراق شەرققە قاراپ مۇستەملىكىچىلىك كېڭەيمىچىلىكنى جىددىيلەشتۈردى. ياپونىيە ئۇلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىدىغان نىشانلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى.

روسىيمۇ ياپونىيىگە قارىتا شولگەيلىرىنى ئۇزاتتى. 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا، ئەنگلىيە، روسىيە، ئامېرىكا ھۆكۈمەتلىرى ئارقا-ئارقىدىن ياپونىيىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، سودا ئۈچۈن پورتلارنى ئېچىشنى تەلەپ قىلغاندا، بارگاھ ئۇنى رەت قىلغان ئىدى. 1825-يىلى بارگاھ «قوغلاش پەرمانى»نى قايتا تەكىتلىدى، ۋەسىلىلارغا ياپونىيە پورتلىرىغا يېقىنلاشقان بارلىق چەتئەل پاراخوتلىرىنى بۇيرۇق كۈتمەيلا توپقا تۇتۇش، ياپونىيە تېرىتورىيىسىگە قەدەم قويۇشقا ئۇرۇنغان بارلىق چەتئەللىكلەرنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. ئەنگلىيە جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغان ئەپيۇن ئۇرۇشىنى قوزغىغاندىن كېيىن، بارگاھ داۋاملىق ئۇردە بەك كەسكىن ھەركەت قوللىنىش كاپىتالىستىك دۆلەتلەر بىلەن توقۇنۇش پەيدا قىلىپ قويۇشىدىن ئەندىشە قىلىپ، 1842-يىلى قوغلاش پەرمانىغا ئۆزگىرىش كىرگۈزۈپ، ۋەسىلىلارغا چەتئەل پاراخوتلىرىنىڭ ياپونىيىنىڭ بەزى پورتلىرىدا كۆمۈر، سۇ قاچىلىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى.

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ياپونىيىنىڭ دۆلەت دەرۋازىسىنى ئېچىشتا ھەممىدىن ئاۋۋال قورال كۈچى بىلەن مەجبۇر قىلدى، بۇيرۇققا بىنائەن دېڭىز ئارمىيە جۇنجىياڭى پېررى پىلوتىنى باشلاپ كېلىپ، بارگاھ بىلەن سودا ئۈچۈن پورتلارنى ئېچىش توغرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزدى. پېررى 1853-يىل 7-ئايدا ۋە 1854-يىل 2-ئايدا پىلوتىنى باشلاپ كېلىپ، جياڭخۇ قولتۇقىدىكى پۇخې پورتىغا ئىككى قېتىم زورلۇق بىلەن كىردى. ئامېرىكىنىڭ قورال كۈچىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، بارگاھ پورت يولىنى ئېچىش تەلىپىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. 1854-يىل 3-ئايدا شېنەيچۇەن (خېڭبىڭ) دە «ياپونىيە-ئامېرىكا

دوستلۇق شەرتنامىسى» ئىمزالىنىپ، ياپونىيە شىياتىيەن، خەنگۇەن پورتلىرىنى ئېچىپ بەردى، ياپونىيە تەرەپ بەلگىلىگەن باھا بويىچە ئامېرىكىغا پاراخوتچىلىرىغا يېمەكلىك، كومۇر ۋە باشقا نەرسىلەر تەييارلاپ بېرىلدى، ئامېرىكىنىڭ شۇ ئىككى پورتتا كونسۇل قويۇشى ۋە نەپ ئېلىشىغا رۇخسەت قىلىندى. كوپ ئوتمەي، ئەنگلىيە، روسىيە، گوللاندىيە قاتارلىق مەملىكەتلەر قائىدە بويىچە، ياپونىيە هوكۇمىتى بىلەن ئەنە شۇنداق شەرتنامىلەرنى ئىمزالىدى. 1858-يىل (ئەنجېڭنىڭ 5-يىلى) 6-ئايدا، ئامېرىكا يەنە ياپونىيە هوكۇمىتىنى «ياپونىيە-ئامېرىكا دوستلۇق سودا شەرتنامىسى» يەنى ئەنجېڭ شەرتنامىسىنى ئىمزالاشقا مەجبۇر قىلدى. ياپونىيە ئامېرىكىغا سودا ئۈچۈن 5 پورتنى ئېچىپ بەردى، ئامېرىكىغا مەنپەئەت بېرىدىغان تۆۋەن تاموژنا بېجىنى يولغا قويدى، ئامېرىكا كونسۇللارنىڭ هوكۇم چىقىرىش هوقۇقىغا ۋە ئىجارە زېمىنلارنى قۇرۇش، زېمىن سىرتى هوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە ئوخشاش ئىمتىيازلارغا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىگە بولۇۋالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن گوللاندىيە، روسىيە، ئەنگلىيە، فرانسىيە قاتارلىق مۇستەملىكىچى قاراقچىلارمۇ قائىدە بويىچە ياپونىيە هوكۇمىتىنى شۇنىڭغا ئوخشاش شەرتنامىلەرنى ئىمزالاشقا مەجبۇر قىلدى.

پورتلار ئېچىلغاندىن كېيىن، ياپونىيە تاموژنا بېجى ئىگىلىك هوقۇقىدىن مەھرۇم بولدى. 1860-يىلدىن تارتىپ، ئۇرغۇنلىغان ئەرزان سانائەت بۇيۇملىرى ياپونىيە بازارلىرىغا تىقىلىپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن دېھقانلارنىڭ ئائىلە قول سانائىتى ۋەيران قىلىندى. ياپونىيىنىڭ ئىشخانا قول سانائىتى رىقابەتلىشەلمەي، قاتتىق زەربىگە ئۇچرىدى. خام يىپەك، چاينى كوپلەپ ئېكسپورت قىلىنىش بىلەن،

ياپونىيىنىڭ يىپەك توقۇمىچىلىق ۋە پاختا توقۇمىچىلىق ئىشلەپچىقىرى-
شىغا تەسىر يەتتى. نۇرغۇنلىغان توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرى سەرسان بولدى، ئەنجىبىك شەرتنامىسى ئىمزالانغاندىن كېيىنكى 3 يىل ئىچىدە، يالغۇز تۇڭشياڭ ئەتراپىدىلا بىرمىڭ 500 قول سانائەت ئىشچىسى ۋەيران بولدى. ياپونىيە كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ بازىرى ۋە خام ئەشيا بازىسى بولۇپ قالدى.

غەرب سودىگەرلىرى ۋە ھەرقايسى ئەللەر ئەلچىخانىلىرىنىڭ خادىملىرى ياپونىيىدە ئالتۇننىڭ باھاسى دۇنيا بازىرىدىن تۆۋەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، كۈمۈشكە كۆپلەپ ئالتۇن سېتىۋېلىپ (ياپونىيىدە ئالتۇن بىلەن كۈمۈشنىڭ نىسبىتى 1 گە 5، ياۋروپا بىلەن ئامېرىكىدا 1 گە 15)، نۇرغۇن پايدا ئالدى، نەتىجىدە ياپونىيىنىڭ ئالتۇنى كۆپلەپ سىرتقا چىقىپ كەتتى، يالغۇز 1859-يىل 6—12-ئايلاردا، ياپونىيىدىن چىقىپ كەتكەن ئالتۇن بىر مىليون سەركە يېتىدۇ، نەتىجىدە بازاردا قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقتى، مال باھاسى تازا ئۆرلەپ كەتتى. كەڭ دېھقانلار ۋە شەھەر كەمبەغەللىرىنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن قىيىنلاشتى، تۆۋەن دەرىجىلىك ياساۋۇللارنىڭ ھال-ئەھۋالىمۇ ناھايىتى ناچارلاشتى.

ئەنگلىيە، فرانسىيە قاتارلىق كاپىتالىستىك دۆلەتلەر ئۆزلىرى ئىگە بولۇۋالغان ئىمتىيازدىن پايدىلىنىپ، ياپونىيىدە ئىجارە زېمىنلارنى قورۇپ، ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، خەلقنى بوزەك قىلىپ، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىدى، ياپونىيىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى. 1863-يىلى ئامېرىكا ھەربىي پاراخوتلىرى شياگۇەننى توپقا تۇتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەنگلىيە ھەربىي پاراخوتلىرى لۇئېر ئارىلىنى توپقا تۇتتى. 1864-يىلى ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئامېرىكا،

گوللاندىيە بىرلەشمە ھەربى پىلوتى شىاگوۋەنىنى توپقا تۇتۇپ، بار-گاھنى ئاساسلىق تاۋارلاردىن ئېلىنىدىغان ئىمپورت بېجىنى چۈشۈ-رۈش مەقسەت قىلىنغان باج ئۆزگەرتىش كېلىشىمگە ئىمزا قويۇشقا مەجبۇر قىلىپ، ياپونىيىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئېغىر دەرىجىدە زىيان يەتكۈزدى، بۇ ھال ياپونىيە خەلقىنىڭ ۋە قىسمەن فېودااللارنىڭ نارازىلىغىنى قوزغىدى.

چەتئەل كاپىتالىزمىنىڭ بېسىپ كىرىشى ياپونىيىنى يېرىم مۇستەملىكىگە ئايلىنىپ قېلىش خەۋپىنى پەيدا قىلدى، سىنىپى زىددىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. ياپونىيىدە دېخانلار ۋە شەھەر كەمبەغەللىرىنىڭ كۈرەشى يېڭىۋاشتىن ئۇرلىدى ھەمدە بارگاھقا قارشى تۇرۇش، ئەجنەبىلەرنى چەتكە قېقىش ھەركىتىنى قوزغىدى.

1860 ـــ 1867 ـ يىللىرى بىرقانچە ئون قېتىم دېخانلار توپىلىڭى كۆتىرىلدى. دېخانلار بارگاھ ۋە چوڭ خوجىلارنىڭ فېودالىق زۇلمىغا قارشى تۇرۇپلا قالماي، بەلكى جەمىيەتنى ئۆزگەرتىش ۋە ئىجتىمائى تەڭ تەقسىمات شوئارلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە شەھەر كەمبە-غەللىرى بىلەن بىرلىشىپ ھەركەت قىلىپ، بىرلىكتە كۆرەش ئېلىپ باردى. بەزىلىرى تىغ ئۇچىنى چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قاراتتى. 1861 ـ يىلى روسىيە ھەربى پاراخوتلىرى دۇيىما ئارىلىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى دېڭىز ئارمىيە بازىسىغا ئايلاندۇرماقچى بولدى، ھوكۇمران سىنىپلار مۇرەسسەلەشمەكچى بولدى، لېكىن دۇيىما دېخانلىرى، بېلىقچىلىرى ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك ياش ياساۋۇل-لار قوزغىلىپ قارشىلىق كورسىتىپ، ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغدىدى، شۇنداق قىلىپ ئاخىرى روسىيە ھەربى پاراخوتلىرىنى دۇيىمادىن

www.uyghurkitap.com

كېتىشكە مەجبۇر قىلدى. يۇقۇرىدىكى ئەھۋاللار ياپونىيىدە دېخانلار ھەركىتىنىڭ بىر يېڭى باسقۇچقا يەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. دېخانلار دېچۇەن بارگاھىغا قارشى ئاساسىي كۈچ بولۇپلا قالماي، بەلكى پۈتكۈل فېودالىلىق تۈزۈمگە قارشى ئاساسىي كۈچ ئىدى. چەتئەل كاپىتالىزمىنىڭ تاجاۋۇزىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ فېوداللىققا قارشى ھەركىتى مىللى ئازاتلىق كۈرىشى خاراكتېرىنى ئالدى.

دولەت دەرۋازىسىنى ئېچىشنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە (1854—1859)، دولەت دەرۋازىسىنى ئېچىش ۋە سەركەردىنىڭ ۋارىسى مەسىلىسى① ئۈستىدە، ھوكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا كەسكىن كۈرەش باشلىنىپ كەتتى. 1859-يىلى جىجۇ ۋىسالىدىكى دېچۇەن جىيامىۋ تەختكە چىقىپ، سەركەردىنىڭ ۋارىسى مەسىلىسى ھەل قىلىندى. غەربىي جەنۇبتىكى ۋىساللاردىكى ئىسلاھاتچىلار، دولەت دەرۋازىسىنى ئېچىشقا قارشى كەيپىياتتىن پايدىلىنىپ، پادىشاھنى ئىززەتلەش-ئەجنەبىلەرنى چەتكە قېقىش شوئارى ئاستىدا بارگاھقا قارشى ھەركەت ئېلىپ باردى. بارگاھ پادىشاغا ئەنجىبك شەرتنامىسىنى تەستىقلاپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغاندا، چاڭجۇ ۋىسالىدىكى جىتيەن سۈنيىن بىلەن سامو ۋىسالىدىكى شىشياك لوشىبك باشچىلىقىدىكى تۆۋەن دەرىجىلىك ياساۋۇللار پايتەختكە يىغىلىپ،

① سەركەردە دېچۇەن جىيادىكىنىڭ بىۋاستە تۇققانلىرىدىن بولغان ۋارىسى يوق ئىدى. كۈرەشنىڭ ماھىيىتى بارگاھنىڭ ھاكىم مۇتلەقلىقىنى ساقلاپ قېلىش ياكى ئۇزاقتىن بۇيان بارگاھ بىلەن تىلى بىر، دىلى باشقا بولۇپ كەلگەن چوڭ خوجىلارنى بارگاھ ھاكىمىيىتىگە قاتناشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. كۈرەش نەتىجىسىدە، بارگاھ غەلىبە قىلدى.

باركاھقا قارشى ھەركەت ئېلىپ باردى ھەمدە پادىشاغا تەھدىت سېلىپ، باركاھنىڭ ئىلتىماسىنى قايتۇرغۇزۇۋەتتى. باركاھ ھاكىمىيىتىنى باشقۇرۇۋاتقان ئاقساقال (ھاكىمىيەت تۇتقۇچى ئەڭ يۇقىرى ئەمەلدار) جىنىيى جىۋبى ئۆچ ئېلىش قارارىغا كېلىپ، شۇ يىلى 6-ئايدا جىتىيەن سۇنىيىن قاتارلىق 7 كىشىنى ئۆلتۈردى، بىرقانچە ئون كىشىنى قامىدى، بۇ تارىختا "ئەنجېڭ چوڭ تۈرمىسى" دەپ ئاتالدى.

ئەنجېڭ چوڭ تۈرمىسى ئوتتۇرا، تۆۋەن دەرىجىلىك ياساۋۇللار ۋە بىر قىسىم چوڭ خوجىلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ، باركاھقا قارشى ھەركەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. 1860-يىل 3-ئايدا، شۇيخۇ بىلەن سامۇدىكى پالۋانلار ئەنجېڭ چوڭ تۈرمىسىدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلار ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىپ، جىنىيى جىۋبىنى ئۆلتۈردى. چاڭجۇ، سامۇ، تۇزو، شۇيخۇ قاتارلىق ۋىساللاردىكى تۆۋەن دەرىجىلىك ياساۋۇللار دىخانلار بىلەن شەھەر كەمبەغەللىرىنىڭ باركاھقا قىلغان ھۇجۇمىدىن پايدىلىنىپ، بىر قىسىم ئوردا ئاقسۆڭەكلىرى ۋە باركاھنىڭ تىزگىنلەش سىياسىتىدىن نارازى بولغان بۇرژۇئازىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى.

شۇ چاغدا ياپونىيىنىڭ كاپىتالىستىك سانائىتى تېخى ئىشخانا قول سانائىتىدىن ئىبارەت تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇراتتى، ھازىرقى زامان پرولېتارىياتى تېخى مەيدانغا كەلمىگەن ئىدى. ياپونىيە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ كۈچى ئىنتايىن ئاجىز ئىدى، ياپونىيىنىڭ سىياسى سەھنىسىدە ئاساسەن سودا بۇرژۇئازىيىسى قاتىراپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ، بىر تەرەپتىن، فېئوداللىق تۈزۈم بىلەن زىددىيىتى بولۇپ، باركاھنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ۋە سودا-سانائەت پائالىيىتى بىلەن ئەركىن شۇغۇللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى

تەلەپ قىلاتتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بىلەن ئىنتايىن چىگىش باغلىنىشى بار ئىدى، نۇرغۇن كىشىلەر يەر ئىگىلىگەن، ياساۋۇل دېگەن نامغا ئىگە بولغان بولۇپ، فېئوداللىق تۈزۈمنى قەتئىي يوقىتىشنى تەلەپ قىلمايتتى. شۇنداق قىلىپ، بارگاھقا قارشى ھەركەتنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى غەربىي جەنۇبتىكى ۋىلايەتلەردىكى تۆۋەن دەرىجىلىك ياساۋۇللارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. غەربىي جەنۇبتىكى ۋىلايەتلەردىكى تۆۋەن دەرىجىلىك ياساۋۇللارنىڭ فېئوداللىق كۈچلەر بىلەن زىچ ئالاقىسى بار ئىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئورنى ۋە ئىجتىمائىي سالاھىتى بۇرژۇئازىلىشىپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار غەرب بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئىدىيىۋى تەسىرىگە ئۇچرىغان ئىدى. تۆۋەن دەرىجىلىك ياساۋۇللارنىڭ ئىلغار ۋەكىللىرى "دۆلەتنى بېيىتىش، ئارمىيىنى كۈچەيتىش" شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى، "ئەجنەبىيلەرنى چەتكە قېقىش" سىياسىتىنى دۆلەت دەرۋازىسىنى ئېچىش سىياسىتىگە ئۆزگەرتىپ، غەربتىكى كاپىتالىستىك مەملىكەتلەردىن پەن-تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت ئۆگىنىپ، ياپونىيىنىڭ قالاق ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار ئوبيېكتىپ جەھەتتە بۇرژۇئازىيىنىڭ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈردى، شۇڭا بارگاھقا قارشى كۈرەشتە بۇرژۇئازىيىنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولدى ۋە بارگاھقا قارشى بۇرژۇئازىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى.

خەلقنىڭ فېئوداللىققا قارشى ھەركىتى بىلەن بارگاھقا قارشى ھەركەتنىڭ قىستىشىدا قالغان بارگاھ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، پادىشاھ ئوردىسىدىن مەدەت تىلىدى. قارشى گۇرۇھتىكىلەر بولسا "بارگاھنى

ئاغدۇرۇش" شوئارىنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويدى. 1864-يىلى ئەنگلىيە، ئامېرىكا قاتارلىق 4 دۆلەت شياگۈەننى توپقا تۇتقاندىن كېيىن، غەربىي جەنۇپتىكى ۋىساللاردىكى ياساۋۇللار ئەجنەبىلەرنى قارىسىغا چەتكە قېقىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتتى. چاڭجۇ ۋىسالىدىكى گاۋشەن جىنزو ۋىسال ھاكىمىيىتىنى يېڭىۋاشتىن تۇتقاندىن① كېيىن ھەربىي ئىسلاھاتنى پائال ئېلىپ بېرىپ، دېخانلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلغۇچى قوشۇنلارنى قۇردى ھەمدە ئەنگلىيىدىن قورال-ياراق ئېلىپ كىردى، سامۇ ۋىسالىدىكى بارگاھنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش تەرەپدارلىرىنىڭ باشلىقى بولغان شىشيالىڭ لۇڭشېڭ، داجۇ باۋلىستۇڭ قاتارلىقلار بىلەن ئالاقە ئورناتتى. 1865-يىل 12-ئايدا چاڭجۇ ۋىسالى بىلەن سامۇ ۋىسالى بارگاھنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئىتتىپاقىنى قۇردى.

1866-يىل 6-ئايدا، بارگاھ بارگاھنى ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچى بولغان كۈچلەرگە زەربە بېرىش ئۈچۈن، چاڭجۇغا قارىتا ئىككىنچى قېتىملىق جازا يۈرۈشىنى قوزغىدى (بىرىنچى قېتىملىق جازا يۈرۈشى 1864-يىل 8-ئايدا بولغان). بۇ چاغدىكى ۋەزىيەت بارگاھقا پايدىسىز بولۇپ قالغان ئىدى. بارگاھنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى بولغان گۈەندۇڭ رايونى بىلەن غەربىي شىمال رايونىدا دېخانلار ھەركىتى ۋە شەھەر ئاھالىسى ھەركىتى قوزغالدى. دېخانلار ئەسكەرلىككە ئېلىنىشىنى، باج تاپشۇرۇشىنى ۋە سەركەردىلەر ئۈچۈن

① گاۋشەن جىنزو 1863-يىلى چاڭجۇدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن، شۇ يىلى 8-ئايدا چەتكە قېقىلىپ ئاغدۇرۇپ تاشلانغان. 1864-يىلىنىڭ ئاخىرىدا يېڭىۋاشتىن ھاكىمىيەت تۇتقان.

ئۇرۇش قىلىشنى رەت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىلەن بارگاھ ئەسكەرلىرى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش پەيدا بولدى، بارگاھ فرانسىيە ئۇسۇلى بويىچە تۈزۈپ تەربىيىلىگەن يېڭى قوشۇنلارنى جەڭگە سالالمىدى. سامۇ ۋالى ئەسكەر چىقىرىشنى رەت قىلدى، بارگاھ بىلەن مۇناسىۋىتى چوڭقۇرراق بولغان چوڭ خوجىلارمۇ ئەسكەر چىقىرىشنى خالىمىدى، نەتىجىدە چاڭجۇغا قارىتا قىلىنغان جازا يۈرۈشى بارگاھنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاياقلاشتى.

مەملىكەت بويىچە بارگاھقا قارشى كۈچلەر پەيدىن-پەي بىرلەشتى. 1867-يىل 10-ئايدا سامۇ، چاڭجۇ ۋالىلىرىدىكى ھەربىي يولباشچىلار ئىسلاھاتنى تەلەپ قىلىدىغان ئوردا ئاقسۆڭەكلىرى ئارقىلىق، گودەك مىڭجى پادىشانىڭ نامىدا، بارگاھقا جازا يۈرۈشى قىلىش ھەققىدىكى مەخپىي يارلىقنى چىقاردى. ئۇلار سەنجىڭ، خۇڭچى قاتارلىق جايلاردىكى چوڭ سودىگەرلەرنىڭ مالىيە جەھەتتىكى ياردىمىگە ئىگە بولۇپ، ھەربىي قىسىملارنى تەرتىپكە سېلىپ، بارگاھقا قارشى ھەربىي تەييارلىققا كىرىشتى.

بارگاھنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى سەركەردە دىچۇەن چىڭشى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئىلگىرىلەش ئۈچۈن چېكىنىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، كورۇنۇشتە ئىستىپا بېرىپ، ھاكىمىيەتنى پادىشاغا قايتۇرماقچى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان ھوكۇمەتتە رەھبەرلىك ئورنىنى ساقلاپ قالماقچى بولدى. لېكىن يېڭىدىن قۇرۇلغان مەركىزىي ھوكۇمەتنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقى بارگاھنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش تەرەپدارلىرىنىڭ يولباشچىلىرى بولغان داجۇ باۋلىتۇڭ، شىشياڭ لۇڭشىڭ، مۇخۇ شياۋيۈن ۋە يەنىڭ جۇيىشى (پايتەختتىكى ئاقسۆڭەك قارشى گورۇھتىكىلەرنىڭ باشلىقى) قاتار-

لىقىلارنىڭ قولىدا بولۇپ، ئۇلار سەركەردىنى پۈتۈن ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىشنى قارار قىلدى، دېچۈەن چىڭشىغا بارگاھنىڭ خوجىلىق يەرلىرىنى ۋە پۈتۈن مال-مۈلكىنى تاپشۇرۇشنى بۇيرۇدى. دېچۈەن چىڭشى ۋە ئۇنىڭ ۋەزىرلىرى سىياسى سەھنىدىن چېكىنىپ كېتىشكە تەن بەرمەي، پادىشاھى قۇتقۇزۇش نامى بىلەن، 1868-يىل 1-ئايدا پايتەختكە ھەربى يۈرۈش قىلىپ، ئىسيان كۆتەردى. دېچۈەن چىڭشىنىڭ ئېلىپ بارغىنى ئەكسىيەتچىل چىرىك فېئوداللىق كۈچلەرنى قوغداشنى مەقسەت قىلغان ئۇرۇش بولغاچقا، يولسىزلىقىدىن ياردەمسىز قالدى. ئىككى تەرەپ ئارمىيىسى پايتەختنىڭ جەنۇپ تەرىپىدىكى نياۋبۇ بىلەن فۇجيەندە قاتتىق جەڭ قىلدى، نەتىجىدە دېچۈەن ئارمىيىسى ھۆكۈمەت ئارمىيىسى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى، چىڭشى جياڭخۇغا قېچىپ كەتتى.

ياپونىيە دېھقانلىرى دېچۈەن بارگاھىنى پاچاقلاپ تاشلاش يولىدىكى ئېچكى ئۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. ئۇلار بارگاھنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغۇچى ئارمىيىگە بىۋاستە قاتناشقاندىن تاشقىرى، جايلاردا ئىسيان كۆتۈرۈپ، سامۇ، چاڭجۇلاردىكى بارگاھنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغۇچى ئارمىيىگە ئاۋاز قوشتى. يۈېخۇ رايونىدا، 60 مىڭ كىشىلىك دېھقانلار ئارمىيىسى شىنفاتيەنفەن قوماندانلىق قىلغان دېچۈەن ئارمىيىسىنى قورشىۋالدى ۋە ئۇلارنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر قىلدى. دېچۈەننىڭ خوجىلىق يېرى بولغان يېنچى ئارىلىدىكى خەلق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ يەرلىك ھۆكۈمىتىنى قۇرۇپ، سەركەردىنى بىرىنى دېسە، يەنە بىرى قالىدىغان مۈشكۈل ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدى. نياۋبۇ، فۇجيەن جېڭىدە، دېھقانلار بارگاھقا قارشى ئارمىيىنى پائال قوللاپ، ئوزۇق-تۈلۈك ۋە ھاراق-شاراپ بىلەن

www.uyghurkitap.com

ئۇلاردىن ھال سوراپ تۇردى. ھوكۇمەت ئارمىيىسى ئۇزىدىن 3 ھەسسە ئارتۇق بولغان بارگاھ ئارمىيىسىنى خەلقنىڭ ياردىمى ئارقىسىدىلا يېڭەلىدى.

1868-يىل 4-ئايدا ھوكۇمەت ئارمىيىسى جياڭخۇ (كېيىن دۇڭجىڭ دەپ ئۆزگەرتىلدى)نى ئىشغال قىلدى. 1869-يىل 3-ئايدا، پايتەخت دۇڭجىڭغا كوچۇرۇلدى. شۇ يىلى 5-ئايدا، ھوكۇمەت ئارمىيىسى بارگاھ قالدۇق كۈچلىرىنىڭ قوراللىق قارشىلىقىنى يوقاتتى. ياپونىيىگە 260 يىلدىن ئارتۇق ھوكۇمرانلىق قىلغان دېچۇەن بارگاھى ئاخىرقى ھىساپتا ئاغدۇرۇپ تاشلاندى.

**مېيجى ھوكۇمىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇ يۈرگۈزگەن بۇرژۇئا ئىسلاھاتى** 1868-يىل 1-ئاينىڭ 3-كۈنى مېيجى پادىشا (1868—1912-يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) پادىشالىق ھاكىمىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا يارلىق ئېلان قىلدى، ئۇنىڭدىن سەل كېيىنرەك «بەش ماددىلىق قەسەمنامە» ۋە «سىياسىي تۈزۈم ھەققىدە»نى ئېلان قىلدى. بۇ ئىككى ھوججەت سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ساھەلىرىگە بېرىپ تاقالغان بولۇپ، مېيجى ھوكۇمىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئىسلاھات پروگراممىسى ئىدى، 1868—1873-يىللىرى، مېيجى ھوكۇمىتى پومېشچىك، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، بىر قاتار تەدبىرلەرنى كۆرۈپ پادىشا باشچىلىقىدىكى پومېشچىك، بۇرژۇئازىيە دىكتاتۇرىسىنى مۇستەھكەملىدى. كاپىتالىزىمنى راۋاجلاندۇردى. بۇ مەزگىلدە يۈرگۈزۈلگەن بۇرژۇئا ئىسلاھاتى ياپونىيە تارىخىدا "مېيجى يېڭىلىقى" دەپ ئاتالدى، بۇ مېيجى يىللىرىدا يۈرگۈزۈلگەن يېڭى سىياسەتنى بىلدۈرەتتى.

يېڭى ھوكۇمەت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ھەرقايسى ۋىلايەتلەر (ئىسيان كۆتۈرۈشكە قاتناشقانلاردىن باشقىلىرى) دىكى چوڭ خوجىلار ئۆزلىرىنىڭ ۋىلايەتتە ھوكۇمرانلىق ھوقۇقىنى ساقلاپ قالدى ھەمدە بىر قىسىم قورالىق كۈچنى ئىگەللىۋالدى. يوشۇرۇن مەسلىھەتلىشىپ مۇرەسسەگە كەلگەندىن كېيىن، 1869-يىل 1-ئايدا سامۇ، چاڭجۇ، تۇزو، فېيچيەندىن ئىبارەت 4 ۋىلايەت ئوتتۇرىغا چىقىپ، زېمىن بىلەن ئاھالىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى① ئىلتىماس قىلدى. كونا ۋىلايەت باشلىقلىرى مەركەز تەيىنلىگەن ۋىلايەت ھاكىمى بولۇپ، ئۇلارنىڭ خىزمەت ئورنى ۋارىسلىق قىلىنىدىغان بولدى، ئۇلارغا دۆلەت تەرىپىدىن مائاش بېرىلىدىغان بولدى. 1871-يىلى ۋىلايەت بىكار قىلىنىپ ناھىيە قۇرۇلدى، كونا ۋىلايەت باشلىقلىرى دۇڭجىڭغا كوچۇپ كەلدى. ۋىلايەت چېگرىسى بۇزۇپ تاشلىنىپ، مەملىكەت بويىچە 3 ئوبلاست، 72 ناھىيىگە ئايرىلدى.② ۋىلايەتنى بىكار قىلىپ ناھىيە قۇرۇش بىلەن، مەملىكەت ئىچىدىكى فېوداللىق بولۇنمە كۈچلەر يوقىتىلىپ، پادىشانى مەركەز قىلغان، بىرلىككە كەلگەن، ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈلگەن دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى، كاپىتالىزىمنىڭ تەرەققى قىلىشى

---

① زېمىن دېگەندە خوجىلىق يەرلەر كوزدە تۇتۇلىدۇ؛ ئاھالە دېگەندە خەلق كوزدە تۇتۇلىدۇ. زېمىن بىلەن ئاھالىنى قايتۇرۇپ بېرىش خوجىلىق يەرلەر بىلەن خەلققە ھوكۇمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى مەركەزگە تاپشۇرۇپ بېرىش كوزدە تۇتۇلىدۇ.

② ئوبلاست بىلەن ناھىيىلەرنىڭ سانى كېيىن ئۆزگىرىپ تۇردى، ھازىر مەمۇرى رايونلار بىر پايتەخت (دۇڭجىڭ)، بىرداۋ (بېيخەيداۋ)، 2 ئوبلاست (دابەن، جىڭدۇ)، 43 ناھىيىگە بولۇنىدۇ.

ئۇچۇن پايدىلىق بولدى.

ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە، دېھقانلار مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ بارگاھقا قارشى ئۇرۇشىنى قوللىغان ئىدى. لېكىن مېيجى ھۆكۈمىتى ئورنى مۇستەھكەملەنگەندىن كېيىن، دېھقانلار ئۈستىدىكى فېئوداللىق مەجبۇرىيەتنى ئېلىپ تاشلاش ياكى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۇلارنى دەھشەتلىك تۈردە باستۇردى. دېھقانلار ئۇنىڭغا چىداپ تۇرالماي، پائال كۈرەش ئېلىپ باردى. 1868 — 1873 - يىللىرى ئارىلىقىدا، مەملىكەت بويىچە جەمئىي 170 نەچچە قېتىم دېھقانلار توپىلىڭى ۋە قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭغا نەچچە ئون مىڭ ھەتتا نەچچە يۈز مىڭ دېھقان قاتناشتى. قوزغىلاڭچى دېھقانلار يەرلەرنى تەڭ تەقسىم قىلىپ ئىشلىتىش ۋە دېھقانلارنىڭ گۆرۈگە قويغان يەرلىرىنى ھەقسىز قايتۇرۇپ بېرىش؛ كەمبەغەللەر بىلەن بايلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى يوقىتىش، بارلىق قەرزنى كۆتۈرۈۋېتىش، كەنت باشلىقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ياردەمچىلىرىنىڭ مال-مۈلكىنى دېھقانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىش؛ دېھقانلارنىڭ 3 يىللىق سېلىقىنى كەچۈرۈم قىلىش، ترانسپورت ھاشارىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش؛ كەنت خىزمەتچىلىرىنى سايلاش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا ئوخشاش تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ياپونىيە دېھقانلىرىنىڭ يەر مەسىلىسىنى ئۆز مەنپەئەتى بويىچە ھەل قىلىش، فېئوداللىق مەجبۇرىيەتنى بىكار قىلىشنى مەقسەت قىلغان ئىنقىلاۋىي پروگراممىسى ئىدى.

دېھقانلار ھەركەتنىڭ ئۇرلەپ كېتىشىدىن قورققان ۋە پومېشچىك، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى مەقسەت قىلغان مېيجى ھۆكۈمىتى "يەر ئىسلاھاتى" يۈرگۈزدى. 1872 - يىلى يەر سودىسىنى

مەنئى قىلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى بىكار قىلدى ھەمدە يەر روبىچىتى تۈزۈش ۋە يەر خېتى تارقىتىش يولى بىلەن يەر ئىگىلىرىنىڭ يەرگە بولغان خۇسۇسى ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىش توغرىسىدىكى قارارنى ماقۇللىدى. يېڭىدىن گۈللەنگەن پومېشچىكلار قانۇن جەھەتتە يەرگە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى ھەمدە يەرلەرنى ئىجارىگە بېرىش ۋە ئىجارىكەش دېھقانلارنى ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلىشقا ھەقلىق بولۇۋالدى. پۇقرالارنىڭ① يەرگە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقىمۇ قانۇنىي جەھەتتىن ئېتىراپ قىلىندى. لېكىن كەڭ ئىجارىكەش دېھقانلار مەڭگۈ ئىجارىكەشلىك قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىندى، دېھقانلارنىڭ يەر مەسىلىسى ھەل قىلىنمىدى. يەر ئىسلاھاتى ئاساسىدا، 1873-يىلى يەر بېجى ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ، يەر ھەققىنىڭ 3 پىرسەنتى (كېيىن 2.5 پىرسەنتكە ئۆزگەرتىلدى) بويىچە يەر ئىگىسىدىن بىرلا يەر بېجى ئېلىش بەلگىلەندى، بۇنداق باجغا يەرلىك قوشۇمچە باجلار قوشۇلۇپ، دېھقاننىڭ ئومۇمى دارامىتىنىڭ 50 پىرسەنتىگە باراۋەر بولدى. 19-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىغىچە، يەر بېجى ھۆكۈمەتنىڭ يىللىق مالىيە كىرىمىنىڭ 80—90 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. پومېشچىكلار يەر مۇلۈكچىلىكنىڭ ساقلىنىشى ۋە يۇقۇرى يەر بېجى بەلگىلىمىسى ياپونىيە يېزىلىرىدا كاپىتالىزىمنىڭ راۋاجلىنىشىغا تەسىر يەتكۈزدى.

مېگجى ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پومېشچىك، بۇرژۇئازىيە

① فېوداللىق تۈزۈمدە ئۆزىنىڭ تولۇقسىز يېرىنى ساقلاپ قالغان ھەمدە چوڭ خوجىلارغا ياكى دېچۆەن بارگاھىغا ئىجارە ھەققى، باج تاپشۇرىدىغان ئۆز ئالدىغا تىرىكچىلىق قىلىدىغان دېھقانلار.

www.uyghurkitap.com

يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ ئىجتىمائى تۈۋرۈكى بولۇپ قالدى. 1872-يىلى بۇرۇنقى فېوداللىق مەرتىۋە تۈزۈمى بىكار قىلىندى. خان جەمەتىدىن تاشقىرى ئاقسۆڭەكلەر جەمەتى (بۇرۇنقى چوڭ خوجىلار، ئوردىدىكى چوڭ ئەمەلدارلار)، ياساۋۇللار جەمەتى (ئادەتتىكى ياساۋۇللار) ۋە ئاددى خەلق (سودا-سانائەتچىلەر، دېخانلار ۋە قارا خەلق) دەپ 3 خىلغا ئايرىلدى، بۇ بۇرۇنقى تەبىقىلەرنىڭ ئورنىنى ئىگەللىدى، شەكىل جەھەتتە بۇرۇنقى ياساۋۇللار تەبىقىسىنىڭ ئىمتىيازلىرى بىكار قىلىندى، ئوخشاش بولمىغان سالاھىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ بىر بىرى بىلەن توي قىلىشىغا رۇخسەت قىلىندى ۋە ئاددى خەلققە پەمىلىسىنى ئاتاش ھوقۇقى بېرىلدى. لېكىن ئەمەلىيەتتە، ئاقسۆڭەكلەر جەمەتى، ياساۋۇللار جەمەتى بىلەن ئاددى خەلق ئوتتۇرىسىدا تەبىقە پەرقى قاتتىق ئىدى، قارا خەلقنىڭ ئورنى ئىنتايىن تۆۋەن ئىدى.

ئاقسۆڭەكلەر جەمەتى ۋە ياساۋۇللار جەمەتىسىنى يەنىلا ھۆكۈمەت باقاتتى. ئۇلار مۇئاش ئالىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. 1876-يىلى مۇئاشنىڭ ئورنىغا زايومنى قويۇش نىزامى تۈزۈلدى. ئۇنى ئالىدىغانلار 313 مىڭ كىشى بولۇپ، ھۆكۈمەت بىر قېتىمدىلا بېرىپ، 175 مىليون ياپون دوللىرى قىممىتىدە زايوم تارقاتتى ھەمدە چوڭ خوجىلار ۋە ياساۋۇللار ئۈچۈن 41 مىليون ياپون دوللىرىدىن ئارتۇق قەرز تولىدى. ئاقسۆڭەكلەر جەمەتى ۋە ياساۋۇللار جەمەتىدىن بىر قىسمى زايومغا يەر ئېلىپ، پومىششىك بولۇپ كەتتى؛ بىر قىسمى سودا-سانائەتكە مەبلەغ سېلىپ، كاپىتالىست بولۇپ كەتتى؛ بەزىلىرى ئۇششاق سودىگەر، ئەركىن كەسىپتىكىلەر ۋە شەھەر كەمبەغەللىرى بولۇپ قالدى، ئاز ساندىكىلىرى ئەمگەك كۈچىنى ساتىدىغان پرولېتارلار بولۇپ قالدى.

مىگجى ھوكۇمىتى كاپىتالىستىك سودا-سانائەتكە نىسبەتەن قوغداش، يولەش سىياسىتىنى قوللاندى؛ جايلاردا چېگرا باجخانىلىرىنى قۇرۇشنى مەنئى قىلدى، سودىگەرلەرگىلا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان كەسپىي ئۇيۇشمىلارنى ئەمەلدىن قالدۇردى، مەملىكەت بويىچە پۇلنى بىرلىككە كەلتۈردى؛ نەمۇنىلىك كارخانىلارنى قۇرۇپ، تېخنىكا ئۆگىنىشنى يولغا قويدى؛ كاپىتالىستلارغا ئۆسۈمسىز پۇل قەرز بەردى ھەمدە ھوكۇمەت قۇرغان دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى شەخسى كارخانا ئىگىلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا بەردى. دېڭىز ترانسپورتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سەنلىك شىركىتى ھوكۇمەتنىڭ ياردىمى بىلەن قۇرۇلغان، ھەر يىلى ھوكۇمەتتىن 25 مىڭ ياپون دوللىرى قوشۇمچە ياردەم ئېلىپ تۇراتتى ھەمدە مونوپوللىيە، مال زاكاز قىلىش ۋە باج تۆلىمەسلىكتەك ئىمتىيازغا ئىگە ئىدى، ئۇ ياپونىيە بويىچە ئەڭ چوڭ مونوپول تەشكىلاتلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان ئىدى. ھوكۇمەتنىڭ قوللىشى ئاستىدا، ياپونىيىنىڭ ھەربى سانائىتى ناھايىتى زور دەرىجىدە راۋاجلاندى. ھوكۇمەت تەرىپىدىن چوڭ خوجىلار ۋە ياساۋۇللارغا بېرىلگەن يىللىق مۇئاشىنىڭ بىر قىسمى ۋە بىر قىسىم سودا جازانە كاپىتالى بانكا كاپىتالىغا ئايلاندى. 1873-يىل 7-ئايدا، شىاۋىسىي سودا سارىيى بىلەن سەنسجىڭ سودا سارىيى 2 مىليون 500 مىڭ ياپون دوللىرى بىلەن دۇڭجىڭدا تۇنجى "دۆلەت بانكىسى" قۇردى، 1879-يىلغا كەلگەندە دۆلەت بانكىلىرىنىڭ سانى 153 كە يەتتى. پوچتا-تېلېگراف، تېلېفون قاتارلىق زامانىۋى خەۋەرلىشىش قوراللىرىنىڭ بەرپا بولۇشى ۋە تۆمۈريوللارنىڭ ياسىلىشى ئارقىسىدا، ياپونىيىنىڭ ئىچكى بازارلىرى بىر بىرىگە تۇتىشىپ، كاپىتالىزىمنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

ھەربى ئىسلاھات ياپونىيىنىڭ سىياسى ئۈستقۇرۇلمىدىكى ئىسلاھاتىدا مۇھىم ئورۇننى تۇتتى. 1872-يىلى مەجبۇرى ھەربى خىزمەت ئۆتەش تۈزۈمى ئېلان قىلىندى، ياساۋۇللارنىڭ ھەربى سالاھىيەتنى تەنھا ئىگەللەش ئىمتىيازى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، يېقىنقى زامان دائىمى ئارمىيىسى قۇرۇلدى، چەتئەللەردىن ھەربى ئوقۇتقۇچىلار تەكلىپ قىلىندى ۋە ياپونىيە ئارمىيىسى پرۇسسىيە ئۇسۇلى بويىچە تەربىيىلەندى، ئەپتسەرلەر بىلەن ئەسكەرلەرگە ئەكسىيەتچىل سامورايلىق روھ ۋە پادىشاھقا سادىق بولۇش، ۋەتەننى سۆيۈش ئىدىيىسى سىڭدۈرۈلدى.

مېيجى ھۆكۈمىتى ئېلىپ بارغان كاپىتالىستىك خاراكتېردىكى ئىسلاھات تازا ئۈزۈل-كېسىل بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن كونا ئىجتىمائى تەرتىپنى ياخشى كۆرىدىغان، فېئوداللىق ئىمتىيازنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولغان تەرسا ياساۋۇللار جەمەتى ئۇنىڭدىن قاتتىق نارازى بولدى. ئۇلار كونا تۈزۈمنى تىرىلدۈرۈپ، جەمىيەتنى ئارقىغا چېكىندۈرمەكچى بولدى. 1874-يىلى ۋە 1876-يىلى ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ئىككى قېتىم ياساۋۇللار توپىلىڭى بولدى، ئۇنىڭ ھەر ئىككىلىسى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن باستۇرۇلدى. 1877-يىلى شىشياڭ لۇڭشېڭ يەنە لۇئەر ئارىلىدا ئىسيان كۆتەردى. شىشياڭ ئەسلىدە بارگاھنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ھەرىكىتىدىكى ھەمرالاردىن ئىدى. مېيجى ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ فېئوداللىق مەرتىۋە تۈزۈمىنى بىكار قىلىش، ياساۋۇللارنىڭ ئىمتىيازىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ئوخشاش تەدبىرلىرىگە قارشى چىقىپ، لۇئەر ئارىلىغا قايتىپ بېرىپ، مەكتەپ ئېچىش نامى بىلەن، نارازى بولۇپ يۈرگەن ياساۋۇللار جەمەتىنى توپلاپ، ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك ئىسلاھاتلىرىغا

قارشىلىق بىلدۈردى، يەرلىك بولۇنمە كۈچنى ھاسىل قىلىپ، ئىسيان كۆتەردى. جىددىي جەڭ ئارقىسىدا، شىشياڭ مەغلۇپ بولۇپ تولۇۋالدى. شۇنداق قىلىپ، يېڭى ھاكىمىيەت ئاخىرقى ھېسابتا تۇراقلاشتى.

مېيجى يېڭىلىقىدىن كېيىن، ياپونىيە كاپىتالىزمنى راۋاجلاندۇرۇش يولىغا قاراپ ماڭدى. مېيجى ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ دەسلەپكى ۋاقىتلاردا يولغا قويغان تۈرلۈك ئىسلاھاتلار ياپونىيىنىڭ جەمئىيەت خاراكتېرىنى پەيدىن-پەي ئۆزگەرتتى، مەملىكەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

ياپونىيە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ كۈچى ئىنتايىن ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن، مېيجى يېڭىلىقى ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى تۆۋەن دەرىجىلىك ياساۋۇللارنىڭ قولىدا بولدى، ئۇلار سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىدىيە جەھەتلەردە فېئودالىزم بىلەن زىچ باغلانغان ئىدى، شۇڭا ئىسلاھات تازا ئۈزۈل-كېسىل بولمىدى. دېھقانلارنىڭ يەر مەسىلىسى ھەل بولمىدى، فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەر كەڭ يېزىلاردا يەنىلا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇردى. ئىسلاھاتتىن كېيىن قۇرۇلغان پومېشچىك-بۇرژۇئازىيە بىرلەشمە ھاكىمىيىتىدە، تا بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغىچە، پومېشچىكلار سىنىپى يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. تۆۋەن دەرىجىلىك ياساۋۇللار يېڭى ھۆكۈمەتتە مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىگىلىدى، ئارمىيە ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزۈۋالدى، پادىشاھنى يۆلەپ، ئىلاھىي ھاكىمىيەتتىن پايدىلىنىپ ھۆكۈمرانلىق قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ياپونىيىدىكى پومېشچىك-بۇرژۇئازىيە دىكتاتۇرىسى باشتىلا ئىنتايىن ئەكسىيەتچىل بولۇپ، مەملىكەت ئىچىگە قارىتا خەلقنى دەھشەتلىك تۈردە باستۇردى، تاشقىرىغا قارىتا تاجاۋۇزچىلىق،

كېڭەيمىچىلىك قىلدى. ياپونىيە تەڭسىز شەرتنامىلەرنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلماي تۇرۇپلا، خوشنا دۆلەتلەرگە تاجاۋۇز قىلىشقا باشلىدى: 1874-يىلى مەملىكىتىمىزنىڭ تەيۋەن رايونىغا بېسىپ كىرىپ، يولسىزلىق بىلەن 500 مىڭ سەر كۈمۈش "تۆلەم پۇلى" ئالدى؛ 1876-يىلى ۋەقە توغدۇرۇپ، چاۋشيەننى تەڭسىز شەرتنامە تۈزۈشكە قورال كۈچى بىلەن مەجبۇر قىلىپ، زېمىن سىرتى ھوقۇقى ۋە كونسۇللارنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقى قاتارلىق ئىمتىيازلارغا ئىگە بولۇۋالدى؛ 1879-يىلى ليۇچيۇ تاقىم ئاراللىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، چۇڭشىڭ ناھىيىسى قىلىپ ئۆزگەرتتى. ياپونىيە ناھايىتى تېزلا غالجىرلىق بىلەن كېڭەيمىچىلىك قىلىشتەك مىلىتارىزم يولىغا مېڭىپ، تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىغا تولغان ھەربىي فېئودال جاھانگىر دۆلەتكە ئايلاندى.

## سەككىزىنچى باپ

# 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاسىيا ئەللىرى خەلقىنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە، فېئودالىزمغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشى

19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئاسىيادىكى نۇرغۇن مەملىكەتلەر تارىخىي بۇرۇلۇش دەۋرىدە تۇراتتى. ئەنگلىيە، فرانسىيە قاتارلىق كاپىتالىستىك مەملىكەتلەرنىڭ سانائەت بۇرژۇئازىيىسى مەملىكەت ئىچىدە سانائەت ئىنقىلابىنى ئاساسەن ئورۇنلاش ۋە ئۆزىنىڭ سىياسىي ئورنىنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سىرتقا كېڭەيمىچىلىك قىلىشنى جىددىيلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ كەڭ دۇنيا بازىرى ۋە خام ئەشيا بازارلىرىنى ئاچماقچى بولدى. غەرب مۇستەملىكىچى قاراقچىلىرى دۇنيادىكى ھەرقايسى ئوكيانلار ۋە چوڭ قۇرۇقلۇقلاردا[1] زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىپ، جۇڭگونى ۋە باشقا نۇرغۇن ئاسىيا ئەللىرىنى ئارقا-ئارقىدىن يېرىم مۇستەملىكە ۋە مۇستەملىكە ھالىغا چۈشۈشكە مەجبۇر قىلدى. بولۇپمۇ كاپىتالىستىك ئىگىلىك تېز تەرەققىي قىلغان ئەنگلىيە زەمبىرەكلىك پاراخوت سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، مۇستەملىكىچىلىك تەسىر دائىرىسىنى جېنىنىڭ بېرىچە كېڭەيتىپ، ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقا، ئامېرىكا ۋە ئوكيانىيىگە سوزۇلغان مۇستەملىكىچى چوڭ ئىمپېرىيىسىنى قۇردى، ئەنگلىيە ئاسىيادا ھىندىستاننى بازا

قىلىپ، غالجىرلارچە مۇستەملىكىچىلىك ئۇرۇشى قوزغاپ، جۇڭگو، سىنگاپور، بىرما، ئافغانىستان، ئىران قاتارلىق مەملىكەتلەرگە تاجاۋۇز قىلىپ، 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاسىيا خەلقىنىڭ ئەڭ ياۋۇز دۈشمىنى بولۇپ قالدى. چارروسىيە ئوتتۇرا ئاسىيا، كاۋكاز ئەتراپىغا قارىتىلغان مۇستەملىكىچىلىك كېڭەيمىچىلىكىنى جىددىيلەشتۈرۈپ، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيانى بېسىۋالدى ھەمدە جۇڭگونىڭ نۇرغۇن زېمىنىنى يۇتۇۋالدى. ئەنگلىيە، گوللاندىيە، فرانسىيە، روسىيە قاتارلىق مەملىكەتلەر، مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكىلەرنى تالىشىپ، ئاسىيادا قاتتىق قورallىق توقۇنۇشلارنى پەيدا قىلدى.

چەتئەل كاپىتالىزمىنىڭ تاجاۋۇزى ئاسىيا جەمئىيىتىدە قاتتىق داۋالغۇشلارنى پەيدا قىلدى. تاۋار چىقىرىش ۋە خام ئەشيا ھەم يەرلەرنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش شۇ مەزگىلدىكى غەرب مۇستەملىكىچى ئەللىرىنىڭ ئاساسىي تاجاۋۇزچىلىق ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇ ئاسىيا ئەللىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا نىسبەتەن ئىنتايىن ئېغىر بۇزغۇنچىلىق رولىنى ئوينىدى. زەمبىرەكلىك پاراخوت سىياسىتى، ئەپيۇن سودىسى، پاختا توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرىنىڭ توكمە قىلىپ سېتىلىشى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار ئاسىيادىكى نۇرغۇن ئەللەرنىڭ فېئوداللىق تۈزۈمىنى ۋە دېھقانچىلىق بىلەن قول سانائەت بىرلەشتۈرۈلگەن فېئوداللىق ناتۇرال ئىگىلىكىنى بىتچىت قىلىۋەتتى. "نەتىجىدە، ئاسىيا بويىچە ئەڭ زور، راستىنى ئېيتقاندا، ئاسىيا تارىخىدا ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ئىجتىمائىي ئىنقىلاب بارلىققا كەلدى."①

① ماركس. «بىرىتانىيىنىڭ ھىندىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقى». «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1981-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 115-بەت.

چەتئەل مۇستەملىكىچىلىكى بىلەن ئاسىيا ئەللىرى خەلقى ئوتتۇ-رىسىدىكى زىددىيەت، ئاسىيا ئەللىرىدىكى فېئوداللىزم بىلەن خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت مۇشۇ مەزگىلدىكى ئاسىيا ئەللىرى جەمئىيىتىدىكى ئاساسىي زىددىيەتلەر ئىدى، چەتئەل مۇستەملىكىچى-لىكى بىلەن ئاسىيا ئەللىرى خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بولسا بېگىزلىك زىددىيەت ئىدى. 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاسىيا ئەللىرى خەلقى قوزغىغان مۇستەملىكىچىلىككە، فېئوداللىزمغا قارشى كۈرەش دولقۇنى يۇقۇرىدا ئېيتىلغان زىددىيەتلەر ئاساسىدا كېلىپ چىققى ۋە راۋاجلاندى. 1825 — 1830-يىللاردىكى ياۋا خەلقىنىڭ قوزغىلىڭى، 1838 — 1842-يىللاردىكى ئافغانىستان خەلقىنىڭ ئەنگلى-يىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك تاجاۋۇزىغا قارشى ئېلىپ بارغان بىرىنچى قېتىملىق ئۇرۇشى، 1848 — 1852-يىللاردىكى ئىران باب مۇرىتلىرى-نىڭ قوزغىلىڭى، 1857 — 1859-يىللاردىكى ھىندىستاندىكى مىللىي چوڭ قوزغىلاڭ، 1840 — 1842-يىللاردىكى ۋە 1856 — 1860-يىللار-دىكى بىرىنچى، ئىككىنچى قېتىملىق ئەپيۇن ئۇرۇشى شۇنىڭدەك 1851 — 1864-يىللاردىكى تەيپىڭ تيەنگو قوزغىلىڭى مۇشۇ مۇستەملە-كىچىلىككە، فېئوداللىزمغا قارشى دولقۇننىڭ ئاساسىي تەركىبىي قىسمى ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە تەيپىڭ تيەنگو قوزغىلىڭىنىڭ كۆلىمى ئەڭ كەڭ، داۋام قىلغان ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بولۇپ، ئىچكى-تاشقى ئەكسىيەتچى كۈچلەرگە ئەڭ قاتتىق زەربە بەردى. "بۇ قېتىمقى جۇڭگو ئىنقىلاۋى-نىڭ ياۋروپاغا كۆرسەتكەن تەسىرى روسىيىدىكى بارلىق ئۇرۇشلار، ئىتالىيە خىتاپنامىسى ۋە ياۋروپا قۇرۇلتۇغىدىكى مەخپىي تەشكىلاتلار-نىڭ كۆرسەتكەن تەسىرىدىن جەزمەن كۆپ ئېشىپ چۈشىدۇ".①

① ماركس. «ياۋروپادىكى پۇل-مۇئامىلە كرىزىسى». «ماركس-ئېنگېلس

19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاسىيادا بولغان مىللىي ئازاتلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن ياۋروپا ئىنقىلاۋى ئوتتۇرىسىدا ئىچكى بىر بىرىگە باغلىنىش ۋە بىر بىرىگە بېقىنىش مۇناسىۋىتى بار ئىدى. بۇ مەزگىلدىكى ئاسىيا ئەللىرى خەلقىنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە، فېئودالىزىمغا قارشى كۈرىشىنىڭ دولقۇنى كاپىتالىزىم بازارلىرىنى جىددىي قىسقارتىۋەتتى؛ ئەنگلىيە، فرانسىيە قاتارلىق مەملىكەتلەرنىڭ ئاسىياغا قاراتقان ئېكسپورت سودىسى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى، ياۋروپا سانائىتى چۈشكۈنلەشتى، پۇل - مۇئامىلە بازارلىرى دەككە - دۈككىگە چۈشتى، كۈمۈش مىسلىسىز كەڭ كولەمدە ياۋروپادىن كوپلەپ ئاسىياغا ئېقىپ كىردى (جۇڭگودىن چاي، يىپەك سېتىۋېلىشقا ۋە تاموژنا بېجى تاپشۇرۇشقا، ئاسىيا ئەللىرى خەلقىنىڭ قوزغىلاڭلىرىنى باستۇرۇش يولىدىكى ھەربىي خىراجەتكە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارغا سەرپ قىلىندى)، ئاخىردا كاپىتالىزىم تارىخىدا بىرىنچى قېتىم يۈز بەرگەن 1857 — 1858 - يىللىرىدىكى دۇنيا ئىقتىسادىي كىرىزىسىغا ئېلىپ كەلدى. بۇ ئىقتىسادىي كىرىزىسنىڭ تەسىرى ئاستىدا، ياۋروپادا 60 - يىللىرى يېڭى ئىنقىلاۋىي ھەرىكەت قوزغالدى. خۇددى ماركسنىڭ بىشارەت بەرگىنىدەك: "جۇڭگو ئىنقىلاۋى ھازىرقى زامان سانائەت سىستېمىسىنىڭ پارتلاي دەپ قالغان مىنا پىلتىسىگە ئوچقۇن چاچراتقان ھامان، ئۇزۇندىن بېرى تەييارلىنىپ ۋايىغا يېتىپ قالغان ئومۇمىي كىرىزىس پارتلايدۇ، كۈنلەرنىڭ بىرى بۇ ئومۇمىي كىرىزىس چەتكە كېڭىيىپ كېتىدىغانلا بولسا، ئۇنىڭغا بىۋاستە ياندىشىپ ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدا سىياسىي ئىنقىلاپ بولىدۇ."①

---

ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 12 - توم، 76 - بەت.

① ماركس. «جۇڭگو ئىنقىلاۋى ۋە ياۋروپا ئىنقىلاۋى»، «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1981 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 2 - توم، 10 - بەت.

19ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاسىيا ئەللىرى خەلقىنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە، فېودالىزىمغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشى ئوبيېكتىپ جەھەتتە بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ شەكىللەندى. ئەنگلىيە قاتارلىق مۇستەملىكىچى دۆلەتلەر ئۇلارنىڭ ئورتاق كۈرەش نىشانى ئىدى. ھەرقايسى ئەللەر خەلقىنىڭ قوزغىلاڭلىرى بىرلا ۋاقىتتا دېگۈدەك ياكى كەينى ـ كەينىدىن پارتلىدى، بىر ـ بىرىگە تۇتاش ئەسىر كورسەتتى، شۇڭا بىر مەملىكەت خەلقىنىڭ كۈرىشى، تەبىي ھالدا، تاجاۋۇزچىلارنىڭ ئىككىنچى بىر مەملىكەت خەلقىگە قىلىدىغان ھۇجۇمىنى ئىسكەنجىلەپ، بىر ـ بىرىگە ۋاستىلىك ھالدا ياردەم بەردى، خۇددى ماركس كورسەتكەندەك: "ئەنگلىيە ـ ھىندىستان قوشۇنلىرىدىكى قوزغىلاڭ ئاسىيادىكى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئەنگلىيىنىڭ ھوكۇمرانلىقىغا بولغان ئومۇمى يۈزلۈك نارازىلىقى بىلەن بىر ۋاقىتتا بولدى، چۈنكى بېنگال ئەسكەرلىرى ئىچىدىكى قوزغىلاڭ شۈبھىسىزكى، پېرسىيىدىكى ئۇرۇش ۋە جۇڭگودىكى ئۇرۇش بىلەن زىچ باغلىنىشلىق، ــ مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىلگىرى كورۇلۇپ باقمىغان ئەھۋال."①

بۇ خەلق قوزغىلاڭلىرى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە دىنىي تۈس ئالغان. بۇنداق دىنىي بايراق قىلغان كۈرەش شەكلى شۇ چاغدىكى ئاسىيا ئەللىرىنىڭ بىرقەدەر قالاق ئىجتىمائى ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇ قوزغىلاڭلار ئاسىيا ئەللىرى خەلقىنىڭ ئورتاق سەرگۈزەشتىلىرىنى ۋە كۈلپەتلىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ

---

① ماركس. «ھىندىستان قوشۇنلىرىدىكى قوزغىلاڭ». «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 12 ـ توم، 252 ـ بەت.

بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاسىيا ئەللىرى خەلقىنىڭ قۇل بولۇشنى خالىمايدىغان ۋە مۇستەملىكىچىلىك تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرىدىغان ئورتاق ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ قوزغىلاڭلار چەتئەللەرنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىغا ۋە ئۆز مەملىكىتىدىكى فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىققا قاقشاتقۇچ زەربە بەردى، ئاسىيا ئەللىرى خەلقىنىڭ ئۇلۇغ كۈچىنى تولۇق نامايەن قىلدى. ماركس بىلەن ئېنگېلس ئاسىيا ئەللىرى خەلقىنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە، فېئوداللىزمغا قارشى ئۇلۇغ كۈرىشىنى ئىنتايىن زور ئىنقىلاۋىي قىزغىنلىق بىلەن تەنتەنە قىلدى. ئېنگېلس، ئانچە كۆپ يىللار ئۆتمەيلا "پۈتۈن ئاسىيادا يېڭى ئېرانىڭ تاڭ نۇرىنى كۆرىمىز"① دەپ بىشارەت بەردى.

## 1-بۆلۈم 1825—1830-يىللاردىكى ياۋا خەلقىنىڭ قوزغىلىڭى

**19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ھىندونېزىيە جەمئىيىتى** 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ھىندونېزىيە داۋالغۇش دەۋرىدە بولۇپ، مىللىي زىددىيەت، سىنىپىي زىددىيەت ۋە مۇستەملىكىچى مەملىكەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر گىرەلىشىپ كەتكەن ۋە ئىنتايىن ئۆتكۈرلىشىپ كەتكەن ئىدى. 1799-يىلى، گوللاندىيە شەرقىي ھىندىستان

---

① ئېنگېلس، «پېرسىيە ۋە جۇڭگو». «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1981-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 38-بەت.

شىركىتى تارقىتىۋېتىلگەنلىكى جاكالاندى، شۇنىڭ بىلەن گوللاندىيە ھۆكۈمىتى ھىندونېزىيىگە بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. 1806-يىلى، ناپولېون ئىنىسى لۇئى بوناپارتنى گوللاندىيە پادىشاسى قىلىپ تەيىنلىدى ھەمدە ئەنگلىيىنىڭ ياۋانى تارتىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، داندېلسنى ھىندونېزىيىگە باش ۋالى قىلىپ تەيىنلىدى. 1811-يىلى ئەنگلىيە قوشۇنلىرى ھىندونېزىيىنى ئىشغال قىلدى، گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئەنگلىيە ئارمىيىسىگە تەسلىم بولدى. ئەنگلىيە ھىندونېزىيىدە ۋاقىتلىق مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنى ئورناتتى. ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان مەزگىلدە (1811—1816)، مۇستەملىكىچىلەر پۇل بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسى تۈزۈمىنى يولغا قويدى، سودا مونوپولىيىسى تۈزۈمىنى ۋە ئىچكى چېگرا بېجىنى بىكار قىلدى، خۇسۇسىي كاپىتالنىڭ ئىككىنزارلىقلارنى قۇرۇشىغا ئىلھام بەردى، ھىندونېزىيىدە ئەنگلىيىنىڭ سانائەت ماللىرىنى توكمە قىلىپ ساتتى ۋە خام ئەشيانى ھەدەپ بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى، ئوبيېكتىپ جەھەتتە تاۋار-پۇل مۇناسىۋىتىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. 1816-يىلى، گوللاندىيە ئەنگلىيىنىڭ قولىدىن ھىندونېزىيىگە بولغان مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنى قايتا تارتىۋالدى، لېكىن ئۆز ئېلىنىڭ ئىگىلىكى قالاق بولغانلىقى ئۈچۈن، سانائىتى تەرەققىي تاپقان ئەنگلىيە بىلەن ئەركىن رىقابەت قىلىشقا چامىسى يەتمىدى، شۇنىڭ بىلەن سودا مونوپولىيىسى تۈزۈمىنى يېڭىۋاشتىن ئەسلىگە كەلتۈردى، قوغدىنىش چېگرا بېجىنى يولغا قويدى. گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئەنگلىيىنىڭ پۇل بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسى تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇردى، لېكىن شەرقىي ھىندىستان شىركىتى مەزگىلىدىكى كونا ئېكسپىلاتاتسىيە ئۇسۇلىنى،

مەسىلەن، كوفې تېرىش ۋە تەمىنلەشكە مەجبۇر قىلىشقا ئوخشاشلارنى ساقلاپ قالدى.

گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى دېھقانلارنى يەر بېجى (دېھقانلار دارامىتىنىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن بىر قىسمىدىن ئىككىدىن بىر قىسمىغىچە تەشكىل قىلىدۇ)، چېگرا بېجى، تۈتۈن بېجى، جان بېجى قاتارلىق 30 نەچچە خىل باج-سېلىقنى تاپشۇرۇشقا، تۈرلۈك ھەقسىز مېھنەتلەرنى قىلىشقا، مەسىلەن، يۇزى دەرىخىنى كېسىش، تاشيول، كوۋرۈك ياساش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارغا مەجبۇر قىلدى. گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى ۋە ھىندونېزىيە فېئوداللىرىنىڭ قوش زۇلمى ۋە قۇل قىلىشى ئارقىسىدا، ھىندونېزىيە خەلقى ئىنتايىن نامرات تۇرمۇش كەچۈرەتتى، سەرسانلىق-سەرگەردانلىقتا ئۆتەتتى، ياۋا ئوت-چۆپلەر بىلەن قوساق تويغۇزاتتى، خەلقنىڭ تاقىتى تاق بولۇپ، ياۋانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئۈزلۈكسىز تۈردە ئاندا-ساندا قوزغىلاڭلارنى كۆتىرىپ، گوللاندىيىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھوكۇمرانلىقىغا قارشى تۇردى.

ياۋا فېئوداللىرىنىڭ مەنپەئەتىمۇ گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ۋە تاجاۋۇزىغا ئۇچرىدى. فېئودال ئىشتاتلارنىڭ زېمىنى كۈندىن-كۈنگە تارايدى، نۇرغۇن فېئودال موھۇرلەپ بېرىلگەن يەرلەردىن مەھرۇم بولدى، ئۇلارنىڭ دارامىتى بىراقلا كېمىيىپ كەتتى. گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئىشتاتلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا خالىغانچە ئارىلاشتى، ئوردىدا ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ، فېئوداللارغا خالىغانچە تەنبىھ بېرەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم فېئوداللارنىڭ غەزىپى قوزغالدى. 1823-يىل 5-ئايدا، گوللاندىيە مۇستەملىكىچى ھوكۇمىتى فېئودالىلارنىڭ يەرلەرنى چەتئەللىك ئىگىنزارلىق ئىگىلىرىگە ئىجارىگە بېرىشىنى مەنئى قىلدى، مۇددىتى

تېخى توشمىغان ئىجارىگە بېرىش پۈتۈملىرىنى بىكار قىلدى. يەرلەرنى ئىجارىگە بېرىشنىڭ مەنئى قىلىنىشى فېوداللارنىڭ دارامىتىگە تەسىر يەتكۈزدى، ئۇلار يەر ئىجارىسى ئۈچۈن ئالدىن ئالغان پۇللارنى بۇزۇپ-چېچىپ بولغان، ئۇنى قايتۇرالماي، قاتمۇ-قات قەرزگە بوغۇلدى. بۇ فېوداللارمۇ گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىدىن قاتتىق نارازى بولدى.

ئىسلام دىنىدىكى ئاخۇنلار گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىنى ئۆزىچىل تۇردە يامان كوردى، چۈنكى گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ سودا مونوپولىيىسى سىياسىتى ئىسلام دىنىدىكى سودىگەرلەرنىڭ تەسىر كۆچىنى بىتچىت قىلىۋەتكەن، نۇرغۇن ئاخۇنلار يەنى فېودال پومېشىكلارنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىمۇ زىيانغا ئۇچرىغان ئىدى. گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئاخۇنلارنىڭ ئوردىدىكى دىنىي ئورنىنىمۇ چېقىلىپ قويغان، ھىندونېزىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەككىگە بېرىپ تاۋاپ قىلىشقا ئوخشاش دىنىي پائالىيەتلىرىنى چەكلەپ قويغان ئىدى. قوزغىلاڭ ھارپىسىدا، ياۋادا ئابدۇللا ئاخۇن قاتارلىقلار رەھبەرلىك قىلغان دىنىي توپىلاڭ بولدى.

**1825 — 1830 - يىللاردىكى ياۋا خەلق قوزغىلىڭىنىڭ پارتلىشى ۋە جەريانى** جوگجاكارتا شاھزادىسى دىپونېگورو (1785 — 1855) ياۋا خەلق قوزغىلىڭىنىڭ يولباشچىسى ئىدى. قوزغىلاڭدىن ئىلگىرى، ئۇ جوگجاكارتا فېودال ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ گوللاندىيىگە قارشى گۇرۇھىنىڭ يادرولۇق ئادىمى بولۇپ قالغان ئىدى، ئۇنىڭ غوجىلىق يېرى مۇستەملىكىچىلىك ھوكۇمرانلىقتىن نارازى بولغان خەلقلەر ۋە بىر قىسىم فېوداللار يىغىلىدىغان جاي بولۇپ قالغان ئىدى. دىپونېگورو فېودال ئاقسۆڭەكلەر قولىدىن بېرىپ



دىپونېگورو

قويغان ھاكىمىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، مۇستەقىل، گۈللەنگەن ئىسلام فېئودال پادىشالىقىنى يېڭىۋاشتىن قۇرماقچى بولدى. 1825-يىل 7-ئايدا، گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى تاشيول ياساشنى باھانە قىلىپ، دىپونېگورونىڭ خوجىلىق يېرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى ۋە دىپونېگورونى قولغا ئالماقچى بولدى، بۇ ۋەقە ياۋا خەلق قوزغىلىڭىغا سەۋەبچى بولدى.

1825-يىل 7-ئاينىڭ 20-كۈنى دىپونېگورو سالالىگىنى مەركەز قىلىپ، قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتەردى. ئۇ خەلققە مۇراجەتنامە ئېلان

قىلىپ، خەلقنى مۇقەددەس ئۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىنى يوقىتىشقا چاقىردى. بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا تەخمىنەن 60 مىڭ دېھقان قوزغىلاڭغا ئاۋاز قوشتى، جوگجاكارتادىكى فېئوداللارنىڭ كۆپ قىسمى ۋە سولودىكى مەشھۇر ئاخۇن كۇئاي مودجومۇ قوزغىلاڭغا قاتناشتى. نۇرغۇنلىغان جۇڭگو مۇھاجىرلىرىمۇ ئۇرۇشقا ياكى قورال-ياراق، ئوق-دورا يەتكۈزۈپ بېرىشكە قاتناشتى. قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسى مۇستەملىكىچى ئەمەلدارلارنى جازالىدى، گوللاندىيىلىكلەرنىڭ تۇرار جايلىرىغا، ئامبارلارغا، چېگرا باجخانىلىرىغا ۋە ئېكىنزارلىقلارغا ئوت قويدى. شۇ چاغدا، گوللاندىيىنىڭ ئۆز ئېلىنىڭ ئىگىلىكى چۈشكۈنلەشكەن، ئەنگلىيىگە قارشى ئۇرۇشتا گوللاندىيە پاراخوتلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك يوقىتىلغان ئىدى، گوللاندىيە مۇستەملىكىچى قوشۇنلىرى سۇماترا، كالىمانتان، سۇلاۋېسىلاردىكى گوللاندىيىگە قارشى قوزغىلاڭلارنى باستۇرۇش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتاتتى، ياۋا ئاراللىدا قالغان گوللاندىيە ئەسكەرلىرى كۆپ ئەمەس ئىدى. شۇڭا ھەيۋەتلىك قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسى جوگجاكارتانى قورشىۋالغاندا، جوگجاكارتا قەلئەسىگە قاپسىلىپ قالغان گوللاندىيىلىك ئىشتات باشلىقى خۇدىنى يوقاتقۇدەك بولۇپ، باش ۋالىيغا: "بىزدە ھېچقانچە كۈچ قالمىدى، قوغدىنىشقا كۈچىمىز يەتمەيدۇ...... بىز قەلئە ئىچىدە ئاچتىن ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇق. بىزنىڭ ھالىمىز تولىمۇ ئېچىنىشلىق، بىزنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭلار!" دەپ نالە قىلدى. گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئالدىراپ-تېنەپ ھىندونېزىيىنىڭ باشقا جايلىرىدىن تاجاۋۇزچى قوشۇنلارنى يۆتكەپ ۋە ياللانما قوشۇنلارنى كېڭەيتىپ، جوگجاكارتاغا ياردەمگە ئەۋەتىپ، قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسىنى بىراقلا يوقاتماقچى بولدى.

قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسى گوللاندىيە قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىنى تارمار قىلدى. قوزغىلاڭ گويا يالقۇن بولۇپ ياۋانىڭ كۆپ قىسمىغا يېيىلدى. گوللاندىيە قوشۇنلىرى پۈتۈن سەپ بويىچە تەڭ كېلەلمەي، جوگجاكارتا، سولو قاتارلىق مۇھىم ھەربىي بازىلارغا كىرىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى.

قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسى بىرقاتار غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن، پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى قانات يايدۇرۇپ، ھەربىي ھۇجۇمنى كۈچەيتتى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىچكى جەھەتتىن تەشكىلنى تەرتىپكە سالدى. 1825-يىل 10-ئايدا، دىپونېگورو ئىسلام فېئودال پادىشاھلىقىنى قۇرۇپ، ئۆزىنى ياۋانىڭ سۇلتانى دەپ ئاتىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ تەشكىللىك قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسىنى قۇرۇشقا كىرىشتى. قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسى ئاساسەن دېھقانلاردىن تەشكىل قىلىنغان بولۇپ، قوراللىرى ناھايىتى ئاددىي ئىدى، كۆپ قىسمى ئوقيا، توقماق، نەيزە، قىلىچقا ئوخشاش قوراللار ئىدى، مىلتىق، زەمبىرەك كەم ئىدى، شۇڭا كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش ئېلىپ بارالمايتتى. لېكىن ھەقىقەت شۇلار تەرەپتە ئىدى، ئۇلار مۇستەملىكىچىلەرگە قارشى ئىنتايىن زور جاسارەتكە ئىگە ئىدى. ئۇلار ئاساسەن پارتىزانلىق تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، ھەركەتچان ئۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، دۈشمەنگە باتۇرلۇق بىلەن ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، گوللاندىيە قوشۇنلىرىنى قاتتىق تالاپەت تارتقۇزدى، ھالى قالماي جېنىنى ئېلىپ قېچىشقا مەجبۇر قىلدى. كەڭ دېھقانلار قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسىنى قىزغىن ھىمايە قىلدى، ئۇلارغا كۆپلەپ ئاشلىق يەتكۈزۈپ بەردى؛ قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسىگە قاتناشقان دېھقانلار باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلدى، بۇ قوزغىلاڭچىلار ئارمىيە-

سىنىڭ پارلاق غەلىبىگە ئېرىشىشىنىڭ مۇھىم سەۋۋى ئىدى.

1826 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسى سولودىكى گوللاندىيە قوشۇنلىرىنىڭ مۇستەھكەم ئىستىھكاملىرىغا ھۇجۇم قىلدى، نەتىجىدە يېڭىلىپ قالدى، تالاپەت ئېغىر بولدى، دىپونىگورونىڭ ئۆزى ئېغىر يارىدار بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ياۋا ئۇرۇشى ئاستا ـ ئاستا تىركىشىش باسقۇچىغا كىردى. سولو جېڭىدىن كېيىن، قوزغى ـ لاڭچىلار ئارمىيىسىدە ئىچكى جاڭجال پەيدا بولدى، دىپونىگورو بىلەن كۆئاي مودجو ئوتتۇرىسىدا دىنىي ئالىي رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تالىشىش سەۋۋى بىلەن زىددىيەت پەيدا بولدى. گوللاندىيە قوشۇنلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسى ئىچىگە جاسۇسلارنى كىرگۈزۈپ، جېنىنىڭ بىرىنچە ئارىغا بولغۇنچىلىك سالدى، فېئوداللارنى پارچىلىدى ۋە سېتىۋالدى. كۆئاي مودجو ئاسىيلىق قىلىپ دۈشمەنگە تەسلىم بولدى. كۆئاي مودجودىن كېيىن، باشقا فېئوداللارمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن مۇستەملىكىچىلەرگە تەسلىم بولدى، شۇنداق قىلىپ قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسىنىڭ كۈچى ئاجىز ـ لىشىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، گوللاندىيە قوشۇنلىرى پوتەي تاكتىكىسىنى قوللىنىشقا باشلاپ، مۇھىم ئىستىراتېگىيىلىك يەرلەرنىڭ ھەممىسىدە پوتەيلەرنى سالدى، ئاتلىق چارلىغۇچىلار ئەترەتلىرى پوتەيلەرنى بىر بىرى بىلەن باغلىدى، شۇنداق قىلىپ، قوزغىلاڭچى ـ لار ئارمىيىسىگە بولغان قورشاۋنى پەيدىن ـ پەي تارايتىپ، خەلق بىلەن قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسىنىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسىنى يېتىم قالدۇرماقچى بولدى. لېكىن گوللاندىيە قوشۇنلىرىنىڭ پوتەي تاكتىكىسى قوزغىلاڭچىلار ئارمىيى ـ سىنىڭ پارتىزانلىق ھەرىكىتىنى توسالمىدى. 1827 ـ يىل 8 — 10 ـ

ئايلاردا، قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسى گوللاندىيە قوشۇنلىرى بىلەن ئىككى قېتىم سوھبەت ئۆتكۈزۈپ، پۈتۈن سەپ بويىچە ئۇرۇشنى توختاتتى. 1827 ـ يىل 11 ـ ئايدىن 1828 ـ يىل 3 ـ ئايغىچە، ياۋانىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى رېمباڭ رايونىدا قاتتىق جەڭ بولۇپ، قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسى باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلدى، سىماراڭ بىلەن سۇراباياغا قىستاپ بېرىپ، گوللاندىيە قوشۇنلىرىغا قاقشاتقۇچ زەربە بەردى، گوللاندىيە قوشۇنلىرىنىڭ دىپونېگورو قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ئاساسىي قوشۇنىنى قورشىۋېلىشنى مەقسەت قىلغان ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشىنى بۇزۇپ تاشلىدى. گوللاندىيە ياردەمچى قوشۇنلارنى كۆپلەپ كۆپەيتكەندىن كېيىن، رېمباڭ رايونىدىكى قوزغىلاڭ ئاندىن ئاران باستۇرۇلدى.

رېمباڭ رايونىدىكى قوزغىلاڭنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ياۋا خەلقى چوڭ قوزغىلىڭىنىڭ ھالاكەت باسقۇچىغا كىرگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. گوللاندىيە ئارمىيىسى تەرەپتە ياردەمچى قوشۇنلار ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرغانلىقى، يوتەي تاكتىكىسى ۋە سىياسىي ھۇجۇم كۈچەيتىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ باردى. قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسى تەرەپتە فېئوداللارنىڭ كۆپ قىسمى ئارقا ـ ئارقىدىن ئاسىيلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن كۈچ، جىددىي تۈردە ئاجىزلىشىپ باردى. ۋەزىيەت گەرچە پايدىسىز بولسىمۇ، دىپونېگورو دېخانلار ئاممىسىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، كۆرەشنى يەنىلا قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ قەھرىمانلىق جاسارىتىنى كۆرسەتتى. ھەتتا گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئەپىتسەرلىرىمۇ: "ئۇ گەرچە بىر قاتار زەربە ۋە بەختسىزلىكلەرگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، يەنىلا تولۇپ ـ تاشقان ئىشەنچ ۋە جاسارەت بىلەن، داۋاملىق تۈردە بىز

(گوللاندىيە)نىڭ ئارمىيىمىزگە قارشىلىق كۆرسەتتى" دەپ ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بولدى. 1830-يىل 3-ئايدا، دىپونېگورو گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى بىلەن ئۇرۇشنى توختىتىش سوھبىتى ئۆتكۈزۈش نامى بىلەن ماگېلاڭغا ئالداپ ئاپىرىلدى. سوھبەت داۋامىدا دىپونېگورو تەسلىم بولۇشنى رەت قىلىپ، ياۋادا مۇستەقىل ئىسلام پادىشالىقى قۇرۇشتا چىڭ تۇردى. گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماي ئۇنى تۇتۇپ قالدى ۋە سۇلاۋېسىدىكى ۋاكاسارغا سۈرگۈن قىلدى. ياۋا خەلق قوزغىلىڭى ئاخىرى گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى تەرىپىدىن ھەربىي كۈچ بىلەن باستۇرۇش شۇنداقلا سۇيىقەست ۋە ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىش يولى بىلەن مەغلۇپ قىلىندى.

**ياۋا خەلق قوزغىلىڭىنىڭ خاراكتېرى ۋە مەغلۇپ بولۇشىدىكى سەۋەبلەر**

19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى بىلەن ھىندونېزىيىدىكى سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى مىللىي زىددىيەت ھىندونېزىيە جەمئىيىتىدىكى ئاساسىي زىددىيەت ئىدى، ياۋا خەلق قوزغىلىڭى مۇشۇ مىللىي زىددىيەتنىڭ ئۆتكۈرلىشىشىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى ئىدى. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى فېئوداللارنىڭ قولىدا بولسىمۇ، لېكىن پۈتكۈل قوزغىلاڭ جەريانىدا كەڭ دېھقانلار ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. قوزغىلاڭ ھارپىسىدا، جايلاردىكى دېھقانلارنىڭ ئىستىخىيىلىك ھالدا قىلغان كۈرىشى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن نارازى بولغان بىر قىسىم فېئوداللارنىڭ قوزغىلاڭغا قاتنىشىشى ۋە رەھبەرلىك قىلىشىغا تۈرتكە بولدى. قوزغىلاڭ جەريانىدا، دىپونېگورو قاتارلىق ئاز ساندىكى يولباشچىلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، فېئوداللارنىڭ كۆپ قىسمى ئاس-

لىق قىلىدى، لېكىن دېخانلار ئىزچىل تۈردە كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئىپادىلىدى. ھىندونېزىيە ئاھالىسىنىڭ زور كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلغان دېخانلارنىڭ ئاساسىي ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولۇشى بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنى روشەن خەلق ئۇرۇشى خاراكتېرىغا ئىگە قىلدى. بۇ 19- ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ھىندونېزىيە بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان خەلق قوزغىلىڭى بولدى.

گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ھەربىي كۈچ بىلەن باستۇرۇشى ۋە سۈيىقەست ھەم ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىشى ياۋا خەلق قوزغىلىڭىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەب بولدى. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مەركىزىي رايونى بولغان ياۋادا بولدى، شۇڭا گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن، قوزغىلاڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈشتە قولىدىن كېلىدىغان ۋاستىلەرنىڭ ھەممىسىنى قوللاندى. گوللاندىيە قوزغىلاڭنى ھەربىي كۈچ بىلەن بىراقلا باستۇرماقچى بولغان ئىدى، لېكىن قوزغىلاڭچى خەلق قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلىپ گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ شىرىن چۈشىنى بىتچىت قىلىۋەتتى. شۇڭا، گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى زورلۇق كۈچ ئىشلەتكەندىن تاشقىرى، سۈيىقەست ۋە ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىشنى جىددىيلەشتۈرۈپ، قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسىنى ئىچكى جەھەتتىن پارچىلىدى. گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى تەھدىت سېلىش، مەنپەئەت بىلەن قىزىقتۇرۇش، يۇقىرى مەنسەپ ۋە ئۈستۈن تەمىنات بېرىشكە ئوخشاش ئۇسۇللار بىلەن سولودىكى فېئوداللارنى ۋە ياۋادىكى بىر قىسىم فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنى ئۆزىگە تارتىپ ھەم سېتىۋېلىپ،

ئۇلارنىڭ قوزغىلاڭغا قاتنىشىشىنى توستى؛ شۇنداقلا قوزغىلاڭچىلار
ئارمىيىسىنىڭ ئىچىگە جاسۇسلارنى كىرگۈزۈپ، ھە دەپ ئارىغا بولگۇن-
چىلىك سېلىپ، فېوداللارنى پارچىلىدى ۋە سېتىۋالدى. گوللاندىيە
مۇستەملىكىچىلىرى «ھىندونېزىيىلىكلەرنى ھىندونېزىيىلىكلەرگە
سېلىش» سىياسىتىنى قوللىنىپ، سودا ۋاكاسار، مالۇكو قاتارلىق
ئىشتاتلاردىكى فېوداللارنى ئەسكەر چىقىرىپ گوللاندىيىنىڭ ئىسيانىنى
باستۇرۇشقا ياردەملىشىشكە مەجبۇر قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ھەربى
خىراجەتنى ئازايتتى، ھىندونېزىيە خەلقى ئوتتۇرىسىدا، جايلاردىكى
فېوداللار ئوتتۇرىسىدا ۋە خرىستىيانلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا
زىددىيەت پەيدا قىلدى ۋە ئۇنى چوڭقۇرلاشتۇردى. قاقۋاش گوللان-
دىيە مۇستەملىكىچىلىرى پات-پات «تىنچلىق سوھبىتى» نەيرىڭىنى
ئىشلىتىپ، ئۇرۇش مەيدانىدا ئىگە بولالمىغان نەرسىگە سوھبەت
جوزىسىدا ئىگە بولماقچى بولدى. گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى
قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسىگە بولغان ھۇجۇمنى كۈچەيتىش ئۈچۈن،
ئۇرۇشنى توختىتىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئارمىيىنى يېڭىۋاشتىن
ئورۇنلاشتۇردى ۋە قوراللاندۇردى. گوللاندىيە يامغۇر پەسلىدە
سوھبەت ئۆتكۈزدى، چۈنكى يامغۇر پەسلى گوللاندىيە قوشۇنلىرى
ئۈچۈن پايدىسىز ئىدى، ئېغىر قوراللار رولىنى يوقىتىپ قوياتتى،
لېكىن قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسىنىڭ پارتىزانلىق پائالىيىتىگە توسقۇن-
لۇق قىلالمايتتى. گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى سوھبەت ئارقىلىق
فېودالارنى پارچىلىدى ۋە سېتىۋالدى، كۆئاي مودجو قاتارلىقلار
سوھبەت داۋامىدا گوللاندىيە قوشۇنلىرىغا سېتىلىپ كەتتى؛ ماگېلاڭ-
دىكى سوھبەت بولسا گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ قاقۋاشلىقى،
رەزىللىكى ۋە ۋاپاسىزلىقىنى مەركەزلىك ھالدا ئىپادىلەپ بەردى. شۇ

چاغدا ھىندونېزىيە خەلقى گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ سۇيىقەست ۋە ھىلە-مىكىر ئىشلىتىش ھەم "بولۇپ ئىدارە قىلىش" سىياسىتىدىن ھوشيار بولالماي، ئۇلارغا پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەردى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، فېئوداللار ئارىلىقتا ئاسىلىق قىلدى، قوزغىلاڭچىلار ئارمىيەسىنىڭ ئىچكى قىسمى ئىتتىپاق بولالمىدى، ياۋا قوزغىلىڭى باشقا جايلاردىكى قوزغىلاڭلار بىلەن بىر تۇتاش ھەرىكەت ئېلىپ بارالمىدى، شۇنىڭ بىلەن گوللاندىيىنىڭ قوشۇنلىرىنى ئەركىن يۆتكەپ، ھىندونېزىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى خەلق قوزغىلاڭلىرىنى بىر-بىرلەپ تارمار قىلىشقا ئىمكانىيەت تۇغۇلدى، بۇمۇ ياۋا خەلق قوزغىلىڭىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى مۇھىم سەۋەپ.

ياۋا خەلقىنىڭ قوزغىلىڭى گوللاندىيە دۆلەت غەزىنىسىدىن 20 مىليون فلورىننى خوراتتى، 15 مىڭدىن ئارتۇق گوللاندىيە تاجاۋۇزچى ئەسكەرلىرىنى يوقاتتى، گوللاندىيىنىڭ ھىندونېزىيىدىكى مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىغا قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى ياۋا خەلقىنىڭ قوزغىلىڭىنى قانلىق باستۇرغاندىن كېيىن، ھىندونېزىيە خەلقىنى تېخىمۇ قاتتىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى. 1830 — 1870-يىللىرى، گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى ھىندونېزىيىدە "مەجبۇرى تېرىقچىلىق تۈزۈمى"نى يولغا قويۇپ، ھىندونېزىيە خەلقىنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرىدىغان يەر بېجى ھېساۋىدا، 3 دىن بىر قىسمىدىن ئىككىدىن بىر قىسمىغىچە بولغان يېرىگە شېكەر قومۇشى، كوفې، نىل بوياق قاتارلىق ئېكسپورت قىلىنىدىغان ئىقتىسادى زىرائەتلەرنى تېرىشقا مەجبۇر قىلدى. يېرى يوق دېھقانلار ھەقسىز مېھنەت قىلىپ بېرىشى كېرەك ئىدى. بۇ تۈزۈم يولغا قويۇلغان 40 يىل داۋامىدا، گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى جەمى تەخمىنەن 800

مىليون فلورىن شىلىڭۋالىدى، بۇ گوللاندىيە شەرقىي ھىندىستان شىركىتىنىڭ 200 يىلدا قاقتى-سوقتى قىلىپ تاپقان پۇلىنىڭ ئومۇمى سوممىسىغا تەڭ كېلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرلەچچە يىل ئۇدا ئاچار-چىلىق كېلىپ چىقتى ۋە مىليونلىغان خەلق ئۆلۈپ كەتتى. بۇ مەزگىلدە، پارچە-پۇرات دېھقانلار توپىلاڭلىرى ۋە كىچىك دائىرىلىك قوزغىلاڭلار ئايىغى ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇردى.

## 2-بۆلۈم ئىراندىكى باب مۇرىتلىرى قوزغىلىڭى

**كاجار سۇلالىسىنىڭ فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقى** 1796-يىلى ئىراندا ئاگا مۇھەممەد كاجار سۇلالىسىنى قۇرۇپ، تېھراننى پايتەخت قىلىپ بەلگىلىدى. كاجار سۇلالىسى گەرچە 1747—1796-يىللىرى داۋام قىلغان يېغىلارغا خاتىمە بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىلگىرىكى سافى سۇلالىسى (1502—1736)، نادىر شاھ سۇلالىسى (1736—1747) دەۋرلىرىدىكىگە ئوخشاش، ئىران يەنىلا ئېغىر ھالدىكى فېئوداللىق بولۇنمە ھالەتتە ئىدى.

فېئوداللىق ھەربىي بەخشەندىلىك تۈزۈم ئىراندىكى يەر مۈلۈكچى-لىكنىڭ ئاساسىي شەكلى ئىدى، بەزى جايلاردا يېزا جامائەسىنىڭ قالدۇقلىرى ساقلانغان ئىدى. پادىشا، دىندار ئاقسۆڭەكلەر، كوچمەن ئاقسوكەكلەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار يەرلىك ھەممىسىنى دىگۈدەك مونوپول قىلىۋالغان ئىدى. دېھقانلار يەرگە بەنت قىلىپ قويۇلغان، فېئودالارغا نىسبەتەن فېئوداللىق بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە بولۇپ، مەھسۇلاتىنىڭ 5 تىن 4 ئۈلۈشىنى يەر ئىگىسىگە تاپشۇرۇشى شەرت

www.uyghurkitap.com

ئىدى ھەمدە ئېغىر باج-سېلىق تاپشۇراتتى ياكى ھەقسىز مېھنەت قىلىپ بېرەتتى.

18-ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئىراندا ئاددىي قول سانائەت ئىشخانىلىرى مەيدانغا كەلدى. بەزى توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرى كارخانا ئىگىلىرىنىڭ ماتېرىياللىرى ۋە توقۇمىچىلىق ماشىنىلىرى بىلەن كارخانا ئىگىلىرىگە رەخت توقۇپ بېرەتتى؛ يەنە بەزى توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرى ئىشخانىلارغا يىغىلىپ ئىشلەيتتى. فېئوداللىق بۆلۈنمە، ئايىغى ئۈزۈلمىگەن يىغىلار، فېئوداللارنىڭ دەھشەتلىك قاقتى-سوقتى قىلىشلىرى ۋە بۇلاڭ-تالاڭلىرى، چېگرا باجخانىلىرىنىڭ تولىلىقى، بىرلىككە كەلگەن پۇل ۋە ئۆلچەمنىڭ يوقلۇقى، فېئودالارنىڭ سودىنى مونوپولىيە قىلىۋالغانلىقى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار مەملىكەت ئىچىدە سودىنىڭ ۋە قول سانائەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئېغىر ھالدا توسقۇنلۇق قىلدى.

كوچمەنلەر قەبىلىسى ئىراننىڭ ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 3 تىن بىرىنى تەشكىل قىلاتتى. كوچمەنلەر قەبىلىسىدىكى ئاقسۆڭەكلەر دائىم ئۆزئارا بۇلاڭ-تالاڭ قىلاتتى، دىخانلار ئاھالىسىگە ۋە كارۋانلارغا ھۇجۇم قىلاتتى، بۇ جەمئىيەت ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلاتتى. ئۇلار ھوقۇقىنى مەركەزلەشتۈرۈشكە ئىزچىل قارشى ئىدى، ھەتتا نام جەھەتتە پادىشا ھاكىمىيىتىنىمۇ ئېتىراپ قىلمايتتى، شۇنىڭ ئارقىسىدا ئىراندا فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ تارقاقلىقى كۈچىيىپ كەتكەن ئىدى.

ئىراننىڭ سىياسىي تۈزۈمى فېئودال پادىشالىق مۇستەبىتلىك تۈزۈم ئىدى. پادىشا ئەڭ چوڭ فېئودال پومېشچىك بولۇپ، چەكسىز ھوقۇققا ئىگە ئىدى. باش ۋەزىر باشچىلىقىدىكى مەركىزىي مەخپى

ئىشلار مەھكىمىسى دۆلەتنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. يەرلىكتە 30 ئۆلكە ۋە ئوبلاستقا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۆلكىگە باش ۋالى، ئوبلاستقا ئوبلاست باشلىقى قويۇلاتتى، ئادەتتە ئۇنىڭغا پادىشانىڭ ئۇرۇق-تۇققانلىرى قويۇلاتتى، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇستەقىل بەگلىكلەر بولۇپ، ناھايىتى زور مالىيە ھوقۇقى ۋە ھەربىي ھوقۇققا ئىگە ئىدى. پادىشانىڭ ئۆلكە ياكى ئوبلاستلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرى بىلەن ئانچە كارى يوق ئىدى. 19-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، فېئوداللارنىڭ ئىسيانلىرى ئايىغى ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇردى، فېئودالار ئوتتۇرىسىدا يەر، ئوتلاق ۋە سۇ تالىشىش ئۇرۇشلىرى دائىم بولۇپ تۇردى.

ئىسلام دىنىدىكى شىئە مەزھىپى① ئىراننىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى تۇتاتتى. شىئە مەزھىپىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئاخۇنلار نۇرغۇنلىغان يەرلەرنى ئىگىلىۋالغان ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سودىگەرچىلىك، جازانىخورلۇق بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئۇلار دىنىي ئالىي ھوقۇقنى ئىگىلىۋالغان بولۇپ، «قۇرئان»نى دائىم فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ مەنپەئەتى بويىچە چۈشەندۈرەتتى، ئۇلار فېئودال پادىشالىق ھاكىمىيىتىنىڭ مۇھىم تۈۋرۈكى بولۇپ قالغان ئىدى. يۇقىرى دەرىجىلىك ئاخۇنلار مەھكىمە شەرئىينى ئىگىلىۋالغان بولۇپ، مال-مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش، نىكاھ، ئېلىم-بېرىم، سودا-سېتىققا ئوخشاش ھەق تەلەپ

① شىئە مەزھىپى — ئىسلام دىنىدىكى ئىككى چوڭ مەزھەپنىڭ بىرى (يەنە بىر چوڭ مەزھەپ سۈننىي مەزھىپى). بۇ مەزھەپ ئەلىنى مۇھەممەدنىڭ مۇۋاپىق ۋارىسى دەپ ھېسابلايتتى.

www.uyghurkitap.com

ئىشلىرى ئەنزىلىرىنى سورايتتى. بۇ يۇقۇرى دەرىجىلىك ئاغۇللار ھەمىشە سوراق قىلىش ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ قاقتى-سوقتى قىلىپ، ئۆزىنى سەمرىتەتتى. جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىنى دەھرى سوت سورايتتى.

فېوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئېغىر ھالدا توسقۇنلۇق قىلىپ، ئىراننى ئۇزاققىچە قالاق ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى، دولەت ئىنتايىن ئاجىزلىشىپ كەتتى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزى ئۈچۈن پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەردى.

**ياۋروپادىكى كۈچلۈك دولەتلەرنىڭ تاجاۋۇزى ۋە ئىراننىڭ يېرىم مۇستەملىكىلىشىشى** 17-، 18-ئەسىرلەردە، ئىراندىكى فېودال سۇلالىلەر ياۋروپا ئەللىرى بىلەن ئىمتىياز شەرتنامىلىرىنى ئىمزالاپ، ياۋروپا سودىگەرلىرىنىڭ ئىراندا كەڭ ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولۇشىغا، مەسىلەن، سودا پونكىتلىرىنى قۇرۇش، ئەركىن سودا قىلىش، ئىمپورت بېجىنى تاپشۇرماسلىق، ئىران قانۇنلىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارغا رۇخسەت قىلدى. 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىراننىڭ فېودالىلىق تۈزۈمىدە جىددى كىرىزىس پەيدا بولۇپ، دولەتنىڭ ھالى خاراپلاشتى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۇنيا كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ياۋروپادىكى كۈچلۈك دولەتلەر ئىراننى تاۋار بازىرىغا ۋە خام ئەشيا بازىسىغا ئايلاندۇرۇشقا جىددى كىرىشتى. ئۇلار ئىمتىياز شەرتنامىلىرىنى ئىراننى قول قىلىشنىڭ كۈچلۈك قورالى قىلىۋالدى. 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، روسىيە قاتارلىق كۈچلۈك دولەتلەر ئىراندا جىددى

قوراللىق توقۇنۇش پەيدا قىلدى. چارروسىيە جەنۇبىي كاۋكازغا هوكۇمرانلىق قىلىش هوقۇقىنى تالىشىپ ئىران بىلەن ئىككى قېتىم ئۇرۇش پەيدا قىلدى. 1813 ـ يىلى ۋە 1828 ـ يىلى، روسىيە ئىراننى گۈلۈستان شەرتنامىسى ۋە تۈركمەنچاي شەرتنامىسىنى ئىمزالاشقا مەجبۇر قىلدى، شۇنىڭ بىلەن روسىيە گرۇزىيە، ئارمېنىيە، شىمالىي ئەزەربەيجاننى ئۆزىگە قوشۇۋالدى، ئىران 20 ملىيون رۇبلى تۆلەم تۆلىدى، روسىيە كونسۇللارنىڭ هوكۇم چىقىرىش هوقۇقىغا ۋە تۈرلۈك سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىمتىيازلارغا ئىگە بولىۋالدى. ئېنگېلس، تۈركمەنچاي شەرتنامىسى ئىراننى "روسىيىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندۇرۇپ"① قويدى، دەپ كورسەتتى. ئەنگلىيىمۇ روسىيىنىڭ تەسىرىگە تاقابىل تۇرۇش، ئۆزىنىڭ ئىراندىكى تەسىرىنى مۇستەهكەملەش ئۈچۈن، 1841 ـ يىلى ئىراننى قۇللۇق خاراكتېرىغا ئىگە شەرتنامىلەرنى ئىمزالاشقا مەجبۇر قىلدى. ئەنگلىيە كونسۇللارنىڭ هوكۇم چىقىرىش هوقۇقىغا ئىگە بولىۋالدى، ئەنگلىيە 100 سوملۇق تاۋار ئۈچۈن 5 سوم تۆلىدى، ئىچكى چېگرا باجلىرىدىن ئازات قىلىندى ۋە تابرىز، تېهران، باندار ـ بۇشىرلاردا سودا ۋاكالەت باشقارمىلىرىنى قۇردى. فرانسىيە، ئامېرىكا، ئاۋستىرىيە قاتارلىق دولەتلەرمۇ قائىدە بويىچە ئىران بىلەن شۇنىڭغا ئوخشاش شەرتنامىلەرنى ئىمزالىدى.

تەڭسىز شەرتنامىلەر ئىرانغا تۈگىمەس مىللىي بالايى ـ ئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلدى، شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ئىران يېرىم مۇستەملىكە،

---

① ئېنگېلس. «ئەنگلىيە ـ پېرسىيە ئۇرۇشىنىڭ ئىستىقبالى». «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 12 ـ توم، 135 ـ بەت.

ييرىم فېئودالىزملىق دۆلەتكە ئايلاندى. چەتئەل تاۋارلىرى بولۇپمۇ ئەنگلىيە تاۋارلىرى ئىرانغا كەلكۈن كەبى ئېقىپ كىردى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن تارتىپ، ئەنگلىيىنىڭ توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى ئىراننىڭ پۈتۈن ئىمپورت قىممىتىنىڭ 90 پىرسەنتىنى دىگۈدەك ئىگەللىدى. 1833 ـ يىلى، تابرىزغا كەلتۈرۈلگەن ياۋروپا تاۋارلىرىنىڭ ئومۇمى قىممىتى 15 مىليون رۇبلىغا توغرا كەلگەن بولسا، 1836 ـ يىلى 40 مىليون رۇبلىغا يەتتى. ياۋروپا تاۋارلىرىنىڭ توكمە قىلىپ سېتىلىشى ئىراننىڭ يېزا ئىگىلىكى بىلەن قول سانائەت بىرلەشتۈرۈلگەن فېئودالىزملىق ناتورال ئىگىلىكىنى بۇزدى، بىر ھالەتتە تۇرغان ئىران كاپىتالىستىك قول سانائەت ئىشخانىلىرىنى تۇنجۇقتۇردى، نۇرغۇنلىغان قول سانائەتچىلەر ۋە ئوتتۇرا، كىچىك سودىگەرلەر ۋەيران قىلىندى. تاۋار پۇل ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشى ئىراندىكى فېئودالىزملىق تۈزۈمنىڭ كىرىزىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇۋەتتى. فېئودال پومېشىكلار سېنىپى نەرسە بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسىنىڭ ئورنىغا پۇل بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسىنى قويۇپ، دېھقانلار ئۈستىدىكى ئېكسپلاتاتسىيىنى ئېغىرلاشتۇردى. پادىشا، باش ۋالى، ئۆلكە باشلىغى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئاخۇنلار ئاشكارا ھالدا ئەمەلدارلىقنى سېتىپ، كۆپلەپ پۇل تاپتى. ئەمەلدارلىقنى سېتىۋالغان كىشىلەر دېھقانلارنى غالجىرلارچە تالان ـ تاراج قىلدى. ئاقسۆڭەكلەر ۋە ئەمەلدارلار نەق پۇل كېرەك بولغاندا، بەخشەندە يەرلەرنى سودىگەر جازانىخورلارغا ساتتى، شۇنداق قىلىپ، دۇنيا بازىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان يېڭى پومېشىكلار قاتلىمى كېلىپ چىقتى. بۇرۇنقى فېئودالىزملىق ھەربى بەخشەندىلىك تۈزۈمى بۇزۇلۇپ، يەرگە بولغان خۇسۇسى مۈلۈكچىلىك كۈندىن ـ كۈنگە

ئەۋج ئالدى. چەتئەل كاپىتالىنىڭ بوسۇپ كىرىشى ئىراندىكى سىنىپىي زىددىيەت ۋە مىللىي زىددىيەتنى تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋەتتى.

پادىشا باشچىلىقىدىكى فېئودال ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى چەتئەل كاپىتالىنىڭ گۇماشتىسى بولۇپ، شوھرەتنى دەپ ۋەتەننى سېتىپ، زورلۇق بىلەن ئالۋاڭ-ياساقلارنى سېلىپ، زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىپ، ئىراندىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنتايىن قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. ئوتتۇرا، كىچىك سودىگەرلەرنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىمۇ كاپالەتكە ئىگە بولماي، ئۇلارمۇ ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىدىن نارازى بولدى. تۆۋەن دەرىجىلىك ئاخۇنلارنىڭ ئەھۋالى ئوتتۇرا، كىچىك سودىگەرلەر، قول سانائەتچىلەرنىڭكىگە يېقىن بولۇپ، تۇرمۇشى كۈندىن-كۈنگە خاراپلىشىقلىق تۇردى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ خەلق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بىر قەدەر يېقىن بولۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ فېئوداللىق ۋەھشىيانە ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى جارچىسى بولۇپ قالدى. 19-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئاچارچىلىق، چۈما، ۋابا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار كەينى-كەينىدىن پەيدا بولۇپ، جەنۇبىي ئەزەربەيجان رايونىدىكى ئاھالىنىڭ يېرىمى ئۆلۈپ كەتتى. باب مۇرىتلىرى قوزغىلىڭىدىن ئىلگىرى، زەنجان، ئىسفاخان، تابرىز، يېزد قاتارلىق جايلاردا ئارقا-ئارقىدىن ئۇششاق توپىلاڭلار ۋە قوزغىلاڭلار يۈز بېرىپ تۇردى.

**1848—1852-يىللاردىكى باب مۇرىتلىرى قوزغىلىڭى**

شىيە مەزھىبى رەسمىي دىنىي مەزھەپ بولۇپ، ئۇنىڭ تەسىرى ئىنتايىن زور ئىدى. شۇڭا فېئودال ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىغا ۋە ئۇلارنىڭ كەينىدىكى چەتئەل كۈچلىرىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ «مۇقەددەس تونى»نى يىرتىپ تاشلاش كېرەك ئىدى. 19-

ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئىراندا خەلق قوزغىلىڭى باب مەزھەپ نىڭ بايرىقى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلدى.



باب

باب دىنىنىڭ ئاساسچىسى بولغان سەييىد ئەلى مۇھەممەد گەزمالچى ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان. 1844 ـ يىلى ئۇ ئۆزىنى "باب" دەپ ئاتايدۇ. باب "ئىشىك" دىگەن مەنىدە بولۇپ، كىشىلەر ئارزۇ قىلىدىغان "قۇتقۇزغۇچ خۇدا" مەھدىنىڭ ئىرادىسى مۇشۇ ئىشىك ئارقىلىق خەلققە يېتىدۇ، دىگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ. 1847 ـ يىلى باب «ۋەھىنامە»نى يېزىپ چىقىدۇ، ئۇ باب دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى بولۇپ قالىدۇ. بابنىڭ قارىشىچە، ئىنسانلار جەمىيىتى بىر دەۋر يەنە بىر دەۋردىن ئېشىپ چۈشكەن ھالدا تەرتىپ بويىچە ئالغا قاراپ تەرەققى قىلىدۇ. ھەر بىر دەۋرنىڭ ئۆز تۈزۈمى ۋە قانۇنى بولىدۇ، يېڭى دەۋرنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، كونا تۈزۈم ۋە قانۇن يېڭى تۈزۈم ۋە قانۇنغا ئورۇن بېرىدۇ. لېكىن بۇلار خۇدا ئەۋەتكەن پەيغەمبەر تەرىپىدىن تۈزۈلۈشى كېرەك ئىدى. باب ئۆزىنى خۇدا ئەۋەتكەن پەيغەمبەر دەپ ئاتايدۇ، ئۆزىنى مۇھەممەدنىڭ ئورنىغا كەلگەن، «ۋەھىنامە» «قۇرئان»نىڭ ئورنىنى ئالىدۇ، دەيدۇ.

باب فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ ۋە شىئە مەزھىبىدىكى يۇقۇرى

دەرىجىلىك ئاخۇنلارنىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلىدۇ، چەتئەل كاپىتالىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە قارشى تۇرىدۇ، فېوداللىق زوراۋانلىق ۋە چەتئەل كاپىتالىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى بولمىغان، ھەممە ئادەم باراۋەر، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرىدىغان "ھەقىقانى پادىشالىق" قۇرۇشنى خام خىيال قىلىدۇ. باب فېودال ھوكۇمرانلارنىڭ ۋە چەتئەل كاپىتالىستلىرىنىڭ مال-مۈلكىنى باب مۇرىتلىرىغا تەقسىم قىلىپ بېرىشنى، تەقسىم قىلغاندا باب مۇرىتلىرىنىڭ مال-مۈلكىنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە قاراپ تەقسىم قىلىشنى يەنى مال-مۈلكى كۆپلەرگە كۆپ تەقسىم قىلىش، مال-مۈلكى ئازلارغا ئاز تەقسىم قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇ بارلىق جىنايى ئىشلار قانۇنلىرىنى ۋە ئېغىر باج-سېلىقلارنى بىكار قىلىش، خۇسۇسى مال-مۈلۈكنى قوغداش (باب دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغانلا بولسا، مەيلى ئۇلار پومېشچىك، ئاقسۆڭەك، سودىگەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىنى پۈتۈنلەي قوغداش)، كىشىلىك ئەركىنلىكنى كاپالەتلەندۈرۈش، سودا، خەت-ئالاقە مەخپىيەتلىكىنى قاتتىق ساقلاش، قەرز پۇل ئۆسۈمىنى قانۇندا بەلگىلەش، پوچتىنى ئىسلاھ قىلىش، پۇلنى بىرلىككە كەلتۈرۈش دېگەنگە ئوخشاش تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بابىنىڭ تەلىماتى شەھەر سودىگەرلىرى ۋە يېڭى پومېشچىكلارنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. لېكىن فېودال ھوكۇمرانلارغا ۋە چەتئەل كاپىتالىستلىرىغا قارشى تۇرۇش جەھەتتە، ئۇ دېھقانلار ۋە قول سانائەتچىلەرنىڭ تەلىۋىگىمۇ ئۇيغۇن كېلەتتى، شۇڭا دېھقانلار ۋە قول سانائەتچىلەرنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولدى. باب مەۋجۇت دۆلەت ماشىنىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچى ئەمەس ئىدى. ئۇ فېودال ھوكۇمرانلارغا تەشۋىق قىلىش ۋە ئۇلارنى تەسىرلەندۈرۈش يولى

بىلەن، ئۇزىنىڭ ئىسلاھاتچىلىق غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغان ئىدى. ئەمما باپنىڭ خام خىيالى تۇزۇل-كېسەل بەربات بولىدى. ھۆكۈمرانلار سىنىپى باب مۇرىتلىرىنىڭ دىن تارقىتىشىنى مەنئى قىلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلدى. 1847-يىلى باب قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى.

باب مۇرىتلىرى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندىن كېيىن، باب مۇرىتلىرىنىڭ ئىچىدە خەلق ئاممىسىغا بىرقەدەر يېقىن بولغان خەلق تەرەپدارلىرى تېزلا مەيدانغا كەلدى. دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان مۇھەممەد ئەلى بارفۇرۇش مۇشۇ مەزھەپنىڭ يولباشچىسى ئىدى. 1848-يىلى كۈزدە، خەلق تەرەپدارلىرى بەداشت كەنتىدە يىغىن ئۆتكۈزۈپ: قوراللىق كۈرەش ئارقىلىق ئىراندىكى فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يېڭى پادىشالىقنى ئورنىتىش، خۇسۇسى مال-مۈلۈكنى يوقىتىش، فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ ۋە بارلىق ھوقۇقدارلارنىڭ مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش ھەمدە ھەقسىز تۈردە تەڭ تەقسىم قىلىش، فېئوداللارنى ئاددى خەلق دەرىجىسىگە چۈشۈرۈش، بارلىق ئېغىر باج-سېلىقلارنى، مېھنەتلەرنى بىكار قىلىش، ئەر-ئاياللار ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى جاكالىدى. خەلق تەرەپدارلىرىنىڭ تەشەببۇسى مېھنەتكەشلەر ئاممىسىنىڭ "بەختىيار پادىشالىق" قۇرۇش خام خىيالىنى ۋە ئۇلارنىڭ فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقنى يوقىتىش ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈردى، شۇڭا ئۇ تۆۋەن دەرىجىلىك ئاخۇنلارنىڭ، دېھقانلار ۋە قول سانائەتچىلەرنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئىگە بولدى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن تېخىمۇ كۆپ مۇرىتلارنى قوبۇل قىلدى، شۇنىڭ بىلەن باب مەزھىپى تېزلا قۇدرەت تاپتى.

1848-يىلى 9-ئايدا، باب مەزھىبى مۇھەممەد ئەلى بارفۇرۇشنىڭ رەھبەرلىكىدە، فېئودال ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئىچىدە پادىشا ئۆلگەندىن كېيىن بولۇۋاتقان بىر بىرىگە ئورا كولاش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئالدى بىلەن ئىراننىڭ شىمالىدىكى مازاندىران ئۆلكىسىدە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتەردى. 2 مىڭ قوزغىلاڭچى سەيىك تابرىش قەۋرىستانلىقىنى بازا قىلىپ، قورغان سالدى، ئاما ئىچىدە مال-مۈلۈكنى تەڭ تەقسىم قىلىپ بېرىشنى باشلىدى، تاماقنى بىر قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. باستۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن پادىشا ئەسكەرلىرىنى قوزغىلاڭچىلار زەربە بىلەن تارمار قىلدى. كېيىن پادىشا قوشۇنلىرى ئالدامچىلىق ۋاستىلىرىنى ئىشقا سېلىپ قوزغىلاڭچىلارغا قورالنى تاشلاتقۇزۇپ، ئاندىن كېيىن ۋاپاسىزلىق قىلىپ قىرغىنچىلىق قىلدى.

پادىشا قوشۇنلىرىنىڭ قانلىق قىرغىنچىلىقى باب مۇرىتلىرىنىڭ ھەيۋەتلىك قوزغىلىڭىنى توسىيالمىدى. 1849-يىلى 2-ئايدا، مەملىكەت بويىچە باب مۇرىتلىرى كۆپىيىپ 100 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. 1850-يىلى 5-ئايدا، باب مۇرىتلىرى يەنە زېنجاندا قوزغىلاڭ كۆتەردى. قوزغىلاڭچىلار شەھەردە كۆپلا قورغانلىرى ۋە ئىستىھكاملارنى ياسىدى، ھەربىي زاۋۇت قۇردى. قوزغىلاڭچىلار پادىشا قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا باتۇرلۇق بىلەن زەربە بېرىپ، دۈشمەن قوشۇنلىرىدىن 8 مىڭ كىشىنى يوقاتتى. 1850-يىلى 12-ئايدا، پادىشا قوشۇنلىرى زەمبىرەكلەر بىلەن زېنجاننى توپ-تالاس قىلىۋەتتى، شۇنداق قىلىپ قوزغىلاڭ ئاخىرى دەھشەتلىك تۈردە باستۇرۇلدى.

1850-يىلى 6-ئايدا، باب مۇرىتلىرى نىرىزدا قوزغىلاڭ كۆتەرگەن ئىدى. قوزغىلاڭنىڭ داۋاملىق كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى

ئېلىش ئۈچۈن، پادىشا شۇ يىلى 7-ئايدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ بابنى ئۆلتۈردى. باب زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ۋە زېنجان قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىرىز قوزغىلاڭچىلىرى كۈرەشنى يەنىلا قەتئىي داۋاملاشتۇردى. باب مۇرىتلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چوڭ قوزغىلىڭى 1851-يىلىغا كەلگەندە پادىشا قوشۇنلىرى تەرىپىدىن قانلىق تۈردە باستۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن باب مۇرىتلىرى يوشۇرۇن تېرورلۇق ھەرىكىتىگە كۆچتى. 1852-يىل 8-ئايدا، باب مۇرىتلىرى تېھراندا پادىشانى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ ئىشقا ئاشۇرالمىغاندىن كېيىن، پايتەختتە نەچچە يۈزلىگەن باب مۇرىتلىرى دەھشەتلىك قىرغىن قىلىندى، ئۇنىڭدىن كېيىن مەملىكەت بويىچە باب مۇرىتلىرىنى تۇتقۇن قىلىش ۋە قىرىش باشلىنىپ كەتتى.

باب مۇرىتلىرى قوزغىلىڭى قېنىق دىنىي تۈس ئالغان، فېئوداللىزم ۋە مۇستەملىكىچىلىككە قارشى ئۇلۇغ قوزغىلاڭ بولۇپ، 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئاسىيا مىللىي ئازادلىق كۈرىشى دولقۇنىدا مۇھىم ئورۇن ئالىدى. قوزغىلاڭنىڭ ئاساسىي كۈرەش نىشانى فېئوداللىق سۇلالىگە قارىتىلغان ئىدى، لېكىن ئۇ چاغدا ئىران يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەت ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان، فېئوداللىق سۇلالە ئەمەلىيەتتە ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ گۇماشتىسى ئىدى، شۇڭا قوزغىلاڭ ئوبيېكتىپ جەھەتتە چەتئەل مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى تۇرۇش، مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش خاراكتېرىنىمۇ ئىگە ئىدى. قوزغىلاڭنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى سەۋەپلەر ھەر تەرەپلىمە ئىدى. قوزغىلاڭنىڭ ئاساسىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى قول سانائەتچىلەر، شەھەر كەمبەغەللىرى ۋە بىر قىسىم شەھەر ئەتراپى رايونلىرىدىكى دېھقانلار ئىدى. قوزغىلاڭ بىرنەچچە شەھەر



www.uyghurkitap.com

ۋە شەھەر ئەتراپى رايونىدىلا بولدى، ئىراننىڭ كەڭ يېزىلىرىغا يېتىپ بارمىدى. قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئىگىلىۋالغان سودىگەرلەر ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك ئاخۇنلار، يەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىش پۇروگراممىسى شوئارىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويمىدى، شۇڭا دىخانلارنى كەڭ تۈردە ھەرىكەتلەندۈرەلمىدى. ئىراننىڭ فېوداللىق بولۇنمە ھالىتى ۋە قوزغىلاڭ تەشكىلىنىڭ تازا چىڭ بولمىغانلىقى، جايلاردىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئالاقىسىنىڭ كەم بولۇشى، ئۆز ئالدىغا جەڭ قىلغانلىقى — مانا مۇشۇ ئامىللار ئىران ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ جايلاردىكى قوزغىلاڭچىلارنى بىر-بىرلەپ تارمار قىلىشىغا ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بەردى. قوزغىلاڭچىلار ئىستراتې-گىيە جەھەتتە پاسسىپ مۇداپىئەدە تۇردى، جانلىق پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بارمىدى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە زەربىلا يەيدىغان ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. قوزغىلاڭچىلار كۆپ ھاللاردا فېوداللارنىڭ ساختا ۋەدىلىرىگە ئاسانلا ئىشىنىپ كېتىپ، قورالىنى ئۆزلۈكىدىن تاشلىدى، نەتىجىدە قىرغىنچىلىققا ئۇچرىدى.

باب مۇرىتلىرى قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، فېودال ھۆكۈمرانلار سىنىپى باب مۇرىتلىرىدىن غالىجىرلىق بىلەن ئەتۈر ھېساپ ئالدى. پادىشا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان باب مۇرىتلىرىنى ۋەزىرلەر، ئوردىدىكى نەۋكەرلەر ۋە يۇقۇرى دەرىجىلىك ئاخۇنلارغا ئوخشاش فېودال ئىسىلزادىلەرنىڭ خالىغانچە ئۆلتۈرۈشىگە تەقسىم قىلىپ بەردى. بۇ باب مۇرىتلىرىنىڭ ھەممىسى قىيما-چىيما قىلىپ ئۆلتۈرۈلدى، بەزىلىرىنىڭ تاپىنىغا تاقا قېقىلدى، بەزىلىرىنىڭ بەدىنى ئاۋال پىچاق بىلەن تىلىنىپ ئاندىن ئۇنىڭغا يېقىلغۇ شام تىقىلدى، ئاخىردا قىلىچ بىلەن چاناپ

ئۆلتۈرۈلدى ياكى چالما كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلدى. بۇنداق ئۆچ ئېلىش ھەركىتى سىنىپىي كۈرەشنىڭ ھايات-ماماتلىق، كېلىشتۈرۈپ بولمايدىغان كۈرەش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى، شۇنداقلا ئىراندىكى فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ ۋەھشىلىكىنى، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ جاللاتلىق قىلمىشىنى تاشلاپ، ئەۋلىيا بولۇشنى ھەرگىز خام خىيال قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى تولۇق كۆرسىتىپ بەردى. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، چەتئەل كاپىتالى، دەللال سودىگەرلەر ۋە فېئودال-پومېشچىكلارنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان باخا باب مۇرىتلىرىنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ، باب مەزھىپىنىڭ دىنىي ئەقىدىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنى ئىچكى قىسىمدىن ئۈزۈل-كېسىل يىمىرىپ تاشلىماقچى بولدى. باخا زورلۇق كۈچ بىلەن كۈرەش قىلىشقا قارشى تۇردى، فېئوداللىق-پادىشاھلىق ھاكىمىيىتىنى ھىمايە قىلدى، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى قوغدىدى، مىللىي مۇستەقىللىققا قارشى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەنگلىيە بىلەن روسىيىنىڭ ئىراننى تالىشىش كۈرىشى بارغانسېرى كەسكىنلەشتى. 1852-يىل 1-ئايدا، ئەنگلىيە پادىشا باشچىلىقىدىكى فېئودال ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھىنى كۈشكۈرتۈپ ۋە قوللاپ، روسىيە پەرەس باش ۋەزىر مىرزاتاھىسنى ئۆلتۈرگۈزدى. 1856-يىل 10-ئايدا، ئەنگلىيە ئىران بىلەن ھېراتنى تالىشىپ ئۇرۇش ئېلان قىلدى، ئەنگلىيە قوشۇنلىرى ئىرانغا بېسىپ كىردى. 1857-يىل 3-ئايدا، ئەنگلىيە ئىراننى پارىژ شەرتنامىسىنى ئىمزالاشقا مەجبۇر قىلدى، ئىران ھېراتقا نىسبەتەن زېمىن تەلىۋىدىن مەڭگۈگە ۋاز-كەچتى. ئەنگلىيە-ئىران شەرتنامىسى ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئەنگلىيىنىڭ ئىراندىكى تەسىرى كۈندىن-كۈنگە كۈچەيدى. ئەنگلىيە

بىلەن روسىيىنىڭ ئىراندىكى زىددىيىتى شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتى.

## 3-بۆلۈم 1857 — 1859-يىللىرى ھىندىستاندا بولغان مىللىي چوڭ قوزغىلاڭ

**مىللىي چوڭ قوزغىلاڭنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى** 19-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئەنگلىيە سانائەت بۇرژۇئازىيىسى پەيدىن-پەي پارلامېنتتا ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇستەملىكىلەرنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى قولغا ئالدى. 1813-يىلى ۋە 1833-يىلى، شەرقىي ھىندىستان شىركىتىنىڭ ھىندىستان ۋە جۇڭگوغا قارىتىلغان سودا مونوپولىيە ھوقۇقى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيىسى ھىندىستاننى تاۋار بازىرى ۋە خام ئەشيا بازىسىغا ئايلاندۇرماقچى بولۇپ، ھىندىستان خەلقىگە قارىتىلغان مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنى ۋە ئىقتىسادىي بۇلاڭ-تالاڭنى جېنىنىڭ بېرىچە كۈچەيتتى.

يەر بېجى ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ دارامىتىنى ئاشۇرۇشتىكى ئاساسىي مەنبەسى ئىدى، ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستاندا يولغا قويغان يەر بېجى تۈزۈمى يەر شارائىتىغا قاراپ باشقىچە بولۇپ تۇراتتى، ئەمما ماھىيىتى بىر ئىدى، يەنى دېھقانلارنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئېزەتتى. بومباي بىلەن مادراستا، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى "رايات ۋارى تۈزۈمى"نى يەنى دېھقانلار ئىجارىكەشلىك تۈزۈمىنى يولغا قويدى. دېھقانلار ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئىجارىكەش-

لىرى بولۇپ، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە پۈتۈن يىللىق مەھسۇلاتى-نىڭ 3 دىن بىر قىسمىدىن 2 دىن بىر قىسمىغىچە بولغان قىسمىنى بىۋاستە يەر بېجىغا تاپشۇراتتى. شىمالىي ھىندىستان بىلەن ئوتتۇرا ھىندىستاندا "زېمىندار تۈزۈمى" يولغا قويۇلدى، زېمىندار (باجگىر) خۇسۇسىي يەرلەرنىڭ خوجايىنى بولۇپ، ئۇ دېھقانلاردىن يەر ئىجارىسى ئېلىپ، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە يەر بېجى تاپشۇراتتى. "زېمىندار تۈزۈمى" يولغا قويۇلغان جايلاردا، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى بىلەن زېمىندارلار قاتمۇ-قات شىلىۋالاتتى، دېھقانلار تېخىمۇ قاتتىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىناتتى.يولۇپمۇ كورسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، "جازائى ئۇمۇمى يۈزلۈك يولغا قويۇش ئەنگلىيىگە تەۋە ھىندىستان مالىيە تۈزۈمىنىڭ ئايرىلماس قىسمى".①
ئەنگلىيىنىڭ باج ئېلىش ئۈچۈن ھىندىستان دېھقانلىرىنى قاقتى-سوقتى قىلىشى، ھەددىن جازالىشى ئىنتايىن دەھشەتلىك دەرىجىگە يەتتى. ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ يەر بېجى قانچىلا ئاۋازى ئېچىدە جىددى كوپەيدى، 1800 — 1801-يىللىرى 4 مىليون 200 مىڭ فوڭت ئىستېر-لىڭ بولغان بولسا، 1857 — 1858-يىللىرى 15 مىليون 300 مىڭ فوڭت ئىستېرلىڭغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەنگلىيە كاپىتا-لىستىك سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ھىندىستاندىن كوپلەپ خام ئەشيا ۋە ئاشلىق بۇلاپ تالىدى، پاختا، قوي يۇڭى، گۆرۈچ، بۇغدايغا ئوخشاشلارنىڭ سىرتقا چىقىرىلىش مىقدارى ئۆزلۈك-سىز كوپەيدى. ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى ھىندىستان دېھقانلىرىنى

---

① ماركس، «ھىندىستاندىكى جازا ھەققىدىكى تەكشۈرۈش». «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەلق نەشرى، 12-توم، 293-بەت.



www.uyghurkitap.com

ھە دەپ بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى، ئەمما سۇ ئىنشائاتلىرى سۇغۇرۇش ئىشلىرى بىلەن كارى بولمىدى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە يېزا ئىگىلىكى ئومۇمى يۈزلۈك خاراپلىشىپ كەتتى، نۇرغۇنلىغان يەرلەر كېرەكتىن چىقىپ كەتتى. 19-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، تەخمىنەن بىر مىليون 500 مىڭ ئادەم ئاچارچىلىقتىن ئۆلدى. قوزغىلاڭنىڭ ئالدىدا، ھىندىستاندىكى كەڭ دېھقانلار پۈتۈنلەي ھالاكەت گىرداۋىغا يېتىپ قالغان، ئۇلار ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە ئىنتايىن قاتتىق ئۆچ بولۇپ كەتكەن ئىدى.

19-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ھىندىستان ئەنگلىيە ماللىرى سېتىلىدىغان ئاساسىي بازار بولۇپ قالغان ئىدى. 1818—1836-يىللىرى، ئەنگلىيىدىن ھىندىستانغا كىرگۈزۈلگەن پاختا توقۇلمىلارنىڭ ئومۇمى قىممىتى 3 مىليون 132 مىڭ 5 فۇنت ئىستېرلىڭ بولغان بولسا، 1855-يىلى كۆپىيىپ 6 مىليون 677 مىڭ 333 فۇنت ئىستېرلىڭغا يەتتى. ئەنگلىيە سانائەتماللىرىنىڭ توكمە قىلىپ سېتىلىشى ھىندىستاننىڭ قول سانائىتىنى ئۇزۇل-كېسىل بىتچىت قىلدى. ھىندىستان قول سانائەتچىلىرى ئەنگلىيىنىڭ يىرىك ماشىنا سانائىتى بىلەن رىقابەتلىشىشكە چامىسى يەتمەي، ئارقا-ئارقىدىن ۋەيران بولدى. ھىندىستاننىڭ مەشھۇر پاختا توقۇمىچىلىق مەركىزي بولغان داككا كاساتچىلىق دەستىدىن تېزلا خاراپلاشتى، 1827—1837-يىللىرى ئاھالىسى 150 مىڭدىن 20 مىڭغا چۈشۈپ قالدى. باش ۋالىي بېنتىنكېمۇ: "پاجىئەلىك ئەھۋال سودا تارىخىدا ئەڭداشسىز بولدى. توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ قۇرۇق سۆڭەكلىرى ھىندىستان تۈزلەڭلىكىگە ئاپپاق يېيىلىپ كەتتى" دەپ ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

ھىندىستاننىڭ ھەرقايسى ئىشتاتلىرىدىكى فېئودال بەگ-غوجىلار ئەسلىدە ئەنگلىيە مۇستەملىكىچى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مۇھىم تۈۋرۈكى ئىدى، لېكىن ئەنگلىيىدە كاپىتالىزمنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، مۇستەملىكىچىلەر تېخىمۇ كەڭ بازار ۋە تېخىمۇ كۆپ خام ئەشيا بازىسىنى ئېچىش ئۈچۈن، ھىندىستانغا بىۋاستە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ئالدىرىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم فېئودال بەگ-غوجىلارنىڭ غوجىلىق يەرلىرىنى قوشۇۋېلىش سىياسىتىنى قوللاندى. دالخۇزى باش ۋالىي بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە (1848—1856) قوشۇۋېلىش سىياسىتى يۇقىرى پەللىگە يەتتى. 1849-يىلى ئەنگلىيە پەنجابنى قوشۇۋالدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھىندىستان ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىسى بولۇپ قالدى. دالخۇزى "ھوقۇقتىن مەھرۇم بولۇش تەلىماتى"نى ئىشلەپ چىقىپ، ئۇنىڭدا بەگ-غوجىلار ئۆلگەندىن كېيىن، ئەگەر بىۋاستە ئوغۇل-ئەۋلادى بولمىسا، ئۇنىڭ غوجىلىق يېرى "مەھرۇم" قىلىنىپ، شەرقىي ھىندىستان شىركىتىنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈلىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. دالخۇزى مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، جەنسى، ئائۇد قاتارلىق ئون نەچچە ئىشتاتنى قوشۇۋالدى، شۇنىڭدەك مارات بەگ-غوجىسى نانا ساھىبنى يىلىغا 800 مىڭ رۇبلى ئالىدىغان ۋارىسلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلدى. ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ يۇقىرىقى سىياسەتلىرى نۇرغۇن ئىشتاتلاردىكى بەگ-غوجىلارنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى. جەنسىنىڭ ئايال پادىشاسى لاكشمى باي ۋە نانا ساھىب قاتارلىقلارمۇ كېيىن ئىسيانغا قاتناشتى ۋە رەھبەرلىك قىلدى.

قوزغىلاڭدىن ئىلگىرى، ئەنگلىيە-ھىندىستان ئەسكەرلىرى تەخمىنەن 240 مىڭ بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئەنگلىيە ئەسكەرلىرى

40 مىڭ، ھىندىستان ئەسكەرلىرى 200 مىڭ ئىدى. ھىندىستان ئەسكەرلىرى ئەمەلىيەتتە ھەربىي كىيىم كىيگەن ۋەيران بولغان دېھقانلار ۋە قول ساناتئەتچىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ تولىسى بىنگاللار بولۇپ، براخمان ۋە ساترى تەبىقىسىگە تەۋە ئىدى، يەنە بىر قىسىم ئىسلام دىنى مۇرىتلىرىمۇ بار ئىدى. ئەنگلىيە ھىندىستاننى تاجاۋۇز قىلغان دەسلەپكى ۋاقىتلاردا، مۇستەملىكىچى دائىرىلەر ھىندىستان ئەسكەرلىرىدىن پايدىلىنىپ ھىندىستاننى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارغا نىسبەتەن ئۆزىگە تارتىش ۋە سېتىۋېلىشنى يولغا قويۇپ، ئۇلارغا بىر قەدەر يۇقىرى تەمىنات بەرگەن ئىدى. لېكىن، 1849-يىلى پۇنجابنى قوشۇۋالغاندىن كېيىن، مۇستەملىكىچىلەر ھىندىستان ئەسكەرلىرىگە قارىتىلغان سىياسىتىنى ئۆزگەرتىشكە باشلاپ، مۇئاشىنى ئازايتتى، ئىمتىيازلارنى ئەمەلدىن قالدۇردى، ئەنگلىيە ئەپتىسەرلىرى ھىندىستان ئەپتىسەر-ئەسكەرلىرىگە تېخىمۇ يولسىزلىق قىلىدىغان بولدى. ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى ھىندى دىنىنىڭ تەبىقە بەلگىلىمىلىرىگە ئېتىۋارسىز قارىدى، ھىندىستان ئەسكەرلىرىنى ئوكيانلار كېزىپ ياكى ئىسلام مەملىكەتلىرىگە بېرىپ ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر قىلدى، نەتىجىدە ئۇلار ئەسلىدىكى تەبىقىلىرىدىن مەھرۇم قىلىندى. 1856-يىلى، مۇستەملىكىچىلەر ئەسكەر ئېلىش توغرىسىدىكى يېڭى قانۇننى ئېلان قىلدى، ئۇنىڭدا ئېلىنىدىغان ئەسكەرلەرنىڭ باشلىقلارنىڭ بۇيرۇقىغا مۇتلەق بويسۇنۇشى كېرەكلىكى بەلگىلەندى، بۇنىڭ بىلەن كونا ئەسكەرلەرنىڭ ئورنىغا يېڭى ئەسكەرلەرنى قويۇپ، شۇ ئارقىلىق ھىندىستان ئەسكەرلىرىدە قالغان ئازغىنا ھوقۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرماقچى بولدى. بۇ تەدبىرلەر ھىندىستان ئەسكەرلىرىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغاپ، ھىندىستان

ئەسكەرلىرىنى "ھىندىستان خەلقىدە ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان تۈنجى يادرولۇق قارشى كۈچ"①كە ئايلاندۇردى.

19- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، "ئىسلام دىنى مۇرىتلىرى بىلەن ھىندى دىنى مۇرىتلىرى بىر بىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەتنى ئۇنتۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئورتاق ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى بىرلەشتى".② ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى بىلەن ھىندىستان جەمئىيىتىدىكى ھەرقايسى قاتلاملار ئوتتۇرىسىدىكى مىللىي زىددىيەت مىسلىسىز ئۆتكۈرلەشتى، ھىندىستان جەمئىيىتىدىكى باشقا تۈرلۈك زىددىيەتلەر ئىككىنچى ئورۇندىكى زىددىيەتكە ئايلىنىپ قالدى، مەملىكەت بويىچە ئەنگلىيىگە قارشى توسۇپ بولمايدىغان دولقۇن مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى.

**قوزغىلاڭنىڭ غۇلغۇلىسى ۋە جەريانى** ھىندىستاننىڭ ھەممىلا يېرى ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە نىسبەتەن نارازىلىق كەيپىياتىغا تولغان ئىدى، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەبىقىلەر ئەنگلىيىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش توغرىسىدا يوشۇرۇن غۇلغۇلا قىلىشىۋاتاتتى، خۇددى ياسىغۇر شەپىسى كېلىۋاتقاندەك تۇراتتى. 1856-يىلىدىن تارتىپ، ھىندىستاننىڭ يېزىلىرىدا قاتۇرماشنى قولدىن-قولغا بېرىش ئىشى باشلاندى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ ئەنگلىيىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنىڭ بەلگىسى ئىكەن. ھىندى دىنى براخمانلىرى ۋە ئىسلام دىنى ئۆلىمالىرى جايلاردا ئەنگلىيىگە قارشى تەشۋىقات ئېلىپ

① ماركس. «ھىندىستان قوشۇنلىرىدىكى قوزغىلاڭ». «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى». خەنزۇچە نەشرى، 12-توم، 251-بەت.

② يۇقىرىدىكى كىتاپ، 252-بەت.

باردى. خەلق سەنئەتكارلىرىمۇ ئەدەبىيات-سەنئەت شەكىللىرىدىن پايدىلىنىپ، خەلقنى ئەنگلىيىگە قارشى تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈردى. «سۇس كوك رەڭلىك ئەينەك» دىراممىسى ئەنگلىيە مۇستەملىكىچى-لىرىنىڭ ئاچكۆز ياۋۇزلۇقىنى ئېچىپ تاشلىدى، ئۇ ئاگرا، دېھلى، لاكنوۋ قاتارلىق جايلاردا سەييارە قويۇلۇپ، ھىندىستان خەلقىنىڭ تازا ئالقىشىغا ئېگە بولدى. ئەنگلىيىدىن نارازى بولۇپ يۈرگەن مارات بەگ-غوجىسى نانا ساھىب قاتارلىقلار ئۇ ياق-بۇ ياققا قاتراپ يۈرۈپ ئالاقە باغلاپ، قوزغىلاڭنى يوشۇرۇن پىلانلىدى. ھىندىستان ئەسكەرلىرى ئىچىدە، ئەپىتسەرلەر كومىتېتى تەشكىل قىلىنىپ، نىلۇپەر تارقىتىلىپ، قوزغىلاڭغا يوشۇرۇن تەييارلىق كۆرۈلدى. قوز-غىلاڭنىڭ ئالدىدا، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى پىلاسسى جېڭى (1757-يىلى)غا يۈز يىل بولغان 1857-يىلى قوغلاپ چىقىرىلىدۇ، دېگەن سۆزلەر تارالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دېھلى، مادراس قاتارلىق شەھەرلەردە خەلقنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ئەنگلىيە مۇستەمە-لىكىچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا دەۋەت قىلىدىغان تەشۋىقات ۋاراقلىرى دائىم چىقىپ تۇردى.

ئوقتا ماي سۈرتۈش مەسىلىسى مىللىي قوزغىلاڭنىڭ سەۋەبچىسى بولۇپ قالدى. 1857-يىلىنىڭ باشلىرىدا، مۇستەملىكىچى دائىرىلەر يېڭىدىن تارقاتقان ئوقلارغا كالا مېيى ۋە چوشقا مېيى سۈرتۈلگەن ئىدى، ئەسكەرلەر ئۇنى ئىشلەتكەندە ئورالغان قەغەز خالتىلارنى چىشى بىلەن چىشلەپ يىرتىشقا توغرا كېلەتتى. ئەسكەرلەر بۇنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا قىلىنغان ھاقارەت دەپ بىلىپ، ئىنتايىن غەزەپلەندى. ھىندى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئەسكەرلەر قولىغا گاڭگ دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئېلىپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان

ئەسكەرلەر «قۇرئان» ئالدىدا، ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنى پاچاقلاپ تاشلاشقا قەسەم بەردى. 1857-يىل 3-ئايدا 34-پىيادە ئەسكەرلەر تۈەنىدىكى ھىندىستانلىق ئەسكەر مەجارپەندى مۇستەملىكىچىلەرگە بولغان قاتتىق غەزەپ-نەپرەت بىلەن، ئەنگلىيىلىك 3 ئەپسەرنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، دارغا ئېسىلدى. لېكىن قىرغىنچىلىق مىللى قوزغىلاڭنىڭ پارتلىشىنى تېزلەتتى.

بۇ قوزغىلاڭ 3 باسقۇچقا بۆلۈندى: بىرىنچى باسقۇچ 1857-يىل 5-ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدىن 9-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولدى.

1857-يىل 5-ئاينىڭ 10-كۈنى كەچتە، مىرۇت 3-ئاتلىق ئەسكەرلەر لېيەنىدىكى ئەسكەرلەر ھەممىدىن ئاۋۋال قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچى ئەمەلدارلىرىنى ئۆلتۈردى، گەزەرمىلەرگە ۋە مۇستەملىكىچى ئەمەلدارلارنىڭ مەھكىمىلىرىگە ئوت قويدى، تۈرمىدىكى سىياسى مەھبۇسلارنى ئازات قىلدى، پوچتا ئىدارىسى ۋە دىنىي جەمىيەتكە ھۇجۇم قىلدى ھەمدە دەرھال دېلىغا يۈرۈش قىلدى. 5-ئاينىڭ 11-كۈنى قوزغىلاڭچىلار دېلىغا يېتىپ كىرىپ، ئەنگلىيىنىڭ تاجاۋۇزىدىن كېيىن ئىسمى بار جىسمى يوق بولۇپ قالغان موغۇل سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى خانى باھادۇر شاھنى ھىندىستاننىڭ خانى قىلىپ تىكلىدى ھەمدە مەمۇرى كېڭەش قۇردى. مەمۇرى كېڭەش باخت خان قاتارلىق 10 كىشىدىن تەركىپ تاپتى، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تۆۋەن دەرىجىلىك ئەپسەرلەر ۋە ئەسكەرلەر ئىدى. ئۇ قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى بولۇپ، ئەمەلىي ھوقۇقنى تۇتۇپ، باھادۇر شاھنىڭ نامىدا مۇراجەت ئېلان قىلىپ، ھىندى دىنى مۇرىتلىرى بىلەن ئىسلام دىنى مۇرىتلىرىنى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنى يوقىتىشقا چاقىردى. مەمۇرى كېڭەش

يەنە بۇيرۇق چىقىرىپ، زېمىندارى تۈزۈمىنى بىكار قىلدى، كەمبە-غەللەردىن ئېلىنىدىغان باج-سېلىقنى كەچۈرۈم قىلدى، دۈشمەنلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن باي سودىگەرلەر ۋە جازانىخورلارنى قولغا ئالدى ھەمدە ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىنى ۋە ئاشلىقىنى مۇسادىرە قىلدى، يوسششكىلار، باي سودىگەرلەر ۋە جازانىخورلاردىن ئالاھىدە باج ئالدى.

قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھىندىستاننىڭ ئەنئەنىۋى سىياسىي مەركىزى بولغان دېلىنى يۇتۇنلەي ئىشغال قىلغانلىقى "ئەڭ كۈچلۈك ئېچىش-قۇ"① بولۇپ، قوزغىلاڭنى تېزلا ھىندىستاننىڭ ھەممە يېرىگە يامراتتى. 5-ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئەھمەد شاھ ئائۇد خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتەردى. 6-ئاينىڭ باشلىرىدا، نانا ساھىب بىلەن تانتىا توپى كانپۇر خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتەردى. جەنسى ئايال پادىشاسى لاكشىمى باي قوزغىلاڭ كۆتىرىپ، جەنسىنى ئىشغال قىلدى. قوزغىلاڭ يالقۇنى ھىندىستاننىڭ شىمال ۋە ئوتتۇرا قىسمىدىكى رايونلارنىڭ تولىسىنى قاپلىدى، جەنۇپىتىكى قىسمەن جايلارغىمۇ تەسىرى يېتىپ باردى.

قوزغىلاڭ پارتلىغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئالاقزادە بولۇپ، ئالدىراپ-تېنەپ ئەنگلىيىدىن ياردەمچى قوشۇن-لارنى يۆتكىدى، ئىراندىكى قوشۇنلىرىنى قايتۇرۇپ كەلدى، جۇڭگوغا ئەۋەتمەكچى بولغان تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرىنىمۇ يېرىم يولدىن قايتۇردى؛ شۇنداقلا ئالدىراپ-تېنەپ شىكلار، گۇركاسلارنى ئەسكەرلىككە

---

① ماركس. «ھىندىستاندىكى قوزغىلاڭ». «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 12-توم، 260-بەت.

ئېلىپ، قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسىنى باستۇرىدىغان كۈچلەرنى كۈچەيتتى، ئەنگلىيە قوشۇنلىرى ئالدى بىلەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئاساسىي مەركىزى بولغان دېھلىغا ھۇجۇم قىلدى. 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى دېھلىنى ئالىشىش جېڭى باشلاندى. دېھلىنى ساقلاپ تۇرغان 40 مىڭ كىشىلىك قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسى باتۇرلۇق، ماھىرلىق بىلەن جەڭ قىلىپ، دۈشمەن ئەسكەرلىرىگە ئۈزلۈكسىز تۈردە ئۇشتۇمتۇت زەربە بېرىپ، تاجاۋۇزچىلار قوشۇنىنى تېرى ـ پېرەڭ قىلىپ، رەسۋاسىنى چىقاردى. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسى ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنىمۇ ئاشكارىلاپ قويدى: ليەندىن يۇقۇرى جەڭ بىرلىكىدە ھېچقانداق بىر ئۇتاش قوماندانلىق يوق دېيەرلىك ئىدى، "ئىچكى ماجىرالار قوزغىلاڭچىلار لاگېرىنى داۋاملىق ئاجىزلاشتۇردى"①، ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن قوزغىلاڭغا قاتناشقان فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ئاسىيلىق قىلىپ دۈشمەنگە تەسلىم بولۇش قەستىدە بولىندى. ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ئىچىدىكى دۈشمەن بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن ئۇنسۇرلار ئارقىلىق ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە سۈركىلىش پەيدا قىلدى. 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئەنگلىيە قوشۇنلىرى پۇنجاپ توپچى ئەسكەرلىرىنىڭ ياردەم بېرىشى بىلەن، قاتتىق ھۇجۇم قوزغاپ، دېھلى شەھەرىگە بېسىپ كىردى. 6 كۈن داۋام قىلغان قاتتىق كوچا جەڭلىرىدە، قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسى دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى ئېغىر تالاپەت

① ئېنگېلس. «دېھلىنىڭ ئىشغال قىلىنىشى». «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 12 ـ توم، 354 ـ بەت.

تارتقۇزدى، ئۇلارنىڭ 5 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى ۋە ئەنگلىيىنىڭ ئىككى نەپەر قوماندانىنى ئۆلتۈردى. ئەنگلىيە ئەسكەرلىرى شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن، ھە دەپ باسقۇنچىلىق، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ، دېلىنى قان دېڭىزىغا ئايلاندۇردى. بامادۇر شاھ باشچىلىقىدىكى فېودال ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھى تاجاۋۇزچىلارغا شەرمەندىلەرچە تىز پۈكۈپ يالۋۇردى. دېلىنىڭ بەختكە قارشى قولدىن كېتىپ قېلىشى قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسىنى قاتتىق ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراتتى، شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن قوزغىلاڭ پەسىيىشكە قاراپ ماڭدى.

قوزغىلاڭنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى 1857-يىل 9-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 1858-يىل 6-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولدى.

دېلى قولدىن كەتكەندىن كېيىن، قوزغىلاڭنىڭ مەركىزى ئائۇدنىڭ مەركىزى لاكنوۋغا يۆتكەلدى. قوزغىلاڭچىلار 1857-يىل 7-ئايدىلا ئەنگلىيىنىڭ مەمۇرى ئەمەلدارى ھېنرى لاۋرېنسىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، لاكنوۋنى ۋە ئائۇدنى پۈتۈنلەي قولغا ئالغانىدى. ئەنگلىيە قوشۇنلىرىنىڭ لاكنوۋغا قىلغان كوپ قېتىملىق ھۇجۇملىرى قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن چېكىندۈرۈلدى. 1858-يىل 3-ئايدا، ئەنگلىيە قوشۇنلىرى خىل قوراللار بىلەن قوراللانغان 90 مىڭ كىشىلىك ئەسكىرى كۈچ بىلەن لاكنوۋغا قاتتىق ھۇجۇم قىلدى. قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسى گەرچە باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كورسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئىگەللىۋالغان فېودال ئاقسۆڭەكلەر كوپ قېتىم ئىچكى جاڭجال پەيدا قىلغانلىقى، بىر تۇتاش رەھبەرلىك كەم بولغانلىقى، ئەنگلىيە قوشۇنلىرى ئەسكىرىي كۈچ ۋە قورال-ياراق جەھەتتىن ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىگەنلىكى ئۈچۈن، لاكنوۋ ئاخىرى قولدىن

كەتتى. ئەنگلىيە ئەسكەرلىرى لاكنوۋنى غالجىرلارچە بۇلاپ تالىدى.

ئەنگلىيە قوشۇنلىرى لاكنوۋنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، 3-ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئوتتۇرا ھىندىستاندىكى قوزغىلاڭنىڭ مەركىزى جەنسىگە ھۇجۇم قىلدى. لاكشمى باي جەنسىدىكى ئارمىيە بىلەن خەلققە ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ، ئەنگلىيە قوشۇنلىرى بىلەن 8 كۈن قاتتىق ئېلىشىپ، دۈشمەن قوشۇنلىرىنى ئېغىر تالاپەت تارتقۇزدى، جىددى جەڭ ئارقىسىدا قوزغىلاڭچىلار ئاخىرى مەغلۇپ بولدى. 4-ئاينىڭ باشلىرىدا جەنسى قولدىن كەتكەندىن كېيىن، لاكشمى باي بىلەن تانتيا توپى گۋالىئورغا چېكىندى. ئەنگلىيە ئەسكەرلىرى غەلبىسىرى قوغلاپ زەربە بېرىپ، 6-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا گۋالىئورنىمۇ ئىشغال قىلىۋالدى. لاكشمى باي ئەسكەرلەرنى باشلاپ شەھەر سىرتىدا ئەنگلىيە قوشۇنلىرى بىلەن قاتتىق ئېلىشىپ، دۈشمەنلەرنى باتۇرلۇق بىلەن ئۆلتۈرۈپ، قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى.

لاكنوۋ بىلەن جەنسى ئارقا-ئارقىدىن قولدىن كەتكەندىن



جەنسى ئايال پادىشاسى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنى باشلاپ ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتمەكتە



www.uyghurkitap.com

كېيىن، قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۈچى ئېغىر دەرىجىدە ئاجىزلاپ كەتتى، جايلاردىكى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنلىرى ئىستىھكام ئۇرۇشىدىن ۋاز كېچىپ، پارتىزانلىق ئۇرۇشقا ئۆتتى.

قوزغىلاڭنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچى 1858-يىل 6-ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدىن 1859-يىلنىڭ ئاخىرىغىچە بولدى.

پارتىزانلىق رايونى روشىركەندى، گىلىكپۇر، باندىركەندى، جۇگجېپۇر ئورمانلىقى ۋە ئوتتۇرا ھىندىستاننىڭ غەربىدىكى نۇرغۇن جايلارغا تارالغان ئىدى. شۇ چاغدا قوزغىلاڭ ھالاك بولۇش باسقۇچىغا يېتىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشتا يەنىلا نۇرغۇن پايدىلىق شەرتلەر بار ئىدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ يەنە 150 مىڭدەك ئادىمى بار ئىدى، ئۇلار ئاھالىلەر بىلەن تونۇش، يەر شارائىتىنى پىششىق بىلەتتى، خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە ئىدى، ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىشى ئەپلىك ئىدى، ھەربىي يۈرۈشلەر، ئۇرۇشلار ھەرىكەتچان، جانلىق بولاتتى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچى قوشۇنلىرى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن قالغان، يەرسۈيىگە كۆنەلمىگەن، ھەربىي يۈرۈشلىرى ئاستا ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەرەپ-تەرەپكە چېچىپ، ئەسكىرىي كۈچى چېچىلىپ كەتكەن، قاتراپ يۈرۈپ ھالىدىن كەتكەن ئىدى. لېكىن قوزغىلاڭچىلار ئۆزلىرىنىڭ پايدىلىق شارائىتىدىن تولۇق پايدىلانمىدى، كۈچلىرىنى يىغىۋېلىشتىن تەرتىپكە سالمىدى ۋە دۈشمەنلەرگە ئۇيۇشمىلۇق ھالدا زەربە بەرمىدى، ئەكسىچە ئىچكى ماجىرا بىلەن بولۇپ كەتتى. قوزغىلاڭنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى بىر تەرەپتىن ھەربىي جەھەتتىن باستۇرۇشنى كۈچەيتتى، يەنە بىر تەرەپتىن، ۋىكتورىيە ئايال پادىشاسىنىڭ يارلىقىنى ئېلان قىلىپ، ھەر

قايسى ئىشتاتلاردىكى بەگ-غوجىلارنىڭ ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشقا ۋەدە بەردى، شۇنىڭ بىلەن ھىندىستان فېئودال كۈچلىرىنى ئەنگلىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزگۈزۈپ، قوزغىلاڭنى بىرلىكتە باستۇرماقچى بولدى. قوزغىلاڭنىڭ ئاز ساندىكى يولباشچىلىرىنى ھىساپقا ئالمىغاندا، فېئودال بەگ-غوجىلار، پومېشچىكلارنىڭ ھەممىسى كەينى-كەينىدىن ئاسىلىق قىلىپ دۈشمەنگە تەسلىم بولدى. 1859-يىلىنىڭ باشلىرىدا، باخت خان، نانا ساھىب قاتارلىقلار نېپالغا چېكىنىپ چىقىپ كەتتى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ يولباشچىسى تانتىيا توپى قاتارلىقلار فېئودالارنىڭ ساتقىنلىق قىلىشى بىلەن ئارقا-ئارقىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئۇ يەر-بۇ يەردىكى پارتىزانلىق ئەترەتلىرىنىڭ ئەنگلىيىگە قارشى كۈرىشى 1859-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋام قىلدى.

**چوڭ قوزغىلاڭنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى سەۋەپلەر ۋە قوزغىلاڭنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى** 1857 — 1859-يىللىرى ھىندىستاندا بولغان چوڭ قوزغىلاڭ ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى مىللى چوڭ قوزغىلاڭ بولۇپ، جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى تەبىقىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنىڭغا قاتناشتى. ھىندىستان ئەسكەرلىرى قوزغىلاڭنىڭ قوزغىغۇچىسى ۋە زەربىدار كۈچى بولدى. دېخانلار ۋە شەھەر قول ھۈنەرۋەنچىلىرى قوزغىلاڭنىڭ ئاساسىي ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولدى. قوزغىلاڭغا بىرقىسىم فېئوداللار قاتناشتى ۋە رەھبەرلىك قىلدى.

قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئىگەللىۋالغان فېئودالارنىڭ ئەنگلىيىنىڭ تەھدىت سېلىشى، مەنپەئەت بىلەن قىزىقتۇرۇشى ئارقىسىدا تەسلىم بولۇپ ئاسىلىق قىلىشى بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەپ بولدى. فېئودالار سىنىپى

ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھوكۇمرانلىغىنىڭ مۇھىم تۈۋرۈكى بولۇپ، ئىككىسىنىڭ توپ مەنپەئەتى بىر ئىدى، پەقەت قىسمەن مەسىلەلەردىلا توقۇنۇشۇپ قالغان ئىدى. فېئودااللار رەھبەرلىرىنىڭ مىللىي قوزغىلاڭنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئۇلارنىڭ مۇستەملىكىچىلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇشنى فېئودالىزمغا قارشى تۇرۇش كۈرىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈشىدىن تېخىمۇ سوز ئاچقىلى بولمايتتى. قوزغىلاڭ جەريانىدا، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى فېئودااللار سىنىپىغا قاراتقان سىياسىتىنى پەيدىن-پەي ئۆزگەرتتى، ئىلگىر-ئاخىر بولۇپ «ئائۇد خىتاپنامىسى» ۋە «ۋىكتورىيە ئايال پادىشاسىنىڭ يارلىغى»نى ئېلان قىلىپ، قورالىنى تاشلىغان ۋە مۇستەملىكىچىلەرگە ياردەملەشكەن فېئودااللارغا قارىتا ئۆتكەندىكى ئىشلار سۈرۈشتۈرۈلمەيدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ يەرلىرى ۋە تۈرلۈك ئىمتىيازلىرىنى ساقلاپ قېلىشقا رۇخسەت قىلىنىدىغانلىغىنى جاكالىدى. بۇ ھىلىگەرلىك ئۇسۇللار قوزغىلاڭغا قاتناشقان فېئودااللارنىڭ ئارقا-ئارقىدىن ئاسىيلىق قىلىپ دۈشمەنگە تەسلىم بولۇشىغا تۈرتكە بولدى. ئېنگېلس مۇنداق دەپ كورسەتتى: "......كوپ ساندىكى يولباشچىلار بىلەن ئەنگلىيە ھوكۇمىتى ئوتتۇرىسىدا مەخپىي خەت ئالاقىسى بار ئىدى،......كوپ ساندىكى پومېشچىكلار ئىنگلىزلار بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىش بىلەنلا قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى دەرھال پارچىلاندى"①. دېلىدىكى مەمۇرى كېڭەش گەرچە تۆۋەن دەرىجىلىك ئەپىتسەرلەر ۋە ئەسكەرلەرنىڭ قولىدا بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا

① ئېنگېلس. «ھىندىستاندىكى قوزغىلاڭ». «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 12-توم، 612-بەت.

باھادۇر شاھ خان قىلىندى، مۇستەملىكىچىلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇشنى فېئوداللىزىمغا قارشى كۈرەش بىلەن بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ھەركەت پروگراممىسى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلمىدى، شۇنداقلا دېھقانلارنىڭ فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ساتقىنلىق ھەركەتلىرى چەكلەنمىدى.

ھىندىستان ئۇزاققىچە فېئوداللىق بۆلۈنمە ھالەتتە تۇردى، ئەنگلىيە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن يولغا قويغان "بۆلۈپ ئىدارە قىلىش" سىياسىتى بۇنداق بۆلۈنمە ھالەتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇۋەتتى. ھىندىستان جەمئىيىتىگە خاس بولغان مۇرەككەپ ئىرق، تەبىقە، تىل، دىن قاتارلىق زىددىيەتلەر شۇ چاغدىكى تارىخىي شارائىتتا قوزغىلاڭنى بىر تۇتاش مەركەزگە ۋە كۈچلۈك رەھبەرلىك يادروسىغا ئىگە قىلمىدى. جايلاردىكى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنلىرى ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا ئىش قىلدى، بىر بىرى بىلەن ماسلاشمىدى، بۇ ھال ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەردى. قېرى تۈلكە بولغان ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي جەھەتتىكى قۇدرەتلىك كۈچىگە ۋە ئىنتايىن ۋەھشى باستۇرۇش ۋاستىلىرىگە تايىنىپ، ھىندىستان جەمئىيىتىدىكى تۈرلۈك زىددىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، بۆلۈش-پارچىلاش سىياسىتىنى قوللىنىپ، ئاخىردا جايلاردىكى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنلىرىنى بىر-بىرلەپ تارمار قىلدى.

ھەيۋەتلىك ھىندىستان مىللىي چوڭ قوزغىلىڭى گەرچە ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ قانلىق قىرغىنچىلىقى ئىچىدە مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىغا قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. قوزغىلاڭ ھىندىستان خەلقىنىڭ ئەنگلىيىگە

قارشى كۈرەش ئىرادىسىنى كۈچەيتتى، ھىندىستاننىڭ مىللى مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك تۈردە ئىلگىرى سۈردى. ھىندىستان قوزغىلىڭى ئەنگلىيىنىڭ ئاسىيادىكى ھەربى كۈچىنى ئاجىزلاشتۇردى، ئەنگلىيىنىڭ ئاسىيادىكى تاجاۋۇزچىلىق ئورۇنلاشتۇرۇشىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. قوزغىلاڭ ئەنگلىيىنى ئىران بىلەن جۇڭگوغا ئەۋەتكەن تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرىنى ھىندىستانغا قايتۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئىران ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەنگلىيىگە قارشى كۈرىشىگە ۋاستىلىك ھالدا ياردەم بەردى. ئەنگلىيە ئافغانىستان ۋە بىرمىغا تاجاۋۇز قىلىش پىلانىنى كېيىنكە سۈرۈشكىمۇ مەجبۇر بولدى. ھىندىستان خەلقىنىڭ كۈرىشى 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ھىندونېزىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بولغان گوللاندىيىگە قارشى قوزغىلاڭلارغىمۇ ئىلھام بولدى.

ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى قوزغىلاڭنى باستۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىدى ۋە كۈچەيتتى. ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى، ئالدى بىلەن، قوزغىلاڭغا قاتناشقان خەلقنى غالجىرلارچە تەتۈر ھېساب ئالدى. "ئىنگلىزلار ژاندارمىلارنى ئۇيۇشتۇردى:......شەرقلىقلەردە تولىمۇ قاتتىق تەسىر پەيدا قىلغان ھەربى سوتنىڭ جىددى دەۋا قىلىش تەرتىۋىنى ھەممىلا يەردە يولغا قويدى."① بىر ئىنگلىز ئەپتسەرى: "بىز ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ھەربى سوت قىلدۇق، بىزگە يولۇققانلىكى قارا ئالۋاستىلارنى يا دارغا ئاستۇق، يا ئېتىپ تاشلىدۇق" دەپ يازدى.

---

① ئېنگېلس، «ھىندىستاندىكى قوزغىلاڭ». «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 12 - توم، 613 - بەت.

www.uyghurkitap.com

يەنە مىڭلىغان قوزغىلاڭچىلار جازاغا ھۆكۈم قىلىنىپ، ئاندامان تاقىم ئارىلىغا ئېغىر ئەمگەك قىلىشقا سۈرگۈن قىلىنىپ، قاتتىق زىيانكەشلىك قىلىندى. 1858-يىل 6-ئايدا، شەرقىي ھىندىستان شىركىتى بىكار قىلىنىپ، ھىندىستانغا ئەنگلىيە ئايال پادىشاسى بىۋاستە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بولدى، بۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك بۇلاڭ-تالىڭى ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىق شەرت يارىتىلدى. 11-ئايدا، ئايال پادىشانىڭ يارلىغى بويىچە، "يەرلىك بەگ-غوجىلارنىڭ ھوقۇقىغا، ئىززىتىگە ۋە شان-شۆھرىتىگە ھۆرمەت قىلىش" نامى بىلەن، فېئوداللار سىنىپى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت تەرتىپكە سېلىندى. ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى بىلەن فېئودال كۈچلەر ئەكسىيەتچىل ئىتتىپاق تۈزدى، شۇنىڭ بىلەن مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاساسى مۇستەھكەملەندى ۋە كۈچەيتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقتتا، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى دىن، تەبىقە ۋە ئىرق جەھەتتىكى زىددىيەتلەردىن يەنىمۇ پايدىلىنىپ، بۆلۈپ ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى جىددىي يولغا قويدى. ھىندىستان ئەسكەرلىرىنىڭ يەنە ئىسيان كۆتۈرۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئەنگلىيە-ھىندىستان قوشۇنلىرى تۈزۈل-كېسەل ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىندى؛ ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ سانى كۆپەيتىلدى، توپچى ئەسكەرلەر ۋە تېخنىك قىسىملارغا ئىنگلىزلارلا قويۇلدى؛ شاك مۇرتىلىرى، باتىنلار، گۇركاسلار كۆپلەپ يېڭى ئەسكەرلىككە ئېلىندى؛ مۇستەقىل ھىندىستان پىلوتى تارقىتىۋېتىلدى، پاراخوتلار ۋە بىرقىسىم خادىملار ئەنگلىيە پىلوتىغا قوشۇۋېتىلدى. ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن سەرپ قىلغان 50 مىليون فوۇنت ئىستېرلىڭنى تولۇقلىۋېلىش

ۋە تومۇريول، پورت ياساش ھەم ئارمىيىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش ئۈچۈن، ھىندىستان خەلقىدىن ئېلىنىدىغان باج-سېلىقنى كۆپەيتتى، ھىندىستان خەلقى ئۈستىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمىنى كۈچەيتتى، شۇنىڭ بىلەن ھىندىستان خەلقىنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك مىللى ئۆچمەنلىكىنى قوزغىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## توققۇزىنچى باپ

# بىرىنچى ئىنتېرناتسىونال، پارىژ كوممۇنىسى — ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تۇنجى پرولېتارىيات ھاكىمىيىتى

ياۋروپادىكى 1848-يىل ئىنقىلاۋى فېودالىلىق تۈزۈمىگە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا زەربە بەردى، كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈردى. 19-ئەسىرنىڭ 50-، 60-يىللىرىدا سانائەت ئىنقىلاۋىنىڭ قەدىمى زور دەرىجىدە تېزلەشتى، بەلكى ئېچكىرىلەپ راۋاجلاندى. غەربىي ياۋروپادىكى ئالغا كەتكەن مەملە-كەتلەردە، ئىشچىلار سىنىپى قوشۇنى تېز زورايدى، پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت جەمئىيەتتىكى ئاساسىي زىددىيەت دەرىجىسىگە كۆتىرىلدى. بۇرژۇئازىيە مەملىكەت ئىچىدە ۋە خەلقارادا ئىشچىلار سىنىپى قوشۇنىنى تۈرلۈك يوللار بىلەن پارچىلاشقا ھەركەت قىلدى. ھەرقايسى ئەللەر ئىشچىلىرى ئۆزئارا ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىشنى جىددىي تەلەپ قىلىشتى. پرولېتارىياتنىڭ خەلقارا تەشكىلاتىنى قۇرۇش ۋەزىپىسى كۈنتەرتىپكە قويۇلدى. 1864-يىلى ماركس بىلەن ئېنگېلس خەلقارا ئىشچىلار جەمئىيىتى—بىرىنچى ئىنتېرناتسىونالنى قۇرۇپ، ماركسىزمنى ئىشچىلار ھەركىتى بىلەن تېخىمۇ كەڭ تۈردە بىرلەش-

تۇردى، پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاۋىي كۈرىشى ئۈچۈن توغرا لۇشيەن ۋە تاكتىكا تۈزۈپ بەردى. 1871-يىلى دۇنياغا كەلگەن پارىژ كوممۇنىسى "ئىنتېرناتسىونالنىڭ مەنىۋى مەھسۇلى بولدى".①

پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ ئىنقىلاۋىي ئۇستازلىرى بولغان ماركس بىلەن ئېنگېلس «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى»دە، "ھازىرقى جەمىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئازدۇر-كۆپتۇر يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئىچكى ئۇرۇشنى، بۇ ئۇرۇشنىڭ ئاشكارا ئىنقىلاپقا ئايلىنىشىغا، پرولېتارىياتنىڭ بۇرژۇئازىيىنى زورلۇق كۈچ بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۆز ھوكۇمرانلىقىنى ئورنىتىشىغا قەدەر تەكشۈرۈپ چىقتى"②. 1871-يىلى پارىژ كوممۇنىسى ماركس، ئېنگېلسنىڭ ئىلمىي بىشارىتىنى تۇنجى قېتىم رىياللىققا ئايلاندۇرۇپ، ئىنسانىيەت تارىخىدا تۇنجى پرولېتارىيات ھاكىمىيىتىنى قۇردى. پارىژ كوممۇنىسى پرولېتارىياتنىڭ بۇرژۇئازىيىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى ئورنىتىش يولىدىكى تۇنجى قەھرىمانانە سىنىقى بولدى. گەرچە پارىژ كوممۇنىسى 72 كۈنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ پرولېتارىيات ئىنقىلاۋىي ئىشلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى يارىتىپ بەردى. ماركس پارىژ كوممۇنىسىنى "پارتىيەمىزنىڭ ئىسيۇن قوزغىلىڭدىن بۇيانقى ئەڭ شانلىق

---

① ئېنگېلس، «ف. ئا. زورگېغا يېزىلغان خەت (1874-يىل 9-ئاينىڭ 12-17-كۈنلىرى)». «ماركس-ئېنگېلس خەت-چەكلىرى»، 1978-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 83-بەت.

② ماركس-ئېنگېلس «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى»، 1971-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 64-بەت.

توھىپىسى"① دەپ قىزغىن مەدھىيىلىدى، "ئىشچىلار سىنىپىنىڭ كاپىتالىستلار سىنىپىغا ۋە ئۇنىڭ دۆلىتىگە قارشى كۈرىشى پارتىزانلىقلارنىڭ كۈرىشى تۈپەيلىدىن بىر يېڭى باسقۇچقا كىردى"② دەپ كۆرسەتتى.

## 1- بۆلۈم بىرىنچى ئىنتېرناتسىونال

**بىرىنچى ئىنتېرناتسىونالنىڭ قۇرۇلۇشى** 1848- يىلىدىكى ئىنقىلاپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ياۋروپا ئىشچىلار ھەركىتى ۋاقىتىنچە تۇۋەنلەپ قالدى. شۇ چاغدا پرولېتارىياتنىڭ جىددىي ۋەزىپىسى بۇ ئىنقىلاپنىڭ تەجرىبە- ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ، ئىدىيە ۋە لۇشيەن جەھەتتە ئۆزىنى ئۆستۈرۈپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ كۈچىنى ئۇيۇشتۇرۇپ ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېڭى كېلىش ئالدىدىكى كۆرەشنى كۈتۈۋېلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

بۇرژۇئازىيە، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتىنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىچە، ماركس، ئېنگېلس ۋە بەزى ھەقىقىي پرولېتارىيات جەڭچىلىرىنىڭ ئىرادىسى چىڭ بولدى، ئىنقىلاۋىي ئۈمىتۋارلىق روھ تولۇپ تاشتى، ئۇلار يېڭى ئىنقىلاپ

---

① ماركس «ل. كۈگېلمانغا يېزىلغان خەت (1871- يىل 4- ئاينىڭ 12- كۈنى)»، «ماركس- ئېنگېلس خەت- چەكلىرى»، 1978- يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 52- بەت.

② ماركس. «ل. كۈگېلمانغا يېزىلغان خەت (1871- يىل 4- ئاينىڭ 17- كۈنى)». «ماركس- ئېنگېلس خەت- چەكلىرى»، 1978- يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 54- بەت.

دولقۇنىنىڭ چوقۇم يېتىپ كېلىدىغانلىقىغا ھەقىقىي ئىشەندى. 1850-يىلىلا ماركس: **"يېڭى كرىزىسنىڭ يېتىپ كېلىشىدىن ساقلانغىلى بولمىغانغا ئوخشاش، يېڭى ئىنقىلابنىڭ يېتىپ كېلىشىدىنمۇ ساقلانغىلى بولمايدۇ"**① دەپ ئىلمىي بىشارەت بەرگەن ئىدى. دېگەندەكلا، 1857-يىلى يېڭى ئىقتىسادىي كرىزىس پارتلىدى، ھەرقايسى ئەللەر ئىشچىلار ھەركىتى، مىللىي-دېموكراتىك ھەركەتلەر ۋە مۇستەملىكىلەردىكى ئازاتلىق ھەركەتلىرى 50-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ پەيدىن-پەي ئۇرلەشكە باشلىدى.

ماركس بىلەن ئېنگېلس 50-، 60-يىللاردا غايەت زور ئىنقىلاۋىي نەزەرىيە ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىشچىلار ھەركىتىنى ئىلمىي كوممۇنىزم نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە چوڭقۇر راۋاجلاندۇردى. ماركس نۇقتىلىق ھالدا كاپىتالىزم جەمئىيىتىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ھەركەت قانۇنىيىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەردى. ئۇ تاۋارنى تەھلىل قىلىشتىن كىرىشىپ، قوشۇمچە قىممەت تەلىماتىنى شەرھىلەپ بەردى، كاپىتالىستلارنىڭ ئىشچىلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشتىكى سىرنى ئېچىپ بەردى، بۇرژۇئا ئىقتىسادشۇناسلىقىنى تەنقىت قىلىش ئاساسىدا ماركسىزملىق سىياسىي ئىقتىساتنى بەرپا قىلدى. ماركس ئىشچىلار سىنىپى ئۈچۈن يازغان «كاپىتال» نىڭ 1-تومى 1867-يىلى نەشردىن چىقتى. دەۋر بولگۈچ بۇ كاتتا ئەسەر ماركسىزمنىڭ نەزەرىيە غەزنىسىنى ئىنتايىن

① ماركس. «1848-يىلدىن 1850-يىلغىچە فرانسىيەدە بولغان سىنىپىي كۈرەش». «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1979-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 820-بەت.

www.uyghurkitap.com

زور دەرىجىدە بېيىتتى، پۇرولېتارىياتقا قۇدرەتلىك ئىدىيىۋى قورال يەتكۈزۈپ بەردى. ماركس رەت قىلىپ بولماس ئىلمىي ئاساسلار بىلەن، كاپىتالىزىم تۈزۈمىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان ماھىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي جەھەتتىن ۋاقىتلىق ئىكەنلىكىنى ئېچىپ بەردى ۋە مۇنداق دەپ كورسەتتى: "ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ مەركەزلىشىشى ۋە ئەمگەكنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى ئۇلارنىڭ كاپىتالىستىك قېپىغا سىغمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يېتىدۇ. بۇ قاپ يېرىلىدۇ. كاپىتالىستىك خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ماتەم سىگنالى چېلىنىدۇ. مەھرۇم قىلغۇچىلار مەھرۇم قىلىنىدۇ."①

ماركس فرانسىيىنىڭ 1848—1851-يىللاردىكى ئىنقىلاۋىنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىگىنىدە، بۇرژۇئازىيە دۆلەت ماشىنىسىنى پاچاقلاپ تاشلاش، پۇرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى ئورنىتىشتىن ئىبارەت شانلىق ئىدىيىنى بىرىنچى قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى. ماركس 1852-يىلىلا مۇنداق دەپ ئېنىق كورسەتكەن ئىدى: "مېنىڭ كورسەتكەن يېڭى خىزمىتىم تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرىشتىن ئىبارەت بولدى: (1) **سىنىپلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى پەقەت ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن تارىخىي باسقۇچى** بىلەن مۇناسىۋەتلىك؛ (2) سىنىپىي كۈرەش مۇقەررەر ھالدا **پۇرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىغا** ئېلىپ بارىدۇ؛ (3) بۇ دىكتاتۇرا **بارلىق سىنىپلارنى يوقىتىشتىكى ۋە سىنىپسىز جەمىيەتكە**

① ماركس. «كاپىتال»، 1-توم، 24-باپ، «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1981-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 459—460-بەتلەر.

كوچۇشتىكى ئۆتكۈنچىدىنلا ئىبارەت."① ماركس يەنە بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاۋىدىن پرولېتارىيات ئىنقىلاۋىغا ئۆتۈشتىن ئىبارەت ئۈزلۈكسىز ئىنقىلاپ نەزەرىيىسىنى ۋە ئىشچىلارنىڭ قوراللىق قوغدىنىش قوشۇنىنى ئۇيۇشتۇرۇش، ئىشچى-دېھقانلار ئىتتىپاقىنى قۇرۇشقا ئوخشاش ئىنقىلاۋىي ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكىلارنى بايان قىلىپ بەردى.

ماركس بىلەن ئېنگېلس ھېچقاچان ئىنقىلاۋىي ھەركەتتىن چەتلەپ تۇرۇپ ئىنقىلاۋىي نەزەرىيىنى تەتقىق قىلىپ باقمىدى، بەلكى نەزەرىيە ئىشىنى ئىنقىلاۋىي ئەمەلىيەت بىلەن زىچ بىرلەشتۈردى. شۇ چاغدا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يۈز بەرگەن ھەرقانداق ئىنقىلاۋىي ۋەقە ئۇلارنىڭ دىققەت-ئېتىۋارىنى قوزغىماي قالمىدى؛ ھىندىستاندىكى مىللىي چوڭ قوزغىلاڭدىن تارتىپ جۇڭگودىكى تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلاۋىغىچە؛ ئامېرىكىدىكى جەنۇپ بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتىن تارتىپ پولشا خەلقىنىڭ چارروسىيىگە قارشى قوراللىق قوزغىلىڭىغىچە ھەممىسى ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشتى. ئۇلار روشەن پرولېتارىيات ئىنتېرناتسيونالىزىملىق مەيداندا تۇرۇپ، ئەنگلىيە، فرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ قاراقچىلارچە زوراۋانلىقىنى، ئامېرىكا قۇلدارلىرىنىڭ جىنايى ھەركەتلىرىنى بولۇپمۇ چارروسىيىنىڭ كېڭەيمىچىلىك قارا نىيىتى ۋە ئەكسىلئىنقىلاۋىي ژاندارمىلىق رولىنى غەزەپ بىلەن ئەيىپلىدى.

---

① ماركس. «ج. ۋېيدېمېيېرغا يېزىلغان خەت (1852-يىل 3-ئاينىڭ 5-كۈنى)». «ماركس-ئېنگېلس خەت-چەكلىرى»، 1978-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 27-بەت.

كۈندىن-كۈنگە ئۆرلەۋاتقان ئىنقىلاپ ۋەزىيىتى ئالدىدا، ھەرقايسى ئەللەر ئىشچىلار سىنىپى ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزئارا ياردەملىشىپ، "پۈتۈن دۇنيا پرولېتارلىرى، بىرلىشىڭلار!" دېگەن بايراق ئاستىدا، كاپىتالنىڭ ئەمگەكچى ئىشچىلار ئۈستىدىكى زۇلمىغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇشقا جىددىي مۇھتاج ئىدى. لېكىن، شۇ چاغدا تۈرلۈك ساختا سوتسىيالىستىك نەزەرىيىلەر ۋە ئاغمىچىلىق ئېقىملىرى ئىشچىلار ئاممىسىنىڭ ئىدىيىسىنى جىددىي چىرىتتى، ماركسىزمنىڭ تارقىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلدى. فرانسىيىدە پرۇدونىزمچىلار، ئەنگلىيىدە ئىشچىلار بىرلەشمىچىلىرى، گېرمانىيىدە لاسسالچىلار پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاۋىي ئىشلىرىغا ئېغىر تەرەپتىن توسقۇنلۇق ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلدى.

ھەرقايسى ئەللەر ئىشچىلىرىنىڭ خەلقارا ئالاقىسى ۋە ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىشچىلار ھەركىتىنى ماركسىزملىق يولغا باشلاش ئۈچۈن، "ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ھەقىقى جەڭگىۋار تەشكىلاتىنى سوتسىيالىستىك ياكى يېرىم سوتسىيالىستىك مەزھەپلەرنىڭ ئورنىغا قويۇش ئۈچۈن"①. ماركس بىلەن ئېنگېلس خەلقارا ئىشچىلار تەشكىلاتىنى قۇرۇش ئىشىغا پائال كىرىشتى.

پولشىدىكى قوزغىلاڭغا مەدەت بېرىش بىرىنچى ئىنتېرناتسونالنىڭ قۇرۇلۇشىغا باشلىنىشى بولدى. 1863-يىل 1-ئايدا، پولشىدا چار روسىيىنىڭ مىللى زۇلمىغا قارشى تۇرۇش، مىللى مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان خەلق قوزغىلىڭى پارتلاپ، ياۋ-

① ماركس. «ف. بولتقا يېزىلغان خەت (1871-يىل 11-ئاينىڭ 23-كۈنى)». «ماركس-ئېنگېلس خەت-چەكلىرى»، 1978-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 55-بەت.

روپادىكى ھەرقايسى ئەللەر ئىشچىلىرىنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولدى.
ماركس بىلەن ئېنگېلس، پولشىنىڭ مۇستەقىل بولۇشى چارپادىشا ئەكسىيەتچى كۈچلىرى ئۈچۈن قاخشاتقۇچ زەربە بولىدۇ، شۇنداقلا ياۋروپا پرولېتارىياتىنىڭ ئازاتلىق كۈرىشىنىڭ مۇھىم شەرتى بولىدۇ، دەپ ھېسابلىدى. ئۇلار پۈتۈن ياۋروپا ئىشچىلار سىنىپىنى پولشىنىڭ ئىنقىلاۋىي ھەركىتىگە پۈتۈن كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشكە سەپەرۋەر قىلدى. 1863-يىل 7-ئايدا، ئەنگلىيە، فرانسىيە ئىشچىلىرى لوندوندا پولشا قوزغىلىڭىغا مەدەت بېرىش يىغىنىنى ئۆتكۈزدى. 1864-يىل 9-ئاينىڭ 28-كۈنى، ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىشچىلار ۋەكىللىرى لوندوندا يىغىن ئۆتكۈزۈپ، پولشا قوزغىلىڭىغا ياردەم بېرىش ۋە ھەرقايسى ئەللەر ئىشچىلىرى بىرلىشىپ كۈرەش قىلىش مەسىلىسىنى يەنە بىر قېتىم مۇھاكىمە قىلدى. ماركس يىغىنغا تەكلىپ بىلەن قاتناشتى. يىغىن خەلقئارا ئىشچىلار جەمئىيىتى قۇرۇش قارارىنى بىر ئېغىزدىن ماقۇللىدى. ماركس باشتىلا بۇ جەمئىيەتنىڭ جېنى بولدى، جەمئىيەتنىڭ «قۇرۇلۇش خىتابنامىسى» ۋە «ئورتاق نىزامنامىسى»نى شۇنىڭدەك يىغىننىڭ بەزى مۇھىم ھۆججەتلىرى ھەم خىتابنامىلىرىنى ماركس ئۆزى يېزىپ چىقتى. بىرىنچى ئىنتېرناتسىونالنىڭ غەلىبىسىنىڭ ھەممىسى ماركسنىڭ ئىنقىلاۋىي لۇشيەنىنىڭ ئاغمىچىلىق لۇشيەن ئۈستىدىكى غەلىبىسى بولدى.
«قۇرۇلۇش خىتابنامىسى» خەلقارا پرولېتارىياتنىڭ «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»دىن كېيىنكى ئىككىنچى پروگرامما خاراكتېرلىق ھۆججىتى ئىدى. ئۇنىڭدا 1848-يىلدىن 1864-يىلغىچە بولغان كاپىتالىستىك ئىگىلىكنىڭ ئاتالمىش "گۈللىنىشى" ئەكسىچە، پرولېتارىياتنى كۈندىن-كۈنگە نامراتلاشتۇرۇۋەتكەنلىكى،

www.uyghurkitap.com



ئېنگېلسنىڭ بىرىنچى ئىنتېرناتسونال ئەزالىق كىنىشكىسى

بۇ ھال بۇرژۇئازىيە بىلەن پرولېتارىياتنىڭ مەنپەئەتىنىڭ توپتىن قارىمۇ-قارشىلىقىنى ئىسپاتلايدىغانلىقى پولاتتەك پاكىتلار بىلەن پاش قىلىندى. «قۇرۇلۇش خىتابنامىسى» ئۇچچىل ئاغمىچىلارنىڭ سىياسى كۈرەشكە قارشى تۇرىدىغان خاتا لۇشيەنىنى كوزدە تۇتۇپ، پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاۋىي لۇشيەنىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. ماركس تەنتەنىلىك ھالدا مۇنداق جاكالىدى: "ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئۇلۇغ ۋەزىپىسى بولۇپ قالدى"①، پرولېتارىيات بۇ تارىخىي ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، ئىنقىلاۋىي كۈرەش ئېلىپ بېرىشى، ئۆزىنىڭ سىنىپىي تەشكىلاتىنى كۈچەيتىشى

① ماركس. «خەلقارا ئىشچىلار جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش خىتابنامىسى». «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1981-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 229-بەت.

ھەمدە ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشى لازىم. «قۇرۇلۇش خىتاپنامىسى» ھەرقايسى ئەللەردىكى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ مۇستەملىكىچىلىك تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتى ۋە ئۇرۇش سىياسىتىنى ئەيىپلىدى، ئىشچىلار سىنىپىنى پۈرولېتارىيات ئىنتېرناتسىونالىزمىلىق تاشقى سىياسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ھەمدە بۇ كۈرەشنى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئازاتلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى ئومۇمىي كۈرەشنىڭ بىر قىسمى قىلىشقا چاقىردى. ئاخىردا، «خىتاپنامە»دە "پۈتۈن دۇنيا پۈرولېتارلىرى، بىرلىشىڭلار!" دېگەن جەڭگىۋار شوئار قايتا تەكىتلەندى.

«ئورتاق نىزامنامە»دە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئازاتلىقىنى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئۆزى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەكلىكى، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىقتىسادىي ئازاتلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ نىشان پەقەت سىياسىي كۈرەش ئارقىلىق، ھەرقايسى ئەللەر پۈرو-لېتارىياتىنىڭ ھەمكارلىقى ئارقىلىقلا ئاخىرقى ھېسابتا ئىشقا ئاشۇرۇلىدىغانلىقى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شەرھلەندى. «نىزامنامە»دە دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدىن ئىبارەت تەشكىلىي پىرىنسىپ گەۋدىلەندۈرۈلدى. جەمئىيەتنىڭ ئەزالار قۇرۇلتىيى ئالىي تەشكىلىي ئاپپارات ئىكەنلىكى، قۇرۇلتاي يېپىق مەزگىلدە كۈندىلىك ئىشلارغا باش كومىتېت مەسئۇل ئىكەنلىكى بەلگىلەندى. ماركس باش كومىتېتقا باشتىلا سايلاندى، ئۇ بىرىنچى ئىنتېرناتسىونالنىڭ ئەمەلىي رەھبىرى ئىدى.

خەلقارا ئىشچىلار جەمئىيىتى — ماركسىزمنىڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، ئۇنىڭ قۇرۇلغانلىقى خەلقارا ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ بىر يېڭى باسقۇچقا كىرگەنلىكىدىن دېرەك

بىرىدۇ. ھەرقايسى ئەللەر ئىشچىلار سىنىپى جەمئىيەتنى ئۆزىنىڭ پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان مەركەز دەپ قاراپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، ئۆز ئېلىدە بىرىنچى ئىنتېرناتسونالنىڭ شۆبە تەشكىلاتلىرىنى قۇردى. ئۇلار پرولېتارىيات ئىنتېرناتسىونالىزىمىنى نەزىرىيىدىن ئەمەلىي خاراكتېرلىق ھەرىكەتكە ئايلاندۇردى. 1866-يىلى پارىژدا كۆلىمى غايەت زور بولغان ئىش تاشلاش بولدى، ئىش تاشلىغان ئىشچىلار ئەنگلىيە ئىشچىلىرىنىڭ ياردىمىگە ئېگە بولۇش بىلەن غەلىبە قازاندى. شۇ يىلى ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدىكى ئىشچىلارمۇ لوندون ئىشچىلىرىنىڭ ئىش تاشلاش كۈرىشىگە ياردەم بەردى، ئۇلار ئەنگلىيە كاپىتالىستلىرىنىڭ چەتئەللەردىن ئىشچى قوبۇل قىلىشتەك ئىپلاس نەيرىڭىنى تارمار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەردىكى ئىش تاشلاش غەلىبە قىلدى. جەنۋە بىناكارلىق ئىشچىلىرى 1868-يىلى چوڭ ئىش تاشلاش ئۇيۇشتۇرغاندا، نۇرغۇن مەملىكەتلەرنىڭ ئىشچىلىرى سەپەرۋەرلىككە كېلىپ ئۆزىنىڭ سىنىپىي قېرىنداشلىرىغا ياردەم بەردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ماركس ۋە بىرىنچى ئىنتېرناتسونالنىڭ رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلدى. ئۇ خەلقارا ئىشچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئۇلۇغ نىشانلىرىدىن بىرىنى گەۋدىلەندۈردى: "ئىمكانىيەتنىڭ بىرىچە ھەرقايسى ئەللەر ئىشچىلىرىنى ئۆز ئازاتلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى بىر تۇتاش ئارمىيىدە قېرىنداشلارچە ۋە يولداشلارچە ھەمسىياتقىلا ئىگە بولۇپ قالماستىن، بەلكى قېرىنداشلارچە ۋە يولداشلارچە ھەرىكەت قىلىدىغان قىلىش كېرەك."①

---

① ماركس. «ۋاقىتلىق مەركىزىي كومىتېتنىڭ بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا ۋەكىللەرگە بەرگەن يوليورۇقى». «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 16-توم، 214-بەت.

**ماركسىزمنىڭ پرۇدونىزمغا ۋە ئىشچىلار بىرلەشمىچىلىككە قارشى كۈرىشى** بىرىنچى ئىنتېرناتسونال ئۆزى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان 8 يىل (1864—1872) داۋامىدا، ماركسىزمغا قارشى بولغان خىلمۇ-خىل ئاغمىچى مەزھەپلەرگە قارشى پرىنسىپال كۈرەشلەرنى ئېلىپ باردى. بۇ پرولېتارىياتلىق ئىنقىلاۋىي لۇشيەندە چىڭ تۇرۇش، يالغان سوتسىيالىزمچىلارنىڭ بۇرژۇئا لۇشيەنىگە قارشى تۇرۇش كۈرىشى، ماركسىزم ئاساسىدىكى خەلقارا ئىتتىپاقلىقنى قوغداش، مەزھەپچىلىككە، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئىدى.

بىرىنچى ئىنتېرناتسونال پائالىيىتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى (1864—1868)نىڭ مەركىزىي مەزمۇنى پرۇدونىزمغا قارشى تۇرۇش بولدى؛ ئىككىنچى باسقۇچى (1869—1872) باكۇنىنىزمغا قارشى تۇرۇش بولدى، پرۇدون ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەر ئىلمىي كوممۇنىزمنى پەقەت بىلمەيتتى. ئىقتىسادىي جەھەتتە، ئۇلار كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىكى باراۋەرسىزلىكنى ئالماشتۇرۇشتىكى باراۋەرسىزلىكتىن ئىبارەت قىلىپ قويدى، باراۋەر ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتى ئورنىتىلسىلا، ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلاردىن تەركىب تاپقان كوپېراتسىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلسىلا، جەمئىيەتنىڭ ھەر بىر ئەزاسى ئۆزىنىڭ ئەمگەك مەھسۇلاتىنىڭ پۈتۈن قىممىتىگە ئىگە بولالايدۇ، كاپىتالىستىك ئېكسپىلاتاتسىيىدىن قۇتۇلالايدۇ، دەپ ھېسابلىدى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان شىپالىق دورا قەغىزى مەملىكەت بويىچە كوپېراتىپ ۋە ئۆسۈمسىز قەرز پۇل بېرىدىغان ئالماشتۇرۇش بانكىسى قۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار بۇنىڭ بىلەن ئارىلىقتىكى ئېكسپىلاتاتسىيىدىن خالىي بولغىلى بولىدۇ، دەپ قارىدى. سىياسىي جەھەتتە، پرۇدونىزمچىلار ھۆكۈمەتسىزلەر ئىدى، ئۇلار بۇرژۇئا دۆلىتىنىڭ چوڭ كاپىتالىستلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

مەنپەئەتىنى قوغدايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ، ھەممە دۆلەتنى، ھەممە نوپۇزنى يامان دەپ ھېساپلىدى؛ ئۇلار پرولېتارىيات پارتىيىسى قۇرۇشقا، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىغا قارشى چىقتى، دۆلەتنىڭ ئورنىغا شەخسلەر ۋە گۇرۇھلارنىڭ "ئەركىن بىرلىشىشى"نى قويماقچى بولدى. ئىدىيە جەھەتتە، پرۇدونىزىمچىلار ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچىلەر بولۇپ، ئۇلار شەخسى مەنپەئەت، شەخسى "ئازاتلىق"نى سىنىپىي مەنپەئەت، سىنىپىي ئازاتلىقتىن ئۈستۈن قويدى.

پرۇدونىزىم كاپىتالىزىم جەمىيىتىدە كۈندىن-كۈنگە ۋەيران بولۇۋاتقان ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ خام خىيالىنى ئەكس ئەتتۈردى، ئۇلار چوڭ بۇرژۇئازلارغا قارشى تۇرۇش نامى ئاستىدا ئۇششاق خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى ساقلاپ قالماقچى بولدى؛ بۇرژۇئا دۆلىتىگە قارشى تۇرۇش نىقابى ئاستىدا پرولېتارىيات ئىنقىلابى ۋە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىغا قارشى تۇردى. ئۇلارنىڭ نۇقتىنەزىرى ھەم خىيالىي، ھەم ئەكسىيەتچىل ئىدى، بۇ نۇقتىنەزەر ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلار كۆپ بولغان مەملىكەتلەردىكى ئىشچىلار ھەركىتى ئۈچۈن بەك زىيانلىق ئىدى. بىرىنچى ئىنتېرناتسونالنىڭ ھەر قېتىملىق قۇرۇلتايلىرىدا، ئۇلار سەكرەپ چىقىپ ماركسىزىمچىلار بىلەن ئېلىشىپ، ماركسنىڭ ئىنقىلاۋىي لۇشيەنىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇندى.

ماركس پرۇدونىزىمچىلارنىڭ ئۇششاق بۇرژۇئالىق ماھىيىتىنى ۋە سىنىپىي مۇرەسسەچىلىك سەپسەتىلىرىنى كەسكىن پاش قىلدى. ئۇلارنىڭ كاپىتالىزىم جەمىيىتىنىڭ ئاساسى بولغان بۇرژۇئا خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىككە چېقىلماي، "ئالماشتۇرۇش بانكىسى" دېگەنگە ئوخشاش مىشچانلارچە خام خىيال بىلەن ئىشچىلارنى بىخۇتلاشتۇرماقچى

بولۇۋاتقانلىقىنى، بۇنداق ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنىڭ كاپىتال بىلەن ئەمگەك ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قىلچە ئۆزگەرتەلمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. ماركس پرۇدونىزىمچىلارنى مۇنداق دەپ ئەيىپلىدى: "ئۇلار پەن توغرىسىدا ۋالاقلايدۇ، بىراق ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار بارلىق ئىنقىلاۋىي يەنى سىنىپىي كۆرەشنىڭ ئۆزىدىن كېلىپ چىققىدىغان ھەركەتلەرگە سەل قارايدۇ، بارلىق مەركەزلەشكەن، ئىجتىمائىي بولغان، شۇڭلاشقىمۇ سىياسىي ۋاستىلەر (مەسىلەن، قانۇن جەھەتتىن ئىش كۈنىنى قىسقارتىش) ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان ھەركەتلەرگە سەل قارايدۇ؛...... ئەمەلىيەتتە بۇرژۇئازىيىنىڭ چاكىنا سودىگەرچىلىك يولىنى تەرغىپ قىلماقتا"؛ "پرۇدون ناھايىتى چوڭ بالايى-ئاپەت كەلتۈردى"، ئۇنىڭ "ئېزىقتۇرۇشىغا ۋە زەھەرلىشىگە" ئۇچرىغانلار "ھەممىدىن ئاۋال 'مۇنەۋۋەر ياشلار'، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، ئاندىن قالسا ئىشچىلار".①

ماركسنىڭ رەھبەرلىكىدە، بىرىنچى ئىنتېرناتسونال پرۇدونىزىمچىلارنىڭ ھۇجۇملىرىنى كەينى-كەينىدىن تارمار قىلدى. 1866-يىلقى جەنۋە قۇرۇلتىيى ماركسنىڭ پىكرى بويىچە چىقىرىلغان قارارنى ماقۇللىدى. قاراردا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: ئەگەر دۆلەت ھاكىمىيىتى يوقىتىشىلار، كاپىتالىستلارنىڭ قولىدىن ئىشچىلارنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈلمەيدىكەن، ئەمگەك كوپېراتسىيىسى تۈزۈمىنى ئورناتقىلى بولمايدۇ، كوپېراتسىيە ھەركىتى كاپىتالىزىم جەمئىيىتىنى

---

① يۇقۇرىدىكى نەقىل «ماركسنىڭ ل. كوگېلمانغا يازغان خېتى (1866-يىل 10-ئاينىڭ 9-كۈنى)»دىن ئېلىندى. «ماركس-ئېنگېلس خەت-چەكلىرى»، 1978-يىل ئۈيغۇرچە نەشرى، 44—45-بەتلەر.

ھەرگىز ئۆزگەرتەلمەيدۇ. 1867 ـ يىلى لوساننا قۇرۇلتىيىدا، پرۇدونىز
ىمچىلار يەنە بىر قېتىم سەكرەپ چىقىپ، ئىشچىلارنىڭ سىياسىي
كۈرەشكە قاتنىشىشىغا قارشى چىقتى. قۇرۇلتاينىڭ قارارىدا مۇنداق
دەپ كۆرسىتىلدى: ئىشچىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئازاتلىقى سىياسىي ئازات
لىقتىن ئايرىلمايدۇ؛ سىياسىي جەھەتتىكى ئازاتلىق بولماي تۇرۇپ،
ئىشچىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئازاتلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن
ئەمەس. لېكىن پرۇدونىزىمچىلار بىرنەچچە قېتىملىق مەغلۇبىيەتتىن
كېيىنمۇ نىيىتىدىن يانمىدى، 1868 ـ يىلى بىريۇسسېل قۇرۇلتىيىدا،
ئۇلار يەر شەخسىي مۈلۈكچىلىكىدە چىڭ تۇردى،
ھەتتا ئۇنى "بەخت ۋە ئالغا بېسىشنىڭ ئاساسىي ئالدىنقى شەرتى"
دەۋالدى. ماركسىزىمچىلار قۇرۇلتايدا بۇنداق سەپسەتىنى تەنقىت
قىلدى، بىر قارارىدا: ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە يەرنى دۆلەت
ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈش ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجى، سانائەت
ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان
يەر ھەم بارلىق قاتناش ۋاستىلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ ھەم
مىسى ئومۇمنىڭ مۈلكى بولۇشى، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئىگىدارلىقىدا
بولۇشى لازىم، دەپ كۆرسەتتى. بۇ توغرا قارار پرۇدونىزىمچىلارغا
ئەجەللىك زەربە بەردى، ئۇلارنىڭ ئۇششاق خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكىنى
مەڭگۈ ساقلاپ قالماقچى بولغان ئەكسىيەتچىل ئىدىيە سىستېمىسىنى
تارمار قىلدى. بىريۇسسېل قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، پرۇدونىزىمچىلار
چاك ـ چېكىدىن بوسۇلۇپ، ئىچكى جەھەتتە پارچىلاندى. فرانسىيىدىكى
ۋارلىن ۋەكىللىكىدىكى سولچى پرۇدونىزىمچىلار كونا كۆزقاراشتىن
كەسكىن ۋازكېچىپ، ماركسىزىمغا يېقىنلاشتى، ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش
ۋاستىلىرىنى كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىكە ئايلاندۇرۇشنى قۇۋۋەتلىدى،

سىياسىي كۆرەشكە ئاكتىپ قاتناشتى. ۋارلىن كېيىن پارىژ كوممۇنىسىنىڭ مەشھۇر رەھبىرى بولۇپ قالدى.

بىرىنچى ئىنتېرناتسىونالنىڭ ئىشچىلار بىرلەشمىچىلىكى تەرەپدارلىرىغا قارشى كۈرىشى ئاساسەن باش كومىتېتنىڭ ئىچىدە ئېلىپ بېرىلدى. ئەنگلىيىدىكى ئىشچىلار بىرلەشمىچىلىكى تەرەپدارلىرى كاپىتالىستلارغا سېتىلىپ كەتكەن ئىشچى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلدى، ئۇلار كۆپىنچە يۇقىرى مۇئاشلىق تېخنىك ئىشچىلار ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىدىكى تۆرىلەر بولۇپ، ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك تالان-تاراجلىرىنىڭ مۇنەسسىدىن بەھرىمەن بولاتتى. ئۇلار ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىدىكى ئازغىنا ياخشىلىنىشلارنىلا تەكىتلەپ، كاپىتالىستىك تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان ئىنقىلاۋىي كۈرەشكە قارشى تۇراتتى. ئىقتىسادىي كۈرەش ئېلىپ بېرىشتا، ئۇلار كاپىتالىستلار بىلەن "چىرايلىقچە" ئولتۇرۇپ سوھبەت ئۆتكۈزۈشنىلا تەشەببۇس قىلىپ، ئىش تاشلاش، نامايىش ئۆتكۈزۈشتەك كەسكىن تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا قارشى تۇردى. ئۇلار ئىشچىلارنىڭ ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ ئازاتلىق كۈرىشىگە قاتنىشىشىنى ۋە مەدەت بېرىشىنى كۈچىنىڭ بېرىچە توستى. بۇنداق ئۇزۇل-كېسىل سىنىپىي مۇرەسسەچىلىك ۋە مىللىي مەنپەئەتپەرەسلىك مەيدانى ماركسىزىمچىلارنىڭ قاتتىق رەددىيىسىگە ئۇچرىدى، ماركس ئۇلارنى "كېسەلنى يىلتىزىدىن يوقىتىش ئەمەس، پەقەت ئاغرىقنى توختىتىش دارىسىنىلا ئىشلىتىش" بىلەن بولدى؛ "ئىشچىلار سىنىپىنى ئاخىرقى ھېساپتا ئازات قىلىش ......ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ تەشكىلىي كۈچىدىن پىشاڭ سۈپىتىدە پايدىلىنىشقا تىرىشمىدى" دەپ تەنقىت قىلدى. ماركس مۇنداق چاقىرىق قىلدى: "ئىشچىلار: 'ئادىل

**ئىش كۈنى ئۈچۈن ئادىل ئىش ھەققى بېرىلسۇن!**' دېيىلگەن مۇنداق **مۇتەئەسسىپ** ھېكمەتلىك سۆزلەرنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئۆزلىرىنىڭ بايرىقىغا '**ياللانما ئەمگەك تۈزۈمى يوق قىلىنسۇن!**' دېگەن ئىنقىلابىي شوئارنى يېزىپ قويۇشلىرى كېرەك."①

بىرىنچى ئىنتېرناتسىونال باش كومىتېتىنىڭ ئىرلاندىيىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشىنى قوللاش توغرىسىدىكى بىرنەچچە قارارى ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرى بولغان ئىشچىلار بىرلەشمىچىلىكى تەرەپدارلىرىغا قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. ئەنگلىيىدىكى ئىشچىلار بىرلەشمىچىلىكى تەرەپدارلىرىنىڭ كاتتىۋېشى ئۆدجېر قاتارلىقلار ئىرلاندىيە خەلقى قوزغىغان قوراللىق قوزغىلاڭغا قارشى تۇرۇپ، ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنى ھە دەپ يەدەزلىدى. ماركس: "ئىرلاندىيە مەسىلىسى يالغۇزلا مىللىي مەسىلە ئەمەس، ئۇ يەر مەسىلىسى، ھاياتلىق مەسىلىسى"② دەپ كۆرسەتتى. ماركس بىلەن ئېنگېلس مىللىي ئازاتلىق ھەركىتىنىڭ پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ئىشلىرىدىكى زور ئەھمىيىتىنى مۇپەسسەل بايان قىلىپ بەردى ھەمدە ئىرلاندىيىنى مىسال قىلىپ، "باشقا مىللەتنى قۇل قىلغان مىللەت ئۆزى ئۈچۈن كىشەن تەييارلايدۇ"③ دېگەن مۇھىم

---

① ماركس: «ئىش ھەققى، باھا ۋە پايدا» 1976 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 114 ــ 115 ـ بەتلەر.

② «ك. ماركسنىڭ ئىرلاندىيە مەسىلىسى توغرىسىدىكى دوكلادىنىڭ خاتىرىسى». «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 16 ـ توم، 639 ـ بەت.

③ ماركس. «ھەخپى ئۇقتۇرۇش». «ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1981 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 2 ـ توم، 530 ـ بەت.



www.uyghurkitap.com

قائىدىنى چوڭقۇر شەرھلەپ بەردى، ئىرلاندىيىنىڭ مىللىي ئازاتلىقى ئەنگلىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئۆز ئازاتلىقىنىڭ ھەممىدىن مۇھىم شەرتى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى.

پرۇدونىزىمچىلار بىلەن ئىشچىلار بىرلەشمىچىلىكى تەرەپدارلىرى مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، بۇرژۇئازىيە يەنە پۇرولېتارىيات قوشۇنىدىن يېڭى گۇماشتىلارنى تېپىپ بۇزغۇنچىلىق ۋە پاراكەندىچىلىك سالدى. بىرىنچى ئىنتېرناتسىونالدا باكۇنىن كاتتىۋاشلىق قىلغان سۇيىقەستچى-مەزھەپچى گۇرۇھ پەيدا بولدى، باكۇنىن ماركسقا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، باش كومىتېتقا قارشى تۇرۇپ، بىرىنچى ئىنتېرناتسىونالنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشقا، خەلقارا ئىشچىلار ھەركىتىنى پارچىلاشقا ئۇرۇندى.

ماركس بىلەن ئېنگېلس 1869-يىلدىن تارتىپ بۇ سۇيىقەستچىلەر گۇرۇھىغا قارشى كۆرەشنى قانات يايدۇرۇپ، باكۇنىنچىلارنىڭ سۇيىقەستىنى نەزىرىيىۋى، سىياسى ۋە تەشكىلىي جەھەتتىن ئۇزۇل-كېسىل تارمار قىلدى. بۇ كەسكىن كۆرەش پارىژ كوممۇنىسى قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ داۋام قىلدى، 1872-يىلى باكۇنىن ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى ئاخىرى بىرىنچى ئىنتېرناتسىونالدىن چىقىرىلدى.①

**بىرىنچى ئىنتېرناتسىونال ۋە پرۇسسىيە-فرانسىيە ئۇرۇشى**

بىرىنچى ئىنتېرناتسىونال باكۇنىنچىلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەركەتلىرىگە قارشى كەسكىن كۆرەش قىلىۋاتقاندا، پرۇسسىيە-فرانسىيە ئۇرۇشى پارتلىدى. ماركس ۋە بىرىنچى ئىنتېرناتسىونال باش كومىتېتى

① باكۇنىن سۇيىقەستچىلەر گۇرۇھىغا قارشى كۆرەش توغرىسىدا مۇشۇ باپنىڭ 3-بۆلۈمىگە قارالسۇن.

گېرمانىيە ـ فرانسىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ مەنپەئەتىگە ئالاقىدار بولغان بۇ ئۇرۇشقا پۈتۈن كۈچ بىلەن كۆڭۈل بولدى.

1848 ـ يىلدىكى ئىنقىلاپتىن كېيىن، فرانسىيىدە كاپىتالىستىك سانائەت تېز راۋاجلاندى، ئىككىنچى ئىمپېرىيە دەۋرىدە (1852 ـــ 1870) ماشىنىلارنىڭ سانائەتتە قوللىنىلىشى 5 ھەسسىدىن ئارتۇق كۆپەيدى، پار ماشىنىسى 5 مىڭ 300 نەچچىدىن 28 مىڭغا يەتتى؛ تۆمۈريوللارنىڭ ياسىلىشى ئاساسىي شەھەرلەرنى بىر بىرىگە تۇتاشتۇردى. ئىشچىلارنىڭ سانى 1866 ـ يىلى 3 مىليونغا يېقىنلاشتى. لېكىن يېزا ئىگىلىك ئاھالىسى يەنىلا سانائەت ئاھالىسىدىن كۆپ ئىدى؛ سانائەت ئاھالىسى ئىچىدە، مەركەزلەشكەن سانائەت ئىشچىلىرىغا قارىغاندا ئۇششاق كارخانىلاردىكى ئىشچىلار كۆپ ئارتۇق ئىدى.

فرانسىيە ئىشچىلار سىنىپى 19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن تارتىپ سىياسىي سەھنىدە يېڭىۋاشتىن جانلاندى، ئىش تاشلاش كۈرىشى ۋە سىياسىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشتى. ناپولېئون III كاتتىۋاشلىقىدىكى چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ ھاكىم مۇتلەقلىق ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇردى. پارىژدا بىر مىليون 800 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالە بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەڭدىن تولىسى ئىشچىلار ۋە ئىشچىلار ئائىلە تەۋەلىرى ئىدى، ئۇلارنىڭ نامراتلىقى ۋە ھوقۇقسىزلىقى بىيۇروكراتلار، بۇرژۇئازلارنىڭ ئەيش ـ ئىشرەت، كەيپ ـ ساپالىق تۇرمۇشىغا نىسبەتەن روشەن سېلىشتۇرما ئىدى. 1848 ـ يىلى فېۋرال ئىنقىلاۋى ۋە ئىيۇن قوزغىلىڭىنىڭ شانلىق ئەنئەنىسى ئۇلارنىڭ ئىنقىلاۋىي ئىرادىسىگە ئىلھام بەردى. فرانسىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ كۈرەش قىلىشى ئارقىسىدا، ئىككىنچى ئىمپېرىيە ھۆكۈمىتى 1864 ـ يىلى ئىشچىلارنىڭ تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇشى مەنئى قىلىنغان لې ساپېلىيېر

قانۇننى بىكار قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇ يىلى توپلەش ئىشچىسى ۋارلىننىڭ تەشەببۇسى بىلەن، مەتبەئە ئىشچىلىرىنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى قۇرۇلدى. 1865-يىلدىن كېيىن، پارىژدا ۋە باشقا چوڭ شەھەرلەردە بىرىنچى ئىنتېرناتسىونالنىڭ شۆبە تەشكىلاتى قۇرۇلدى، لېكىن رەھبەرلىك ھوقۇقىنى پرۇدونىزىمچىلار قولغا كىرگۈزىۋالدى. 1868-يىلى پرۇدونىزىمچىلار بىرىنچى ئىنتېرناتسىونال قۇرۇلتىيىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ۋارلىن ۋە فرانكېل ۋەكىللىك قىلغان پرۇدونىزىمچى سول قاناتلار زوراۋانلىقتىن قورقماي، ئاممىنى پائال ئۇيۇشتۇرۇپ، سوتسىيالىزىم ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىپ، ناپولېئون III نىڭ سىياسىي ئالدامچىلىقىنى پاش قىلىپ، ئىككىنچى ئىمپېرىيىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا رىغبەتلەندۈردى.

ناپولېئون III بىرىنچى ئىنتېرناتسىونالنىڭ پارىژ شۆبە تەشكىلاتىنىڭ پائالىيىتىدىن ئىنتايىن تەشۋىشلەندى ۋە ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك قىلدى، بىر ئامال قىلىپ ئۇنى مەنئى قىلىش ۋە بۇزۇش ئويىدا بولدى. 1868-يىلدىن 1870-يىلغىچە ئىنتېرناتسىونال شۆبە تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرىنى 3 قېتىم قولغا ئېلىپ سوراققا تارتتى. لېكىن ئەيىبلەنگۈچىلەرنىڭ سوتتا ئۆزىنى ئاقلاپ قىلغان سۆزى بۇرژۇئازىيە جەمئىيىتى ئۈستىدىكى شىكايەت بولدى. ۋارلىن 1868-يىل 5-ئايدا ئۆزىنى ئاقلاپ بەرگەن جاۋاۋىدا سوراقچىغا: "مەن بىلەن سىلەر قارىمۇ-قارشى ئىككى پارتىيىگە مەنسۇپ، سىلەر تۈرلۈك يوللار بىلەن مەۋجۇت تۈزۈمنى ساقلاپ قالماقچى بولسىلەر، بىز سوتسىيالىزىمچىلار بولساق بۇنداق تۈزۈمنى ئۆزگەرتمەكچى بولىمىز" دەپ جىددىي كۆرسەتتى. زىننەت بۇيۇملىرى ئىشچىسى فرانكېل 1870-يىل 5-ئايدا سوراق قىلىنغان چاغدا ھەققانىي تۈردە مۇنداق دەپ

www.uyghurkitap.com

كۆرسەتتى: «ئىنتېرناتسىونال دۇنيا ئەللىرىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بىر دەرەخ. بۇ دەرەخنىڭ مەلۇم شېخىنى كېسىۋېتىش بىلەن، ئۇنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتىۋەتمەكچى بولۇش ساددا خام خىيالدىنلا ئىبارەت. دەۋرى خاراكتېرلىق ھادىسىلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغان كىشىلەرگە ۋە بۇنداق ھۆكۈم بىلەن ئىجتىمائىي ھەرىكەتنى توسقىلى بولىدۇ دەپ قارايدىغان كىشىلەرگە مەن گالىلېينىڭ سۆزى بىلەن جاۋاپ بېرىمەن: 'يەر شارى بەرىبىر چۆگىلەۋېرىدۇ!' پۈتۈن دۇنيا پرولېتارلىرىنىڭ ئىتتىپاقى پاكىتقا ئايلىنىپ قالدى، ئۇنى ھەرقانداق كۈچ پارچىلىۋېتەلمەيدۇ.» ناپولېئون III نىڭ غالجىرانە زىيانكەشلىكى ئەكسىچە بىرىنچى ئىنتېرناتسىونالنىڭ ئىشچىلار ئاممىسى ئىچىدىكى تەسىرىنى كېڭەيتتى.

مەملىكەت ئىچىدىكى سىنىپىي كۈرەش كۈندىن-كۈنگە كەسكىنلىشىۋاتقان ۋەزىيەت ئاستىدا، بىر قىسىم بۇرژۇئا جۇمھۇرىيەتچىلىرى ۋە ئۇششاق بۇرژۇئا دېموكراتىيەچىلىرىمۇ قوزغىلىپ ھۆكۈمەتكە قارشى چىقىپ، جۇمھۇرىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. دېھقانلار ئاممىسىمۇ ناپولېئون III نىڭ ئۇرۇش ۋە باج سىياسىتىنىڭ زۇلمى ئاستىدا، ئۇنىڭغا بولغان خام خىيالدىنمۇ ۋازكەچتى. تۈرلۈك ئىنقىلاۋىي كۈچلەر 60-يىللارنىڭ ئاخىرىدا بىرلىشىپ ئىككىنچى ئىمپېرىيىگە زەربە بېرىدىغان كەلكۈنگە ئايلاندى. ناپولېئون III ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش، ئىمپېرىيىنى كرىزىستىن قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن، ئالدىراپ-تېنەپ سىرتقا قارىتا ئۇرۇش پىلانلىدى. 1870-يىل 7-ئاينىڭ 19-كۈنى ئۇ تاقەتسىزلىك بىلەن پرۇسسىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى.

پرولېتارىيات ئىنتېرناتسىونالىزىمى پرىنسىپىنى قوغداش ئۈچۈن،

بىرىنچى ئىنتېرناتسىونال بۇ ئۇرۇشقا قارىتا پوزىتسىيە بىلدۈرۈشى كېرەك ئىدى. پرۇسسىيە-فرانسىيە ئۇرۇشى پارتلاپ 4-كۈنى يەنى 7-ئاينىڭ 23-كۈنى، بىرىنچى ئىنتېرناتسىونال باش كومىتېتى ماركس تەييارلاپ چىققان پرۇسسىيە-فرانسىيە ئۇرۇشى توغرىسىدىكى خىتاپنامىنى ئېلان قىلدى. خىتاپنامە ناپولېئون III نىڭ ھەربىي سۇيىقەستى ئۇنىڭ 19 يىلىنىڭ ئالدىدا قوزغىغان سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ كۈچۈرۈلمىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىكەنلىكىنى پاش قىلدى ھەمدە: "لۇئى بوناپارت بىلەن پرۇسسىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئىككىنچى ئىمپېرىيىنىڭ ئۆلۈم سىگنالى پارىژدا چېلىندى"① دەپ ئىلمىي بىشارەت بەردى. ماركس گېرمانىيە ئىشچىلار سىنىپىدىن ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈشنى، پرۇسسىيە سۇلالىسىنىڭ بۇ ئۇرۇشنى فرانسىيە خەلقىگە قارشى ئۇرۇشقا ئايلاندۇرۇشىغا ھەرگىز يول قويماسلىقنى تەلەپ قىلدى، ئۇنداق بولۇپ قالسا، پالاكەتلىك ئېغىر ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. فرانسىيە، گېرمانىيە ئىشچىلار سىنىپى خىتاپنامىلەر ئېلان قىلىپ، "پۈتۈن دۇنيا پرولېتارلىرى، بىرلىشىڭلار!" دېگەن شوئارنى مەھكەم ئەستە تۇتۇپ، ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىپ، سۇلالىلەر ئۇرۇشىغا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى تەنتەنە بىلەن جاكالىدى.

پرۇسسىيە-فرانسىيە ئۇرۇشىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى ناھايىتى تېزلا ناپولېئون III نىڭ 9-ئاينىڭ 2-كۈنى سېداندا تەسلىم بولۇشى

① ماركس، «فرانسىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇش»، 1972-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 31-بەت.

بىلەن ئاياقلاشتى. 9-ئاينىڭ 4-كۈنى، پارىژ ئىنقىلاۋىي خەلقى تاغنى تالقان قىلىدىغان ھەيۋەت بىلەن كوچىغا چىقىپ، ئىككىنچى ئىمپېرىيىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇمھۇرىيەتنى بىۋاستە جاكالىدى. لېكىن بىر تۈركۈم بۇرژۇئا سىياسەتۋازلىرى خەلق ئىنقىلاۋىنىڭ مېۋىلىرىنى دەرھال تارتىۋالدى، ئۇلار ئۆزلىرىنى "دۆلەت مۇداپىئە ھۆكۈمىتى" دەۋالدى، ئەمەلىيەتتە ئۇ ۋەتەن ساتقۇچ ھۆكۈمەت ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پرۇسسىيە مىلىتارىستلىرى ناپولېئون III نى ئەسىرگە ئېلىش بىلەن قانائەتلەنمەستىن، داۋاملىق تۈردە فرانسىيىگە كەڭ تۈردە تاجاۋۇز قىلىپ، پارىژنى قورشىۋالدى.

ئۇرۇش ۋە ئىنقىلاپنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، بىرىنچى ئىنتېرناتسونال باش كومىتېتى ماركس تەييارلاپ چىققان پرۇسسىيە-فرانسىيە ئۇرۇشى توغرىسىدىكى ئىككىنچى خىتاپنامىسىنى 9-ئاينىڭ 9-كۈنى ۋاقتىدىلا ئېلان قىلدى. خىتاپنامە پرۇسسىيە سۇلالىسىنىڭ "بىخەتەرلىكنى كاپالەتلەندۈرۈش"نى باھانا قىلىپ، بۇ مۇداپىئە ئۇرۇشىنى فرانسىيە زېمىنىنى تارتىۋېلىشنى مەقسەت قىلغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىغا ئايلاندۇرغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن يېڭى ئۇرۇش ئۇرۇغىنى چاچقانلىقىنى قاتتىق ئەيىبلىدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا فرانسىيىنىڭ "دۆلەت مۇداپىئە ھۆكۈمىتى" ئىشچىلار سىنىپىنىڭ دۈشمەنلىرىدىن تەركىب تاپقانلىقىنى، ئۇنىڭغا ھېچقانداق خام خىيالدا بولۇشقا بولمايدىغانلىقىنى پاش قىلدى. خىتاپنامە فرانسىيە ئىشچىلار سىنىپىنى مۇنداق ئاگاھلاندۇردى: "ھازىرقى كرىزىس ئىچىدە، دۈشمەن پارىژ دەرۋازىسىنى چېقىش ئالدىدا تۇرغان چاغدا، يېڭى ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان ھەممە ئۇرۇنۇش ئۈمىت ئۈزۈپ قىلىنغان ئەخمەقلىق بولىدۇ"؛ "فرانسىيە ئىشچىلىرى ئۆزىنىڭ

پۇقرالىق بۇرچىنى ئادا قىلىشى كېرەك،...... ئۇلار جۇمھۇرىيەتنىڭ ئەركىنلىكى يارىتىپ بەرگەن پۇرسەتلەردىن بەخۇدۇك بەلكى قەتئىي پايدىلىنىپ، ئۆز سىنىپىنىڭ تەشكىلاتىنى كۈچەيتسۇن."①

بىرىنچى ئىنتېرناتسىونال باش كومىتېتىنىڭ پرۇسسىيە-فرانسىيە ئۇرۇشى توغرىسىدىكى ئىككىنچى خىتابنامىسى ماركسىزىملىق مۇھىم ھۆججەت، بۇ ھۆججەتلەر فرانسىيە پرولېتارىياتىنىڭ سىنىپىي زىددىيەت ۋە مىللىي زىددىيەت تازا مۇرەككەپ بولغان شارائىتتا، ئىنقىلاب يولىنى بويلاپ باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلدى. بۇرژۇئازىيە پرولېتارىياتقا قارىتا ھۇجۇم قوزغاپ، ئىچكى ئۇرۇش پەيدا قىلغان، پارىژ پرولېتارىياتى 1871-يىل 3-ئاينىڭ 18-كۈنى قورقماس ئىنقىلاۋىي جاسارەت بىلەن بۇرژۇئا ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان چاغدا، ماركس يەنە پارىژ ئىنقىلاۋىغا ئاجايىپ قىزغىن مەدەت بەردى ھەمدە "بۇ پارىژلىقلار نەقەدەر جانلىقلىقتا، نەقەدەر تارىخىي تەشەببۇسكارلىقتا، نەقەدەر پىداكارانە روھتا ئىگە-ھە!"② دەپ قىزغىن مەدھىيىلىدى. ئۇلۇغ ئىنقىلاۋىي ئۇستاز ماركس پرولېتارىيات ئۈچۈن ئىنقىلاۋىي ئاممىۋى ھەرىكەتكە توغرا مۇئامىلە قىلىشنىڭ شانلىق ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەردى!

---

① ماركس. «فرانسىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇش»، 1972-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 52-بەت.

② ماركس. «ل. كۇگېلمانغا يېزىلغان خەت (1871-يىل 4-ئاينىڭ 12-كۈنى)»، «ماركس-ئېنگېلس خەت-چەكلىرى»، 1978-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 51-بەت.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

## 2-بولۇم پارىژ كوممۇنىسى—ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تۇنجى پرولېتارىيات ھاكىمىيىتى

3-ئاينىڭ 18-كۈندىكى قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ غەلىبىسى

1870-يىل 9-ئايدىن 1871-يىل 3-ئايغىچە، فرانسىيە پرولېتارىياتى ۋە ئەمگەكچى خەلقى بىلەن بۇرژۇئا "دۆلەت مۇدايىە" ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈندىن-كۈنگە كەسكىنلەشتى. 9-ئاينىڭ 4-كۈنى ئىنقىلاب غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، فرانسىيە خەلقى ۋاقتىنچە بۇرژۇئازىيىنىڭ "دۆلەت مۇدايىە" ھۆكۈمىتىگە يول قويدى، لېكىن ئۇنىڭ بۇ ھاكىمىيەتتىن پەقەت پرۇسسىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈنلا پايدىلىنىشنى ئېنىق شەرت قىلىپ قويدى. پرۇسسىيە ئارمىيىسى قاتتىق ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن ۋە خالىغانچە دەپسەندە قىلىپ بۇلاڭ-تالاڭ قىلغان چاغدا، ئاچ-يالىڭاچلىق ئازاۋىنى چېكىۋاتقان فرانسىيە خەلقى ئارمىيىگە پائال قاتنىشىپ، دۈشمەنگە باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى؛ پارىژدىكى 300 مىڭ ئىشچى مىللىي مۇدايىە ئارمىيىسىگە قىزغىن قاتنىشىپ، ۋەتەن ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىشقا تەييارلاندى. پارىژدىكى 20 رايون بويىچە مەركىزىي كومىتېت تەشكىل قىلىندى، ھەر بىر رايوندا دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشقا نازارەتچىلىك قىلىش ئۈچۈن ئېھتىيات كومىتېتى قۇرۇلدى. لېكىن بۇرژۇئازىيە باشتىلا ۋەتەننى سېتىش قارارىغا كېلىپ بولغان ئىدى. ھۆكۈمەت باشلىقى تروشۇي ئاغزىدا "مەڭگۈ تەسلىم بولمايمىز!" دەپ جار سالدى، تاشقى ئىشلار

مىنىستىرى فاۋىرمۇ "بىر غېرىچ يەرنىمۇ ھەرگىز بەرمەيمىز!" دەپ قەسەم قىلدى، لېكىن ئۇلار ئاستىرتىن پرۇسسىيىنىڭ باش ۋەزىرى بىسمارك بىلەن تەسلىم بولۇش شەرتى ئۈستىدە يوشۇرۇن كېڭەشتى.

مېتىس قورولىدا قورشىلىپ قالغان فرانسىيە يۈەنشۇەيى بازائىن، 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، ئۇرۇش قىلمايلا 170 مىڭ كىشىلىك ئارمىيىنى باشلاپ تەسلىم بولدى. بۇ خەۋەر يېتىپ كېلىش بىلەن، ئامما قاتتىق غەزەپلەندى. 10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، پارىژدا "دولەت مۇداپىە" ھوكۇمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش قوزغىلىڭى پارتلىدى، مىللى مۇداپىە ئارمىيىسىدىكى جەڭچىلەر ۋە ئىنقىلاۋىي ئاممىا شەھەر مەمۇرىيىتى مەھكىمىسى ئالدىدا "يوقالسۇن تروشۇي!" "تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرىمىز!" "ياشىسۇن كوممۇنا!" دېگەنگە ئوخشاش شوئارلارنى ئۈنلۈك توۋلىدى ھەمدە شەھەر مەمۇرىيىتى مەھكىمىسىنى بىر مەھەل ئىشغال قىلدى، ھوكۇمەتنىڭ بەزى ئەزالىرىنى تۇتۇپ قالدى، يېڭى ھوكۇمەت تەركىۋىدىكىلەرنى بېكىتتى، لېكىن ئىككىنچى كۈنى شەھەر مەمۇرىيىتى مەھكىمىسىدىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى. 1871 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 19 — 20 ـ كۈنلىرى، تروشۇي قوراللىرى ناھايىتى ناچار بولغان مىللى مۇداپىە ئارمىيىسىنى يامان غەزەر بىلەن شەھەردىن چىقىپ ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى ھەمدە ھەربى قوماندانلىق جەھەتتە قەستەن ئېغىر سەۋەنلىك پەيدا قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇزى ئېيتقان "پەقەت بىر مەغلۇبىيەتلىك جەڭ قىلىپ، بىرنەچچە ئون مىڭ ئادەم ئۆلسىلا، ئىشچىلار 'تېچلىق' قا ماقۇل بولىدۇ" دېگەن جىنايى مەقسەتكە يەتمەكچى بولدى. نەتىجىدە ئۇرغۇن تالاپەت پەيدا قىلىندى. قاتتىق غەزەپلەنگەن پارىژ ئىشچىلىرى 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى يەنە بىر قېتىم قوزغىلاڭ كوتەردى،

www.uyghurkitap.com

"دۆلەت مۇداپىئە" ھۆكۈمىتى ئەيمەنمەستىن ئوق چىقىرىپ، مىللىي مۇداپىئە ئارمىيىسى ۋە ئىنقىلابىي ئاممىدىن بىرنەچچە ئون كىشىنى ئۆلتۈردى.

بۇ قوزغىلاڭلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى بىلانكىزىمچىلارنىڭ خاتالىقى تۈپەيلىدىن مەغلۇپ بولدى، لېكىن بۇ قوزغىلاڭلار تاشقىرىدا قاردىتىلغان ئۇرۇشنى ئىچكى ئۇرۇشقا ئايلاندۇرۇش يولىدىكى دەسلەپكى سىناق بولۇپ، پۇرولېتارىيات بۇنىڭ بىلەن چېنىقتى، ساۋاق ئالدى ۋە ئۆزىنىڭ تەشكىلاتىنى كۈچەيتىشكە باشلىدى. بۇرژۇئا ۋەتەن ساتقۇچىلىرىمۇ ئۆگەندى: قوراللانغان پارىژ ئىشچىلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىپ تەسلىم بولۇش يولىدىكى بىردىن-بىر توسالغۇ ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي يەكۈننى چىقاردى. ئۇلار ئىشچىلارنى قوراللىسىزلاندۇرۇش سۇيىقەستىنى باش قاتۇرۇپ پىلانلىدى. شۇنداق قىلىپ قوراللارنى ساقلاپ قېلىش ۋە قوراللىسىزلاندۇرۇش پۇرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ تۈگۈنى بولۇپ قالدى.

بىرىنچى ئىنتېرناتسىونال پارىژ شۆبە تەشكىلاتلىرى بىرلەشمىسى ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى بىرلەشمىسى پائال ھەرىكەت ئېلىپ باردى؛ پارىژدىكى 20 رايون سايلاپ چىققان مەركىزىي كومىتېتمۇ ئۆزىنىڭ تەشكىلاتىنى مۇكەممەللەشتۈردى. لېكىن ئەڭ ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتلىك تەشكىلىي تەدبىر مىللىي مۇداپىئە ئارمىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى بولدى، چۈنكى "پۇرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ ھەممىدىن مۇھىم شەرتى—پۇرولېتارىيات ئارمىيىسى. ئىشچىلار سىنىپى ئۆز ئازاتلىقىنىڭ ھوقۇقىنى جەڭ مەيدانىدا قولغا كەلتۈرۈشى لازىم."①

---

① ماركس. «ئىنتېرناتسىونال قۇرۇلغانلىقىنىڭ 7 يىللىقىنى خاتىرىلەش

"كىمكى دۆلەت ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالماقچى ۋە ئۇنى تۇتۇپ تۇرماقچى بولىدىكەن، ئۇ قۇدرەتلىك ئارمىيىگە ئىگە بولۇشى لازىم."② 1871-يىل 2-ئايدىن ئىلگىرى، مىللىي مۇداپىئە ئارمىيىسىنىڭ ئەڭ چوڭ ئاجىزلىقى شۇكى، ئۇنىڭدا بىرلەشكەن تەشكىلات ۋە بىرلىككە كەلگەن رەھبەرلىك يوق ئىدى. 2-ئاينىڭ 24-كۈنى مىللىي مۇداپىئە ئارمىيىسى بىرلەشكەن تەشكىلاتىنىڭ نىزامنامىسى ماقۇللاندى، مىللىي مۇداپىئە ئارمىيىسىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن بارلىق دائىمىي ئارمىيىنىڭ ئورنىنى ئالىدىغانلىقى، بارلىق باشلىقلار سايلام بىلەن ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلىدىغانلىقى، خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغانلار ھەر ۋاقىت يەڭگۈشلىنىدىغانلىقى ئېنىق جاكالاندى. 3-ئاينىڭ 15-كۈنى مىللىي مۇداپىئە ئارمىيىسى مەركىزىي كومىتېتى رەسمىي قۇرۇلدى، ۋارلىن، ئاشى قاتارلىق بىرىنچى ئىنتېرناتسونال ئەزالىرىمۇ مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى. مەركىزىي كومىتېت ئارمىيە بىلەن خەلققە "ئىچكى دۈشمەنلەرنىڭ ئاشكارا ئىغۋاگەرچىلىكى ئالدىدا ھوشيارلىقنى ئۇستۇرۇپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىڭلار، مۇشۇنداق قىلغاندا ۋەتەننى ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتنى بىردىن-بىر قۇتقۇزالايدىغان تۈزۈمنى — دېموكراتىك، سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتنى ئاخىرقى ھىساپتا قۇرۇپ چىقالايمىز" دەپ چاقىرىق قىلدى. مەركىزىي كومىتېت خەلقنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئىگە بولدى، ئەمما ئۇنى

---

مۇناسىۋىتى بىلەن». «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 17-توم، 468-بەت.

② ماۋزېدۇڭ. «ئۇرۇش ۋە ستراتېگىيە مەسىلىسى». «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 1971-يىل نەشرى، 2-توم، 995-بەت.

www.uyghurkitap.com



ۋارلىن

ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنى دەپ قارىدى، ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بوي سۇندى، ئۇنىڭ چاقىرىقلىرىغا ئاۋاز قوشتى.

ماركس پارىژ پرولېتارىياتىنىڭ ھەربىي تەشكىلاتىغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بەردى، ئۇ شۇ چاغدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "مىللىي مۇداپىئە ئارمىيىسىنىڭ كۆپچىلىك جەڭگىۋار پىلكلىرى سايلاپ چىققان بۇ 20 ۋەكىل **مەركىزىي كومىتېتنى** تەشكىل قىلغان ئىدى، دەل ئۇ 3-ئاينىڭ 18-كۈنى مۇشۇ ئەسىردىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىنقىلاپنى قوزغىۋەتتى".①

300 مىڭ تەشكىللىك، قوراللانغان پارىژ ئىشچىسى ۋەتەن ساتقۇچ ھۆكۈمەت ئۈچۈن ئەڭ زور خەۋپ ئىدى. بۇ ھۆكۈمەت جان-جەھلى بىلەن ئىشچىلارنى قورالسىزلاندۇرۇش كويىدا بولدى. لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "قوراللانغان ئىشچىلار **يېڭى** ئارمىيىنىڭ بىخى، يېڭى ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ تەشكىلىي ھۈجەيرىسى. بۇ ھۈجەيرىنى بۇزۇپ تاشلاش، ئۇنىڭ راۋاجلىنىشىغا يول قويما-

---

① ماركس. «فرانسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش»، 1972-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 251-بەت.

لىق، — مانا بۇ بۇرژۇئازىيىسىنىڭ بىرىنچى ئەقىدىسى.»① ئىشچىلار
سىنىپىنى باستۇرۇش ئۈچۈن، بۇرژۇئازىيە گېرمانىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا
تەسلىم بولۇپ، چەتئەلنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولۇشقا ئالدىرىدى. 1-
ئاينىڭ 28-كۈنى «دۆلەت مۇداپىئە» ھۆكۈمىتى گېرمانىيە ئارمىيىسىگە
ئاشكارا تەسلىم بولۇپ، ئۇرۇشنى توختىتىش كېلىشىمىنى ئىمزالىدى.
مۇنتىزىم ئارمىيە قورالسىزلاندۇرۇلدى، لېكىن مىللىي مۇداپىئە ئارمى-
يىسى ئۆزىنىڭ مىلتىق ۋە زەمبىرەكلىرىنى مەھكەم ساقلاپ تۇردى.
2-ئاينىڭ 8-كۈنى مىللىي پارلامېنتنىڭ سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى،
بۇرژۇئا ئەكسىيەتچىلىرى ئىغۋا تېرىپ پوپوزا قىلغانلىقى ئۈچۈن،
سايلانغان 750 ۋەكىلنىڭ تولىسى پومېششىكلار، باي دېھقانلار،
كاتولىك دىنىدىكى دىندارلار ۋە چوڭ بۇرژۇئازىيە بولدى، خانىپە-
رەسلەر 3 تىن 2 قىسمىغا يېقىنراقىنى تەشكىل قىلدى. بۇرژۇئازىيىنىڭ
ئەكسىيەتچى سىياسەتۋازى، ئىشچىلار سىنىپى ۋە سوتسىيالىزمنىڭ
ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان تىيېر ھۆكۈمەت باشلىقى ئورنىغا
كۆتۈرۈلدى. ئەنە شۇ ئادەم 1848-يىل فېۋرال ئىنقىلابىدا، پادىشا
لۇئى-فىلىپپقا پارىژدىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىش، ئاندىن كېيىن
ئەسكىرىي كۈچىنى توپلاپ ئىنقىلابىي پارىژغا ھۇجۇم قىلىش
مەسلىھەتىنى بەرگەن ئىدى. بۇ ۋەتەن ساتقۇچ قاقۋاش ئۆلكە
گېرمانىيە تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن شەرمەندە سۈلھى شەرتنامىسى
ئىمزالاپ، 500 مىليون فرانك تۆلەم تۆلەشكە، پۈتۈن ئالساس
ئۆلكىسىنى ۋە لوررېن ئۆلكىسىنىڭ بىر قىسمىنى بولۇپ بېرىشكە رازى

① لېنىن، «پرولېتارىيات ئىنقىلابى ۋە خائىن كائۇتسكىي»، 1978-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 109 — 110-بەتلەر.

بولدى. مىللىي پارلامېنت يىغىنى ئىنقىلاۋىي پارىژدا ئېچىشقا جۈرئەت قىلالماي، پارىژدىن 23 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ۋېرسالغا بېرىپ ئېچىشنى قارار قىلدى. مىللىي پارلامېنت بىر قاتار پەرمانلارنى چىقىرىپ، پارىژ خەلقىنى گەدەندە قالغان ئۆي ئىجارىسىنى تۆلەش ۋە قەرزلەرنى قايتۇرۇشقا قىستىدى، مىللىي مۇداپىئە ئارمىيىسىنىڭ ئازغىنا ھەربىي تەمىناتىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، ئىنقىلاۋىي گېزىت-ژۇرناللارنى پېچەتلىدى. بۇ تەسلىمچىلىك شەرتنامىسى ۋە ئەكسى-يەتچىل پەرمانلار پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى تېخىمۇ غەزەپلەندۈردى. پارىژ پرولېتارىياتى ئىنقىلاۋىي كوممۇنا قۇرۇپ، ئىنقىلاۋىي كوممۇنا ئاساسىدا قۇرۇلغان مەملىكەت خاراكتېرلىق ھاكىمىيەتنىلا ئېتىراپ قىلىشنى تەكىتلىدى.

3-ئاينىڭ 18-كۈنى سەھەردە، تىيېر مىللىي مۇداپىئە ئارمىيىسى ئۆزى ئىئانە توپلاپ ياساتقان زەمبىرەكلەرنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئەسكەر چىقاردى. ئۇ ئوغرىلىقچە ھۇجۇم قىلىش بىلەنلا مۇۋەپپەقى-يەت قازىنىمەن دەپ ئويلاپ، «مۇراجەتنامە»نىمۇ ئالدىن تەييارلاپ قويغان ئىدى. پارىژ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى ۋىنوئا لېكونت جياڭجۈننى پارىژنىڭ شىمالىي رايونىدىكى مۇنمارتىرغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. ئەكسىيەتچى قوشۇنلار مۇھاپىزەتچى ئارمىيىدىن بىرنەچچەيلەننى ئۆلتۈرۈپ، زەمبىرەكلەرنى ئېلىپ كەتمەكچى بولۇ-ۋاتقاندا. سەگەك مۇنمارتىر ئاياللىرى سېزىپ قېلىپ، داڭ چالدى، ئىشچىلار ۋە ئاھالە دەرھال كوچىغا يۈگۈرۈشۈپ چىقىشتى. زەمبى-رەكلەرنى سۆرەپ كېلىۋاتقان دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى مىللىي مۇداپىئە ئارمىيىسىدىكىلەر توسىۋالدى، قەھرىمان مۇنمارتىر ئاياللىرى تىيېر ئەسكەرلىرىنى ئورىۋېلىپ، ئۆز كۆكرەكلىرى بىلەن سىنىپىي قېرىن-

داشلىرىنى قوغدىدى. باللار زەمبىرەكلەرگە مەھكەم ئېسىلىۋالدى. ئۇلار بىرلىكتە ئەكسىيەتچى ئەپتسەرلەرنى ئەيىپلىدى، ئەسكەرلەر بىلەن داۋلى سوزلەپ كۆرەش قىلدى، ئۇلارغا: "سىلەر زەمبىرەكلەرنى بىرلىنغا ئاپىرىپ بەرمەكچىمۇ؟ ئۆزەڭلارنىڭ قېرىنداشلىرىڭغا، بىزنىڭ ئەرلىرىمىزگە، باللىرىمىزغا ئوق ئاتماقچىمۇ؟" دەپ سوئال قويدى. ئەسكەرلەر لام-جىم دېيەلمىدى، لېكونىت ئوق چىقىرىشقا نەچچە قېتىم بۇيرۇق بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا مىلتىقلىرىنى يەرگە قارىتىۋېلىپ، ئوق چىقىرىشنى رەت قىلدى. غەزىۋىنى باسالمىغان ئامما قان قەرزگە بوغۇلغان ئەكسىيەتچى ئەپتسەرلېكونىت بىلەن تومانى شۇ يەردىلا ئېتىپ تاشلىدى. ئىنقىلاۋىي ئاممىنىڭ كەسكىن ھەركىتى تىيېرنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي سۇيىقەستىنى تارمار قىلدى. مىللى مۇداپىئە ئارمىيىسى مەركىزىي كومىتېتى قوزغىلاڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھال ھەركەتكە كېلىپ، بىر تەرەپتىن، زەمبىرەك ئېگىزلىكىنى قوغداشقا قىسىملارنى ئەۋەتتى، يەنە بىر تەرەپتىن، كوچا جەڭلىرىگە رەھبەرلىك قىلىپ، شەھەرنىڭ مەركىزىگە ۋە مۇھىم تارماقلارغا قاراپ سىلجىدى. ئەكسىيەتچى قوشۇنلارنىڭ ۋەتۋەرىگىنى چىقاردى. قاراڭغۇ بۇلۇڭ-پۇشقاقتا يوشۇرۇنۇۋالغان تىيېر ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى بايقاپ، دەرھال پارىژدىن چېكىنىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى، ئۆزىمۇ ئالاقزادە بولۇپ ۋېرسالغا قېچىپ بېرىۋالدى.

شۇ كۈنى كەچتە مىللى مۇداپىئە ئارمىيىسى شەھەر مەمۇرىيىتى مەھكىمىسىنى ئىشغال قىلىپ، پۈتۈن شەھەرنى ئازات قىلدى. ئىنقىلاب بايرىقى شەھەر مەمۇرىيىتى مەھكىمىسىنىڭ ئۈستىدە لەپىلدىدى، پارىژ خەلقىنىڭ دىلى يايراپ، 18-مارت پرولېتارىيات

www.uyghurkitap.com

قوراللىق ئىنقىلاۋىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى تەنتەنە قىلدى.

**پارىژ كوممۇنىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغ تەدبىرلىرى** ماۋجۇشى مۇنداق دەپ تەلىم بېرىدۇ: "دۇنيادىكى بارلىق ئىنقىلاۋىي كۈرەشلەرنىڭ ھەممىسى ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشنى، ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئەكسىلئىنقىلاپچىلارنىڭ ئىنقىلاۋىي كۈچلەرگە قارشى جان تىكىپ كۈرەش قىلىشىمۇ، تامامەن، ئۇلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ."①

پارىژ پرولېتارىياتىنىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش كۈرىشىنىڭ غەلىبە قىلغان كۈنى ئۇنىڭ ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش كۈرىشىنىڭ باشلانغان ۋاقتى بولدى. 3-ئاينىڭ 18-كۈنىدىن كېيىن، ئىنقىلاۋىي پارىژنى شەرقتە گېرمانىيە تاجاۋۇزچى ئارمىيىسى قورشاپ تۇراتتى، غەرپتە ئەكسىلئىنقىلاۋىي ۋېرسالنىڭ قايتۇرما ھۇجۇم قىلىش خەۋپى بار ئىدى. شەھەر ئىچىدىكى ئەكسىلئىنقىلاۋىي كۈچلەر ئىنتايىن ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى، 3-ئاينىڭ 22-ۋە 24-كۈنلىرى مىللى مۇداپىيە ئارمىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا قارشى قوراللىق نامايىش بولدى؛ كونا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئىنقىلاۋىي ھاكىمىيەتكە نىسبەتەن دۈشمەنلىك غەرەزدە بولۇپ، پاسسىپلىق قىلىپ ئىشنى ئاقساتتى.

مىللى مۇداپىيە ئارمىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شۇ چاغدا ئەسلىدە غەلىبىسىرى ۋېرسالغا ھۇجۇم قىلىپ، تىيېرنىڭ ئەكسىلئىنقى-

---

① ماۋزېدۇڭ. «بۇ يىلقى سايلام». «خەلق» گېزىتىنىڭ 1967-يىل 1-ئاينىڭ 22-كۈنىدىكى سانىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىل.



كوممۇننى قوغدىغۇچىلار

لاۋىي ئۆۋىسىنى پاچاقلاپ تاشلىشى، ئۇنىڭ قالدۇق قىسىملىرىنى يوقىتىشى كېرەك ئىدى. ئەمما، خۇددى ماركس كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، مەركىزىي كومىتېت "تولىمۇ **يۇۋاشلىق** قىلدى". "گويا تىيېرنىڭ پارىژنى زورلۇق كۈچ بىلەن قورالسىزلاندۇرماقچى بولغانلىقى ئىچكى ئۇرۇشنى **باشلاش** ئەمەستەك، **ئىچكى ئۇرۇشنى** باشلىغۇسى كەلمىدى": "**ھاكىمىيەتنى** تارتىۋالماقچى دېگەن گۇمانلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلار قىممەتلىك پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويدى...

www.uyghurkitap.com

بەلكى كوممۇنا سايلىمى بىلەن بولىدى“.①

3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى پارىژدا كوممۇنا سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. ناپولېئون I پارىسىژنىڭ شەھەرلىك ھوكۇمەت (كوممۇنا)نى سايلاش ھوقۇقىنى تارتىۋالغاندىن بۇيان، پارىژ خەلقى 70 يىلدىن بېرى بىرىنچى قېتىم بۇ دېموكراتىك ھوقۇقنى يەنە يۈرگۈزدى. 1792 ـ يىلدىكى پارىژ ئىنقىلاۋىي كوممۇنىسى بۇرژۇئازىيە ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن قۇرۇلغان ئىدى؛ بۇ قېتىم خەلق مەنپەئەتىگە ھەقىقى ۋەكىللىك قىلىدىغان پرولېتارىيات ھاكىمىيىتىنى قۇرۇش مەقسەت قىلىندى. ئەر ـ ئايال پۇقرالار خۇددى بايرامنى تەبرىكلىگەندەك خوشاللىق بىلەن ئۆزلىرىنىڭ سايلام رايونىغا بېرىپ، ئاۋاز بېرىشكە قاتناشتى. جەمئىي 86 ھەيئەت ئەزا سايلاندى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئەكسىيەتچى ھوكۇمەتنىڭ تۈرمىسىدىكى كونا ئىنقىلابچى بلانكىمۇ بار ئىدى. بۇرژۇئازىيە ئىگەللىۋالغان سايلام رايونلىرىدىن سايلانغان 21 بۇرژۇئا ئۇنسۇر كوپ ئۆتمەي چېقىپ كەتتى، تولۇقلاپ سايلاش ئارقىسىدا، ئىشچى ھەيئەت ئەزالار كوممۇنىدا ئۈچتىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلدى. قالغانلىرى خىزمەتچىلەر، ئاخباراتچىلار، ئوقۇتقۇچىلار، دوختۇرلارغا ئوخشاش ئىنقىلابنى ھىمايە قىلىدىغان زىيالىلار ئىدى. سىياسى مەزھەپلەر بويىچە ئېيتقاندا، بلانكىزىمچىلار ۋە يېڭى ياكوبىنچىلار كوپچىلىكنى تەشكىل قىلاتتى، ئۇلارنىڭ زور كوپچىلىكى مىللى مۇداپىئە ئارمىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى

① ماركس، «ۋ. لىبكنېختكە يېزىلغان خەت (1871 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى)»، «ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن پارىژ كوممۇنىسى توغرىسىدا»، خەلق نەشرىياتى 1971 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 213 ـ بەت.

ئىدى؛ پرۇدونىزمچىلار ئازچىلىقنى تەشكىل قىلاتتى، ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى بىرىنچى ئىنتېرناتسىونالنىڭ ئەزاسى ئىدى. ماركس مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "كوممۇننىڭ ھەقىقىي سىرى شۇ يەردىكى، ئۇ، ماھىيەتتە، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ھۆكۈمىتى".①

3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى تۇمەنلىگەن ئىنقىلاۋىي ئاممىلار پارىژ كوممۇنىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەنتەنىلىك ھالدا تەبرىكلىدى. شەھەر مەمۇرىيىتى مەھكىمىسى مەيدانىدا، مىللىي مۇداپىئە ئارمىيىسى قولىدىكى قورالىنى مەھكەم تۇتۇپ، ھەيۋەت بىلەن تۇراتتى، تىك كۆتىرىلگەن قىزىل بايراقلار لەپىلدەپ، زەمبىرەكلەر ۋالىلداپ تۇراتتى. ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش ھەممىسى مەيداندا يىغىلىشتى، بەزىلىرى قالپاقلىرىنى ئاسمانغا ئېتىشتى، بەزىلىرى ھاياجانلىنىپ كۆزىگە ئىسسىق ياش ئېلىشتى، ئىشچىلار بىرىنچى قېتىم ھاكىمىيەتنى ئىگەللىگەنلىگىدەك بەختنى بىر بىرىگە ئىزھار قىلىشتى. چۈشتىن كېيىن سائەت 4 تە، رەئىس مۇنبىرىدە كوممۇنا ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ ئىسمىلىگى ئېلان قىلىنىپ، كوممۇننىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىغى جاكالانغاندا، "ياشىسۇن كوممۇنا!" دېگەن تەنتەنە ساداسى يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈردى، ھۆرمەت توپلىرى ئېتىلدى، ئالقىش ساداسى ياغرىدى. ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تۇنجى پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىغىدىكى ئىنقىلاۋىي ھاكىمىيەت غەلىبىلىك ھالدا دۇنياغا كەلدى!

پارىژ كوممۇنىسىنىڭ تۇنجى ئىنقىلاۋىي پەرمانى سۈپىتىدە،

---

① ماركس. «فرانسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش»، 1972 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 109 ـ بەت.

خەلقنى باستۇرىدىغان بۇرژۇئازىيە دائىمى ئارمىيىسى بىكار قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا خەلق قوراللىق كۈچلىرى قويۇلدى، بۇنىڭدىن كېيىن مىللى مۇداپىيە ئارمىيىسىدىن باشقا ھېچقانداق قوراللىق قىسىملارنىڭ بولۇشىغا يول قويۇلمايدىغانلىقى بەلگىلەندى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئەكسىيەتچى ساقچى ۋە سوتمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، بارلىق "سىياسى مەھبۇسلار" تۈرمىدىن بوشىتىلدى. شۇنداق قىلىپ، بۇرژۇئازىيە دۆلەت ماشىنىسىنىڭ ئاساسىي تەركىۋي قىسىملىرى پۈتۈنلەي پاچاقلاپ تاشلاندى. كوممۇنا ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىشنى جاكالىدى، شۇنىڭ بىلەن ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ روھىي تۈۋرۈكىگە پالتا چاپتى.

كوممۇنا كومىتېتى پرولېتارىياتنىڭ يېڭى تىپتىكى دۆلەت ئورگىنىنىڭ دەسلەپكى شەكلى ئىدى، ئۇ قانۇن چىقىرىدىغان ۋە مەمۇرى ئىشلارنى باشقۇرىدىغان خىزمەت ئورگىنى ئىدى. كوممۇنا ساختا بۇرژۇئا پارلامېنت تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، 10 خىزمەت كومىتېتى: ئىجرائى كومىتېت، ھەربى كومىتېت، ئاشلىق كومىتېتى، مالىيە كومىتېتى، ئەدلىيە كومىتېتى، ئامانلىقنى ساقلاش كومىتېتى، ئەمگەك، سانائەت ۋە ئالماشتۇرۇش كومىتېتى. جەمىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش كومىتېتى، تاشقى ئالاقە كومىتېتى، مائارىپ كومىتېتى قۇردى. كوممۇنا كومىتېتى دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، بارلىق زور مەسىلىلەرنى دېموكراتىك مۇزاكىرىدىن ئۆتكۈزۈپ قارار قىلدى ۋە ئۇنى ئىزچىل ئىجرا قىلدى. كوممۇنىنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى كومىتېتلارغا ئايرىم-ئايرىم قاتناشتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆز سايلام رايونلىرىنىڭ خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىشقا مەسئۇل بولۇپ، سايلىغۇچىلارنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلدى.

دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خادىملارنىڭ نام-مەنپەئەتكە بېرىلىپ كېتىشى، جەمئىيەتنىڭ چاكىرىدىن تۆرىلەرگە ئايلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، كوممۇنا ئىككى تۈرلۈك مۇھىم تەدبىرنى قوللاندى. بىرىنچى، كوممۇنا كومىتېتى ۋە ئاساسىي خىزمەتچى خادىملار سايلام بىلەن ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلىدىغان، ئۇلار سايلىغۇچىلار ئالدىدا جاۋابكار بولىدىغان، خىزمەتىنىڭ ھوددىسىدىن چىقالمىغانلار ھەر ۋاقىت ئالماشتۇرۇلىدىغان بولىدى؛ ئىككىنچى، يۇقۇرى مۇئاش تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ھەرقانداق خىزمەتچىنىڭ يىللىق ئىش ھەققى 6 مىڭ فرانكتىن ئېشىپ كەتمەسلىك، مەلىكىلىك ئىشچىنىڭ ئىش ھەققى بىلەن تەڭ بولۇش، شۇنىڭ بىلەن بىللە تۆۋەن ئىش ھەققىنى مۇۋاپىق ئۆستۈرۈش بەلگىلەندى. لېنىن بۇ ئىككى ئىنقىلاۋىي تەدبىرگە يۇقۇرى باھا بەردى، بۇنى "بۇرژۇئا دېموكراتىيىسىدىن پرولېتارىيات دېموكراتىيىسىگە بۇرۇلۇش" تىن ئىبارەت سۈپەت خاراكتېرلىق بۇرۇلۇش، "كاپىتالىزىمدىن سوت-سىيالىزىمغا ئۆتۈشنىڭ كۆۋرۈكى"① دەپ ھىساپلىدى.

پارىژ كوممۇنىسىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇ خەلق ئاممىسى ئىچىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتتى. ئۇنىڭ توغرا قارارلىرى ۋە تەدبىرلىرى ئاممىدىن كەلدى. كوممۇنا ھەيئەت ئەزالىرى دائىم ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىغا، مىللىي مۇداپىئە ئارمىيىسىگە بولۇپمۇ ئىنقىلاۋىي كۇلۇپلارغا بېرىپ كوممۇنىنىڭ خىزمىتىنى تونۇش-تۇرۇپ، ئۇلاردىن پىكىر ئېلىپ تۇردى. خەلق ئاممىمۇ ئۇز

① لېنىن. «دۆلەت ۋە ئىنقىلاپ»، 1972 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 70 ـ 72 ـ بەتلەر.

ھاكىمىيىتىنى قىزغىن سۈيدى، ئۆزلۈكىدىن كوممۇنىغا ياكى رايون-لارغا بېرىپ ئەھۋاللارنى ۋە تەلەپلەرنى ئىنكاس قىلىپ تۇردى. ئۇلار دەرھال ۋىرسالغا ئەسكەر ئەۋەتىپ، باندىتلارنى يوقىتىشنى، شەھەر ئىچىدىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە ئەكسىلئىنقىلاۋىي ھەركەتلەرنىڭ يىپ ئۇچىنى ئېيتىپ بەردى؛ ئۇلار مەھرۇم قىلغۇچىلارنى مەھرۇم قىلىشنى، فرانسىيە بانكىسىنى مۇسادىرە قىلىشنى، گوروگە قويۇلغان نەرسىلەر-نى ھەقسىز قايتۇرۇپ بېرىشنى، ھايانكەش سودىگەرلەرنى جازالاشنى تەلەپ قىلدى؛ ئۇلار ئەكسىيەتچى دىنىدارلارنى ۋە ئايال موناخلارنى قوغلىۋېتىشنى، كوممۇنىغا قارشى چىققانلارنى خائىنلار دەپ جاكالاشنى تەكلىپ قىلدى؛ شۇنداقلا باشقا ئۆلكىلەر بىلەن ئالاقە باغلاشنى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى دېھقانلارغا مۇراجەت قىلىشنى ۋە باشقىلارنى تەلەپ قىلدى.

خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن قوللىشى، ۋە تۈرتكىسى ئاستىدا، كوممۇنا پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى مۇستەھكەملەش، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش مەقسىتىدە نۇرغۇن ئەمر-پەرمان ۋە تەدبىرلەرنى ماقۇللىدى: بەزى ئەكسىيەتچىل گېزىت-ژورناللارنى مەنئى قىلدى، بەزى ئەكسىيەتچى ھەربىي ۋە ساقچىلارنى ھەم ئىككىسكوپ داربۇئا باشچى-لىقىدىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى قولغا ئالدى، كوممۇنىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغان بەزى سىنىپىي دۈشمەنلەرنى تازىلىدى، پارىژنىڭ مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى چىڭىتتى. كوممۇنا قېچىپ كەتكەن كارخانا ئىگى-لىرىنىڭ كارخانىلىرىنى ئۆتكۈزۈۋالدى، ئۇنى ئەمگەك كومىتېتى بىلەن ئىشچىلار ۋەكىللىرى بىرلىكتە باشقۇردى ھەمدە بۇ زاۋۇتلار-

دىكى ئىشچىلارنى كوپېراتىپلارغا بىرلەشتۈرۈش ۋە ئىشلەپچىقىرىش پىلانلىرىنى تۈزۈپ چىقتى؛ بولكا ئىشچىلىرىنىڭ كېچىدە ئىشلەش تۈزۈمىنى بىكار قىلدى، ئىشچىلارنىڭ پۇلىنى يولسىزلىق بىلەن تۇتۇپ قېلىش ۋە جەرىمانە قويۇشنى مەنئى قىلدى. ئىشچىلار سىنىپىغا بىۋاستە پايدىلىق بولغان بۇ ئىككى قارار "كونا ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ باغرىغا مەلۇم دەرىجىدە چوڭقۇر سانجىلغان".① كوممۇنا پارىژ قورشاۋدا قالغان مەزگىلدىكى ئۆي ئىجارىسىنى تولەش ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈش ۋە قەرزلەرنى قايتۇرۇش ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈش پەرمانىنى ئېلان قىلدى، بايلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئېلىپ مەھەللىلەردىكى نامرات ئاھالىلەرنىڭ ئىشلىتىشىگە بەردى، گۆروخانىلارغا قىممىتى 20 فرانكقا توشمايدىغان گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىلەرنى ئىگىسىگە ھەقسىز قايتۇرۇپ بېرىشنى بۇيرۇدى. كوممۇنا بالىلار ئۈچۈن مەجبۇرى مائارىپنى يولغا قويۇشنى باشلىدى، دىنىي تەلىم-تەربىيىنى مەنئى قىلدى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى ئۆستۈردى، ئەر-ئايال ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوخشاش ئىشقا ئوخشاش ھەق بېرىشنى بەلگىلىدى.

پارىژ كوممۇنىسى پۈتۈن مەملىكەتنى پارىژنى ئۈلگە قىلىپ كوممۇنا تەشكىلاتىنى قۇرۇشقا چاقىردى. پارىژ كوممۇنىسى تۈزۈپ چىققان ئەمما يولغا قويۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەن مەملىكەتلىك تەشكىلىي پروگراممىدا كەنتلەردىن تارتىپ ئۈلكىگىچە ھەرقايسى ئاساسىي

---

① «فرانسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش»نىڭ 1891 - يىلدىكى كىتابچىسىغا ئېنگېلس يازغان مۇقەددىمە. «فرانسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش»، 1972 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 14 - بەت.

قاتلاملاردا كوممۇنا قۇرۇش بەلگىلەنگەن ئىدى. مەملىكەت خاراكتېرلىق كوممۇنا ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلەر سايلاپ چىققان ۋەكىللەردىن تەركىپ تاپاتتى، ئۇ مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش قارار قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارغا مەسئۇل بولاتتى. كوممۇنا پۈتۈن مەملىكەتتىكى دېھقان قېرىنداشلارغا قارىتىپ «دېھقانلارغا مۇراجەت»نى ئېلان قىلىپ، ئۇنى شار ئارقىلىق باشقا ئۆلكىلەرگە تارقاتتى. لىيون، مارسېل، سېنت-ئېتيېن، تۇلۇز قاتارلىق شەھەرلەر 3-، 4-ئايلاردا كوممۇنا قۇرماقچى بولغان ئىدى، بىراق ناھايىتى تېزلا باستۇرۇۋېتىلدى. ماركس شۇ چاغدىلا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: "ئەگەر ھەممە چوڭ شەھەرلەر پارىژنى ئۈلگە قىلىپ كوممۇنا قۇرغان بولسا، ئۇ ھالدا، ھەرقانداق ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ھەرىكەتنى تۇيۇقسىز ئەكسىيەتچىل ھەرىكەت بىلەن باستۇرۇۋېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى."①

پارىژ كوممۇنىسى پرولېتارىيات ئىنتېرناتسىونالىزمى پرىنسىپىنى تولۇق گەۋدىلەندۈردى، پۈتۈن دۇنيا پرولېتارىياتى ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئازاتلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئۇلۇغ تۆھپە قوشتى. كوممۇنا چەتئەللىك ئىنقىلابچىلارنىڭ ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار سېپىگە قاتنىشىشىنى قىزغىن قارشى ئالدى ھەمدە بىر قارار ماقۇللاپ: "پارىژ كوممۇنىسىنىڭ بايرىقى — دۇنيا جۇمھۇرىيىتىنىڭ بايرىقى" دەپ بايان قىلدى. ئۇ ۋېنگرىيىلىك ئىشچى فرانكېلنى ئەمگەك كومىتېتىنىڭ رەھبىرى قىلىپ تەيىنلىدى، پولشا خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر

---

① ماركس. «فرانسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش»، 1872-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 266-بەت.



www.uyghurkitap.com

پەرزەندى دومبروۋسكى، ۋرودلېۋسكىلارنى پارىژنى قوغدىغۇچى قوماندان قىلىپ تەيىنلىدى. كوممۇنا تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشقا ۋە چوڭ دولەت شوۋىنىزىمىغا قەتئى قارشى تۇردى، ناپولېون I نىڭ "ئۇرۇشتىكى تومپىسى"نىڭ سىمۋولى بولغان، مىللى شوۋىنىزىمنى تەرغىپ قىلىدىغان ۋاندوم "زەپەر تۈۋرۈكى"نى قەتئىيەتلىك بىلەن پاچاقلاپ تاشلىدى.

كوممۇنىنىڭ ئىنقىلاۋىي ئىشى ھەرقايسى ئەللەر پرولېتارىياتىنىڭ قىزغىن ھىمداشلىقىغا ئىگە بولدى، بولۇپمۇ لوندوندا تۇرۇۋاتقان ماركس، ئېنگېلس ۋە بىرىنچى ئىنتېرناتسونال باش كومىتېتى پارىژ كوممۇنىسىغا ئەڭ كۈچلۈك مەدەت بەردى. ماركس كوممۇنىغا ئىنتايىن قىممەتلىك تەكلىپلەرنى بەردى، كوممۇنىغا نەچچە يۈز پارچە خەت يازدى، كوممۇنىنىڭ ئۇلۇغ ئىشىنى تەشۋىق قىلدى. ماركس شۇ چاغدا كوممۇنىنىڭ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايدىغانلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قەتئى تۇردە: "ئالەمشۇمۇل تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە يېڭى باشلىنىش بەربىر قولغا كەلدى"① دەپ جاكالىدى.

ئوخشاش بولمىغان سىنىپىي دىكتاتورا ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائى نەتىجە بەردى. پرولېتارىيات دىكتاتورىسى شارا-ئىتىدىكى پارىژدا موجىزىلەرچە ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولدى: ئىككىنچى ئىمپېرىيە دەۋرىدە بۇزۇقچىلىقتا ئۇچىغا چىققان پارىژ — چەتئەللىك

---

① ماركس.« ل.كوگېلمانغا يېزىلغان خەت (1871-يىل 4-ئاينىڭ 17-كۈنى)». «ماركس-ئېنگېلس خەت-چەكلىرى»، 1978-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 54-بەت.

تەۋەككۇلچىلەرنىڭ راھەت بېغى بولغان پارىژ، ئەمگەكچان، قەھرىمان پارىژغا ــ ئىنقىلابچىلار، ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ دۇنياسىغا، "تىرىشىپ ئەمگەك قىلىۋاتقان، كۆڭۈل قويۇپ پىكىر قىلىۋاتقان، جاپا-مۇشەق-قەتكە چىداپ كۈرەش قىلىۋاتقان، قان ئاققۇزۇپ كۈرەش قىلىۋاتقان ئەمما ئۆزىنىڭ تارىخىي ئىجادىي ۋەزىپىسىنى كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن چۈشىنىپ تۇرۇۋاتقان پارىژ"غا① ئايلاندى. كوممۇنىنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى ۋە ھەرقايسى رايونلاردىكى خىزمەتچى خادىملار ئۆزىنى ئۇنتۇتقان ھالدا خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. پارىژ 4-رايونلۇق كومىتېت (ئاران 12 كىشى) بىر قېتىملىق خۇيباۋ مەجلىسىدە كوممۇنىغا بىر تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزلىرىنىڭ جەڭگىۋار يىگىتلىرىگە بېرىپ جەڭچىلەر بىلەن بىرلىكتە جەڭ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھارغىنلىقى ۋە خەۋپ-خەتەردە شېرىكلىشىشى، ئۇلارنىڭ تەمىنات ئەھۋالىنى ئىگىلىشى، ئۇلارنىڭ رايوننىڭ خىزمىتىگە بولغان پىكىر-لىرىنى ئاڭلىشى ئۈچۈن، ئۆزلىرىگە بىر كۈنلۈك "رۇخسەت" بېرىلىشىنى ئۈمىت قىلدى. كوممۇنا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، ئەر-ئايال، قېرى-ياشلاردىن بىرەرسى ئاچ-يالىڭاچ قالمىدى ياكى تالادا قالمىدى، جەمئىيەت ئامانلىقى بىرىنچى قېتىم كاپالەتكە ئىگە بولدى. تىيېرنىڭ ئاچكۆز، ئەيش-ئىشرەتلىك، رەزىل-ئەپلاس ۋېرسالى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، "پارىژنىڭ تۇرغان-پۈتكىنى ھەق-قەت؛ ۋېرسالنىڭ تۇرغان-پۈتكىنى يالغانچىلىق"② ئىدى.

① ماركس. «فرانسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش»، 1972-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 124-بەت.

② ماركس. «فرانسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش»، 1972-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 125-بەت.

**كوممۇنىنىڭ سىياسىتى** ماركس، ئېنگېلسنىڭ ئىنقىلاۋى نەزەرىيىسى ۋە ئىنقىلاۋى لۇشيەنى، بىرىنچى ئىنتېرناتسىونالنىڭ تۈرلۈك ئاغمىچىلىققا قارشى كۈرىشى ئارقىلىق، فرانسىيە پرولېتارىياتىنىڭ ئىلغار كىشىلىرىدە تەسىر پەيدا قىلدى. خۇددى ئېنگېلس كورسەتكەندەك: "ئىنتېرناتسىونال كوممۇنىنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ھەركەت قىلمىغان بولسىمۇ، كوممۇنا شۈبھىسىزكى ئىنتېرناتسىونالنىڭ مەنىۋى مەھسۇلى بولدى؛ ئىنتېرناتسىونالنىڭ مەلۇم دەرىجىدە كوممۇنا ئالدىدا جاۋابكار بولۇشىنى تەلەپ قىلىش پۈتۈنلەي مۇۋاپىق ئىدى."① كوممۇنا ئىجرا قىلغان سىياسى، ئىقتىسادى، تەشكىلى ۋە باشقا جەھەتلەردىكى سىياسەتلەردىن قارىغاندا، ماركسىزملىق ئىنقىلاۋى لۇشيەنگە ئۇيغۇن بولغانلىرىنىڭ ھەممىسى مۇۋەپپەقىيەت قازاندى؛ ماركسىزملىق ئىنقىلاۋى لۇشيەنگە ئۇيغۇن بولمىغانلىرىنىڭ ھەممىسى مەغلۇپ بولدى. شۇڭا، كوممۇنىنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى لۇشيەن يۈكسەكلىكىدىن يەكۈنلەش ئىنتايىن پايدىلىق.

كوممۇنا كومىتېتى ئاساسەن بلانكىزىمچىلار (كوپ سانلىقلار) ۋە پرۇدونىزىمچىلار (ئاز سانلىقلار)دىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئالدىنقىسى سىياسى جەھەتتىكى خىزمەتكە، كېيىنكىسى ئىقتىسادى جەھەتتىكى خىزمەتكە مەسئۇل ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ماركسىزىمچىلار ئەمەس ئىدى.

---

① ئېنگېلس. «ف.ئا.زورگېغا يېزىلغان خەت (1874-يىل 9-ئاينىڭ 12-[—17-] كۈنى)». «ماركس-ئېنگېلس خەت-چەكلىرى»، 1978-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 83-بەت.

بىلانكى ۋە ئۇنىڭ مۇرتلىرى 19-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدىن تارتىپ ئىنقىلاۋىي كۈرەشكە قاتناشقان ئىدى. 1870-يىل 10-ئاينىڭ 31-كۈنىدىكى ۋە 1871-يىل 1-ئاينىڭ 22-كۈنىدىكى مەغلۇپ بولۇپ چىققان قوزغىلاڭلارغا شۇلار رەھبەرلىك قىلغان ئىدى. ئۇلار ئىنقىلاۋىي دىكتاتۇرىدا چىڭ تۇراتتى، لېكىن ئاز سانلىق "قەھرىمانلار" دىكتاتۇرىسىنى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئىنقىلاۋىي نەزەرىيىگە ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ رولىغا سەل قارىغانلىقى ئۇلارنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقى ئىدى. پرۇدونىزمچىلار ئەسلىدە بۇرژۇئازىيە ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازىيە سوتسىيالىزمچىلىرى بولۇپ، مۇتلەق زور كۆپچىلىكى بىرىنچى ئىنتېرناتسىونالنىڭ ئەزالىرى ئىدى. ماركس رەھبەرلىك قىلغان بىرىنچى ئىنتېرناتسىونال پرۇدونىزمچىلارنىڭ خاتا نەزەرىيىسىنى تارمار قىلغاندىن كېيىن، بىر قىسىم سولچى پرۇدونىزمچىلار بولۇنۇپ چىقتى، ئۇلار بۇۋۇسىنىڭ ئەكسىيەتچىل نۇقتىنەزىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتكە پائال ئاتلاندى. لېكىن، سىنىپىي مۇرەسسەچىلىك ۋە بۇرژۇئا ئىنسان تەبىئىتى نەزەرىيىسىنىڭ زەھىرى ئۇلاردا تېخى ئېغىر ھالدا ساقلانغان ئىدى، ئۇلار پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى قارىشى بىلەن زادىلا چىقىشالمايتتى.

پارىژ كوممۇنىسى شۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن توغرا تەدبىرلەرنى كۆرەلىدىكى، بىر تەرەپتىن، ئۇ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى مەلۇم دەرىجىدە مەركەزلەشتۈردى، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتى ۋە تەلىۋىنى ئەكس ئەتتۈردى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ماركس رەھبەرلىك قىلغان بىرىنچى ئىنتېرناتسىونالنىڭ تەسىرى ۋە ئايرىم ھەيئەت ئەزالار، مەسلەن، سېرراييې ۋە ۋايانلار بار ئىدى، ئۇلار ماركس ۋە بىرىنچى ئىنتېرناتسىونال باش كومىتېتى بىلەن بىر قەدەر يېقىن

ئىدى، ئىلمىي كوممۇنىزىمنىڭ بەزى تۈپ پىرىنسىپلىرىنى ۋە ماركس-نىڭ كوممۇنىغا بەرگەن كونكرېت يولىيورۇقلىرىنى چۈشەنگەن ھەم ئەمەلدە كۆرسەتكەن ئىدى. ئەكسىچە، كوممۇنىسنىڭ كەمچىلىك ۋە خاتالىقلىرى دەل بەزى زور مەسىلىلەردە خاتا نەزىرىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىدىن، ئىلمىي كوممۇنىزىمنىڭ تۈپ پىرىنسىپلىرىغا ۋە ماركسنىڭ مۇھىم يولىيورۇقلىرىغا خىلاپلىق قىلىنغانلىقىدىن، ئاممىۋى لۇشيەن ئىزچىل ئىجرا قىلىنمىغانلىقىدىن بولدى.

كوممۇنىنىڭ ئامانلىقنى ساقلاش كومىتېتىنى بلانكىزىمچى رىگو بىلەن فلىپ باشقۇراتتى، ئۇلار ئەكسىلئىنقىلاپنى باستۇرۇش، ئىچكى جاسۇسلارنى تازىلاش جەھەتتە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدى، بىراق ئىزچىل لۇشيەننىڭ توسقۇنلۇق قىلىشى ئارقىسىدا، ئىشنىڭ ئىجراسىدا دىگەندەك قەتئىي بولمىدى. ۋېرسالدىكى باندىتلارنىڭ كوممۇنىدىن ئەسىر ئالغان خادىملارنى خالىغانچە ئۆلتۈرۈشىنى توسۇش ئۈچۈن، كوممۇنا؛ ۋېرسال كوممۇنا خادىملىرىدىن بىرنى ئۆلتۈرسە، كوممۇنا گۆرۈگە ئېلىنغانلار — جاسۇسلار ۋە ژاندارمىلاردىن 3 نى ئۆلتۈرىدۇ، دەپ قارار قىلغان ئىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن، كوممۇنا كومىتېتى 4-ئاينىڭ باشلىرىدا تەخمىنەن 260 چە ئەكسىلئىنقىلابچىنى قولغا ئالغان ئىدى. لېكىن بەزى كوممۇنا ھەيئەت ئەزالىرى "جۇمھۇرىيەت ئەركىنلىكى"نى كاپالەتلەندۈرۈش نامى بىلەن، گۆرۈگە تۇتۇپ تۇرۇشقا قارشى چىقتى، "ئىنسانپەرۋەرلىك"، "ئادالەت" توغرىسىدا جار سېلىپ، ئەكسىلئىنقىلاپنى باستۇرۇشقا قارشى چىقتى. نەتىجىدە بىر ئاي ئىچىدە گۆرۈگە ئېلىنغان ئەكسىلئىنقىلاپچىلاردىن بىرىمۇ ئېتىلمىدى، ۋېرسال بولسا كوممۇنىدىن قولغا ئېلىنغان خادىملارنى تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشقان ھالدا داۋاملىق ۋەھشىيلەرچە قىرغىن

قىلدى. بەزى ھەيئەت ئەزالار "مەتبۇئات ئەركىنلىكى"نى باھانە قىلىپ، ئەكسىلئىنقىلاۋىي گېزىت-ژۇرناللارنى پېچەتلەشكە قارشى چىقتى.

4-ئاينىڭ 23-كۈنى، كوممۇنا كومىتېتى رىگو قاتناشتۇرۇلمىغان ئەھۋالدا ئامانلىقنى ساقلاش كومىتېتىنىڭ خىزمىتىنى مۇزاكىرە قىلىپ، رىگونىڭ "ھوقۇق دائىرىسىدىن چىقىپ كەتكەنلىكى"نى ئەيىپلىدى، ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى ھەرقانداق ئەكسىلئىنقىلاۋىي مەھبۇس بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇنىڭدىن ئەھۋال "ئۇقۇش"قا ھەقلىق دەپ قارار قىلدى. ئاز سانلىقلاردىن بولغان بىر ھەيئەت ئەزا رىگونىڭ ئەكسىلئىنقىلابچىلار ۋە گۇمانلىق جىنايەتچىلەرنى يەككە-يەككە نەزەربەنت قىلغانلىقىنى "ئەخلاقىي بولمىغان جىسمانىي ئازاب" دەپ ھۇجۇم قىلدى. ئەتىسى رىگو بىلەن فلىپ ئەكسىلئىنقىلابقا ھېسداشلىق قىلىدىغان بۇنداق ئوڭچىل سەپسەتىگە رەددىيە بېرىپ، ئالدىنقى كۈندىكى قارارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، بولمىسا ئۇلارنىڭ خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. كوممۇنا رىگو بىلەن فلىپنىڭ توغرا پىكرىنى قوبۇل قىلماي، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ ئىستېپاسىنى قوبۇل قىلدى. رىگو بىلەن فلىپ كېيىن باش تەپتىش ۋە مۇئاۋىن باش تەپتىش بولۇپ سايلاندى، ئۇلار نۇرغۇن ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى رازۋېت قىلىپ تاپتى ھەمدە ئېتىنى بلانشى دەپ ئاتىۋالغان بىر كوممۇنا ھەيئەت ئەزاسىنى قولغا ئالدى، ئەمەلىيەتتە ئۇ لىون ساقچى مەھكىمىسىنىڭ كاتىۋى بولغان ئەكسىلئىنقىلابچى ئىدى. لېكىن مىللىي مۇداپىئە ئارمىيىسى ۋە باشقا تارماقلاردا نۇرغۇن جاسۇسلار يوشۇرۇنۇۋالغان، ئۇلار ۋېرسالدىكى باندىتلارغا خەۋەر يەتكۈزۈپ تۇراتتى. تەجرىبىسىزلىكتىن،

كوممۇنىنىڭ ھەر كۈنى يىغىنىنىڭ مۇھىم خاتىرىسىنى ئېلان قىلىپ تۇرۇش ئۇسۇلىمۇ دۈشمەنلەرگە مەخپىيەتلىكنى ئاسانلا ئاشكارىلاپ قويدى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە دۈشمەنلەر بەزى ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ ۋە ئۇنى بۇرمىلاپ كوممۇنىغا ھۇجۇم قىلىپ، بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، كوممۇنىنىڭ ئىشلىرىغا زىيان يەتكۈزدى.

پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاۋىي ئىشلىرى ئىنقىلاۋىي رەھبەرلەردىن ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلاتتى. ئەمما، پارىژ خەلقى دۈشمەنگە باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان جىددىي پەيتتە، كوممۇنا كومىتېتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا جىددىي بۆلۈنۈش پەيدا بولدى. 4-ئاينىڭ ئاخىرى 5-ئاينىڭ باشلىرىدا، بلانكىزمچىلار رەھبەرلىك تولىمۇ ئارقاق بولۇپ كېتىۋاتقان ئەھۋالنى تۈگىتىش ئۈچۈن، 1789-يىلدىكى بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى ۋاقتىدىكى تەشكىلىي شەكىلگە تەقلىت قىلىپ، 5 كىشىدىن تەركىب تاپقان ۋەتەننى قۇتقۇزۇش كومىتېتىنى قۇرۇپ، رەھبەرلىكنى مەركەزلەشتۈرۈپ، دۈشمەنگە تېخىمۇ ئۈنۈملۈك زەربە بېرىشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇ شۇ چاغدىكى ئىنقىلاپنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان تەدبىر ئىدى. بىراق پرۇدونىزمچىلار ئۇنى ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ "ھاكىم مۇتلەقلىقى" دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇردى، شۇنىڭ بىلەن كوممۇنا كومىتېتىدا تالاش-تارتىش پەيدا بولدى. ئاۋازغا قويۇش نەتىجىسىدە ئۇنىڭغا 45 ئاۋاز قوشۇلۇپ، 23 ئاۋاز قارشى چىقتى. ئاز سانلىقلار يېڭى رەھبەرلىك يادروسىغا قاتنىشىشنى رەت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى 5-ئاينىڭ 16-كۈنى ئاشكارا بايانات ئېلان قىلىپ، كۆپ سانلىقلارنى كوممۇنىنى "دىكتاتورا ئورگىنى"غا ئايلاندۇرۇپ قويدى دەپ ئەيىبلىدى، "بۆلۈنۈشتىن

ساقلىنىش ئۈچۈن" ئۆزلىرىنىڭ كوممۇنا يىغىنىغا قاتناشمايدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ سايلام رايونىغا قايتىپ ئىشلەش قارارىغا كەلگەنلىكىنى بايان قىلدى. ئاز سانلىقلار كوممۇنىنىڭ ئۆزى پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى ئورگىنى ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيتتى. ئۇلارنىڭ "باياناتى" كوممۇنىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىختىلاپلارنى دۈشمەنگە ئاشكارىلاپ قويۇپ، ۋېرسالدىكى باندىتلارنىڭ غالجىرلارچە ھۇجۇم قىلىشى ئۈچۈن دەستەك تېپىپ بەردى، بۇنىڭ بىلەن ئىنتايىن يامان سىياسى تەسىر پەيدا قىلدى. خەلق ئاممىسى كوممۇنىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي قوغداپ، بۆلۈنۈشكە قارشى تۇردى. رايونلاردىكى سايلىغۇچىلار يىغىنلىرىدا، كۆپ سانلىقلار بىلەن ئاز سانلىقلار ئۆزلىرىنىڭ سايلىغۇچىلىرىغا ئۆز مەيدانىنى بايان قىلىشتى، ئامما بۆلۈنۈشتىن نارازى بولۇپ، ئاز سانلىقلارنىڭ ئومۇمى ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، دەرھال كوممۇنا يىغىنىغا قاتنىشىشىنى تەلەپ قىلدى. گەرچە ئۇلار خەلق ئاممىسىنىڭ ھەيدەكچىلىكى ئارقىسىدا ناھايىتى تېزلا كوممۇنا كومىتېتىغا قايتىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن كەتكەن دەزنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش تەس ئىدى. ماركسىزمىلىق ئىنقىلاۋىي پارتىيىنىڭ رەھبەرلىگىسىز، كۆپ سانلىقلار بىلەن ئاز سانلىقلارنىڭ پىرىنسىپ ئاساسىدىكى ئىتتىپاقلىقىغا يېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

مالىيە ۋە ئەمگەك كومىتېتىنى باشقۇرىدىغان ۋارلىن، فرانكېل ۋە سېررايېلار كوممۇنا ھەيئەت ئەزالىرى ئىچىدە ماركس بىلەن ئالاقىسى بولغان ئاز ساندىكى ھەيئەت ئەزالار ئىدى، ئۇلار كوممۇنا ئىشلىرىغا سەمىمىي-سادىق بولۇپ، ئىجتىمائىي ئىگىلىك جەھەتتە ئىشچىلار ئاممىسىغا پايدىلىق بولغان نۇرغۇن تەدبىرلەرنى كۆردى.

سېررايېنى ماركس پارىژغا بىرىنچى ئىنتېرناتسىونال باش كومىتېتىغا ۋاكالىتەن كوممۇنا بىلەن ئالاقە باغلاشقا ئەۋەتكەن ئىدى، ئۇ ماركسقا پارىژنىڭ ئەھۋالىنى پات-پات مەلۇم قىلىپ تۇراتتى ۋە ماركسنىڭ يوليورۇقلىرىنى يەتكۈزۈپ تۇراتتى. ۋارلىن يەڭگىلى بولمىغۇدەك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئىنچىكە ھېساپلاپ، كوممۇنىنىڭ كىرىم-چىقىمىنى ئاساسىي جەھەتتىن تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ، مىللىي مۇداپىئە ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي تەمىنات ئېھتىياجىنى كاپالەتلەندۈردى. ئۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئاشلىق ۋە ھەربىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل بولغاندىمۇ ئوخشاشلا قېتىقىنىپ ئىشلىدى، قىلچە بىخەستەلىك قىلمىدى. ئۇ شەخسىي تۇرمۇشتا ئاددىي-ساددا بولۇپ، ھەر كۈنى بىردىم ئاچ-بىردىم توق دېگۈدەك يۈرەتتى. فرانكېل كوممۇنىنىڭ كومىتېت ئەزالىقىغا سايلانغاندىن كېيىن دەرھال ماركسقا خەت يېزىپ، ئۇنىڭ كوممۇنىنىڭ ئىجتىمائىي ئىسلاھاتىنى قانداق ئېلىپ بېرىشى توغرىسىدا پىكىر ۋە ياردەم بېرىشىنى ئىلتىماس قىلدى. 5-ئاينىڭ 7-كۈنىدىن 12-كۈنىگىچە فرانكېل ئۆزى لوندونغا بېرىپ ماركس بىلەن كۆرۈشتى. كوممۇنىنىڭ بولكا ئىشچىلىرىنىڭ كېچىدە ئىشلەش تۈزۈمىنى بىكار قىلىشنى مۇزاكىرە قىلىش يىغىنىدا، بەزى ھەيئەت ئەزالار بۇ پەرمانغا قارشى چىقىپ، ئۇنى كارخانا ئىگىلىرى بىلەن "مەسلىھەتلىشىپ" ھەل قىلىش كېرەك دەپ قارىغان ئىدى. فرانكېل بۇنداق پرۇدونىزىملىق سىنىپىي مۇرەسسەچىلىك كوزقارىشىنى رەت قىلدى، پرولېتارىياتنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن، ئالدىنالا كارخانا ئىگىلىرى بىلەن مەسلىھەت قىلىشنىڭ ھېچ ھاجىتى يوق دەپ بايان قىلدى. فرانكېل ئايال ئەمگەكچىلەرنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى، ئايال

ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئۇيۇشمىسىنى ئۇيۇشتۇرۇشقا ياردەملەشتى، ئۇلارنى ئىشخانىلارغا جەلپ قىلدى. بۇ پرۇدونىزمچىلارنىڭ ئاياللارنى كەمسىتىدىغان قاراشلىرىغا نىسبەتەن كۈچلۈك تەنقىت ئىدى.

لېكىن، پرۇدونىزمنىڭ خاتا نەزەرىيىسىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، كوممۇنا فرانسىيە بانكىسىغا مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدە ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزدى. شۇ چاغدا فرانسىيە بانكىسىدا قىممىتى 3 مىليارت فرانكقا يېقىن بولغان ئالتۇن-كۈمۈچ، پۇل، چەك بار ئىدى، ئۇ كوممۇنىغا ئاران 15 مىليوندىن كۆپرەك فرانكلا تاپشۇرۇپ، ۋېرسال ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىگە ئاستىرتىن 250 مىليوندىن كۆپرەك فرانك يەتكۈزۈپ بەردى. كوممۇنا ئەسلىدە دەرھال فرانسىيە بانكىسىنى مۇسادىرە قىلىپ، "مەھرۇم قىلغۇچىلارنى مەھرۇم قىلىش" پىرىنسىپىنى يولغا قويۇپ، بۇرژۇئازىيىگە سىياسى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن زەربە بېرىشى كېرەك ئىدى. ئەمما كوممۇنىنىڭ فرانسىيە بانكىسىدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى، ئوڭچى پرۇدونىزمچى بېلې تۈرلۈك يوللار بىلەن بانكىنىڭ "مۇستەقىللىقى"نى قوغدىدى، بانكىنى تارتىۋېلىش "ئامانەت-قەرز ئىشىغا ۋە سودا-سانائەتچىلەر پائالىيىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ، پۇل ئوبوروتى سىستېمىسىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ، ئىقتىسادىي قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىدۇ" دەپ جار سالدى. بانكىنى سىنىپتىن تاشقىرى، مۇقەددەس دەخلىسىز دەپ قارايدىغان بۇنداق سەپسەتە پرۇدونىنىڭ "ئالماشتۇرۇش بانكىسى" قۇرۇش توغرىسىدىكى ئەكسىيەتچىل نەزەرىيىسىنىڭ كۆچۈرۈلمىسى بولۇپ، ئۇ ئاز سانلىقلار ئىچىدە يەنىلا مەلۇم بازارغا ئىگە ئىدى. ئېنگېلس فرانسىيە بانكىسىغا چېقىلماسلىق كوممۇنىدىكى "ئېغىر سىياسى خاتالىق. بانكا كوممۇنىنىڭ قولىدا بولسا، بۇ 10 مىڭ ئادەمنى گۆرۈگە ئالغاندىنمۇ

چوڭراق ئەھمىيەتلىك بولغان بولاتتى. بۇ پۈتۈن فرانسىيە بۇرژۇئا-زىيىسىنى ۋېرسال ھوكۇمىتىگە بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇنى كوممۇنا بىلەن سۈلھى تۈزۈشكە مەجبۇر قىلغىلى بولاتتى"① دەپ كورسەتتى.

تىياتىرخانىلارنى باشقۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە، كوممۇنىدا كەسكىن تالاش-تارتىش پەيدا بولدى. بەزى ھەيئەت ئەزالار تىياتىرخانا غايەت زور تەلىم-تەربىيە ئورگىنى، خەلق مائارىپىنى يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى، ئۇ مائارىپ كومىتېتىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك دەپ ھىسابلىدى. يەنە بەزى ھەيئەت ئەزالار بۇرژۇئا ئەدەبىيات-سەنئەت لۇشيەنىدە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇپ، "سەنئەتكە ھەرقانداق كوز-قۇلاق بولۇش ۋە بىرەر تەسىر كورسىتىش" "ئىنسانىيەتنىڭ پىكىر ئەركىنلىكىگە تاجاۋۇز قىلغانلىق"، "پىكىرنى تۇنجۇقتۇرىدىغان زوراۋانلىق" بولىدۇ دەپ ھىسابلىدى.

ماركس فرانكېل بىلەن ۋارلىن ئارقىلىق كوممۇنىغا نۇرغۇن مۇھىم تەكلىپلەرنى بەردى. مەسىلەن، پارىژنىڭ شىمالىدىكى مۇداپىيەنى كۈچەيتىش، باشقا تولكىلەر بىلەن بولغان ئالاقىنى قولغا كەلتۈرۈش. كوممۇنىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى پرىنسىپسىز ماجرالار-دىن خالى بولۇش ۋە باشقىلار. لېكىن كوممۇنا بۇلارنى ئىجرا قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمىدى.

ماركس پارىژ كوممۇنىسىنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ

---

① «فرانسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش»نىڭ 1891-يىلدىكى كىتابچىسىغا ئېنگېلس يازغان مۇقەددىمە». «فرانسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش»، 1972-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 19-بەت.

كېلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "ھەرقانداق ئىنقىلابتا، ئىنقىلابنىڭ ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلغۇچىلاردىن باشقا، ھامان باشقا بىر خىل كىشىلەرمۇ چىقىدۇ...... ئۇلار ھازىرقى ھەرىكەتنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنمەيدۇ...... ئۇلار...... ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ھەقىقىي ھەرىكىتىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن توسقۇنلۇق قىلدى. ئۇلار قۇتۇلغۇسىز بالايىئاپەت ئىدى؛ ئۇلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مەلۇم ۋاقىت كېرەك ئىدى، لېكىن كوممۇناغا بۇنداق ۋاقىت يوق ئىدى."①

**3 ـ كوممۇنىنى قوغداش يولىدىكى قەھرىمانلارچە جەڭ**

ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئاغدۇرۇپ تاشلانغان تىيېر ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن پارىژ كوممۇنىسى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ، كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرۈشنى ھەر سائەت، ھەر مىنۇتتا پىلانلاپ تۇردى. كازاپىلىقتا ئۇچىغا چىققان تىيېر ئۆزىنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئىككى قوللۇقلۇقىنى ئىشقا سالدى؛ بىر تەرەپتىن، يالغاندىن كوممۇنا بىلەن سۈلھى تۈزمەكچى بولدى. 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، ئۇ مۇخبىرلىك بىلەن: "قانداقلا بولمىسۇن، مەن پارىژغا ھەرگىز ئەسكەر ئەۋەتمەيمەن" دېدى. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى چىقىپ كەتكەن 10 مىڭدىن ئارتۇقلا ئەسكىرى بولۇپ، پارىژغا نىسبەتەن پۈتۈنلەي ناچار ھالەتتە تۇراتتى، سۈلھى تۈزۈش "قىلىچىنى بىلەش" ئۈچۈن ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈشتىنلا ئىبارەت ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ رەزىل نومۇسسىزلىق بىلەن، گېرمانىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ كاتتىۋېشى بىسماركتىن ئىشچىلار پارىژىنى ئىشغال قىلىشنى، تېخىمۇ

---

① ماركس. «فرانسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش»، 1972 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 122 ــ 123 ـ بەتلەر.



www.uyghurkitap.com

كۆپ ئەكسىلئىنقىلابچى قوراللىق كۈچ قۇراشتۇرۇش ئۈچۈن، ئەسىرلەرنى قايتۇرۇپ بېرىشنى يېلىنىپ سورىدى. قارا نىيەت، زەھەرلىك بىسماركمۇ گەرچە پارىژ كوممۇنىسىنى تېزدىن باستۇرۇپ، بۇ ئىنقىلاب ئوتىنىڭ بېرلىنغا تۇتىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تەلەپ قىلسىمۇ، لېكىن "فرانسۇزلارنى فرانسۇزلارغا سېلىش"تەك زەھەرلىك سىياسەتتە چىڭ تۇرۇپ، سۈلھى شەرتنامىسى رەسمىي ئىمزالانغاندىن كېيىن فرانسىيە ئەسىرلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە ماقۇل بولدى. چارپادىشا ئالېكساندىر II مۇ تيېرغا دوس تارتىشىپ، گېرمانىيىنىڭ تيېرغا ياردەملىشىپ پارىژ ئىنقىلابىنى باستۇرۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى ۋە "بۇنداق تۇپىلاڭنىڭ يامىرىشى ياۋروپانىڭ تېچلىقىغا تەھدىت سالماقتا" دەپ كاپشىدى. ئەمەلىيەتتە، تېچلىققا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار بىسمارك، تيېر، ئالېكساندىر قاتارلىقلارنىڭ ئۆزى ئىدى. خۇددى ماركس كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: "پرولېتارىياتقا قارشى تۇرۇشتا ھەرقايسى مىللىي ھۆكۈمەتلەرنىڭ ھەممىسى بىردەك!"①

4-ئاينىڭ باشلىرىدىن 5-ئاينىڭ باشلىرىغىچە، كوممۇنا بىلەن ۋېرسال ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ ئاساسەن پارىژنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىدىكى شەھەر ئەتراپى رايونلىرىدا بولدى. 4-ئاينىڭ 7-كۈنى، ۋېرسال ئەكسىلئىنقىلابىي ئارمىيىسى غەربىي شەھەر ئەتراپى رايونىدىكى نېيىنى بېسىۋالدى، لېكىن ئۇلارنىڭ جەنۇبىي شەھەر ئەتراپى رايونىغا قىلغان ھۇجۇمى كوممۇنا تەرىپىدىن چېكىندۈرۈلدى،

① ماركس. «فرانسىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇش»، 1972-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 151-بەت.

ئۇنىڭدىن كېيىن تىيېر زەمبىرەكلەر بىلەن ئىنقىلاۋىي پارىژنى ئۈزلۈكسىز تۇردە توپقا تۇتتى. ئۇ يەنە ھەربىي ئەھۋالنى ئىگەللەش ئۈچۈن پارىژغا جاسۇسلارنى ئەۋەتتى. كوممۇنا بىرىنچى جۇتىنىڭ قوماندانى دومبروۋسكى جىياگجۇننى بىر مىليون 500 مىڭ فرانكقا سېتىۋالماقچى بولدى ھەمدە مىللىي مۇداپىئە ئارمىيىسىدىكى سېتىلغان ئىچكى جاسۇسلار بولۇن ئورمانلىقىدا ۋېرسالغا ئوغرىلىقچە ئاخبارات يەتكۈزۈپ بەردى. 5-ئاينىڭ 9-كۈنى، ئىسسى پوتىيى پۈتۈنلەي توپ-تالاس قىلىۋېتىلگەندىن كېيىن قولدىن كەتتى. 5-ئاينىڭ 10-كۈنى، تىيېر شەرمەندە سۈلھى شەرتنامىسىگە ئىمزا قويدى، گېرمانىيە 100 مىڭ فرانسىيىلىك ئەسىرنى قايتۇرۇپ بېرىشكە ماقۇل بولدى ھەمدە ۋېرسال ئەسكەرلىرىنىڭ گېرمانىيە قوشۇنلىرىنىڭ مۇداپىئە لىنىيىسىدىن ئۆتۈپ پارىژغا شىمالدىن ھۇجۇم قىلىشىغا رۇخسەت قىلدى. ماركس بۇ مەخپىي تىل بىرىكتۈرۈش شەرتلىرىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، كوممۇنىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولغان فرانكېل بىلەن ۋارلىنغا دەرھال ئۇقتۇرۇش قىلىپ، ئۇلارغا مۇنمارتىرىنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىشنى تاپىلىدى. تىيېر 100 مىڭ ئەسىرگە ۋە گېرمانىيە قوشۇنلىرىنىڭ بىۋاسىتە قوللىشىغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئەكسىيەتچىل خورىكىي تېخىمۇ ئۇسۇپ، جاللاتلارچە ئەلپاز بىلەن، ئۆزىنىڭ "قولىغا قانۇننى ئالغان ھالدا پارىژغا كىرىدىغانلىقى"، پارىژ پرولېتارىياتىغا "ئۆزىنىڭ گۇناھىنى پۈتۈنلەي يۇيىدۇرىدىغانلىقى" توغرىسىدا جار سالدى. شۇنداق قىلىپ جاللاتنىڭ قىياپىتى قىپ-يالىڭاچ ئاشكارىلاندى.

پارىژنىڭ قەھرىمان ئوغۇل-قىزلىرى ھەرگىز ئاجىز-بوزەكلەردىن ئەمەس ئىدى. ئىشچىلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان مىللىي مۇداپىئە

ئارمىيىسى ئۆز قولى بىلەن قۇرغان كوممۇنا ھاكىمىيىتىنى قىزغىن سۆيەتتى، ئۇلار ئۆزىلا ئالدىنقى سەپتە قانلىق كۆرەش قىلىپ قالماستىن، خوتۇن-بالىلىرىنىمۇ كوممۇنىنى قوغداش كۆرىشىگە قاتناشتۇردى. بىر پىشقەدەم جەڭچى ۋە ئۇنىڭ 3 ئوغلى قوشۇندا جەڭ قىلدى، ئۇنىڭ 16 ياشقا كىرەي دەپ قالغان ئوغلىمۇ ئارمىيىگە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ پىشقەدەم جەڭچى كوممۇنىغا: "مېنىڭ ئاخىرقى ئوغلۇمنى قوبۇل قىلىڭلار، مەن چىن قەلبىمدىن ئۇنى جۇمھۇرىيەتكە تەقدىم قىلىمەن، ۋەتەنگە تەقدىم قىلىمەن...... شۇنىڭ بىلەن سەن ماڭا ئەڭ زور بەخت كەلتۈرىسەن" دەپ خەت يازدى. پارىژ ئاياللىرىمۇ قولىغا مىلتىق ئېلىپ، كوچا ئىستىھكاملىرىدا چېپىپ يۈردى، ئۇلار "پارىژنى قوغدايدىغان ۋە ياردارلارنى قۇتقۇزىدىغان ئاياللار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى" ۋە مىللىي مۇداپىئە ئارمىيىسى ئاياللار يىگىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، پارىژ ئىنقىلاۋىي ھاكىمىيىتىنى قوغداش ۋە ياردارلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جەڭ قىلدى، ئاددى-سەممى ئايال ئوقۇتقۇچى، شائىر لۇئىز مىشېل نۇرغۇنلىغان ئايال قەھرىمانلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ 3-ئاينىڭ 18-كۈنىدىكى مونمارتىر قوزغىلىڭىنىڭ قاتناشچىسى ئىدى، ئۇ چاغدا ئۇ ياردار بولغان ئەسكەرلەرنىڭ جاراھىتىنى تاڭغان ئىدى. 3-ئاينىڭ 18-كۈنىدىن كېيىن، ئۇ دەرھال ۋېرسالغا ھۇجۇم قىلىشنى قەتئىي تەشەببۇس قىلدى ھەمدە ئۇ يەرگە ئۆزى بېرىپ تىيېرنى ئۆلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ راستلا ۋېرسال باغچىسىغا كىرىپ، بەزى ئەسكەرلەرنى قايىل قىلىپ مىللىي مۇداپىئە ئارمىيىسى تەرەپكە ئۆتكۈزدى. 4-ئاينىڭ باشلىرىدىن 5-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ئۇ ھەربىي كىيىم كىيىپ، ئىزچىل تۈردە ئالدىنقى سەپتە پائالىيەت ئېلىپ باردى،

سەپتىن زادى چۈشمىدى.

نەچچە مىڭلىغان ياشلارمۇ كوممۇنىنى قوغداش جېڭىدە ئىنقىلاۋىي جەڭگىۋارلىق روھىنى ئىپادىلىدى. 14 ياشلىق ۋە 16 ياشلىق دۇنان ئاكا-ئۇكىلار قىسىم بىلەن بىرلىكتە تىغ كوتىرىپ ھۇجۇمغا ئوتۈپ، كوچا ئىستىھكاملىرىنى ئىشغال قىلدى، ئىنىسى ئىبنىت ھەربىي بايراقنى كوچا ئىستىھكامىغا قادىغان چاغدا بەختكە قارشى ئوق تېگىپ قۇربان بولدى، ئاكىسى فېلىكس دەرھال يۈگۈرەپ بېرىپ



لۇئىز مىشېل

ھەربىي بايراقنى قوغداپ، ئىنىسىنىڭ جەسىدىنى كوتەرگەندە، ئۇنىڭمۇ ئوق تېگىپ قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى. ئۇلارنىڭ دادىسى كوزىگە ياش ئالماي، ئىلتىغىنى مەھكەم تۇتۇپ، دۈشمەنلەرنى تېخىمۇ باتۇرلۇق بىلەن قىرىپ، بالىلىرى ئۈچۈن ئىنتىقام ئالدى، پارىژ خەلقى ئۈچۈن ئىنتىقام ئالدى.

5-ئاينىڭ 21-كۈنى ۋېرسالدىكى باندىتلار جاسۇسلارنىڭ يول كورسىتىپ بېرىشى بىلەن، مۇداپىئەسى چىڭ بولمىغان سېن-كلۇ دەرۋازىسىدىن پارىژغا بېسىپ كىردى. ئىللاردا داستان بولغۇدەك پارىژنى قوغداش يولىدىكى قانلىق جەڭ باشلاندى. "پۈتۈن پارىژ خەلقى-ئەرلەر، ئاياللار ۋە بالىلار-نىڭ ۋېرسالىلىقلار شەھەرگە باستۇرۇپ كىرگەندىن كېيىن، يەنە بىر ھەپتە جەڭ قىلغان

مۇنداق پىداكارانە قەھرىمانلىق جاسارىتى ئۇلارنىڭ ئىشىنىڭ ئۇلۇغلۇغنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بەردى"①. پايتەختنىڭ ھەر بىر كوچىسى، ھەر بىر بىناسى جىددى جەڭ مەيدانى بولدى. كوممۇنىنىڭ قەھرىمان ئوغۇل-قىزلىرى، كوممۇنا ھەيئەت ئەزالىرىدىن تارتىپ ئاددى پۇقرالارغىچە ھەممىسى كوچا ئىستىھكاملىرىنى چىڭ ساقلىدى، پارىژنىڭ بىر غېرىچ يېرىنىمۇ قوغدىدى. جەڭ ئىشچىلار رايونىغا يېقىنلاشقانسېرى كەسكىن بولدى. مەيلى كۆپ سانلىقلار ياكى ئاز سانلىقلار بولسۇن، ئىختىلاپلارنى ۋاقتىنچە قويۇپ تۇرۇپ، جەڭگە ئاتلاندى. باش تەپتىش رىگو ئۆزى مىللى مۇداپىئە ئارمىيىسىنى باشلاپ تۈرمىگە بېرىپ، جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان بىر تۈركۈم جىنايەتچىلەرنى جۈملىدىن چوڭ ئېپىسكوپ داربۇئانى ئۆلتۈردى. 5-ئاينىڭ 24-كۈنى، ئۇ ھەربى كىيىم كىيىپ، يېنىغا قىلىچ ئېسىپ، بېلىگە تاپانچا تاقاپ، كوچا ئىستىھكامىغا چىقىپ، پرولېتارىيات ھاكىمىيىتىنى قوغداش ئۈچۈن جەڭ قىلدى. ۋېرسال باندىت ئەسكەرلىرى ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، "يوقالسۇن كوممۇنا" دەپ توۋلاشقا قىستىغاندا، رىگو ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن: "ياشىسۇن كوممۇنا! يوقالسۇن قاتىللار!" دەپ جاۋاپ بەردى. باندىت ئەسكەرلەر ئۇرۇپ ئۇنىڭ كاللىسىنى يېرىۋەتتى، رىگو قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان چېغىدا ئاران 25 ياشتا ئىدى. ۋارلىن كوممۇنىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە ھەربى كومىتېتنىڭ ۋەكىلى ئىدى، ئۇ بارلىق پارىژ خەلقىنى قولىغا قورال ئېلىپ، ئەكسىلئىنقىلاۋىي باندىتلار بىلەن جان تىكىپ جەڭ قىلىشقا چاقىردى.

---

① ماركس. «فرانسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش»، 1972-يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 139-بەت.

قانلىق جەڭ بولغان پۈتۈن بىر ھەپتە ئىچىدە (5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن 28 ـ كۈنىگىچە) ئۇ ئىزچىل تۈردە ئالدىنقى سەپتە جەڭگە قاتناشتى. بىر رايوندىن ئىككىنچى بىر رايونغا، بىر كوچىدىن يەنە بىر كوچىغا بېرىپ جەڭ قىلدى. ئۇنىڭ سەپداشلىرى ۋارلىننى «ئەڭ چىڭ ئادەم ئىدى» دېيىشتى. ئەڭ ئاخىرقى كۈنى — 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ۋارلىن بىر ئەكسىيەتچى پوپنىڭ ئىچىنى قويۇشى بىلەن قولغا ئېلىنىپ، قاتتىق قىيىن ـ قىستاققا ئېلىندى، لېكىن ئۇ قەتئىي باش ئەگمەي، مۇنمارتىردا مەرتلەرچە قۇربان بولدى، ئۇ ئاران 32 ياشتا ئىدى.

ئەڭ ئاخىرقى قاتتىق جەڭ 5 ـ ئاينىڭ 27 — 28 ـ كۈنلىرى ئىشچىلار رايونىدا بولدى. 200 نەپەر كوممۇنا جەڭچىسى لاشىز قەۋرىستانلىقىدا 5 مىڭ نەپەر ۋېرسال باندىتلىرى بىلەن ئاخىرغىچە ئېلىشتى، ئۇلار بىر تام تۈۋىدە: «ياشىسۇن كوممۇنا!» دەپ ئۈنلۈك توۋلاپ قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى. ھەر يىلى 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، پارىژ ئىشچىلار سىنىپى ۋە ھەرقايسى ئەللەر ئىنقىلاۋىي خەلقى چوڭقۇر پرولېتارىياتلىق ھېسسىيات بىلەن، لاشىز قەۋرىستانلىقىدىكى كوممۇنا جەڭچىلىرى ئېتىلگەن يەرگە، قۇربان بولغان قەھرىمانلارغا ئاتاپ گۈل قويۇپ ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ.

دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن پارىژنى قوغداش جېڭى ئاياقلاشتى، بۇرژۇئازىيە ھاكىمىيىتى پارىژدا تىرىلدى. ۋېرسال جاللاتلىرى كەڭ تۈردە تۇتقۇن قىلدى، كەڭ تۈردە قىرغىن قىلدى، كەڭ تۈردە سۈرگۈن قىلدى. تىيېر ئەكسىلئىنقىلاۋىي باندىتلىرى مىڭلىغان ئادەمنى خاتا ئۆلتۈرۈشكە رازى بولىدىكى، بىرمۇ ئادەمنى ئۇتكۈزۈۋېتىشنى خالىمىدى. پارىژدا قان دەريا بولۇپ ئاقتى، ئاق

تېرورلۇق پۈتۈن شەھەرنى قاپلىدى. فرانسىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ تۈمەنلىگەن مۇنەۋۋەر پەرزەنتلىرى ھاياتىدىن ئايرىلدى.

قولغا ئېلىنغان ئىنقىلاۋىي جەڭچىلەر سوتتا ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان قەھرىمانلىق جاسارەت بىلەن، ۋېرسالنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي جىنايەتلىرى ئۈستىدىن قاتتىق شىكايەت قىلدى. جامائەت خەۋپسىزلىگى كومىتېتى ئەزاسى فېررې ئەكسىيەتچى سوتچىغا ھەققانى يوسۇندا مەردانىلىق بىلەن رەددىيە بېرىپ: "مەن ئۆز ھاياتىمنى مەڭگۈ ئىپلاسلىق بىلەن قۇتۇلدۇرماقچى ئەمەسمەن. مەن ئەركىن ياشىدىم، ئۆلگەندىمۇ ئەركىن ئۆلىمەن" دېدى. ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا سەپداشلىرىغا ئىلھام بېرىپ مۇنداق دەپ خەت يازدى: "بىز شۇنىڭغا ئىشىنىشىمىز كېرەككى، سوتسىيالىزىم ئىشى ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك زۆرۈر دەپ ھېس قىلىنغان ئەمەس!" كوممۇنىنىڭ ئايال جەڭچىسى لۇئىز مىشېل سوتتا ئىپتىخارلىق بىلەن: "بىز 1871-يىلنىڭ كىشىلىرى ئۆلۈمنى كۈتۈۋېلىشنى بىلىمىز، ئۆلۈمگە پەسەنت قىلمايمىز"؛ "ئەگەر سىلەر مېنى ئۆلتۈرمىسەڭلار، ئىنتىقام ئېلىش مۇراجىتىمنى ھەرگىز توختاتمايمەن" دەپ جاكالىدى. ئەكسىيەتچىلەر ئۇنى ئۇزاق مۇددەتلىك سۈرگۈن بىلەن ئازاپلىدى.

پارىژ كوممۇنىسى مەغلۇپ بولغان قايغۇلۇق كۈنلەردە كوممۇنىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئىنقىلاۋىي شائىر ئېۋگېنىي پوتىيېر (1816—1887) كوچا ئىستىھكاملىرىدىن يوشۇرۇن ھالەتتە ئۆتۈپ، ئىشچىلار رايونىدىكى دوستىنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇنۇۋالدى. ئۇ تېررورغا ئوخشاش زەھەرلىك چايان، يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ پارىژغا كىردىيىپ-ئىغاڭلاپ قايتىپ كېلىپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئادەمخور كونا تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە چوڭقۇر ئۆچمەنلىك بىلەن نەزەر سېلىپ تۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى





پوتىېر ۋە «ئىنتېرناتسونال شېرى»

مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن قۇللارنىڭ كوممۇنىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن، ئىتتىپاقلىشىپ جەڭ قىلغان ئوبرازى ئۇنىڭ كوز ئالدىدا بىر-بىرلەپ ئايان بولدى. پوتىېر ئوتمۇشنى ئەسلەپ، كەلگۈسىگە نەزەر سېلىپ، پەقەت پرولېتارىيات ئىتتىپاقلىشىپ، كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرسىلا، ۋاقىتنچە يوقىتىلغان پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ جەزمەن قايتىدىن مەيدانغا كېلىدىغانلىقىغا ۋە پۈتۈن دۇنيادا غەلىبە قازىنىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەندى. ئۇ تولۇپ تاشقان قىزغىنلىقى بىلەن، كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان «ئىنتېرناتسونال» نى يېزىپ چىقتى؛ 17 يىلدىن كېيىن، بۇ ئىنقىلاۋىي شېىر ئىنقىلاۋىي كومپوزىتور دېگېيتېرنىڭ نوتىغا سېلىشى بىلەن، پەرىجاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان

ئىنتېرناتسىونال شەھىرى»— پارىژ پرولېتارىياتىنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن يېزىلغان كوممۇنا خاتىرە مۇنارىسى ۋۇجۇتقا كەلدى!

**پارىژ كوممۇنىسىنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرى، «فرانسىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇش»** پارىژ كوممۇنىسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان پۈتكۈل مەزگىلدە، ماركس رەھبەرلىكىدىكى بىرىنچى ئىنتېرناتسىونال باش كومىتېتى دائىم يىغىن ئۆتكۈزۈپ، پارىژدىكى ئىنقىلاب ۋەزىيىتىنى تەتقىق قىلىپ، كوممۇنىنىڭ پۈتۈن پائالىيىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپ تۇردى ھەمدە تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق كوممۇنا رەھبەرلىرى بىلەن ئالاقە باغلاپ، كوممۇنىغا پۈتۈن ئىمكانىيەتنىڭ بىرىچە مەدەت بەردى. پارىژ كوممۇنىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ماركس ھەرقايسى مەملىكەتلەرنىڭ گېزىتلىرىنى ۋە باشقا ماتېرىياللارنى توپلاپ، كوممۇنىنىڭ تۈرلۈك تەدبىرلىرىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلدى. 1871-يىل 4-ئاينىڭ 18-كۈنى، ماركس بىرىنچى ئىنتېرناتسىونال باش كومىتېتىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن، كوممۇنا ئىنقىلابى توغرىسىدىكى خىتابنامىنى يېزىشقا باشلاپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ دەسلەپكى نۇسخا ۋە ئىككىنچى نۇسخىنى يېزىپ چىقتى. 5-ئاينىڭ 30-كۈنى، پارىژ كوچا ئىستىھكاملىرىدىكى جەڭ ئاياقلىشىپ 2 كۈندىن كېيىن، ماركس بىرىنچى ئىنتېرناتسىونال باش كومىتېتىغا بۇ خىتابنامىنى يەنى شانلىق «فرانسىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇش» نى ئوقۇپ بەردى، ئۇنى يىغىن بىر ئېغىزدىن ماقۇللىدى. بۇ جەڭگىۋار خىتابنامە ۋەتەن ساتقۇچ تىيېر قاتارلىقلارنىڭ بىسمارك بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ پارىژ كوممۇنىسىنى باستۇرغان شەرمەندە جىنايىتىنى غەزەپ بىلەن ئەيىبلىدى، پارىژ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ كوممۇنىنى ئىجاد قىلغان شانلىق تۆھپىسىنى قىزغىن مەدھىيىلىدى، بارلىق سىنىپىي دۈشمەن-

www.uyghurkitap.com

لەرنىڭ كوممۇنا ۋە بىرىنچى ئىنتېرناتسىونالغا قىلغان ئالجىرانە بوھتانلىرىغا رەددىيە بەردى. ماركس پارىژ كوممۇنىسىنىڭ تارىخىي تەجرىبە ۋە ساۋاقلىرىنى جىددى ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن يەكۈنلىدى. "بۇ تەجرىبىنى تەھلىل قىلىش، بۇ تەجرىبىدىن تاكتىكىلىق ساۋاقلارنى ئېلىش، بۇ تەجرىبىگە ئاساسەن ئۆز نەزەرىيىسىنى يېڭىۋاشتىن تەكشۈرۈپ چىقىش — مانا بۇ، ماركس ئوتتۇرىغا قويغان ۋەزىپە."①

پارىژنى ئۇرۇش ئوتى قاپلاپ تۇرغان چاغدا، ماركس مۇنداق دەپ ئۇلۇغ بىشارەت بەرگەن ئىدى: "كوممۇنا ۋەيران قىلىنغان ھالەتتىمۇ، بۇ پەقەت كۈرەشنىڭ ئۈزۈلۈشىدىنلا ئىبارەت بولىدۇ. كوممۇنىنىڭ پرىنسىپلىرى مەڭگۈ ياشايدۇ، يوقالمايدۇ؛ ئىشچىلار سىنىپى ئازات بولۇشتىن ئىلگىرى بۇ پرىنسىپلار تەكرار-تەكرار گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ."②

پارىژ كوممۇنىسىنىڭ ئەڭ تۈپ پرىنسىپى شۇكى: "ئىشچىلار سىنىپى تەييار دۆلەت ماشىنىسىنى ئاددى ھالدا ئىگەللىيەلمەيدۇ ۋە ئۇنى ئۆز مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن ئىشلىتەلمەيدۇ."③ دېمەك، پرولېتارىيات ئىنقىلابىي زورلۇق كۈچ بىلەن بۇرژۇئا دۆلەت ماشىنىسىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، بۇرژۇئا دىكتاتۇرىسىنى پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىغا ئايلاندۇرۇشى لازىم. 1872-يىلى ماركس، ئېنگېلس

---

① لېنىن. «دۆلەت ۋە ئىنقىلاب»، 1972-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 59-بەت.

② ماركس. «پارىژ كوممۇنىسى ھەققىدىكى سۆزنىڭ خاتىرىسى». «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 17-توم، 677-بەت.

③ ماركس. «فرانسىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇش»، 1972-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 96-بەت.

بۇ مۇھىم پرىنسىپنى «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى»نىڭ نېمىسچە نەشرىگە يازغان سۆز بېشىغىمۇ كىرگۈزدى.

پارىژ كوممۇنىسىنىڭ تەجرىبىسى ئىسپاتلىدىكى، پرولېتارىيات ئىنقىلاۋىي قورالغا تايانغاندىلا، ئاندىن بۇرژۇئازىيىنىڭ ھوكۇمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى ئورنىتالايدۇ؛ ئىنقىلاپ غەلىبە قىلغاندىن كېيىنمۇ ئىنقىلاۋىي قورالغا تايىنىپ پرولېتارىيات ھاكىمىيىتىنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەشكە توغرا كېلىدۇ. پارىژ پرولېتارىياتى پرۇسسىيە-فرانسىيە ئۇرۇشىدىن كېيىن قورالنى مەھكەم تۇتۇپ، ئىنقىلاۋىي قورال ئارقىلىق ئەكسىلئىنقىلاۋىي قورالنى تارمار قىلىپ، ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى. پارىژ كوممۇنىسىنىڭ ئاچچىق ساۋىقى شۇ بولدىكى، 3-ئاينىڭ 18-كۈنىدىن كېيىن غەلىبىسىرى قوغلاپ زەربە بېرىپ، ئەكسىلئىنقىلاپنىڭ ئۇۋىسىنى گۇمران قىلىۋەتمىدى؛ ئەكسىلئىنقىلاپقا ھەددىدىن ئارتۇق "رەھىمدىللىك" قىلدى. بۇ لۇشيەن خاراكتىرلىق خاتالىق ئاخىرى سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ، يېڭى پرولېتارىيات ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىشىغا سەۋەپ بولدى. خۇددى ئېنگېلس كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: "پارىژ كوممۇنىسى ئەگەر بۇرژۇئازىيىگە تاقابىل تۇرىدىغان قوراللىق خەلقتىن ئىبارەت بۇ نوپۇزغا تايانمىغان بولسا، ئۇ بىر كۈندىن ئارتۇق تۇرالايتتىمۇ؟ ئەكسىچە ئېيتقاندا، بىز كوممۇنىسىنى بۇ نوپۇزدىن بەكمۇ ئاز پايدىلاندى دەپ ئەيىپلەشكە ھەقلىق ئەمەسمۇ؟"① سوۋېت سوتسىيال جاھانگىرلىكىنىڭ ياللانما قەلەمكەشلىرى خائىن-

---

① ئېنگېلس. «نوپۇز توغرىسىدا». «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1981-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 936-بەت.

لارنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، پارىژ كوممۇنىسىنى "قان تۆكۈلگەن ئىنقىلاپ"؛ ئۇ "تېچلىقنى كوممۇنا پىرىنسىپلىرى بويىچە جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىشنىڭ زورۇر شەرتى دەپ قارىغان" دەپ جۆيلۈشتى. بۇنىڭدىن بۇ ئەبلەخلەرنىڭ چۆشكۈنلىشىپ قايسى دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ!

پارىژ كوممۇنىسىنىڭ تەجرىبىلىرى يەنە شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىنقىلاپ مىليونلىغان ئاممىنىڭ ئىشى، بۇنىڭدا مىليونلىغان ئاممىنىڭ ئىنقىلاۋىي ئاكتىپلىقىغا تايىنىش، خەلق ئاممىسىنىڭ تارىخ يارىتىدىغان ئۇلۇغ كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا پرولېتارىيات ئىنقىلاۋى ۋە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ماركس "غەيرىتى پەلەككە يەتكەن بۇ پارىژلىقلار"نىڭ① ئىجاتچانلىقى ۋە تەشەببۇسكارلىقىنى كاراممەت ماختىدى ھەمدە "تارىختا مۇشۇنداق قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلىشنىڭ نەمۇنىسى كۆرۈلۈپ باقمىغان!"② دېدى. كوممۇنىغا رەھبەرلىك قىلغان بلانكىزىمچىلار ۋە پرۇدونىزىمچىلار "ئويغانغان ئاممىنىڭ تالانتلىق سەزگۈرلۈكى"③گە تايىنىدى، شۇنىڭ ئارقىسىدا ئۆزىنىڭ خاتا نەزەرىيىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، نۇرغۇن توغرا ھەرىكەتلەرنى قوللاندى؛ بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ كەمچىلىك ۋە يېڭىلى-

①② ماركس. «ل. كۇگېلمانغا يېزىلغان خەت (1871-يىل 4-ئاينىڭ 12-كۈنى)». «ماركس-ئېنگېلس خەت-چەكلىرى»، 1978-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 52-بەت.

③ لېنىن. «پارتىيە نىزامنامىسىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ۋە پارتىيىنىڭ نامىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا دوكلات». «لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى»، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1972-يىل خەنزۇچە نەشرى، 3-توم، 481-بەت.

ىشچىلىرى دەل خەلق ئاممىسىغا تولۇق تايانمىغانلىقتىن ۋە ئىشەنمىگەن-
لىكتىن، ئۇلارنىڭ پۈتۈن ھەقىقى بىلىم ۋە چوڭقۇر پىكىرلىرىنى مەر-
كەزلەشتۈرمىگەنلىكتىن بولىدى. ئۇلار «دېھقانلارغا مۇراجىئەت»نى
ئېلان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئىشچىلار سىنىپىنى ئامىرات
دېھقانلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزگۈزەلمىدى.

پارىژ كوممۇنىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم تارىخىي تەجرىبىسى مۇنۇلار:
پرولېتارىيات مۇستەھكەم پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى ئورنىتىش
ئۈچۈن، ماركسىزىملىق ئىنقىلاۋىي نەزەرىيە ۋە ئىنقىلاۋىي خىسلەت
بويىچە قۇرۇلغان پرولېتارىيات پارتىيىسى بولۇشى كېرەك، ماركس-
ىزىم-لېنىنىزىملىق لۇشيەن بولۇشى كېرەك. ماركسىزىملىق پارتىيە
بولمىغانلىغى ئۈچۈن، پارىژ پرولېتارىياتى تۇنجى پرولېتارىيات
ھاكىمىيىتىنى ئورناتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاخىرى "مۇكەممەل ۋە
مۇستەھكەم بولمىغان دىكتاتۇرا"① ئىدى.

ماركس بىلەن ئېنگېلس بۇ ئەڭ مۇھىم تەجرىبىنى ۋاقتىدا يەكۈن-
لىدى، 1872-يىلى بىرىنچى ئىنتېرناتسىونالنىڭ گاگاگا قۇرۇلتىيىدا
بىر قارار لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭدا: "ئىشچىلار سىنىپى
مۈلۈكدارلار سىنىپىنىڭ بىرلەشمە ھاكىمىيىتىگە قارشى كۈرەشتە،
مۈلۈكدارلار سىنىپى ئورناتقان بارلىق كونا پارتىيىلەرگە قارىمۇ-
قارشى بولغان مۇستەقىل پارتىيىنى ئۇيۇشتۇرغاندىلا، ئاندىن بىر
سىنىپ سۈپىتىدە ھەرىكەت قىلالايدۇ"② دېيىلگەن. بۇ مۇھىم قارار

① ستالىن، «لېنىنىزىم مەسىلىلىرىگە دائىر»، «لېنىنىزىم ئاساسلىرى توغ-
رىسىدا»، 1976-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 261-بەت.

② ماركس-ئېنگېلس، «گاگاگادا ئوتكۈزۈلگەن پۈتۈن جەمىيەت قۇرۇلتى-

كېيىن خەلقارا ئىشچىلار جەمئىيىتىنىڭ «ئورتاق نىزامنامىسى»گە كىرگۈزۈلدى.

پارىژ كوممۇنىسى گەرچە تارىخىي شەرت-شارائىتنىڭ چەكلىمىسى بىلەن مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئۇ بەرىبىر "ئىنسانىيەتنى سىنىپىي جەمئىيەتتىن ئازات قىلىدىغان ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئىنقىلاپنىڭ تاڭ نۇرىدۇر"①. پارىژ كوممۇنىسى — 19-ئەسىردىكى پۇرولېتارىيات ئىنقىلاۋىي ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ نەمۇنىسى؛ فرانسىيە پۇرولېتارىياتىنىڭ كوممۇنىنى قۇرۇش ۋە قوغداش يولىدا كۈرەش قىلغان ئىنقىلاۋىي روھى — پۈتۈن دۇنيا پۇرولېتارىياتىنىڭ مەڭگۈ ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ئۈلگىسى. كوممۇنىنىڭ ئىشلىرى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ! ئۇلۇغ ئىنقىلاۋىي ئۇستازلار — ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋجۇشى پۇرولېتارىيات ئىنقىلاۋى ۋە پۇرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، پارىژ كوممۇنىسىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇردى ھەمدە كوممۇنىنىڭ ئىنقىلاۋىي پىرىنسىپلىرىنى قوغداش ئۈچۈن، خىلمۇ-خىل ئاغمىچىلارغا — پۇرولېتارىيات ئىنقىلاۋىي ئىشلىرىنىڭ خائىنلىرىغا قارشى مۇرەسسەسىز كۈرەش ئېلىپ باردى. لېنىن رەھبەرلىكىدىكى ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبىسى، ماۋجۇشى رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاۋى ۋە سوتسىيالىستىك

---

يىنىڭ قارارى»، «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 18-توم، 165-بەت.

① ماركس: «پارىژ كوممۇنىسىنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىنىڭ قارارى»، «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 18-توم، 64-بەت.

ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبىسىنىڭ ھەممىسى پارىژ كوممۇنىسى پرىنسىپلىرىنىڭ غەلىبىسى. سوۋېت سوتسىيال جاھانگىرلىكى پارىژ كوممۇنىسى پرىنسىپلىرىغا ۋە ئۇ كۆرسەتكەن ئىنقىلاۋى يولغا ئاسىيلىق قىلىپ، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى تىنچ يول بىلەن بۇرژۇئا فاشىستىك دىكتاتۇرىسىغا ئايلاندۇرۇۋەتتى، ئۇلارنى ئۆز زامانىسىدە پارىژ كوممۇنىسىنى نابۇت قىلغان جاللاتلارغا ئوخشاش، "تارىخ لەنەت تۈۋرۈكىگە مەڭگۈگە مىقلاپ قويىدۇ، ئۇلارنىڭ دىندارلىرى ھەرقانچە دۇئا-تالاۋەت قىلغىنى بىلەنمۇ ئۇلارنى قۇتقۇزالمايدۇ."①

## 3- بۆلۈم پارىژ كوممۇنىسىدىن كېيىنكى بىرىنچى ئىنتېرناتسىونال

**ماركسىزمنىڭ باكۇنىن سۇيىقەستچىلەر گۇرۇھىغا قارشى كۈرىشى** پارىژ كوممۇنىسى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرقايسى ئەللەردىكى بۇرژۇئازىيە ھۆكۈمەتلىرى بىرىنچى ئىنتېرناتسىونالغا ھەدەپ ھۇجۇم قىلدى، ئىغۋا تېرىپ زىيانكەشلىك قىلدى، بىرىنچى ئىنتېرناتسىونال باش كومىتېتىنى قانداقتۇ "مەخپى سۇيىقەستچىلەر گۇرۇھى"، "ھەرقايسى ئەللەردە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە ھەر ۋاقىت بۇيرۇق بېرىپ تۇردى" دەپ تۆھمەت قىلدى ھەمدە بىرىنچى ئىنتېرناتسىونال ئەزالىرىغا ئۇششۇقلۇق بىلەن زىيانكەشلىك قىلدى،

① ماركس. «فرانسىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇش»، 1972-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 153-بەت.

شۇنداق قىلىپ خەلقارا ئىشچىلار جەمئىيىتىنى ۋەيران قىلماقچى بولدى. ماركس ھەممە تەھدىتكە قارىماستىن، كوكرەك كېرىپ چىقىپ، ئوچۇق-ئاشكارا بولۇشتەك پرولېتارىياتچە خىسلەت بىلەن، پارىژ كوممۇنىسىنىڭ ۋە بىرىنچى ئىنتېرناتسىونالنىڭ ئىنقىلاۋىي ئىشىنى قوغداپ، تۈرلۈك شەرمەندە سەپسەتىلەرگە قاتتىق رەددىيە بەردى. ئۇ ئىپتىخارلىق بىلەن مۇنداق دەپ جاكالىدى: "سىنىپىي كۆرەش مەيلى قەيەردە، قانداق شەكىلدە، قانداق شارائىتتا ئىپادىلەنسۇن، تەبىئىكى، جەمئىيىتىمىزنىڭ ئەزالىرى ھامان ئۇنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدۇ...... مەيلى قانچىلىك كىشى قىرىلسۇن، بۇ جەمئىيەتنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىش ئۈچۈن، ھەرقايسى مەملىكەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى ئالدى بىلەن كاپىتالنىڭ ئەمگەككە بولغان زوراۋانلىق ھۆكۈمرانلىقىنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىشى يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەييارتاپلىق بىلەن ياشاش شارائىتىنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىشى كېرەك."① ماركس ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى كوممۇنىسىنىڭ لوندونغا سەرگەردان بولۇپ بارغان ھەيئەت ئەزالىرى ۋە ھىمداشلىق قىلغۇچىلىرىغا ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن، سىياسى جەھەتتىن ۋە تۇرمۇش جەھەتتىن ياردەم بەردى.

مۇشۇ جىددىي پەيتتە، بىرىنچى ئىنتېرناتسىونالنىڭ ئىچكى قىسمىغا يوشۇرۇنۇۋالغان باكۇنىن سۇيىقەستچىلەر گۇرۇھى، ياۋروپادىكى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ئىنتېرناتسىونالغا ھۇجۇم قىلغان ئەكسىلئىنقىلاۋىي

① ماركس. «فرانسىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇش»، 1972-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 153-بەت.



www.uyghurkitap.com

ئۇمۇمى خورىغا ماسلىشىپ، كەڭ تۈردە بولگۇنچىلىك ھەركىتى ئېلىپ باردى. باكۇنىن رۇس ئاقسوڭەكلىرىدىن كېلىپ چىققان، بۇرژۇئا قارا نىيەتچىسى، سۇيىقەستچىسى بولۇپ، چار پادىشاغا شەرمەندىلەرچە تۆۋەنامە يازغان ئىدى. ئۇ 1868 ـ يىلى ئىنتېرناتسىونالغا كىرىۋېلىش-تىن ئىلگىرى، ماركسنى ھىمايە قىلغۇچى بولىۋالغان ھەمدە ماركسقا "مەن سىزنىڭ شاگىرتىڭىز بولىغانلىقىم بىلەن ئىپتىخارلىنىمەن" دەپ خەت يازدى. ئۇ ئىنتېرناتسىونالنىڭ ئەزاسى سالاھىيىتىگە ئىگە بولىۋالغاندىن كېيىن، ئىنتېرناتسىونالنىڭ شەرتلىرىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ مەخپى گۇرۇھىنى ـــ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىپ، ھوكۇمەتسىزلىكنى تەرغىپ قىلدى، شۇنداق قىلىپ ئىنتېرناتسىونالنى ئۆزىنىڭ شەخسى قورالىغا ئايلاندۇرماقچى بولدى. ماركس ئۇنىڭ قارا نىيىتىنى بۇرۇنلا بايقىغان ئىدى، ئۇ 1869 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئېنگېلسقا يازغان خېتىدە: "بۇ رۇس، روشەنكى، ياۋروپا ئىشچىلار ھەركىتىنىڭ مۇستەبىتى بول-ماقچى"① دەپ كورسەتكەن ئىدى.

باكۇنىنىڭ پۈتۈن پروگراممىسى دولەتنى بىكار قىلىش، سىنىپى باراۋەرلىك بولۇش، ۋارىسلىق ھوقۇقىنى ئەمەلدىن قال-دۇرۇش، سىياسى كۈرەشكە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت. ئۇ قارىماققا ھەممىنى ئىنكار قىلىدىغاندەك، پارتىيىنى، نوپۇزنى، دولەتنى كېرەك قىلمايدىغاندەك كورۈنىدۇ، "ئاڭلىنىشتا ئادەتتىن تاشقىرى رادىكال، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇنچىلىك ئاددىكى، بۇلارنى بەش مىنۇت ئىچىدىلا

① «ماركس ـ ئېنگېلس خەت ـ چەكلىرى»، سەنلىيەن كىتاپخانىسى 1958 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 4 ـ توپلام، 248 ـ بەت.

يادلىۋالغىلى بولىدۇ"①. لېكىن، خۇددى ماركس ئېيتقاندەك: "باكۇنىن ئەپەندى ئۈچۈن ئېيتقاندا، تەلىمات (پرۇدون، سېن-سىمون قاتارلىقلاردىن تىلەپ ئېلىپ قۇراشتۇرۇپ چىقىلغان قۇرۇق سۆزلەر) ئۆتكەندىمۇ ۋە ھازىرمۇ ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان نەرسە — پەقەتلا ئۆزىنى كۆتۈرىدىغان ۋاستە. ئۇ نەزەرىيە جەھەتتە ھېچنېمىنى بىلمىگىنى بىلەن، سۈيىقەست ئىشلىتىشكە تازا ئۇستا".②

باكۇنىنىزمچىلار سىنىپ تېخى يوقىتىلماي تۇرۇپلا بارلىق دۆلەتنى بىكار قىلىشنى، سىنىپىي باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، ماھىيەتتە، بۇرژۇئا دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەتنىڭ ئورنىغا پرولېتارىيات دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەتنى قويۇشقا، سىنىپنى يوقىتىشقا قارشى تۇردى. ماركس، ئېنگېلس دۆلەتنىڭ بىر سىنىپنىڭ يەنە بىر سىنىپنى ئېزىشتىكى قورالى ئىكەنلىكىنى، پرولېتارىياتنىڭ دۆلەتكە مۇھتاج بولۇشى قانداقتۇ ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىدىن ئىبارەت بۇ قورال ئارقىلىق سىنىپىي دۈشمەنلەرنى باستۇرۇش، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش، ئەڭ ئاخىردا سىنىپنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى نۇرغۇن قېتىم كۆرسىتىپ ئۆتتى. بۇرژۇئازىيە دۆلىتىنىڭ ۋە قانۇنىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى مال-مۈلۈككە بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئىدى، باكۇنىن

---

① ئېنگېلس. «ت. كۇنوغا يېزىلغان خەت (1872-يىل 1-ئاينىڭ 24-كۈنى)»، «ماركس-ئېنگېلس خەت-چەكلىرى»، 1978-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 63-بەت.

② ماركس. «ف. بولتقا يېزىلغان خەت (1871-يىل 11-ئاينىڭ 23-كۈنى)». «ماركس-ئېنگېلس خەت-چەكلىرى»، 1978-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 57—58-بەتلەر.

كاپىتالىستىك خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىككە قارشى تۇرمىدى، بەلكى مال-مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ئىنقىلاپنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى قىلدى ھەمدە بۇ خاتا پۇروگىراممىنى بىرىنچى ئىنتېرناتسىونالنىڭ بازېل قۇرۇلتىيى (1869-يىل)غا تاڭماقچى بولغاندا، ماركسنىڭ قاتتىق رەددىيىسىگە ئۇچرىدى. ماركس باكۇنىننىڭ بۇ پۇروگىراممىسىنى "نەزەرىيە جەھەتتە خاتا، ئەمەلىيەت جەھەتتە ئەكسىيەتچىلىك"① دەپ كورسەتتى.

باكۇنىننىڭ سىياسىي كۈرەشكە قارشى تۇرۇشى ئۇنىڭ پۇرولېتارىيات ئىنقىلابىغا قارشى تۇرۇشىنىڭ تۈتەك پەردىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. سىنىپىي جەمئىيەتتە يا پۇرولېتارىيات سىياسىتى، يا بۇرژۇئازىيە سىياسىتى بولىدۇ. ئېنگېلس: "ئىشچىلارغا سىياسەتتىن ۋازكېچىشنى تەرغىپ قىلىش ئۇلارنى بۇرژۇئازىيە سىياسىتىنىڭ قوينىغا ئىتتىرگەنلىك بولىدۇ"② دەپ كورسەتتى. باكۇنىننىڭ ئۆزىنىڭ قىلغىنى دەل بۇرژۇئازىيىنىڭ سىياسىي سۇيىقەستى، ئۇنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي سىياسىي پائالىيىتىنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ "سىياسىي كۈرەشكە قارشى تۇرۇشى"نىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بەردى. 1870-يىل 9-ئايدا فرانسىيىدىكى لىئون ئىشچىلىرى قوزغىلاڭ كوتىرىپ، ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەت قۇرغان چاغدا، باكۇنىنچى ئۇنسۇرلار لىئونغا شاپاشلاپ بېرىپ، ئاممىۋى كۈرەشنىڭ غەلىبە مېۋىسىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ،

---

① ماركس، «باش كومىتېتنىڭ ۋارىسلىق ھوقۇقى توغرىسىدىكى دوكلادى». «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 16-توم، 415-بەت.

② ئېنگېلس، «ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سىياسىي ھەركىتى توغرىسىدا». «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 17-توم، 449-بەت.

www.uyghurkitap.com

شەھەر مەمۇرىيىتى مەھكىمىسىنى ئىشغال قىلىۋالدى، ئىنتايىن «سول» قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىپ، «دۆلەتنى بىكار قىلىش» توغرىسىدىكى پەرماننى ئېلان قىلدى، نەتىجىدە قالايمىقانچىلىق پەيدا بولۇپ، لىيون قوزغىلىڭى نابۇت قىلىندى. پارىژ كوممۇنىسى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار كوممۇنىغا «ئىنقىلاۋىي ئىشلارغا ئىنتايىن زور زىيان سالدى» دەپ بولۇشىچە بوھتان قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە بىرىنچى ئىنتېرناتسىونالنىڭ ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقىدىن پايدىلىنىپ، مەزھەپچىلىك سۇيىقەستلىك ھەرىكىتىنى كەڭ تۈردە ئېلىپ بېرىپ، ئىنتېرناتسىونالنى پارچىلاشقا ئۇرۇندى، ئۇلار ھەرقايسى ئەللەردىكى بۇرژۇئا ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتلىرى قىلماقچى بولۇپ قالالمىغان شۇملۇقلارنى قىلدى.

بىرىنچى ئىنتېرناتسىونال باش كومىتېتى ئىنتېرناتسىونالنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، باكۇنىننىڭ سۇيىقەستلىك ھەرىكىتىنى تارمار قىلىش ئۈچۈن، 1871-يىل 9-ئايدا لوندون ۋەكىللەر يىغىنىنى چاقىردى. يىغىن باكۇنىنچى ئۇنسۇرلارنىڭ ئىنتېرناتسىونالغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش ۋە ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش يولىدىكى جىنايى قىلمىشىنى قاتتىق تەيىپلىدى، باكۇنىننىڭ «بارلىق سىياسىينى رەت قىلىش» دېگەن سەپسەتىسىنى تەنقىت قىلدى. يىغىن ماقۇللىغان پرولېتارىيات پارتىيىسى قۇرۇش توغرىسىدىكى قارار باكۇنىنزىمچىلارغا قارىتىلغان كۈچلۈك تەنقىت بولدى. باكۇنىن لوندون ۋەكىللەر يىغىنىغا قاتناشماي، بۆلگۈنچىلىك خاراكتېرىدىكى باشقا بىر قۇرۇلتاينى ئۇيۇشتۇرۇپ لوندون يىغىنى بىلەن قارشىلاشتى. ئۇ باش كومىتېتنى قانداقتۇ «ھاكىم مۇتلەقلىق» قىلدى دەپ تۆھمەت قىلدى، ماركس، ئېنگېلسنىڭ پرولېتارىياتلىق نۇقتىغا قارشى چىقتى، شۇنىڭ بىلەن

ئۇزىنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي "نوپۇزى"نى تىكلەپ، بىرىنچى ئىنتېرناتسىونالنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالماقچى بولدى. باكۇنىنچى ئۇنسۇرلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەركىتى ئۇزلىرىنىڭ بىرىنچى ئىنتېرناتسىونالغا، ماركسقا ۋە پرولېتارىياتلىق ئىنقىلاۋىي لۇشيەنگە قارشى جىنايى مەقسىتىنى تولۇق ئاشكارىلاپ قويدى.

1972-يىلى 9-ئايدا بىرىنچى ئىنتېرناتسىونالنىڭ گائاگادا چاقىرىلغان ئەڭ ئاخىرقى قۇرۇلتىيى باكۇنىنىزىمدىن ۋە ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىدىن ئۈزۈل-كېسىل ھېساپ ئالدى. ئېنگېلس ئۇزىنىڭ تەكشۈرۈش دوكلادىدا، باكۇنىننىڭ 1868-يىلدىن بۇيانقى بۇزغۇنچىلىق ھەركەتلىرىنى ۋە ئىككى يۈزلىمىلىك ئۇسۇلىنى ئومۇمىي يۈزلۈك پاش قىلدى. ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ تەكلىۋىگە ئاساسەن، قۇرۇلتاي باكۇنىننى ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىنى تازىلاپ چىقىرىش توغرىسىدىكى قارارنى ماقۇللىدى. بۇ قۇرۇلتاي "ياۋروپادىكى پرولېتارىيات خائىنلىرى ئۈستىدە سوت ئېلىپ بېرىلغان...... يىغىن"① بولۇپ، خەلقارا كوممۇنىزىم ھەركىتى ئۈچۈن پرىنسىپال كۈرەش ئېلىپ بېرىش، سىنىپىي قوشۇننى پاكلاشتۇرۇشنىڭ نەمۇنىسىنى تىكلەپ بەردى. ماركس بىلەن ئېنگېلس بۇ كۈرەشنى يەكۈنلەپ كېلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: "بۇ سۇيىقەست ۋە ھىيلە-مىكىرگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىرلا چارىسى، يەنە كېلىپ ھالاكەتلىك كۈچكە ئىگە چارىسى بار، ئۇ بولسىمۇ ئۇنى ئۈزۈل-كېسىل ئېچىپ تاشلاش-

① ئېنگېلس، «ئا. بىبىلغا يېزىلغان خەت (1873-يىل 6-ئاينىڭ 20-كۈنى)». «ماركس-ئېنگېلس خەت-چەكلىرى»، 1978-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 79-بەت.

تىن ئىبارەت."① ماركس، ئېنگېلسنىڭ بۇ تەلىمى بارلىق سۇيىقەستچىلەر. قارا نىيەتلەر گۇرۇھىغا قارشى كۈرەشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

**بىرىنچى ئىنتېرناتسىونالنىڭ تارىخىي ئورنى** ياۋروپانىڭ ۋەزىيىتى ئىنتېرناتسىونالنىڭ پائالىيىتىگە ئىنتايىن پايدىسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، گائاگا قۇرۇلتىيى باش كومىتېتنى ئامېرىكىغا كۆچۈرۈشنى قارار قىلدى. بىرىنچى ئىنتېرناتسىونال كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن ئەمەلىيەتتە پائالىيىتى توختاپ قالدى. 1876-يىلى، ماركسنىڭ تەكلىۋى بويىچە، ئامېرىكىدىكى فىلادېلفىيە ۋەكىللەر يىغىنىدا، ئىنتېرناتسىونالنى تارقىتىۋېتىش توغرىسىدىكى قارار ماقۇللاندى. شۇ چاغدا ئىنتېرناتسىونال تاشقى جەھەتتە ھەرقايسى ئەللەردىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە، ئىچكى جەھەتتە باكۇنىنچى ئۇنسۇرلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىنىڭ كاشىلىسىغا ئۇچراپ، داۋاملىق نورمال پائالىيەت ئېلىپ بېرىش مۇمكىن بولماي قالغان ئىدى. لېكىن ئىنتېرناتسىونالنىڭ تارقىتىۋېتىلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەپ شۇكى، پارىژ كوممۇنىسىدىن كېيىن، ئىشچىلار ھەرىكىتى يېڭى باسقۇچقا كىرگەن ئىدى، بۇ باسقۇچتا، ئىشچىلار ھەرىكىتى كەڭ راۋاجلانغان، ھەرقايسى ئەللەر پرولېتارىياتىنىڭ ۋەزىپىسى ئۆزلىرىنىڭ كونكرېت شارائىتىغا قاراپ مۇستەقىل پارتىيە قۇرۇپ، كۈچ توپلاپ، يېڭى كۈرەشنى كۈتۈۋېلىشتىن ئىبارەت بولۇپ قالغان ئىدى.

---

① ماركس-ئېنگېلس. «سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ئىتتىپاقى ۋە خەلقارا ئىشچىلار جەمئىيىتى». «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 18-توم، 372-بەت.



www.uyghurkitap.com

شۇڭا، كونا شەكىل يېڭى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا لايىق بولماي قالغان ئىدى.

بىرىنچى ئىنتېرناتسونال زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە، ئۇ "خەلقارا پرولېتارىياتنىڭ سوتسىيالىزمنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىگە ئاساس سېلىپ بەردى".① بىرىنچى ئىنتېرناتسونال ھەر خىل-ھەر رەڭدىكى ئاغمىچىلىققا قارشى كۈرەشتە، پارىژ كوممۇنىسىنىڭ شانلىق ئىشىنى قوغداش كۈرىشىدە، پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ۋە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى قوغداش يولىدىكى پرىنسىپال كۈرەشلەردە، ماركسنىڭ دانا رەھبەرلىكىدە، ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى كارامەت ئورۇنىدى. ئېنگېلس 1874-يىلى مۇنداق دەپ يازغان ئىدى: "10 يىلدىن بۇيان، ئىنتېرناتسونال ياۋروپا تارىخىنىڭ بىر تەرىپىگە يەنى كېلەچەك يۈزلىنىدىغان بىر تەرىپىگە ھۆكۈمرانلىق قىلدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنى ئىپتىخارلىق بىلەن ئەسلەشكە ھەقلىق."② بۇ باسقۇچتىكى كۈرەشلەرنىڭ تارىخى شۇنى كۆرسەتتىكى، ئاغمىچىلار، مەزھەپچىلەر، بولگۇنچىلەر بىر مەھەل ھەرقانچە غالجىرلىشىپ كەتسىمۇ، ئۇلار ئاخىرى ماركسىزم تەرىپىدىن تارمار قىلىندۇ، چۈنكى ھەقىقەت ئۇلارنىڭ قولىدا ئەمەس. بىرىنچى ئىنتېرناتسونال ئاخىرلاشقان چاغدا، "ماركسنىڭ بۇرۇنقى سوتسىيالىزم سەكراتقا چۈشۈپ

---

① لېنىن، «ئۈچىنچى ئىنتېرناتسونال ۋە ئۇنىڭ تارىختىكى رولى»، «ماركس، ئېنگېلس ۋە ماركسىزم توغرىسىدا»، 1977-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 698-بەت.

② ئېنگېلس، «ف. ئا. زورگېغا يېزىلغان خەت (1874-يىل 9-ئاينىڭ 12-[-17-]كۈنى)». «ماركس-ئېنگېلس خەت-چەكلىرى»، 1978-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 84-بەت.

قالدى". ئېنگېلسنىڭ رەھبەرلىكى بىلەن ئىككىنچى ئىنتېرناتسىونال قۇرۇلغان چاغدا (1889 ـ يىلى)، "ماركس تەلىماتى پۈتۈنلەي غەلىبىگە ئېرىشتى ھەمدە كەڭ تارقالدى."①

① لېنىن. «ماركس تەلىماتىنىڭ تارىخىي تەقدىرى»، «ماركس، ئېنگېلس ۋە ماركسىزم توغرىسىدا»، 1977 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 114 ـــ 115 ـ بەتلەر.

书号 M11049(4)16 上